زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

ئانا يۇرت (1)

ئانا يۇرت (2)

ئانا يۇرت (3)

ئىزدىنىش (1)

ئىزدىنىش (2)

يازغۇچى بولماق تەس

ئاۋرال شاماللىرى

گۈلەمخان

قەرزدار

ئانا

ISBN 978-7-228-12818-1



زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



یازغۇچى زوردۇن سابىر (1937 — 1998)

图书在版编目(CIP)数据

故乡母亲. 1: 维吾尔文 / 祖尔东·沙比尔著. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8（2016.1 重印）

ISBN 978-7-228-12818-1

Ⅰ. 故… Ⅱ. 祖… Ⅲ. 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009) 第147859号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白, 麦苏提·哈力提, 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 作者像摄影 | 阿迪力·司马义 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　话 | 0991-2827472 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　编 | 830001 |
| 印　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　张 | 17.375 |
| 版　次 | 2009年8月第1版 |
| 印　次 | 2016年1月第8次印刷 |
| 印　数 | 36001-46000 |
| 定　价 | 43.00 元 |

# نەشرىياتتىن

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق بۇ ترىلوگىيىسىدە 1940 ـ يىللاردا شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ زور ۋەقە — «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئەسەردە بۇ ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ تارىخىي مۇساپىلىرى، ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى ماركسىزملىق تارىخىي قاراش ئاساسىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن ھەمدە داھىي ماۋ زېدۇڭنىڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن يۈكسەك باھاسى ئەينەن تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەنگەن. ئاپتورنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە پۈتكەن بۇ بۈيۈك ئابىدە ئاجايىپ يارقىن تارىخىي ۋە بەدىئىي چىنلىق تۇيغۇسى، مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا باي ئىنچىكە تەسۋىرلىرى، يېقىملىق بەدىئىي ئۇسلۇبى، راۋان، مەنىلىك تىل سەنئىتى بىلەن بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ تارىخىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن.

ئاپتور ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىجادىيەت داۋامىدا ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي قاتلام ۋە تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ، ئىنقىلابقا ھەر خىل مەقسەت ـ مۇددىئا ۋە ئاڭلىق ـ ئاڭسىز رەۋىشتە قاتناشقان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە خاسلىقى بىلەن ئىنقىلابتىكى رولى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماس ھالدا يېزىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. بۇ ھال بىر تەرەپتىن، رومانىنىڭ بەدىئىي چىنلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخىي چىنلىقنىڭ ئەينەن يورۇتۇلۇشىغا ئىمكان

بەرگەن . بولۇپمۇ ، ئەينى چاغدىكى «شەرقىي تۈركىستان» ، «ئىستىقلالىيەت» ، «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بۆلگۈنچىلەر بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكى ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ، ئىتتىپاقلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش چىن ، جانلىق ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن . شۇڭا ، ئەينى دەۋرنىڭ تىنىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ يىرىك ئەسەر دەۋرىمىز ياشلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ ياخشى بىر بەدىئىي ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ .

ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ماكان ، زامان ئەينەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزىدە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن سەلبىي سۆزلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ، سەلبىي سۆز ـ ئاتالغۇلارغا تەنقىدىي قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» ناملىق بۇ تىرىلوگىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابلىرىنى نەشرىياتىمىزغا تاپشۇرۇپ ئون كۈندىن كېيىن يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولدى . ئەپسۇس ، مەرھۇم بۇ يىرىك بەدىئىي ئەمگىكىنىڭ بۈگۈنكى كۆركەم نەشر نۇسخىسىنى كۆرەلمەي كېتىپ قالدى . ئىشىنىمىزكى ، مەرھۇمنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرى بۇ كىتابنى ئۆز قەلبىگە ئىلھام ۋە ئوزۇق ئېلىشتىكى بىر ۋاستە ۋە مەنبە قىلغۇسى ، ئۇلارنىڭ زوق ـ ئىلھاملىرىدىن قاناتلانغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مەرھۇمنىڭ پاك روھىنى تېخىمۇ شادلاندۇرغۇسى !

# 1

— ۋاي ئوغرى ! ...

ئايدىڭ كېچە . يېگىرمە توققۇز ئائىلىلىك بۇ كىچىككىنە يېزىدا ئەزەلدىن بۇنداق ئاۋاز ئاڭلىنىپ باقمىغان . كىشىلەر پەقەت ئەزان ئاۋازى ، ناخشا ئاۋازى ، ئات كىشنىگەن ، بۇقا ئازنىغان ، ئىت ھاۋشىغان ، بۇك - قاراڭغۇ باغلاردا ھۇۋقۇش ھۇۋلىغان ئاۋازلارنى كېچىلىرى ئۆيلەردە ، ھويلىلاردا ياكى ئىشىكى ئالدىلىرىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئاڭلاپ كەلگەن ، خالاس . يېرىم كېچىدە بۇ يېزا شۇنچىلىك جىمجىت ، جانلىقلار ئۇيقۇدا ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭلا تۈگىمەس ناخشىسى بىلەن تەبىئەتنى مەدھىيىلەپ شارقىرايدۇ . پاكار ئۆيلەر باغلارنىڭ سوقما تاملىق قورۇقلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۆگزىلىرى يانداش ئۆيلەر بۇ يەردە يوق . بۇ يېزىنىڭ مال - ۋاران ، توخۇ - غازلىرىمۇ ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا تۈنەيدۇ ، ئۇلارنى چۆچۈتىدىغان سۈرلۈك ئاۋازمۇ ، قوپال قىلىقلارمۇ بۇ يەردە يوق ، بۇ يەر ئادەتتە ئەنە شۇنداق خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك .

— ۋاي ئوغرى ! ...

ناھايىتى قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغان بۇ ئاۋاز يېزىنى چۆچۈتىۋەتتى ، بىردىنلا پۈتۈن مەھەللە ئىتلىرى غەزەپ بىلەن ھاۋشىپ كوچىغا چىقتى ، خورازلار تەڭلا چىللاشتى ، كالىلار مۆرەشتى ، ئاتلار كىشنەشتى ، ئۆيلەردە چىراغلار يېنىپ ، ئادەملەر تەمتىرىشىپ يالاڭ كىيىملىرى بىلەنلا كوچىغا چىقىشتى . ئۇلار بىر - بىرىدىن :

— تۇۋلاۋاتقان كىم ؟ — دەپ سوراشتى ۋە ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ :

— پاھ ، يەر تەۋرىگەندەك بولدى - ھە ! ...

— چاقماق چۈشكەندەك دېگىنە ...

— توپان سۈيى كەلگەندەك ... — دېيىشىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە — مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .

مەھەللىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يالغۇز ئۆي ئۆستەڭ بويىدىكى باغلار ئارىسىدا بولۇپ ، هويلا تاملىرى ئېگىز ، غورۇلىرى مەھكەم ئىدى . ئۆي ئىگىسى پىششىق ئادەم بولغاچقا ، ئادەملەر بىلەن كەمدىن - كەم ئارىلىشاتتى . بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى — كىرلەشكەن قىزىل ماتا ياغلىقنى ئېگىكىدىن چىگىۋېلىپ قار چۈشكۈچە يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان كەم سۆز ئايالمۇ مەھەللە ئۆيلىرىدىن زادىلا نان ، چاي ئۆتنە ئالمايدىغان ، نان ياقسا باشقا ئاياللاردەك كۆك سۈت سوراپ باشقا ئۆيلەرگە بالا كىرگۈزمەيدىغان ، ھەتتا توي - تۆكۈنلەرگە ئامالسىز بېرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئاياغ كىيىم ياكى ياغلىق - كۆڭلەك سوراپ قوشنىلىرىنىڭ ئىشىكىگە دەسسىمەيدىغان غەلىتە ئايال ئىدى .

بۈگۈن بۇ ئايالنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلغان :

— ئون مېتىر ئورۇس تىرىكسى ، ئۈچ مېتىر مەخمەل ، يېپىيېڭى چەكمەن ، مەسكاپ ئۆتۈك ، ھۇ - ھۇ - ھۇ ... ئىلاھىم قولىغا كۆيدۈرگۈ چىقار ، سىل بولۇپ ئۆلەر ... ھۇ - ھۇ - ھۇ ...

ئۇلۇغئاخۇن ئىسىملىك ئۆي ئىگىسى — قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى سارغۇچ يوغان كۆزلىرىدىن دائىم گۇمان ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ، قويۇق ساقاللىق ، مەيدە يۈڭلىرى بۇدۇر ، ياز بويى ماتا ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تىزىدىن يۇقىرى تۇرۇپ ، قوي يۇڭىدىن ئېشىلگەن ئىشتانبېغىنى تىزىدىن تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئالدىراش يۈرىدىغان قاۋۇل دېھقان يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ نالە قىلماقتا ئىدى :

— ئوغلۇمنى ئۆيلەيمەن دەپ تۆت يىلدىن بېرى تاپقان - تۈگكەننىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ساندۇققا يىغقانىدىم . بۇ ئويۇمنى خۇدادىن باشقىسىغا ئېيتمىغانمەن . نەدىن بىلدى بۇ كاساپەتلەر ،

تـوڭلۇككە ئارغامچا باغلاپ ساڭگىلاپ چۈشكىنىنى تۇيماپتىمەن . چـاشـقـاننىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ ھاۋشىيدىغان ئالا قانجۇقنى نېمە غەپلەت باستىكىنتاڭ ، ساندۇقنى ئېچىپ ، مال ـ دۇنيانى تاغارغا تىقىـپ ماڭغۇچە خـوۋالىق ياتقىنىـمنى دېمەمـدىغان ، ۋاي ، ۋاي ئىسىت ... خوتۇن ئۆندەرەپ نوقۇدى ، كۆزۈمنى ئاچسام سارايدىن بىرى ئېتىلىپ چىقىپ بېشىمغا چومىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ :

— مىدىرلىساڭ خېمىر قىلىۋېتىمەن ! — دەپ توۋلىدى . مەن چـىـدىدىم ، جېنىم ئامان قالسا مال ـ دۇنيانىڭ كارى چاغلىق دېـدىـم ، ئـەمـما خـوتـۇن چـىـدىمىدى . «تويلۇق مال ! » دەپ چىرقىرىۋىدى ، كالتەك ئۇنىڭ بېشىغا تەگكىلى تاسلا قالدى ، مەن ئوغرىنى گەۋدەم بىلەن تورىۋېلىپ تالاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ـ دە :

— ۋاي ئوغرى ! ... — دەپ ۋارقىرىدىم ...

ئۇلۇغئاخۇن ئوغرىلارنىڭ ئاۋۋال ھويلىغا ، ئاندىن باغ ئىشىكى بىلەن باغقا چىقىپ ئۆستەڭ ياقىلاپ پىيادە ماڭغانلىقى ، كېيىن ئات بىلەن قاچقانلىقى ، ھويلىدا ھېپىزىخاننىڭ بىر ئوغرىنىڭ پۇتىغا يـامـىـشـىـپ ئۇنىڭ پاچىقىنى چىشلىگەنلىكى ، ئۆزىنىڭ ئايالىنى قـوغـدايمەن دەپ چوماق يېگەنلىكى ، ئىككى ئىتىنىڭ ئوغرىلارنى قـوغـلاپ چـىـقـىـپ كەتكەنلىكى ، ئوغرىلارنىڭ قامچىسى قېلىپ قالغانلىقى ... قاتارلىق ئىشلارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يېنىشلاپ سۆزلەيتتى .

— بـولـدى ! — دەپ كـۆزلـىرىنى ئويناتتى ھاشىم پوچى ئـىـسـىملىك ۋىجىككىنە ، يوغان كۆز يىگىت ، — ئېگىز بوي ، بۇرۇتلۇق دېدىڭما ، بۇ چوقۇم ئەمەت ئوغرى !

— ياق ، بۇ سەپەر ئوغرىنىڭ ئۆزى !

— غېنى ئوغرى ، جەزمەن شۇ . ئېگىز دەيسەن ، غېنى بولماي كىم ، ئۇنىڭدىن ئېگىز كىم بار بۇ تۆڭگىرەكتە ؟

— ياق ، غېنى گادايلارنىڭ ئۆيىگە تەگمەيدۇ .

— ئۇلۇغئاخۇننى ئۇلۇغۋاي دېگىلى نېكەم ، ئۇنىڭ يېرى ئاز بولغىنى بىلەن مېلى جىق ، ئۇمۇ باي !

— ھەي ساراڭ ، غېنى ئوغرى دېگەن ھېقىدىۋاي ، مۇراپ ھاجىم ، سىدىر شاگىيولاردەك قورۇ ـ قورۇ قويى ، ئۇيۇر ـ ئۇيۇر يىلقىسى ، قوتان ـ قوتان كالىسى ، ساك ـ ساك ئاشلىقى ، ساندۇقلىرىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشى بار بايلارنى قاقشىتىدىغان ئەركەك ئوغرى . ئۇلۇغئاخۇننىڭ تويلۇق مىلىغا ئەمەت ، سەپەردەك پاسكىنا ئوغرىلار تەگمىسە غېنىدەك ئوغۇل باللار قاراپمۇ قويمايدۇ ـ دە !

— بۇ چوقۇم يانچىلارنىڭ ئىشى !

— ياق ، رەسلىكلەرنىڭ[1] ئىشى ، ھازىر چېلەكلىكلەردىنمۇ نى ـ نى ئوغرىلار چىقىۋاتىدۇ .

— كۆزەتچى قويمىساق بولمىدى . كۆزەت قىلايلى ، خالايىق . ئوتتۇز كۈندە بىر كۈن كۆزەتچىلىك كېلىدۇ ، قورقما ، خوتۇنۇڭغا مەن كۆزەتچىلىك قىلىمەن ، ھا ـ ھا ـ ھا …

مەھەللىنىڭ مۇتىۋەللىسى ، مەزىنى ، قازىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مىرا ئىسىملىك كەمبەغەل ، گەپدان ، گۆشكە ئامراق ، پاكار ، يوغان قورساق ئادەم بامداتتىن يېنىپ ئۇلۇغئاخۇننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە ، شەرق قىزىرىپ كۈن چىقاي دېگەنىدى .

— مىڭبىگكە ئەرز يېزىپ پۈتۈن مەھەللە بارماق باسايلى ، — دەپ قولىنى قىلىچتەك شىلتىدى مىرا قورساق ، — بۇ ئەلۋەتتە يانچىلارنىڭ ئىشى . ئات ئىزلىرى ھاجىمنىڭ كۆزلىكىگە كىرىپ كەتكەن . ساۋدانباي ئىزچىلىقتا ئۇستا قازاق . ئۇ دېگەن تۆلكىنىڭ ئىزىغا بىرلا قاراپ ئەركەك ـ چىشىسىنى ئايرىيدۇ . ئۇ كۆزلەككە بارغۇچە ئىز قوغلىدى ، مۇراپ ھاجىمنىڭ كۆزلىكى ئوغرىلارنىڭ ئۇۋىسى . ئەرز يازايلى !

— مىرا قازى دېگەندەك قىلايلى ، — دېدى مەھەللە ئىمامى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ، مەيدىسىگە چۈشىدىغان ئاپئاق ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ، — شىڭ دۇبەن ئاتىمىزغا يازايلى ، غوجام ئاتىمىزغا يازايلى …

---

[1] رەسلىكلەر — رۇسىيىلىكلەرنى دېمەكچى .

— كىم يازىدۇ، كىمگە يازىمىز؟ — دېدى مەھەللىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى تەكەببۇرلۇق بىلەن قىسقا قارا ساقىلىنى ئوچۇملاپ قويۇپ، — سىز يېزىڭ ئىمام، مىرا قازى دەپ بەرسۇن!

— شۇنداق بولسۇن، يېزىڭ ئەمىسە ئىمامئاخۇن!

— مەن ئوقۇيالايمەن، لېكىن يازالمايمەن، — دېدى ئىمام مەيۇسلىنىپ، — قەغەزمۇ، قېرىنداشمۇ يوق.

— سىزدە نېمە بار، نېمىنى قىلالايسىز، ئىمامئاخۇنۇم؟ تۆت خولۇق ۋەخپە يەرنى تېرىپ بېرىمىز، دۆۋە قىلىپ ئوروپ بېرىمىز. خامانغا ئەكېلىپ غارام قىلىپ بېسىپمۇ بېرىمىز. سىز شۇنىمۇ قارغا مىلەپ ئارانلا ئالىسىز. قوشناچىمىنىڭ قولى تەگمىسە ئۇمۇ يوق تېخى!

مۇشۇ يېزىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى — يۈز خو يەر، تۆت چوڭ باغ، بىر قورۇ قوي، ئون سەككىز كالا، ئالتە ئاتنىڭ خوجايىنى، ئۆگزىدىكى چىرايلىق بېشىلغان بېدە - چۆپلىرى كونىراپ - قارىيىپ كەتكەن، قوتان - ئېغىللىرىنىڭ ئارقىسىدىكى قىغ ئۆگزە بىلەن تەڭلەشكەن، كاتتا قورۇنىڭ ئىگىسى مۇختەرباي مەھەللە ئىمامىنى دائىم مۇشۇنداق سىلكىشلەشكە ئادەتلەنگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ ئىمام يېڭىسارىدىن بۇ مەھەللىگە يېڭى چىققاندا، مۇختەربايىنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجىمغا چاكار بولۇپ تۆت يىل قوغۇن تېرىغان، مېلىنى باققان، سۇيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ جان كۆيدۈرسىمۇ بايغا ئىشى يارىماي تىل - ھاقارەت ئاڭلاپلا كەلگەنىدى. ھاجىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيلا «قاشقالىق» دەپ چاقىرىپ دۇنيادىن ئۆتكەنىدى. مۇختەرباي دادىسىنىڭ تىلىغا ۋارىسلىق قىلمىغىنى بىلەن ئىمامنى بەربىر ھويلا خىزمەتچىسىدەك كۆرەتتى. ئەمدىلىكتە مۇختەرباي سۇندى، دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىلىرى ئۆي ئايرىپ مىراس بۆلۈشتى، شۇڭا ئۇنىڭ يېرى ۋە مال - ۋارانلىرى بۇرۇنقى سانىنىڭ يېرىمىدىنمۇ ئازىيىپ، ئارانلا بىر ئايلىقچى، بىر مالچى ياللىيالايدىغان بولۇپ قالدى. مەھەللىنىڭ ئىمامى بولسا مالايلىقتىن قۇتۇلدى، ھازىر خېلى چوڭ

قورۇ جايى ، ئىككى ئات ، ئالتە كالا ، ئون بەش قوي ، تېخى بىر جۈۋىزىمۇ بار . ئۇنىڭ يېرىنى جامائەت تېرىپ بېرىدۇ ، بۇغدىيىنىمۇ مەھەللە ئورۇيدۇ ، ھەتتا توپانلىرىنىمۇ باشقىلار سورۇپ بۇغدىيىنى چەشلەپ ، ئورىسىغا كۆمۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، ئىمام تىترەپ تۇرغىنى بىلەن ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرا ھال بايلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان . مۇختەربـاي ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدۇ ، ناۋادا ئۆز تارانچىلىرىدىن ئەلھەمدۇ بىلەن قۇلھۇۋاللاھۇ ئەھەدتىن باشقا بىرنەچچە ئۇششاق سۈرىنى بىلىدىغان بىرى چىقسىدى ، ئۇ بۇ «قاشقالىق» نى مەھەللىدىن ھەيدىۋېتەتتى ، مۇختەرباي شۇڭا ئىمامغا قىرتىڭ ـ سىرتىڭ تەگمەكتە :

— دەڭا ، كىم يازىدۇ ، كىمگە يازىمىز بۇ ئەرزنى ؟

— نۇر يازسۇن ! — دېدى ئىمام ئاپئاق ساقىلىنى خېلى ئۇزاق سىيپاپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن ، — شۇ بالا يازالايدۇ .

— كىم ئۇ ، ھە ، بىزنىڭ زىيەكنىڭ بالىسىما ؟

— ھەئە ، شۇ بالا ، مۇختەرباي ، — دېدى مۇتىۋەللى بىردىنلا ھـاياجانلىنىپ ، — زىيەك بالىسىنى شەھەردە ئوقۇتۇۋاتىدۇ ، ئۇ بالامنى ئوقۇتۇپ مەسئۇد ئەپەندىدەك ، رەخىمجاندەك ئوقۇمۇشلۇق ئادەم قىلىمەن دەيدۇ تېخى . بىزنىڭ مەھەللىنىڭ تۇنجى ساۋاتلىق ئادىمى شۇ زىيەكنىڭ بالىسى نۇرى بولۇپ قالدى ، مۇختەرباي .

— ساۋابلىق ئىش ، تولا ساۋابلىق ئىش ، — دەپ گەپ باشلىدى ئىمام ، — مېنىمۇ دادام رەھمىتى قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىگە قۇلىقىمدىن تۇتۇپ ئەكىرىپ بەرمىگەن بولسا ، ئابدۇقادىر داموللام ، قۇتلۇق شەۋقىگە ئوخشاش كاتتىلارنى كۆرەلەمتىم ؟ نۇرى ئوقۇغاچقا ھېكىمبەگ غوجامنى ، مۇتائالى خەلپىتىم ، زوردۇن مۇپتى ، تۇرداخۇنبايلارنى كۆرۈپتۇ ئەمەسما ! سەنمۇ يەنىڭ جۇيىنىڭ خىتايچىسىنىمۇ ، ئۇيغۇرچىسىنىمۇ يادقا بىلىدىكەن . بەك ئەقىللىق بالا بوپتۇ . ساۋابلىق ئىش ، پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ساۋاتلىق بولالمىغان ، ئەمما ساۋاتلىقنىڭ قەدرىگە بەك يەتكەن . ئىتلىرىڭغىمۇ بىلىم ئۆگەت دېگەن ئەمەسمۇ !

— نېمە دەيدۇ مۇنۇ قاشقالىق ! — دېدى مۇختەرباي بىردىنلا خاپا بولۇپ ، — پەيغەمبىرىمىز شۇنداق دېگەنما !

— كۇپۇرلۇق ، — دېدى ئىمام ساقىلىنى سىيپاپ ، — شەك كەلتۈرۈش كۇپۇرلۇق بولىدۇ …

— كۇپۇرلۇق دېدىڭما ! — مۇختەربايىنىڭ بىردىنلا سەپراسى ئۆرلىدى ، — سەن قاشقالىق نېمىنى بىلەتتىڭ ؟ بىزنىڭ ئۆيگە شەھەرنىڭ ھەممە بايلىرى ، نى - نى ئۆلىمالىرى چىققان ، پاقلان يەپ ، قىمىز ئىچىپ ئايلاپ - ئايلاپ ياتقان ، بىز ئالتە ئوغۇل مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىلەن كاتتىلارنىڭ گەپلىرىنى ، ھەتتا ھېكىمبەگ غوجامنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغان ، لېكىنزە ئىتلار خەت تونۇسۇن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان . مېنىڭچە ، بىز ئىتتىنىمۇ تۆۋەنكەنمىز - دە ، ساڭا ئوخشاش بىر ساياق كەلگۈندىگە يۈندا بېرىپ ، ئۇستىخان تاشلاپ بەرگەندىكىن …

— بېگىم ، مەن گەپنى سىلىگە قاراتمىدىم ، ئۆزۈمچە … — ئىمام غالىلداپ كەتتى . ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ساقىلى شۇنداق تىترىدىكى ، مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ ، مۇشۇ يېزىدا ئاقارغان بۇ داڭلىق ساقالنىڭ بۇنچىلا تىترىگىنىنى ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدى .

— قويساڭا ، مۇختەر ھوي ! — دېدى بىر دېھقان بىللە ئۆسكەن دوستىنى ئەيىبلەپ ، — دېمىسىمۇ ئۇرىدىن باشقا ساۋاتلىق بولمىسا بۇ مەھەللىدە .

— بۇ تۆگىگىرەكتە دېگىنە ، بىر مەھمۇت چۇجاڭدىن باشقا خەت تونۇيدىغىنىمىز يوق - دە !

— ئۇرىنى چاقىرىڭلار ! — دېدى مۇختەرباي ئاچچىقىدىن بىردىنلا يېنىپ ، — بالا يازسۇن ، سەن دە ئىمام ، ئاغزىڭ يوگۇرۇك ئەمەسمۇ ، بەيگىگە سالغۇدەك ئاغزىڭ بار - دە ، قاشقالىق !

مۇختەرباي شۇنداق ، ھەرقانداق ماجىرانى چاقچاققا ، ھازىنى تويغا ئايلاندۇرۇشقا ئامراق .

— دەيدىغاننى ئويلاپ قويدۇم ، — دېدى مىرا «قازى» سوزۇپ سۆزلەپ ، — بالا يازىدۇ ، مەن دەپ بېرىمەن .

— كىمگە يازىمىز ؟

كۆپچىلىك جىمىپ قېلىشتى .

— شېڭ دۆبەن ئاتىمىزغا يازىمىز — دە ئەلۋەتتە ، — دېدى چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ، يۈرىكى ئورنىغا ئەمدىلا چۈشكەن مەھەللە ئىمامى .

— سىلىگە قويۇپ بەرسە ، قوتاندىكى كالام قىسىر قالدى ، قانداق قىلىمەن دەپمۇ ئەرز يازىلا ، ئىمامئاخۇنۇم !

— ۋەخپە يەرگە سۈنىڭ بېشى تەگمىدى دەپ مىڭبېگىگە ئەرز يازغان ئادەم بۇ !

— پوشكالىنىڭ مېيى چۈچۈمەپتۇ دەپ قاسىم تەرسانىڭ ئۈستىدىن ئەللىكبېشىغا شىكايەت سۇنغان ...

— ئىشتانبېغى قېچىپ كەتسە مۇتىۋەللىنى چاقىرىپ ...

— ساقىلى قىچىشسا پىتىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز ! ... ھا — ھا — ھا ... ھى — ھى ...

ئوغرىنىڭ ۋەھىمىسى ، ئۇلۇغئاخۇننىڭ يىغىسى ، ھېيىزخاننىڭ نالىسى ھەش — پەش دېگۈچە كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلدى ، ئۇلار گويا بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاقاقلىشىپ كۈلۈشكە باشلىدى . مۇنداق سورۇنغا خوجايىنلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن مۇختەرباي قاپقارا ، يىرىك ساقاللىرى ئارىسىدىكى ئاپئاق چىشلىرىنى يالتىرىتىپ تېلىقىپ كۈلۈپ ، ئادەملەرنى چاقچاققا كۈشكۈرتەتتى .

— ھە ، قېنى رېھىم توغاي ، سايرا !

— مۇسا قاغا ، گەپ قىل .

— ھەمرا توقۇم ، جىمىپ قالدىڭغۇ ؟

— سۇلتان پالاس ، نادىر بويناق ، تۇرسۇن قانجۇق ... ھا — ھا — ھا ...

— ھاي ، ھاي ، ھاي ، مۇختەرباي ئۈكام ، بۈگۈن ھازا ، ئۈكام ، يېرىم ھازا ! ئۇلۇغئاخۇننىڭ ئون يىل يىغقان — تۈگكىنى بىراقلا ئوغرىلاندى ، يانچىلار بىزگە كۈن بەرمەيۋاتسا بىز تارانچىلار

پىسسەنت قىلماي كۆلۈۋېرىمىزمۇ؟ يانچىلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز يازايلى. ئەنە نۇرىمۇ كەلدى، — دېدى مىرا «قازى» ھەربىر سۆزنى دانىمۇدانە، سالماق سۆزلەپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — نۇرى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سەل - پەل ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋابەركەتەھۇ! — ئىمام ئورنىدىن يېرىم قوزغالدى.

— ۋەئەلەيكۇم، كەل، بالام! — دېدى مىرا قازىمۇ مىدىرلاپ قويۇپ، — پاھ، يائاللا قازارەن...

— كەلدىڭما، ھە، بورىغا چىق! — دېدى مۇختەرباي ئۈستەڭ بويىدىكى يازلىق چايخانىنىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە باداشقان قۇرۇشقان مەھەللە چوڭلىرىنىڭ قاتارىنى شەرەت قىلىپ، — ياخشى ئوقۇپسەن - ھە، بالدۇر چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ دېگەن مۇشۇ - دە!

قىسقا يەڭلىك ئاق كۆڭلەك، تاسما پوتا ئۆتكۈزۈلگەن كۆك شىم، كۆك شەپكە كىيگەن، پۇتلىرىغىمۇ يېڭى سەندەل كىيىۋالغان زىلۋا بوي، ئاق يۈز، قارا كۆز، قارا قاش، ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى تولىمۇ چىرايلىق بۇ بالىغا ھەممىلا ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلدى. بۇنداق كىيىملەرمۇ، بۇنداق چىرايمۇ بۇ مەھەللىگە يات، تېخى ئۇنىڭ سالام قىلىشلىرىچۇ...

— رەھمەت، ئۆرە تۇرىۋېرەي، — دېدى بالا سەل قىزىرىپ - ھودۇقۇپ، — قېرىنداش، قەغەزمۇ ئالغاچ كەلدىم...

— پاھ، سۈت قەغەز، — دېدى ئىمام قەغەزنى ئالىقىنىغا قويۇپ، — قاراڭلار، مۇنۇ قەلەممۇ رەسىمنىڭ ئىكەن تېخى!

ئادەملەر قېرىنداش بىلەن قەغەزنى قولدىن - قولغا ئېلىپ سىلاشتى، ھەتتا پۇراپمۇ بېقىشتى.

— ھوششەرە، — دېدى مۇختەرباي نۇرىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — بىزنىڭ مەھەللىنىڭ تۇنجى ئەپەندىسى سەن، ھەممىدىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇدۇڭ، يارايسەن، خالايىق ئاڭلاپ

قـويـۇڭـلار ، زىـيەك[1] خەقنىڭ ئىشىكىدە چاكار بولۇپ يۈرۈپ بالىسىنى شەھەردە ئوقۇتۇپتۇ .

— قانچە يىل بولدى ، ھوي زىيەك ؟

— ئىت يىلى ئەكىرگەن ...

— قويساڭا ، ئىت - كۈچۈكلىرىڭنى ، تۆت يىل بولدىمۇ ؟

— ھەئە ...

— 1934 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «روشەن» مەكتەپكە بـىرىنـچى سىنـىـپقا كىردىم ، — دېدى نـۇرى جاراڭلـىق ئاۋاز بىلەن ، — بۇ يىل تۆت يىل بولدى .

— بـۇ يـىـل قـانـچـىـنـچى يىل ؟ — سورىدى مۇختەرباي گاڭگىراپ .

— خۇدايىم بۇيرۇسا 1938 - يىلى 6 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ، — دېدى مىرا «قازى» تەكەببۇرلۇق بىلەن ، — ھە قېنى ، قەغەزنى كـىـرلەشتـۈرۈۋەتمەيـلى ، قېـرىنداشـنى سـۈندۇرۇپ قـويمايلى ، قازارەن ...

ئـۇستەل ئورنىغا قىزىرىپ سىلىقلاشقان ناتاختا قويۇلدى . نۇرىنىڭ قولىغا ھەممە ئادەم قاراپ تۇرۇشتى . ئۇ «خىمىچىسكى» قـېرىندىشىنى ھۆلدەپ قويۇپ قەغەزنىڭ بېشىغا «ئەرزە» دېگەن خەتنى يازدى . كۆپچىلىك تەڭلا :

— پاھ ! ھوي ... — دېيىشىپ كەتتى .

## 2

مـىـڭـبـېگىنىڭ قورۇ - جايى كاتتا دەرۋازىلىق ، ئۆيلىرى تۇڭلۇكلۇك ، ھويلا ئىچى تال باراڭلىق ، قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭ تـۇۋرۇكـكـە چـىـرايـلـىق ، لېكىن مايلىشىپ كەتكەن چىراغپاي مىخلانغان ، سول تەرەپكە ئات ئېغىلى ۋە ئامبار سېلىنغان ، ئوڭ تـەرەپـتـە بـاغقا كىرىدىغان ئىشىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇدۇلغا

[1] زىياۋۇدۇننىڭ ئاغراكى ئاتىلىشى (ئا) .

قارىسىغىز ، ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىك كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ . قوش قاناتلىق دالان ئىشىكىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپكە چوڭ سوپا جايلاشقان ، قارىغاي لىم ، تۈۋرۈكلەر ، چاقماق كۆزلۈك تۈڭلۈك پەنجىرىسى ، باغقا قارايدىغان چاقماق سالاسۇنلۇق بىر جۈپ پەنجىرە ، دالان سۇپىسى ئۈستىگە سېلىنغان گۈلسىز قارا كىگىزلەر ، كىگىزلەرگە سېلىنغان كۆرپىلەر ، تىزىلغان ياستۇقلار ، ئۈچ پەلەمپەيلىك ساراي ئىشىكى ، سولدىكى ئاشخانا ئىشىكى ... سارايىنىڭ تۈڭلۈك پەنجىرىسى ، نەقىشلەنگەن تام ـ تورۇسى ، لىمتاق ، ئويۇقلار ، ئىران نۇسخىلىق خوتەن گىلەملىرى ، يىپەك زىلچىلار بۇ يۇرتنىكى باشقا ئۆيلەردە يوق . نۇرى ساراي ئۆيگە كىرگۈچە ھەممىگە سىنچىلاپ قارىدى . ئۇنىڭ خېتىنى كاتىپ مىڭبېگىگە ئوقۇپ بېرىۋىدى ، مىڭبېگى ھەيران قېلىپ :

— كىم يازغاندۇر بۇ خەتنى ؟ — دەپ سورىدى .

— زىياۋۇدۇن دېگەن كەمبەغەلنىڭ ئوغلى نۇرى يېزىپتۇ .

— ئۇ بالىنى تېپىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى مىڭبېگى خىيال بىلەن ئېڭىكىنى سىلاپ ، — پاھ ، ئاجايىپ ـ ھە ! گېپىنى قارا بۇ كىسپۇرۇشنىڭ ، ئوغرىنىڭ ئەدەپ كېتىشى يۇرتنىڭ ياخشى باشقۇرۇلمىغىنىدىن دېگىنىنى قارا ! ...

ئۇ خىيالغا پاتتى . دېمىسىمۇ ئوغرىلار ئەدەپ كەتتى . غېنى ئوغرى تەپ تارتماستىن مىڭبېگىنىڭ قەپەستەك ھويلىسىغا كىرىپ ، يولۋاستەك تۆت ئىتىنى زەھەرلىك گۆش بىلەن مەست قىلىپ ، يېڭىلا شەھەردىن ئاچىققان ئورۇس هارۋىسىنى سۆرەپ ئېتىزمۇ ئېتىز مېڭىپ ، قاش دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ سامىيۇزىدىكى كۆزلىكىگە ئاپىرىۋالدى . مىڭبېگى ئىز قوغلاپ كۆزلەككە كىرسە ، غېنى ئوغرى ئەمدىلا تەرىنى سۈرتۈۋاتقانىكەن .

— تاپ بېسىپلا كەلگىنىنى ماۋۇ قۇمايىنىڭ ، — دېدى ئۇ مىڭبېگىنى كۆرۈپ ، — ئىككى يايىسىنىڭ قىلىچلىرىنى قانداق

قىلاي ، ئوغۇل بالا بولساڭ سەنمۇ سۆرەپ ئەكەت ، ماڭا ئوخشاش !
مىڭبېگى «قۇماي» دەپ لەقىمىنى ئاتىغىنىغا مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلدى ، لېكىن ئۇ ئالدىدا غىمىدىمۇ يوق ، گىرەدەپ ئولتۇرغان دىۋىدەك بەستلىك ، ئاق سېرىق ، سۇرلۇك يۈزىنى چېچەك ئىزى قاپلىغان ئادەمنى نېمىمۇ قىلالايتتى؟ ئۇ غېنى ئوغرىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ئەيمىنىپ قارىدى ، ئوغرىنىڭ كۆكرىكىدىكى بۈلجۈڭ گۆشلەر دەريا بېلىقىدەك سەكرىمەكتە ، ئۇنىڭ پاكىز چۇشۇرۇلگەن بېشىنى سىلاۋاتقان قوللىرى بەشلىك ئاردەك يوغان ، بىلەكلىرى چار بۇقىنىڭ يانپىشىدەك مەزمۇت .
— ئابدۇغېنى ئۇكام ، قىزىقىپ كەلدىم . ساناپ باقسام يىگىرمە ئىككى كىچىك ئېرىق ، ئالتە غول ئېرىق ، ئۈچ ئۆستەڭ ، بىر دەريادىن سۆرەپ ئۆتۈپسەن . ھەرقانداق ئاتمۇ ، ئۆكۈزمۇ سەن قىلغاننى قىلالمايدۇ ، ئۇن ئۆكۈزنىڭ كۈچى باركەن جۇمۇ سەندە ، ئۇكام !
— شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى يايىنى باشلاپ كەپسەن - دە؟ ھاي جارقىن ، مېھمانلارنىڭ ئېتىنى ئال !...

— نۇرنى ئەكەلدىم ، — پاكار ، كۆك كۆز ، سېرىق بۇرۇت ، دوغىلاق بىر ئادەم مىڭبېگىگە خۇشامەت قىلىپ چۈڭقۇلدىدى ، — بايتالغا مىنگەشتۈرۈپ ئەكەلدىم بۇ ئەپەندىنى .
— كەل ! — مىڭبېگى بوسۇغىدا پەيدا بولغان ئۇن بەش ياشلاردىكى چىرايلىق بالىغا قاراپ تەستە كۈلۈمسىرىدى ، — زىيەكنىڭ بالىسىمۇ سەن؟
— ھەئە ، زىياۋۇدۇننىڭ ئوغلى ، — كۆك كۆڭلەك ، كۆك ئىشتان ، بېشىغا شەپكە ، پۇتىغا سەندەل كىيگەن شەھەر بالىسى مىڭبېگىگە تىك تۇرۇپ جاۋاب بەردى .
— نەدە ئوقۇيسەن؟
— شەھەردە .
— ئۇنى بىلىمەن ، شەھەرنىڭ قەيىرىدە؟

— دۆڭمەھەللىدىكى «روشەن» مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، ئەمدى ئەكسىنىرنىڭ ئالدىدىكى گىمنازىيىدە ئوقۇيمەن.

— ھە، داموللا جاللاپنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدا، ھە راست نوغايگوتقا (نوۋگورت — يېڭىشەھەر دېمەكچى) چىقىدىغان چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئۆگزىسى قەلەي مەختەپما؟

نۇرى مىڭبېگىگە ھەيران بولۇپ قارىدى: قارا ساقال ـ بۇرۇتى تولىمۇ يىرىك، مەيدە تۈكلىرى ئوچۇق كۆكرىكىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان، چوڭقۇر، سەل قىزارغان يوغان كۆزلىرى كەڭ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدا مارىلاپ تۇرغان بۇرنى تولىمۇ يوغان بۇ ئادەمنىڭ باغلاشمىغان جۈملە، خاتا ئىسىملارنى ئىشلىتىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلغان گېپى ئۇنىڭ ساۋاتسىز، بىلىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم قانداقمۇ ئون ئىككى يۈز بېگىلىك شۇنچە چوڭ زېمىندىكى يىگىرمە نەچچە مىڭ ئۆيلۈك دېھقاننى باشقۇرالايدىكىن؟ نۇرى تىنماي كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇيتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدا، ھازىرقى شېڭ دۇبەن ۋە ئۇنىڭ ئىدارىلىرى توغرىسىدا جىق گەپلەرنى بىلىۋالغان. ئۇ يەنە شەھەردە ئوقۇغۇچى دوستلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن مۇئەللىملەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان، ھېكىمبەگ غوجامنىڭ پاشا غوجا ئىسىملىك ئوغلىنىڭ، تېيىپزات خەلپىتىم دېگەن كاتتا ئادەمنىڭ تارىخ، جەمئىيەت، سىياسەت ۋە جۇغراپىيە توغرىسىدىكى گەپلىرىگە قۇلاق سالغان. ھەيدەرروف ئىسىملىك تىل مۇئەللىممۇ ئۇلارغا تىلنىڭ رولى، قائىدىسى، مەنىلىرى توغرىسىدا، توغرا سۆزلەش، توغرا يېزىش، چىرايلىق سۆزلەش، چىرايلىق يېزىش توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، خاتا سۆزلەش مەدەنىيەتسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك بولسا بىر خىل ياۋايىلىق ھېسابلىناتتى.

— ھە، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدى مىڭبېگى ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، — خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن، شەھەرلىك؟

— ياق، توغرا دېدىلە، مىڭبېگىم، گىمنازىيە شۇ يەردە.

— سىلەرنى بىز خەق ئوقۇتامدۇ ، ئورۇسلارمۇ ؟
— ئۇيغۇر ، تاتار ، ئۆزبېك ، قازاق ، رۇس ، خەنزۇ مۇئەللىملەر بار .
— نېمە ، سەن شۇنچە جىق خەقنىڭ زۇۋانىنى بىلەمسىنا ؟
— ئۇلار بىزچە سۆزلىيەلەيدۇ .
— مۇنداق دە ! ھە ، ئوغرىلارنىڭ كۆپىيىشى يۇرتنى ياخشى باشقۇرمىغاننىڭ ئىشى دەپ يېزىپسەن ، بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتكەن ؟
— مەن ئۇ گەپلەرنى كىتابلاردىن ئۆگەنگەن .
— كىم يازغان كىتابلار ئۇ ؟
— ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىققان كىتابلار .
— سەن ئورۇسچە بىلەمسىنا ؟
— ياق ، ئۇلار تاتارچە ، ئۆزبېكچە كىتابلار .
— نېمە ، نېمانداق ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىسەن ، بالا ؟ تاتار دېگىنىڭ نوغاي ، ئۆزبۆەك دېگىنىڭ ئەنجانلىقما ؟
— ھەئە .
— ئۇلارنىڭ خېتىمۇ بىزچىما ؟
— ياق ، لاتىنچە .
— نېمە ؟ لاتىنچە دېگىنىڭ ئورۇسچىما ؟
— ئوخشاپراق كېتىدۇ . ياۋروپادىكى ئورتاق يېزىق .
— نېمە ؟ تېخىمۇ تەس گەپ قىلغىلى تۇردۇڭغۇ . نېمە دېدىڭا ، يارپا دېگىنىڭ مەسكاۋمۇ ؟
— موسكۋامۇ ياۋروپادا ··· ئالتە قىتئەنىڭ بىرى ···
— ۋاي - ۋۇي ··· تېخىمۇ تەسلەشتى . بولدى ، بىزچە گەپ قىلە ! بايىقى گەپنى شۇ قىتئە يازدى دېگىنە ! ···
نۇرى كۆلكىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرالىدى . ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى سۈرلۈك ئادەمنى زاماندىن تولىمۇ يىراقتا ، مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرىدىكى بولاڭچى - قاراقچىلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن دەپ ئويلىدى . بۇ ئادەم قانداقمۇ مەھەللە خەلقىنىڭ ئەرزىنى ھەل قىلالىسۇن ، قانداقمۇ خەلقنىڭ ھالىغا يېتەلىسۇن ؟

بىر دىنلا ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكى دېھقانلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

مىڭبېگى قاتتىق ئەسنىدى، ئاندىن كېيىن كېكىردى. بۇ ئىككىلا قىلىق نۇرنى يىرگەندۈردى. ئۇنىڭ مۇئەللىمى بۇ قىلىقلارنى نۇرغۇن قېتىم مەسخىرە قىلغان. نۇرى بىر قېتىم قىز ساۋاقدىشىنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىزلا ئەسنەپ قويۇۋىدى، تېرە سودىسى قىلىدىغان باينىڭ قىزى ئۇنىڭغا چۆچۈپ قاراپ قاشلىرىنى سۈزۈپ:

— ئەسنىگەندە قولىڭىز بىلەن ئاغزىڭىزنى توسۇۋېلىڭ، — دېگەنىدى. نۇرى نومۇستىن يەرگە كىرگۈدەك بولغان. ئۇ ھازىر بايىقى ئىككى قىلىقنىڭ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىدا «بۇ ئادەمدە كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان قىلىقلاردىن نەچچىسى باركىن؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى. نەق شۇ چاغدا مىڭبېگى ئوڭ قولىنى قوينىغا تىقىپ قولتۇقىنى تاتىلاشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ گەپ باشلىدى:

— نېمىگە ئۆرە تۇرۇۋېرىسەن؟ ھە، راست گەپنى قىلە، بۇ يەردە راستلا ئوغرى كۆپ، قازاقلارنى ھېسابلىماي، بىز خەقتىنلا ئون نەچچە داڭلىق ئوغرى بار. سەپەر ئوغرى دەريا ياقىسىدىكى جاڭگالنىڭ قاپلىنى بولدى. غېنى ئوغرى قاش بويىنىڭ يولۋىسى، ئەمەت ئوغرى، ھوشۇر ئوغرى، ئىمرەمزە قاۋان، سىدىر تايغان، ئىبراھىم قانجۇق ... ۋاي - ۋۇي، ھەممىسىلا ئوغرى، بۇ خەقنىڭ تولىسى تارانچى، ئۇلارنىڭ كۆزى بايلاردا. گادايلارنىڭ كالىسى قىشۇ ياز تالادا ياتىدۇ، ئوغرى كەلمەيدۇ. بايلار غورۇلىرىنى مىختا پانا قېقىپ، ئىت باغلاپ، ئېغىللىرىغا كۆزەتچى قويۇپ ساقلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مال - ۋارانلىرى قوتان، ئۆيۈرى بىلەن ئوغرىلانغان. تېخى بۇ ئوغرىلار ھۆكۈمەتنىڭ بانكىلىرىغىمۇ تېگىش قىلدى. راست، ئوغرى تولا. بۇ مېنىڭ قولۇمدىن ئىش كەلمىگەنلىكىمۇ؟ سەن شۇنداق دەپ يېزىپسىنا، جالاپنىڭ بالىسى، بۇ گەپنى ئاشۇ مۇختەر قاۋان يا بولمىسا مىرا كۆسەي يازدۇرغاندۇر، راستىنى دە، بولمىسا ...

— ياق ، ئۇلار دېمىدى ، ئۆزۈم يازدىم !

— سەن نېمىشقا ھۆكۈمەتكە تىل تەگكۈزدۈڭ ئەمىسە ؟

— ھۆكۈمەتنى تىلغا ئالغىنىم يوق ، يۈزبېگى ، مىڭبېگىلەر ئوبدانراق ئىشلىسە دېدىم شۇ ، مىڭبېگىم .

— مەن سېنى يامۇلغا ئەۋەتىپ بېرىمەن ، بىلدىڭمۇ ؟ بۇگۈنلا ماڭدۇرىمەن ، سەن ئىتنىڭ بالىسى قالغان ئوقۇشنى يامۇلدا ئوقۇيسەن !

— مەن جىنايەت ئۆتكۈزمىسەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى ئون بەش ياشلىق بالا . ماڭا قانۇن ئىگە .

— نېمە ، قانۇن ؟ مېنىڭ گېپىم قانۇن ئەمەسمىكەن ؟ سەن جالاپ ...

ئۇ گېپىنى تۈگىتەلمىدى . ئۆيگە سېرىق چاچلىق ، پۈرمە بەل گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال ئېتىلىپ كىردى .

— يولسىزلىق قىلماڭ ، مىڭبېگى ! — بۇ مىڭبېگىنىڭ شەھەردە ئۆي تۇتۇپ ، باينىڭ پۇلى بىلەن ئىككى قىزنى ئوقۇتۇۋاتقان توقال ئايالى ئىدى ، — بالىنىڭ گېپى يوللۇق ، ھەممە گەپنى سەبىخە ئىككىمىز ئاڭلىدۇق ، بۇ بالا توغرا ئېيتىدۇ . قولىڭىزدىن كەلسە بۇ بالىنى ئەمەس ، غېنى ئوغرىنى يامۇلغا سولىتىڭ . كىلىنىڭىزنى خەلقئالەم ئالدىدا ئېلىپ قاچقان سەپەر ئوغرىنى تۇتۇپ بېرىڭ !

— بولدى ، ئاسىيە ! — دېدى مىڭبېگى تۆت باي بىلەن تالىشىپ يۈرۈپ بەش يۈز قوي خەجلەپ ئارانلا ئېرىشكەن توقالغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ، — بۇ ھارىمى بىلەن چېقىشىپ قويدۇم ، يامانلاپ كېتىپ قالما يەنە ، خوتۇن !

— سەبىخە بۇ بالىنى تونۇيدىكەن ، بۇ بالا مەكتەپ بويىچىلا ئەمەس ، شەھەر بويىچىمۇ ئەلاچىكەن . سىزنىڭ يۇرتىڭىزنىڭ گۈلىكەن . سىزنىڭ تۆت خوتۇنىڭىزدىن ئون ئۈچ بالىڭىز بار ، بىرىمۇ ساۋاتلىق ئەمەس . ئەتىۋارلىق بالىڭىز قەمىردىن مەدرىسىدە تۆت يىل ئوقۇپ ھەپتىيەكتىن چىقالمىدى . مانا ، بالا دېگەن

نۇرىدەك بولسۇن . بالىلىرىڭىزغا ئۇلگە قىلىڭ بۇ بالىنى . بۇ بالا ھېسابتا ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەيدىكەن ، شېئىر يازالايدىكەن ، رەسىم سىزالايدىكەن ، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىكەن ، قالتىس بالىكەن ، پۇشكىندەك ، ئابدۇللا توقايدەك ، نەۋائىيدەك ...

— ھا ـ ھا ـ ھا ... پاھ ، قالتىسكىنا ! — دېدى مىڭبېگى ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — يۇقىرى چىق ، بالام ، بىر مېھمان قىلىۋالاي ، نوغاي ھەدەڭ سېنى پەيغەمبەر قىلىۋەتتىغۇ . ھـاي ، قوزا سويۇڭلار ، قىمىز ئەكېلىڭلار ، ئەتىۋارلىق مېھمان كېلىپ قاپتۇ !

مىڭبېگىنىڭ بېغى ئەجەبمۇ كۆڭۈللۈك . قېلىن قارىياغاچلىقلار ، قوچاق يەتكۈسىز تېرەكلەر شاخلىرىدىكى قاغىلارنىڭ تولىلىقى ، خۇددى دۇنيادىكى ھەممە قاغىلار شۇ يەرگە توپلانغاندەك . سوپسوپىياڭلارنىڭ ، گۇگۇكلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ، يۇگۇرۇشۇپ يۈرگەن ياۋا توشقانلارچۇ تېخى . بۇ باغ رىۋايەتلەردىكى سىرلىق ئورمانلىققا ئوخشايدۇ . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆستەڭچۇ تېخى . ئۇنىڭ بويلىرىدىكى قاپاق تېرەكلەر بۇ قاشادىن ئۇ قاشاغا يېتىۋالغان ، ئۇ ھەم كۆۋرۈك ، ھەم ئىلەڭگۈچ . غولى كاۋاكلىغان تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئاق ئۇجمىچۇ ، ئۇ بەلكى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقاندۇر . قويۇق ئالمىلىقلار ئارىسىدىكى چىمەنلىك تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ، ياتساڭ كۆرپە ، موللاق ئاتساڭ ماموق ، ئوڭدا يېتىپ ئاسمانغا قارىساڭ بىر سىرلىق دۇنيا ...

— بۇنداق باغ شەھەردىمۇ يوق ، — دېدى سەبىخە . ئۇ ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ، تولىمۇ چىرايلىق ، ئۇزۇن يەڭلىك ئاق كوپتىسىدىن كۆكرەكلىرى ئەمدىلا بىلىنىشكە باشلىغان ، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچى ھەم توم ، ھەم يالتىراپ تۇرىدىغان زىلۋا قىز ئىدى ، — مەن بۇ باغنى ياخشى كۆرىمەن . بۇ باغ چارباغقا ئوخشايدۇ .

— راست ، — دېدى نۇرى قىزنىڭ ئوماق ، قىپقىزىل

لەۋلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ چاقچاق ئارىلاش ، — بۇ باغ چارباغنىڭ ئۆزى ، سەنەم جانىم چارباغلار خاس ئىكەنىنى بىلمىدىم ! ... دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك .

— ۋىيەي ! — قىز ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى ، — ئۇنداق دېسىڭىز قېچىپ كېتىمەن بىكار !

نۇرى خىجىل بولۇپ يېنىدا ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە قارىۋالدى . ئېگىلگەن سۆگەت شاخلىرى چېچەك سۈيى بىلەن تولۇپ ، شوخلىنىپ ئېقىۋاتقان سارغۇچ سۇنى تويماي سۆيمەكتە ، بۇك دەرەخلەر ئارىسىدىن گۈرىدە كۆتۈرۈلگەن قۇشقاچلار ئۇلارنىڭ بېشىدىكى قېرى قارىياغاچ شېخىدا بەس - بەستە ۋىچىرلاشماقتا . مانا نەدىدۇر ئايغىر ئەسەبىيلىك بىلەن كىشنىدى ، تېرەكلەرنىڭ تۆپە شاخلىرىدىكى غورالداي ، قۇرغۇي ، كۆكنەكلەر چۇرقىراشتى ، كەپتەرلەر كۆپكۆك ئاسمان قەرىدە گۈل چىقىرىپ پەرۋاز قىلىشتى . ئىيۇل ئېيىنىڭ ھەممە گۈزەللىكى گويا شۇ دەقىقىدىلا ئۆزىنى كۆرسەتتى ، ئىنسانغا راھەت - پاراغەت بېرىشكىلا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغ تەبىئەت ئۆز پەرزەنتلىرىنى نېمىشقىدۇر پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ئالقىشلىدى . نۇرىنىڭ تومۇرلىرىدا گويا قان ئەمەس ، ئوت ئاقتى ، ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ دەقىقىدە بىر پارچە چوغقا ئايلاندى ، ۋۇجۇدى گويا بىر كۈچلۈك چاقماق ئۇرۇلغاندەك سىلكىندى . ئۇ ھاياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاياجانلىق ھېسسىيات قاينىمىدا ھوشسىزلاندى ، ئۇنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ ئەمەس ، ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى ، باتۇرلۇقى ، جاسارىتى كۈلگە ئايلاندى . ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ يېڭى تىلى چىققان بالىدەك دۇدۇقلىدى :

— ... ياق ... سىز سەبىخە ...

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە بالىلىق ئۈمىدسىزلىكى ، نامرات ئارزۇلىرىنىڭ نابۇت بولۇۋاتقانلىقى ، ئۈنسىز نالە - پەريادى سىڭگەنىدى . ئۇ باي قىز بىلەن نامرات ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئورتاق خۇشاللىق بولمايدۇ ، پەقەت پاجىئەلا بولىدۇ ، نامراتلار ئارزۇسى بايلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يات ، شېرىن خىيال مېۋىسىز دەرەخ ، مەن

خىيال بىلەن خۇشال بولۇشقا ئادەتلەنگەن ، سەبىخە بىلەن ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ بىغىدا ئەمەس ، بەلكى بىر ئۆمۈر خىيال بىغىدىلا بىللە بولاي ، دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە ، ۋاقىتسىز سولغان گۈل بەرگىدەك سولىشىپ :

— مەن كېتەي ، — دېدى .

— تېخى ئەتىگەن ، — دېدى قىز چېچىنىڭ ئۇچىنى چۇۋۇپ تۇرۇپ ، — يۇرۇڭ ، ئۈجمە يەيلى ، ئاندىن كېيىن سورايدىغانلىرىم بار تېخى .

ئۇ قىزغا ئەگىشىپ ئەيمىنىپ مېڭىپ قېرى ئۈجمىنىڭ تۈۋىگە كەلدى . شاخلارٗ شېرىن ئۈجمە بىلەن تولغان ، يەرمۇ دەسسىگۈسىز ئۈجمە . ئۇلار يەردىن ئەڭ پاكىز ، شىرنىلىكلىرىنى تېرىپ يېدى .

— ئۈچىغا چىقىپ ئۈزۈپ يەيلىلا ، قاراڭا ، قارغۇجىلار جىنىدا شېخىدىكىنى يەۋاتىدۇ . ھا ـ ھا ـ ھا ··· — دەپ كۈلدى قىز .

ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك يېقىملىق — گويا تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ، شۇنچىلىك زىل — جانان چىنىنىڭ ئاۋازى ، شۇنداق سىرلىق — گويا تېپىشماق ئىدى .

نۇرى قىزنىڭ بىر يېرىگە بەدىنى تېگىپ كەتسە خۇددى چوغ تېگىپ كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، دەرەخ غولىغا يامىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى . قىزمۇ يالاڭ ئاياغ بولۇۋېلىپ شاخلارغا يامىشىپ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئۆرلىمەكتە . نۇرى ئۇچ ئاچىماق شاخقا ئولتۇرۇۋېلىپ شىرنىسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئۈجمە دانىلىرىنى تېرىپ ئالىقىنىغا تولدۇردى . بۇنداق شىرنىلىك ، مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدىغان مېۋىنى قانداقمۇ ئاغزىغا سالسۇن ؟ ئۇ كىچىكىدىنلا ياخشى مېۋە كۆرسە ئاپىسىغا ياكى ئۇكىسىغا بېرىشكە ئادەتلەنگەن ، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تۆۋەنگە قارىدى . ئۇنىڭ تۆۋەنگە قارىشى بىلەن قىزنىڭ يۇقىرىغا قارىشى بىرلا ۋاقىتقا توغرا كەلدى . ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن يالقۇنلۇق كۆزلىرى ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرىگە چەكسىز لەززەت ، ۋەھىمە ۋە تەشنالىق بىلەن قارىدى ـ دە ، قىزىرىپ ـ ھودۇقۇپ قولىدىكى

ئۇچمىنى قىزغا سۇندى . قىزنىڭ قوللىرى شاختا ئىدى ، قىز ئاغزىنى ئاچتى . نۇرى ئۇچمىنى ئۇنىڭ ئوماق ئاغزىغا ساناپ تۇرۇپ بىر تالدىن سېلىۋىدى ، ۋۇجۇدى بەختتىن گويا شامالدا نازغىغان تال چىۋىقىدەك تىترىدى ··· نۇرى كەچقۇرۇن مەھەللىسىگە قاراپ پىيادە يولغا چىقتى ، مىڭبېگىنىڭ باغلار بىلەن قورشالغان مەھەللىسى ، تۆت تەرەپكە كېتىدىغان هارۋا يوللىرى ئارقىدا قالدى . نۇرى باغلاردىن قۇشتەك شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ، مەھەللىنىڭ سەگەك ئېتلىرىنى هاۋشىتمايلا غول ئېرىق بويىغا يەتتى ۋە دېھقانلار سۇ ياقىلاپ پەيدا قىلغان چىغىر يول بىلەن جەنۇبقا قاراپ ماڭدى . ئۇ هېچقاچان بۇگۈنكىدەك هاياجانلانمىغانىدى . ئۇ ئالدىدىكى سار تاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا ، قاپتاللىرىدىكى قارىغايلىقلىرىغا ، ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى چەكسىز دالا ، قىرلارغا شائىرانە هېسسىيات بىلەن تويماي نەزەر سالدى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقان مىڭبېگى كۆزلىكىگە قايرىلىپ قارىدى . گويا ئۇ يەر نۇرىنى چىللىماقتا ، مەڭگۈلۈك ئەركەم بولغىن دەپ يالۋۇرماقتا ، ئۇنىڭغا ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىنى تەقدىم قىلماقتا ئىدى . بىراق ، ئۇنى بىر يوشۇرۇن كۈچ بۇ يەردىن كېتىشكە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىماسلىققا ئالدىرىتىۋاتاتتى . بۇ كۈچ ئىككى ئېغىز گەپنىڭ كۈچى . نېمىشقىمۇ نۇرى بۇ گەپلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ قەسەم ئورنىدا يادلىۋالغاندۇر ـ هە ؟ يادلىسىمۇ قەسەم قىلىۋالمىغان بولسا بوپتىكەن : «نەپسىڭگە بېرىلمە ، مۇھەببەتكە قۇل بولما ، بۇ ئىككىسى مۇراد ـ مەقسەت يولىدىكى ئىككى تىك داۋان . »

ئۇ قارلىق چوققىلارغا قارىدى . چوققىلار بۇلۇتلارغا تۇتاشقان ، بۇلۇتلار چەكسىز ئاسمانغا باغلانغان . «ئاشۇنداق ئېگىز ئىككى داۋان ، — دېدى ئۇ چىغىر يول بويىدىكى تېۋىلغا ، چىغلارنىڭ نوتىلىرىنى سىيپاپ قويۇپ ، — مۇراد ـ مەقسەت نېمە ؟ ئۇنىڭ يولىچۇ ؟ لومونوسوفتەك ، دارۋىندەك ، پۇشكىندەك ئادەمگە ئايلىنىش . لومونوسوف ئون تۆت يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە

كىرگەن، تىرىشىپ يۈرۈپ ئالىم بولالىغان، بولغاندىمۇ يەتتە پەننىڭ ئالىمى ... نيۇتون ئۆيلەنمىگەن، نوبېلمۇ شۇنداق. مۇھەببەت، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ ... توغرا، ئۇ قىزنى ئۇنتۇپ كېتەي، كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇ مەھەللىگە قارىماي ...» ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە سەبىخە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستەڭ بويىدا، چىمەنلىكتە ئېيتقان گەپلىرى نۇرىنىڭ يادىغا كەلدى ... قىز ئانىسىنىڭ: «داداڭ ئالمۇتىدا بىگۇناھ ئېتىلىپ كەتكەن. داداڭ ياخشى ئوقۇغان، رۇسچىغا ئۇستا، چىرايلىق ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. مەن داداڭ بىلەن موسكۋادا تونۇشۇپ قالغان، ئىككىمىز ئالمۇتىدا توي قىلغان. داداڭ باينىڭ قىزىنى ئالغىنى ئۈچۈن بولشېۋىكتىن قوغلانغان، كېيىن ئالمۇتىدا ئالاش ئوردا، شەيخۇلئىسلام دېگەن ناملار بىلەن ئېتىلىپ كەتكەن. داداڭ رەھمىتى ئىككى قىزىمنى ئېلىپ غۇلجىغا كەت، قىزلىرىمنى ياخشى ئوقۇت، دەپ ماڭا قاتتىق جېكىلىگەن. ماڭا ئوخشاش ئوقۇغان مەدەنىيەتلىك تاتار قىزى بالىلىرىنى ئوقۇتمەن دېمىسەم مۇشۇ قوپال مىڭبېگىگە توقاللىققا تېگەتتىمۇ؟ مېنىڭ بەدىنىم ھايات، روھىم ئۆلگەن. سىلەر ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار» دېگەن گەپلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئېيتىپ بەرگەنىدى. نۇرى خىيالىدا، چىغىر يولدا چىغ ـ تېۋىلغىلارنى قۇچاقلىغىنىچە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ: «خەير ـ خوش، سەبىخە، مۇھەببەت ساڭىمۇ ئوخشاشلا تىك داۋان، ئامەت ـ تەلىيىمىز بولسا ئاپاڭ بىلەن داداڭدەك بىر چوڭ شەھەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز. ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، تۇنجى مۇھەببىتىم بىلەن دۇنيادىن ئۆتىمەن: نيۇتون، نوبېل، نەۋائىيدەك ...» دەپ سەبىخە بىلەن خىيالەن خوشلاشتى.

## 3

زىياۋۇدۇن بالىسىنىڭ تەلىپىنى زادىلا رەت قىلمىغان. بالىسىمۇ دادىسىغا ئارتۇق تەلەپ قويۇپ باقمىغانىدى. بالىسى

بۈگۈن تۈيۈقسىزلا :

— دادا ، مەن شەھەرگە كىرىپ مۇساباپوفلار زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن . تەتىل تۈگەشكە يەنە بىر يېرىم ئاي بار ئىكەن . ئازراق بولسىمۇ پۇل تاپاي ، دادا . بۇ يەردە ۋاقىت بىكار ئۆتۈپ كېتىدىكەن ، — دېدى .

دادا ئوغلىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان خىيالچان ، غەمكىن بولۇپ قالغىنىنى سەزگەن . ئۇ : «مېنىڭ بەش بالىنىڭ غېمىدە سەرسانە بولۇپ يۈرگىنىمگە چىدىماپتۇ - دە» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ ، ئوغلىنىڭ مۇنداق تەلەپ قويۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئوغلىنى ئوقۇتىمەن دەپ قارغا مىلەپ ئاشلىقىنى ئېلىپ بولۇپلا ، تۆت بالىسى بىلەن ئايالىنى كۆتەك ھارۋىسىغا سېلىپ ، شەھەردىكى ھال - ئوقىتى ياخشى ئادەملەرنىڭ ئېغىللىرى يېنىدىكى ھەم قاراڭغۇ ، ھەم كىچىك بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ قىشلىق ئىجارىسىگە ئۈچ خو بۇغداي بېرىپ ، ئات ھارۋىسى بىلەن شەھەردە ئولتۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈردى . يېزىدىكى كەڭ ، ئازادە ئۆي ، باغلىرىنى تاشلاپ ، خەقنىڭ ھويلىسىدا قورۇنۇپ - ئەيمىنىپ يەر دەسسەپ يۈردى . ئايالى ئۆي ئىگىسىنىڭ نېنىنى يېقىپ ، كىرىنى يۇيۇپ ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ قىشنى ئۆتكۈزۈشكە كۆندى . ئۆزى باش توخۇ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە ، خۇپتەندىن كېيىن بوز ئېتىمۇ ، ئۆزىمۇ ھالىدىن كەتكەن چاغدىلا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، مورا ئوچاق ئالدىدا شۇ كۈنى قار توشۇپ ياكى پىلىچى خاڭدىن كۆمۈر ئەكىرىپ سېتىپ تاپقان پۇلىنى ساناپ ، ھەر كۈنى تاپقان پۇلىنىڭ نەق يېرىمىنى ئايالىغا بېرەتتى - دە :

— يىغىپ قوي ، خوتۇن ، ئوغلىمىز شەھەر بالىلىرىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن ! — دەيتتى . ئۇ تۆت يىلدىن بېرى شۇنداق قىلىپ كەلمەكتە . ھازىر ئۇنىڭغا : «زىيەك شەھەرلىك» دېگەن لەقەممۇ سىڭىپ قالدى . تۆت يىلدىن بېرى تارتقان جاپا ، تۆككەن تەرىنى مۇنۇ ئەقىللىق ئوغلى ھېسابلاپ يۈرگەن چېغى -

ھە ، بولمىسا ھۆسەنباينىڭ زاۋۇتىدا ھاك ، كىسلاتا پۇرىقىدا دىمىقتا بولۇپ ئىشلەش قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسىگە كەلسۇن ؟

— نېمە دەيسەنوي ، بالام ، نېمە كەم ، نېمىگە قولۇڭ يەتمىدى ، دېمەمسەن ئاۋۋال ؟

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس ، دادا ، ئۆز ئەمگەك ـ تەرىمنىڭ تەمىنى تېپىپ باقاي دەيمىنا !

— ئۇنداق بولسا ئۆيدە تېتى ، — دېدى زىياۋۇدۇن ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ ، — ئەتىدىن باشلاپ بېدە باغلا ، سەن كەتكۈچە بۇغداي پىشىدۇ ، كۆرگەنسەن ، چوڭ ئېتىزغا بەش خو بۇغداي چاچقان ، تاختا بوپتۇ ، ھەر باش ، ھەر باش ، غولى قاپقارا ، بىر تالمۇ ئاپىخان ، سۇلۇ يوق . خۇدايىم بۇيرۇسا خورىدىن ئون خودىن ئاشلىق ئالىمىز . ئەللىك خو بۇغداينىڭ ئون بەش خورى دەنگە كەتسە ، ئوتتۇز بەش خورى قالىدۇ . ئۇرۇق ، ئوزۇقتا ئون بەش خورى كەتسىمۇ يىگىرمە خورنى ساتىمىز ، بالام ، ئۈچ خو يەرنىڭ زىغىرىمۇ ، بىر خو ئارپا ، ئىككى خو سۇلۇمۇ ياخشى ئوخشىدى . قىرو چۈشكۈچە يىغىپ بولىمىز . ئىنىلىرىڭ بەرا بىلەن دەرامۇ ئىشقا ياراپ قالدى . بەرا تۆت ئورمىچىنىڭ بىغىنى باغلاپ بىر گۈڭغا ئىشلىيەلەيدۇ ، كۈنىگە يەتتە يۈز باغ چۆپ باغلايدۇ ئۇكاڭ ، دەرامۇ تۇلۇقتا ئات مىنەلەيدۇ ، چاي توشۇيالايدۇ ، بۇغداينىڭ بۇيىسىنى ئاشۇ ئىككىسى ئوتىدى . ئات سۇغىرىش ، ئوقۇر تازىلاش ، ئاتقا چۆپ سېلىپ ، توخۇغا دان چېچىش ، ئىتقا ئاش ئېتىش ئاشۇلارنىڭ ئىشى ، بالام . شۇنچە باغنىڭ قورىيىنى ئورۇپ ، مىڭ نەچچە يۈز تۈپ قارىياغاچنىڭ شېخىنى پۇتاپ ، ئۈچ مىڭ باغدەك شاخ ـ قوراي قىلىپ بېسىۋەتتى ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئاپاڭ بىلەن ئىككى ئىنىڭ قىلدى ، بالام . بۇ يىل خۇدايىم بۇيرۇسا ئۈچىنچى ئىنىڭ ھەمرانىڭ خەتنە توينى قىلىپ بولۇپلا شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كېتىمىز ، ئۆيگە مۇختەرباينىڭ قويچىسى قاما قازاقنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن .

تىنىمسىز دادا ئوغلىغا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ ، ئاخىرقى

بىر دۆۋە بۇغدىيىنى غەلۋىر بىلەن تاغارغا قۇيغاچ يەنە دېدى :
— زاكىر ئەپەندىم : زىياۋۇدۇن ، بالاڭنى ئوقۇتقىن ، مەن بۇنداق ئەقىللىق بالىنى كۆرمىگەن ، بالا ئوقۇتقىلى ئون تۆت يىل بولدى ، بۇنداق ئۆتكۈر بالىنى ئۇچراتمىدىم ، دېگەچكە ، ئاپاڭ ئىككىمىز قانچىلىك جاپا تارتساقمۇ سېنى ئوقۇتايلى دېيىشكەن ، بالام ، قىسىنىدىغان يېرىڭ بولسا دە ، كۇچۇم يەتمىسە مۇختەربايمۇ قاراپ تۇرمايدۇ . بىز بىر تۇغقاننىڭ بالىسىغۇ ، يامىنىغا كەلسە دادامدىن قالغان مۇشۇ سەكسەن خو يەرنىڭ ئوتتۇز خورىنى ئاتۇشلۇق بايلارغا ساتىمەن . بىر خورىغا بىر قوي بېرىڭلار دېسەم ، ھازىرلا ئوتتۇز قويلۇق بولۇۋالىمىز . ئوتتۇز قوي كېلەر يىلى ئوتتۇز قوزا تۇغسا ، يىگىرمىسى ئەي بولسىمۇ …
— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ، دادا ! …
— ئەمىسە نېمىدە ، دېمەمسەن ؟
— جاپالىق ئىش بىلەن چېنىقاي دەيمەن .
— جاپانىڭ ھەممىسى سەھرادا تۇرسا شەھەردە نېمە قىلاتتىڭ ؟
— سېسىق پۇراق ، زەي يەر بۇ يەردە يوق . ئېتىزنىڭ ئىشى ئېغىر بولغىنى بىلەن ئۆزى گۈزەل ، نەگىلا قارىساڭ بۆدۇنە «ۋىت - ۋىلىق» قىلىپ تۇرغان ، ھەممىلا يەر گۈل - چېچەك . قارا ، زىغىر - قىچا ، تىكەنلىرىمۇ گۈل بۇ يەرنىڭ . بۇ يەردە بەدىنىڭ چارچىغان بىلەن روھىڭ ياشىرىپ تۇرىدۇ ، دادا .
— پاھ ، پاھ ، قەنتتەك گەپ قىلدىڭا ، بالام . مەنمۇ قىشچە شەھەردە هارۋام بىلەن مەدىكارچىلىق قىلىمەن ، لېكىن خىيالىم يېزىدا بولىدۇ . ھەر كۈنى مۇشۇ مەھەللە چۈشۈمگە كىرىدۇ . ئاۋۇ ئۆستەڭ ، مۇنۇ كارىز ، چىغىرتماقلىق ، كوركىرىشىپ تۇرغان پاقىلار ، ئاۋۇ قىزىلگۈل ئارىسىغا ئۇۋا سالىدىغان بۇلبۇل چۈشۈمدىن چىقمايدۇ . روھ دېدىڭما ، راست ، ئادەمنىڭ جېنى يايراپ كېتىدۇ …
— دادا ، ماقۇل دېگىنە ، ھۇسەنبايىنىڭ زاۋۇتىدا مېنىڭ تونۇشلىرىم بار . ئىشلەپ باقاي ، بۇ يەردە زېرىكىپ قالدىم ،

ئاغىنىلىرىمنىڭ گەپلىرىمۇ، قىلىقلىرىمۇ ماڭا ياقمىدى.

زىياۋۇدۇن جىمىپ قالدى. يازنىڭ كۆڭۈللۈك ئاخشاملىرى سەھرا باللىرى تەلۋىلىكتىن نېمىلەرنى قىلمايدۇ. ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ دېرىزىلىرىنى مارىشىۋاتقان، خەقنىڭ باغلىرىغا، قوغۇنلۇقلىرىغا ئوغرىلىققا چۈشۈۋاتقان. گەپلىرىچۇ تېخى، مۇختەر باينىڭ كېچىلىرى كىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە شۇڭغۇغانلىقى، ئۆي ئىگىسى ئايالىنىڭ نازلىرى، ئەرلەر ئارىسىدىكى ئاشنا تالىشىش، كۈنداشلىق جېدەللىرى، ئاياللارنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى تاللاشلىرى، ئاتلار، بۇقىلار، ئىتلار، خورازلار توغرىسىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تالاش - تارتىشلار، ھەتتا بۇ تالاشلاردىن پەيدا بولىدىغان مۇشتلىشىشلار ... بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرى ئوغلىنىڭ دىتىغا ياقسۇن؟ نۇرى بىكار بولسىلا كىتاب ئوقۇيدۇ، خىيال سورىدۇ، سۆزلىسە چوڭ - چوڭ، باشقىلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ. گېرمانلارنىڭ نەلەرگىدۇر ھۇجۇم قىلغانلىقى، رۇسىيىدىكى ئىشلار، كۈلىدىكى سوقۇشلار، ياپونلارنىڭ جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەنلىكى، شېڭ دۇبەننىڭ سۆزلىرى، سەنمىنجۇيى، خائىن قىلىنغان بايلار، يەنە ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان ئاللىنېمىلەرنى سۆزلەيدۇ. راست، ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇ شەھەردىكى ئاغىنىلىرىنى، ئەپەندىلىرىنى سېغىندى ...

— بوپتۇ، بالام، — دېدى ئاخىر كۆڭۈلچەك زىياۋۇدۇن ئوغلىنىڭ خۇشال چىرايىغا قارىغانسېرى ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، — ئانداق بولسا مەن سېنى ھارۋا بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ قوياي. بىر ھارۋا شاخ - قوراي، تۆت توخۇ، ئەللىك - ئاتمىش تۇخۇم ئېلىۋالساق، سەن خەجلىگۈدەك پۇل چىقىپ قالىدۇ. مەن سېنى ھاشىم تەمبۇرنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياي. بىلىسەنغۇ، مېنىڭ ئاغىنەم، ئۆيى ناغرىچىدا. ھە، ھېلىقى سېرىق ھاشىم شۇ ...

لېكىن، ئوغلى خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا جىمىپ قالدى. دادا ئوغلىنىڭ مۇھەببەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئەتەي ئازاب قايىنىمىغا

ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇۋاتقىنىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلارنىڭ يېنىغا زىياۋۇدۇنىڭ ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئايالى چىقتى. قارىقۇمچاق، قاش - كۆزى چىرايلىق، سەل دورداي كالپۇك، ئىنچىكە ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى يېلىم بىلەن قاتۇرۇپ قەلىقەي ياغلىقىنى ئېڭىكى ئاستىدىن باغلىۋالغان ئورۇق، يالاڭ ئاياغ ئايال ئوغلىغا قاراپ زوق بىلەن كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىدا قويۇق، چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولدى:

— بالام نۇرۇم، سېنى قىشلاقتامغا ئەچۇشۇپ تۇغقانلارغا كۆرسىتىپ چىقاي، شاڭيو داداڭ، ئىمام داداڭ، داداڭنىڭ باي تۇغقانلىرى سېنى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن، بىر چاي قاينىغۇچىلا يېتىپ بارىمىز. ئۇكاڭ ئىمھاننى ھاپاش قىلىۋالىمەن، قالغانلار ئەگەشمەيدۇ، ھازىرلا ماڭىمىز، بالام.

— ياق، ئاپا، مەن كىتاب ئوقۇيمەن.

— ئوقۇپ تويمايدىكەنسىنا، ۋايىيەي، ئاپاڭنىڭ كۆڭلىنى ئايا. بىر ماختىنىۋالاي، ئەپەندى ئوغلۇمنى بايلارنىڭ خوتۇنلىرىغا بىر كۆز - كۆز قىلىۋالاي، يۈر، گەدەنكەشلىك قىلما، ساقام.

— ياق، ئاپا، بارمايمەن! — دېدى نۇرى ئاپىسىغا ئەركىلەپ، باللارغا خاس ئاۋازدا يېلىنىپ، — تاپشۇرۇق كۆپ.

— نېمەڭ ئۇ تاپشۇرۇق دېگىنىڭ؟

— يازىدىغان خەت، چىقىرىدىغان ھېساب، يادلايدىغان نۇرغۇن گەپلەر.

— شەھەرگە كىرگەندە قىلىۋالارسەن، ماڭ، ياسانغىن، بالام. ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ نوغاي خوتۇنى سامىيۇزىدە تويدا بىر ھويلا خوتۇنغا سېنى ماختاپ ۋارقىراپ سۆزلەپتەك، ھازىر مەھەللىنىڭ ھەممە خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزىدا سەن. قۇشناچىم ھەدەم ئەتەي بىر ئاتلىق ئادەم چىقارتىپ، سېنى ئەچۇشسۇن، كۆرىمىز دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋىيەي، ھېلىقى مىڭبېگىنىڭ خوتۇنى نېمىلەرنى دېۋىدىكىنتاڭ، خوتۇنلار ۋىيەي، زىيەكىنىڭ بالىسى نۇرى

چوڭ بولغاندا لەيلۈن[1] بولغۇدەك ، كۆرۈۋالايلى دېيىشىپ ، ئوت ـ كاۋاپقا چۈشۈپلا قاپتەك !

— ھەي رەيھان ، خوتۇن خەق دېگەننىڭ كۆزىمۇ ، تىلىمۇ يامان . بوپتۇ ئەمىسە ، ئىمامغا بىر تال تۇمار پۈتكۈزۈپ بالاڭنىڭ بويىنغا ئېسىپ قوي جۇمۇ !

— ماڭ ، ماڭ نېرى ، — دېدى نۇرى چالۋاقاپ تېرىكىپ ، — نەدىكى خۇراپاتلىقنى ! ...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ تىلتۇمار ئاسمىساڭ بۇ خوتۇنلارنىڭ يا كۆزى تېگىدۇ ، يا تىلى تېگىدۇ !

— شەھەرگە ھازىرلا كېتىمەن ، ئۇنداق قىلساڭلار !

— شاڭيو بوۋاڭ بىر غۇنان ئات مىندۈرگۈدەك . بىزنىڭ غازى ھاجىمنىڭ نەۋرىسى ، ھېدىلشا ھاجىنىڭ ئەۋلادىدىن بىر كاتتا ئادەم چىقىدىكەن ـ دە ! چىغلىقمازاردىن نەزەرخان غوجام چىقتى ، بىزدىن ئەمدى نۇرىدەك ئەپەندى چىقسا بېشىمىز كۆككە تاقىشىدۇ ، بالىنى ئەچۈشۈڭلار ، بىر كۆرمىسەم بولمايدۇ ، دېگۈدەك تېخى .

— ئۇنداق بولسا ئاپاڭ بىلەن چۈش ، بالام . مىڭبېگىنىڭ نوغاي خوتۇنى ، شاڭيو بوۋاڭ تىلغا ئالغاندىكىن بويۇن تولغىما ، بالام .

— ياق ، چۈشمەيمەن ! — دېدى نۇرى راستتىنلا خاپا بولۇپ ، — ھازىر ئەمەس ، مەن گىمنازىيىنى تۈگىتىۋالاي ، ئاندىن كېيىن كۆرۈشەي ، بۇنداق قىلساڭلار مەن راستتىنلا قېچىپ كېتىمەن !

بالا ھويلا ئالدىدىكى تاشلىق دۆڭدىن غورۇ ئاتلاپ كەڭ ھويلىغا ماڭدى . زىياۋۇدۇن بىلەن رەيھان بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدە ، بەخت بىلەن مىدىرلىغان لەۋلىرىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ، غۇرۇر ۋە ئۈمىد ، ئىشەنچ ئىپادىلەنمەكتە . ئۇلار بىر كاتتا ئادەمنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ كۈچ ۋە بارلىقىنى سەرپ قىلىشقا قەسەم

[1] لەيلۈن — لېنىن دېمەكچى .

قىلىشىۋاتقاندەك بىر لا ۋاقىتتا باشلىرىنى لىڭشىتتى .

بەختلىك ئەر ـ خوتۇن پاكىز ئۈگۈتنى ئوبدان نەمدەپ ، ئۆزلىرى توقۇۋالغان قىل تاغارنى قوللاپ كۆتۈرۈپ ، پاكىز سۈپۈرۈلگەن كەڭ ھويلىنىڭ سۈپىسىدىكى تۈۋرۈككە يۆلەپ قويدى .

— بالا قېنى ، خوتۇن ؟

— قاراپ باقسۇنا ھەي !

بىرى باغ ئىشىك بىلەن باغقا ، يەنە بىر چاقماق پەنجىرىلىك سارايىنىڭ دېرىزىسىگە يۈگۈرۈشتى .

— يوقما !

— يوق تۇرامدا ؟

ئىككىسى بىردىنلا دالان ، ئاشخانا ، ئېغىللار ۋە كىچىك باغنىڭ ئىچىگە ، گۈللەرنىڭ تۈۋىگە قاراپ چىقتى .

— نۇرى قېنى ؟

نۇرى باغنىڭ قورۇق تېمىدىن ئاتلاپ ، مەھەللىنىڭ تۇتاش باغلىرىنىڭ بىردە سۈڭگۈچلىرىدىن ئۆمىلەپ ، بىردە شورىلىرىدىن ئاتلاپ شەھەر يولىغا چىقىپ بولغانىدى .

زىياۋۇدۇن قارىياغاچ سايىسىدە چىۋىنقاپ بېشىنى لىڭشىتىپ ، قۇيرۇقى بىلەن كۆكىيۇن قورۇپ تۇرغان بوز ئاتنى مىنىپ خوتۇنىغا :

— بالاڭ بەڭۋاشلىق قىلىپ شەھەرگە قاچتىمۇ نېمە ؟ — دەپ ئېتىنى دېۋىتىۋىدى ، بوز ئات ئېرىنچەكلىك بىلەن ئېغىر قەدەم ئېلىپ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ تېزەكلىدى ـ دە ، ئالدىرىماي ماڭدى . ئېتىنى جېنىدەك كۆرىدىغان دېھقان بالا ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىختىيارسىز بىر قامچا سالدى . ئات چىچاڭلاپ قاترىدى .

نۇرى مەھەللىسىدىن خېلى يىراقلىشىپ قايرىما ئۆستەڭ قىرىغا چىقىپ مەھەللىسىگە بۇرۇلۇپ قارىدى . مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى ھازىر ۋەسۋەسىدە ، بەلكى ئۇكىلىرىمۇ ئەنسىرىمەكتە . ئۇ كىمدىن ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇردى ؟ ئۇ نەگە ، نېمە قىلغىلى بارىدۇ ؟ ئۇ بۇلارنى ئويلاپمۇ ئولگۇرەلمىگەن : ئۇنىڭ قەلبىنى

ئۆزىنى مۇھەببەتتىن قاچۇرۇش ئىستىكىلا ئىگىلىۋالغان، مانا ھازىر ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرماقتا. ئۇ گويا بىر چوڭ جۇدالىق ئۈچۈن ئۆزىنى مەقسەتلىك تەربىيىلەۋاتماقتا، يېقىن كەلگۈسىدە بولىدىغان بىر كاتتا ئازاب ـ ئوقۇبەت سىناقلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى چېنىقتۇرماقتا، ئۇ دېھقانلارغا يات، شەھەردىكى باي بالىلىرىغا دۈشمەن بىلىنىدىغان مەقسەتلىك ھالدا ئازاب ئىزدەش يولىغا ماڭماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى دەۋرىنىڭ قەھرىمانى، كەلگۈسىنىڭ گىگانت ئادىمى بولۇشقا مۇناسىپ ھېسابلاپ ··· ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلەنمەكتە. ئۆزىنى ۋە يۈرەك پارىلىرىنى ئازابلاش ھېسابىغا ئېرىشىدىغان بۇ پەخىرلىنىشنىڭ قىممىتى قانچىلىك؟ بۇ قىممەتنى ھېسابلاشنىڭ يولى نېمە؟ ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن، سوۋېت كىتابلىرىنىڭ، يېڭى ئىدىيە تارقاتقۇچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، ئۆزى ھەيران قالغان ياۋروپا سەركەردىلىرىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ھازىرچە بۇ مۇرەككەپ سوئاللارغا نەق جاۋابى يوق. ئۇنىڭ قەلبىنى بىرلا: مۇئەللىمى ئېيتقان ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازاب چېكىشكە، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدىمۇ تەمتىرىمەسلىككە ئۆزىنى تەييارلاش دېگەن سۆزلىرى ئىگىلىگەن. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى ئۇنتۇدى ۋە: «تېخى چۈش بولمىدى، يازنىڭ كۈنى ئۇزۇن، يولسىز مېڭىپمۇ شەھەرگە يېتىپ بارالايمەن. نۇرغۇن قېتىم پىيادە ماڭدىم، بار ـ يوقى قىرىق كىلومېتىرلا يولغۇ بۇ. دەريا ياقىلاپمۇ، يامانيار بىلەن توپا كېچىپمۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە شەھەرگە كىرەلەيمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، يولدىن چىقىپ تەپتەكشى تاختا بولغان چەكسىز بۇغدايلىقتا شۇڭغۇدى. بۇغدايلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر تۇغانلىق ئېرىقلار، چىغ ـ تېۋىلغىلار ئارىسىدىكى ھەرە ئۇۋىلىرى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۈركۈپ قاچىدىغان ياۋا توشقانلار، ھاڭگىت، قاقىرلار بىلەن ئوينىشىپ يۈگۈرۈپ مېڭىش ئۇنىڭ

ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئەمەك بولدى . ئۇ ئىككى قىرغىقى ياپيېشىل چىمەنلىك ئېرىقتىن دۈم يېتىپ سۇ ئىچىپ ، ئالىقانلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مەھەللىسىدىن شەھەرگە ماڭىدىغان يولغا قارىدى . دادىسى ئاق بوز ئاتنى ئۆكىرەڭ تاشلىتىپ شەھەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى . دادىسىنىڭ ئۆڭگەن چىرايى ، ئاپىسىنىڭ ياشلىرى لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرى ، سەبىخەنىڭ يۈرەككە مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ بېسىلغان ياقۇتتەك لەۋلىرى ئۇنىڭ ھېسسىياتچان قەلبىنى چىملدىتىپ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتتى : «ياق ، مەن تېرە زاۋۇتىنىڭ ھاك ـ كىسلاتا پۇرىقىغا ئېتىزنىڭ ئىپار ھىدىنى تېگىشىمەن . مۇھەببەت لەززىتىنى روھىي ئازابقا ئالماشتۇرىمەن . بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىمەن . سوۋۇروف ، كوتۇزوف ، لېنىن ، ستالىن ، ماكسىم گوركىي ، ماياكوۋىسكىي ، پاۋىل كورچاگىندەك پولات ئىرادىلىك بولۇپ چىقىمەن ••• »

نەق شۇ چاغدا ئۇنىڭ قاپىقىنى ھەرە چاقتى ، ئۇ ئېچىشىۋاتقان يەرگە لاي سۇۋۇۋىدى ، تېخىمۇ ئېچىشتى . ئۇ چىشىنى كىرىشتۇرۇپ : «يەنە چاقسۇن ، ئون ، يۈز ھەرە چاقسۇن ، ۋاي دېسەم يىگىت ئەمەسمەن» دېدى ۋە غەربكە — ئۆزىنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن كۈتۈپ تۇرغان شەھەرگە قاراپ ئېرىق ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى .

زىياۋۇدۇن نامازدىگەر بىلەن سولىشىپ ، بوز ئېتىمۇ سالپىيىپ مەھەللىگە قايتىپ كەلدى . مەھەللىگە كىرىش بىلەنلا ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چىمەنلىككە توپلاشقان كىشىلەر :

— كەلدى ، زىيەك كەلدى ! — دەپ ۋارقىراشتى . ئۇ چۆچۈپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى . دائىم بېشى ئاغرىپ يۈرىدىغان رەيھاندىن ئەنسىرەپ :

— نېمە بولدى ، خالايىق ھۇي ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— نېمە بولاتتى ، ماۋۇ قاشقالىق تارانچىلارنىڭ ئانىسىنى قويدى ! — دېدى مۇختەرباي كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىمەنلىكتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئۈستى يالىڭاچ ئادەمنى

كۆرسىتىپ، — بول زىيەك، مۇنۇ كىگىزچىنىڭ بېشىنى چىمغا بىر پاتۇرۇپ باققىنا!

بۇ يەردە ئوغلاق تارتىش، مەشرەپ ـ پېرە ئويناش، چېلىشىش كۆڭۈللۈك ئويۇن. مەھەللىنىڭ داڭلىق ئوغلاقچىلىرى، ئورمىچىلىرى (كۆنگە بىر خودىن بۇغداي ئورۇيدىغان)، چېلىشچىلىرى، ناخشىچى، ئۇسسۇل ـ ئۆلەڭچى، قىزىقچىلىرى بار. ئۇلارنىڭ خوجايىنىمۇ، يۇۋۇلەپ كۆپتۈرگۈچىسى، ھىمايە قىلغۇچىسىمۇ مۇشۇ مۇختەرباي، ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ بەيگىنىڭ بېشى بولالمىغان بولسىمۇ ئەتىۋارلاپ باقىدىغان بەيگە ئاتلىرى، يۇرتمۇيۇرت ھۆركىرەپ يۈرۈپ داڭق چىقارغان ساياق بۇقىسى، ھەتتا بۆرە ئالىدۇ دەپ ماختىنىدىغان «قالماق» ئىتلىرىمۇ بار. ئۇ ئۆيىدىكى ھايۋانلىرى، مەھەللىسىدىكى ھېلىقىدەك ئادەملىرى بىلەن ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە ماختىنىدۇ. ھەتتا بىر قېتىم تاھىر يۈزىنىڭ شاڭيوسى بىلەن كىمنىڭ مەھەللىسىدە قاغا جىقلىقىنى تالىشىپ سوقۇشۇپمۇ قالغان. ئۇ قوم ئارىشاڭغا ھەر يىلى بەشىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىگە ئۇلگۇرتۇپ چېلىشچىلارنى تەييارلايدۇ. يېنى يەرگە تەگمىگەنلىرىگە پاقلان، كىگىز، چەكمەن، پىيما مۇكاپاتىمۇ بېرىدۇ تېخى. مەھەللە غۇرۇرى ئۇنىڭ جېنى، مەھەللىسى ئۇياتقا قالسا ئۇ ئازابلىنىپ ئورۇقلاپ كېتىدۇ ھەتتا.

— چۇشە زىيەك، ماۋۇ قالماقنىڭ بوتى ھەممىنى يىقىتتى. مەيدىسىگە لىككىدە ئېلىپ مەيدانىنى پىرقىرىتىپ ئاتىدىغىنى بالاكەن بۇنىڭ. ئۆزۈڭ جۆندىمىسەڭ تۈگىدۇق ۋۇي!

مۇختەرباي قاپقارا ساقاللىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئازاب بىلەن ھىجىيىپ ـ شىكايەت قىلىپ زىياۋۇدۇننىڭ ئېتىنى ئۆز قولى بىلەن ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلىگە كۆك سەرگەز پوتىسىنى باغلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرغان تۇلۇق تېشىدەك ئۇيۇل كەلگەن دېھقان چېلىشچىغا:

— سەنمۇ ھۇنىرىڭنى كۆرسەت، زىيەكمۇ شۇ، چاپۇتلىمايسەن، چىرماق ئۇرمايسەن دەپ ئەنسىمە، كۆزۈڭگە توپا

چاچمىسىلا ، پۇتۇڭنى تارتىۋەتمىسىلا بولدى ، قوپە قاشقالىق ! — دېدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ ، — زىيەك تاشلىۋەتسە بىر قوزىلىق قىوي ، قاشقالىق تاشلىۋەتسە تارانچى قىلىۋالىمەن ، بىر خو يەر بېرىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

بىرى ئۇن پۇتلۇق تاغاردەك دىقماق ، بوينى يوق ، بېشى غىلتاڭ ، قوللىرى قىسقا ، يىگىرمە ئالتە ـ يىگىرمە يەتتە ياشلىق ، قارا بۇرۇتلۇق قىران يىگىت ؛ يەنە بىرى ئېگىز ، قاتاڭغۇر ، ئاق سېرىق ، ئوتتۇز سەككىز ياشلىق ئادەم . ئۇلار مەيداننى ئايلىنىپ چاتلىرىنى كېرىپ مېڭىپ چېلىشقا چۈشتى . پاكار ھەدەپ ئېگىزنىڭ پوتىسىغا قول سوناتتى ، ئېگىز ئۇنى مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى . مەھەللە خەلقى ئىككىگە بۆلۈنگەن : ئىمامئاخۇنۇم بىلەن مىرا «قازى» باشلىق «قاشقالىق» لار (ئاقسۇ ، كۇچا ، خوتەندىن كەلگەنلەرنىمۇ بۇ يەرنىڭ «تارانچى» لىرى «قاشقالىق» دەيدۇ ) بىر تەرەپ ، مۇختەرباي باشلىق تارانچىلار بىر تەرەپ .

— ھابلا يولۋاس ، كۆتۈرۈپ ئۇر ! … — دەپ ۋارقىرىدى ئىمامئاخۇنۇم يۇرتدىشىغا مەدەت تىلەپ .

— تەتۈر چىماق بىلەن بېشىنى تىكلىۋەت ، زىيەك !

— قول قايرىشقا ! …

— يانپاشقا ! …

ئۇلار خۇددى ئىككى بۇقا تۈرتۈشكەندەك بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، «پەم تالىشىپ» چىمەنلىكنى تىلغىۋەتتى . ئاخىر پاكار يىگىت زىيەكنىڭ پۇتىدىن تۇتۇۋالدى . ئۇ زىيەكنى قورۇپ تارتىپ يېقىن ئەكېلىپ : «يا ! … » دەپ كۆتۈرۈشىگىلا زىيەكنىڭ ئوڭ پۇتى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا چىماق بولۇپ يۆگىشىپ بولدى . يىگىت ئۇنى كۆچەپ كۆتۈردى . زىيەك ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ پوتىسىدىن تۇتتى ـ دە ، ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى يىقىتىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ يىگىتنىڭ پۇتلىرىنى ئاسمانغا ، بېشىنى چىمەنلىككە تىك قىلدى ۋە سول قولى بىلەن ئۇنىڭ پۇچقاقلىرىنى تۇتۇپ تارتىپ ئاستىغا يىقىتىپ ، كۆكرىكىگە

مىنىپ تارىمۇش قوللىرى بىلەن پېشانىسىدىن بېسىپ تۇرۇۋالدى . يىگىت تېپىرلىدى ، لېكىن ئۇنى ئۆرۈۋېتەلمىدى . مۇختەرباي بىرىنچى بولۇپ زىيەكنى يۆلىدى ۋە تۇرغۇزۇپ مۇرىسىگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— خالايىق ، بۈگۈن كەچ بىزنىڭ بوستاندا مەشرەپ !

— ھېساب ئەمەس ، — دېدى يىگىت تەستە قوپۇپ يىغلامسىراپ ، — چاپۇتلاپ يۇرىدىيا ! ...

— چاتىراڭنى سىلاپ باق ، ئاختىلاپ قويمىغاندۇ ؟ ھا - ھا - ھا ! ...

مۇختەربايغا ئەگىشىپ كۆپچىلىك تېلىقىپ كۈلۈشتى .

— بالا قېنى ، دادىسى ! — رەيھاننىڭ يىغا ئارىلاش ئالىسى زىياۋۇدۇننى كۈلكىدىن توختاتتى .

— يوق ، خوتۇن . بالىنى جىرغىلاڭغا بارغۇچە دېرەكلەپ بېرىپ تاپالمىدىم ، شەھەرگە كەتمىدى ، بىرەر قوغۇنلۇققا كەتكەن ئوخشايدۇ !

— نۇ ... نۇ ... نۇرىما ؟ — دېدى مۇختەربايىنىڭ مالىيى كېكەچلەپ سۆزلەپ ، — نۇ ... نۇ ... نۇرى ... بۇداي قى ... قى ... قى ... قىرىدا تېكىساقال ...

— قورقما ، — دېدى مۇختەرباي ئايال زاتىنى كۆرسىلا زۇۋانىنى باسالمايدىغان ئادىتى بىلەن رەيھانگۈلگە چاقچاق قىلىپ ، — ئېرىڭ قوزىلىق قوينى ئالار - ئالمايلا باشلىرىڭنى قاتۇرۇپ تاراپ تەييار بوپسىنا !

— قويسىڭىزچۇ ، مەن بالا كويىدا ، باي ئاكا !

— ئاڭلىدىڭغۇ ، بالاڭ تېكىساقال ئېلىپ يۈرۈپتۇ . ماڭا ئۇن تۇخۇملۇق سېغىز ئەكېلىدۇ . ھا - ھا - ھا...

كۆپچىلىك يەنە ھۇزۇرلىنىپ قىيقاس - چۇقان سېلىپ كۈلۈشتى .

كۈلكە بىلەن يىغا ، راھەت بىلەن ئازاب دائىم بىللە ، ئۇلار قېرىنداش . كۆپچىلىك كۈلمەكتە ، رەيھان يىغلىماقتا ، مۇختەرباي

ماختانماقتا :

— قالتىس چىماقچى بۇ !

— بۇنىڭ چىمىقى ئامبۇر !

— ياق ، ئۆزۈڭ سېرىقيۆگەي !

— ھا ـ ھا ـ ھا ...

— ھى ـ ھى ـ ھى ...

— جىنىم بالام ، نەدىسەن ؟ چېچىمنى تاراپ ، ئوسما قويۇپ ، ياسانغىنىم خوپ بولدىمۇ ئەمدى ، تۇغقانلارغا نىمىمۇ دەرمەن ئەمدى ! — مانا بۇ رەيھاننىڭ نالىسى ، لېكىن ئۇنىڭ نالىسىنى كىچىك قىزى ئىمھانەمدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ . بالا غەمسىز ئانا كۆكسىنى ئېمىپ تۇرۇپ كىچىككىنە بارماقلىرى بىلەن ئانا كۆزىدىن تامچىۋاتقان ياشلارنى ئويناپ كۇلمەكتە . بەلكى ئوغلى تۇرىمۇ ھازىر بىر يەردە غەمسىز ، ئانىسىنى يىغلاتقانلىقى ئۈچۈن مۇنۇ ئۇكىسىدەك ، ئاشۇ دادىسىدەك ، موزاينى مىنىۋېلىپ «چۇ» دەپ دېۋىتىپ قاقاقلاپ كۇلۇۋاتقان كىچىك ئىنىسىدەك كۇلۇۋاتقاندۇر ھەرقاچان . غەم ـ قايغۇ ، كۆز يېشىنى ئانىلارغىلا بەرگەنمۇ ، ئەگەر باي بالىلىرى غەمسىز بولسا رەيھانگۇل غەمسىز يۈرگەن بولماسمىدى ؟ مۇشۇ يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك مەھەللىنىڭ نەچچە مىڭ خولۇق يېرى رەيھاننىڭ بوۋىسى بىلەن زىياۋۇدۇننىڭ بوۋىسىنىڭ يەرلىرى ئىكەن . ئەرلەر يەر ـ زېمىن سېتىپ مۇشۇ مەھەللىنى بىنا قىلغۇچە مەشرەپ ـ پېيرە ئويناپ كۇنلىرىنى كۇلكە بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ . خوتۇن ـ قىزلارچۇ ؟ يىغا ـ زاردىن ، غەم ـ غۇسسىدىن باشقىنى كۆرمەپتۇ . رەيھانگۇل ئون بەش يېشىدا زىياۋۇدۇنغا ياتلىق بولغاندىن بېرى غەم ـ قايغۇ ، كۆز يېشىدىن باشقا نېمە كۆردى ؟ يازچە ئەرلەر بىلەن تەڭ ئېتىز ئىشىنى قىلىدۇ . سۆرەمگە ئات مىنىدۇ ، چۆنەك تارتىدۇ . چىغ ئۆرۈپ باغلىق ئېتىدۇ ، باغ باغلايدۇ ، خامانىنىڭ ئاخىرقى قوشقاۋاقلىرى ئۆيگە توشۇلۇپ بولغۇچە ھەر دان ئاشلىق ، ھەر باغ چۆپ ـ بېدە ، پاخال ـ توپانغىچە رەيھان غەم قىلىدۇ . موزاينىڭ ئىچى سۈرۈپ

قالسا ئۇخلىماي بېشىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ . ئۆيىنىڭ ئىشى : تېزەك چاپلاش ، كوكوم يېيىش ، توخۇغا ئۇۋىلىق سېلىش ، نان ياقسا يوغان ياغاچ تەگىنىدە لىگشتىپ خېمىر يۇغۇرۇش ، نان يېقىش ئۇچۇن ئۆيمۇئۆي كىرىپ كۆك سۇت تىلەش ، تونۇرنى كوكوم ، سامان بىلەن قىزىتىش ، نان راسلاش ، ھەتتا بىر ھېجىر شاكاراپ ، يەڭىلىك ، لاخشىگىرلەرنىمۇ تونۇر بېشىغا توشۇش ، تونۇرنىڭ تۇرخۇننى ئېتىش … ھەممىنى ئۆزى يالغۇز قىلىدۇ . ئوغۇللار بۇ ئىشلارغا ئېگىلىپمۇ قويمايدۇ ، ھەممە ئىش ئانىنىڭ . ئۆي ئىشىمۇ ، ئېتىز ئىشىمۇ ئانىنىڭ . ئانىلار يىغلاشقا ، ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشكە يارالغان . ئەرلەر كۈلۈشكىلا ، بەخىرامان ئويناشقىلا يارالغان . ئاھ ، ئانا بولماقنىڭ تەسلىكى … مانا ھازىر زىياۋۇدۇن مەشرەپتە ، رەيھان بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، ئاللىقەيەرلەردە يۈرگەن ئوغلىنىڭ غېمىدە يىغلىماقتا . ئۇنىڭ كۆز يېشى قىشلاقتامنىڭ بۇلاقلىرىدەك توختىماي ئاقماقتا ، ئۇنىڭ بېشى تاراتانىڭ تاشكۆمۈرىدەك قاتقان . كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ . يازنىڭ بۇ ئايدىڭ كېچىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن گويا بىر تەگسىز زىندان ، بۇ زىندان ئۇنىڭ خىياللىرىدەك قورقۇنچلۇق .

كېچە جىمجىت ، نەلەردىندۇر ناخشا ئاڭلانماقتا . بۇ شەھەردىن چىقىۋاتقان ھارۋىكەشمۇ ، سۇ تۇتۇۋاتقان دېھقانمۇ ياكى پۇخادىن چىققان خوتۇنپەرەس بىرىمۇ ، كىم بولسۇن ، ئاۋازى ساز ، يېقىملىق ناخشىچىكەن . ياش ئايالنىڭ غەمخانە قەلبىگە شادلىق نۇرى شۇڭغۇغاندەك بولدى - دە ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ :

— نۇرى بالام ناخشىغا ئەجەب ئۇستا ، لېكىننى داپ قىلىپ ئاۋۇشلىرىچۇ تېخى . ئورما ناخشىسىنى ، غېرىب - سەنەملەرنى دوراشلىرىچۇ ؟ نەلەردە يۈرىدىغانسەن ، كىيىملىرىڭ يىرتىلسا ، كىر بولسا قانداق قىلارسەن ؟ — ئۇ بالىسىنىڭ ئۆيدە قالغان كىيىملىرىنى باغرىغا بېسىپ يەنە يىغلىدى . شۇ چاغدا بىرى باغقا قارىغان چاقماق پەنجىرىنى قاقتى . ئۇ چۆچۈپ قارىۋىدى ، پەنجىرىگە ئېسىلغان سېغىزغان ئۆلۈكىدىن (قىشتا ئاسقانىدى ، ھازىرغىچە

تۇرۇپتۇ ) باشقا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمىدى .
— كىم ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .
— مەيەرگە چىق ، رەيھان ! — دېدى تونۇش ئاۋاز ، — ئېرىڭ زىيەك سۇلايمان قاشقالىقىنىڭ ئۆيىگە شۇڭغۇدى ، بىلمەمسىنا ، ئۇنىڭ خوتۇنى زىيەكنىڭ ئوينىشى ، بول چىق ، تۆتبۇلۇڭ چاي قەلىقەي ياغلىق ئەكەلدىم .
— بېشىڭنى يە ئىلاھىم ، ئۆلىدىغان قاۋان !
— غىڭشىما قانجۇق ، مەن بۇ مەھەللىدە كىمنى ساق قويغان . كاجلىق قىلساڭ كىرىمەن بىكار !
— ئۆل ئىلاھىم ، تۇغقان بولغىنىڭ قېنى ، مۇختەرباي دېسە زىياۋۇدۇننىڭ ئاغزىغا بىر كېلىسەن ، ئۆز قېرىندىشىڭغا پەيلىڭنى بۇزۇپسەن - دە ، جوھۇت ! زىياۋۇدۇن كەلسە تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ ، قاۋان !
— چىق دەيمەن غىڭشىماي ، زىيەك ھازىر تۇنساخان سەتەڭنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇۋاتىدۇ ، ھى - ھى - ھى ! ...
— يوقال !
— ئاپلا دەپ قالما يەنە !
— بېشىڭغا پالتا بىلەن سالىمەن بىكار !
— بايا كۆزۈمگە گۇل كۆرۈندۈڭ ، بولمىسا ماڭا خوتۇن كەممۇ ، نەچچىسى ھازىر مۇختەرباي قاچان كېلەركىن دەپ تۇڭلۇك پەنجىرىدىن يۇلتۇز ساناپ پارقىراپ ياتىدۇ دېگىنە !
— بېشىڭنى يە ، ھايۋان ! — دېدى رەيھان بوقۇلداپ يىغلاپ ، — يامانلىقىڭدىن كېلىنلىرىڭ بوزۇق ، ئوغۇللىرىڭ بوزۇق ، ئېغىلىڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكىنە ، كېلىنلىرىڭنى ماراپ كۆرسۇكقا چۈشكەن ئىتتەك نەچچىسى ياتىدۇ .
— بولە ، بىرى كېلىۋاتىدۇ دەيمەن !
— ئىلاھىم ، زىياۋۇدۇن بولغىيدى !
راست دېگەندەك ھويلىغا ناخشا ئېيتىپ زىياۋۇدۇن كىرىپ كەلدى . دېرىزىدىكى مۇختەرباي دەرھال غايىب بولدى .

— نېمانچە خۇشال ، — دېدى رەيھان ئاي يورۇقىدا ئېرىگە دومساراپ ، — نەدىن ؟

— قاشقالىقنى بېسىۋېلىۋېدىم ، مۇختەرباي مەشرەپ قىلىپ بەردى . تېخى بىر قوزىلىق قوي مۇكاپات بەردى دېگىنە ، خوتۇن !

— سىزچۇ ، سۇلايمانىنىڭ خوتۇنىغا نېمە بەردىڭىز ؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ ، خوتۇن ؟ تېخى مەشرەپ تارىمىدى . ناخشا بىلەن ئۇسسۇل تازا قىزىۋاتىدۇ . مەن سېنى دەپ قېچىپ چىقتىم ، كۆڭلۈڭ يېرىم ، ئەنسىرەپ تۇرالمىدىم .

— نېمىگە ناخشا ئېيتىسىز ئەمىسە ؟

— بىز تارانچى خەق دارغىمۇ ناخشا ئېيتىپ بارىدىغان ساراڭ خەق . سىڭىپ كەتكەن خۇيدە بۇ ، خوتۇن !

— رەيھان پىخىلداپ كۈلدى . زىياۋۇدۇن خوتۇنىنىڭ يېنىغا ئانىدىن تۇغما بولۇپ شۇڭغۇدى ـ دە ، خوتۇننى ئايدىن نومۇس قىلىپ كالىڭ تەرەپكە — تامنىڭ تۇۋىگە تارتتى . رەيھانگۈل قاۋۇل دېھقانىنىڭ تونۇش ھىدى ، تونۇش بەدىنى ۋە ئۆزىگە چەكسىز راھەت بېغىشلايدىغان كېچىلىك ھەرىكىتىدىن بۇگۈن بۆلەكچىلا راھەتلىنىپ ، ئېرىنى ئۆزىمۇ كۈندۈزى دەپ بېرەلمەيدىغان سۆيەتلەر بىلەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ نازلىنىپ ، تولغىنىپ تۇرۇپ مەدھىيىلىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى پەنجىرە سىرتىدىكى مۇختەرباينىڭ ئىچىگە ئوت يېقىش ئىدى . ئۇ مەقسىتىگە يەتتى …

مۇختەرباي ئەتىسى قارىگىر يورغىسىنى توقۇتۇپ ، قۇرغۇيىنى بىلىكىگە قوندۇرۇپ ، ئىككى ماشكىسىنى ئەگەشتۇرۇپ ئادىتى بويىچە ئېتىز ئارىلاپ بۆدۇنە ئوۋلاشقا چىقتى . مەھەللىدىن چىقسىلا ئۇنىڭ يېرى ، بۇغدايلىرى تەكشى تاختا بولغان . چەكسىز ئېتىزلىق تەكشى تەۋرىنىپ داۋالغۇپ تۇراتتى . ئېرىق بويلىرى قويۇق چىغ ، تېۋىلغا ، ھەر خىل گۈل ـ قورايلار بىلەن كۆركەملەشكەن ، لېكىن ئۇنىڭ قارىگىر يورغىسى ھەرقانداق يەردىن يول تېپىپ پۇتلاشماي ماڭالايدۇ ، ئۇنىڭ قەدەملىرى چاققان ، مېڭىشى سىلىق . بۇگۈن نېمە ئۇچۇندۇر ئات ھە دېسىلا مۇدۇرۇپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكتە .

بۆدۇنىلەر كورۇلدىشىپ ئۇچۇپ چىقىپ تۇردى ، لېكىن قۇرغۇي ئۇچۇپ بېرىپ قىردىكى ئۇجمە شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ بىرمۇ بۆدۇنە ئالالمىدى . بۇرۇن قۇرغۇيلار ئۇچۇپ چىققان بۆدۇنىنى كۆكسى بىلەن ئۇراتتى ، بۆدۇنە يەرگە چۈشۈشى بىلەن ماشكىلار ئۇلارنى چىشلەپ ئىگىسىنىڭ ئالدىغا تىرىك پېتى ئەكېلەتتى . مۇختەرباي بولسا ئىتتىك بەكىسى بىلەن ئۇلارنى ھۇزۇرلىنىپ بوغۇزلاپ غانجۇغىسىغا باغلايتتى ، بۈگۈن ئۇ بىرمۇ بۆدۇنە ئۇۋلىيالمىدى . بەك خاپا بولدى ، ئۇنى ئاز دەپ زىياۋۇدۇنىڭ بەش خولۇق چوڭ شېكىغا كېلىۋىدى ، كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى : ئۇنىڭ بۇغدىيى مۇختەربايىنىڭكىدىن ياخشى ئۆخشىغان ، ھەر باش ، ھەر غول ، قاپقارا يوپۇرماقلىرى مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ كۆپكۆك گۈللىرى بىلەن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان زىغىرلىقنىڭ قىرىغا كېلىپ زىغىرىغا سۇ تۇتۇۋاتقان زىياۋۇدۇنغا ۋارقىرىدى :

— ھەي زىيەك ، زىغىرىڭمۇ ، بۇغدىيىڭمۇ ئوخشاپتۇ ، بۇ يىل شەھەرگە كىرمە ، قىشچە مەشرەپ ئوينا !

— باي ئاكا ، بالىنى ئوقۇتمىسام بولمايدۇ ـ دە !

— شەھەردە يېقىن بۇرادەرلىرىم بار ، بالاڭنى ئۆيلىرىدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇۋېرىدۇ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىنزە !

— نېمە لېكىنزە ـ پېكىنزە ، قارا ، بۇغدىيىڭ ئوخشاپتىغۇ ! مېنىڭ ئون خو بۇغدىيىمدىن يەتتە خودىن چىقسا يەتمىش خو ، سېنىڭ بەش خو بۇغدىيىڭدىن ئون بەش خودىن چىقسا يەتمىش بەش خو ، ھە ماقۇل ، ئون ئىككى خودىن چىقسىمۇ دېگىنە ...

— بۇ يەرگە ئۈچ بوز ياتقۇزدۇم ، تۆت يېرىگە خامان ياسىدىم ، پادا ـ كاللارغا ، سېنىڭ قويلىرىڭغا ئۈچ يىل ئۇدا مۇشۇ يەردىن قورۇ قىلغۇزدۇم . سېسىغان سامان ، ئات ـ كالا قىغى ، سۆيدۈكى يەرنى تازا كۆچلەندۈردى ...

— بىلىمەن ، بىزنىڭ بۇغدايدىن ياخشى دېدىمغۇ ! — دېدى باي ئەلەم بىلەن ، — زىغىرىڭمۇ ياخشىكىنا ، ئالتە ـ يەتتە خودىن

زىغىر ئالىسەن ، دېۋىدىمغۇ ، بۇ يىل قىش شەھەرگە كىرمە ، سەن بولمىساڭ مەشرەپ قىزىمايدىكەن . قارا ، ئاخشامقى مەشرەپنى سەنلا قىزىتتىڭ ! — «ئاخشام» سۆزىنى تولىمۇ ئازاب بىلەن تىلغا ئالدى مۇختەرباي ، چۈنكى ئۇنىڭ خىيالىدىن ، قۇلىقىنىڭ يېنىدىن زىياۋۇدۇننىڭ ئاۋازى ، رەيھاننىڭ ناز بىلەن ئېيتقان : «باتۇرۇم ، پادىشاھىم ...» دېگەندەك مەدھىيىلىرى تېخىچە نېرى كەتمىگەن . ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ : «سەن قانجۇققا بىر تېتىمىسام !» دەپ قەسەم ئىچكەنىدى . مەھەللىدە ھېچبىر خوتۇن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان ئەمەس ، ھېچبىر ئايال ئۇنى «قاۋان» دەپ تىللىغان ، رەسۋالارچە ئۇنىڭغا ئۆز ئېرىنى كۆز - كۆز قىلغان ئەمەس . مۇختەرباي بۇ ئىنتىقامنى ئالماي قويمايدۇ . ئۇنى بۇ يىل شەھەرگە كىرگۈزمىسىلا رەيھانغا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ .

— شەھەرگە كىرمىسەم بولمايدۇ ! — دېدى زىياۋۇدۇن تەرسالىق بىلەن ، — ئۆيىنى ساڭا بېرەي ، قازاقلىرىڭ مال قىشلاتسۇن ، نۇرىنى ئوقۇتمەن ئاكا ، جان كەتسىمۇ بۇ بالىنى يۇخادىن چىققۇچە ئوقۇتىمەن . كۆرۈپ تۇرمىسا ئانىسى چىدىمايدۇ ، مەنمۇ شۇ !

— ھەي ساراڭ ، ماقۇل دە دەيمەن . بۇ يىل مۇنۇ رەسىلىكلەر بىلەن يۇزبېگىلىك تالىشىدىغان گەپ ! مىڭبېگىلىكنى ئابدۇمەر قاشقالىققا تارتقۇزۇپ قويۇپ قاسىم مىراب ، سىدىر شاڭيو ، مۇسا شاڭيو ، تۇرسۇن يۇزبېشىلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى . تارتىۋالمىساق بولمايدۇ . رەسىلىكلەر ، قاشقالىقلار يەرلىرىمىزنى ئىگىلەپ بولدى . بىلىدىغانسەن ، سېنىڭ بوۋاڭ ، مېنىڭ دادام مۇشۇ تۆگىگىرەكنىڭ خوجىسى ئىدى . سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۈچ - تۆت مىڭ خودىن يېرىمىز بولماي ، نېمىدەپ يەتمىش - سەكسەن ، ئوتتۇز - قىرىق خودىن يېرىمىز بولىدىكەن ؟ مېنىڭ سەكسەن ، سېنىڭ قىرىق خو . بىز غازى ھاجى ، ھىدىلشا ھاجى ، نىيدىرشا باينىڭ تۇخۇمى تۇرۇپ ، شۇنچىلىك يەرگە خوجايىن . ئابدۇمەر قاشقالىق ، سېتىۋالدى تۇلكىدەك رەسىلىكلەر يۈز خو ،

توقسان خو يەرنىڭ خوجايىنى . ئون قورۇ قوي ، ئون نەچچە مالاي ، نەچچە خوتۇن ، هۆكۈمەت تامغىسى شۇلارنىڭ قولىدا تېخى . ئۇلار نەدىن ئالدى ؟ بىزدىن تارتىۋالدى ، بۇلىۋالدى ، ئالدىۋالدى . گالۋاڭ تارانچىلار بىر تال يىڭنىگە ئىككى پۇتلۇق يەرنى ، بىر كېسەك چايغا بىر توپ قارىياغاچنى ، بىر تال لوبۇغا بىر قوينى تېگىشىۋەردى . مانا ئەمدى ئۇلار خوجايىن ، بىز قۇل . ۋاي ئاناڭنى ، ئۇلارنىڭ كېرىلىپ كەتكىنىنى تېخى !

— بۇ دېگەنلىرىڭ راست . بىزنىڭ يېرىمىز بىلەن كۆكلىگەن ـ دە ، ئۇلار .

— قويۇپ بەرسەڭ خوتۇن ـ قىزلىرىڭنىمۇ تارتىۋالىدۇ . قاشقالىق دېگەن بىر قارىياغاچ ، بىر توپى بىر يىلدا مىڭ توپ بولىدۇ . رەسلىك دېگىنىڭ سېرىقيۆگەي ، پەيدا بولسا ھەممىگە چىرمىشىدۇ . كەتمە ، زىيەك ، قىشچە ئۇلار بىلەن ياقىلىشىمىز تېخى !

مۇختەرباي ئاخىر زىياۋۇدۇنغا ھېلىقى بىر قوزىلىق قويغا ئىككى پاقلان قوشۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ، ئۇنى بۇ يىل شەھەرگە كۆچۈپ كىرمەسكە ماقۇل قىلدى . مۇختەربايىنىڭ دېيىشىچە : بۇ يىل قىش تارانچى بايلىرىنىڭ مەشرىپىنى مۇختەربايىنىڭ ئۆيىدىن باشلارمىش . مۇختەرباي مالايلىرىنى تاغقا چىقىرىپ ، تونۇش قازاقلىرىغا قىشلىق قىمىز ئۇچۇن ئۇچ بىيە تەييارلاشنى بۇيرۇۋېتىۇ . تۆل بىيىدىن بىرنى ، راسا سېمىز تايدىن بىرنى قىشلىق سوقۇمغا ئاتاپتەك ، شەھەردىن سازچى ـ چاقچاقچىلارنى ئاچىقىپ قىشچە باققۇدەك . ھېكىمبەگ غوجامنى بىرىنچى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىپ قاسىم مىراب بىلەن ئالدىغا كىرگۇدەك . غوجامغا زىياۋۇدۇننى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ تۆڭگان قاچ ـ قاچتا ئورۇسلار بىلەن چىقىشىپ تۆڭگانلارنى قوغلاشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ، ئوغلاقچى ، چېلىشچى ، ناخشىچى ، داپچى ۋە ئورمىچى ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىنىڭ شەھەردە ئوقۇپ داڭق چىقارغانلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلىگۇدەك . زىياۋۇدۇن ئېتىزدىن بۇگۇنكىدەك خۇشال

قايتمىغان . ئۇ كەچقۇرۇن بوز ئېتىغا بىر تۇرمەل قاشقا بېدىنى ئارتىپ ، بېدىنىڭ ئۈستىدە سىگار يان ئولتۇرۇپ ئورغاقنى داپ قىلىپ ، يەتتە ئاۋۇشنىڭ ئەۋجىگە ۋارقىراپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ قىڭغىر ياقىلىق ئاق ماتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتكەن ، يىرتىق مالىخىيىنى كۆزىگە كىيىپ ، رەڭگى ئۆڭتۈلگەن كىر دوپپىسىنى كەينىدىن چىقىرىپ قويغان ، تېخى قۇلىقىغا ئېتىز گۈللىرىدىن قىسىۋالغانىدى . ئۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ، مەسچىت ئالدىدىكى قېرى قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان جامائەت ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراشتى .

— زىيەك باخشى ، روزا - رامزاندا نېمىگە كاركىرايسەن ، روزاڭ بۇزۇلمامدۇ ، ھەي شەلىك ؟ — دېدى ئاخشامقى مەشرەپكە نارازى بولغان مىرا «قازى» قوللىرىنى شىلتىپ .

— قازارەن ! — دېدي مەھەللە ئىمامى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ زىياۋۇدۇننى ئەيىبلەپ ، — زىياۋۇدۇن روزا تۇتمايدۇ ، زوغا قوپمايدۇ ، ئىپتار قىلمايدۇ ، مەسچىتكىمۇ دارىمايدۇ ، ئىمانى سۇيۇق بۇ يىتىمنىڭ !

زىياۋۇدۇن چوڭلارنىڭ گېپىگە خاپا بولمىدى . ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ كۆپچىلىككە سالام بەردى ۋە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تىگىگە بېسىپ داق يەردە تىزلىنىپ ئولتۇردى :

—بەندىچىلىك ، دېگەنلىرى راست ، سىگىپ كەتكەن خۇي ، ناخشا ئېيتماي يۈرەلمەيدىكەنمەن . راست ، خۇدانىڭ ئۈچ پەرھىزىنى ياخشى ئادا قىلالمايۋاتىمەن . ئەمما ، ئىمان بىلەن ئۆشرە - زاكاتنى ئۇنتۇمىدىم .

— راست ، — دېدى ئىمام دەرھاللا ، — بۇغداي چەشلىسە باش بۇرنىنى ئۆشرىگە ۋەخپە سېڭىغا تۆكىدۇ . قولى ئوچۇق يېتىم بۇ . زاراتگاھلىقنىڭ يېنىدىكى ئىككى پۇت يەرنى ۋەخپىگە بېرىۋەتتى تېخى .

— بىر خولۇق يەر ، — دەپ تۈزەتتى زىياۋۇدۇن ، — چىغىرتماقلىقمۇ ئىككى پۇت كېلىدۇ ، ئىمامئاخۇنۇم .

— يازىچە ئاياغ سۇيى كۆل بولۇپ پاقا كوركىراپ چىقىدىغان يېرىڭىزنىمۇ ھېسابلامسىزنا؟ بوپتۇ، ئۇمۇ ۋەخپىڭىزنىڭ يېرى بولسۇن.

ئەق شۇ چاغدا قارىغىر ئىتنى ئوينىتىپ مەسچىت ئالدىدىن مۇختەرباي ئۆتتى - دە، زىياۋۇدۇننى كۆرۈپ ئىتىنىڭ بېشىنى تارتتى:

— نېمىشقا تىزلىنىۋالدىڭ، زىيەك، گۇناھىڭ نېمە؟ قاشقالىقتا يەر بەرگىنىڭ، چىلەكلىككە سۇ بەرگىنىڭ گۇناھىڭمۇيا؟ تۇرە، ئىگىلمە بولارغا!

— روزا تۇتماپتىكەن، — دېدى مىرا «قازى» خۇشياقمىغاندەك مىدىرلاپ قويۇپ، — ئىمامئاخۇنۇم نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ.

— روزا دېگەن نېنى يوقنىڭ ئىشى، ناماز دېگەن ئىشى يوقنىڭ ئىشى، — مۇختەرباي قارا ساقاللىرى ئارىسىدىن ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى، — مەنمۇ روزا تۇتمىدىم، ئەمما جامائەتنى ئىپتارغا چاقىردىم، قېنى ئىمامئاخۇنۇم، جامائەتنى باشلاڭ ئەمىسە!

ئۇ ئىتنى ئويناقلىتىپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئىككى مارجىنى بار قالپاق ئىمام ئۇچۇن خانىنىڭ تاجى، ئاق خەسە كۆڭلەك ئۇستىگە باغلىۋالغان قارا پوتىسى قورقۇنچلۇق مىسران قىلىچ. ئىمام ئورنىدىن ئۆزىگە ياراشمىغان چاققانلىق بىلەن دەس تۇرۇپ:

— ماشائاللا، ھېلىلا بارىمىز، مۇختەر بېگىم! — دېدى.

بۇ كۆرۈنۈشلەر، بۇ ئاۋازلار زىياۋۇدۇنغا تولىمۇ ياقتى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بۇ يەرنىڭ پادىشاھى، ئۇنىڭ قىل دېگىنىنى قىلسىلا زىياۋۇدۇن خارلانمايدۇ، بويۇن قىسمايدۇ. ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ بوز ئىتنى يېتىلەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ھويلىدىكى سۇپىغا — كىگىز ئۇستىگە سۇپىرىسىنى يېيىپ ئاش يېيىۋاتقان رەيھانگۈل ئىرىگە ھەم زوق، ھەم ھەيران بولۇپ قارىدى:

— نېمانچە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتىكىنە !
— بۇغدايمۇ ، زىغىرمۇ قالتىس ، خوتۇن !
— ۋاقتىدا ئورۇپ - يىغىپ ، شەھەرگە بۇرۇنراق كىرىپ كېتەيلى ، غېمىم نۇرىدا ، ھۆسنىبايىنىڭ زاۋۇتىنى نەدىن بىلىۋالدىكىن بۇ بالا ...
رەيھانگۈل بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئېشىنى نوغۇچقا تۈرمەللىدى ۋە ئۇنى ئەپچىل قاتلاۋېتىپ :
— بۇ يىل قىممەت بولسىمۇ ئاشۇ سايبويى ، دۆڭمەھەللىدىن چوڭراق ئۆي تاپايلى . قارادۆڭ ، كۆكمەسچىت نۇرىغا يىراقلىق قىلىدۇ . مەكتىپىگە يېقىنراق بىر يەردە ئولتۇرايلى ، — دېدى .
— خوتۇن ، بۇ يىل شەھەرگە كىرمەيدىغان بولدۇق .
— نېمىشقا ئەمدى ؟
— مۇختەرباي ئاكام نۇرىنى شەھەردىكى ئاغىنىلىرىنىڭكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى .
— ياق ، خەقنىڭ ئۆيىدە بويىنى قىسىپ يۈرسۇنمۇ ! بالامنىڭ قېشىدا تۇرمىسام كۆڭلۈم زادى تىنچىمايدۇ .
— يېقىن بۇرادەرلىرىم بار ، بالاڭنى ئۆيلىرىدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇۋېرىدۇ ، دەيدۇ .
— ياق ، ياق ، ياق ! — دېدى ئايال بىردىنلا ئاچچىقلاپ ، — كۆچىمىز دېدىم كۆچىمىز !
— بىز كۆچسەك بەرا بىلەن دەرا ئوقۇشسىز قالىدۇ ، خوتۇن .
— نېمە ، تۇرۇپلا ئۇلارنىمۇ ئوقۇتىدىغان بولۇپ قالدىڭىز ؟ ئۇلارنى قىشلاقتامدا ئوقۇتايلى . ئاپاملارنىڭكىگە ئاپىرىپ قويىمىز ، شۇ يەردە دەرس ئوقۇيدۇ . كەنجى ئوغۇلنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ بولۇپلا شەھەرگە كۆچىمىز !
— كۆچمەيمىز ، خوتۇن !
— ياق ، سىز كۆچمەڭ ، مەيلى ، مەن كۆچىمەن ! — ئايال ئاچچىق بىلەن قىڭراقنى ئاشتاختىغا ئۇرۇپ ئاش كېسىشكە باشلىدى .

بۇ ئىناق ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى ئىختىلاپ رەيھانگۇلگە قانچىلىك قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا زىياۋۇدۇنغا ھەم شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇ ھېچقاچان ھېچكىم بىلەن قىزىرىشمىغان ، كەمدىن ـ كەم خاپا بولىدىغان خۇش پېئىل ئادەم ئىدى ، بۇگۈن مانا ئايالىغا كۆڭلىدە تۇنجى قېتىم نارازى بولۇپ سىنچىلاپ قارىدى . ئايالىنىڭ بىر ئۆرۈم چېچى ئالدىغا چۈشكەن ، كۆز قۇيرۇقلىرىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان ، ئىككى زىنىخى ئولتۇرۇشۇپ بويىندىمۇ چوڭقۇر سىزىقلار پەيدا بولغانىدى . ئۇ تۇنجى توي ئاخشىمى ئون بەش ياشلىق بۇ باي قىزىغا كۆيۈك ئىچىدە مۇشۇنداق زوقلىنىپ قارىغان . ئۇ چاغدىكى رەيھانگۇل ئون تۆت كۇنلۇك ئاي ئىدى . ئۇ چاغدا بۇ ئايالنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ھارارەت تېپىپ ، كىشىنىڭ بەدىنىنى كۆيدۈرەتتى . ھازىر بۇ ئاي چىراي غۇۋا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ، يىللار ئۇنى سوۋۇتقان ، ئۇ ھازىر قىش ئاخشىمى تۇمان ئارىسىدا قالغان نۇرسىز ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ ئايالىنىڭ تەرسالىق قىلالايدىغانلىقىنى بۇگۇنلا كۆردى . گېپىنى يىرمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ . بىراق ، ئۇنداق قىلسا مۇختەرباي ئۇنى خوتۇنىنىڭ چىرايىغا بېقىپ ئىش قىلىدۇ ، دەيدۇ . مۇختەرباي بىر گەپ قىلغان ھامان پۇتۇن مەھەللە ئوخشاش سۆزلەيدۇ . ئۇ چاغدا زىياۋۇدۇننىڭ نىمە ھۆرمىتى قالىدۇ ، كىم ئۇنى ۋاي دەيدۇ ؟ ئايالىنىڭ رايىغا باقمىسچۇ ؟ ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى يىلتىزسىز قامغاققا ئوخشاپ قالامدۇ ؟ ئۇنىڭغا كېلىدىغان ھايات ھارارىتى ئۆچۈپ ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى تۈگىمەمدۇ ؟

ھارۋىنى قاياققا تارتىش كېرەك ؟ بىر ياققا قارىسا تىك ھاڭ ، يەنە بىر يېقى تىك تاغ . زىياۋۇدۇن سۇپىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى تاتىلاشقا باشلىدى . كىچىككىنە قىزى يانپىشى بىلەن يەر سىيپاپ كېلىپ ئۇنىڭ تىزىغا ياماشتى . ئىككى ئوغلى بىر خورازنى تالىشىپ ۋارقىراشماقتا ، كىچىك ئوغلى بويۇنچاق بىلەن باغلانغان موزايىنى نىمشقىدۇر چىۋىق بىلەن ئۇرماقتا ئىدى . ئايالىنىڭ قاپىقى

تۆرۈلۈۋىدى ، ھەممە ياق كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تولدى . ئايالى جانان چىنىدەك جاراڭلاپ كۈلگەن بولسىدى ، ھەممە ياق نۇرلىنىپ ، ھويلىنىڭ ئىچى شادلىق بىلەن تولغان بولاتتى .

— مۇختەر ئاكام خەتنە تويىمىزغا يەنە ئىككى توخلا بەردى ، — دېدى ئۇ خوتۇننى خۇش قىلىش ئۈچۈن .

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكىڭىزنىڭ دېگىنى دېگەن بوپتىكەن ـ دە ! — رەيھانگۈل تېخىمۇ خۇيلاندى ، — دېدىمغۇ ، سىز ئاكىڭىزنىڭ يېنىدا قىشلاڭ ، مەن ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كىرىمەن . ھارۋىنى ماڭا بېرىڭ ، كۆمۈرچىلىك قىلالايمەن ، قارمۇ توشۇيالايمەن . بەرا بىلەن دەرانى ئېلىۋالسام قىينالمايمەن ! ...

رەيھانگۈل پاخال ئەكىرگىلى باغ ئىشىككە ماڭدى ، زىياۋۇدۇن غەم تېغى ئاستىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇۋەردى : «ئۇھ ، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ، — ماۋۇ باش قېتىنچىلىقنى ! ... »

## 4

ئورما باشلاندى .

بۇ چاغدا يېزا كوچىلىرىدا موزايلاردىن باشقا جانلىق كۆرۈنمەيدۇ . ئاياللار قاپاقلىرىغا ئەتكەنچايلىرىنى توشقۇزۇپ ، قىل خۇرجۇننىڭ ئىككى يېيىنى چاي ، نان ، چىنىلەر بىلەن تولدۇرۇپ ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن قىزىق يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ ئېتىزغا يۈگۈرۈشىدۇ . ئۈششاق باللارمۇ دادىلىرىنىڭ ئورما ئورۇشىغا زوقلىنىپ باش تېرىپ ، ئات يۆتكەپ ، باغلىق توشۇپ ، ئېتىزلاردا يۈرۈشىدۇ . بۇنداق چاغلاردا مەھەللىدە خورازلار جىمجىتلىقنى مەدھىيىلەشكەندەك بەس ـ بەس بىلەن چىللاشسا ، تېرەكلەرنىڭ توپ شاخلىرىنى ئېگىپ قونۇۋالغان قاغىلار گويا ئومۇمىي خور ئورۇندىشىۋاتقاندەك قاقىلدىشىپ پەسىل گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشىدۇ . كۈز پەسلىدىكى توقچىلىق ،

ئاۋاتچىلىق، مەمۇرچىلىق ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن ئوخشايدۇ. يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك ئىككى توپقا بۆلۈنگەن. ئۇلار لاپقۇتلىشىپ، سول تارتىپ ئورما ئورۇشىدۇ. بىر خو بۇغدايغا ئۈچ گۈڭ كەتسە زىياۋۇدۇننىڭ بۇغدىيىغا ئون بەش گۈڭ كېتىدۇ، بېغى بىلەن يىگىرمە گۈڭگە يېتىپ بارىدۇ. دېمەك، بۇغدىيىنى «يىغىۋېلىش» ئۈچۈن زىياۋۇدۇن توپتىكىلەرگە يىگىرمە كۈن ئورما ئورۇشۇپ بېرىشى كېرەك. بىراق، ئۇ مۇشۇ ئورغاق سېلىشتا ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ ئورمىسىنى ئورۇيدۇ، قاراڭ، ئۇنىڭ سولىمۇ ھەممىدىن كەڭ، ئۈنچىسىمۇ چوڭ، ئورغاق سېلىشى تېز ھەم پاكىز. ئۇنىڭ ئالغان سولى ئىككى يېنىدىكىنىڭ سولىنى قوشسىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن چوڭ. ئۇ چاتلىرىنى كېرىپ، ئوڭ قولىدىكى ئىتتىك ئورغاقنىڭ يېنىغا سول قول بارماقلىرىدىكى ئويماقلىرىنى «تاق - تاق» تەگكۈزۈپ ئورغاق سالسا كىشىنىڭ زوقى قوزغىلىدۇ. تۆت ئورمىچىنىڭ بېغىنى باغلىسا بىر گۈڭ ئۆتكۈزەلەيدىغان باغچى زىياۋۇدۇندەك ئىككى ئورمىچىنىڭ ئۈنچىسىنى ئارانلا ئۈلگۈرتۈپ باغلىيالىسا كېرەك. زىياۋۇدۇننىڭ ئۈچ ئۈنچىسىلا بىر باغ كېلىدىكەن ئەمەسمۇ! يەرگە ئەمدىلا يورۇق چۈشكەندە، ئېتىزغا بېرىپ ئەتىگەنلىك چايغىچە بىر سول ئېچىۋېتىدىغان بۇ ياش مەھەللە توپى خىللانغان ئورمىچىلاردىن قۇرۇلغان. ئۇلار چۈشتە كۈن قايرىلغۇچە باغ سايىسىدە ئۇخلىۋالىدۇ، پېشىنلىك چايدىن كېيىن يەنە ئېتىزغا ماڭىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئورما ناخشىسى باشلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئورما ئاۋۇمايدۇ، ناخشا ئەۋجىگە چىقىدۇ. «ئالتۇنۇم» نى زىياۋۇدۇندەك تولۇق، مۇڭلۇق ۋە يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتالايدىغان ھېچكىم يوق ...

زىياۋۇدۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمدىلا ئون بىردىن ئاشقان بەرا دادىسىنىڭ كەينىدىن باغ باغلاپ يۈرۈپ شۇنداق ئويلايتتى: «دادام ئىككىمىز ئىككى گۈڭ ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئۆگۈنلۈككە بىزنىڭ بۇغدايغا چۈشىمىز، ئىككى كۈندىلا ئورۇلۇپ باغلىنىپ بولىدۇ. بۇ توپنىڭ بۇغدىيى تۈگىگۈچە بىزنىڭ يەنە ئون ئىككى

گـۈلـمىز ئاشىدىكەن . بۇ ئون ئىككى گۈلگىغا بىرىنىڭ ئۈچ خو بوغدىيىنى بولىۋالسام بىر خو يەرگە بىر خو بۇغداي بېرىدۇ . ئۈچ خو بۇغداينى ساتسام ئۈچ يۈز مىڭ تەڭگە ، ياق ، ئۈچ يۈز ئون بەش مىڭ تەڭگە بولىدۇ ، بىر مەسكاپ ئۆتۈك ، شىم ـ تۇجۇركا ، قولاقچا كېلىدۇ . ئاشقىنىنى ئاكامغا بەرسەم خۇشال بولۇپ مۇرەمگە ئۇرۇپ ، يامان كۆكىنەك ، دەپ قويىدۇ ـ دە ...» ئۇنىڭ شېرىن خىيالى شۇنداق ئاخىرلاشتى . ئۇ تۇيۇقسىز دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خىيالدىن سەگىدى :

— بەرا بالام ، ماڭ ، ئاتنى يۆتكىۋەت ، قارا ، چىۋىنقاپ ئوت يېمەي تۇرىدۇ .

بەرا باغلىقنى بېلىدىن چاققانلىق بىلەن سۇغۇرۇۋېلىپ يەرگە تاشلاپ ، دادىسىنىڭ ئۇنچىلىرىنى باغلىق ئۈستىگە ئىككى باشلىق قىلىپ قويدى ـ دە ، ياغاق تېرىدىن تىزلاق ئېسىلغان ئوڭ تىزى بىلەن ئۇنچىنى تىزلاپ بۇغداينى چىڭ باغلىدى ، ئۇنىڭ باغلىق تۇتقان قوللىرى تولىمۇ ئەپچىل ئىدى . ئۇ دادىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :

— ئاتنى سۇغىرىپ ، يۆتكىگەندىن كېيىن سۇغا چۆمۈلۈۋالاي ، ئۇنچىلىرىم كۆپىيىپ كەتسە باغلىشىپ بېرىسەن ـ ھە ؟ — دېدى .

— ماڭ ، تېز كەل ، ۋۇي كۆكىنەك ! — دېدى زىياۋۇدۇن . ئۇ يەنە يېنىدىكى ئورمىچىغا بالىسىنى ماختاشقا باشلىدى ، — يامان ئىشلەيدۇ ، تىنىم تاپمايدۇ ، دېگىنە !

— سېنى دورىدى ـ دە ، قارا ، ناخشىسىنى تېخى !

بالا چۈگۈلداپ ناخشا ئېيتىپ ، بوز ئاتنى مىنىپ سۇغا كېتىپ بارماقتا ئىدى .

كـۈز پـەسلىنىڭ بۇنداق كۈنلىرى دېھقانلار ئۈچۈن تولىمۇ كـۆڭـۈلـلـۈك ، لـېـكىن مۇختەربا ئۈچۈن بۇ كۈز كۆڭۈلسىز باشلاندى . ئۇ رەيھانگۈلدىن دەشنەم يېگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ كۈندىن ـ كۈنگە روھسىزلاندى . قولى يەتمەيدىغان شاخ بارلىقىنى تـۇنـجى قېتىم بىلىش ئۇنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇردى . دېگىنى

دېگەن ، قىلغىنى قىلغان بولۇپ ئۆسكەن باي بالىسى ئۇچۇن ئەرزىمەس بىر ئايالنىڭ «يوقال قاۋان» دېگەن گېپى مىڭ دەررە ، يۈز شاپىلاقتىنمۇ يامان ، يۈزىگە يۇندا چاچقاندىنمۇ ئار تۇيۇلدى ، لېكىن بۇ نومۇس ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر رەيھان ئىسىملىك بۇ ئايالنى سىرلىق قىلىپ قويدى . ئۇنىڭ خىيالىنى شۇ خوتۇن ئىگىلىۋالدى . ئۇ خىيالىدا شۇ خوتۇن بىلەن تاكاللاشتى : «سەن قانچۇق نازلىنىۋاتىسەن !» ، «ياق ، نەپرەتلىنىۋاتىمەن» ، «بەربىر تېگىمگە چۈشىسەن» ، «ياق ، بېشىڭغا دەسسەيمەن» ، «مەن سېنى يالۇۋۇرتقۇزىمەن !» ، «ياق يالۋۇرساڭمۇ تىللاۋېرىمەن» ... ئۇ بىردىنلا ئالتە بالىسىنىڭ ئانىسى بولغان خوتۇنىنى ، نەۋرىلىرىنى تىللايدىغان ، مالايىنى سىلكىيدىغان ، جىمىغۇرلىشىپ زىياۋۇدۇنىنىڭ قورۇسىنىلا ئەگىيدىغان ، رەيھانگۇلنى كۆرسە يۈرىكى ئويناپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى . بالا ۋاقتىدا دادىسى بىلەن غوجامنىڭ كاتتا هويلىسىغا كىرىپ بىر قىزنى كۆرۈپ مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانىدى . ئۇ چاغدا مەدرىسىدە ئوقۇيدىغان روزاخۇن ئىسىملىك دوستى بۇ هالنى ئاشىق بولغانىنىڭ بەلگىسى دېگەنىدى ، لېكىن ئۇ هازىر ئەللىكتىن هالقىغان ئادەم . نەۋرىلىرى بەيگىگە ئات مىنگۈدەك بولدى . بۇ يېشىدا ئاشىق بولغىنى نېمىسى ؟ يەنە كېلىپ تېخى بەش بالىنىڭ ئانىسى ، ئۆزىنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئايالىغا ـ هە ! ياق ، ياق ، ياق ! بۇ ئاشىقلىق ئەمەس ، غەزەپ ـ نەپرەت ، ئۇيات ـ نومۇس ، ئۆچ ئېلىش ... ئۇنداقمىكىن دېسە مۇختەرباي رەيھانگۇلنى كۆرسىلا دۇدۇقلاپ ، كۆز ئۈزەلمەي ، تەمتىرەپ قالىدۇ . قېرىلارنىڭ ئاشىق بولۇشى كىتابلاردا بارمىكىن ، پال ئاچقۇزۇپ باقايمىكىنيا ؟ ئۇ بىر كۈنى شەهەرگە كىرىپ دىۋانە مەهەللىسىدىكى داڭلىق رەمچىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ :

— قېنى تاپە ، مەندە قانداق كېسەل باركىن ، — دېدى .

— سەۋدا ! — دېدى چارساقال ، ئورۇق بوۋاي ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، ئالىقانلىرىغا ئۇزاق قاراپ ، سىزىقلارنى ساناپ ،

پچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ .
— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟
— ئىشقىي بىقارار !
— چۈشەنگۈدەك گەپ قىلساڭچۇ ؟
— كۆيۈك ! — دېدى بوۋاي ۋارقىراپ ، — بىرىگە كۆيۈپ قاپلا ، بېگىم .
— قانداق قىلاي ئەمدى ؟
— خېنىم سىلىدىن بىزاركەن .
— بىلمەن ! جاجىسى نېمە ئۇنىڭ ؟
— تاۋار ـ دۇردۇن ، تاۋاردەك گەپ ، قەنت ـ شېكەر ، شېكەردەك گەپ !
— مەن ئۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغان .
— ئۇنداق بولسا كۆيۈپ كۇل بولىدىلا .
— قېرىلارمۇ ئاشىق بولامدۇ ؟
— سەۋدانى ئىگىسى سالىدۇ ، بېگىم . لوقمان ھېكىم توقسان يېشىدا يىگىرمە ياشلىق بىمارىغا ئاشىق بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يېشىدىن يىگىرمە ياشنى قىزغا تەقدىم قىلغان .
— يائاللا ، بالا ـ قازالا ئىشكەنغۇ بۇ ! رام قىلغىلى بولامدۇ ئۇنى ؟
— ياق ، بېگىم ، ئازابقا چىدىسىلا ، ئىنساپ بىلەن مۇز كۆڭۈلنى ئېرىتكىلى بولىدۇ . سوغۇق گەپ ، سوغۇق چىراي ئىللىق كۆڭۈلنىمۇ مۇزلىتىدۇ . سىلىنىڭ تەبىئەتلىرى سوغۇقكەن !
— بولدى ۋۇي ، قاشقالىق ! — مۇختەرباي رەمچىنىڭ ئالدىغا بىر سىقىم پۇل تاشلىدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ ھەممە سىرىنى كىر داستىخانغا ياڭاق تۆككەندەك بىرمۇبىر تۆككەن بوۋايغا نەپرەتى بىلەن تىوغلۇق قىلدى ، لېكىن ئۇ ئۆيىگە چىقىپ رەمچىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىقرار بولدى : «نېمىدەپ بۇ قارا خوتۇنغا ئاشىق بولىمەن ، ياق دېگىنى ئۇچۇنلىما ؟ »

ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ ھويلىسىغا خىلمۇخىل باھانىلەرنى تېپىپ كۆندە بىر كىرىدىغان، ھەر خىل ئىشلارنى قىلدۇرۇپ، غەمخورلۇق قىلىدىغان بولۇۋالدى. زىياۋۇدۇن بۇنى ئۆزىگە قىلىۋاتقان قېرىنداشلىق دەپ ئويلاپ خۇشال بولاتتى، رەيھان بولسا نىيىتى يامان دەپ ئويلاپ چۆنەكلىككە چىقىپ لازا، پەمىدۇر، پىيازلىرىغا ئېگىشىۋالاتتى. باي ھويلىدا ساقال - بۇرۇتى چېكىلگەن، قىڭغىر ياقىلىق ئاق كۆڭلىكىنىڭ پېشى تىزىغا چۈشكەن ھالدا يوغان قورسىقىنى تومپايتىپ تۆردىن سۇپىغىچە، غورۇدىن باغ ئىشىكىگىچە نەچچە قېتىملاپ مېڭىپ تىنماي سۆزلەيتتى:

— سېنىڭ بالاڭ مېنىڭ بالام. مەيلى ئۇچىلىسىنى ئوقۇتۇۋەرگىن. چىقىمىغا مانا مەن بار. يامىنىغا كەلسە ئۇن قوي، يىگىرمە قوينىڭ ئىشىغۇ، بىر ھارۋا ئاشلىقنىڭ ئىشىغۇ، قانداق دېدىم، ھوي رەيھانگۈل!

— رەھمەت، مۇختەرباي ئاكا!

— ھاي رەيھان، قېتىق ئەكەل، باي ئاكام قېتىققا ئامراق!
رەيھان ئېرىنىڭ دېگىنىنى يەرگە قاراپ ئۇن - تىنسىز ئورۇندايتتى ۋە بايغا ھەر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلاتتى.

— ھەممىمىز قېرىنداش، غازىباي، ھىدىلشاباي، نىدىرشابەگ ··· بىر تارانچى، مۇشۇ يەردىن ئۈنۈپ چىققان يەرلىكلەرنىڭ تۇخۇمىدىن ···
بۈگۈن رەيھانگۈل كالا سېغىپ، ھويلا سۈپۈرۈپ، كۆكۈم يېيىپ، كۆمىلاچ چاپلاپ بولۇپ سۈت سورۇپ قازانغا ئېگىشىپ تۇرغاندا، ھويلىغا ۋارقىراپ - كۆكىرىپ مۇختەرباي كىرىپ كەلدى:

— ھوي رەيھانگۈل، پاھ، قېتىقىڭ ئەجەب تېتىدا، بىر ھېجىر قۇيساڭا!

— سۇزمە قىلىۋەتتىم، يېڭىسى تېخى ئۇيۇمىدى.

— سۇزمەڭدىن ئەكېلە ئەمىسە!
رەيھانگۈل دالاندا ئۇخلاۋاتقان كىچىك ئوغلىنى ئويغىتىۋېتىپ

بايغا ھېجىردا سۆزمە سۆندى . باي ھېجىرنى ئەمەس ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى . رەيھان قولىنى ئىتتىك تارتىۋدى ، ھېجىر يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كەتتى .

— بولدى ، جانان چىنە تۆلەپ بېرىمەن ، — دېدى باي چىنە سۇنۇقىنى يىغىۋاتقان رەيھانگۇلنىڭ مۈرىسىگە ئاستا پەپىلەپ ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۇچۇن چەكسىز ھوزۇر تۇيۇلدى ، — ماڭا قاراپ بىرلا كۈلۈپ قويساڭ ... — باي ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تەمشەلدى . رەيھانگۇل بۇرۇلۇپ دالان ئۆيگە ماڭدى .

— بولە ، ساقام ، قىسماق بېرىمەن ، چېپىڭنى ئىچ ، ئېتىزغا بارىمىز !

— يورغا مىنەمسەن ، ساقام ؟ — دېدى باي ئۆيدىن چىقىپ كېرىلىۋاتقان ئۇماق ئوغۇلنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ ، — قارا كۆزلىرىڭ ئاپاڭنىڭكىدەك چىرايلىق ، پاھ ، قاش ـ كىرپىكلىرىڭچۇ تېخى ، كۇتمۇكۇت ئۆزى . چوڭ بولغاندا ساڭمۇ قىزلار ئاشىق بولىدۇ .

ئۇ «ئاشىق» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇزۇنلۇق ئاۋازدا ئېيتتى .

— ئاشىق دېگەن نېمە ، ئاپا ؟

— ئەسكى گەپ ، بالام ...

— باي چوڭ دادامىمۇ ئەسكى گەپ قىلامدۇ ؟

— قىلىدىكەنغۇ تاڭ ! — دېدى رەيھان باغ تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىپ ، — ۋايىيەي ، چۆنەكلىككە قاغىلار چۈشۈپتىغۇ ، قويت !

— مەن تېرەككە چىقىپ قاغىلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزىمەن ، تۇخۇمىنى چاقىمەن ، بالىسىنى يەرگە تاشلايمەن ! — دېدى ئوغۇل .

— بۇزساڭ ئۇلار يەنە ئۇۋا سالىدۇ ، ساقام !

شۇ چاغدا ئۆيدىن يىغلاپ ـ تەمتىلەپ كىچىك قىز چىقتى . بايغا بۇ نارەسىدىلەر ئانىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئۆزىگە نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ھويلىغا باينىڭ بالىسى ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ چاپارمىنى كەلگىنىنى ئېيتمىغان بولسا ، باي بۇ ھويلىدا قاچانغىچە تۇرۇپ نېمىلەرنى دەيتتىكىن ؟

رەيھانگۈل ئاخىر ئىغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ بالىلىرىنى زوق بىلەن سۆيۈپ كەتتى :

— زىبەك باخشىنىڭ كۆچۈكلىرى ، بولۇڭلار ، چېپىڭلارنى ئىچىڭلار ، ئىتىزغا بېرىپ باراڭدا قاق سالىمىز ، چىلگە يەيسىلەر ، يانغاندا ئىككى بوغماق شىۋاق سۇپۇرگە تېرىپ كېلىمىز ، — دېدى . ئۇلار ئالدىرىشىپ شۇ چاغنىڭ لەززىتىگە ئىنتىلىشتى .

رەيھانگۈل بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ قوغۇنلۇققا باردى . تارانچىلاردىن قوغۇنچى كەم چىقىدۇ ، بۇ مەھەللىدە پەيزاۋات ، بېغىساردىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان ئۇستا قوغۇنچىلار بار . زىياۋۇدۇن شۇلاردىن قوغۇن بېقىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىۋالغان : ئۇنىڭ يازلىق تاۋۇزلىرى پىشتى ، قوغۇنلىرىدىن شېكەر سۈيى ، ئابىناۋات ، كۆكچى ، بىسىۋالدى ، بىشەكشىرىن ، ھەتتا كېيىن پىشىدىغان مىرگان ، سېرىق قوغۇنلىرىمۇ تەييار بولدى . رەيھانگۈل باراڭنىڭ بىر شېخىنى قويماي قوغۇن قېقى سېلىپ ، شەھەردە قىشلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپمۇ قويدى .

مانا ئۇ ئىرىنىڭ يېنىغا — ئورما ناخشىسى ئاڭلانغان يەرگە قاراپ قىزىنى كۆتۈرۈپ ، ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ بۇك ئوتلارنى ئارىلاپ ، سوزۇك سۇلۇق ئېرىقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ خۇشال - خۇرام كەلمەكتە .

زىياۋۇدۇن ئورما ناخشىسى ئېيتماقتا :

ئايدىڭدا ئورغان ئورمام
ئىتىزلاردا باغ قالدى .
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق ،
يۈرەكلەردە داغ قالدى …

رەيھانگۈلنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى . «داغ» قالغىنى نېمىسى - ھە ؟

شۇ چاغدا ئورمىچىلارنىڭ يېنىغا مۇختەرباي بىلەن

مىڭبېگىنىڭ چاپارمىنى كەلدى . ناخشا جىمىدى .
— ۋەئەلەيكۇم ! — دېدى مۇختەرباي روھسىز ھالدا ، — ئىشىڭلار ئىلگىرى !
— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن !
— مۇنۇ چاپارمەن زىيەككە خەۋەر ئېلىپ كەپتىكەن !
— نېمە ؟ !
زىياۋۇدۇن بىلەن رەيھان تەڭلا چۆچۈپ سورىدى ، ئۇلارنىڭ ئېسىۇ خىيالى ئوغلىدا ئەمەسمۇ ! ...
— مۇنداق ئىش ، — دېدى چاپارمەن ، — ئاخشام ئالا بايتال لوزۇڭنىڭ يايىسى چىققانىدى ، داڭزىدىن زىياۋۇدۇن قىرىق خو يەرنىڭ ئۈچ يىللىق دەننىنى تۆكمەپتۇ دېگەن ھېساب چىقىپتەك !
— نېمە ؟ — دېدى زىياۋۇدۇن ئاسمانغا قاراپ ، — ھەر يىلى قىرىق خو يەر ئۈچۈن ئون يەتتە خو بۇغداي ئەكىرىپ شەڭگەن يامۇلغا تۆكۈۋاتىمەنغۇ !
— داڭزىدا سېنىڭ سەكسەن خو يېرىڭ باركەن ، — دېدى مۇختەرباي چۈشەندۈرۈپ ، — سەن تېخى بىلمەمسىنا ، ئەيسا شاڭيولار تېرىۋاتقان ئاۋۇ ئۆستەڭنىڭ ئاستىدىكى قىرىق خو يەر سېنىڭ . ئۇلار ئۈچ يىلدىن بېرى دەن تۆكمىگەن . يەر سېنىڭ نامىڭدا بولغاندىكىن ، ئۈچ يىللىق دەنگە ئەللىك بىر خو بۇغداي تۆكمىدىكەنسەن ، زىيەك !
— ۋىيەي ! — رەيھانگۇلنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ، — نېمە دەيدىغاندۇ ؟ ! ...
— داڭزىدىكىنى مەن نەدىن بىلەي ؟ — دېدى زىياۋۇدۇن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — سەكسەن خو يېرىم بولسا ياخشىغۇ ، قىرىق خونى تېرىپ نېنىنى يېگەن ئاكىلىرىم دەننىنىمۇ تۆكەر !
— شۇنداق بولىدۇ ـ دە !
— تۆكمەي بولامدۇ ؟ !
— شاڭيوملارمۇزە !
كۆپچىلىك كەچكى قۇياش يورۇقىدا ئورغاقلىرىنى يالت ـ

يۆلت قىلغۇزۇپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشتى .

— چاپارمەن بېگىم ! — دېدى تېيىپ ئىسمىلىك سۆزمەن دېھقان ، — ئالا بايتال بېگىمگە دەڭ ، قىچىشقان يەرنى تاتىلىسۇن ، قىچىشمىغان يەرنى تاتىلىماي ...

— ھەي تېيىپ ، تىلىڭغا ئىگە بول ، — دېدى مۇختەر باي تـەمـەنـنـا بـىلەن ، — بىلەمسەن ، ئالا بايتال كېلىۋاتىدۇ دېسە بـۆشـۈكـتىكى بالا چىرقىرايدۇ ، تۇغماس خوتۇنمۇ تۇغۇۋېتىدۇ . زەنـجىر بىلەن باغلاپ ، كالىدەك قوشاقداپ ھەممىمىزنى يامۇلغا سولىمىسۇن يەنە ئۇ قاشقالىق !

— سېنىڭمۇ ئاكاڭ باركەن ـ ھە ، مۇختەركا ؟ !

— ئـەنـسىرىمە ، زىيەك ، — دېدى مۇختەرباي تەنتەنىلىك ۋارقىراپ ، — شاڭيولار دەننى تۆكىدۇ ، تۆكمىسە كۇزلىكىگە ئوت قويۇۋېتىمىز . مەن مىڭبېـگىگە ئېيتىپ قـويىمەن ، يايىلار شاڭيو ئـاكـامـنـى قىستايدۇ ، سەن قورقما ، رەيھانگۇلنى ئەكەل ، ئاتقا مـىـنگەشتۇرۇپ ئاپىرىپ قوياي ، قارا ، قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى بىچارە !

رەيـھـانگـۇل «ياق» دەپ بولغۇچە ، زىياۋۇدۇن خوتۇننى بوۋاقتەك يەردىن كۆتۈرۈپ قارىگىرنىڭ ساغرىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ بولدى . ئات تېپىچەكلىدى ، رەيھانگۇل قورقۇپ مۇختەربايىنىڭ قارا پوتىسىنى تۇتۇۋالدى ، مۇختەرباي زىياۋۇدۇننىڭ كىچىك قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپلا ئېتىنى دېۋەتتى .

ئات يورغىلاپ مەھەللە يولىغا چىقتى .

— چـىـڭ تـۇت ، ئـۇركـۈيـدۇ مـۇنـۇ ئـات ، مـېنى چىڭ قۇچاقلىمىساڭ تاشلىۋېتىدۇ ! — دەپ چاقچاق قىلدى مۇختەرباي .

رەيـھـانـگـۇل بـىـردىنلا كۆڭلىدىكى نەپرەتنى ئۇنتۇدى . ئۇ يېقىملىق ، تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن :

— باي ئاكا ، — دېدى «باي» سۆزىنى چىڭراق ئېيتىپ ، — ئـالا بـايـتـال دېـگـەنـنـى رەھـىـمسىز ئادەم دېيىشىدۇ ، ئاۋۇنى باغلىۋېتەرمۇ ؟

— زىيەكىنما ؟
— ھەئە !
— دېدىمغۇ ، باي ئاكاڭنىڭ كۆڭلىنى ئالساڭ زىيەكىنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەيدۇ !
— ئاكام تۇرۇپ ئۆز سىڭلىڭىزغا يامان نىيەتتە بولماسسىز ـ ھە ؟
— يامان نىيەت دېگەن نېمە ئۇ ؟ دېگىنىڭنى بېرىمەن ، سەنمۇ شۇنداق قىلىسەن ـ دە !
باي .سول قولى بىلەن دۈمبىسىگە چاپلىشىپ ئولتۇرغان رەيھاننىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويدى . رەيھان جىمىپ قالدى ۋە گەپ يۆتكەپ :
— ھە ، راست بىر باغلام شىۋاق سۈپۈرگە تېرىۋالماقچىدىم ، توختىسىڭىزا قىزىمنى ئېلىۋالاي ، — دېدى .
مۇختەرباي شۇ زامان ئېتىنى دېۋىتتى ، شوخ ئات مەھەللىگە قاراپ ئويناقلاپ يورغىلىدى ، رەيھان ۋارقىراشقا باشلىۋىدى ، باي :
— ھېلىقىدەك ۋارقىرا ، ھېلىقى زىيەككە ۋارقىرىغاندەك ! — دېدى ۋە ئېتىنى يەنە دېۋىتتى . ئات پۇرقۇپ ـ پۇرقۇپ ئىرىقلاردىن ئاتلىغان پېتى مەھەللىگە ئەمەس ، مەھەللىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى .
رەيھان ۋارقىرىدى ، باينىڭ دۈمبىسىگە ئۇردى . قىزى ئانا بىلەن تەڭ چىرقىرىدى ، لېكىن باي پەرۋا قىلمىدى . رەيھان قارىياغاچلىقتا بارسىلا ھېچ ئىش بولمىسىمۇ يامان گەپ تارقىلىشىنى بىلەتتى . چۈنكى ، بۇ مەھەللىدە بۇ خىل گەپلەر مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىدەك تېز تارقىلىدۇ ئەمەسمۇ !
قايرىما ئۆستەڭگە يېتىپ كەلگەندە ، رەيھان قۇملۇق قىرغاقتا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە ، يەرگە چۈشۈپ نەچچە دومىلاپ يۆگىمەچلىكتە توختىدى . ئۇنىڭ جەينىكى سۈرۈلگەندىن باشقا ، ھېچيېرى ھېچنېمە بولمىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرغۇچە باي ئېتىنى توختاتتى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بالىنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ رەيھاننى

يۈگىمەچلىككە بېسىۋالدى . رەيھان نە ۋارقىراشقا ، نە تېپىرلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى . باينىڭ يىرىك ساقاللىرى ئۇنىڭ يۈز ، بويۇنلىرىغا سۈركەلدى . باي ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ياققا قايرىپ تىزلىنىۋېلىپ سول قولىنى ئىشتانبېغىغا سوزغاندىلا ، رەيھان يالاڭ ئاياغ ئوڭ پۇتى بىلەن باينىڭ چاترىقىغا قاتتىق تەپتى . باي بىر ئىڭرىدى ـ دە ، سىڭار يان بولۇپ قالدى . رەيھان تېز ئورنىدىن تۇرۇپ چىرقىراۋاتقان قىزىنى باغرىغا بېسىپ بوقۇلداپ يىغلاپ :
— ئۆلمەيدىغان قاۋان ! — دېدى .
باي ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ يەردىن قالپىقىنى ئېلىپ كىيدى ۋە رەيھانغا قاراپمۇ قويماي :
— قانجۇق ! — دەپ تىللىدى ـ دە ، ئىتتىغا مىنىپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە شەھەر تەرەپكە قاراپ ئىتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى .
رەيھان قىزىنى كۆتۈرۈپ ، بىر باغلام شىۋاق تېرىپ ئۆيىگە كەلگەندە گۈگۈم چۈشكەن ، ئورمىچىلار ئوت ئارتىلغان ئاتلىرىغا مىنىشىپ «ئورغاق بېشى» بولىدىغان ئۆيگە پولۇ يېيىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى .
— ئەمدى كەلدىڭما ؟ — دېدى زىياۋۇدۇن خوتۇنىغا ئاتلىق ياندىشىپ ، ئاندىن كەينىگە قايرىلىپ مىنگىشىۋالغان ئوغلىغا ، — ماۋۇ قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى ئاپاڭ بىلەن ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ پولۇ يېگىلى بارغىن ، دەرانىمۇ باشلىۋال ، — دەپ جېكىلىدى .
رەيھان ئوغۇللىرى بەرا ، دەرا ۋە قىزى ئىمھان بىلەن ھويلا سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ خۇشال ـ خۇرام تاۋۇز چېقىپ يېدى ۋە باللىرىغا :
— كاۋا ئېشى ئېتىپ بېرىمەن ، بىردەمدىلا ، — دەپ قويۇپ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆستەڭگە ماڭدى . خۇشلۇق بىلەن خاپىلىق ، كۈلكە بىلەن كۆز يېشى پات ـ پاتلا ئالمىشىپ تۇرىدىغان بۇ كىچىككىنە مەھەللىدە كۈن بىلەن تۈننىڭ ، ھەپتە ـ ئايلارنىڭ ئالماشتۇرۇشى تېز ۋە ئاسان . يازنىڭ نەلەرگىدۇر ياۋاپىلىشىپ كېتىشكەن توخۇلار غازاڭ بىلەن تولغان باغلاردىن پاخال ۋە سامان

دۆۋىسىگە ئايلانغان هويلا - ئېغىللارغا ياتسىراپ بوجۇيۇپ كىلىشىدۇ. بەس - بەس بىلەن چىللىشىۋاتقان، تاجلىرى قىپقىزىل، يىگىدىن جالا چىقارغان چوجە خورازلار يازدىن بىرى ئەگەشتۈرۈپ، قانتى ئاستىدا پەپىلەپ ئۇخلىتىپ باققان ئانىلىرىنى تونۇمىغاندەك، ئۆز خوجايىنلىرى بولغان بەرا - دەرا ئىسىملىك ئادەم بالىلىرىنىمۇ تونۇمايدۇ. ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدىغان بۇ ئادەملەر ئۇلار ئۇچۇن باغدا دائىم ئۇلار كۆرىدىغان مولۇن مۇشۇك، توشقان، ئىت، موزايلاردەك تۆت پۇت بىلەن ماڭىدىغان هايۋانلارغا ئوخشاش. ئۇلار هازىر قايسى كوكات ئاستىدا تۇخۇمدىن چىققىنىنى بىلمىگەندەك، ئاز كۈندە بۇ يەردە نېمىلەر بولىدىغىنىنىمۇ بىلمەيدۇ. تەبىئەت تىلسىز، لېكىن ئۇ هەممىنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرالايدۇ. ئاۋۇ شوخ خورازلار بولسا مېكىيان قوغلاش، دانلاش ۋە هايىاجان بىلەن چىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ هەم بىلدۈرەلمەيدۇ. ناۋادا بىلگەن بولسىدى، مۇختەربايىنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ باغنى يازدىن بىرى قانچە قېتىم ئايلانغانلىقى، بىر ئايالنىڭ باغقا چىقىشىنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ چۆپلەر ئارىسىدا نەچچە قېتىم تۈنەپ چىققىنىنى ئىگىلىرىگە ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. هەر يىلى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئورما ئورۇپ قويىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ هەممىگە قادىر ئەزىمەتلىكىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ قويىدىغان مۇختەرباي بۇ يىل بىر قېتىممۇ ئورغاق تۇتمىدى. ئۇ پات - پات مەسچىتكە كىلىپ جۇمە ئوقۇپ، مەهەللە ئىمامىغا سىپىق گەپ بىلەن زەربە بېرىپ، بۇ مەهەللىنىڭ خوجايىنى ئىمام، مۇتىۋەللى ياكى ئەللىكبېشىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بۇ يىل بۇ ئىشنىمۇ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەس - خىيالى رەيھان بىلەن، ئۇ رەيھاننى كۆرۈشنىلا ئويلايتتى، خىيالىدا ئۇنىڭغا: «زىيەكنى تاشلا، ماڭا تەگ، توقاللىققا ئۇنىمساڭ چوڭ خوتۇن بول، ئاق باش گۇلىنسابۇۋنى ئالتە بالىسى بىلەن ئۇچ تالاق قىلىشقىمۇ مەن رازى!» دەپ يىلىناتتى، زارلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ دۇنيادىكى هەممىلا ئىش مەنىسىز، بىرلا رەيھان

هـايـاتنىڭ ئۆزى ، مەنىسى ، بارلىقى ئىدى . ئۇ بېغىغا چىقىپ قىزلىرىدىن گـۈللەرنى سورايتتى ، بىر گـۈلنى رەيھانگۈل دېسىلا شۇنى تۆيدۇرماي پۇرايتتى ، ئۆستەڭ بويىدا رەيھانكۆكى بار ئىكەن دېگەننى ئاڭلاپ ، ئۆستەڭ بويىدا ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى . ناۋادا بىر كــىشـى ئۇنىڭدىن كەبىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىغان بولسا ، ئۇ ئىككىلەنمەي كەبە دېگەن مۇشۇ زېمىنىڭ ئۆيى دېگەن بولاتتى . ئۇ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ ، سائەت ـ سائەتلەپ زېمىنىڭ غورۇ ئىشكىلىك هويلىسىغا قارايتتى . بىرى كېلىپ :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئولتۇرۇپسىز ! — دېسە ، ئۇ :

— نەدە ؟ — دەپ ئەس ـ هوشىنى بىلمىگەن هالدا قوپاللىق قىلاتتى .

مانا ياز تۈگىدى ، كۆكۈللۈك كۈزمۇ ئاخىرلاشتى ، توي ـ تۆكۈن ، ئوغـلاق ، بەيگە پەسـلى باشلاندى . كەچ كـۈز مەزگىلى زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە هەر كۈنى تالاش ـ تارتىش ، هەر سائەت گەپ تالىشىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى .

— قـار قـىـلـىـن يېغىشتىــن بۇرۇن شەهــەرگــە كۆچـۈپ كىرەيلى ! — دەيتتى رەيهان هــەر كۈنى ئەتىــگەندە هاۋاغـا قـاراپ قويۇپ ، — قاراڭ ، هاۋانىڭ ئەلپازى يامان !

— تېخى ئوزاكۈنىلا ئوغلۇڭنى يوقلاپ چىقتىمغۇ ، خوتۇن ، — دەيتتى زىياۋۇدۇن تـولا تەكرارلانغان گـەپتىن بىزار بولۇپ ، — خەتنە تويىنى ئۆتكۈزۈۋالايلى ، ئاندىن كېيىن بىر گەپ بولار !

— تويىنى مەشەدە قىلىپ ، بالىنى شەهەردە ياتقۇزايلى .

— ياق ، خوتۇن ، مۇختەرباي ئاكام ئۇنىمايدۇ !

— بالا ئۇنىڭمۇ ، سىزنىڭمۇ ؟

— ئاتا يوللۇق ئاكا ئۇ دېگەن !

— ۋاييەي ! ...

رەيـهـانـگـۈل بـايـنـىـڭ قـىلمىشلىرى : يازچە پەنجىرىدىن كەتمــگەنلىكى ، ئېسىلغانلىقى ، يېلىنغانلىقى ۋە يامان نىيەتتە

بولغانلىقلىرىنى ئاشۇ «ۋاييەي» بىلەنلا ئىپادىلەيتتى. لېكىن، زىياۋۇدۇن بۇ ئاياللار تىلىنىڭ بۇنچىلىك جىق مەنىسى بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن. ئۇ ئايالىغا تەسەللى بېرىپ، خۇش قىلىش ئۈچۈن:

— نۇرى ھۇسەنبايىنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپ خېلى پۇل تېپىپتۇ، خوتۇن. پۇل بەرسەم زادى ئالمىدى، توقاچلىرىڭ بىلەن قايماقلىرىڭنىلا ئالدى. ھاشىم تەمبۇر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. ئوغلىمىز قالتىس ئوقۇۋېتىپتۇ. باي ئاكامنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىخانىلىق ئۆيىدە ياتىدىكەن...

— ياق، ياق، بالام خەقنىڭ ئۆيىدە قورۇنىدۇ، قۇرسۇن ئۇنداق بالىخانا...

بۇ گەپلەر كۆندە بىرنەچچە قېتىم بولۇپ تۇراتتى.

مانا ئۇ بۈگۈن سۆيىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ دۈمچىيىۋېلىپ يوغان تەڭنىدىكى لىق خېمىرنى ئېگىلىپ تولغىنىپ چەيلىمەكتە. زىياۋۇدۇن كىچىك قىزىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ رەيھاننىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا، ئورۇق قوللىرىنىڭ خېمىر چەيلىشىگە، يوغان خېمىرنى ئۆرۈگەندە بويۇن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشىگە، پۇتلىرىنىڭ تىترەشلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۈمۈرلۈك ھەمراھىنى تۇرمۇش ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇرغۇسى كېلەتتى، لېكىن چارىسى يوق، خېمىرنى ئەر كىشى يۇغۇرسا توخۇنى چانىغا قوشقاندەك كۈلكىلىك بولىدۇ، ئۆرۈشۈپ بەرسىچۇ؟ ياق، تارانچى ئەرلىرى قازان بېشىغا يولىمايدۇ، بۇ بىر نومۇسلۇق، خۇددى كوچىدا ئانىدىن تۇغما ماڭغاندەك بىر ئىش. ئوچاقتا كۆكۈم يۆلەپ قويۇپتۇ. سامان ئارىلاش كۆكۈم كۆيۈپ ئوچاقمانتىغا يامرىماقتا، ئۇنى زىياۋۇدۇن ئىچىگە تىقىۋەتسە بولىدۇ، لېكىن بۇ ھەم خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى، ئۇنداق قىلسا خوتۇنىغا ئۆز قولى بىلەن ئوسما قويۇپ قويغاندەك بولىدۇ، ئۇ تولىمۇ مەسخىرىلىك ئىش!

— ئوت تېشىغا چىقىپ كەتتى، خوتۇن!

رەيھان پوپۇچ كىيگەن پۇتلىرى بىلەن ئوتنى تۈزىدى. تالادىن بەرا يۇگۈرۈپ كىردى:

— ئاپا، موزاي ئېمىپ كەتتى! ...

— موزاينى باغلاپ قوي، ساقام. خېمىرنى كاڭغا دۈملەپ قويۇپلا كالا ساغىمەن.

بەش تونۇر نان ياقماق رەيھانغا مۈشكۈل، زىياۋۇدۇنغا ئىش ئەمەس. شوخ موزاينى ئۆزى باغلاپ كالىنى يالغۇز ساغماقمۇ زىياۋۇدۇنغا ئىش ئەمەس. قىزى يىغلىدى:

— قىزىڭنى بەزلىسەڭچۇ، خوتۇن!

— ئويۇقتىن نان ئېلىپ بىرىڭ، تاختۇشتا قايماقمۇ بار، يېگۈزۈپ قويۇڭ!

— نېمە دەيسەنوي؟

— بىر قولۇمنى ئۇن قىلالمايۋاتسام قاراپ تۇرامسىزا؟

— خوتۇن بول دەمسىنا؟

— يازىچە باغ باغلاپ، پايخان ھەيدەپ، ئورما ئورۇسام ئەر بولدۇڭ دېمەيسىزۇ، ئەمدىزە بالىغا قايماق يېگۈزگەنگە ... ۋايىەي! ...

زىياۋۇدۇن ئادىتى بويىچە كۈلۈپلا قويدى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ شۇ كۈنى بالا باقتى، بەرا بىلەن دەرا ئانىسىغا قارىشىپ تونۇرغا ئوتۇن سالدى، راسلانغان نان ـ توقاچلارنى تونۇر بېشىغا توشۇدى، كىچىك ئوغلىنىڭ خەتنە تويى ئۈچۈن مۈختەرباي بەرگەن ئۈچ قوي بىر قوزىغا چۆپ بەردى، ئۆيگە ئۆستەڭدىن سۇ توشۇدى. مانا قاراڭغۇ چۈشۈۋىدى، بۇ ئىككى بالا غورۇ سېلىپ تاڭلىدىتىپ پانا قاقتى. زىياۋۇدۇن بۈگۈن رەيھاننىڭ ئىشلىرىغا نېمىشقىدۇر زەن قويدى. ئۇ يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مانا قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، بىردەم جىم تۇرغىنى يوق. شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىش ئۈچۈن يازىچە قۇرۇتقان ئالما، قوغۇن قاقلىرى، پەمىدۇر، لازا، بوجا گۆشلەر، بىر باداڭ ئۇن، ئون نەچچە قاپاق ياغ، ماتا ـ شاتىۋاردىن بولسىمۇ ئىچىگە يۇڭ سېلىپ تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپە، توزغاق ـ سامان تىقىلغان قۇراق ۋە لەستىك ياستۇقلار، باي ئاكىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ يۇرۇپ قىشلاقتامدىن تاغار ـ تاغاردا

ئاچىققان يۈزىدا ئېتىلگەن گۈلسىز كىگىزلەر، تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك، بېسىلغان قوراي ـ تېزەك ··· ھەممىسى رەيھاننىڭ قولى بىلەن پۈتكەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھانگۈل بېشىنى تىزىغا — جەينىكى بىلەن تايانغان ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ، كەچ كىرگۈچە ئالدىراپ نان يېقىپ چارچىغان سول قولى بىلەن ئىسسىق تونۇرغا سانسىز قېتىم باش تىقىپ قىزارغان يۈزىنى سىلاپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. تولۇن ئاينىڭ قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن شامالدا لىغىلداپ چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقىدا رەيھان ئۇنىڭغا تولىمۇ چىرايلىق، مېھرىلىك ۋە مۇلايىم كۆرۈندى. ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان يالغۇز قىزىنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئاق سېرىقلىقى سىزگە، قاش ـ كۆزى ماڭا تارتىپتۇ، نۇرىدەك چىرايلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى.

— ساڭا ئوخشاش چىرايلىق!

بەلكى زىياۋۇدۇننىڭ ئايالىنى بىرىنچى قېتىم مەدھىيىلىشى بولسا كېرەك، رەيھان بۆلەكچىلا جانلىنىپ كۈلۈپ:

— ئىچىمگە ئوت كەتتى، مۇزدەك تاۋۇز يېسەكمىغۇ! — دېدى. زىياۋۇدۇن دەرھال ماڭماقچى بولۇپ مىدىرلىدى. بۇمۇ بەلكى تۇنجى قېتىم خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىغا مىدىرلىغىنى بولسا كېرەك:

— مەن ئاچىقاي، خوتۇن، باللار ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك ئويناۋاتىدۇ.

— ياق، مىدىرلىماڭ، بالا ئويغىنىپ كەتمىسۇن، ئۆزۈملا ئاچىقاي.

رەيھان چاققانلىق بىلەن تونۇر بېشىدىن چۈشۈپ باغ ئىشىكى بىلەن ھويلىغا ماڭدى.

زىياۋۇدۇن خېلى كۈتتى، رەيھان چىقمىدى، ئۇ رەيھاننىڭ پات ـ پاتلا شا بولۇپ قالىدىغىنىنى، بۇ شا بولۇشنىڭ بۇ يىل

كۆپىيىپ قالغىنىنى بىلەتتى ، ئۇ ئەنسىرەپ :

— رەيھان ! — دەپ ۋارقىرىدى .

قىزى ئويغىنىپ يىغلىدى .

— بەرا ، دەرا ، ھەمرا ! ··· — ئۇ بالىلىرىنى ۋارقىرىدى . ھويلىغا چىرقىراپ يىغلاپ ھەمرا يۈگۈرۈپ كىردى :

— دادا ، دادا ، باغ ئىشىكىدە ئالۋاستى ياتىدۇ !

زىياۋۇدۇن تونۇر بېشىدىن قىزىنى كۆتۈرگەن پېتى سەكرەپ چۈشۈپ باغ ئىشىكىگە يۈگۈردى .

رەيـــھان سۇنايلىنىپ ئوڭدا ياتاتتى ، ئۇنىڭ چاچلىرىغا سامان ـ چاۋارلار يېپىشقان ، خېلىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق كۆزلىرى زىياۋۇدۇنغا تىكىلگەن ، لېكىن نۇرسىز . ئۇزۇن كــىرپــىكلىرى ھەرىكەتسىز ، ئۇزۇن ، قاپقارا قاشلىرى قېتىپ قالغاندەك ، يېرىم ئوچۇق ئاغزى بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى . زىياۋۇدۇن ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى ، ھاياتىدا ياش چىقىپ باقمىغان ئەر كۆزىدىن ھايات پاجىئەسىنىڭ مارجانلىرى چاچىراپ چىقتى . ئۇ تىترەپ تۇرۇپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان ھەمراھىنىڭ گۈزەل نامىنى ئاتاپ بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى :

— رەيھان !

ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلاندى . بىرىنچى بولۇپ بۇ ھويلىغا مۇختەرباي يېتىپ كىردى ۋە رەيھاننىڭ جەسىتى ئالدىدا تىــزلــىنــىــپ ئــولــتۇرغىنىچە زىياۋۇدۇننىڭ يىرىك قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ :

— قېرىندىشىم ! — دەپ ۋارقىرىدى .

بىردەمدىلا ھويلا ، كوچا ھازىچىلار بىلەن تولدى . رەيھانگۈل باينىڭ قىزى . زىياۋۇدۇن توي قىلغاندا پۈتۈن مەھەللە كىشىلىرى مۇشۇنداق قوزغىلىپ بۇ ھويلىدا تۈنجى توي كېچىسىنى تۈگۈلۈك ماراپ ئۆتكۈزگەنىدى . لېكىن ، باي قىزى بىر ئەر ئۈچۈن ئون نەچچە يــىــل كــۆرمىگەننى كۆرۈپ ، قىلمىغاننى قىلىپ ، ئۆز

ساداقىتىنى مەڭگۈلۈك قۇچاقلاپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا ئۇخشاشلا ھويلىدا بىر كېچىنى تۈنەك بىلەن ئۆتكۈزدى. پەرقى: بىرىدە شادلىق، ھاياجان ئۇلارغا ھەمراھ بولغان؛ بۈگۈن بولسا قايغۇ، كۆز يېشى ئۇلارغا ھۆكۈمران.

زىياۋۇدۇن تاڭغا يېقىن سۇپىدا توقۇم ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھايات خاتىرىسىنىڭ بېشى، ئەڭ تەسىرلىك بەتلىرىنى ئوقۇدى.

… زىياۋۇدۇن ئاپىسىنى كۆتەك ھارۋىغا سېلىپ قىشلاقتامغا چۈشتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ نېدىرشا ئىسىملىك تاغىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا ئىككى چېچى تېقىمىغا چۈشىدىغان بىر قىزنى كەينىدىن كۆردى. يوغان ئۇن ساندۇقىدىن تەڭنىگە ئۇن ئېلىۋاتقان قىز كەينىگە قايرىلىپ، ئېتىنىڭ بوغىسىنى چىقىرىۋاتقان زىياۋۇدۇنغا قارىدى. بۇ قايرىلىپ قاراش ئەمەس، ئوق ئېتىش، سالما تاشلاش بولدى. ئۆزىگە ھازىرغىچە بىرمۇ قىز تەبەسسۇم بىلەن قاراپ باقمىغان يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى، ۋۇجۇدىغا قوقاس چېچىلدى. ئۇ بوغىنى ئالىمەن دەپ قايتىدىن سالدى، ھودۇقۇپ ھارۋىنىڭ شوتا ياغىچىغا پۇتلىشىپ ئوڭدا يىقىلدى. ئۇنىڭ قالپىقى قىزنىڭ ئالدىغا دومىلاپ باردى، قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ قالپىقىنى قولىغا ئالدى ۋە زىياۋۇدۇننىڭ قولىغا بەرمەي تىكلەكلىك ئارىنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ شوخلۇق بىلەن ئۆگزىگە چۆرۈۋەتتى. زىياۋۇدۇن قالپىقىنى ئالغىلى دەرۋازا سىرتىدىكى شوتىغا ياماشتى. ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ قالپىقىنى ئېلىپ چۈشەي دېسە شوتا يوق، شوخ قىز باغدىكى قېرى قارىياغاچتا ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتاتتى، ئۇ پۇتلىرىنى ئۇدۇلدىكى دەرەخ غولىغا تەگكۈزۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك «گۈ ـ گۈ ـ گۈك» دەپ ئوينىماقتا ئىدى.

زىياۋۇدۇن ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، قىزنىڭ ئۇچۇۋاتقان توم چاچلىرىغا، يىپەك كۆڭلەك ئىچىدىكى ئەۋرىشىم بەدىنىنىڭ تولغىنىشلىرىغا، ھەر قېتىم قايرىلىپ ئۆزىگە قارىغاندا

پەيدا بولىدىغان بىر جۈپ زىنىخ ۋە ئويناق قارا كۆزلىرىگە ھەۋەس، زوق ۋە ئۈزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر خىل قايناق ھېسسىيات بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئاخىر قىز ئۇنىڭ يېنىغا لەيلەپ كەلگەندە ئاۋازلىق قىلىپ:

— سەن پىشقان ئۈجمە، مەن توقۇناق قاغا بولۇپ قالسامكەن! — دېدى.

قىز يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ:

— ھەي قاغا، ماڭ كەت، تېخى ئۈجمە پىشمىدى! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

زىياۋۇدۇن كەچتە يار بويىدىكى بۇلاقتا ئېتىنى سۇغىرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بوينىغا مۇزدەك سۇ قۇيۇلدى. ئۇ چۆچۈپ قارىدى، رەيھان چىغىر يول بىلەن بۇلاق بېشىدىن يۇقىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ باراتتى ... «قاغا بولسام، كەينىدىن ئۇچسام!» دەپ ئويلىغانىدى شۇ چاغدا زىياۋۇدۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن زىياۋۇدۇن ھە دېسىلا قىشلاقتامغا يۈگۈرىدىغان، قوم ئارىشاڭ كۆنلىرى ئۆيگە نەچچە كۈنلەپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئاخىر يىگىت ئارزۇسىنى ئانا چۈشەندى. ئۇ تۇغقانلىرىغا گەپ پۈرىتىۋىدى، نېدىرشا ھاجىم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئاچچىق بىلەن:

— بۇ نەۋرەمگە شەھەردىن سېتىۋالدى باينىڭ ئەلچىلىرى چىققان، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئېغىزلانغىنى نېمىسى بۇ شاۋدۇننىڭ شاللىقىنىڭ! ... — دېدى. شاۋۇدۇن زىياۋۇدۇننىڭ دادىسى ئىدى. ئۆز ۋاقتىنىڭ چوڭ زېمىندارى، ھازىرقى ۋەيرانچىلىقنىڭ بوۋىسى بولغان ئۇ كىشى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇل خوتۇنىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى قالمىغانىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن نېدىرشابايىنىڭ قورۇسىدىكى مالاي قىز مەھەللىدە پەيدا بولدى. ئۇ زىياۋۇدۇنغا:

— ئۇجمە پىشتى ، بۇلاق بويىغا چۇشتى دەيدۇ رەيھانگۇل ، — دېدى .

— قاچان ؟

— بۇگۇن كەچ !

زىياۋۇدۇن ئاغىنىسى بىلەن ئىككى ئاتلىق بولۇپ قاراڭغۇ چۇشكەندە بۇلاقنىڭ نېرىسىدىكى تاللىققا كەلدى . بىر دەمدىن كېيىن سايىنىڭ شېغىللىرىنى شىلدىرلىتىپ باينىڭ قىز نەۋرىسى پەيدا بولدى . زىياۋۇدۇن ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئۇزەڭگىگە دەسسەتتى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى ، ئۆزى ئېگەرنىڭ كەينىگە مىندى . ئۇلار چاپچالمازاردىكى يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە دەريادىن ئاتلارنى ئۇزدۇرۇپ ئۆتۇپ بېرىۋالدى (كېمە كېچىسى ماڭمايتتى ) . ئۇ يەردە ئۇچ كۇن تۇردى . قىز ئېلىپ قېچىش ئومۇمىي ئادەت ، ئەمما باي قىزىنىڭ قېچىشى چوڭ نومۇس ، نېدىرشاھ باي — ئېگىز ، قاتاڭغۇر ، سەپرا ئادەم زىياۋۇدۇننىڭ ئەلچىلىرىنى تىللاپ :

— بىر قانجۇق ئۆلدى ناھايىتى ، ئۇنداق نەۋرىمىز يوق ، كۆزۇم كۆرمىسۇن ئۇ رەسۋانى ! — دېدى .

ھاقارەتلەنگەن قىزنىڭ تويى ئاددىي ، نىكاھى كاتتا بولدى . شۇنىڭدىن بېرى باي قىزى زىياۋۇدۇننىڭ كەڭ ھويلىسىنىڭ خوجايىنى ھەم مالىيى ، قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ يىللارنى ئۆتكۇزدى ، ھويلا ئۇنىڭغا سۆيۇملۇك باللارنى ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ، شادلىقى ھەمدە يۇزلىرىگە قورۇق ، سانسىز جەبىر - جاپالارنى ھەدىيە قىلدى . ناھايەت ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن مۇشەققىتى يوق ئالەمگە ئۇزاتتى .

بۇ چۇش ئەمەس ، زىياۋۇدۇننىڭ خىيالى ، ئۇ ئۇخلىمىدى ، ھايات دەپتىرىنى ۋاراقلىدى ، ساۋاتسىز بولسىمۇ گەرچە ...

ئەتىسى يىغا - زار ۋە داغدۇغا بىلەن رەيھاننىڭ مېيىتى ئۇزىدى .

## 5

— ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەن شۇ ! — دېدى مىرا «قازى» قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ، — ھۆكۈمەت بىلەن ئىرەكەشكىلى بولامدۇ ؟

— قازارەن ئالىمادىس ! — دەپ ساقىلىنى سىيپىدى مەھەللە ئىمامى بېشىنى لىڭشىتىپ .

ئۈچىلىرىغا پەرجە ، تاشلانمىغان جۇۋا ، شالۋۇر ، كىگىز پايپاق بىلەن پۇرمە چورۇق كىيىشىپ ، پۇتلىرىنى ئاستىغا باسقىنىچە مەسچىت تېمىغا يۆلىنىپ كۈنگە قاقلىنىپ ئولتۇرۇشقان يۇرت چوڭلىرى كۈندىلىك پاراڭنى باشلىۋېتىشكەنىدى .

ئۇلۇغئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئوغرى چۈشكەن كۈنى ئوتتۇرىغا چىققان مەھەللە باتۇرلىرىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكىنىگە مانا ئۈچ ئايدىن ئاشتى . ئادەملەر يازغان ئەرز ، قىلىشقان چوڭ گەپلىرىنى تامامەن ئۇنتۇشتى . ۋەھالەنكى ، تۇنۇگۇن زىياۋۇدۇن تۇتۇپ كېتىلگەنىدى ، يەنە يېڭى باتۇرلار پەيدا بولدى :

— بۇ مىڭبېگىنىڭ ئىشى ، مىڭبېگىنى ئولىشىپ تازا سالايلى !

— غوجامغا ئەرز سۇنايلى !

— ياق ، بۇ ئالا بايتالنىڭ ئىشى ، مۇختەرباي ئالا بايتالنى ئۆزىچىلا «ۋۇي قاشقالىق !» دەپتۇ ئەمەسمۇ ، مانا ئەمىسە دەپ زىيەكنى باغلاپ كەتتى !

تۇنۇگۈن — قىبلىدىن ئاچچىق شامال چىققان كۈنى مەھەللىگە قىلىچ ئاسقان ئىككى چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ ئالا بايتالنىڭ بورۇتلۇق چاپارمىنى كىرىپ كەلدى ـ دە ، «زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيى قايسى ؟» دەپ سورىدى .

— ئاۋۇ شۇ ! — دېيىشتى شۇ يەردە ئولتۇرۇشقان قىزىقچىلىققا ئامراق دېھقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ . ئىككى

دېھقان ئۇلارنى زىياۋۇدۇننىڭ غورۇلۇق ھويلا ئىشىكىگە باشلاپ كەلدى.

— زىيەك، ھوي زىيەك!

بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق كىيىپ، تىزىغا چۈشىدىغان قارا پەشمەت ئۈستىدىن ئاق پوتا باغلىۋالغان زىياۋۇدۇن ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، قاپىقى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزارغانىدى، ئۇ كىچىك قىزىنى پەشمىتىگە يۆگەپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ يايىلارغا چۆچۈپ قارىدى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە! — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ.

— ساڭا چاقىرىق ئاچىقتۇق، شەڭگەن يامۇلدىن! — دېدى چاپارمەن قويندىن پۈرلەشكەن قەغەزنى چىقىرىپ، — ھازىرلا ماڭىسەن، بالاڭنى قويە!

— نېمە دەيدۇ ھۇي مۇنۇ، خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتكەن، ئەتە قىرىق نەزىرى، نەزىر بېرىۋالاي، بالالىق ئىش بولسىمۇ!

— «بالالىق» دەيسەنغۇ! — دېدى چاپارمەن كۆل رەڭ چاپانلىق، بېلىگە تاسما پوتا باغلىۋالغان، پۇتىغا گوجەي يۆگەپ، پاختىلىق خەي كىيىۋالغان يايىلارنى كۆرسىتىپ، — مۇنۇلار ئۇقۇپ قالسا «تانابىڭ غىر!»

— ئۇقتۇرۇپ قوي بۇلىرىڭغا، سەن بىز خەق بولغاندىكىن!

— تولا سۆزلىمە! ھازىرلا مىڭبېگىنىڭ ھويلىسىغا بارىسەن. ئۇ يەردە ساڭا ئوخشاش ئۈچ - تۆت يىل دەن تۆكمىگەن گالۋاڭلاردىن يەتتە - سەككىزى بار، شۇلار بىلەن بىر قوشاققا قېتىلىسەن، ماڭ!

— ئۈچ - تۆت يىلىڭ نېمىسى ھوي، مەن ھەر يىلى دەن تۆكۈۋاتىمەن!

— مېنىڭ كارىم يوق، ماڭ، مەن ھەيدەپ ئاپىرىشنىلا بىلىمەن!

زىياۋۇدۇن بالىنى ئەكىرىپ قويۇش ئۈچۈن غورۇدىن ئېڭىشىپ ئۆيگە مېڭىۋىدى، چاپارمەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ

تارتتى .

— ئۆيۈڭگە ئەمەس ، مايافقا ، هوي گالۋاڭ !

— بالىنى ئەكىرىپ قويماي هوي ، ئەزرائىل بولساڭمۇ غەرەز ئۇق ـ دە !

— غەرەز ! — چاپارمەن گۇرەنلىرىنى كۆپۈرۈپ يېنىدىكى ئىككى يايىغا قارىدى ، — باڭ !

زىياۋۇدۇن كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغۇچە ئىككى چېرىك ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ چىگە ئارقان بىلەن جەينەك ۋە بېغىشىدىن باغلىۋالدى . زىياۋۇدۇننىڭ قىزى چىرقىراپ يىغلىدى ، ئۆيدىن قېينانىسى بىلەن بىر ياش جۇۋان يۈگۈرۈپ چىقتى ، ئېغىلدىن بەرا بىلەن دەرا ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ھەمرا قوللىرىغا ئارا ـ كالتەكلەرنى ئېلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى ، زىياۋۇدۇن ئۇلارنىڭ يايىلارغا تەڭلىگەن تاياقلىرىنى گەۋدىسى بىلەن توراپ :

— تەگمەڭلار ، باللىرىم ، ئۇرماڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى . يايىلار نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى تەڭلىگىنىچە ، زىياۋۇدۇن باغلانغان ئارقاننىڭ ئۇچىنى چاپارمەنگە تۇتقۇزۇپ مەھەللىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە قاراپ ماڭدى ، زىياۋۇدۇننىڭ باللىرى يايىلارغا ئېتىلىپ كەلدى ، ئۇلار ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا قويماي بىر يايىنىڭ دۈمبىسىگە ئارا بىلەن بىرنى سالدى .

— ئەيبا ! — شالاڭ ساقال ، ھىڭگاڭ چىش ، پاناق يايى تەرىنى سەت تۇرگەن هالدا ئىڭراپ نەيزىنى بالىغا قارىتىپ يۈگۈردى ، — سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !

ئۇ بالىغا نەيزە ئۇرۇشىغا بىر چوماق ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى . ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە بېشىنى تۇتۇپ ۋارقىرىدى :

— هۇ ، يەتمىش پۇشتۇڭنى !

يەنە بىر يايى قورقىنىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى . مەھەللىنىڭ ئىتلىرى هاۋشىپ كەتتى ، قاغىلار قاقىلدىشىپ ئەتراپنى بىر ئالدى ، ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشتى . جىمجىت مەھەللە بىردەمدىلا قىيقاس ، ۋاراڭ ـ

چۈرۈك ، ۋارقىراش - جارقىراش بىلەن ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . زىيەكنىڭ يېنىدا بىردىنلا مۇختەرباي پەيدا بولدى . ئۇ بىر يايىنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ قوڭىغا بىرنى تەپتى ، ئاندىن ئىككى يايىنىڭ ئۆزۈن ملتىق ، نەيزىلىرىنى تارتىۋېلىپ غەزەپ بىلەن خىرقىرىدى :

— ۋۇي ئاناڭنى ... سېسىق توڭگۇزلار ! — ئۇ زىياۋۇدۇننى بوشتىپ يايى - چېرىكلەرگە ھۆرپەيدى ، — ماڭ بېرىپ ئېيتىش ! يامان بولسا ئالا بايتالنىڭ ئۆزى كەلسۇن ، ئۇ ئالا بايتال بولسا مەن قارا قاۋان !

يايىلار كەتتى ، پۈتۈن مەھەللە ئەندىشىگە چۆكتى . مۇختەرباي قارىغىر ئېتىنى مىنىپ چىقتى - دە :

— غوجامغا ئېيتىمەن ! — دەپ شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن زىياۋۇدۇن ئۆيىدىن چىقتى .

— جاننى ئالسىمۇ ئالدىغا باراي ، مەن بارمىسام ئۇلار ئون بولۇپ كېلىدۇ . ئابدۇل ئاداش ، باللارغا قارا ، ئەۋەتمە ، ھويلىدىن چىقارما جۇمۇ ! — دېدى ئۇ ۋە مىڭبېگىنىڭ كۆزلىكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

مانا بۈگۈن مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم مەسچىت ئالدىغا توپلانغان ، ئۇلارنىڭ كۆزى شىمالغا كەتكەن مىڭبېگى كۆزلىكىنىڭ يولىدا ، ئۇ ياقتىن بىر قارا بوران كېلىدىغاندەك ، يەنە بىرلىرىنىڭ كۆزلىرى شەھەر يولى — غەربكە كەتكەن ھارۋا يولىدا ، ئۇياقتىن گويا يېڭى بىر قۇياش چىقىدىغاندەك .

— غوجامنىڭ ئالا بايتالغا چامى يېتەر - ھە ؟

— يەتمەي ۋاھ ، غوجامنىڭ يەتتە بوۋىسى بۇ يەرنىڭ خوجايىنى تۇرسا !

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئالا بايتال دېگەن چيۇ سىلىڭ بىلەن بىللە ئەپيۇن چېكىدىغان قاشقالىق - دە !

— چيۇ سىلىڭ ، دوتەي دېگەنلەر شىڭ دۇبەندىن قورقار - ھە ؟

— شىڭ دۆبەندىن ياپونمۇ قورققۇدەك . كۆرمىدىڭمۇ ، بىزنىڭ ئىلىغا ياپون كەلمىدى .

— نى ـ نى بايلىرىڭنى خائىن قىلىپ زىندانغا تاشلىغان شىڭ دۆبەن ئالا بايتىلىڭدىن قورقاتتىمۇ ؟

— نەزەرخان غوجام كەلسىدى !

— ھېكىمبەگ غوجامۇ تېتىيدۇ ، مۇختەرباي ئاچىقالامدىكىنتاڭ ؟

— ئاچىقماي ! — دېدى مىرا «قازى» ھاۋادا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، — شاھلىق بېگىم غوجامنىڭ يانچىلىرىنى باشقۇرالماي قالسىلا مۇختەربايىنىڭ دادىسى رەھمىتى ئوسمان ھاجىمغا يالۋۇراتتى . مۇراپ ھاجىم ، ئوسمان ھاجىملارنىڭ دادىلىرى خالزاتخان غوجاملار بىلەن دوست ئىكەن ، يەتمىش ـ سەكسەن يىل ئىلگىرى سەكسەن ئۈچ يۈز بېگىلىك يەرنىڭ دېھقانلىرى قوزغىلىپ ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ پېشىنى تۇتۇپ خاننىڭ سىپىلىغا ھۇجۇم قىلغاندىمۇ ، بىزنىڭ ھاجىملارنىڭ دادىلىرى كالا دېگەننى دوكۇرتۇپ ئاپىرىپ سويۇپ ، پۈتۈن دېگەننى تۆگە ـ تۆگىلەپ توشۇپ غازاتچىلارنى باققانىكەن ، سادىر قاشقۇقنىمۇ نەچچە قېتىم كۆرۈپتىكەن . ئەلاخان سۇلتان مۇشۇ قىشلاقتام ، مازارلارغا كەلگەندىمۇ بىزنىڭ ھاجىلىرىمىزنى يوقلىغانىكەن ! ...

«قازى» دېھقانلار چۈشەنمەيدىغان تىل بىلەن سۆزلىگەن بۇ سۆزلىرىنى تېخىمۇ تەسلەشتۇرۇش ئۈچۈن :

— موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمدىن «پەجمۇردە بولغان قۇرئاننى قانداق قىلىش لازىم ؟» دەپ سورىغان توقىلەك شاگىو بىلەن بىزنىڭ ئوسمان ھاجىمكەن . موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم : «ئۇنداق قۇرئاننى تاغارغا سېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتكۈلۈك» دېگەندە ، «مانا ئەمىسە ئۆزلىرى پەجمۇردە بولغان قۇرئان» دەپ ئاخۇنۇمنى ئىلى دەرياسىغا تاشلىغاندا ، تاغارنىڭ بىر بېشىنى تۇتقانمۇ ئوسمان ھاجىم ئۆزىكەن ... — دېگەندەك تارىخىي ۋەقەلەرنى قوشۇپ قويدى .

— ۋاي كەلدى ! — دەپ ۋارقىرىدى مەسچىت ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان كەيمە تاز ، توپا چىراي كورەك جۇۋۇلىق بىرەيلەن ، — ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ ، ئەنە ، ئەسكى تامدىن چىقتى !

دېھقانلار ئوپۇر - توپۇر بولۇشتى . ئويناقلاپ تۇرىدىغان تورۇق ئات مىنگەن ئابدۇمەر مىڭبېگى بىلەن كۆك ئات مىنگەن سۇرى يامان بىرى ، ئۇلارغا ئەگىشىپ چاپارمەن ، يۇز بېشى ، ئەللىكبېشىلار ، باشلىرىغا تۆپە ، شەپكە كىيىشكەن ئاتلىقلار مەھەللىگە كىرىپ كېلىشتى .

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مەسچىت تېمىغا يۆلىنىپ ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى . ئاتلىقلار توختاشتى . قارا ساقال ، قوش بۇرۇن ، تۆپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان مىڭبېگى قامچا دەستىسى بىلەن ئېگەرگە تايىنىپ تۇرۇپ :

— نىياز بېگىم تۇنۇگۇنكى ئىشتىن ناھايىتى خاپا بولدى ! — دېدى يېنىدىكى سۆسەر تۇماق ، كۆك پەرىجە كىيىپ بوينىغا كۆك سەرگازدىن «شارپا» ئورىۋالغان ، سارغۇچ ساقال ، قاڭشارلىق ، كۆزلىرى سۇرلۇك ، بويى ئېگىز ، قاتاڭغۇر ئادەمنى كۆرسىتىپ ، — مۇختەر ئۆيىدە بارمۇ ؟

— يوق ، شەھەرگە كەتتى !

— خەپ ! — دېدى ھېلىقى سۇرلۇك ئادەم ئاچچىق بىلەن ، — ئاڭلاپ قويۇش خالايىق ، كىمدەكىم گەدەنكەشلىك قىلىپ بىزگە يانىدىكەن ، ئۇنى باغلايمىز ، ئاسىمىز ، سولايمىز ، ئۇرىمىز !

ئۇلار گۇپۇرلىشىپ جەنۇبقا يۇرۇپ كېتىشتى .

بىر قۇزغۇن مەسچىت ئالدىدىكى قېرى قارىياغاچنىڭ شېخىغا قونۇپ قاقىلدىدى . ئۇنىڭ ئۇنى بايىقى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى .

— ئالا بايتال دېگەن شۇ ! — دېدى مىرا «قازى» دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتكەن ئادەملەرگە بايىقى «سۇرلۇك» ئادەمنى

تونۇشتۇرۇپ، — بىلىدىغىنى شۇ: باغلايمىز، ئاسىمىز، سولايمىز، ئۇرىمىزلا!
— مۇختەرباي بولغان بولسا قانداق قىلاربىدىكىن؟
— باغلايدۇ - دە، قارا، مۇختەرباي دېمەستىن «مۇختەر» دېگىنىنى ئۇنىڭ.
— مۇختەرباي ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ جۇمۇ! ئۇ بولغان بولسا «ۋۇي قاشقالىق!» دەيتتى - دە!
— دېيەلەمدا؟
— دېمەيچۇ!
بۇ مەھەللىنىڭ خوجايىنى، بېيى، ھىمايىچىسى مۇختەرباي ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن بىلىملىك، ھەممىدىن چوڭ، ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى.
— زىيەكنى نېمە قىلىۋەتتىكىن؟
— باغلاپ ئامبارغا سولاپ قويۇپتەك!
— كېچىلەپ شەھەرگە ئەكېتىپتەك!
— ۋاي بىچارە!
— «ھالۋىنى ھېكىم يەيدۇ، تاياقنى يېتىم» دېگەن شۇ.
— دەننى ئەيسا ھاجىلار تۆكمىسۇنۇ، سولاققا زىيەك چۈشسۇن!
بۇ چاغدا مۇختەرباي قارىغىر ئات ئۈستىدە خىيال بىلەن كەلمەكتە ئىدى.
ئۇ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن شەھەرگە يېتىپ كىردى. قارادۆڭ مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا ئۇنى بوم چىقىدىغان مەزىن نامازشامغا ئەزان ئېيتىۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھويلىدىن بېشىغا چاقچان سەللە ئوراپ ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي ئادەمنى كۆردى - دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تېيىپزات خەلپىتىم!
— ھە، مۇختەربايمۇ سىز، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟

تېيىپزات ئىسىملىك بۇ تېتىك، قارا ساقال ئادەم غۇلجىنىڭ قازىكالان خەلپىتى مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرىتى، بىلىمى ۋە ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان داڭلىق ئادىمى ئىدى. ئۇ غوجام بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەتتى.

— غوجام بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمىكىن خەلپىتىم، — دېدى مۇختەرباي خەلپىتىمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

— نېمە، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتۇڭلارمۇ نېمە؟

— ئاشۇ ئالا بايتال دېگەننىڭ زۇلۇمى! — دېدى مۇختەرباي غەزىپىنى يوشۇرماستىن ۋارقىراپ، — كۆن بەرمەيدىغان بولدىغۇ ئۇ قاشقالىق!

— هاي، هاي ... مۇنۇ قارادۆڭلۈكلەرنىڭ تولىسى شۇ هە، مۇختەرباي، بۇ مەھەللىنى گەيجاڭ باقىدۇ دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ هە، مۇنداق دەڭ، غوجام بۈگۈن ئەتىگەن روزى تەمبۈر، ھەسەن تەمبۈرلەرنى ئېلىپ لىققىدە ئىككى خادىك ئادەم بىلەن ئارائۆستەڭگە قاسىم مىرابنىڭكىگە چايغا ماڭدى. مىرابنىڭ تۆت تاش تۈگمىنى ماڭغان چېغى، شۇنىڭ خۇشاللىقى ئوخشايدۇ.

— ئانداق بولسا مەن ياناي! — دېدى مۇختەرباي ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يىغىپ تۇتۇپ.

— ئۆيگە كىرىپ قونۇپ كەتمەمسىز، مۇختەرباي؟

— رەھمەت خەلپىتىم، غوجامنى مىرابنىڭ ئۆيىدىن تاپاي ئەمىسە!

ئۇ قارىگىرنى يورغىلىتىپ بىردەمدىلا جىرغىلاڭ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئېتىنىڭ تۆشىبېغىنى چىڭىتتى. ئاچا يول بېشىدىكى دۆڭدە تۇرۇپ ئوڭ ياقتىكى يولغا قارىدى. بۇ يول چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسىنى ياقىلاپ شەرققە مېڭىپ موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەسلەرگە، ھەتتا شوتىدىن ئۆتۈپ مۇز داۋاندىن ئېشىپ، باي، ئاقسۇلار بىلەن قەشقەر، خوتەنلەرگە كېتىدىغان چوڭ كارۋان يولى. بۇ كولدۇرمىلىق تۆگىلەر، ئېشەكچىلەر،

بورا ، شاخ ـ شۇمبا سايىۋەنلىك ھارۋىلار ، كارۋانلار توپا توزۇتۇپ توختىماي مېڭىپ تۇرىدىغان يول . ئۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قارىدى : ئاشۇ تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى سارغۇچ ئېدىرلار ، چەكسىز كەتكەن بېدىلىك ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قارا ـ قۇرا كۆرۈنگەن تارانچى يېزىلىرى ئۇنىڭغا تونۇش : سوپۇنبۇلاق — خونىخايدىن چاپچالمازارغىچە جاغىستاي ، قاينۇق ، يالغۇز ياغاچ ، قوغۇنچى يېزىلىرى مەشرەپ ۋە چاقچاقنىڭ كانى ، دېھقانلار ئۆيلىرىدىكى جىنچىراغ يورۇقىدا كۆڭۈللۈك ئوينىشىپ قاراڭغۇ قىشنى ئۆتكۈزىدۇ . مۇختەرباي ئۇ يەرلەرگە تولىمۇ ئامراق . ئۇدۇلدىكى تۈزلەڭلىك — مۇشۇ توغراقتىن تارتىپ ياماتۇغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئۇلارنىڭ مىڭبېگىلىكى . نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى دەريا بويلىرىدىكى يارلىق ، جاڭگال ـ ئورمانلىقلارنى پاناھ تارتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن تارانچىلار بۇ كەڭ زېمىننىڭ خوجايىنى — ئىگىسى . نېمىشقا بۇگۈن بۇ يەرگە قەشقەردىن چىققان ئابدۇمەر مىڭبېگى بولۇۋالىدۇ ، ئاقسۇدىن چىقىپ دوتەينىڭ يالىقىنى يالاپ چوڭ بولۇۋالغان ئالا بايتال زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى باغلاپ ئۇرىدۇ ـ ھە؟ ئۇنى ئاز دەپ كولخوز بولۇشتىن قورقۇپ رەسىدىن قېچىپ كەلگەن چېلەكلىكلەر ، غالجاتلىقلار ، كەتمەنلىك ـ پۇشكەكلىكلەر تېخى تارانچى بېيى مۇختەرباي بىلەن نېمىشقا شاكىيولۇق تالىشىدۇ ـ ھە؟ غوجام ئۆز پۇقرالىرىغا نېمىشقا ئىگە بولمايدۇ؟ ... مۇختەربايىنىڭ ئويلىغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ ، كىمنىدۇر تىللىغۇسى ، ئۇرغۇسى كېلەتتى . ئۇ ئۇزەڭگىنى دەسسەپ ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە ، توپا ـ چاڭلىق كارۋان يولىغا ئەمەس ، يار ياقىلاپ كەتكەن يالغۇز ھارۋا يولىغا قارىتىپ دېۋىتتى .

ئالدىدىكى يېزا رۇسلار جايلاشقان توغراق يېزىسى . ئۇلار تۆگمەن بېقىپ ، بېلىق تۇتۇپ ، ھەسەل ھەرىسى قىلىپ غولجىنىڭ سۇ ياقىلىرى ، بۆك دەرەخلىك جىلغىلىرىغا ئۆگىنىپ قېلىشقان . 1881 ـ يىلى ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشكەنىدى ، لېكىن چار

پادىشاھى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلىغا يەنە قېچىپ كېلىشتى . ھازىر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ئىككى يېزىنىڭ قەتئىنى چاقماقتا . بۇ يەرلەردە تاۋۇز شۇنداق ئوخشايدۇكى ، پىچاق بىسى تېگەر ـ تەگمەيلا يېرىلىدۇ ، يېسەڭ تىلنى ياردۇ . رۇسلارنىڭ ئىتلىرى ئاتنىڭ ئۇستىدىكى ئادەمگە ھۈرەيدۇ . بومبا ساقاللىق بوۋايلار ، كەڭ كۆڭلەك كىيىدىغان يوغان قورساق مارجانكىلار ئىتلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ . تېخى ئۇلارمۇ تارانچى يېرىنىڭ خوجايىنى . شەھەردىچۇ ؟ ئەنجانلىقلار بىلەن نوغايلار تاختايلىق ، ئەينەك دېرىزىلىك ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى : ئۇلار سودىگەر ، دۇكاندار ، ئوقۇمۇشلۇق ئەمەلدار . نەگىلا قارىسا تارانچىغا كۈن يوق . تۆت تال بۇغداينى تېرىپ قويۇپ ، يازچە سايىدە يېتىپ چوڭ گەپ قىلىپ ، قارغا مىلەپ ئاشلىق يىغىپ تاپقان ـ تەرگىنىنى دەنگە ، چۆپ ئۇچىغا تۇتۇپ بېرىپ شىللىسىنى قورۇپ يۈرگىنى يۈرگەن ... ياق ، مۇختەرباي تارانچىلارنى ئويغىتىدۇ ، بۇ كەڭ زېمىننىڭ خوجايىنلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ .

ئۇ توغراق رۇسلىرىنىڭ ئىتلىرىنى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىپ ، تۆۋەنكى توغراقنىڭ داڭلىق بۇلىقى يېنىدا ئاتتىن چۈشتى ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇمداپ ئىچتى ، ئاندىن ئېتىغا مىنىپ سول تەرىپىدىكى قېرى قارىياغاچلار ئارىسىدا قاتار ـ قاتار تىزىلىشقان رۇس ئۆيلىرىگە قاراپ تۇكۇردى : «قارا ، ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىمۇ قازاقنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدەك ئۇچلۇق ، ھارۋىلىرىمۇ تۆت چاقلىق تېخى ، ۋۇي دوزاختىن قېچىپ چىققان جوھۇتلار ، ئۆز يېرىڭگە سىغماي بىزنىڭ يەرگە قېچىپ كېلىشتىڭ . سەنلەر پادىشاھىڭ غۇلىمىغان بولسا بۇ يەرگە كېلىپ مەن بىلەن شاڭيولۇق تالىشاتتىڭمۇ ؟ ھەممە بالا ـ قازانىڭ كاتتىۋېشى سەن يۇڭلۇقلار ! ... بۇ يەردە ئەمدى چۇمۇلىدەك تېز كۆپىيىپ ئۆزۈڭنىڭ چار پادىشاھىڭنى تىكلەمسەن تېخى ، كىم بىلىدۇ . » ئۇ ئېتىنى ئويناقلىتىپ كەڭ سازلىققا چىقتى . ئۇ يەردە قازاق مالچىلار مال بېقىپ يۈرەتتى : «مۇشۇ قازاق دېگەن بولىدىغان ئىقلىمكەن ،

مېلىڭنى باقىدۇ ، نە يېرىڭگە ، نە شەرىڭگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ ...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە كۇلۇپ .

ئۇ كۆز باغلانغاندا بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە دۆڭدىن چۈشۈپ قارا سۇ ياقىلاپ كەتكەن يول بىلەن كۆنپېتىشقا قاراپ ماڭدى . جىمجىت كېچىدە تۇگمەن شارقىراتمىسى گۈركىرەيتتى ، تۇگمەن تېشىنىڭ ئاۋازى تاقىلداپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى : «پاھ ، سۇنى سۆزلەتكەن مىراب !» دەپ غودۇڭشىدى ئۇ .

قارا ئېرىق دەپ ئاتىلىدىغان سۇغا چىرايلىق كۆۋرۈك سېلىنغان . ئۇ كۆۋرۈككە قاراپ تۇرغان كۇنگەي دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى . چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كىچىك دەرۋازىدىن بىر ئادەم چىقتى ۋە سالامدىن كېيىن مۇختەربايىنىڭ ئېتىنى ئالدى .

— روزى تەمبۇر تازا مۇقام ئېيتىۋاتىدۇ ! — دېدى مالاي ئاتنى يېتىلىگىنىچە چوڭ دەرۋازىغا مېڭىپ .

چوڭ ھويلىغا چىراغ يېقىلغانىدى . سۇماي تولدۇرۇلغان دىڭخۇلۇ (قارا چىراغ) ھويلىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەر كىرسىن لامپىسى بىلەن يورۇغان . ئۆيدىن يالغۇز كىشى ئېيتىۋاتقان مۇقام ئاڭلىناتتى . مۇڭلۇق ، ئەمما گەپلىرى چۈشىنىكسىز بولسىمۇ ئايەتتەك تەسىرلىك مۇقاملارنى مۇختەرباي كۆپ ئاڭلىغان ، مۇختەرباي مۇقامچىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەمبۇرى بىلەن ئاھاڭىغا ئامراق . بۇگۇن نېمە بولدىكىن ، مۇقام ئۇنىڭغا تېخىمۇ تەسىر قىلماقتا . ئۇنىڭ يىغلىغۇسى ، ۋارقىرىغۇسى ، ياقىلىرىنى يىرتقۇسى كەلدى . ئۇ دالانغا كىرىپلا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى . گىلەم سېلىنغان يوغان ئۆي مېھمان بىلەن تولغان . يۇقىرىدا لەستىك يېكەندازلار ئۈستىدە ماھۇق ياستۇقلارغا تايىنىپ ھېكىمبەگ غوجام ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ يانلىرىدا شەھەر بايلىرىدىن بىرنەچچىسى ، بېرىسىدا يېزا بايلىرى ، مۇقام مۇرىتلىرى ۋە تىڭشىغۇچىلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشاتتى . مۇقام «بى - بى - بى ...»

بىلەن ئاخىرلاشتى. دۇتار بىلەن داپ تەمبۇرغا ئەگەشتى. روزى تەمبۇر، ھەسەن تەمبۇر ۋە ناخشىچىلار بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشتى:

هەر كىشىنىڭ دەردى بولسا يىغلىسۇن يار ئالدىدا،
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان بەلكى ئىزھار ئالدىدا ...

مۇختەرباي مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەردى ئازمۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن رەيھانگۇل ۋاقىتسىز غازاڭ بولدى. ئۇنىڭ ئېرى — باينىڭ پەخىرلىنىدىغان ئادىمى زىياۋۇدۇن باغلاندى. ئۇلارنىڭ چۆچۈرىدەك بالىلىرى قارا يېتىم بولۇپ چۇرقىرىشىپ - يىغلىشىپ قېلىشتى، ئالا بايتال دېگەن كەلگۈندى ھۆكۈمەت يايلىرىنى باشلاپ يۇرۇپ ئۇنىڭ ئادەملىرىگە گۆلەيدى، قامچا شىلتىدى، پوپوزا قىلدى ... ھېچكىم ئۇنىڭ يىغىسىنى تىڭشىمىدى، مۇختەرباي دەردلىك بولماي كىم دەردلىك بولسۇن، ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟!

— يىغلىما ھوي! — دېدى بىرى ئۇنى ئىللىق پەپىلەپ.

— ياخشى كەپسەن، يۇرە، غوجامنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوياي!

ئۇ پەپىلىگۈچىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېڭىشىپ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان ئادەم — ساھىبخانا قاسىم مىراب ئىدى. قارا ساقال، ئاق يۈز، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئادەم غۇلجا ۋادىسىدىكى ئارا ئۆستەڭ، بايتوقاي ئۆستەڭ، كوسۇن ئۆستەڭلىرىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان؛ ئەتىيازدا چاپتۇرۇپ، لاتقىلىرىنى تازىلاتقۇزۇپ، چېچەك سۈيى كېلىشتىن بۇرۇن قاش دەرياسىغا بۇقا قويغۇزۇپ، تۇرمەل ئەكىرگۈزۈپ، سۇ باغلاتقۇزۇپ ھەممە يۇرتنىڭ غول ئېرىقلىرىغا باراۋەر سۇ بېرىشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئادىل مىراب مانا مۇشۇ ئىدى. ساز توختاش بىلەن مۇختەرباي ئۆيگە كىردى ۋە ھەممە ئادەم بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئەھۋاللىشىپ چىقتى - دە،

غـوجامنىڭ يېنىغا بېرىپ يېكەنداز ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ غوجامنى دۇئاغا تەكلىپ قىلدى . غوجام دۇئا قىلدى ، كۆپچىلىك دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، غۇلجا چاقچاقچىلىرى مۇختەربايىنى «چاقچاق مۆلدۈرى» بىلەن كۈتۈۋالدى :

— يەر ـ جاھان توڭلىمايلا جاڭگالدىن تۇزگە چىقىپسىزغۇ هوي !

— ئورۇسلار كۆرۈپ قالمىغاندۇر ـ هە ؟

— لايغا بىرلا ئېغىنىۋالسا ئوقمۇ ئۆتمەيدۇ جۇمۇ !

— ئايلانمىقى تەستە !

— تـۈگـگان قـاچ ـ قـاچتا كىرگـەن ئورۇس تانكىسى مۇشۇمۇ يا ! ...

«قـاۋان» مەركەز قىلىنغان چاقچاقلارغا هېكمىبەگ غوجام تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلدى . مۇختەرباي دەسلەپ تېرىكتى . بىرى ئـۇنـىڭ لەقىمىنى ئېيتسا ئۇ هەمىشە تېرىكەتتى ، لېكىن هازىر تېرىكىپ تەڭ كېلەلمەيتتى ـ دە ! ئۇ غوجامغا ئەگىشىپ زورمۇزور كـۈچـىنىپ كۈلدى . غوجام قاتاڭغۇر ، ئورۇقراق ، قاڭشارلىق ، سارغۇچ قارا ساقىلىنى چىرايلىق چېكىپ ، بۇرۇتىغا ئۇلاشتۇرۇپ دۈگىلەك چەمبەر هاسىل قىلىۋالغان ، چىشلىرى ئاپئاق ، كۆزلىرى چىرايلىق ئادەم ئىدى . ئۇ هەر قېتىم قاقاقلاپ كۈلگەندە ، پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئەگىشەتتى . مۇختەربايىنىڭ نەزىرىدە بـۇ ئـادەم ئـىـلـى تـارانـچـىـلـىرىنىڭ پاسىبانى — هىمايىچىسى هېسابلىناتتى . ئۇنىڭ چۇلۇقاي يېزىسى ، شاهلىق يېزىسى قاتارلىق يـەرلـەردە يانچىلىرى بار . بۇ يانچىلىرىنىڭ هەممىسى تارانچى ، ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇسا گۇڭ ، ئورانزىپ ، مەزەمزات ، بوۋاق غـوجـا ۋە ئىسمىنى مۇختەرباي بىلمەيدىغان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ هـەننىۋاسى تارانچىلار ئىدى . تارانچىلار مەزەمزاتنى مانجۇلارنىڭ قـاماقخـانىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ، مانجۇلارنىڭ سىپىللىرىنى بۇزۇپ ، تۇخۇمىنى قۇرۇتۇپ بۇ يەردىن هەيدىۋەتكەن . شۇ چاغلاردا مۇختەربايىنىڭ بوۋىسى ئەلاخان پالۋانغا ئەگىشىپ بايانداي سىپىلىغا

ھۆجۇم قىلغان . سادىر پالۋان لەخمە كولاپ سېپىل ئاستىغا دورا ئەكىرگەندە ، مۇختەربايىنىڭ بوۋىسى سادىر پالۋانغا لەخمە كولىشىپ بەرگەن . رەھمىتى دادىسى ئوسمان ھاجى ھەر يىلى نورۇز ۋاقتىدا مـولـلاتـوختىيوزىگە بېرىپ سادىر پالۋاننىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قـىـلاتـتـى . خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىيازلىقتا مۇختەربايمۇ شۇنداق قىلىدۇ .

— ھـە ، گەپ قىل ، مۇختەرباي ! — دېدى قاسىم مىراب مۇلايىم ئاۋاز بىلەن ، — نېمانداق ھەممىسىلا سېنى چەنلەيدۇ ـ ھە !

— بىر چوڭ چاي قىلىپ لەقىمىڭنى يەڭگۈشلىۋەت ، — دېدى بۇغداي ئۆڭ ، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق روزى تەمبۇر ئالدىرىماي گەپ قىلىپ ، — قانداق دېدىم ، غوجام ، سىلى بۇنىڭغا بىر لەقەم قويۇپ بېرەملا يە ؟

— ساڭىمۇ ؟ — دېدى غوجام مۇلايىم ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن كـۈلـۈپ تـۇرۇپ ، — لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى دەيدىكەن ئەمەسمۇ .

— خـىـزىر دەردمەنگە يولۇقارمىش ، — دېدى سېمىز بىر چـاقـچـاقـچـى يـېـنـچە يانپاشلاپ يېتىپ ، — بۇ ئاغىنە دىۋانە مـەھـەلـلـىسىدە ئۈچ كۈنلا ئامىن دەپ ئولتۇرسا چوقۇم خىزىر ئەلەيھىسسالام كېلىپ يولۇقىدۇ !

— يولۇقىدىغان بولسا ئۈچ ئاي دېسىمۇ ئولتۇراتتىم ، — دېدى مـۇخـتـەربـاي بـىـردىـنـلا مـەيـۈسـلـىنىپ ، — دەردىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ ، غوجام ئاكا ، بۇ ئالا بايتالنىڭ ئەلىمى !

— قاۋان دېگەنمۇ بايتالدىن قورقامدىغان ؟ ! — دېدى يەنە بىر چاقچاقچى گەپنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ ، — ئىككى نەيزەڭ بىلەن قارىنىنى يېرىۋەتمەمسەن ؟ !

لـېـكىن ، بۇ قېتىم غوجام كۈلمىدى . ئۇمۇ مۇختەربايىنىڭ غـەمـكىن ھالىغا قاراپ ئۇنىڭ بىر ئىش بىلەن ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگىنىنى بىلگەندى . ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

نېرىن يېيىلىپ بولۇپ سىنچاي تارتىلغاندىن كېيىن، مۇختەرباي غوجامغا هال ئېيتىشقا باشلىدى. غوجام «لەۋەي» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئاڭلىدى، مۇختەرباي گېپىنىڭ ئاخىرىنى:

— بۇ قاشقالىق بىلەن رەسىلىكنىڭ دەستىدىن بىزگە كۈن يوق بولدىغۇ، غوجام، ئۆزلىرى ئىگە بولمىسىلا كۈنىمىز تەس! — دېدى.

غوجام بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇلاردىنمۇ يامىنى بار تېخى، — دېدى ئۇ، — قاشقالىق، رەسىلىك دەۋەرمەڭلار، ئۇلارمۇ بىز خەققۇ.

مۇختەرباي كېچىلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ مەھەللىسىنىڭ چېتىگە كەلگەندە يورۇق چۈشكەنىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كەلدى. ئەلھەمدۇ بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، توپىسى يېڭى قەبرىنىڭ بېشىغا ئېغىر قەدەم بىلەن كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— قېرىندىشىم! — دېدى ئۇ رەيھانگۈلنىڭ قەبرىسىدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، — بالىلىرىڭغا ئۆزۈم ئىگە، خاتىرجەم يات، مەن گۇناھىمنى يۇيىمەن، ئۆزۈمنى ئاقلايمەن. قىلغان - ئەتكىنىمنى تۈگۈچكە تۈگۈپ بىرىگە لام - جىم دېمەي ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتىڭ. دۇنياغا تۆرىلىپ ساڭا ئوخشاش بىر ئېسىل ئادەمنى كۆرمىدىم. زىيەك ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭدىن كەچتىڭ، مېنى دەپ جېنىڭدىن كەچتىڭ! باشقا بىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا تىقىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىغا مېنى سەن ئىشەندۈردۈڭ. توۋا، «قۇربان بېرىش» دېسە نېمىكىن دەيتتىم، تېگىگە يەتكەندىمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. سەن مېنى ئىشەندۈرۈڭ! ...

ئۇ ئالىقىنىدا سىغىمىز توپىنى مىجىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا باشقا بىرى ئۈچۈن جان بېرىشنىڭ ئۈلگىسى بولغان بىر گۈزەل ئايال پەيدا بولغىنى تۇيەيلى ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى ئويىندى. «خوتۇن كىشى - هە! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — قانچە خوتۇننىڭ قوينىغا كىردىم؟ ئىشىك

مۇجـۇقلىرىنى قـومۇرۇپ ئۆيلىرىگە كىرسەم ، مېنىڭ مۇختەرباي ئىكەنلىكىمنى بىلىپ غىڭ ـ پىڭ قىلماي مېنى رازى قىلىشقان شـۇ خـوتۇنلارنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىمغا ئالمايتتىم ، تۇڭلۇكتىن پوتىلارنى ئۇلاپ ئېسىلىپ چۈشۈپ قوينىغا كىرسەم ، مېنى دەپ تـارتقـان جـاپـايىڭىز ئۈچۈن دەپ مېنى چىڭ قۇچاقلىغان ياش كېلىنلەرنى قـۇل ئورنىدا دۆشـكەلەيتتىم . ئۇرۇسـلار زەيناۋۇدۇن شاڭيونى مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئۇرۇقى سەن دەپ ئاتقاندا ، خوتۇنى يۇگـۇرۇپ چىقىپ : «ئوغلۇمنى ئاتتىڭ ، ئېـرىمنى ئاتتىڭ ، ۋۇي كاپىرلار مېنىمۇ ئاتە » دەپ ئوققا ئۆزىنى تۇتقاندا ، ھەممە خەق ئۇنى قەھرىمان ئانا دېيىشتى . مەن ئىچىمدە كۈلدۈم : كۈچۈكى ئۈچۈن قانجۇقمۇ ئادەمگە ئېتىلىدۇ ، مېكىيان جېنىدا چۈجىكى ئۈچۈن ئىتقا ئـېتىلىدۇ . قانجۇق بىلەن مېكىيانمۇ باتۇرمۇ دېگەنىدىم ··· ئۆز بـېـشـىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدىكەن كىشى . ئاشىق بولماق ئاسان ئەمەس ، ئەزىز جانىدىن كەچمىگۈچە دېگەن ناخشىنى ئابدۇۋەلى بىلەن زىكرىنىڭ ئەجەبمۇ مۇڭلۇق ئېيتقىنىنى مىڭ قېتىملاپ ئاڭلىغان ، ئـەمـا مـىـت قـىـلـىـپ قويمىغانىدىم . بۇدا قاسىم مىرابنىڭ مېھمانخانىسىدا بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلاپتىمەنا ؟ غـــوجـام سەزگـــۈر ـ دە ، «ھــوي مۇختەرباي ، دەردىــڭ بار ئـوخـشـىمامدۇ ؟ لەۋەي » دەيدۇ تېخى ··· مەسۇم شاڭيو ، باھام شاڭيولار غوجامنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتى ، شۇڭا قاقاقلىشىپ كـۈلـۈشتى . پاھ ، بىزنىڭ بايلىرىمىزنىڭ مەشرەپلىرى نېمانداق كـارامـەت ! غـوجـام چـېـغىدا پاششاپ بېگىگە بويسۇنۇپ يەكتىمز ئـولـتـۇرىـدىكەنا ، مەنمۇ يۈزبېگى بولمىسام بولمايدىكەن ـ دە . ھەممىسىلا يۈزبېگى ، مىڭبېگى ، پالانى باي ، پوكۇنى بەگزادە ، بىرلا مەن مۇختەرباي . مەن قانچىلىك باي ؟ يەتمىش ـ سەكسەن خو يەر قانچىلىك بايلىق ؟ بىر خو يەر بىر قوي دېگەن سۆز . ئىككى يۈز قويغا سەكسەن قوي قوشۇلسا ئىككى يۈز سەكسەن قوي ، ئات ـ كـالا ، بـاغۋارانلىرىم قوشۇلسا بەش يۈز قويمۇ بولسۇن ! ھەي ، تـارانـچـىـلار كـۆرەڭلەيمىزۇ ھالىمىز چاغلىق ! ··· » ئۇ شىۋاق

ئۇستىگە قىيسايدى ، ئۇنىڭ ئاسماندىكى تولۇن ئايغا كۆزى چۈشتى . ئاي پايانسىز ئاسماننىڭ خوجىسى . ئۇ ئاستا سەيلە قىلىپ پايانسىز ئاسماننى كېزىدۇ . ئۇنىڭ نە دۈشمىنى ، نە رىقابەتچىسى يوق . ئۇنىڭغا نە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ، نە بايلىق ، مەنسەپ ۋەسۋەسىسى يوق . ئۇ غەمسىز ، مۇشەققەتسىز ، ۋەھىمىسىز . ئادەملەرمۇ شۇنداق بولغان بولسا ، دۇنيادا يىغا ئاۋازى ، كۆز يېشى ، جۇدالىق دېگەن نەرسىلەر بولمىسا ، ھەممىلا يەردە ھۆر - پەرىلەر بىلەن شوخ ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىلا بولسا ... ئۇ خورەك تارتىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئېتى قەبرىلەر ئارىسىدا شىۋاق ، قارا بېدىلەرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ يېگى تاڭنى كۈتۈۋالدى .

ئەتىگەنلىكى رەيھانگۈلنىڭ ئاپىسى قىزنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى كۆردى . مۇختەرباي رەيھاننىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ دۈم ياتاتتى . جىمجىت قەبرىستانلىقتا قاتتىق خورەكتىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى . خورەك تولا يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ نالىسى ، پەريادى ۋە ئەلىمىگە تەڭكەش ئىدى . ئانا خىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن قىزنىڭ قەبرىسىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىدى :

— جېنىم بالام ، يۈرىكىمنىڭ پارىسى قىزىم — رەيھانگۈل ...

قارىغىر ئات ئىگىسىنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاپ ، ئاربلاپ يەر چاپچىپ كىشنەپ قويۇپ ئىگىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلماقتا ئىدى . بۇ ئات بۇ يىل توققۇز ياشتا ، ئۇنىڭ تۆت ياش ۋاقتى ئاجايىپ خاتىرىلەرگە گۇۋاھ . شۇ يىلى ، يەنى 1933 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە «تۇڭگان قاچ - قاچ» بوپتۇ دېگەن خەۋەرنى شەھەردىن كۆتەك هارۋىسىغا قېتىلغان چابدار بايتالنى ئۆكىرەك تاشلىتىپ قېچىپ چىققان زۇليا كاسكا ئىسىملىك ئادەم ئۆيمۇئۆي كىرىپ ھەممە ئادەمگە يەتكۈزدى . شۇ چاغدا «تۇڭگان قاچ - قاچ» دېگەننىلا بىلگەن دېھقانلار كېيىنچە بۇ ئىشنىڭ مەنىسىنى بىلىشتى .

ئىلىنىڭ «خاقانى» جاڭ پېيىۈەن شېڭ دۇبەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ سەندۇخېزىغىچە قىستاپ بارغاندا ، سوۋېت

ئەسكەرلىرى شىنىڭ شىسەيگە ياردەمگە كېلىپ ، جاڭ پېييۈەنىنىڭ ئەسكەرلىرىگە زەمبىرەك ، تانكىلار بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئەبجىقىنى چىقاردى . جاڭ پېييۈەنىنىڭ ئەسكەرلىرى پىتىراپ قاچتى ، بىر قىسمى مۇز داۋاندىن ئاشىمەن دەپ توڭلاپ ئۆلدى ، يەنە بىر قىسمى ئىلىقىنىڭ يۇقىرىسىدا تاغدىن ئېشىپ قاچماقچى بولدى . جاڭ پېييۈەن شۇ سەپەردە يىراقتىكى توپ ـ توپ يىلقىنى كۆرۈپ ئەسكەر دەپ ئويلاپ قورقۇپ ئۆزىنى ئېتىۋالدى . شۇ چاغدا جاڭ پېييۈەنىنىڭ تۇڭگان يىگى ۋاڭ قادىر ، زازازا ، لىۋىر ، تەيساخۇن دېگەن تۇڭگان بايلىرى بىلەن بىرلىشىپ غۇلجا شەھىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ، تۇرپان ، توقسۇن ، پىچاننى بېسىپ ياتقان يىگىرمە مىڭ ئەسكەرنىڭ بېشى بولغان يىگىرمە ئىككى ياشلىق گاسىلىڭ (ماجۇڭيىڭ ) بىلەن بىرلىشىپ ، پۈتۈن شىنجاڭدا تۇڭگان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئۇلار غۇلجا شەھىرىنى بىرنەچچە كۈن سورىدى ـ دە ، قورغاستىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تارباغاتاي» قىسىملىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە تانكىلارغا قارشى پالتا كۆتۈرۈپ ، زەمبىرەككە تاياق ـ توقماق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن ، ئىلى دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ قاچتى . مانا بۇ قېچىش «تۇڭگان قاچ ـ قاچ» دەپ ئاتالدى . ئەنە شۇ قاچ ـ قاچتا تۇڭگانلار يول بويى ئورۇسلارنى ئېتىپ ، ئات ، ئۇن ، گۆش بۇلاپ ماڭدى ، بولۇپمۇ ياخشى ئاتلارنى بۇلىدى .

مۇختەرباي شۇ كېچىسى «شاغلىقتام» مەھەللىسىگە بىر باينىڭ كېلىنىنى «ئوۋلاش» ئۈچۈن چۈشتى . ئۇ تۇگلۇكتىن ئارقانغا ئېسىلىپ چۈشمەكچى بولۇۋاتقاندا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى . مىلتىق بۇ يەرلەرگە يوچۇن ، ئۇنىڭ ئاۋازى گويا جەددالنىڭ نەرىسى . ئىتلار ھاۋشىپ قورۇلىرىنى چۆرگىلەشتى ، قېرىلار ئەپسۇن ئوقۇپ ، بالىلار چىرقىراشتى . گويا مەھەللىگە جەددال كەلگەن ، بەختسىزلەر ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدۇ ، ئۇنىڭ قولى بەجايىكى ۋەيلۇن !

مۆختەرباي قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى ، ئۇ كالا ئېغىلىغا كىرىپ قارىغىر ئېتىنى بىر جۈپ ساپان ئۆكۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باغلىدى ، ئاندىن ئاتنى يوپۇقلاپ ، بېشىغا يالغان مۈڭگۈز ياساپ كىيگۈزۈپ ئۆكۈز قىلىپ قويدى ـ دە ، ئۆزى بىر كورەك جۇۋىنى كىيىپ مالاي قىياپىتىگە كىرىۋالدى . تۇڭگانلار ئۆيلەرنىڭ دەرۋازا ، غورۇلىرىنى ئۆرۈپ ـ چېقىپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ : «ياخشى ئات ، نان ، گۆش چىقار ! » دەپ ۋارقىراشتى . ئۇزۇن مىلتىقلاردىن قورققان دېھقانلار ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلدى . كىچىككىنە مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىت ئالدىدا بىردەمدىلا يارام ئاتلار ، ئۇن ، گۆش ، نان ئارتىلغان ئات ـ ئۆكۈزلەر توپى پەيدا بولدى . بېشىغا تۇلكە تۇماق كىيگەن ، ياغاق جۇۋىلىق ئۈچ نەپەر تۇڭگان يىگىت مۆختەرباي ئۆكۈزگە ئوت سېلىۋاتقان ئېغىلغا بېسىپ كىردى :

— ئات بارمۇ ؟

— ئۆكۈز بار .

نەق شۇ چاغدا قارىغىر يات ئاۋازدىن ئۈركۈپ ، يەر چاپچىپ قاتتىق كىشنىۋەتتى .

— ئۆكۈز ئات ! — دېدى تۇڭگان قارىغىرنىڭ ئوقۇرىغا كېلىپ . بىرى مۆختەربايغا مىلتىق تەڭلىدى . مۆختەرباي :

— مەن مالاي ، مەن ئات باقار ! — دېدى قورقۇپ .

— ماڭ ! — دېدى تۇڭگان ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلەپ .

مۆختەرباي قارىغىرغا ئەگىشىپ مەسچىت ئالدىغا چىقتى ، ئاندىن كېيىن تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك كارۋىنىغا قېتىلىپ ياماتۇغا قاراپ شەرققە يول ئالدى . كېيىنچە ئىلى دەرياسىنىڭ شورمەل ئېقىپ تۇرىدىغان كېچىكىدىن ئاتقا مىنىپ ئۆتۈپ شارغوجا (سارۇچىن ) ، تەمتە يېزىلىرىنى بولاپ ماڭغان ئالاماندىن قالماستىن ، بىردە پىيادە يۈگۈرۈپ ، بىردە ئۆكۈزگە مىنىپ ئۆچكىلىك تېغىنىڭ قارلىق ، قارىغايلىق داۋانلىرىدىن ئېشىپ تېكەس بازىرىغا كەلدى . تېكەستىكى بولاڭچىلىقنىڭ گۇۋاھچىسى ، تۇڭگانلارنىڭ ئات باقارى بولۇۋالغان كورەك جۇۋا ،

تېشى يوق توّپە كىيىۋالغان مۇختەرباي قارىگىر ئېتىنى دەپ شۇ جاپانى تارتقان . ئۇنىڭ ئېتى هازىر توّگگان قاچاق باشلىقىنىڭ ئاستىدا . ئاتنىڭ ئېگەر ـ جابدۇق ، كۇمۇش شالدىرمىلىرى ، قۇشقۇن ، ئۇزەڭگە باغ ، يۇگەنلىرىدىكى قىممەتلىك تاشلارمۇ هازىر توّگگان باشلىقنىڭ . ئۇ كېچىلىرىلا ئاتقا يەم بەرگەن بولۇپ قارىگىرنىڭ ياڭاقلىرىغا يۇزىنى ياقالايدۇ . ئاتنىڭ يالى ، كوكۇلىلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ، دۇمبە ، يوتا ، بويۇنلىرىنى مۇهەببەت بىلەن سىيپاپ ، تاتىلايدۇ . ئات جانىۋار ئىگىسىنى يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ پۇرايدۇ .

ئۇلار ئۇزاق سەپەردە كۇنلەرنى ئاشۇنداق ئۆتكۇزدى ، موڭغۇلكۇرەنىڭ شوتا يېزىسىدىكى بۇلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، شوتا دېگەن غول بىلەن جەنۇبقا — مۇزاتقا قاراپ ماڭدى . توّگگانلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى مۇختەرباي نەدىن بىلسۇن ؟ ئۇ ئات بېقىش ، ئوت قالاش ، ئوتۇن تېرىشنى بىلىدۇ . ئۇ قېچىپمۇ كېتەلەيتتى ، لېكىن ئۇ قارىگىرنى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ ـ دە ! ئاتنى ئېلىپ قېچىشنىڭ زادىلا يولى بولمايدۇ . توّگگان ئەسكەرلەر سېغىزغاندىنمۇ سەگەك . ئۇ شۇ تۇرقى دۇم يېتىپ ـ دۇم قوپۇپ ، لاي ، قار ، سۇلارنى كېچىپ مۇز داۋانغىمۇ يېقىن باردى . تىك قارلىق چوققىلار ، قارىسا يۇرەك ئاغىدىغان چوڭقۇر سايلار ، ئاتلىق ئادەم بىلەن بويلىشىدىغان قار دۆۋىلىرى . مۇنداق قورقۇنچلۇق جاينى مۇختەرباي ئۆمرىدە كۆرمىگەن ، ئۆرلىگەنسېرى يول تارايدى ، مۇشكۇلات كۆپەيدى ، مۇختەرباي بىلەن بىللە شوتىدىن يول باشلىغۇچى قىلىپ ئېلىۋالغان يەنە بىر ئاقسۇلۇق ماتاچىمۇ بار ئىدى . ئۇ بۇ يولدا ئېشەك ـ قېچىر بىلەن تولا ماڭغاچقا هەممىلا يەرنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان رۇس ئەسكەرلەرمۇ يىراقتا ، بەلكى شوتا غولىغا كىرمىگەن هەم كىرمەيتتى . قوغلاشتىن قۇتۇلغان توّگگانلارمۇ ئەمدى ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى . قارىغاي ئاستىلىرىدا مال سويۇپ ، قازان ئېسىپ تويغۇچە يەپ ، نامازلىرىنى ئوقۇشۇپ ئالدىرىماي

مىڭىشماقتا ئىدى . مۇز داۋان يېقىنلاشتى ، بۇ يەردە نە قارىغاي ، نە تۇز يەر يوق . ھەممىلا جاي قار ـ مۇزلۇق چوققىلار . يولدا پـەقەت بىر ـ بىـردىنلا مىڭىـشقا بولاتتى . ئاتـلار ئادەملەرنىڭ ئـارىسىدا ماڭاتتى . ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىپ بىر قەدەم خاتا بېسىلسا ، تىك چوققىلاردىن تەگسىز ھاڭلارغا قاراپ ئۇچىدىغان گەپ . يول باشلىغۇچى خۇدانىڭ جۇدۇنسىز كۈننى تاللاپ مۇز داۋاندىن ئېشىش تەكلىپىنى بېرىۋىدى ، تۆگكان باشلىق — قارا ساقال ، قاپىقى يامان ئادەم :

— مـاڭ ، ئۆلگەن ئۆلۈپ ، قالغىنى قالار ! — دېدى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا .

بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ ماڭغان ئۇزۇن كارۋان ئەنە ئاشۇنداق خەتەرلىك يول بىلەن مۇز داۋاندىن ئاشماقتا . ھېلىدىن ـ ھېلىغا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى . بۇ ئادەم ياكى ئۇلاغ غۇلىدى دېگەننىڭ بەلگىسى . قارا ساقال باشلىق شۇنداق دېگەچكە ، ھەربىر قازاغا بىر قېتىم مىلتىق ئېتىلاتتى . قارا ساقال قارىغىرنىڭ ئالدىدا . ئەڭ ئـالـدىـدا مـاتـاچـى بىلەن ئىككى مۇھاپىزەتچى ، قارا ساقالنىڭ كەينىدىمۇ ئىككى مۇھاپىزەتچى بار . ئۇلارنىڭ كەينىگە مۇختەرباي كىرىۋالغان . ئۇنىڭ ئەس ـ خىيالى قارىغىردە ئىدى . ئادەملەر بەزى جايلاردا ئۆمىلەپ ماڭاتتى . بەزى جايلاردا يول باشلىغۇچى قولىدىكى كۈرەك بىلەن قار كۈرەپ يول ئاچاتتى . چەكسىز كەتكەن قـاتـمۇقات قارلىق چوققىلار ، تىك يار ، ھاڭلارنىڭ سانى يوق ، مۇختەرباي ھاياتىدا بۇنداق مۇشكۈلچىلىكنى كۆرمىگەن ، ئۆمرىنى ئات ئۈينىتىپ ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئوۋلاپ ئۆتكۈزگەن باي بالىسى جاھاندا مۇنداقمۇ مۇشكۈلات بولارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ـ دە ! ئۇنىڭ نە يېگىنى ، نە ئارامى ، نە ئۇيقۇسىنىڭ تايىنى يوق . پۈتۈن غېمى جېنىدا ، ئۇ ھايات قېلىشنىلا ، قارىغىرنىڭمۇ ھايات قېلىشىنىلا ئويلايتتى . ئۇ نەچچە قېتىم كېچىلىرى ئېتىنىڭ بوينىنى

قوْچاقلاپ بوْقوْلداپ يىغلىدى ، لېكىن ئۇ ئېتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشنى هاياتىدىكى خائىنلىق دەپ ئويلاپ ، ئۆلسە ئات بىلەن بىللە ئۆلۈشكە ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم بەرگەنىدى .

بىر قوْش «كاك ـ كاك ـ كاك !» قىلىپ قورقوْنچلوْق سايرىدى ، يول باشلىغوْچى شوْ هامان توختاپ :

— يامان بولدى ، شىۋىرغان چىقىدىغان بولدى ! — دەپ چىرقىرىدى .

— نېمە ؟ ! — قارا ساقال ئوْنىڭغا شىپقىدى .

— ئوْلاي (ئوْلار قوْش دېمەكچى ) سايرىدى ، جوْدوْن بولىدوْ ، دوتەي !

— قانداق جوْدوْن ؟

— قاتتىق شىۋىرغان ، كۆز ئاچقىلى بولمايدوْ ، ماڭماق تەس !

— توْرساقچوْ ؟

— قارغا كۆموْلوْپ قېتىپ قالىمىز !

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— بىز هازىر ئاغرالدىغا[1] كەلدوْق ، — دېدى يول باشلىغوْچى تەستە سۆزلەپ ، — بىر ئاش پىشىم ئۆمىلىسەك داۋاندىن ئاشالايمىز !

— ئۆمىلە !

ئوڭ تەرەپتىن قاتتىق بوران ئوْروْشقا باشلىدى . ئادەملەر تىك توْرالمىدى . ئۆمىلەپ مېڭىش باشلاندى . موْختەرباي ئادەم قوْدرىتىنىڭ ئوْلوْغ ئىكەنلىكىنى شوْ قېتىم كۆردى . ئادەملەر كۆزلىرىنى ئاچقىلى بولمايدىغان شىۋىرغاندا تەمتىلەپ ـ موْدوْروْشوْپ ئىلگىرىلەشتى . بىرلا قەدەم خاتا باسقانلىرى تىك هاڭغا غوْلاشتى ، ئات ، ئېشەكلەرمۇ بوْنداق چاغدا ئەقىل تاپالايدىكەن . يول باشلىغوْچىنىڭ هەربىرى ئىزى ئوْلارنىڭ هايات يولى ، هەممىلا جان

① ئايغىر ئالدى — يەنى سوغوْق ئايغىرنىمۇ ئۆلتۈرىدىغان جاي دېگەن سۆز .

ھاياتلىق ئۇچۇن توغرا قەدەم بېسىشى كېرەك . بۇ بۇيرۇقنى ھايۋانلارمۇ چۈشىنىپ ئىجرا قىلىشتى ... قارا ساقال باشلىق قارىگىرنى مۇختەربايغا تاپشۇرۇپ :

— چەنتۇ ، ئاتنى ساق ئەچۇشكىن ، بولمىسا كاللاڭ ئېلىنىدۇ ! — دېدى .

— سەن دېمىسەڭمۇ شۇ ! — دېدى مۇختەرباي كۆز ياشلىرىنى جۇۋا يېڭى بىلەن سۈرتكىنىچە ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ ، — ماڭ جانىۋىرىم ... ئىزىمنى بېسىپ !

ئۆملىگۈچىلەر مۇز داۋاندىن ئېشىپ قىرىق ئىككى پەللىكى بار پەسكە يۈزلەندى . ئەمدى يانپاش بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈش باشلانغانىدى . يول باشلىغۇچى ئاخىر دائىم نەزىر - چىراغ قىلىنىدىغان «شىپالىق» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان تۈزرەك يەرگە چۈشۈپ بىر دۆڭگە چىقتى - دە ، ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ :

— ئاللاھۇئەكبەر ، ئاللاھۇئەكبەر ! ... — دەپ ئەزان قىچقاردى .

مەيدانغا ئىككى مۇھاپىزەتچى بىلەن قارا ساقال باشلىق ، ئۇلارغا ئەگىشىپلا قارىگىرنى يېتىلەپ مۇختەرباي چۈشتى ، قالغان ئادەملەردىن تېخى خەۋەر يوق ئىدى :

— يارايسەن ، چەنتۇ ! — قارا ساقال جۇۋىسى بىلەن تۆپىسى مۇزغا ئايلانغان مۇختەربايىنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ ، — داداڭ مۇز ، ئاپاڭ قار ، قارا ئات ئاق ئات بولدى . ماجۇڭيىڭنىڭ ئېتىغا ئوخشىدى ! — دېدى ئۇ ئاپئاق قارغا مىلەنگەن ، ئەمما قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ ئۇچىدىغانەك تېپىرلاپ تۇرغان قارىگىرنى زوق بىلەن سىلاپ ، — سەن چەنتۇ ئەمدى مۇشۇ ئاتنىلا باقىسەن ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، دوتەي !

— دوتەي ئەمەس ، ماسىلىڭ دېگىن !

— ماقۇل ، ماسىلىڭ !

مۇختەرباي ماسلىقىنىڭ ئات باقارى بولۇپ قالدى .

كەچقۇرۇن ماسلىقىنىڭ ئادەم ـ ئۇلاغلىرى داۋاندىن چۈشۈپ بولدى . نېپىز قار ياغقان بوراندىن خالىي سايدا بىرنەچچە يۈز ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغ پەيدا بولدى . تۆگىگان ئەسكەرلىرىدىن يەتمىش ئالتىسىنىڭ جەستى مۇز ھاڭلىرى ئىچىدە قالغان ، ئات ـ ئۇلاغلاردىن بىر يۈز ئون ئىككىسى ئۇستىدىكى يۈكلىرى بىلەن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان . ئۇلار كالىلارنى سويۇپ ، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالاپ نەزىر قىلىشقا كىرىشتى . مۇختەرباي يۇلغۇن ـ شىۋاقلارنى تېرىپ ئەكېلىپ قارىگىرنى باقتى ، يالى ـ قۇيرۇقلىرىدىكى مۇز ـ قارلارنى تازىلىدى ، ئۇنىڭدىن چىن قەلبىدىن ئەپۇ سوراپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— بەڭۋاشلىقىم ساڭا زۇلۇم بولدى . قاشقالىقىنىڭ كېلىنىنى دەپ شاغلىقتامغا چۈشمىگەن بولسام مۇشۇ بالا يوق ئىدى ، ئىسىت ، ئىسىت ... جانىۋارىم ، مېنى كەچۈرگىن !

شۇ كېچىسى تۆگىگانلار باي ناھىيىسىنى بۇلىدى ، مال ـ ۋاران ، يېمەك ـ ئىچمەك ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ھەتتا بىرنەچچە چىرايلىق خوتۇنىمۇ ئەكېلىشتى . تۆگىگان ئەسكەرلەر تولىمۇ كۆرەڭلەپ ، تولىمۇ قىلىقسىزلاشتى . ئەتىسى بايدىن چىقىپ يېرىم يولدا بىر توپ يات ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشتى ، ئۇلارمۇ تۆگىگان ، لېكىن خېشىلىقلار ئىكەن . غۇلجا تۆگىگانلىرى خېدۇڭلۇقلار ئىدى . ئۇلار نېمە تالىشىشتىكىنتاڭ ، كېچىسى ئېتىشتى . قارا ساقال باشلىق بىلەن بىرنەچچە تۆگىگان باشلىق ئوق تېگىپ ئۆلدى . بىرنەچچە يۈز تۆگىگان خېشىلىقلارغا ئەل بولدى . مۇختەرباي ئەمدى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئات باقارى بولۇپ قالدى . ئۇلار ئاقسۇدا گاسىلىڭ كەلگۈچە تۇرۇشتى . ئەتىسى گاسىلىڭ بۇرۇنى ئەمدىلا خەت تارتقان ، ھەربىيچە سارغۇچ كىيىم كىيگەن ، بېلىگە تاسما پوتا باغلاپ تاپانچا ئاسقان ، قاڭشارلىق ، قارا قاش ، قارا كۆز ، ئاق

يۇزلۈك چىرايلىق يىگىت نەچچە مىڭ ئەسكەرگە ئىنچىكە ، تولىمۇ ساز ئاۋازدا بىرنىمىلەرنى سۆزلىدى . ماتاچىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ : «بىز شىڭ شىسەينى يوقىتىشقا ئازلا قالغان . ئورۇمچىنىڭ تۆپىلىكلىرىنى ئىگىلەپ راسا ھۇجۇم قىلىپ يىگىرمە مىڭ ئەسكەر بىلەن شىڭ شىسەينى غۇلىتايلى دېگەندە ، ئورۇسلار زەمبىرەك ، ميناميوت ، تانكىلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ بىزنى ئۇپراتتى ، شىڭ شىسەينىڭ قىزىلئۆڭگىچىگە تاقالغان پىچىقىمىزنى قولىمىزدىن تارتىۋالدى ... » دېگۇدەك . مۇختەرباي چۈشەنمەي ماتاچىدىن :

— ئورۇسلار نېمىشقا تۇڭگانغا بولۇشماي خىتايغا بولۇشتى ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ماتاچى — سېرىق ساقال ، مەڭزى قىزىل ئادەم :

— نېمىشقا بولاتتى ، ئورۇسمۇ ، خىتايمۇ كاپىر ئەمەسمۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى .

تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارغۇچە ، قاقاس تاغلارنى ياقىلاپ يول - يولغا بۆلۈنۈپ چۆللەردە قونۇپ ، ئۇچرىغانلا يەردە ئادەملەرنى بۇلىدى . مۇختەرباي ئېتىنى مىنىپ قېچىشنىڭ زادىلا يولىنى قىلالمىدى . مىدىرلا قىلسا ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلەكلىك ئىدى . ئۇ چۆللەردە پىيادە ماڭدى ، ئاياغلىرى تىتىلىپ ، يالاڭ ئاياغ قالدى . قەشقەرگە بارغۇچە ئاچارچىلىق ، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھېرىش - چارچاشنىڭ دەردىنى ھارغۇچە تارتتى . نەچچە قېتىم تاياق يېدى ، تىل ئاڭلىدى . ھاياتىدا كۆرمىگەن خورلۇق ، كەمسىتىشلەرنى كۆردى . ئۇلار قەشقەر شەھىرىگە كىم بىلەندۇر سوقۇشۇپ كىرىشتى . كىملەردۇر تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسى دەپ بىر ئادەمنىڭ بېشىنى خۇرجۇنغا سېلىپ ماخۇسەننىڭ ئالدىغا قويۇشتى . قانچىلىغان ئۇيغۇرلارنى چاپتى ، ئاتتى ، تىرىك كۆمدى . مۇختەرباي ئويلاپمۇ باقمىغان ۋەھشىيلىكلەرنى كۆردى . ئۇلار قەشقەردە ھېلىقى گاسىلىڭ دېگەننى يولغا سالدى . ئۇ يىگىرمە ئاتلىق ئادەم بىلەن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ توققۇزاق دېگەن يەردىن

قىبلىگە — تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ماخۇسەننىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى قەشقەردىن چىقىپ يەكەن ، يېڭىسار ، پوسكام ، قاغىلىق دېگەن يەرلەرنى بۇلاپ ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ، تىرىك كۆمۈپ ، ئاخىر گۇما دېگەن كىچىككىنە شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى . مۇختەرباي بۇ ئۇزۇن چۆللەردە قانچە ئاي ، قانچە يىل سەپەر قىلغىنىنى بىلمەيدۇ ، ئۇ باشقىلا بىر ئادەمگە ، بەدىنىدە بىر تالمۇ گۆش يوق ، بىرنەچچە كۈندە ئارانلا بىر قېتىم يۈزىنى يۇيىدىغان ، پۇتلىرى قاداق ، بەدەنلىرى پىت - سىركە بىلەن تولغان ، كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر ئادەمگە ئايلاندى . ئۇ قارىگىرنىڭ ئورۇق ، دۈمبىسى يېغىر ، يالى شالاڭ ، قۇيرۇقى قىسىڭغىر ، تۇياقلىرى ئۇپرىغان مۆڭكۈگەك بىر قىرچاڭغۇغا ئايلانغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى . ئۇ ئېتىنىڭمۇ ، ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ چۆللەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندى ، بۇ ئۆلۈم كۈنىنىڭ كېيىنرەك كېلىشى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشتى . ئۇ ئۆلۈمنىڭ بەكمۇ ئاسان ۋە تېز بولۇشىنى كۆزى بىلەن كۆردى . ئادەم بويى كولانغان ئورىلارغا ، پۇت - قولى باغلانغان ، ئاغزى تېڭىلغان ئادەملەر تىرىك پېتى تاشلاندى ، ئورىلار توپا بىلەن تىندۇرۇلدى . قاتار - قاتار ئۇيغۇر ياشلىرى ئىنسان ئايىغى باسمىغان چۆللەردە ئاشۇنداق ھالاك بولدى . ئۇلارنىڭ ئورىسىنى كولاشقا ، ئۇلارنى كۆمۈشكە باشقىلار بىلەن مۇختەربايمۇ كۈچ چىقاردى . ئۇنىڭ شۇنداق قىلماي نېمە ئىلاجى ، كۆممىسە ئۆزى كۆمۈلىدۇ . ئۇ كۆمۈلسە قارىگىرنى كىم باقىدۇ ؟ گۇما شەھىرىدە قانچە ۋاقىت تۇرغىنىنى ئۇ بىلمەيدۇ . بىر كۈنى ماخۇسەن — قارا بۇرۇت ، ئېگىز قوماندان :

— مەن كەشمىرگە ، ئاندىن كېيىن ھىندىستانغا كېتىمەن ، مەن بىلەن يىگىرمە ئادەم بىللە ماڭىدۇ ، قالغانلار ھازىردىن باشلاپ ئۆز جېنىغا ئۆزى ئىگە ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ماخۇسەن بۇلاپ ـ تالانغان بايلىقنى يارامىلىق ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ يولغا چىقتى . ئۇنىڭ قارىسى يىتمەيلا توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ ئەسكەر بېسىلغان ماشىنىلار كېلىشكە باشلىدى . ماشىنىلار شۇنچە جىقكى ، مۇختەرباي ئۆمرىدە بۇنداق جىق «كوڭكا» كۆرگەن ئەمەس . ئۇ قارىغىرنى ئېلىپ ياڭاقلىق باغقا مۆكۈشكە ئارانلا ئۈلگۈردى . ئېتىشىش باشلاندى ، تۇڭگانلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى ، قاچقىنى قاچتى . تۇتۇلغانلىرى ئورۇسلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى : تۇڭگان ئەسكەر باشلىقلىرىدىن قىرىق ئادەمنىڭ قولى باغلاقلىق ، پۇتى چۇشەكلىك هالدا شەهەر سىرتىدىكى قۇملۇققا كەلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى بىلەكتىن سەل ئىنچىكە بىر تال سىم بىلەن بىر چىگىش قىلىپ باغلاپ قورشىدى ـ دە ، سىمنىڭ ئىككى بېشىنى ئىككى ماشىنىغا باغلاپ ئىككى ياققا تارتتى . مۇختەرباي چاچراپ چىققان كۆزلەر ، ساڭگىلىغان تىللار ، هەتتا پىشقان قوغۇندەك ئۈزۈلگەن تۇڭگان باشلىرىنىمۇ كۆردى . ئادەملەر نېمىشقا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ ، ئۇلار نېمە تالىشىدۇ ، بۇلارنى مۇختەرباي چۈشەنمەيتتى . مانا شۇ چاغدىلا مۇختەربايغا قېچىشقا پۇرسەت تۇغۇلدى . ئۇ بىر تۇڭگان بىلەن گۇمىنىڭ بىر يېزىسىغا چىقىۋالدى . ئۇلار ئۇچ ئاتنى شۇ يەردە يېرىم يىل مىدىرلاتماي باقتى ـ دە ، باهار پەسلىدە ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى .

مۇختەرباي ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، كەچ كۈزدە ، هەممە يەرنى غازاڭ قاپلىغاندا تۇيۇقسىزلا قارىغىرنى ئويىنتىپ مەهەللىسىدە پەيدا بولدى .

مانا ئەمدى قارىغىر زاراتگاهلىقتا ئوتلاپ يۈرمەكتە ، مۇختەرباي رەيهاننىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ بەخۇدۇك ئۇخلىماقتا . ئۇ بۇنداق توپىغا مىلىنىپ راهەتلىنىپ ئۇخلاشنى ئاشۇ ئۇزۇن ، جاپالىق سەپەردە ئۆگەنگەن . ئۇ هازىر يەنە ئەركە باي ، لېكىن ئۇ جەبىر ـ جاپا سەرگۈزەشتىلىرىگىمۇ باي .

# 6

... ئىلى دەرياسى ئەجەب كەڭ، ئەجەب گۈزەل دەپ ئويلايتتىم، ئەمدى ئۇنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى، بۇلغىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بىزنىڭ يېرىمىزدە بەزىدە ئۆز ئىگىلىرىگە ئورۇن تېپىلمايدۇ، ئانا تۇپرىقىمىزغا ھەر كۈنى نەچچە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ، ئەجەبا شاڭخەي كوچىلىرىدا لۈكچەكلىك قىلىپ يۈرگەنلەردىن جياڭ جېيشى جۇڭگونى سورىغاننى ئاز دەپ، شېڭ شىسەي كېلىپ شىنجاڭغا دۈبەن بولۇۋالدى. ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيىۋەن، ليۇ ۋېنلۇڭ دېگەنلەر بىزنىڭ يېرىمىزگە كېلىپ خوجايىنلىق تالاشتى. ئۈچ مىليوندىن جىق ئۇيغۇر ۋە يەنە باشقا مىللەتلەرمۇ بار جايدا يۇرت سورايدىغانلار باردۇر دەپ ئويلاپمۇ قويمىدى. ھەي ئۇيغۇر، سەن بىر تىنچ ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان قوي، سىرتتىن بۆرە كەلسىمۇ، ئېيىق كەلسىمۇ كەلگەنلىكى مەخلۇقنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش قوي دەپ ئويلايسەن، ئۇنى يايلاقتا ئوتلىسۇن، يايلىسۇن دەيسەن، ئۇنىڭ قەستى ئوت ـ چۆپتە ئەمەس، سەندە. ئۇ سېنى ئوزۇق قىلماقچى، ئوتلۇقۇڭنى يوقاتماقچى، سەن بۇنى بىلمەيسەن، بىچارە غوجانىياز ھاجى بۆرە بىلەن ئېيىقنىڭ ئالدىمىغا چۈشتى. ۋەھشىي ھايۋاننى قوي دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىردى، بىز ھازىر ئۇنى خائىن دەپ تىللاۋاتىمىز، قوشاقلارغىمۇ قاتتىق تېخى. بىزدىن چىققان نەزەرخان غوجا چېغىدا ئىلىنىڭ دوتىيى بولۇۋىدى، غوجانىيازنى خائىن دېسە خائىن دەپ تىللايدىغان بولۇۋالدى. تۇرداخۇنبايدىن دوتەيلىكنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپ، تۇرداخۇنباي، سىراجىدىنبايلارنى خائىن قىلىپ تۈرمىگە سالغىنىغا بۇ غوجام شۇنچە خۇشال بولامدىغاندۇ ـ ھە؟ ئالتە بۈيۈك سىياسەت دېگىنى قەغەزدە، ئېغىزدىلا ئېيتىلىدىغان گەپكەن، بولمىسا ئالتە بۈيۈك

سىياسەتنىڭ[1] بىرى مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ئەمەسمىدى. قېنى ئۇ باراۋەرلىك؟ ھوقۇق ئىگىلىرى تامامەن خەنزۇ، ئۇلارنى باقىدىغانلار بىز خەق، تۈرمىلەردە ئۆلۈۋاتقان، ھەممىلا جايدا تۇتۇلۇۋاتقانلارمۇ بىز خەق!

ھەممە گۇناھ تارانچىدا، يەر تېرىغان بۇغدايچىدا،
باشقا كەلگەن بۇ دەردلەرگە ھامان چىدا، ھامان چىدا! …

بۇ شېئىرنى كىم يېزىۋىدى ـ ھە؟ نەسۇھا دامولللىمۇ؟ ئۇ كىشىنى زىغىر پاخىلىدا تىزلىنىپ ئوقۇيدىغانلارنى ئورۇندۇق ـ ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان قىلىپ قويغىنىغا سەن جەدىت دەپ دەررە بىلەن ئۇرۇپ ماگالماس قىلىۋېتىشتى بىزنىڭ چالا موللىلىرىمىز. بىچارە داموللام ئاخىر غۇلجىنى تاشلاپ چەت ئەلگە يامانلاپ كەتتى … بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قاچانغىچە يول ئىزدەيدىكىنتاڭ؟ شېڭ دۇبەنگە تايىنىپ بەخت تېپىش يولى، سابىت دامولللىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ بايلارنى يوقىتىپ، كەمبەغەللەر دۆلىتى — سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى، گومىنداڭنى ئاغدۇرۇپ، شېڭ شىسەينى يوقىتىپ يەنئەندىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ كەمبەغەللەرگە ھاكىمىيەتنى تۇتقۇزۇش يولى … نەزەرخان غوجامنىڭ ئاغزىدىن شېڭ دۇبەن چۈشمەيدۇ، موللاملار سابىت دامولللىنى ماختايدۇ، غوجانىياز ھاجىنى تىللايدۇ، مامۇت سىجاڭ دېگەن كىشىنىڭ ئارزۇسىنى قىلىدۇ … مەنچۇ؟ ھازىرغىچە نېمىشقا ئۆزۈمدىن: سېنىڭ تەشەببۇسۇڭ نېمە؟ دەپ سوراپ باقمىدىم ـ ھە؟ شۇنچە كىتاب ئوقۇدۇم، شۇنچە تالاش ـ تارتىش، مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلىدىم، شۇنچە ئويلىدىم، شۇنچە نەپرەتلەندىم،

[1] ئالتە بۈيۈك سىياسەت — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش قىلىش، پاك بولۇش …

ئىرادەم كۈچلۈك ، ئۆلۈشكە قەسەمياد قىلدىم ، ھەممىنى تىللىدىم ، ھەممىدىن نەپرەتلەندىم ، ھەممىنى ياقتۇرمىدىم ، ھەممىدىن ۋاز كەچتىم ... مەن نېمە قىلماقچى؟ نېمىشقا بۇ سوئالغا جاۋاب تەييارلىمىدىم ـ ھە؟ نېمىشقا ئاپامنىڭ ئۆلۈمى ، دادامنىڭ ناھەق سولىنىشى ، ئۇكىلىرىمنىڭ خورلىنىشى بىلەنلا بولۇپ قالىمەن ـ ھە؟ دادام شەڭگەن يامۇلدا ياغاچ سالاسۇننىڭ ئىچىدە ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپتۇ ، چوڭ ئىنىم مۇختەربايىنىڭ قويچىسى ، ئىككى كىچىك ئىنىم كىچىك دادامنىڭ ئۆيىدە ، سىڭلىم موماملىنىڭ يېنىدا . مەن بولسام بىر سەرگەردان ، بېشىم قايغان ، پۇتۇم تايغان يەردە يۈرىمەن ، ھۇسەنبايىنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپمۇ باقتىم . بۇ يىل قىشلىق تەتىلدە پىلىچى خاڭغا چۈشۈپ بىر ئاي مەدىكار بولۇپ كۆمۈر ئۇۋاقلىرى ئۈستىدە دۈم يېتىپ ـ دۈم قوپۇپ ئىشلەپ خېلى پۇل تېپىۋالدىم ، ئۇكىلىرىمنى خۇش قىلىدىغان بولدۇم ، ئاھ ۋەيرانچىلىق ! دادام سولانمىغان بولسىمۇ بۇ كۈنلەرنى ماڭا كۆرسەتمەس ئىدى . تۇغقانلار يەرنى سات دېيىشىدۇ ، يەر دادامنىڭ . دادامنىڭ بايلىقى بىلەن ياخشى كۈن كۆرسەم مېنىڭ قەسەملىرىم ، ۋەدىلىرىم بىكار بولامدۇ؟ مەن ئېغىر ئەمگەككە پىشتىم ، قوللىرىم قاداقلاشتى ، تاپانلىرىم ئېيىقنىڭ تاپىنىدەك بولدى ، تاش ئۈستىدە ئۇخلىيالايمەن ، ئۈچ كۈن بىر نېمە يېمىسەممۇ كۆزلىرىم تورلاشمايدۇ ، ئەڭ مۇھىمى ، تاتار قىزىنى بۇرۇنقىدەك سېغىنمايدىغان بولدۇم . بىچارە قىز ھازىر تاشكەنتكە ئوقۇشقا كەتتىمىكىن ياكى تېخىچە گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتامدىكىن؟ ئۇنىڭ قەيسەر ئانىسى قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ نېمىگە ئېرىشەركىن؟ ...

نۇرى ئاراقلاپ كېتىپ بارغان ئىككى ئات قوشۇلغان كۆتەك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن بىردە ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ ، بىردە ئۆزىنى تىللاپ ، سېغىنىش ، ئازاب ، ھەسرەت ، ئۈمىد بىلەن تولغىنىپ نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدى . ھەممە يەرنى ئاپئاق قار قاپلىغان ، ھارۋا چاقىدىن چىقىدىغان «غاچ ـ

غاچ » بارغانسېرى كۆچەيمەكتە. قۇياش تۇمان ئىچىدە توڭلاپ قالغاندەك، ئىلى دەرياسى ياقىلىرىدىكى قويۇق ئورمانلار قېتىپ قالغاندەك، نېرىدىكى بۈيۈك تاغ قارىغايلارنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغاندەك، گويا دۇنيادا ئىككى ئات قوشۇلغان دېھقان هارۋىسىلا تۈمۈر تارتىلغان ئىككى چاقى بىلەن قارلىق، كاتاڭلىق يولنى غىچىرلىتىپ كېتىپ بارغاندەك، نۇرىغا بۇ قىش مەنزىرىسى زېرىكىشلىك ۋە تەنهالىق يېغىپ تۇرغان كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ هەممىنى: مۇنۇ قىشنىمۇ، قارنىمۇ، ئاۋۇ مۇز ئاستىدا ياتقان دەريانىمۇ، يامانيار دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كەڭ ساينىڭ تىك يارلىقلىرىغا ئۇۋا سېلىشقان قاغا ـ قۇزغۇنلارنىمۇ، چىغ تۇۋىدىن ئۈركۈپ چىققان توشقان ۋە قار ئۈستىدە ئىز قالدۇرۇپ، ئۆزى غايىب بولغان ياۋا توڭگۇزلارنىمۇ تىللىغۇسى كەلدى.

— مۇزلىدىڭمۇ، نۇرى؟ — دېدى هارۋىنىڭ دوغىسىغا جەينىكى بىلەن تايىنىپ، ئاق پىما كىيگەن ئاياغلىرىنى شوتىدىن ساڭگىلىتىۋالغان، يۇڭلىرى قوپال، چالا ئەيلەنگەن، قىرقىلمىغان قوي تېرىسىدىن جۇۋا ـ شالۋۇر، بېشىغا تاشلانمىغان تېرە قۇلاقچا كىيىپ ئۆزىنى قىشنىڭ غالىب ئادىمى هېسابلىۋالغان خۇشخۇي دېھقان ئۇنلۇك قىلىپ، — ئاۋۇ تاغاردا هەدەڭگە ئېلىۋالغان مەخمەل چاپان بار، كىيىۋال بولمىسا ...

— ياق، مۇزلىمىدىم، — دېدى قۇلاقلىرى ئېچىشىۋاتقان، پۇتى كۈيۈشۈپ، قاتتىق مۇزلاۋاتقان بولسىمۇ بىلىندۇرمەي پۇتلىرىنى هارۋا پەنلىرىگە تىنىمسىز هالدا ئۇرۇپ كېتىۋاتقان نۇرى چاندۇرماسقا سىلىپ، — كېچىگە قالىمىزمۇ نېمە؟

— تېخى هېزىۋەكتامغا كەلمىدۇق، گۇركىرەتمە يولنىڭ ئوتتۇرىسى. سوغۇقنىڭ كۈچىنى تۇزدە كۆرىسەن تېخى، تولا نوچىلىق قىلما دەيمەن، پۇتۇڭنى ئاۋۇ قىل تاغار بىلەن ئورىۋال. سوغۇق كۈچىيىۋاتىدۇ. قارا، ئاتلارنىڭ يالىنى قىرو باسقىلى تۇردى، چاقمۇ قالتىس غىچىرلاۋاتىدۇ.

— مۇزلىمايمەن ، — دېدى نۇرى خۇددى ئۆزىگە ئۆزى جەڭ ئېلان قىلىۋاتقاندەك قاتتىق ئاۋازدا سۆزلەپ ، — سوۋۇروف قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ بېشىغا بىر چېلەك سۇ قۇياتتىكەن دېگىنە !

— كىم ئۇ سولۇنۇپ دېگىنىڭ ، جۇنۇپ يۇرمەيدىكەن ـ دە ، بىزدەك ؟

— جۇنۇپ دېگىنىڭ نېمە ، گايىتكا ؟

— ها ـ ها … بىلمەمسىنا ؟ بىلمەيلا قوي ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپمۇ باقماپسەن ـ دە ، هى ـ هى …

نۇرى جىمىپ قالدى . ئۇ هارۋىكەشنى ئىچىدە تىللىدى : «يېيىشنى ، ئۇخلاشنى ، ئاشۇنىلا بىلىدۇ بۇ خەق ، خەلق دېگەن نېمە ، ئۇنىڭ دەردى ، تەلىپى نېمە ، مىللەت دېگەن نېمە ، ئۇنىڭ هالى قانداق دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ . ئۈچ ـ تۆت مىليون ئۇيغۇرنىڭ توقسان توققۇز پۇتۇن يۇزدە توقسان توققۇزى مانا مۇشۇنداق . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەلقنى باشقا مىللەتلەر باشقۇرىدۇ . ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ، شېڭ دۇبەندەك هەربىي بىلىمى بار ، كالىلىسى ئىشلەيدىغان ئادەمدىن بىزدە بىرى بولسىمىغۇ كاشكى . لېنىن ، ستالىن ، ماكسىم گوركىيلارغۇ يۇز يىلدىمۇ چىقمايدۇ ، هېچبولمىسا چاپايوفتەك قورقماس باتۇردىن بەش ـ ئالتىسى بولسىمىغۇ . غېنى ئوغرىنى خەقلەر ماختايدۇ ، سادىر پالۋاندىن قېلىشمايدۇ دېيىشىدۇ . ئۇنى چالا ـ بۇلا كۆرۈپ قالدىم . دۆڭشوپاڭ دېگەن يەرگە غېنى ئوغرى كەپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ گىمنازىيىدىن توپىدەڭگە يۇگۇرۇشۇپ كەلگىنىمىزنى قارىمامدىغان . ساۋۇت ، ئالىم ، ئەكبەر ، ئەزىز بەشىمىز ئوغرىنى كۆرگىلى يۇگۇرۇشۇپ كەلسەك ، دۆڭشوپاڭنىڭ جاڭگۇيدىسى بىزنى كىرگۈزمىدى : چىقىشە شۇمتەكلەر ، ئۇرىدۇ ، چاپىدۇ ، ئۆلتۇرىدۇ دەيدۇ تېخى ، بىز قورقۇپ قالىدىغاندەك . ئوغرىنى كۆردۇق ، نېمانداق ئاغزى يامان . هەي باللار دېسە بولمامدۇ ، هەي جالاپ خوتۇننىڭ باللىرى دەپ قىچقاردى بىزنى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا هاراق ئىچىۋېتىپ . قامەتلىك ، چوقۇر ، ئاق سېرىق بىر ئادەمكەن .

مـالـىخىيىمۇ ئادەم قورققۇدەك سۇرلۇك . ئېتىچۇ تېخى . تالاغا چـىـقـىـپ ئـاتـقا مىنىپ ، پاتقاق چاچرىتىپ توخۇ بازىرىدا ئات يۇگۇرتكىنىچۇ ... »

ئـۇ سـوغـۇقـقا چىدىيالمىدى . پۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەسلا ، قۇلىقى ۋىژىلداپ كۆيمەكتە . تىزلىرىمۇ كۇيۇشۇپ ، تىلى قېتىپ قالغاندەك گەپكە كەلمەيدۇ .

— توختا گايتكا ، مەن هارۋىدىن چۈشۈپ بىردەم يۇگۇرەي !

— تىررر ـ ۋوي ! دېمىدىمۇ ، تۇزدە ئاتاڭنى كۆرسەڭ دەپ ، هە ، راستمىكەن ؟

— ياق ، تېخى ئانامنى كۆرمىدىم . سېنىڭدىن باشقا هېچكىمنى كۆرمىدىم . ئاتلىرىڭنى قامچىلا ، مەن ئاتلىرىڭ بىلەن چېپىشىمەن .

— چۇ ! — دېدى هارۋىكەش تۇپتۇز ئېگىز تۇزلەڭدە ئاتلىرىنى قـامـچـىلاپ . ئاتلار ئۆكىرەڭ تاشلىدى ، نۇرى بار كۇچى بىلەن يـۇگـۇردى . بېشىغا سوكنا شەپكە ، ئۇچىسىغا كونا ئۆرە ياقىلىق تـىـرـىـكە چاپان ، پۇتىغا كونا تەتۇر باشلىق باجىنگىر كىيگەن ، كـۇنـدىن ـ كۇنگە بەدىنى تولۇپ يېتىلىپ بېرىۋاتقان ئون ئالتە ياشتىن تۆت ئاي ئاشقان ئوقۇغۇچى يىگىت دېهقان ئاتلىرى بىلەن تەڭ يۇگۇرۇپ ئۇزۇن تۇزنى تۇگەتتى . دېهقان ئاخىر بالىغا قايىل بولۇپ زوق بىلەن نەزەر تاشلىدى :

— داداڭدىن ئېشىپ چۈشىدىكەنسەن ، نۇرى . داداڭ زىيەك مەهەللىنىڭ بۇقىسى ئىدى ، لېكىن يايلارنى ۋاك دېگۇزەلمىدى . مـۇختەربايـىنى چىچاتىۋېتەرمىكـىـن دېسەك ، بۇمۇ ئارمـان بـولۇپ قالدى ، — دېدى ئۇ هارۋىغا سەكرەپ چىقىۋالغان يىگىتكە قوپال دېهقان تىلىدا سۆزلەپ ، — سەنچۇسەن دېگەنمۇ بىر دەك رەپرەپلەرنى بوزەك قىلىدۇ ، غېنى ئوغرىنى سەنچۇسەندە كۆڭلەكچان يۇرگۇدەك دەيدا . جېنى تۆمۇر ئوخشىمامدۇ ـ هە ؟ شۇنداق ـ دە ، بولمىسا تۇرمىنىڭ تېمىنى تىرنىقى بىلەن تېشىپ قاچالايتتىمۇ ـ هە ؟ !

نۇرى قاقاقلاپ كۇلدى :

— تىرناق بىلەن تام تەشكىلى بولاتتىمۇ ؟ بۇمۇ بىر مۇبالىغە !

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، هوي نۇرى ؟
— كۆپتۈرمە گەپ .
— مۇنداق دە ، قوينى پۇۋلىگەندەك پۇۋلەپ يوغىناتقان گەپ دېگىنە !
— هەئە ، ناخشا ئېيتامسەن ، گايىتكا ؟
— ئېيتسام ئېيتتىما ، مانا تۇمشۇق بايتوقايغىمۇ كېلىپ قالدۇق . بۇ مەھەللىنىڭ چىرايلىق قىزلىرى هەيران قالسۇن ، بىر ئېيتاي تازا !

ئويمان بايتوقاي سازى ،
ئۆردەكتىن تولا غازى .
بايتوقايدا يارىم بار ،
ئۆلتۈردى ئۇنىڭ نازى ! ...

ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى ، جاراڭلىق ئىدى . مەھەللىنىڭ ئىتلىرى ئۆگزىلەردىكى بېدە ـ سامانلار ئارىسىدا قىرو بېسىپ ياتقان يەرلىرىدىن چۆچۈپ ـ سىلكىنىپ ئەنسىز قاۋاشتى ، ئادەملەر هويلىلىرىدىن چىقىشىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشتى . گايىت خىرىلداپ كۈلدى :
— قانداق ، پېغىرىڭغا تەگدىممۇ ؟
— يارايسەن ، — دېدى نۇرى كۈلۈپ ، — هۆكۈمەتنىڭمۇ پېغىرىغا تېگىدىغان بىر باتۇر چىقسىدى ، هۆكۈمەتنىڭمۇ ئىتلىرى هاۋشىپ ، ئادەملىرى تىللاشسا جانلىرىم يايراپ كېتەتتى ـ دە !
— نېمە دېگىنىڭ بۇ ، هوي نۇرى ؟ هۆكۈمەت دېگەن بىر غالجىر ئىت ، خەلق دېگەن تەمتىلەپ ماڭىدىغان بوۋاق . هۆكۈمەتكە كىمنىڭ چامى يېتىدۇ ، ئۇكا ؟
— خەلق دېگەن دەريا . بىلەمسەن ، ئۈچ ـ تۆت مىليون خەلق دېگەن چوڭ دەريا . شېڭ دۇبەننىڭ ئون ـ يىگىرمە مىڭ ئەسكىرى بار . شىنجاڭدا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ خەنزۇدىنمۇ ئاران ئوندىن

بىرى شىڭ دۇبەننى قوللايدۇ ، خەلق دىگەن دەريا ، ھۆكۈمەت دىگىننىڭ ئەخلەت . دەريا ئەخلەتنى ئىقىتىپ كىتىدۇ . بىراق ، دەريا توڭلاپ قالغان ، خەلق ئويغىنىدۇ ، توڭ ئىرىيدۇ ، زۇلۇم تىغى سۆڭەككە يەتتى . نەچچە مىڭ ، نەچچە يۈز مىڭ بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى . شىڭ دۇبەن جىياڭ كەيشىنىڭمۇ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ بولدى . ئۇ ئەمدى زورىيىۋىلىپ سوۋىت ئىتتىپاقىغىمۇ قارشى چىقىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ سوۋىت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغىنىمۇ ، سوۋىت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولىمىز دىگىنىمۇ يالغان . ئۇ بىزنىلا ئەمەس ، پۈتۈن جۇڭگونى سورىماقچى !

— نىمىلەرنى دەۋاتىسەن ، ھوي نۇرى ، نەدىنمۇ تاپقانسەن ئادەم بىلمەيدىغان بۇنچە جىق گەپلەرنى ـ ھە ؟

— رۇسۇلوف دىگەن بىر ئۇستازىم بار . ئۇ سوۋىتتىن قىچىپ كەلگەن . مەخسۇس شىنجاڭنى تەتقىق قىلىدۇ .

— بۇ نىمە دىگىنىڭ ، ئوڭكەي ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسىنا ؟

ھارۋا غاچىلداپ مەھەللىگە كىردى .

نۇرى ئۇكىلىرىغا ئىلىۋالغان بازارلىقى بوپىلانغان خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئۆزىنىڭ قورۇسىغا يۈگۈردى .

— ھىچكىم يوق ! — دىدى ھارۋىكەش ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ، — يۈر ، بىزنىڭكىدە قون ، كاۋا يەيسەن دەيمەن ، شىكەر كاۋا !

— ئۇكىلىرىم باردۇر ئۆيدە ، — دىدى نۇرى غەمكىن ئاۋاز بىلەن ، — كىچىككىنە تۇرۇپ مالاي بولۇپ قالغىنىنى دىمەمسەن ، بىچارە ئۇكىلىرىم ! ...

ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى : مىھرىبان ئانىسىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئانىلىق مۇھەببەت چاقناپ تۇرىدىغان يىقىملىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ . بالىلىرى بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىدىغان ، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغان

دادىسىچۇ ! ئۇ بىگۇناھ باغلاندى ، تاياق يېدى ، تۈرمىدە ياتماقتا . نۇرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەڭگەن يامۇلغا كىرىپ دادىسىنى كۆردى . زىياۋۇدۇن قارىغاي چەنزىلەردىن قىلىنغان سالاسۇن ئىچىدە تۇرۇپ ئوغلىنى يەنىلا شۇ كۈلكىسى بىلەن كۈتۈۋالدى .

— دادا ... — دېدى نۇرى بۇقۇلداپ يىغلاپ ، — گۇناھسىز قامالدىڭ ، نېمىشقا ئادالەت يوق بۇ جاھاندا ؟

— مەيلى ئەمەسمۇ ، يىغلىما ، ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ ، ئۇكىلىرىڭمۇ يىغلاشمىسۇن . ئېيت ، كىم يىغلىسا شۇ دادىسىنىڭ بالىسى ئەمەس ، بەرا بىلەن دەرا يىغلىمايدۇ ، كىچىك ئۇكاڭ بەك نازۇك ، ئۇمۇ ئاكىلىرى بىلەن قوي بېقىشۋېتىپتەك تېخى ، ھى - ھى - ھى ...

دادىسىنىڭ تۈرمىدىمۇ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى - دە ، ۋۇجۇدى تىترىدى .

— ھەممە گۇناھ تارانچىدا ، ھامان چىدا ، ھامان چىدا ، — دېدى ئۇ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ، — دېھقان بولۇشنىڭ ئۆزىلا گۇناھ ئىكەن - دە ، ئۇيغۇرلارنىڭ توقسان پىرسەنتى گۇناھكار ئىكەنغۇ ، يەر بولمىسا باشقىلارغا مالاي بولىسەن ، يېرىڭ بولسا ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتىسەن ، دەن تۆكىسەن ، چۆپ ئۇچى تۆلەيسەن ، تۆلىسەڭمۇ تۆلىمىدىڭ دەپ سولايدۇ تېخى !

ئۇ ئەتراپىدىكى قار بىلەن چۈمكەلگەن ئۆيلەرگە قارىدى ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسى غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئۆزىنىڭ قەلبىدەك غەمكىن ، سولغۇن كۆرۈندى . جىمجىت مەھەللە ئېغىر ئۇيقۇدا . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھاياتتىن گويا ئاق نان ، ئەتكەنچاي ، شېرىن ئۇيقۇدىن باشقىنى تىلىمەيدۇ . شىڭ دۇبەننىڭ تارىخىنى رۇسلوف ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى : ئىككى قېتىم ياپونىيىدە ، بىر قېتىم شاڭخەيدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان . ئۇ ھۆكۈمران بولۇشنىلا ئويلىغان ، ئوقۇشىمۇ ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلىشىمۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بولغان . بۇ ئويىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن

باشقىلارغا يېلىنغان ، خورلانغان ، لېكىن يەنە پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ، ھەتتا ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان ئادەملەرگىمۇ يۈزسىزلىك قىلالىغان . مىڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۆلگەن . تۇرۇپلا مېھرىبان ، تۇرۇپلا خائىن ، تۇرۇپلا قاتىل بولۇش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغان . ئۇ ئەجەب چوڭ نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىكەنۇ ، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز مۇلايىم ھايۋانلارغا ئوخشاش يەمدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلمايدىكەن . مانا ھازىر پۈتۈن يېزا ئۇيقۇدا ، ئۇلار ئۈچۈن ئۇيقۇ بىر لەززەت . ئۇلار ھازىر دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ ، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ . ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا دېگەنمۇ مۇشۇ يېزا ، مۇشۇ جىمجىت مەھەللە . بايلىق — يەر ، بەخت — تاماق بىلەن بالا ... ئىلى ۋادىسىدا نەچچە ئون ئاتا ياشىغان يەرلىك تارانچىلارمۇ ، 1759 - يىلىدىن كېيىن يەتتە تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ ، خوتەن ، قەشقەر ، يەكەن ، ئاقسۇ ، كۇچالاردىن جازالىنىپ چىقىپ تارانچى بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ، ھەتتا تۇرپان ، قۇمۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ئەگىشىپ چىقىپ بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ياكى جاپاكەش دېھقىنى بولۇپ قالغان تارانچىلارمۇ بايلىقنىڭ نېمە دېسەڭ يەر بىلەن قوي دەپ جاۋاب بېرىدۇ . مۇساباي ، سابىر ھاجىلارغا ئاپىرىن ! ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا ياۋروپا سانائىتى بىلەن سودا ئىشلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئېلىپ كىردى . شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ ئەتراپىغا قاراشنى ئۆگىنىۋالدى . لېكىن ، مېنىڭ يېزام ، مېنىڭ خەلقىم تېخىچە ئېغىر ئۇيقۇدا ، دادامنىڭ تۇرمىدە يېتىپمۇ كۆلۈپ تۇرۇشى بىكار ئەمەس . شۇ يەردىمۇ ئۇ ئىزدىگەن تاماق بىلەن ئۇيقۇ بار ئەمەسمۇ ؟ ناۋادا ئۇ ئىنسان ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى دېگەن قانۇنىيەتنى بىلىۋالغان بولسىدى ، كۈلمىگەن بولاتتى . ئۇنىڭ قەلبىگە نەپرەت تولغان ، ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي خورلۇقنىڭ ۋولقانلىرى پارتلىغان . ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ھېسابلىغان بولسىدى ، ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى يوقلاپ كەلگەندە : «بالام ، ئىنساننىڭ قەدىر -

قىممىتى ھەقىقەت ئىزدەشتە ، ھەقىقەت ئىزدە ، ئۇنى تاپ ، ئۇنى قورال قىلىپ ئىشلەت !» دېگەن بولاتتى ··· نۇرى غورۇدىن ئېگىشىپ ھويلىسىغا كىرىۋىدى ، سامانلىقتىن بىر ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ھاۋشىمايلا ئۇنىڭغا ئۆرىدەپ ئېسىلدى . ئۇ خالتىسى بىلەن ئىتنى ئۇردى ، لېكىن ئىت ئىككى ئالدى پۇتىنى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئېلىپ ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھازىرلا چاينىۋېتىدىغان-دەك خىرقىرىدى . نۇرى ھودۇقۇپ ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى . ئىت تېپىرلاپ ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، كەينى پۇتلىرى بىلەن ھەدەپ چىرماق سالاتتى . شۇ چاغدا پەگاھقا بېشىنى قويۇپ ياتقان قېرى قانجۇقمۇ ھاۋشىپ ، ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى . نۇرى بار ئاۋازى بىلەن :

— بەرا ، دەرا ! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى . ئىت تولىمۇ قاۋۇل ئىدى ، نۇرى تامغا يۆلىنىۋالمىغان بولسا ئوڭدىسىغا چۈشكەن بولاتتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئىتنىڭ بارلىق قورالى ئاغزى بىلەن چىشى ، قورالىنى ئىشلىتىشكە يول قويمىساملا مېنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ ، دەپ ئويلىدى . ئۇ بۇ گەپنى دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى . ئۇ بىرىنچى قېتىم دۈشمەن بىلەن ئېلىشماقتا ، ئۇ يېڭىلمەسلىكى كېرەك ، قۇلىقىنى قويۇۋەتمىسىلا يەڭگىنى شۇ . ئۇ ھۈسەنباي زاۋۇتىدا ، پىلىچى خاڭدا ئېغىر ئەمگەك قىلىپ يۈرۈپ يېتىلدۈرگەن قارا كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىت بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كورەك جۇۋا يېپىنچاقلىۋالغان بىرى چىقىپ ۋارقىرىدى :

— كىم ئانداغى !

— مەن نۇرى !

— قوي بارىس !

ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىت غىڭشىدى ، نۇرى ئۇنىڭ قۇلىقىنى قويۇۋەتتى . ئىت لوكۇلداپ تونۇر بېشىغا ، ئاندىن كېيىن ئۆگزىگە چىقتى ـ دە ، چۆپ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتتى .

— ئى پالۋىنىم ، جولبارىستى جەڭدىڭبا ! — دەپ قاقاقلاپ

كۆلدى ئۆيدىن چىققان گەۋدىلىك ئادەم .
— قاما ئاغاي ، ئىتلىرىڭ مېنى تانىمادىغۇي !
— ئۇۋرىمىكــن دەپ قــالدىغۇي ، جۇر - جۇر ، نى دەگــەن سوۋۇق ئاۋ ، قايدان كەلە جاتىرسىن ؟
— قالادان !
— ئەكەڭنى كۆردىڭبا ؟
— كۆردىم .
— قالاي ئىكەن ئۇل پالۋان .
— تەۋىر ، جاقسى !
— ئۇندا بولادىغۇي ! ...
ئــۇلار بـــردە ئۇيغۇرچە ، بىردە قازاقچە سۆزلىشىپ ئۆيگە كىردى . دالانغا كىرىش بىلەن ئۇنىڭغا يىغا ياماشتى . ئانىسى ئالدىغا يۇگۇرۇپ كېلىدىغاندەك ئىشىكلەرگە تەلمۇردى . ئۇنى قاما سارايغا باشلىۋىدى ، ئۇ :
— دەرا بىلەن بەرا نەدە ؟ — دەپ سورىدى .
قاما ئاشخاننى شەرەت قىلىپ «ئۇخلاۋاتىدۇ» دېدى .
نۇرى ئىنىلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ دالانغا مېڭىۋىدى ، قاما سارايدىن سۇ ماي بىلەن يانىدىغان قارا چىراغنى ئاچىقىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى :
— بــــشارالار قــويلارغا چۆپ چاچتى ، سىيىرلارغا ھەلەپ ئەتتى ، جادۇ بىلەن ئاتلارغا بېدە تۇۋرادى ، جاڭاغانا كىرىپ ياتتى . كىشكىنتايىڭمۇ بار ئەلى ...
نۇرى ئاشخانىغا كىردى . كاڭدا ئۇچ ئىنىسى ئۇخلاۋاتاتتى . دەرا كــچــك ئــنــســنى بىرى بۇلاپ كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىۋالغان ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە تونۇش چىت يوتقان . بەرا — تېرىككەك ، تىرىشچان ئىنىسى ئۇلارغا دۇمبىسىنى قىلىپ شاتىۋار يــوتــقــاننى يىپىنىپ تۇگۇلۇپ ياتاتتى . قازان بېشىدىكى چاقماق پــەنـجىرىگە بالىلار بۇ يىل قەغەزمۇ چاپلىماپتۇ . يەڭلىك بىلەن توقۇمنى تىرەپ قويغانىكەن ، بىر چېتى ئوچۇق قالغان پەنجىرىدىن

زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق كىرمەكتە . مورا ئوچاقنى كۈل بېسىپ تۇرۇپتۇ . مايلاشقان مورا بېشىغا قايسى ئۇكىسى يازدىكىن : «نۇرمۇھەممەت» دېگەن ئىسمنى كۇيە بىلەن يېزىپ قويۇپتۇ . ئانىسى سۇپا قىرلىرىنى ، قازان بېشلىرىنى سېغىز لاي بىلەن سۇۋاپ سىرلىغاندەك قىلىۋېتىدىغان ئاشخانا ھازىر تونۇغۇسىز ھالغا كەپتۇ : پەگاھتا قوي قۇمىلاقلىرى ، كىگىز سېلىنمىغان داق يەرلەر تىلغانغان ، قازان بېشىنى توپا باسقان ، چىنىلەر قاپقارا ، قاسماق ... ئۇ ئۇكىلىرىنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيدى ، باشلىرىنى سىلىدى ، كىچىك ئۇكىسىنىڭ بېشىغا ئىككى تال تاز يارىسى چىققان ، بالىنىڭ يۈز - بويۇنلىرى ، قوللىرى قاپقارا كىر ، پۇتلىرى قوتاندىكى قوينىڭ پۇتىنىڭ ئۆزى ... ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . «يىغلاش بىلەن نېمە ئىش پۈتىدۇ ؟ دادامنىڭ بۇ گېپى توغرا ، ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىماسلىقى كېرەك !» ئۇ ئوچاقمانتىدىن كەسلەنگەن ئوتۇنلارنى ئېلىپ مورا ئوچاققا تىزدى ، كۈللەرنى يىغىپ تازىلىدى ، تۇتۇرۇق سېلىپ چىراغ بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇۋىدى ، قاتتىق ئوتۇن چاراسلاپ گۈركىرەپ ياندى . ئۇ خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى . كۈپتىن قۇم چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ ئۇنى ئوتقا قاقلاپ قويدى . پەنجىرىلەرنى ھىملىدى ، ئۆينى تازىلىدى ، مورا يېنىغا داستىخان سېلىپ بازاردىن ئاچىققان گىردە ، سامسا ، تاڭگا ، شىمىشكا ، كەمپۈت ، پىششىق گۆشلەرنى يايدى . چىنىلەرنى يۇيۇپ چاي دەملىدى - دە ، ئاپىسىدىن مىراس قالغان پاكىزلىق بىلەن ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئۇكىلىرىغا ئاچىققان ، كىيىلگەن بولسىمۇ خېلى چىرايلىق كىيىملەرنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ تىزدى . ھەممە تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئاۋۋال بەرانىڭ ئاپىسىغا تارتقان چىرايلىق بۆرنىنى ئاستا چىمدىدى :

— بەرا ، تۇرە ساقام !

چۈشىدە ئاكىسىنى كۆرۈۋاتقان ئۇن تۆت ياشلىق قاۋۇل بالا لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ خۇشاللىقىدا ئاكىسىنىڭ بوينىغا

ئېسىلدى ۋە :
— دەرا ، ھەمرا ! — دەپ ئۆكىلىرىنى ئىرغىتىپ بىر دەمدىلا ئويغايتتى .
زىياۋۇدۇن بىلەن رەيھانگۈلنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتى يۇلتۇزلارنى تۇغدى . مۇھەببەت بىغىنىڭ باھار - يازلىرى ئۆتۈپ ، زىمىستان قىش قىرولۇق مەزگىلى ھۆركىرىگەن بۇ مۇبارەك ئۆيدە ھاياتنىڭ مۇھەببەت مايسىلىرىنى كۆردى . ئىنسان تەقدىرىنىڭ «تۇغۇلۇش ، ياشاش ، يوقىلىش ، يەنە تۇغۇلۇش» بىلەن دەۋرلىنىدىغان چەمبىرەكسىمان مۇساپىسى بۇ ئاشخانىدا يەنە ئەكس ئەتتى ...
باللار شۇنچىلىك شادلاندىكى ، ئۇلار گويا ھاياتنىڭ پاجىئەسىنى كۆرمىگەن ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك جۇدالىقتىن گويا ئۇلار بىخەۋەر : ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسى تەل ، ئۇلار ھازىر ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمايدۇ . ئۇلار ئۇچۇن بەخت مانا مۇشۇ مىنۇتلار ... ھەي باللار ، قەلبىڭلار باھار قۇشلىرىغا ئوخشايدۇ ، باغلاردا يېشىل ياپراقلار پەيدا بولسىلا ، مەڭگۈ غازاڭ پەسلى ، زىمىستان پەسلى بولمايدۇ دەپ ھاياتنى كۈيلەيسىلەر ، سىلەر كېيىنكىلەرگىمۇ ئوخشايسىلەر : گۈللەر ئېچىلسىلا دۇنيانىڭ ھەممە يېرى ھەمىشە شىرنە دەپ قاناتلىرىڭلارغا بەخت پەيلىرىدىن كۈچ بېرىپ توختىماي پەرۋاز قىلىسىلەر ... باللار كۆلكىسى ئاڭلانغان يەر ئەڭ گۈزەل ، باللار شادلىقى ھايات شادلىقى ، باللار بەختى ئىنسان ئارزۇسى ...
ئۇلار يەپ - ئىچىپ ، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ ، سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇنۇپ تاڭ ئاتقۇچە شادلاندى . تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قېلىشتى . مۇختەربايىنىڭ مالچىسى قاما تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باللارنى كۆرۈپ ئەتىگەنلىك قورۇ ئىشلىرى : تۆت بوز قويغا ئوت چېچىش ، كالىلارغا سامان بېرىش ، ئاتلارنى سۇغىرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى خوتۇنى بىلەن ئىككىسى قىلىشتى .
تۆت ئوغۇل چىرايلىق كىيىنىپ ھويلىغا چىققاندا ، ھويلىدا

سەنسەن جۇۋنى يېپىنچاقلاپ ئۇلارنىڭ خوجايىنى — دادىسىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇختەرباي سۇپىدا كېرىلىپ تۇراتتى، بالىلار ئۇنىڭغا سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم، ھە نۇرى، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسەنغۇ؟ ھە، ئوقۇپ بولدۇڭمۇ، قويۇۋەتتىمۇ؟

— قىشلىق تەتىل ئاخىرلاشتى. تەتىلدە بىر ئاي پىلىچى خاڭدا ئىشلىدىم. قولۇمغا ئازراق پۇل كىرگەن، ئۇكىلىرىمنى يوقلاپ چىقىشىم.

— ئاچ قالدۇق دېمىگەندۇر بۇلار - ھە؟ — دېدى مۇختەرباي مېھرىبانلىق بىلەن، — بىزنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان دېسەم پەقەت ئۇنىمايدۇ بۇلار. كىچىكى چېغىدا ئاكىلىرىنى كىنەپ كېلىۋاپتۇ. ئۇكىلىرىڭدىن خاتىرەڭنى جەم قىل، نۇرى. ئالتە بالام ئۇن بولدى شۇ. ئاپاڭ رەھمەتى ئىبىسىل خوتۇن ئىدى. ئاڭلىغانسەن، ئاپاڭغا موماڭ يۈز قوي، ئون كالا، ئۈچ ئات مىراس بېرىپتۇ.

— دادامغا قالغان مىراس بېشىغا بالا بولدى، ئاپامغا قالغان مىراسمۇ شۇدۇ. مىراس ئالمايمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، مۇختەر چوڭ دادا. دادامنى پارا بېرىپ بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالساق بولاتتى.

— نەزەرخان غوجام توققۇزتارانىڭ ھاكىملىقىدىن دوتەي بولۇپ ئۆسۈپتەك. غوجام ئادىل ئادەم. ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىدۇ. شاڭيو چوڭ دادىلىرىڭنىڭمۇ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ھېلىقىدەك قىلىپ غوجامغا بىر ئەرز يازغىنا، نۇرى.

نەزەرخان غوجامنى ھەممىلا ئادەم خەلقپەرۋەر ئادەم دەپ ماختايتتى. لېكىن، رۇسۇلوف ستالىنچە قويۇۋالغان يىرىك قارا بۇرۇتىنى سىلاپ: «ياخشىلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن غوجانىياز ھاجىنى ھەممىلا يەردە خائىن دەپ تىللىغىنىغا قاراپ شىڭ دۇبەننىڭ كانىيىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم» دېگەنىدى. ھەممىلا ئىشتا رۇسۇلوف ۋە رەخمجان سابىر ھاجىنىڭ تاتار ئۇستازى ئەمىن ئەۋزىنىڭ قاراشلىرىنى ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنگەن ياش يىگىت باي

چوڭ دادىسىغا ئۆز پىكرىنى ئوچۇقلا دېدى ، — بەزىلەر نەزەرخان غوجامنى شىڭ دۇبەننىڭ سادىق ئادىمى دەيدىكەن . دېمىسىمۇ ئۇ ئادەم گىمنازىيىگە كېلىپ دوكلات بەردى . دوكلاتىدا شىڭ دۇبەننى قالتىس ماختاپ ، ئالتە بۇيۇك سىياسەتنى بەخت ئەكېلىدىغان سىياسەت ، دېدى .

— شۇنداق دېمەي قانداق قىلاتتى ؟ مەنمۇ تۆت يىل ماخۇسەننى ماختاپ ئالىي قوماندان ، داھىي دېدىم ، ئىلاج قانچە ؟ جان باقماق پەرز دېگەن گەپ مۇشۇنداق يەردە ئىشلىنىدۇ ، گالۋاڭ !

نۇرى جىمىپ قالدى . ئۇ دادىسىنىڭ ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى نەزەرخان غوجامغا مەلۇم قىلىش نىيىتىگە كەلدى .

ئۇ قىشنىڭ بىر كۈننى ئۆكىلىرى بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى . ئۇلار چانا بىلەن قىشلاقتامغا چۇشۇپ سىڭلىسىنى يوقلىدى . مومىسى ئاۋۋال نەۋرىلىرىنى بىرمۇبىر سۆيۈپ قۇچاقلىدى ، قىزىنى قوشاققا قېتىپ يىغلىدى . چوڭ دادا ، كىچىك دادىلىرى باللارنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىشتى . شاڭيولارنىڭ زىياۋۇدۇنغا قىلغان يۇزسىزلىكىنى ئەيىبلەپ ، نۇرىنىڭ دادا جەمەت باي تۇغقانلىرىنى قارغاشتى ...

كەچتە ئۆيگە يانغاندا ، چوڭ دادىسى ئۇلارغا سوقۇم ئۇچۇن ئىككى قوي ، ئۇن ، ياغ ، نان ـ توقاچلارنى بەردى . باللار چانا بىلەن قاقاقلىشىپ كۇلۇشۇپ قاراڭغۇ چۇشكەندە مەھەللىسىگە قايتىپ چىقتى . كەچتە يەنە مۇختەربايىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى . نۇرى ئاخشىمى ئۆيىنى ياخشى ئىسسىتىپ ئۆكىلىرىنى مورا ئوچاقنىڭ چۆرىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، «مىڭ بىر كېچە» دىن چۆچەك ئېيتىپ بەردى . يېرىم كېچىدە ئىتلار قاتتىق قاۋاشتى . ھويلىدا بىرلىرى دۈكۈرلەشتى . باللار قورقۇپ بۇلۇڭلارغا مۆكۈشتى . نۇرى قىزىقىپ دالانغا چىقىپ پەنجىرىدىن سىرتقا قارىدى . ھويلىدا تۇلكە تۇماق كىيگەن ، تولىمۇ گەۋدىلىك ئىككى ئادەم قاما بىلەن گەپلىشىۋاتاتتى . نۇرى ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتى ۋە سالام بېرىپ ئاتلىرىنى قولىدىن ئالدى .

— غېنى ئوغرى ، — دەپ نۇرىغا پىچىرلىدى قاما بېشىغا تۇلكە تۇماق ، ئۇچىسىغا قىسقا جۇۋا كىيگەن بەستلىك ئادەمنى كۆرستىپ ، — بۆرىۋاي ئىككىسى قېچىپ كەپتۇ . ئۇلارنى تۇتقىلى ئادەم چىققانىكەن .

نۇرى چالا - بۇلىلا بىر قېتىم كۆرگەن غېنى ئوغرىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى .

— بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار سىزنى قالتىس ماختايدۇ ، غېنى ئاكا ، سىز سادىر پالۋان بولالايسىز - ھە ، — دېدى ئۇ غېنىغا .

— ھا - ھا … — دېدى غېنى كۇلۇپ ، — مېنىڭ سادىر قاڭرۇقتەك يامۇلدا تولا يېتىپ بېشىم بىر قۇچاق بولمىدى تېخى ، سەن نەنىڭ ئوقۇغۇچىسى ؟

— گىمنازىيىنىڭ .

— ھە ، ھېلىقى شىڭ دۇبەننىڭ مەكتىپىنىڭ بالىسى ئىكەنسەن - دە ؟

— ھەئە .

— شىڭ دۇبەننىڭ تامىقى تاتلىقمىكەن ؟

— ئۇ دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان مەكتەپ ، غېنىكا .

— ئورۇسنىڭ پۇلى نەدىن كەلگەن ؟

— ئۇ دېگەن باي ، كۈچلۈك ، سوتسىيالىستىك دۆلەت .

— پاھ ، پاھ ، قالتىس گەپدان ئىكەنسەنغۇ - ھە . يۇرە ، ماۋۇ قازاقنىڭ گۆشى پىشقۇچە ماڭا دەرس سۆزلەپ بېرە !

ئۇلار قامانىڭ تەر ۋە گۆش پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن غېنى :

— پاھ ، پاھ ، ھېلىمۇ سۇدا يۇرىدىغان قاما دېگەن ھايۋان بولغىنىڭ ، بورسۇق بولغان بولساڭ ئۆيۈڭ قانچىلىك سېسىق بولاردى . پېتلىرىڭ يوق كۆرپە - تېكمەتلىرىڭمۇ باردۇر - ھە ، قازاق ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى .

— پىت بولمىسا ئورۇس بولۇپ قالمايمەنمۇ ، غېنىكا ؟ ئورۇس

بولۇپ قالسام ساڭا كۆن يوققۇي ! ...

— ھا - ھا ... — مەيلى پىتلاۋەرگىن ، پىتلىرىڭ ئۆچسا ئۆچسۈن ، ئورۇس بولما . شىڭ دۇبەننىڭ ئەقلى ئورۇستىن كېلىدۇ . ئۇ ياقتا بىز خەقنى قىرىپ تۆگەتتى . قالغىنىنى ئەمدى شىڭ دۇبەننىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى .

— ئابلايقاننى قۇرۇتۇپ ، قازاقلارنى ئالاش ئوردا دەپ قىردى ، قۇدايارقاننى جوغالتىپ شەيخۇلئىسلام دەپ ئۆزبېكلەرنى قۇرۇتتى . ئۇيغۇرۇڭ نېمە نە ؟ — دېدى بۆرىۋاي ئىسمىلىك قارا بۇرۇت ، ئىككى مەڭزى خوراز تاجىسىدەك قىزىل يىگىت . ئۇ يېنىچە يېتىپ كىگىزنى قايرىپ «چىرت» قىلىپ تۇكۇرۇپ قويدى - دە ، سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سەن غېنى بۆرىۋايغا ئەگىشىپ ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقا نېمىگە يارايسەن ؟

— چۇ سىلىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلايمەن ! — دېدى غېنى كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەڭ چوڭ ئوغرى ئاشۇ چۇ سىلىڭ . ئۇ شىڭ دۇبەننىڭ قېيناتىسى ، ئۇلار ئىككىمىزدەك شېرىك ئوغرىلار . تېخى بىزنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولىغۇدەك . تۈرمىدىن يەتتە قېتىم قېچىپ قۇتۇلدۇم . ئەمدى تۇتۇلسام ساق قويمايدۇ جۇمۇ . ھەي قاما ، ئاتلارنى سامانلىقتا تىق . مۇختەربايىنىڭ ئېتىدەك كىشنەپ قويۇپ بالا تاپمىسۇن جۇمۇ . كاپىر ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقلىرى يامانكەن . شىڭ دۇبەنمۇ قالتىس مەرگەنكەن . گا سىلىڭ ، جاڭ سىلىڭ ، غوجانىيازلارنى شۇنداق تىرىپىرەن قىلىۋەتتىكەن .

— راست قىيىن ئەكەن ، بۇل چىڭ چىساي دېگەننىڭ !

— تۇتۇلساڭ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ . قولۇڭنى باغلاپ ، تۆت تېمىغا ، يەرگە تۆمۈر زىخ قېقىلغان ، مىدىرلىغىلى بولمايدىغان بىر كىشىلىك ئۆيدە ئۆرە تۇرغۇزۇپ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىۋېتىدىكەن ، تېپەي دېسەڭ پۇتۇڭ كىشەندە ، تىللايسەن ، قارغايسەن ، تىك تۇرۇپ قىينىلىپ ئۆلىسەن . ئۇنىڭ مۇشۇنداق مىڭ خىل قىيناش ئۇسۇلى باركەن ... پاھ ، پاھ ... ئەتىلا تىلقا تاغلىرىغا — ئەكبەر باتۇرنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتەيلى جۇمۇ ...

نۇرى گىيپىي ئۇچۇق، ئەمما قوپال، ھېكايىلەردىكى قەھرىمانلاردەك سىرلىق، چىچى تاقىرلىششقا باشلىغان، كۆزلىرى سارغۇچ، بۇرنى قىسقا، گەۋدىسى تولىمۇ مەزمۇت، يوغان كەلگەن بۇ ئادەمگە ئوبدانلا قىزىقىپ قالدى.

— غېنىكا، سىز بىرنېمىدىن قورقمامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قورقىمەن.

— نېمىدىن؟

— چىرايلىق خوتۇنلاردىن. نېمىشقا دەمسىنا؟ ئۇنىماي تۇرۇۋالسا ئۇرساڭ ئۆلۈپ قالىدۇ، ھا - ھا - ھا ...

— خۇدادىنچۇ؟

— جاننى دېمىسەم قورقمايتتىم خۇدا دېگىنىڭدىنمۇ ...

— سىز داڭلىق ئوغرىما؟

— ھەئە. پاھ، ئەجەب چىرايلىقكەنسىنا، قىز بولۇپ قالغان بولساڭزە، ھەي ...

— سىز چوڭ بايغۇ - ھە؟

— نەدىكىنى، بىر قېتىمدا بىر ئۆيۈر يىلقا ئوغرىلاپ كەلسەك يېرىمىنى مۇنۇ قازاق ئالىدۇ. ئۇن گادايغا بىردىن ئات بېرىمەن، ئۆزۈمگە يەنە ئاشۇ بوز ئېتىم قالىدۇ. ئوغرىلايمەن، كەمبەغەللەرگە بېرىمەن. بۇ جاھاندا نېمە تولا، كەمبەغەل تولا، ئۇلارنى باي قىلىپ بولغىلى بولامدۇ؟

نۇرى يېنىچە ياتقان غېنىنىڭ بىلىكىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ باقتى. ئۇنىڭ بىلىكى نۇرىنىڭ پاچىقىدەك توم ئىدى.

— شىڭ دۇبەن قالتىس چامباشچى ئىكەن دېيىشىدۇ، ئۇنى يېڭەلەمسىز، غېنىكا؟ — دېدى نۇرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىرىپ ئېيىت ئۇ لامزەللىگە، يەكمۇيەك چىقسۇن. ئۇ ئۇننى ئۇرسۇن، مەن بىرنى ئۇراي، يا بولمىسا تاپانچا - پاپانچىسىنى قويۇپ ئۆزىدەكتىن توققۇزنى باشلاپ ئۇن بولۇپ كەلسۇن، — دېدى غېنى مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بۆرىۋايدىن سورا،

غالجىرلاشقان بوغرىنى بىر مۇشت بىلەن تىك چۇشۇردۇم . مىلتىق ، پىلىمۇت ، زەمبىرەك دېگەنلەرنى قانداق لامزەللى چىقىرىۋېدىكىنتاڭ؟ ھەزرىتى ئەلى ، ئاۋامىسلىم دېگەن پالۋانلار قارا كۈچ بىلەن دۈشمەنلىرىنى دۇمبالىغانىكەن . ھازىرقى قورالالار بار بولغان بولسا ئۇلارمۇ پالۋان بولالماسمىكىنتاڭ؟

غېنى ئوغرىنىڭ گېپىمۇ ، مۇلاھىزىسىمۇ غەلىتە ئىدى . نۇرى بۇنداق غەلىتە ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە . ئۇ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى .

— ئاۋۇ ئابدۇمەر مىكىيىگى دېگەن قاشقالىق پارا يېگەن گەپ ، — دېدى غېنى خاپا بولۇپ ، — غوجامغا دەپ نېمە قىلىسەن؟ بولدى ، زىياۋۇدۇننى ئۆزۈم قۇتۇلدۇرىمەن !

— قانداق قىلىپ؟ — نۇرى خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتتى .

— قۇتۇلدۇرىمەن ، ئەمما تاغقا ئاچىقىپ كېتىمەن ، — دېدى غېنى ئەسنەپ تۇرۇپ ، — ئابدۇمەرنىڭ بىرتالاي خوتۇنى ، ئۇنىڭ راسا كېلىشكەن بىر قىزى بار ئىكەن . خەپ توختا ، شۇ قىزىنى ئاچىقىپ رەسۋا قىلمىسام ...

نۇرىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ يېنىشقا تەييار تۇرغان يوشۇرۇن بىر ئوت بار ئىدى . شۇ ئوتقا تۇتۇرۇق تەگدى ، ئۇنى بىرى پۈۋلىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ، يۈرىكى ، تومۇرلىرىدا ئوت پەيدا بولدى . ئۇ ئىختىيارسىز ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ باغقا قاراپ يۈگۈردى . قېرى قارىياغاچنىڭ يېنىغا بېرىپ يالقۇنجىغان ئاۋازدا :

— سەبىخە ! — دەپ ۋارقىرىدى .

لېكىن ، سەبىخە نەدە ، ئۇ نېمە ئويدا؟ بۇلار نۇرىغا قاراڭغۇ . مۇھەببەتنىڭ كۈچى ھەممىدىن يامان ، ئۇ ئادەمنى ئەقلىدىن ، ئىرادىدىن ، ھەتتا بىر ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالدىن مەھرۇم قىلالايدۇ . بۇ گەپلەرنى نۇرى كۆپ تەكرارلىغان . لېكىن ، ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئاشۇ كۈچىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىرادە تەييارلىمىغان . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېگىتلەرگە خاس قەيسەرلىك بىلەن باللارغا خاس

گۆدەكلىك ئىلىشماقتا ئىدى ...

نۇرى ئەتىسى شەھەرگە — گىمنازىيىگە قايتىپ كەلدى . ئىككى قەۋەتلىك ، قاڭالتىر ئۆگزىلىك ياتاقنىڭ ئىككىلا قەۋىتىدە ھەربىر ئۆيگە سەككىزدىن تاپچانكا قويۇلغان ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بار . ئىشىك تۆۋىدىكى تاپچانكا نۇرىنىڭ . ئۇ ياتىقىغا كىرىپ دوستلىرىنى سەھرا توقاچلىرى ، قۇرۇت ، قاقلىرى بىلەن مېھمان قىلىۋاتقاندا ، ئۆيگە بىر ئوقۇغۇچى ئالدىراپ كىردى - دە :

— شەڭگەن يامۇلىغا بۇلاڭچىلار كىرىپ ئۈچ چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ تۈرمىدىن تۆت ئادەمنى بۇلاپ قېچىپتۇ . ھازىر شەھەرگە ئەسكەر يېغىپ كېتىپتۇ . ئاڭلاڭلار ، مانا گۇدۇك ! — دېدى .

گىمنازىيىنىڭ ئالدىدىكى زاۋۇت ، ئاندىن كېيىن مۇسابايوفلار زاۋۇتى كەينى - كەينىدىن گۇدۇك بەردى . بۇ ھەربىي ھالەت بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ، ئەمدى كىم كوچىغا چىقسا ئېتىلىدۇ . نۇرىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى . ئۇ غېنى ئوغرىنىڭ : «داداڭنى مەن قۇتقۇزىمەن !» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى . ئەسكەرلەر گىمنازىيىنى ئاختۇرۇپ قالسا بۇلاپ كېتىلگەن زىياۋۇدۇننىڭ ئوغلى نۇرىنى چوقۇم تۇتىدۇ . ئۆلگەن ئۈچ چېرىك ئۈچۈن ياۋ سىلىڭ چوقۇم نۇرىنىڭ ئۇكىلىرىنى قوشۇپ ئۆلتۈرىدۇ . نۇرى ئۇكىلىرى بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك . ئۇ كىمدىن ياردەم سورايدۇ ؟ رەخىمجانچۇ ؟ ياق ، ئۇنى بۇ ئىشقا چاتسا بالانى كۆپەيتىمەمدۇ ؟ ساشكىچۇ ، ئەمىن ئەۋزى ، رۇسۇلوفچۇ ؟ ياق ، ئۇلار ياردەم قىلالمايدۇ . تەۋەككۇل قىلىپ نەزەرخان غوجامنىڭ ئالدىغا بېرىپ راست گەپنى قىلىش كېرەك .

ئۇ گىمنازىيىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ تاتار بايلىرىنىڭ بېغىغا ، ئاندىن كېيىن نوۋگورت كوچىسىغا چىقتى - دە ، تېرەكلەرنى دالدا قىلىپ ئۈچەدەرۋازىغا قاراپ ماڭدى . غوجامنىڭ يېڭى جايى تېخى پۈتمىگەن ، ئۇ ئادەم تۆتىنچى كوچىنىڭ ئېغىزىدىكى كۆك دەرۋازىلىق قورۇدا .

ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايلىق كىيىنىۋالغان نۇرى ،

تاقىلداپ مېڭىپ ئىككى ئەسكەر پوستتا تۇرىدىغان تاشقىرىقى دەرۋازىغا كەلدى :

— ھە ، نېمە گەپ ؟ — دېدى ساقچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ .

— ۋۇي ، مېنى تونۇمامسىز ؟ مەن غوجامنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇسا فوگوەننىڭ ئوغلى ، دادام بىلەن كۆرۈشمەن !

— مۇسا ! — دېدى ساقچى بىر دېرىزىنى قېقىپ . مۇسا — ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ، قىلىچ ئاسقان ئادەم نۇرىنى كۆرۈپ :

— ھە ، شائىر ! — دېدى . بىر سورۇندا نۇرى شېئىر ئوقۇغاندا فوگوەن ئۇنى ماختىغانىدى .

— سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى !

— يۇر ، — دېدى ئۇ ۋە مۇھاپىزەتچىگە قاراپ ، — ئۆز ئادەم ! — دەپ قوشۇپ قويدى .

غوجام يوق ئىكەن . غوجامنىڭ ئەتىۋارلىق ئايالى ئەپرىز ئايىم ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ، دەرھال توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمغا تېلېفون بېرىپ ، نۇرىنىڭ ئۇكىلىرىنى چىغلىقمازاردىكى غوجامنىڭ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇشنى ئېيتتى . نۇرىنى بولسا مۇسانىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇردى . غوجام كەچ كەلدى ، ئۇ ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ :

— ياخشى قىپسىز ، ئەمما شەپە چىقارماڭ ، ئەتىلا بالىنى نۇسرەتبايلارنىڭكىگە يۆتكىۋېتەيلى ، — دېدى .

غوجام تۇڭگانلارغا قارشى چىغلىقمازاردا قوشۇن تەشكىللىگەندە زىياۋۇدۇن خىزمەت كۆرسەتكەن ، مۇختەرباي تۇڭگانلارنىڭ ئازابىنى جىق تارتقان ، غوجام ئۇلارغا پاناھ بولۇشقا قەرزدار ئىدى . ۋاقتى كەلگەندە غوجام سوۋېت كونسۇلى ۋە ياۋ سىلىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بۇ ئىشنى ياخشى ھەل قىلالايتتى .

نۇرى پاناھ جاي تاپتى . ئۇ دوستى رەخىمجان بىلەن كۆرۈشتى . لېكىن ، ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇشى قانداق بولاركىن ، ئىستىقبالىچۇ ؟

# 7

ئىلى دوتەي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ۋالىي) نەزەرخان غوجام پېشىنىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كالاسكىدا ئولتۇرۇپ كۆككۆۋرۈكتىن ئۆتتى - دە، قەدىمكى ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان تۆمۈر قاڭالتىرلىق، تاختايلىق ئۆيلەرنى ئوراپ تۇرغان چىرايلىق باغنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. بۇ يەر ۋالىي مەھكىمە، گارنىزون قوماندانلىق شتابى ھەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىدى. غوجام — ئۇچىسىغا سۆسەر جۇۋا، بېشىغا قاما تۆپە، ئىچىگە كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىغان، يوغان بۇرۇن، قارا بۇرۇت، ئاق يۈزلۈك ئادەم غەمكىن ۋە خىيالچان ھالدا كالاسكىدىن چۈشتى. قارا بۇرۇت فۇگۇەن ئۇنى يۆلىۋالدى، ئۇ يېنىكلا رەت قىلىپ قاڭالتىرلىق بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن چىقىپ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئىشخانىغا گىلەم سېلىنغان، قالغان جايلار رۇسىيىنىڭ يۆلەنچۈكى ئېگىز ئورۇندۇقلىرى ۋە يوغان ئۈستەل - ئىشكاپلىرى بىلەن بېزەلگەن، ئۆيىنىڭ تۆر تېمىغا لېنىن، ستالىن ۋە شېڭ دۇبەننىڭ رەسىمى ئېسىلغان. غوجام شېڭ شىسەي — قارا بۇرۇت، يوغان كۆزلۈك ئادەمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن جۇۋىسىنى خىزمەتكارغا بېرىپ، بېشىغا گۈللۈك يېشىل دۇخاۋا بۆك كىيىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى - دە، دوتەي كاتىپىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى.

— چيۇ سىلىڭ سىلىنى كەلسىلا ئىشخانىغا چىقسۇن، دېگەن، — دېدى كاتىپ، ئاندىن تۇرمىدىكى ئادەم بۇلاش ۋەقەسىدىن كېيىن ھەربىي ھالەت بولۇپ يۈزدىن جىق گۇمانلىق ئادەمنىڭ تۇتۇلغانلىقى، سوۋېت كونسۇلىنىڭ ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، زۆرۈر بولغاندا سوۋېت ئەسكەرلىرىنىمۇ ئىشقا سالىمىز

دېگەنلىكى، شىڭ دۇبەننىڭ تېلېفوندا: «بۇ چوقۇم پانتۈركىستلارنىڭ ئىشى، سابىت داموللا، غوجانىيازلار تۇتۇلغان بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى تېخى تازىلىنىپ بولمىدى، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇلارنى بىر ئاي ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش كېرەك!» دېگەنلىكىگە ئوخشاش مۇھىم ئىشلارنى غوجامغا ئېيتتى. غوجام گەپ قىلمىدى. ئۇ كۆڭلىدە «بۇ غېنى ئوغرىنىڭ ئىشى، بۇنىڭ سابىت داموللا، غوجانىيازلار بىلەن ئالاقىسى يوق» دەپ ھۆكۈم قىلدى. لېكىن، بۇ ھۆكۈمنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك. ئىپادىلىمىسە نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەر تۇتۇلىدۇ. ئىپادىلىسە ئۆزى گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ - دە، خاتىرجەملىك يوقىلىدۇ. ئاۋۇ قارا بۇرۇت شىڭ شىسەي يېنىدىكى يوغان بۇرۇت ستالىندەك قاتتىق قول، رەھىمسىز، كەسكىن ئادەم. ئۇنىڭ ئۈچۈن غوجامنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كونا خەينى چۆرۈۋەتكەنچىلىكلا بىر ئىش. ۋابالچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالمىسا خەلق نەپرىتى كەلكۈندەك يىمىرىلىپ كېلىدۇ، ۋابالچىلىقنى توسۇي دېسە كاللا كېتىش خەۋپى بار ...

غوجام كىم بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى بىلمەي گاڭگىراپ چيۇ سىلىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. چيۇ زۇڭجۇن ئىسىملىك شەرقىي شىماللىق تۇەنجاڭ، كۇيئوغلىنىڭ بۇيرۇقىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، قورساققا، مال - دۇنياغا ئامراق، سېمىز، ياپونچە بۇرۇت قويغان بۇ ئادەم ھازىر ئىلى قوراللىق قىسمىنىڭ سىلىڭى، ئىلىنىڭ باش ۋالىيسى بولغاچقا، دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەندى. غوجام كىرگەندە ئۇ ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ فرانسىيىدىن كەلتۈرۈلگەن بىرىليانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى بارمىقىغا سېلىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنىڭ قىسقا بوينى ھەربىيچە كىيىم بىلەن پاگونلۇق مۇرىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، شالاڭ چاچلىق، ئوتتۇرىسى تاقىر بېشى ئۇستەلدىن سەللا كۆتۈرۈلۈپ چالا ئۇتلەنگەن كاللىدەك پارقىراپ

تۇراتتى .

— چيۇ سىلىڭ ، نەزەر فۇجۇەنيۇەن داۋ !

سىلىڭ ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى .

— ئوتۇر ، ئوتۇر ! — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ غوجامغا لاپپىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن كۆڭۈلسىزلا .

— چاقىرىپتىكەنسىز ، سىلىڭ جانابلىرى !

تەرجىمان تېز - تېز تەرجىمە قىلدى .

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى پۈتۈن خىزمەتچىلەر ، بايلار ، مۆتىۋەرلەر ، چوڭ - چوڭ ئاخۇنلارنى ئۈچ قاق كۆلۈمىگە[1] يىغىش كېرەك . شىڭ دۇبەننىڭ مۇھىم يوليورۇقى بار ، يەتكۈزىمىز ! — دېدى چيۇ سىلىڭ قاتتىق ، كەسكىن تەلەپپۇزدا .

— خوپ بولىدۇ ، سىلىڭ جانابلىرى ! — دېدى غوجام ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن ھازىرلا ئادەم ئەۋەتەي .

— سىز بايلارغا ، سودىگەرلەرگە ، چوڭ - چوڭ ئاخۇنلارغا ، ئۇيغۇر ئامبال ، لوزۇڭلارغا ئادەم ئەۋەتىڭ ، ئەسكەر ، ساقچى باشلىقلىرىغا ئۆزىمىز دەيمىز !

غوجامنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى . شىڭ شىسەي دائىم يىغىن ، دوكلات ، زىياپەت نامى بىلەن ئادەم تۇتاتتى . بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلىسچۇ ؟ ئۇ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى . ئىچىدە ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن ھېلىقى نۇرى دېگەن بالىنى تىللىدى : شۇ ھارامى غېنى ئوغرىغا دادىسىنىڭ ھالىنى دېمىگەن بولسا بۇنچە ساراسىمە بولمىغان بولاتتى . بىر يۈز ئون يەتتە ئادەم بىگۇناھ قامالغان . يەنە قانچىنى تۇتىدۇ ، قانچىنى ئۆلتۈرىدۇ ، كىم بىلىدۇ تېخى ؟ غوجانىياز ھاجىنىڭ شەرقىي شىمالغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ياپونلار بىلەن مەخپىي كېلىشىپ شىنجاڭنى ياپونغا ساتماقچى بولغانلىقىغا غوجام ئىشەنمەيتتى . «خائىن» دېگەن نام بىلەن دوتەي تۇرداخۇنباي ، سىراجىدىنباي قاتارلىق نۇرغۇن ئادەم تۈرمىگە

[1] ① ئۈ قا ق كۆلۈمى — ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز كۆلۈمى .

تاشلاندى. تۆرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە يۈزلىگەن بايلار، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار قامالدى، ئۆلتۈرۈلدى. ئارانلا يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرى بار شېڭ شىسەي ئۈچ مىليون بەش يۈز مىڭ ئادەمنى قوينى باشقۇرغاندەك باشقۇرماقتا: خالىسا سويىدۇ، خالىسا تالايدۇ، خالىسا سولايدۇ. غوجامدەكلەر ئۇنىڭ قولىدىكى بىر كالتەك ناھايىتى ...

بۇگۈن كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەرنى يىغىپ تۇتامدۇ ياكى 1918 ـ يىللىرى ئورۇسلار ئۇيغۇرلارنى يىغىن دەپ چاقىرتىپ پىلىموت بىلەن قىرغاندەك قىرامدۇ تېخى! ھەي بالا، نېمىشقىمۇ غېنى ئوغرىغا دادامنى قۇتقۇز دەپ يېلىنغانسەن، ھەي ...

غوجام ئادەملىرىنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتمۇېتىپ كالاسكىغا ئولتۇرۇپ يەنە ئۆيگە قايتتى. ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا قىلىچ ئاسقان مۇھاپىزەتچى مۇسا ئولتۇراتتى، بىر جۈپ ئات قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ئويناقلاپ ئۆكىرەڭ تاشلاپ باراتتى، ھارۋا چاقلىرىدىن قار كۇملاچلىرى ئۇچۇپ چىقاتتى. غوجام قاتتىق سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئىچ ـ ئىچىدىن قىزىماقتا ئىدى:

— مۇسا، ھېلىقى بالىنى نۇسرەتباينىڭ ئۆيىگە ئاپاردىڭمۇ؟

— ياق، رەخىمجان كونسۇلخانىنىڭ يېنىدىكى نوغاي دادىسىنىڭ ئۆيىدىكەن، شۇ يەرگە ئاپىرىپ رەخىمجاننىڭ قولىغا تاپشۇردۇم.

— تالا ـ تۈزگە چىقما دېگەنسەن؟ سېنى بىرى كۆردىمۇ، بىرى پېيىڭغا چۈشتىمۇ؟

— ياق غوجام، ئەپرىز بوۋى خانىم كالاسكىنىڭ كەينىدە ئولتۇردى، بالا ھارۋىكەش بولۇپ ماڭدى. مەن يېنىدا يول كۆرسەتتىم.

— ئىشنى پۇختا قىلىپسەن، مۇسا!

غوجام تاشقىرىقى قورۇدىن ئالدىراپ ئىچكەركى قورۇغا ماڭدى. غوجامنىڭ ياش، چىرايلىق ئايالى ئەپرىز بوۋى بېشىغا چىرايلىق پۆپۈكلىرى بار فرانسۇز شىلەپىسى، ئۇچىسىغىمۇ

فرانسىيىنىڭ ئەڭ يېڭى مودا كىيىمى — ئېسىل يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن بېلى پۈرمە، ياقىلىرى قايرىما، پەشلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان قىشلىق پەلتو، پۇتىغا ئەت رەڭ، ئېگىز پاشنىلىق خۇرۇم چېتىك، قولىغا خۇرۇم تاشلىق ئېسىل پەلەي كىيگەن هالدا سۇرەتكە چۈشىدىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تىك تۇراتتى. غوجام ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك، باي سودىگەر دادىسىغا ئەگىشىپ تاشكەنت، ئورىنبۇرگ، موسكۋا، بېرلىن، پارىژلاردا يۈرۈپ كۆزى ئېچىلغان، تۇرمۇش ۋە پىكىر قىلىش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇر ساددىلىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، سۈنئىي قىياپەت بىلەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئىشەندۈرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، زىلۋا، سۈزۈك كەلگەن بۇ خوتۇننى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. غوجام تۆت قېتىم ئۆيلەندى، لېكىن ئالدىنقىلىرىدىن بالا تاپتىيۇ، هالاۋىتى كەم بولدى. مۇنۇ ياسانچۇق، چىرايلىق ئايالىدىن بولسا بالا كۆرمىدىيۇ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆردى. بۇ خوتۇننىڭ هەممە قىلىقى — كۈلكىسى، گەپلىرى، ئەركىلەشلىرى، غوجامنى كۈتۈشلىرى باشقىچىلا ئىدى، غوجامغا سىرلىق ۋە لەززەتلىك تۇيۇلاتتى. ئاۋۋالقى ئاياللىرى نومۇس قىلىشىنىلا، قورقۇشىنىلا، نېمە دېسە ماقۇل دېيىشىنىلا بىلەتتى. ئۇلار غوجامنى زادىلا رەنجىتمەيتتى، رەنجىتمىگەنسېرى غوجامغا ئۇلار زېرىكىشلىك بىلىنەتتى. مۇنۇ ئايال بولسا غوجامنىڭ دېگىنىنى ئاڭلايتتى، لېكىن ئۆزى بىلگىنىنى قىلاتتى، غوجامغا ئەركىلەپ، ئىككى قولىنى بويىنىغا سېلىپ تۇرۇپ: «سىز ئۇنداق دېگەنىدىڭىز، مەن مۇنداق قىلىپ قويدۇم، هە دەيسىزغۇ ـ هە!» دەپ چىرايلىق، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن غوجامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋالاتتى. غوجام بىردەمدىلا ئاچچىقىدىن يېنىپ: «هوي شەيتان!» دەپلا قوياتتى. مۇشۇ يول بىلەن غوجامنىڭ تاغدىكى ئورغۇن ماللىرى، توققۇزتاراغا هاكىم بولغان تۆت يىل ئىچىدە يىغقان يىلقىلىرى بىلەن پادا ـ پادا كالىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلىنىپ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ غوجام ئاستا ـ ئاستا، ئۆزىمۇ

سەزمەستىن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ «باش قاتىدىغان ئىشقا يولۇقساڭ خوتۇنۇڭغا مەسلىھەت سال» دېگەن مەشھۇر ماقالى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاياللىرىغا تىنمايدىغان غوجام ئەمدى ھەممىلا ئىشنى خوتۇنىغا دەيتتى.

— ھە، غوجام، چىرايىڭىز ئۆمسىلىغۇ، — دېدى ئەپرىز بۆۋى ئىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — تېخى ھازىرلا سانايىنەپىسىدىن ئادەم كەپتىكەن، كەچتە «پەرھاد - شىرىن» درامىسىنى قويىغۇدەك، ئابدۇۋەلى جارۇللا پەرھادنىڭ رولىغا چىققۇدەك، ۋاي - ۋۇي، ئۇ يىگىتنىڭ ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقى، موسكۋاغا، پارىژغا ئاپىرىپ كۆز - كۆز قىلىپ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتقۇدەك ئاۋازى باردە ئۇ يىگىتنىڭ.

خوتۇنى غوجامنىڭ جۇۋا، كەمچەت تۆپىسىنى ئۆز قولى بىلەن سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئاستى. غوجام ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ گىلەم ئۈستىگە تاشلانغان ماموق ياستۇقلارغا قىيسايدى - دە، تولغان گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ تۇرۇپ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان خوتۇنىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ۋە:

— باشقا بىرى بىز خەقنى تونۇتىدىغان بولدى، — دېدى.

— كىم ئۇ؟

— غېنى ئوغرى، ھېلىقى قاشلىق ئەخمەق!

— ۋاي - ۋۇي، تۇرمىگە بېسىپ كىرىپ تۆت ئادەمنى بۇلاپ كەتكىنىگە شۇنچە پايپېتەك بولۇپ كەتكىنىنى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ. ياپونلار بېسىپ كىرسە قانداق قىلارسىلەركىن؟ غېنىنى تۇتۇپ بېرىڭ. نېمە، قوغلاپ تۇتقىلى بولمىسا ئالداپ تۇتۇڭ. شېڭ دۇبەندىن ئۆگىنىڭ غوجام، شېڭ دۇبەن ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۇەن، غوجانىيازلارنى قانداق يوقاتتى؟ قوغلاپما؟ ياق، كۆچى يەتمىگەننى ئالدىدى، ياۋاشقا بۆرە، يامانغا تۈلكە بولۇپ كۆرۈندى. دۇنيادا يالغۇز بىر غېنى ئوغرىلا بولمىغاندىكىن، يەنە بىرىگە بىر يامبۇ ياكى بىر چوكا ئالتۇن بېرىڭا، غېنىنى ھازىرلا تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىدۇ.

غوجام جىمىپ قالدى : «ئىشنىڭ بۇنداق ئاددىي ، ئۇنۇملۇك ئۇسۇلىنى خوتۇنلارلا ئويلاپ تاپالايدۇ ، بىز ئەر خەقلەر نەدە ئەسلىرى بولسا شۇنىڭغا باش قاتۇرىمىز . دانالاردىن دۆتلەر يارامىلىق بولىدىكەن ـ دە ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماۋۇ چىۋ سىلىڭدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش يالماۋۇزى ، جىن شۇرپىندەك ئەپيۇنكەشلەر بىز خەقنى سوراپ كەلدى . مەن مەنسۇر ئەپەندىگە مەسلىھەت سېلىپ كۆرەي . راست ، پانتۇركىستلارنىڭ ئىشى ئەمەس ، ئۇغرىلارنىڭ ئىشى دەپ ھۆكۈمەتنى ئىشەندۇرگىلى بولىدىغۇ . غېنىنى تۇتۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي . ئۇنى تۇتۇپ بەرسەم بىر يۈز ئون يەتتە ئادەم قويۇپ بېرىلىدۇ ، ئۆزۈممۇ غەمدىن قۇتۇلىمەن ئەمەسمۇ ! »

— مۇسا ! — قىلىچ ئاسقان ئۇيغۇر مۇھاپىزەتچىسى پەيدا بولۇش بىلەن غوجام ياستۇقتىن ئۆرە بولدى ، — ماڭ ، نەدىن بولمىسۇن ھېلىقى مەنسۇر ئەپەندىنى تېپىپ كەل . ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئورۇس كونسۇلىدىكى ۋالىيۇشكىن ياكى بولمىسا ۋاقى غەزىزوفلار بىلىدۇ . تېپىپ ئېلىپ كەل . ئەپرىز بۇۋى ، بۇگۈن سانايىنەپىسىگە بارمايلى ، ئاشپەزلەرگە ئېيتىڭ ، قولداما قىلسۇن . قېزا ، قىرغاۋۇل ، ئۇلار گۆشلىرىدىن تەييارلىسۇن . بۇگۈن مېھمان كۈتەيلى ، مۇسا ، پوستلارغا ئېيت ، ئەرز قىلغۇچىلار بۇگۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ . ئەپرىز بۇۋى ، بۇگۈن ئاخشام ناخشا ـ سازلارمۇ ئاڭلىمايلى ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق !

ئەپرىز بۇۋى ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى .

— خوپ ، جېنىم . مەن بۈگۈن جايىمىزنى كۆرۈپ كەلدىم ، — دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئەركىلەپ ، — كوچىغا قارىغان قىرىق ئېغىز دۇكان ، ئىچكەركى قورۇدىكى ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئون ئالتە ئېغىز ئۆي ، تاشقىرىقى قورۇدىكى سەككىز ئېغىز ئۆي ، ئىككى چوڭ لاپاس ، ئىسكىلاتلار تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن . سىزدىن بىر ئىشنى سورايمەن : دادام بىلەن ئاپام قېرىپ قالدى ، ئىچكەركى قورۇدىن ئالتە ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ ، نوۋگورت تەرەپتىن دەرۋازا ئېچىپ ئايرىم قورۇ قىلىپ كۆچۈرۈپ

ئەكىرىۋالساق بولماسمۇ؟

— يەنىچۇ، بوۋى؟

— ھەبىبۇللا غوجام تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارمىسۇن. نېمىشقا دەمسىزا، دېدىمغۇ، ئۇ يەردە ئۇششاق سۆز تولا.

غوجام جىم بولۇپ قالدى. تۇنجى ئايالى سۇلتانى ئۇزۇەيىسلىك شەيخ ئەۋلادىدىن بولغان گۆھەرخان ئايىم مەرھۇمەدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى توغرىسىدا گەپ بولۇۋىدى، غوجامنىڭ غېمىغا غەم قوشۇلدى. كەم سۆز، ئىشلەمچان، گىمنازىيىدە ياخشى ئوقۇغان ئوغلى ھەبىبۇللا غوجام ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ئالدى، ئۇنىڭ تاشكەنتكە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى تولىمۇ كۈچلۈك، لېكىن مۇنۇ خوتۇنى ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشىغا قارشى. غوجام بۇ ئىشتىمۇ بۇياققا تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدىغان، ئۇياققا تارتسا ھارۋا سۇنىدىغان قىيىن ئەھۋالدا ئىدى.

— مەن ئويلىناي، — دېدى غوجام ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بالا بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكتە ئالىلىق خوتۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالماي، — بالام ئاغىنىلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دەيمىنا. دېمىسىمۇ ئازراقلا يولى بارلار تاشكەنتكە، ئىستانبۇلغا، مىسىرغا، ھىندىستانغا ئوقۇشقا بېرىۋاتىدۇ. باۋۇدۇنباي ئەقلى بارلىكى ئۇيغۇر بالىسى بولسا كوچا - كوچىلاردىن تېرىپ - يىغىپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقارغان. مەن بىر دوتەي تۇرۇپ ئوغلۇمنى تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىرالمىسام تۇغقانلار نېمە دەيدۇ، ئەل - ئاغىنە، يۇرت - جامائەت نېمە دەيدۇ؟ بوۋىم، ئېيتىڭا، ھەبىبۇللا غوجام تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارسا سىزگە نېمە زىيان بولىدۇ؟

— ماڭا نېمە پايدا - زىيان! — دېدى بوۋى قاپىقىنى سىلىپ، — سىزنىڭ پايدا - زىيانلىرىڭىزنى ھېسابلاۋاتىمەن. ئۇياقتا ئوقۇغانلارنى پانتۇركىست دەيدىكەن. بالىڭىز شۇنداق بولۇپ قالسا سىزنىڭ دوتەيلىكىڭىز ساقلىنارمۇ؟ بىلىسىزغۇ، مەسئۇد سەبرى تۈركىيىدە ئوقۇپ كېلىۋىدى، ئۇنى پانتۇركىست دېدى،

ئۇنىڭ ئۆرۈق - تۇغقانلىرىدىن قانچىنى ئېتىۋەتتى، ئۆزى ئەختەمبايىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشى بىلەن ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ ئارانلا جېنىنى ساقلاپ قالدى.

— ئۇ دېگەن باشقا ئىش، خوتۇن!

— ياق، بىر ئىش. ھېكىمبەگ غوجامۇ بىخەستەلىك قىلىپ گۆھەر بانۇمنى غوجانىيازنىڭ ئوغلى سەيدۇل شاۋېيگە بېرىپ قويۇۋېدى، تاسلا قالدى، غوجانىياز خائىننىڭ شېرىكى دەپ غوجامنى ئېتىۋەتكىلى. يېقىندىلا بولغان ئىشقۇ بۇ!

— بۇمۇ باشقا ئىش بۇۋى! — دېدى نەزەرخان غوجام خوتۇنىنىڭ تەرسالىقىدىن بىزار بولۇپ.

— ياق، بىر ئىش! — دېدى ئەپرىز بۇۋى غوجامدىن بەتتەررەك خاپا بولۇپ، — ئانداق بولسا مەن توققۇزتاراغا، داداملارنىڭكىگە كېتىمەن. دادام بۇ يىل ھەج قىلماقچى، مەن ئاپىرىمەن!

— غوجامنىڭ ئەرۋاھى ئۇركۇدى:

— ماقۇل، دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز كۆچۈپ كىرسۇن، ھەبىبۇللا غوجا تاشكەنتكە بارمىسۇن ئەمىسە!

ئەپرىز بۇۋى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ غوجامنىڭ بوينىغا نازۇك قوللىرىنى سالدى. ئۇ سىرلىق كۆزلىرى بىلەن غوجامنىڭ يوغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. غوجامنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى قارا بۇلۇتلار تاراپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى نامايان قىلغۇچى شەھۋەت ئىستىكى ئۇنى دەرھال مەست قىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى ...

مۇسا فۇگۇەن كەچتە مەنسۇر ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسىنى باشلاپ كىردى. مەنسۇر ئەپەندى — دوغىلاق، قارىقۇمچاق، كۆزلىرى يوغان، ئېغىر - بېسىق ئادەم يېنىدىكى دوستىنى تونۇشتۇردى.

— غوجام، بۇ كىشى مېنىڭ دوستۇم ئەزەمەتوف، — دېدى ئۇ ئېگىز، كۆزەينەك تاقىغان، سېرىق بۇرۇتلۇق، شىلەپىسىنى

چوٚكوٚروٚپ كېيىۋالغان ئادەمنىڭ قولىنى غوجامنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — مېنى قانداق چۈشەنسىڭىز بۇ كىشىنىمۇ شۇنداق چۈشىنىڭ. موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن. بۇ يەرگە شىڭ دۇبەننىڭ مالىيە ئىشلىرىغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن مۇتەخەسسىس. ئەزەمەتوف بىلەن بىز يىگىرمىنچى يىللاردىن باشلاپ ساۋاقداش، مەسلەكداش!

— قېنى، قېنى ئىچكىرىگە! — دېدى غوجام مېھماننىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ، — ئۇبدان بولدى، يېڭى دوست تاپتىم. مېنىڭ مىڭغا يەتكۈچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن دېگەن ئەمەسمۇ، بولۇپمۇ مەن بىلىملىك دوستلارغا تولىمۇ موھتاج!

مېھمان غوجامنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكەللۇپ سۆزلىرىدىنلا بىلىۋالدى. ئۇ مەنسۇر ئەپەندىگە:

— غوجام كىتاب ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ. تىلى كىتابىي تىل، مەن تارانچى تىلى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىۋىدىم. ئىلى خەلقى بىر ياخشى رەھبەرگە ئىگە بوپتۇ. زامانغا لايىق ۋالىي ئەمدى سەھنىگە چىقىپتۇ! — دېدى قىلىن كۆرپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ.

ئالدىغا ئاپئاق پەرتۇق تارتقان خىزمەتچىلەر يوپيورۇق ئېلېكتىر چىراغلىرى يورۇقىدا تاكاسلاپ مېڭىپ يېمەكلىكلەرنى توشۇماقتا ئىدى. ئەزەمەتوف بويىنىدىكى قارا گالستۇكىنى بوشىتىپ قويۇپ قوللىرىنى كەردى:

— بۇ مېنىڭ غۇلجىغا تۇنجى كېلىشىم. خىيالىمدىكى غۇلجا بۇنداق ئەمەس - دە! مەن سوۋېتتىن كەلمىگەندەكلا ھەممىلا نېمە سوۋېتنىڭ، قاراڭ، لامپۇچكا، پەرتۇق، غوجامنىڭ ئۈچىسىدا كاستۇم - بۇرۇلكا، تېخى كاتلىت، ئىستاكان ... خۇددى ئۆز ئۆيۈم. مەن كالىنىننىڭ، كرۇپسكايانىڭ ھۇزۇرىدا بولغانمەن، خۇددى مۇشۇنچىلىكلا. ئوخشاشمايدىغان يېرى تاملاردىكى گىلەملەر بىلەن مۇنۇ تېگىمىزدىكى كۆرپىلەرلا!

— ئۇيغۇر ئادىتىنى كۆرسۇن دەپ مۇشۇنداق داستىخان تەييارلاتتىم، — دېدى غوجام ئاپئاق سالفېتكىلار بىلەن ۋىلكا -

پىچاقلارنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ، — ئاۋۇ ئۆيىمىز تامامەن ياۋروپاچە. بىزنىڭ خانىم فرانسىيىگە بەك چوقۇنىدۇ، ئۆيلىرىنى فرانسۇزچە ياساپ ئۇيغۇرلارغا ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئەكىرىۋاتىدۇ؛ ئەنە ئۆزىمۇ كىردى.

ئەپرىز بۇۋى بۆلەكچىلا ياسانغان. ئۇچىسىغا ئەنگلىيە سارجىسىدىن تىكىلگەن مەيدىسى ئوچۇق، يېڭى ئۇزۇن، چاچما ئېتەكلىك قارا كۆڭلەك، بېشىغا قىيپاش قىلىپ يەڭگىل شىلەپە كىيگەن. بوينىدىكى مېدالىئونىنىڭ گۈل چىقىرىلغان بىرلىيانت كۆزى كۆكرىكىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە يوغان، يېشىل كۆزلۈك ئالتۇن بۇلاپكا، تۇرۇلگەن بىلەكلىرىدە فرانسىيىدە سوقۇلغان جۈپ بىلەزۈك، ئالتۇن سائەت، بارماقلىرىدا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەر يالت - يۇلت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ شوخلۇق بىلەن رۇسچە:

— دوبرى ۋېچىر[1]! — دېۋىدى، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. ئۇ يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى چاقنىدىغان بەدىنىنى تولغاپ، نازۇك قوللىرىنى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە سۇندى.

— قالتىس، قالتىس ئاڭ! — دېدى ئەزەمەتوف ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقىپ، — ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن تۇنجى ئۇيغۇر قىزنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن!

— تانىسىغىمۇ ئۇستا! — دېدى مەنسۇر ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ، — غوجامنىڭ تەشەببۇسلىرىمۇ، تۇرمۇشىمۇ يېپيېڭى. ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ يېڭى زامانىۋى ئۆلگىسىنى غوجامنىڭ ئۆيىدىلا تۆلتۆكۈس تاپالايسىز. مۇسابايوف، سابىر ھاجىيوفلار ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا ياۋروپا سانائىتى، ياۋروپا سودا - سېتىق ئېڭى، پەن - مائارىپىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئەكىردى. ئاڭ، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشتە ھېچكىم غوجامغا يەتمەيدۇ!

— ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭلار خۇددى ئىككى

① دوبرى ۋېچىر — خەيرلىك كەچ (رۇسچە).

يۈز يىل بۇرۇنقى ئىمىن ۋاڭ ، مۇسا گۇڭلارنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆزى ! — دېدى غوجام ئۆزى بىلەن يوشۇرۇن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ھېكىمبەگ غوجىلارنىڭ نامىنى مەنىلىك تىلغا ئېلىپ ، — كىچىك ئوغلى قېيۇمبەگ بۇ يىل يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ بايۋەچچە بولدى تېخى . ئۇ بالىسى مەدەنىيەتلىك . بەلكى ئون ئەۋلادتىن چىققان تۇنجى مەدەنىيەتلىك بالا شۇ بولسا كېرەك .

نەزەرخان غوجام ئۆزىگە يۇقىرى باھا بېرىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى زىيالىيلىرىنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ھەم قىزغىن ، ھەم ئېھتىياتچان بولۇشىنىمۇ بىلەتتى . شېڭ دۇبەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلماقتا . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كادىر ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئەۋەتىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشنى ، ھەتتا ئۆزىمۇ بولشېۋىك بولۇشنى تەلەپ قىلدى . ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا شەھىرىدە جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ ، لېنىن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى ، شۇ ئىككى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان يۇ شيۇسۇڭ ئىسىملىك يىگىتكە ئاشىق بولۇپ توي قىلىشىۋالدى . ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە ، شېڭ دۇبەن بۇ كوممۇنىستنى بىلىملىك ، چېۋەر ، قابىل ، تۈز ئادەم بولغاچقا ھۆرمەتلەيدۇ . ئۇ ھەرقانداق ئىشنى شېڭ دۇبەنگە دەۋېرىدۇ . ئۇ ھازىر شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى ، قوشۇمچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى . غوجام ئۈرۈمچىگە بېرىپ يىغىنلارغا قاتناشقاندا ، بۇ يىگىتنىڭ خەنزۇچە ، رۇسچە سۆزلەپ ، لېنىن ، ستالىن تەلىماتلىرى ، ماركس - ئېنگېلسلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دادىل ، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىگىنىنى تەرجىمان ئارقىلىق ئاڭلىغانىدى . غوجام : شېڭ دۇبەن يۇ شيۇسۇڭدىن باشقا كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىكەن ، دەپمۇ ئاڭلىغانىدى .

غوجام ھەرقانداق سورۇندا شىڭ دۈبەن ، ئۇنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياستى ، سوۋېت ئىتتىپاقى ، سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزم دېگەن ئاتالمىلارنى تىلغا ئالماي سۆزلىمەيتتى . ئۇ يەنە ئۆزىنى ھەقىقەت ۋە سەمىمىي ساداقەتنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ شىڭ دۈبەنگە سادىق بولۇپ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى ، بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى .

ئۇ شىڭ شىسەي دۈبەن بولغاندىن بېرىقى قىلىنغان چوڭ - چوڭ ئىشلارنى : تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى چىقارغانلىقى ، سىرتتىن يىپەك ، پاختا ، يۇڭ رەختلەر ، ساماۋار ، چىنە - قاچا قاتارلىق سوۋېت بۇيۇملىرىنى ئەكىرگەنلىكى ، ئېلېكتر ئىستانسىسى ، ئۇن زاۋۇت ، تېرە زاۋۇت ، پەن زاۋۇت ، قەغەز زاۋۇت ، نەسىللىك ئات فېرمىسى ، نەسىللىك ئاق قوي فېرمىسىغا ئوخشاش زامانىۋى ئورۇنلارنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ... قاتارلىقلارنى زوق بىلەن سۆزلىدى . ئەزىمەتوف :

— مالىيە ، بازاردا قالايمىقانچىلىق باركەن . پۇل پاخاللىقى ئېغىركەن ، بازاردا ئەللىك تەڭگىگە بىر قاپ سەرەڭگە كەلمەيدىكەن ، بىر تال توخۇمنى بەش يۈز تەڭگىگە سېتىۋالىدىكەنسىز ، — دېۋىدى ، مەنسۇر ئەپەندى :

— ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئايلىق مائاشىغا بىر تاغار پۇل ئالغان ھامان بازارغا بېرىپ ھەممە پۇلىغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىكەن . بولمىسا ئەتىسىلا باھا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ! — دەپ قوشۇپ قويدى . غوجام قاقاقلاپ كۈلدى .

— بۇ جىن شۇرېندىن قالغان ئەخلەت ، — دېدى ئۇ بېشىنى ئىرغىتىپ ، — بىزنىڭ بايتوقاي تەرەپتە مۇسا شاڭيو دېگەن بىر ئادەم بار . ئۇ ياڭ زېڭشىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپلا شاڭيو . دېھقانلاردىن دەن ئالغاندا ئون خو يەردىن ئۈچ خو بۇغداي ئالىدۇ ئەمەسمۇ ، دەننىڭ ئۈچتىن بىرىنى شاڭيو ئالىدىكەن . مۇسا شاڭيو ھەر يىلى نەچچە مىڭ خو بۇغداي يىغىۋالىدىكەن . بۇغدايىنى سېتىپ چاۋپىيۇ (قەغەز پۇل ) بىلەن لىگپىيۇ (پارچە پۇل )غا ئالماشتۇرۇپ ،

ئۆينىڭ سۇپىسىغا ئورا ياساپ تاغار ـ تاغاردا كۆمۈۋېرىپتۇ ، بۇ پۇل ئۆلۈپ قالار دېمەپتۇ . جىن شۇرېن قاچقاندىن كېيىن ، شېڭ دۇبەن 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېلدا تەختكە چىقتى ـ دە ، چاۋپيۇ بىلەن لىڭپيۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى . مۇسا شاڭيو نەچچە تاغار قەغەز پۇلنى قۇچاقلاپ ، هارۋىغا بېسىپ شەھەرگە ئەكىرسە بىر تىيىنغا يارىماپتۇ . بىچارە ، چاۋپيۇ ، لىڭپيۇ دەپلا يۈرىدىغان سەۋدايى بولۇپ قاپتۇ . كۆردۈڭلارمۇ ، بىزنىڭ خەلقنىڭ نادانلىقىنى . بۇغدايىنى ئالتۇن قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ ، ئەمما لېكىننزە ، ئەخلەت قىلىشقا ئۇستا !

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى . ئەپرىز بۇۋى ئالتۇن يالىتىلغان لېگەنگە فرانسىيە براندى هارىقىنى سېلىپ ئىككى ئىستاكان بىلەن ئېلىپ كىرىۋىدى ، مېھمانلار تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى .

— بۇ ئەمدى قانداق بولغىنى ، غوجىكا ؟ — دېدى ئەزىمەتوف ھەيران بولۇپ ، — غوجامنىڭ ئۆيىدە ـ ھە...

— بولىۋېرىدۇ ، — دېدى غوجام چاقچاق قىلىپ ، — قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىستە براندى هارام دېگەن سۆز يوق ، ها ـ ها ـ ها ... شۇ يېرى ، مەن بۇ ئىشتا يوق .

— خىيالىمنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم ، — تېز هاياجانلىنىدىغان ئەزىمەتوف تارغىقىنى ئېلىپ سېرىق چاچلىرىنى تاراپ قويدى ، — غوجامنى مەن ساقىلى كۆكسىگە چۈشىدىغان ، ئۇزۇن چاپان كىيگەن ، سەللە ئورىغان ، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان ئادەم دەپ ئويلىغان . مانا باشقىلا بىر ئادەم ئالدىمدا تۇرۇپتۇ : كاۋكازچە بۇرۇت قويغان ، ياۋروپاچە كىيىنگەن ، خۇشخۇي ، زامانىۋى رەھبەر !

غوجام تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى ، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئويغىنىپ ، جەدىت يولىنى تۇتقان غوجىلاردىن ئىكەنلىكى ، مۇسا جارۇللا بىلەن دوست ئىكەنلىكى ، زامانىۋى مەدەنىيەت ، ئىلىم ـ پەن بىلەن دىنىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسلىكى ، بوۋىسى سەيدۇللاخان غوجام ، قۇش ناسىرخان غوجام ، ئەمەتخان غوجام ،

غوجاملا غوجام، توختاخۇن غوجاملارنىڭ ھەممىسىلا يېڭىلىق، مەدەنىيەت، تەرەققىيات ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ ئۆتكەنلىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي زوق بىلەن سۆزلىدى.

— ئەخمەتخان غوجام بوۋىمىزنى ئالساق، — دېدى ئۇ، — 1864 ـ يىلى قوزغالغان مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭىنى باشلىغانلارنىڭ بىرى، ھازىرقى ھېكىمبەگ ئىلياس جاھانگىر غوجىنىڭ خوتۇنى نۇرنىسا خېنىمنىڭ غۇلجىغا كەلگەن بىرىنچى بوۋىسى مۇسا گۇڭدىن ھېسابلىغاندىكى بەشىنچى بوۋىسى خالزات ھېكىم بىلەن مىنىڭ ئەخمەتخان غوجام بوۋام ھاكىمىيەت، تەرەققىيات ۋە خۇراپاتلىقتا بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمىغان، بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچلەشكەن. مىنىڭ بوۋام مەزەمزاتنىڭ ئۆلۈمىگە، ئابدۇرۇسۇلبەگ مىنىڭ بوۋامنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان. بۇ ئىشلارنى شائىرىمىز موللا بىلال ئۆزىنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» دېگەن داستانىدا ئەينەن يازغان.

ئەزەمەتوف غوجامنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى بىلىمىگىمۇ ھەيران قالدى.

— مەنمۇ غوجىلار ئەۋلادىدىن. 1882 ـ يىلقى كۆچ ـ كۆچتە دادامىلار مۇشۇ ياقتىن قېچىپ چېلەككە بارغانىكەن. ئىمىن ۋاڭ توغرىسىدا بىلىدىكەنسىز ـ دە، غوجام، سۆزلەپ بېرەمسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— بىزدە ئىمىن تارىخ دېگەن بىر تارىخچى بار، — دېدى غوجام، — مەن سىزنى شۇ كىشى بىلەن ئۇچراشتۇراي، ئەپەندىم. ئۇ كىشى پىششىق، ھەممىنى يادقا دەپ بېرەلەيدۇ. مۇتائالى خەلپىتىممۇ پىششىق.

ئەزەمەتوف گويا بىر سىرلىق ئەۋلىياغا يولۇققاندەك ھاياجانلىنىپ براندىنى ئىچكەنسېرى جانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ مەنسۇر ئەپەندىدەك كەم سۆز، سىرلىق ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ستالىننى ماختاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— شېڭ دۇبەن ستالىننىڭ دېگىنىنى قىلسىلا ھەرقانداق كۈچ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ ، ئۇنىڭغا ستالىن ھەر يىلى نۇرغۇن بولشېۋىكلارنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ ، قورال ـ ياراغ ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىۋاتىدۇ . شېڭ دۇبەن جياڭ جيېشىنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياخشى قىلىپتۇ . ستالىن ئۆزىنى قوللايدىغان مۇشۇنداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . نەنجىڭغا قارىساق بۇ يەرگە زۇلمەت كېلىدۇ ، موسكۋاغا قارىساق بۇ يەرگە نۇر ياغىدۇ ، — دېدى .

— ئەمما ، — دېدى ئاخىر ئۇ جىددىي ھالدا ، — شېڭ دۇبەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككىسىنىمۇ ئىجرا قىلىشى كېرەك . مىللەتلەر باراۋەر ئەمەسكەن ، چيۇ سىلىڭ دېگەن خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان ، پارىخور ، ھايانكەش ، ئەپيۇنكەش بىر قېرىكەن . ئاڭلىساق ئۇ بۇ قېتىم تۇتۇلغانلاردىن پۇل بەرگەنلىرىنى قويۇپ بېرىپتەك . مۇشۇ بىر تۇت ـ تۇتتىلا مۇسادىرە قىلىش ، پارا ئېلىش ۋە بۇلاش يولى بىلەن نەچچە مىليون سەر ، نەچچە يۈز مىليون سەر كۈمۈش ، ئالتۇن ، مال ـ چارۋا پايدا ئاپتەك !

چيۇ سىلىڭنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، غوجام قورقۇپ دېرىزە قاپقىلىرىنى چىڭ ئەتتى ۋە ئەزەمەتوفقا :

— ھەممىنى خەلق بىلىدۇ ، خۇدا بىلىدۇ . ئەپەندىم ، غېنى ئوغرىنىڭ بۇ ئىشى تولىمۇ يامان بولدى ، يامان زىيان بولدى ! — دېۋىدى ، ئەزەمەتوف تېخىمۇ قىزىپ :

— ئوغۇل بالىكەن ئۇ ، ئاشۇنداقتىن يۈزىلا بولسىدى ! — دەۋەتتى . مەنسۇر ئەپەندى بۇ قېتىم قاقاقلاپ كۈلۈپ غوجامغا :

— قورقماڭ ، غوجام . كونسۇل دوباشىن ھەممىدىن خەۋەردار . چيۇ سىلىڭ بۇ قېتىم ئىشنى ئەتەي چوڭايتقان . مەقسىتى خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ باي بولۇۋېلىش . يۇ شيۇسوڭ ئەپەندى شېڭ دۇبەنگە قېيناتىڭىز ئۇچىغا چىققان خىيانەتچى ، پارىخور ، ئەپيۇن ، قورال ـ ياراغ ئەتكەسچىسى ، ئۇنى ئېلىدىن يۆتكىۋەتمىسىڭىز چوڭ چاتاق

چىقىدۇ ، دېدى .

غوجام بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ، ئۇلار قورقمايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى چىڭ ، قولى ئۇزۇن ، قۇلىقى سەگەك ، تىلى ئۆتكۈر ، كۆزىمۇ روشەن ، لېكىن غوجام قورقۇپ ئۆگەنگەن . چۈنكى ، ئۇ ئۇيغۇر . غوجام دوتەي بولغىنى بىلەن ئەمەلدە بىر مالاي . سىزغان سىزىقتىن بىر قەدەممۇ چىقالمايدۇ ، ھەرىكەت ، سۆز ، ھەتتا مېڭىش - تۇرۇشتىمۇ شۇنداق . ئۇ ھەقىقانىيەت توغرىسىدا خىيال قىلىشتىنمۇ قورقىدۇ . ئۇ ئەركىن خىيال قىلىشتىنمۇ چەكلەنگەن ...

ئىككى زاۋۇت كەينى - كەينىدىن گۇدۇك بەردى ، سىرتتا شىۋىرغان ھۇۋۇلىماقتا ، نەلەردىدۇر مىلتىق ئېتىلماقتا . غوجام شىۋىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋىدى ، ئەزەمەتوف ئورنىدىن تۇرۇپ :

— يەنە ئادەم تۇتامدۇ - ھە ؟ مەن دوباشىنىغا تېلېفون بېرەي . ئۇ شېڭ دۇبەنگە ئېيتسۇن ، يولسىزلىقنى چەكلىسۇن . يولسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش توختىمىسا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ ! — دېدى - دە ، ياندىكى تېلېفون بار ئۆيگە ماڭدى . مەنسۇر ئەپەندى :

— ياق ، توختاڭ ، ياخشىسى دوباشىن ، چيۇ سىلىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشەيلى ، — دېدى .

— مەن غېنى ئوغرىنى تۇتۇپ بېرىپ تۇتۇلغان بىچارىلەرنى قۇتقۇزۇۋالاي دېگەن ، — دېدى غوجام بىچارە قىياپەتتە ، — ئۈچ ئوغرىنىڭ كاللىسىنى بىر يۈز ئون يەتتە گۇناھسىزنىڭ بېشىغا تېگىشمەكچى .

— ياق ، غوجام ، مۆرىتى كەلگەندە ئۈچ كاللا ئۈچ مىڭ كاللىدىنمۇ قىممەتكە چۈشىدۇ . دائىم يۇمشاق ۋاستىنىلا ئويلىماي قاتتىق ۋاستىنىمۇ ئويلاش كېرەك . چيۇ سىلىڭدەك ئوغرى ، قاتىللارغا خەلقنىڭ كۈچىنى تونۇتۇپ قويماي بولمايدۇ . غېنى ئوغرى دېگەننى كۆرسەم چيۇ سىلىڭنى بۇلا ، ئۆزىنى ئات دەپ قولىغا قورال تۇتقۇزاتتىم !

غوجام بىرى يۇزىگە مۇزدەك سۇ چېچىۋەتكەندەك ئەندىكتى . ئۇ ھازىرغىچە زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى غەزەپ بىلەن سۆزلىگەن مۇنداق ئەزىمەتنى تېخى كۆرمىگەنىدى .

سىرتتىن مۇسا يۇگۇرۇپ كىردى .

— ھە ، نېمە گەپ ! — دېدى غوجام .

— ھېلىقى نۇرى دېگەن بالىنىڭ چوڭ دادىسى مۇختەرباي شەھەرگە قېچىپ كىرىپتۇ . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، نۇرىلارنىڭ ئۆيىگە ئەسكەرلەر چىقىپ نۇرىنىڭ ئىككى ئىنىسىنى تۇتماقچى بوپتۇ . قاما دېگەن مالچى بالىلارنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ . ئەسكەرلەر قاما دېگەن مالچى قازاقنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنى ، نۇرىنىڭ سەككىز ياشلىق ھەمرا دېگەن ئىنىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ !

مۇسا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىماقتا ئىدى ، غوجاممۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى :

— «تۇڭگان قاچ - قاچ » تا تۇڭگانلارمۇ بالىلارنى ئاتمىغان . ھازىر ئۆلگىنى ناھايىتى زو زۇڭتاڭنىڭ ۋاقتىدىن قالغان ئۇچ ئەپيۇنكەش قېرى چېرىك . ئۇنىڭ خۇنىنى ئالىمىز دەپ ئۆلتۈرگىنى ئوندىن ئاشتى ، تۇتقىنى يۈزدىن ئاشتى ! دوتەي بولماق مانا مۇشۇنداق تەس . ھەقىقەت كۆمۈلۈپ كېتىدۇ ، ئۇنى تاپىمەن دەپ يەر تاتىلىغان قول چانىلىدۇ . كۆڭۈل ئادالەتكە ئىنتىلىدۇ ، ئۇنى بايان قىلىغان تىل كېسىلىدۇ . ئۇكىلىرىم مەنسۇر ئەپەندى ، ئەزىمەتوف ، خەلقنىڭ يىغىسىنى ستالىنغا يەتكۈزۈڭلار . بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ يىغىسىنى يەتكۈزۈڭلار ! غوجانىياز خائىن دېدى ، ھەئە شۇنداق دەپ خائىنغا ئۆلۈم تىلىدۇق . مەن گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا «غوجانىياز خائىن !» دەپ سۆزلىسەم ، بىر ئوقۇغۇچى «سەن خائىن !» دەپ ۋارقىرىدى . ئۇنى شۇ يەردىلا قولغا ئالدى . غوجانىياز نېمىگە خائىنلىق قىلدى دېگەن سوئالنى سوراشقا ھېچكىمنىڭ تىلى بارمىدى . شېڭ دۇبەن ئۇ كىشىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتۇيدى ، سابىت داموللىنى

تۇتۇپ ئەكىلىپ شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى . غوجانىياز ھاجى ياپون بىلەن تىل بىرىكتۈرمىسىمۇ ماموت سىجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرالايتتى ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىۋالسىمۇ بولاتتى دېگۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ . مېنىڭ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . دانا ستالىنمۇ شۇنداق يالغان دېلو ياساپ ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتاتتى ، شىڭ دۇبەن ستالىندىن ئۆگەندى ، غوجانىيازنى خائىن دەپ يوقاتتى ، نۇرغۇن بايلارنى خائىن قىلىپ بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىپ بايلىق توپلىدى دېيىشىدۇ . غوجانىيازغا چېتىلىپ خائىن دەپ نەچچە مىڭ ئادەمنى تۈرمىگە سالدى ، ئۆلتۈردى . مانا ئەمدى بىرنەچچە ئاي بولار - بولمايلا بۇ تۇت - تۇت . زىياۋۇدۇن دېگەن دېھقان بىگۇناھ تۈرمىگە كىرىپ قاپتىكەن ، ئۇنىڭ ئاشۇ نۇرى دېگەن ئوغلى ئېنى ئوغرىغا ھال ئېيتىپتۇ . ئىچى كۆچلۈك ئوغرى تۆت ئوغرىنى باشلاپ كىرىپ چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، مىلتىقلىرىنى ئېلىپ تۆت ئادەمنى بولاپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ . قالغان جىنايەتچىلەرمۇ قېچىپ يامۇل قورۇقىدا تۇتۇلۇپ قاپتۇ . بولغان ئىش مۇشۇنچىلىك . جىنايەتچىلەرنى ئاستا - ئاستا تۇتقىلى بولاتتى ئەمەسمۇ ... ھەي ئىسىت ...

ئەزەمەتوف بىر ئىستاكان براندىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى ۋە مەست بولۇپ قالدى .

## 8

ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپتىن باشقا ھېچنېمە يوق ، ئۆكىلىرى خەۋپ ئاستىدا ، دادىسى ئىز - دېرەكسىز ، ئۆزى مەكتىپىدىن ئايرىلغان . گەرچە داڭلىق باي بالىسى رەخىمجان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مۇشكۈلاتلىرى ھېسداشلىق بىلەن يەڭگىللەپ قالمايدۇ . ئۇ ئەۋلاد ئەۋلادىدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىننىڭ خوجىسى بولۇپ كەلگەن ئىلى دېھقىنىنىڭ ئوغلى . 30 - يىللارنىڭ بۇ كۈنلىرىگە كەلگەندە ئۆز ئۆيىدە

تۆرۈشقىمۇ ئامالسىز قالغان. بۇنداق تەڭسىزلىك ئىككى يۈز - ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئىندىئانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن. ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ بۇ كۈننى كۆرگەن. بۇ زىياۋۇدۇن ئائىلىسىنىڭلا پاجىئەسى ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈن... ئۇ ئويلىغانسېرى غەزەپلىنەتتى، ئەلۋەتتە غەزەپ يوقىتىشنىڭ مەھسۇلى. نۇرى تېخى كىچىك ئىنسىننىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېتىلغانلىقىنى كۆرمىدى. قانغا مىلەنگەن بالا جەسىتىنى كۆرۈش نەقەدەر دەھشەت، پۈتۈن مەھەللە خەلقى قوللىرىغا تاياق - توقماق، تاش - پالتىلارنى ئېلىشىپ ۋەھشىي ئەسكەرلەرنى خۇددى قوناقلىقنى تىلغىغان ياۋايى توڭگۇزلارنى قوغلىغاندەك قوغلىدى. بىچارە بالىلار ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ خۇددى ئىت ئۇۋلارنى قوغداپ قالىدىغاندەك ئىتنى يېتىلەپ ئۆگزىگە چىقىۋالغانىكەن. ساددا بالىلار مىلتىق ئوقىنىڭ شۇنچە يىراقتىن كېلىپ جان ئالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن! نۇرى تېخى بۇ بالىلارنىڭ جەسىتىنى كۆرمىدى، مەھەللە خەلقى ھۆڭگىرەپ يىغلىشىپ ھەمرانى ئانىسىنىڭ يېنىغا «ھەمراھ» قىلىپ كۆمگىنىنى ئۇ تېخى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ۋەھىمىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ قان قەرز قىساسىنىڭ مەھسۇلىغا ئايلانسا، كوچىدا كۆرۈنگەنلا چېرىككە تىغ ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، بۇ چوڭ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن يىگىتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

رەخىمجان — قاراقاش، قارا كۆز، قاڭشارلىق، ئاق يۈزلۈك چىرايلىق، قامەتلىك يىگىت ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك سەھرا ئوغلى نۇرىنىڭ يىرىك چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— نۇرى، يالغۇز نەپرەت بىلەنلا بىر ۋەھشىي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە. ئەمما، شېڭ شىسەي ھامان بىر كۈنى ئىگىلىرىنى چىشلەيدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق

ۋەكىللىرىدىن دېڭ فا دېگەن كىشى شېڭ شىسەينى : «شېڭ شىسەي كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا، قارا نىيەت مىلىتارىست، ئىدىيىسىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك خاقان، ھەرىكىتىدىن ئېيتقاندا، بۆرە نەسلىلىك توڭگۇز !» دەپتۇ. مېنىڭ بىر رۇس ئاغىنەم بۇ گەپنى ماڭا دەپ بەردى. نۇرغۇن رۇس ئاغىنىلىرىم شېڭ دۇبەنىنى تىللايدۇ. ئۇ ھامان ئىگىسىنى چىشلەيدۇ دېيىشىدۇ. ئويلىماسەن، ھازىر ھەممىلا ئىش چاتاق: پۇل پاخاللاشتى، مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەۋاتىدۇ، ئەمەلدارلار بىلەن ئاچ كۆز بايلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتىدۇ، خىيانەت - پارىخورلۇق ئەۋج ئېلىپ خەلق كۈن كۆرەلمەيدىغان ھالغا يەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا خەلق چوقۇم قوزغىلىدۇ. غېنى ئوغرىنىڭ ئادەملىرى ھازىر كۆپىيىۋېتىپتۇ، بىر باي قەشقەر ئارقىلىق ئەنگلىيىدىن نۇرغۇن قورال سېتىۋېلىپ غېنىلارغا چىقارتىپ بېرىپتۇ. خەلقىمىز ھەرىكەتكە كەلدى، نۇرى، بىزنى بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ قوللايدۇ. بىز قوراللىق ئىنقىلابقا تەييارلىنىشىمىز، شىنجاڭدىمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوزغىشىمىز كېرەك!

نۇرى سىياسىي سۆزلەرنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ئۇ گەپلەر بۇگۈنكىدەك تەسىر قىلمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ جېنىم ئالىقىنىمدا، بۇ جېنىمنى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا ئاتىدىم! — دەۋەتتى.

رەخىمجان كۆلۈپ قويۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— تېخى سېنىڭ ئۆيۈڭدە مېنىڭكىدەك قانلىق پاجىئە بولمىدىغۇ. بىزنىڭ ئائىلە بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل بۇرۇنلا قىرغىن قىلىنغان، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ، — مەن شۇ قانلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. سەن بىزنى چوڭ باي، ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە دەپ ئويلايسەن، ياق، زۆرۈر بولغاندا ھۆكۈمەت دېگەن بايلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرىدۇ تېخى!

بىلسەڭغۇ ، مېنىڭ تۇغقانلىرىمدىن ھازىر سىراجىدىنباي تۇرمىدە ، مەسئۇد كىچىك دادام نەنجىڭدا . بۇلتۇر سېنتەبىردە سىراجىدىنباي ئاكام بىلەن ئەكبەر ، ئابلىز دېگەن ئاكىلىرىم ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىۋاتسا ، ئالىكساندىر دېگەنلەر ئۇلارنى يولدىلا قولغا ئالغان . ئاندىن ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ شىڭ شىسەينىڭ تۇرمىسىگە سالغان . ئەكبەر ئاكام ئۆزىنى «مۇتتەھەم» دەپ تىللىغان ئورۇسنى «سەن ئورۇس مۇتتەھەم !» دەپ قويۇپتىكەن ، شىڭ دۇبەننىڭ چېرىكلىرى ئاكامنى توك قىسقۇچ بىلەن چېكىسىدىن قىسىپ كۆزلىرىنى چاچرىتىپ چىقىرىۋەتكەن . ئاكام ئاشۇنداق قىينىلىپ ئۆلگەن . ئابلىز ئاكامنى تاشقىنىڭ ئىككى تېشىنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تارتىپ تۇرۇپ ، بەش يۈز قامچا ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ! ... يەنە تېخى ! ...

رەخىمجان ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى . «يەنە تېخى» دىن كېيىن تۆۋەندىكى ھېكايىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى ...

... 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ قادىر ، زازازا ، لىۋىر ، تەيساخۇن دېگەن تۆڭگان بايلىرى ھاجى تۆڭنىڭ جىن شۇرېنغا قاراشلىق بىر يىلك ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىپ ، غۇلجىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ شەھەرنى بىر ھەپتە سورايدۇ . تارباغاتايىسكى ... نامىلىق سوۋېت ئەسكەرلىرى غۇلجىغا شىڭ دۇبەنگە ياردەم بەرگىلى كىرىپ زەمبىرەك ئېتىپ تۆڭگانلارنى باستۇرىدۇ . ئورۇس ئەسكەرلىرى (سوۋېت ئەسكەرلىرى ) رەخىمجاننىڭ دىلشات ئىسىملىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن زەيناۋۇدۇن باينىڭ قىرىق نەچچە ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى مۆكۈنۈۋالغان قورۇدىن ھەيدەپ ئاچىقىپ ئېتىۋېتىپتۇ . بالىغا چىدىماي زەيناۋۇدۇن باي يۈگۈرۈپ چىقسا ئۇنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ . قالغانلار ئىشىكلەرنى چىڭ تاقاپ قوشنا قورۇدىكى ھېلىم قازاق دېگەن ئادەمنىڭ سامانلىقىغا مۆكۈنۈۋالىدۇ . سارەم موماي ئىككى جەسەتنى يۆتكەشكە ئادەم چىقىرىدۇ . شۇ چاغدا ئىشىكلەرنى چېقىپ سوۋېت ئەسكەرلىرى يەنە كىرىدۇ . مەريەمخان موماي تۆت ئەسكەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ

چىقىپ :

— ئات كاپىر ، ئېرىمنى ئاتتىڭ ، ئوغلۇمنى ئاتتىڭ ، جاننىڭ ئايىغۇچىلىكى قالمىدى ! — دەپ ۋارقىرايدۇ . تۆت ئەسكەر بىر مومايغا تۆت پايدىن ئوق ئاتىدۇ !

ئورۇسلار ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى ، ئۆي بىساتىنى بۇلاپ كېتىدۇ . رەخىمجان تامدىن ئارتىلىپ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ رۇس ئاغىنىلىرىنى باشلاپ چىقىدۇ . ئورۇسلار ئەھۋالنى كۆرۈپ :

— خاپا بولماڭلار ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، تۇڭگان ئائىلىسى دەپ مەلۇمات بەرگەنىكەن ، سىلەرنى تۇڭگان دەپ ئېتىپ قويۇپتىمىز ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . رەخىمجان بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ شاھىتى ، ئۇ ناھەق ئۆلۈم ، بىگۇناھنىڭ قېنى قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . ئۇ ھازىرغىچە بۇ ۋەقەنىڭ ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيدۇ . بەزىلەر نەنجىڭغا قېچىپ كەتكەن كىچىك داداڭ مەسئۇدقا قارىتا ئۆچمەنلىكتىن بولغان ئىش دېيىشىدۇ . سابىر ھاجىيوفلار تارىخى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان ، ئۇلار ئۆستەڭ چېپىپ ، يەر ئېچىپ ئېلى تۇپرىقىنى كۆكەرتكەنلەرنىڭ بىرىغۇ ! رەخىمجان ئاشۇ سابىر ھاجىنىڭ نەۋرىسى ، سابىر ھاجى قىزى خەسىخان خېنىمنى قازاندىن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن بىر نوغاي بايغا ياتلىق قىلغان . ئۇلار بالا يۈزى كۆرمىگەن ، شۇڭا نۇسرەتباي رەخىمجاننى ھەدىسى خەسىخانغا بېقىۋېلىشقا بەرگەن . ئەۋزەلىنىڭ ئۆيى ئورۇس كونسۇلخانىسىغا يانداش بولغاچقا ، رەخىمجان رۇس بالىلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان . سابىر ھاجىلار بالا - چاقىسىنى ئۇلىلى دېگەن رۇس ئائىلە مەكتىپىدە ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەن ، كېيىن ئۇلارنى ئابدۇراخمان ئەپەندى تەربىيىلىگەن . ئۇلار بالىلارغا تەبىئىي ، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆتكەندىن باشقا ، ئەخلاق ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن . شۇڭا ، رەخىمجان گەپ - سۆزى سىلىق ، مۇئامىلىدە ئەدەپلىك چوڭ بولغان . بولۇپمۇ ،

رەخمجان جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ . ئۇنىڭ ئىككىلا ئائىلىسى رۇسلار بىلەن سودا قىلىپ ، رۇس - تاتارلاردىن دوست تۇتۇپ ، تۇرمۇش ئادىتىدە تاتارلاشقان ئائىلە بولسىمۇ ، رەخمجان دائىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغان . ئاغىنىلىرىدىن بىرەرى چاقچاق بىلەن بولسىمۇ : «ئىشاك[1] !» دەپ قويسا ، ئۇ دەرھال تاتىرىپ : «ساباك[2] !» دەپ رۇسچە جاۋاب قايتۇرىدۇ . ئۇ دائىم دوستلىرىغا : «مېنىڭ يەتتىنچى بوۋام ئاتۇشتىن ، ئەمما شۇ بوۋامنىڭ ئايالى — مېنىڭ يەتتىنچى مومام نەق مۇشۇ يەرلىك . دادا جەمەتىم ئىلىغا كەلگىلى ئىككى يۈز يەتمىش يىل بولدى . ئانا جەمەتىم مىڭ يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە غۇلجا دېھقىنى دەپ ماختىنىدۇ .» بۇ ئائىلىنىڭ تارىخىغا نۇرى تولىمۇ قىزىقىدۇ . نۇرىغا رەخمجان ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ ھېكايە قىلىپ بەرگەن .

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەۋرىسى ئۇۋەيسخان تاغ غولىدىن ئېقىپ چىقىدىغان گۈزەل غولغا دەپنە قىلىنىپ ، ئۇ يەر مازار بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئاختاما (ئەختەم تام ) دېگەن يېزىسىدىن بىر دېھقاننىڭ ئوغلى سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى بىلەن تاشلىق ، قۇرغاق يېزىسىدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇل يىغىدۇ . ئۇ دادىسىدىن دۇئا ئېلىپ ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا قەدىمي قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بۇ پادىشاھىدىن پاناھ تىلەپ نەزىر قىلىپ ، تۆگە ۋە قېچىر بىلەن يولغا چىقىدۇ . ئۇ سۇسىز چۆللەرنى بېسىپ ، تەبىئەت نەقىشلىگەن قاقاس تاغنى بويلاپ ئۇزاق مېڭىپ ئاقسۇغا ، ئاندىن كېيىن ماتا - شاتىۋار سودىگەرلىرىنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇپ گۈلە - قاق ، جىگدە ، پىستە - بادام قاچىلانغان خۇرجۇنلىرى ئارتىلغان ئىككى تۆگىسىنى قېچىرغا ئەگەشتۈرۈپ مۇزات داۋىنىدىن ئېشىپ ئىلى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىدۇ . چەكسىز

---

① ئىشاك — ئېشەك .
② ساباك — ئىت (رۇسچە ) .

يايلاقلار گۈللەر بىلەن چۆمكەلگەن ، تاغ قاپتاللىرى ياپيېشىل ،
رەت ـ رەت قارىغاي ، ئىللىق شامال ئىپار پۇرىقىنى ئۇرۇپ
تۇرىدۇ . بۇ يەرلەردە ئاتۇشتىكىدەك نە كۆيۈك ئاپتاپ ، نە چاڭ ـ
توزان يوق . تاغ سۇلىرى ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ، ئويناپ ـ سەكرەيدۇ ،
ئوت ـ چۆپلىرى قارامتۇل ، توق يېشىل رەڭلەردە مايلىغاندەك
يالتىرايدۇ . يىگىت تۆگە ـ قېچىرىنى ئاجايىپ يوغان قارىغايلاردىن
ياسالغان سالغا سېلىپ شوخ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزىدۇ . ئۇ
بۇنداق دەريا ، بۇنداق سالنىمۇ ئاتۇشتا كۆرمىگەن . ئۇ ئاخىر
سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرىغا كېلىدۇ . مازار نەچچە كىشىنىڭ قۇچىقى
يەتمەيدىغان تېرەك ، قارىياغاچلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن . ئۇ يەردىمۇ
ھېلىقى شوخ سۇ ، ھېلىقى ئىپار ھاۋا . يىگىت يەرگە — زېمىنغا
ئاشىق بولۇپ قالىدۇ . ئۇ سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرىنىڭ شەيخىنىڭ
شاتىۋار كۆڭلەك كىيىپ ، بېشىغا ماتا ياغلىق چىگىپ يالاڭ ئاياغ
يۈرىدىغان چىرايلىق قىزىغىمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ . ئىلى
ۋادىسىدىن كەتمەسكە ۋەدە بېرىپ شۇ «تارانچى» قىزىغا ئۆيلىنىدۇ .
تۇنجى ئوغلىغا تۆمۈر قوزا دەپ ئىسىم قويىدۇ . تۆمۈر قوزىدىن
پولات قوزا ئىسىملىك ئوغۇل تۇغۇلىدۇ . تۆمۈر قوزا ئوغلىنى
ئوقۇتىدۇ . ئوغلى پولات قوزا بۇلۇكەي يېزىسىدىن ئۆيلىنىدۇ ۋە
يۈزبېگى بولىدۇ ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بۇلۇكەي ، بورۇسۇن ،
قۇلۇستاي دېگەن ئۈچ ساي ، ساي سۈيىنى پاناھ قىلىشقان ئۇيغۇر
دېھقانلىرى بار ئىدى . ئۇ سايلارنىڭ سۈيىنى بوزغا باشلاپ ئۆستەڭ
چېپىپ ، بورۇسۇن ، ئارۇۋۇز يېزىلىرىنى بىنا قىلىدۇ . جەنۇبىي
شىنجاڭدىن جازالىنىپ چىققان ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق
قىلىپ چىڭلۇڭ ھۆكۈمىتىنى باقىدۇ . خالزاتخان ھېكىم دەۋرىدە
پولات يۈزبېگى قاش دەرياسىدىن باشلانغان ئاقئۆستەڭنى 1762 ـ
يىلى قۇرۇلغان ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى سۈيدۈڭ كۈرەگە
يەتكۈزىدۇ . پولات يۈزبېگى خۇشاللىقىدا ئۆستەڭدە ئېقىپ
كۈرەگىچە بارغانمىش . بۇنىڭ غوجەكيۈزىدىن ئارۇۋۇزغا ئاقىدىغان
ساداڭئۆستەڭ ، سېغىزئۆستەڭ دېگەن تارماق ئۆستەڭلىرىمۇ

بوپتىكەن . غۇلجا يېزىلىرى كۆپىيىپ ، بوز يەرلەرنىڭ كۆكىرىشىدە پـولات يـۈزبـېـگىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغان . ئۇنىڭ تۆھپىسى ھېسابىغا شۇ چاغنىڭ ھۆكۈمدارى خالزاتخان غوجىغا تەيجى مەنسىپى تەگكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېكىم تەيجى ھېكىمبەگ دېگەن نامغا ئىگە بولغان . پولات قوزىنىڭ باي قوزا ئىسىملىك ئوغلى ئارۇۋز يېزىسىدا ئولتۇرغان . ئۇنىڭ بەش ئوغلى بولغان ، ئۇلاردىن سابىر ، سادىق ، تۇردى يۈزبېگىلەر كاتتا نام چىقارغان . سابىر بۇخارادىن كېلىپ ئارۇۋزغا ئورۇنلاشقان بىر ئۆزبېك ئالىمغا ئۆزىنىڭ قىزىنى بەرگەن . ئاندىن چوڭ ئوغلى ئەختەمنى شۇ ئۆزبېك ئالىمغا قوشۇپ بۇخاراغا ئەۋەتىپ ئوقۇتقان . ئەختەمدىن باشلاپ بۇ ئەۋلاد چەت ئەل بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئەختەم بىر چەتتىن ئوقۇپ ، بىر چەتتىن سودىگەرچىلىك قىلغان . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئىلىغا قايتىپ كېلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، نـۇرغـۇن چـارۋىـغـا ئـىگە بولغان . شۇ چاغدا ئۇنىڭ سىڭلىسى مـەيـمـۇنخان گېرمانىيىدىن تېرە ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئەكىرگەن مۇسابايوفلارنىڭ ئەڭ چېۋەر ئوغلى باۋۇدۇنبايغا ياتلىق بولغان . ئـەخـتـەمـبـاي ئۆزىنىڭ تېرە ـ ماللىرىنى زاۋۇتقا ئۆتكۈزۈپ ، كۈيئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن باي بولۇپ ، دادىسى سابىرنى ھەج قـىـلـدۇرۇپ سـابـىر ھاجى دېگەن نامغا ئىگە قىلغان . ئىنىسى مەسئۇدنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن . مەسئۇد ئۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ مېدىتسىنادا ئوقۇغان . بۇ كىشىنى ئۇيغۇرنىڭ تۇنجى زامانىۋى دوختۇرى دېيىشكە بولىدۇ . ئەختەمبايىنىڭ بالىلىرى سـىراجىدىنباي ، ئەكبەر ، ئابلىز ، خەمىتلەر ، سىراجىدىنبايىنىڭ ئوغلى ئەدھەم ، ئىنىسى مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەرتۇغرۇللار تـۈركـىيىدە ، نەنجىڭدا ئوقۇغان . سىراجىدىنباي 1930 — 1932 ـ يىللىرى رۇسىيە ئارقىلىق بېرلىنغا داۋالىنىشقا بارغان ... ئۇلار شۇنداق قىلىپ دۇنيا بىلەن تونۇشقان تۇنجى ئۇيغۇر — تارانچى بايلىرى بولۇپ قالغان .

ھازىر نۇرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ، ياۋروپا شەكلىدە

يــاسالغان تاختايلىق ئۆيدە تولكە تېرىلىرى سېلىنغان نەقىشلىك رۇســيــە ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ يۇقىرىقى تارىخنى سالماق بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتقان يىگىت ئاشۇ سابىرھاجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى نۇسرەتباينىڭ ئىككىنچى ئوغلى رەخىمجان . ئۇ ئۆزىنى سابىر ھـاجـىـيوف دېگەن فامىلە بىلەن ئاتايدۇ . ئۇنىڭ كىيىنىشى — كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، خۇرۇم شىبلىت ، ئاپئاق كۆڭلەك ، چىرايلىق گالستۇك ، چاچلىرى قاپقارا ، سەل ـ پەل بۇدۇر ، بۇرۇت قويغان ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ ، ئاۋازى جاراڭلىق ، يېقىملىق ، بايا ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىنمۇ تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى . «نۇرى ، سەن باي بالىلىرى غەمسىز بولىدۇ دەپ ئويلايتتىڭ ، بەزى بايلار غەم ـ غۇسسىگىمۇ ، دەرد ـ ئەلەمگىمۇ باي بولىدۇ» دېدى ئۇ .

نۇرىنىڭ خىيالى ئۇزىكلىرىغا كۆچتى . جۇل ـ جۇل ، ياماق كــــيىملەرنى كىيىپ ، يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان بەرا بىلەن دەرا ، كىچىككىنە ھەمرالار تېخىچە ئەينەكلىك پەنجىرە — دېرىزە دېگەننى بىلمەيدۇ . ئۇ مەھەللىدە بۇنداق دېرىزە يوق . دېرىزىلەرگە پەردە تــارتــىــش ، تارتقاندىمۇ ئىپسىل يىپەك پەردىلەرنى تارتىش بەلكى ئۇلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلار . تەكچىلەردىكى گۈللەرچۇ ، گۈل دېگەن باغدا بولمامدۇ ، پەنجىرىدە نېمە قىلىدۇ . ئۇ يەر دېگەن سۇت ـ قــايماق قويىدىغان يەر ئەمەسمۇ ! سىم كارىۋات دېگەن ئۆزىچىلا لىڭشىپ تۇرىدىكەن ، ئۇ ياخشى سەگەنچۈك ئىكەن ، مۇنۇ ئۆزىچىلا ناخشا ئېيتىدىغان پاتېفون دېگىنىچۇ تېخى ...

ئـۇ ئـۇزىكلىرىنى ئەسلەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغاندا ئىشىك چېكىلدى ـ دە ، سېرىق چاچ ، كۆك كۆز بىر قىز ئۆيگە ئۇسسۇل ئوينىغاندەك شوخلۇق بىلەن كىرىپ رۇسچە بىرنېمىلەرنى دېدى . رەخىمجان قىزغا نۇرىنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى ، قــىـز تەپ تارتماستىن نۇرىنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ :

— كراسىۋى[①] ! — دېدى .

① كراسىۋى — چىرايلىق ، گوزەل (رۇسچە) .

— پەرىدە ، — دەپ تونۇشتۇردى رەخىمجان ئۇ قىزنى نۇرىغا . قىز قاقاقلاپ كۈلگەندە چىشلىرى مەرۋايىتتەك يالتىراپ كەتتى . نۇرىنىڭ يادىغا دەرھال سەبىخە كەلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دەرھال ئوتنى كۆرگەن بىنزىندەك يالقۇنلىدى .

قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئالماشمىقى نېمانچە تېز ، بايىلا كۆز يېشى قىلغان رەخىمجان مانا پەرىدە بىلەن ۋالىسقا پىرقىراپ ، قاقاقلاپ كۈلمەكتە . رەخىمجان : «غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇيالىغان يىگىت كەلگۈسىگە دادىل قەدەم باسالايدۇ» دېگەنىدى ، ئۇ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىكەن ، نۇرى قىلالارمۇ ؟

نۇرى ئۆزىنى رەخىمجانغا سېلىشتۇرۇپ كۆردى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمىشە غەم ـ قايغۇ ئىچىدىلا يۈرىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندى . بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى . ئۇنتۇش ، بۇمۇ بىر قەيسەرلىك . تاماكا تاشلاش مۇشكۇل بولسىمۇ ئىرادىلىكلەرگە ھېچ گەپ ئەمەس . لېنىن ئاپىسىنىڭ بىرلا نەسىھىتى بىلەن تاماكىنى تاشلىغانىكەنغۇ ، نۇرى نېمىشقا تېخىچىلا سەبىخەنى ئۇنتۇيالمايدۇ ؟ ئۇ يادىغا يەتسىلا ۋۇجۇدى قۇيۇنغا يولۇققان قورايدەك سىلكىنىدۇ ، ئاتا ـ ئانىسى يادىغا يەتسىلا كۆزلىرىگە ياش كېلىدۇ ، ئۇكىلىرىنى ئويلىسا گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدۇ . ئۇ ھەمىشىلا ھېسسىياتقا تەسلىم بولىدۇ ، دېھقانلارچە ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭغا بەزىدە ئازارچىلىك تېپىپ بېرىدۇ ، رەخىمجاننىڭ ئېيتىشىچە ، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ كېتىش كەسپىي ئىنقىلابچىغا زىيانلىق ئىكەن ، قۇۋلۇق ، ھىيلىگەرلىكنىمۇ ئۆگىنىۋېلىش كېرەككەن ، نۇرى قىلالامدۇ ؟ قۇۋلۇق ـ ھىيلىگەرلىكنى ئۆگەنمەك رۇس تىلىنى ئۆگەنمەكتىنمۇ تەس ، ئۇ نېمىشقىمۇ دېھقاندىن تۇغۇلۇپ قالغاندۇر ـ ھە ؟ ...

تاتار قىزى پەرىدەنىڭ كۈلكىلىرىنىڭ ھەممىسىلا راستىمدۇر ؟ دېھقان قىزلىرى نېمىشقا ئۇنداق جاراڭلىق ، چىرايلىق كۈلەلمەيدۇ ـ ھە ؟ ئۇ ئاپىسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى زادىلا ئاڭلىمىغان ، ئەمما كۆز يېشىنى كۆپ كۆرگەن ، يىغا ئاۋازىنى كۆپ ئاڭلىغان . دادىسى بولسا ھەمىشە ئىشقا كۈلۈپلا قوياتتى ، ھازىرمۇ

نىلقا تاغلىرىدا ، قارىغايلار ئارىسىدا ياكى ئوغرىلار بىلەن ئوغرىلىق قىلىپ ئېغىرچىلىققا يولۇققاندا : «نېمە بولىدۇ !» دەپ كۆلۈپلا قويۇپ يۈرەمدىغاندۇر . بىچارە ئانا بالىلىرى ئۈچۈن ئۆتتا كۆمەچ بولۇپ ھېچ راھەت كۆرمەي ياپپاشلا دۇنيادىن ئۆتتى ، دادىسىمۇ ھېچ راھەت كۆرمىدى ، سانسىزلىغان ئادەملەر بۇ دۇنياغا يىغا بىلەن كۆز ئاچىدۇ ، دەرد ـ ئەلەم ، ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن ياشاپ ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ . نېمىشقا بۇ دۇنيانىڭ راھىتى ھەممىگە تەڭ بۆلۈنمىگەن ؟ شىڭ دۇبەنىنىڭ قېيناتىسى ، ئايالى ، قېينىنىسى ھەممىسىلا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىچىدە ياشايدۇ ، خالىغان يېرىگە بارالايدۇ ، خالىغىنىنى قىلالايدۇ ، كۆزلىگىنىگە ئېرىشەلەيدۇ . قىلىدىغىنى ئەسكىلىك ، ۋەھشىيلىك . ئېرىشىدىغىنى راھەت ـ پاراغەت ، باياشاتچىلىق ! ... بۇ دۇنيا رەزىللەر ئۈچۈن يارىتىلغانمۇيا ؟

— مەرھەمەت ! — دېدى قىز . نۇرى چۆچۈپ قىزغا قارىدى ، — خىيال بىلەن خۇش بولغىلى بولمايدۇ ، يىگىت ، تۇرۇڭ تانسا ئوينايمىز !

— تانسا بىلمەيمەن .

— بىلمىسىڭىزمۇ ئوينايسىز ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

قىز نۇرىنىڭ قوللىرىنى كېرىپ تۇتتى ، بىر قولىنى ئۇنىڭ بېلىگە قويدى ۋە :

— سىز قىز ، مەن يىگىت ، ئېلىپ ماڭىمەن ، ئۆزىڭىزنى بوش تۇتۇڭ ، — دېدى .

نۇرىنىڭ باجىنگىر كېيگەن ئاياغلىرى تانسىغا زادىلا كەلمىدى ، بۇنداق پۇتلار يول مېڭىشتىن باشقىغا يارىمىسا كېرەك . قىز ھەدەپ ئۇنى پىرقىرىتىپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ، رەخىمجانمۇ كۈلمەكتە ، ھەممىلا ئادەم كۈلمەكتە ، بىرلا نۇرى غەمكىن .

تالادىن بىرى يۈگۈرۈپ كىردى :

— غوجامنىڭ بىر چېرىكى بىر ساقاللىق دېھقاننى باشلاپ كەپتۇ ، كىرسۇنمۇ ؟

— كىم ئۇ ؟

— ئىسمى مۇختەركەن !
— مۇختەر چوڭ دادام ! — نۇرى قىزنى قويۇۋېتىپ ھويلىغا يۈگۈردى .
راستلا دەرۋازا ئالدىدا مۇختەرباي تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى .
— بارمۇ سەن ، نۇرى ؟ ! — دېدى ئۇ بوقۇلداپ يىغلاپ .
— قارىمامسەن ، بۇ خۇمسىلارنى ! ...
— ھەمرانى نېمە قىلدى ؟ ... — نۇرى غالىلداپ تىترىدى .
— ئېتىۋەتتى ! ...
ئۇلار قۇچاقلىشىپ ، بوقۇلداپ يىغلاشتى ، ئۇلارنىڭ مۈرىلىرى تىنىمسىز سىلكىنەتتى ، تىزلىرى پۈكۈلەتتى . ئاۋازلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى . رەخىمجانمۇ ئۇلارنى قۇچاقلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى ...
— جانغا جان ، قانغا قان ئالىمەن ! — نۇرى دەرۋازا كەينىدە تۇرغان ئورۇس پالتىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى .
— سەۋر قىل ! — دېدى رەخىمجان ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ، — پالتا بىلەن بىرنىلا ئۆلتۈرەلەيسەن ، بىز بىرگە يۈزنىڭ ، ھەتتا مىڭنىڭ جېنىنى ئېلىشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز كېرەك . نۇرى ، ئىرادە دېگەن مانا مۇشۇنداق چاغدا ئىشلىنىدۇ !
مۇختەرباي بىلەن نۇرى شۇ يەردە قونۇپ قالدى .
شۇ كۈنى كېچىدە غۇلجىدا ئاجايىپ ۋەقە بولدى : غېنى ئوغرى نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىگۇناھ تۇتۇلغان ، ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، شەھەرگە ياموۇلغا يالغۇز كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى .
— چېرىكلەرنى ئۆلتۈرگەنمۇ ، ئادەم بولغانمۇ مانا مەن ! — دېدى ئۇ ساقچى باشلىقىغا ، — تۇتۇلغان ئادەملەرنى قويۇۋەت !
بۇ گەپ شۇ كۈنىلا پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە تارالدى . رەخىمجان بۇ گەپنى كېچىدە ئاڭلىدى . ئۇ يەنە ئەزەمەتوفنىڭ بۇ ئىشنى موسكۋاغا مەلۇم قىلغانلىقى ، موسكۋادىن شىڭ دۇبەنگە تۇتۇلغانلارنى دەرھال قويۇۋېتىش ، نەق جىنايەتچىنى تېپىپ جازالاش

كېرەك دەپ تېلېفون كەلگەنلىكى ، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى يۇ شيۇسۇڭنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا كىرىپ : «شىنجاڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپى . خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي كۈچ . چوڭ ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ ئىلىدىكى بىگۇناھ تۇتۇلغانلارنى قويۇۋېتىڭ ، خەلق قوزغالسا ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ !» دېگەنلىكى ؛ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىش قىلغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلايلى دەپ شوئار توۋلىغانلىقى ، لى يىڭچى ساقچىلىرىغا نامايىشچىلارنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەنلىكى ، لېكىن شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىلىنىڭ ۋە سوۋېت كونسۇلىنىڭ پىكرى بىلەن ئادەم تۇتۇش بۇيرۇقىنى بىكار قىلغانلىقى ... قاتارلىق ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانىدى .

غېنى ئوغرىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغىنىنى ئاڭلاپ رەخىمجان ئەندىشىگە چۈشتى . مۇختەرباي قارىگىر ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدىكى ئايپالتىنى پۇلاڭلىتىپ : «دېھقانلارنى باشلاپ كىرىپ يامۇل - يامۇللىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن !» دەپ ۋارقىرىدى . نۇرى بولسا : «ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا تەشكىللەيمەن !» دەپ دەرۋازىغا يۈگۈردى . رەخىمجان ئۇلارنى توراپ :

— توختاڭلار ، ئالدىراقسانلىق قىلمايلى ! — دېدى .

— غېنىكامنى ئېتىۋەتمىسۇن ، قۇتقۇزۇۋالايلى دەيمىز !

— ئاتالمايدۇ ، چيۇ سىلىڭ ئۇنى ئېتىپ قويسا بېشىغا بالا تاپىدۇ ، ئۇ بوزەكلەرنىلا ئاتالايدۇ .

— غېنىكامدىن قورقىدىكەن - دە ؟

— غېنىكامنىڭ ئادەملىرى جىق ، كوچا - كوچىدا ماراپ ياتىدۇ ، چيۇ سىلىڭ بۇنى بىلىدۇ ، چېقىلىپ قويسا بالاغا قالىدۇ - دە !

رەخىمجان ئۇلارنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىردى . ئۆزى «شەيتانچاق» مىنىپ سىرتقا مېڭىۋېتىپ ، ئۇلارغا :

— مەن كەلگۈچە ھېچنەگە چىقماڭلار ، سىرت ھازىرمۇ خەتەرلىك . مەن چۈشكىچە قايتىپ كېلىمەن ، — دەپ جېكىلىدى .

مۇختەرباي ھويلىدىكى ئېتىنىڭ غېمىدە ، ئات تۈنۈگۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمەي تاڭشۇرۇلغاندەك شىپپىدە بولۇپ كەتتى . مۇنۇ باينىڭ قورۇسىدا ئات يېگۈدەك بىرنېمە يوق ، ھەممىلا يەر سىرلانغان ياغاچ ، پاھ ، بۇنداقمۇ ئۆي بولىدىكەن ، ھېچبولمىسا بىر باغ قوناق شېخى تېپىلسىچۇ ...

ئۇ ھويلىغا چىقىپ ئېتىغا بولكا ، نان ئۈزۈتىپ بېرىشكە باشلىدى . ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى لاپاسقا بېسىلغان تاي ـ تاي ماللارنى كۆردى ـ دە ، بېرىپ تۇتۇپ ، بىر چېتىنى قايرىپ كۆرۈپ باقتى : ھەممىسىلا ئېسىل رەخت ، كىيىم ـ كېچەك ، پولات ـ قاڭالتىر ، ئەينەك ، سەرەڭگە ، كىرسىن ، قەغەز ، قەلەم ... ھەممىسىلا مۇختەربايىنىڭ مەھەللىسىدە يوق نېمىلەر ئىدى . مۇختەرباي مۇشۇنداق قىش پەسلىدە ئات ، كالا ، دۈگدىيىشىپ يۈرگەن ئاچ توخۇلار ، توخۇلاردىن يەم تالىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كەپتەرلەر ...قىغ ، تېزەك ، دۆۋە ـ دۆۋە قاتتىق ئوتۇن ، سامان ـ توپان ، چۆپ ـ بېدە ... بۇ يەردە ئۇۋۇقىمۇ تېپىلمايدىغان دېھقان بايلىقى بىلەن تولۇپ كېتىدىغان يوغان ھويلىسىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭ بېغىمۇ بۇنداق قېلىن قارلىق قىشلاردا توشقان ئۇۋۇسىغا ئايلىنىدۇ ، نەچچە يۈز يىللىق قېرى قارىياغاچلارنىڭ كاۋاكلىرى ، بۇك چاتقاللارنىڭ ئاستى توشقانلارنىڭ مېھمانخانىسى . توشقانلار بۇ يەرلەردە ئۆزىنىڭ ياۋايى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . ئۇ يەرلەردە بەزمە ، توي قىلىشىپ ، قۇرۇق شاخ ، قورايلار بىلەن ھوزۇرلىنىپ ئوزۇقلىنىدۇ ... مۇنۇ ھويلىدىكى كىچىككىنە مېۋىلىك باغ ، ھويلىدىن سالاسۇن بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇپتۇ . ئاۋۇ تاراقلاپ تۇرىدىغان قۇدۇقنىڭ سۈيى ئەجەب سوغۇق ، لەززەتلىك ئىكەنا ، خۇددى قىشلاقتامنىڭ بۇلاقلىرىنىڭكىدەك . ئەينەك دېگىنىمۇ بولىدىكەن ، ئۆيگە يا سوغۇق ، يا شامال ئۆتمەيدىكەن . سامان قەغەزنى پەنجىرىگە چاپلاپ قويساڭ ھېلى سېغىزغان شىلىمنى

چوقۇلاپ تېشىۋەتكەن ، ھېلى بوران چىقسا يىرتىلىپ كەتكەن . پاھ ، ئورۇس دېگەنمۇزە ئادەمدىن باشقا ھەممىنى ياسايدىكەن ـ دە ! مۇنۇ رەخىمجان دېگەن بالا ئەپەندىمىكىن دېسەم سودىگەر ئىكەن ئەمەسمۇ ، سودىگەر تۇرۇپ دۇنيانىڭ چوڭ ـ چوڭ گەپلىرىنى بىلىدىكەنا ؟ لېنىن ، ستالىن ، مەسكاۋ ، پارىژ ، شىڭ دۇبەن ، غوجاملارنى كۆرگەندەكلا گەپ قىلىدىغۇ … — ھە جانىۋار ، مۇنۇ كىچىككىنە چۈپنى بولسىمۇ يە ، — دېدى ئۇ باغدىن — قار ئاستىدىن كوكات ـ قورايلارنى يۇلۇپ ئەكېلىپ ئېتىغا بېرىپ . شۇ چاغدا «ۋاڭ !» قىلىپ يېنىدىكى چوڭ باغدا مىلتىق ئېتىلدى . تېرەك باشلىرىدىكى قاغىلار قاقىلدىشىپ كۆپكۆك ئاسمان يۈزىنى ياپتى .

— پاھ ، بۇ نېمانچە جىق قاغا ، نېمانچە ئېگىز تېرەكلەر ! — ئۇ قوشنا باغقا باغ تېمىدىن شوتا بىلەن يامىشىپ چىقىپ قارىدى . قاشالتىر بىلەن يېپىلغان ئۆيلەر ، ماشىنىلار ، مىلتىق تۇتقان ، پېشانىسىدە قىزىل بەلگىسى بار ، ئۇزۇن ماش رەڭ چاپان كىيىشكەن ئەسكەرلەر باغدا يۈرۈشەتتى . بىر ئەسكەر مۇختەر باينىڭ تۇلكە تۇماق كىيگەن بېشىغا مىلتىق تەڭلىدى ، ماخۇسەنگە ئەگىشىپ مىلتىقنىڭ نېمىلىكىنى ياخشى بىلىۋالغان مۇختەرباي ئۆزىنى ھويلىغا ئاتتى :

— ۋاي نۇرى ، بولمىدى !

— نېمە بولدى ، چوڭ دادا ؟ ! — نۇرى ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى .

— ئورۇسلار بىزنى ئاتقىلىۋاتىدۇ ! مىلتىقنى ماڭا تەڭلىدى !

— نەدە ، قېنى ؟ — نۇرى ئەتراپىغا ئالاقزادە بولۇپ قارىدى .

— ئاۋۇ ئېگىز تامنىڭ ئارقىسىدىكى باغدا !

— ئۇ دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى ، چوڭ دادا !

— غىچچىدە ئەسكەر ، ماشىنا ، ئۇ ئەسكەر قويىدىغان ئورۇن ئوخشايدۇ ، سوقۇش بولامدۇ نېمە ؟

ئىنىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالغان، غەزىپى تېخى تارالمىغان يىگىت غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئىلاھىم بولسىدى! مەن مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىنىمەن، چوڭ دادا، ھەممە يەرنى سېتىپ مىلتىق ئالىمەن، مىلتىق بولسىلا ھەممە نېمە بولىدىكەنغۇ! ...

— يارايسەن، نۇرى، مەن ساڭا مىلتىق ئېلىپ بېرىمەن، ئۆزۈممۇ بىرنى ئالىمەن، ياخشى ئات بىلەن ياخشى مىلتىق بولمىسا زادى بولمايدىكەن. چوماق، تاياقنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپتۇ!

نۇرى چوڭ دادىسىغا چىۋۇ سىلىڭنىڭ بىر ئوغلىنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورا، ئەپيۇن سېتىپ يۈرگەنلىكىنى دەپ بەردى. بىر مىلتىق ئوتتۇز قوينىڭ پۇلىغا كەلگۈدەك.

نۇرى ھازىرقى زامان قۇراللىرى توغرىسىدا كىتابتىن ئوقۇۋالغانلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، چوڭ دادىسى يوغان تۆگە سانىدۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئۇ سىم كارىۋاتتا كىچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىغانىدى ...

نۇرى قولىغا بىر كىتابنى ئالدى ـ دە، ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ قولىغا كىتاب چىقسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيتتى ...

ھويلىغا رەخىمجان ئالدىراپ، خۇشال كىرىپ كەلدى.

— خۇش خەۋەر! — دېدى ئۇ تاختايلىق پېشايۋانغا ئالدىراپ چىقىپ، — غېنىكامنى قويۇۋېتىپتۇ!

— نېمە؟ — دېيىشتى نۇرى بىلەن مۇختەرباي ئۇيقۇ ۋە كىتابتىن تەڭلا باش كۆتۈرۈپ، — راستما؟

— راست. ئاخشام غېنىكام تۈرمىگە كىرگەنىكەن، يالغۇز كىرگىنىگە قاراپ ئۇنىڭ بىر ھىيلىسى بار دەپ ساقچىلارمۇ قورقۇپتۇ ... ئۇنى يالغۇزلا بىر كامېرغا سولاپ بەشئاتار تۇتقان ئون چېرىكنى پوستقا قويۇپ چىۋۇ سىلىڭغا مەلۇم قىپتۇ. چىۋۇ سىلىڭ تۇتۇلغانلارنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ، ھەربىي ھالەتنى بىكار قىپتۇ. غېنىكامنى دەرھال بىر يىلك ئەسكەر ھىمايە قىلىپ ئۆرۈمچىگە يۆتكەشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى داڭلىق

باي چيۇ سىلىڭغا غېنىكامىنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىسى دەپ تۆت پارچە كېسەك ئالتۇن ، ئىككى پارچە زىخ ئالتۇننى تەقدىم قىپتۇ . ئۇلار : «غېنى ئوغرى چيۇ سىلىڭغا تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە ۋەدە بەردى . چيۇ سىلىڭ ، ھەر يىلى بەش يۈز تۇياق قوي ، يۈز ئات ، يۈز كالىنى ئىگە بولىدىلا» دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ . چيۇ سىلىڭ دېگەن ئەپيۇنكەش پۇل دېسە ھەممىدىن كېچەلەيدۇ . دەرھال : «غېنىنى قويۇۋېتىڭلار !» دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ . بۈگۈن چوڭ يىغىن ئېچىپ چيۇ سىلىڭ سۆز قىلىپ : «ئالتە بۈيۈك سىياسەت بىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس قىبلىنەمايىمىز . ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش بىزنىڭ شوئارىمىز ، ھازىر تۇرمىنى بۇلىغانلار تۇتۇلدى ، جەمئىيەت تىنچىدى ، ئىشلارنى ياخشى ئىشلەيلى ، مانا بۇ شېڭ دۇبەننىڭ ئۈمىدى !» دەپتۇ .

— پاھ ، ئالدىغاننى ئېلىپ ، ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈپ ئەجەب تىنچىيدىكەنا ! — دېدى مۇختەرباي ، — بىگۇناھ ئۆلگەن خەلقنىڭ ، ئاياللار ، باللارنىڭ دەۋاسى يوقمىكەن؟ سورىقى يوقمىكەن؟ ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ تىنچىغان بىلەن بىز تىنچىمايمىز . ئۇكام رەخىمجان ، قانچە ئالسىڭىز ئېلىپ ، ماڭا ئىككى مىلتىق ، مىڭ پاي ئوق جايلاپ بېرىڭ !

— بولىدۇ ، ئاكا ، مىلتىققا ئىگە بولىسىز ، ئاز كۈن تەخىر قىلىڭ ! — دېدى رەخىمجان مەنىلىك قىلىپ ، — خەلق ئويغىنىپ مىلتىققا قول سوزىسكەن دەيتتىم ، مانا بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆردۈم .

مۇختەرباي شۇ كۈنى تۇرىنى قارىگىرغا مىنگەشتۈرۈپ قەدىمى كارۋان يولى بىلەن شەھەردىن مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ھەممە ياق قېلىن قار ، شەھەر كوچىلىرى ھارۋا ، چانىلار بىلەن تولغان . تاشلەپكىدە يەنىلا دۇكانلار ئېچىلغان ، بازاردا ئادەم مىغ - مىغ . خىتاي بازىرىدا يولنىڭ چېتىگە داق يەردىلا كۆمۈر چوغى دۆۋىلەنگەن . ئۇ يەردە جۇل - جۇل كورەك جۇۋا ، كىگىز پايپاق ، پۇرمە چورۇق كىيىشكەن ، تىزلىرى ئوچۇق نامراتلار دۈگدىيىشىپ

ئـولـتـۇراتـتى . بۇلار مەدىكارلار ، ئۇلار مۇشۇ مەدىكار بازىرىدا خـېـرىـدار كۈتۈپ سائەت ـ سائەتلەپ تۇرۇشىدۇ ، مۇرىسىدىكى كـەتـمـەن ، گـۈرجەكلىرى بەدەنلىرى بىلەن تەڭ تىترەشكەن بۇ ئادەمــلەر مەيـدە ـ پاچاقلىــرى چـاۋات بولـۇپ كەتكۈچـە ئوتقا قـاقلىنىدۇ ، ئۇلار بەدىنىگە هارارەت تاپقان هامان قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى يادىغا ئېلىشىدۇ ، لېكىن ئۇلاردا قورساق تويدۇرىدىغان «ماهارەت» يوق . ئۇلار بىر كۈندە بىر قاتتىق ناندا ئىگە بولالىسا هاياتتىن رازى . ئۇلار كەچتە بۇ شەهەرنىڭ قارادۈڭ ، تاقچى دېگەن مـەهـەلـلـىـلـىرىدىكى ئەرزان دەڭلەرنىڭ قۇرۇق بورا سېلىنغان ياتاقلىرىدا تىقىلىشىپ ، سىغدىلىشىپ يېتىشىدۇ . ئۇلارغا هېچكىم پـارىمۇ ، سەدىقىمۇ بەرمەيدۇ ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى تىلىمەيدۇ ، ئۇلار هەربىر كۈننى ئەنە شۇنداق تىترەپ ـ غالىلداش ، قوللىرىنى پـۇۋلـەش بـىلەن ئاچ ـ يالىڭاچ ئۆتكۈزىدۇ . بۇلار گۇناهكارلار ئەمەس ، ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچىلەر . ئۇلار نە ـ نەلەردىن «غۇلجا دېگەننىڭ بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقارمىش» دەپ ئاڭلاپ ، ئۇزاق يولنى پىيادە مېڭىپ ، دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مىڭ سەككىز يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى.مۇزات داۋانلىرىدىن ئېشىپ بۇ يەرگە بەخت ئىزدەپ كەلگەنلەر . ئۇلار بىرىنىڭ بىر تىيىن پۇلىغا كـۆز ئالايتمايدۇ ، بىرىنى بىهۇدە رەنجىتمەيدۇ ، كىمنىلا كۆرسە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئېگىلىپ سالام بېرىپلا تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە هۆكۈمران بولۇش تەمەسىمۇ ، غەرىزىمۇ يوق ، قـورسـىـقـى تـويـسـىـلا ئاۋۇ دۈمبىسىدىن كۆمۈر چۈشمەيدىغان ئېشەكلەرگە ئوخشاش ئۈمۈر بويى قۇل بولۇشقا رازى ...

مۇختەرباي بۇ خىل ئادەملەرنى كۆپ كۆردى ، ئۇلار بىلەن بـىلله ياشىدى ، تۆت يىللىق مۇساپىرلىق ئۇنىڭغا بۇ ئادەملەرنى تونۇشتۇردى . باي بالىلىرىدا يوق قىلىقلارنىڭ ئۇلاردا بارلىقىنى كۆزى بىلەن كۆردى . شۇڭا ، ئۇ بۇ يېتىمچى دەپ ئاتىلىدىغانلارغا ئالاهىدە ئامراق .

ئۇ خىتاي بازىرىغا كېلىپ بىر سامسخانا ئالدىدا توختىدى .

— قانچە سامساڭ بار ، ھەي قاشقالىق؟
— قانچىسى لازىمتى ، غوجام؟
— ئاۋۇ دۇگـدەيـگـەنـلـەرنـى ساناپ كېلە ، نۇرى جۇگۇ ، ھەربىرىگە بەشتىن سامسا ، بىردىن گىردە ئېلىپ بېرەي .
— يـاشاپ كەتسىلا غوجام ، ساۋاب دېگەننى ئۇسۇۋالىدىغان بولدىلا ـ دە !
— سەنمۇ پۇل دېگەننى ئۇسۇۋالسەن ، قاشقالىق .
— قاشقالىق دەيدىكەنلا ، يەنە سامسا ئېلىپ بېرىدىكەنلىغۇ ، غوجام ، يېتىمچى دېگەننىڭ ھەممىسى قاشقالىق جۇمۇسلا .
— خوتەنلىك ، ئاقسۇلۇق ، كۇچالىقلىرىمۇ بار ، ھەممىسىنىڭ تامغىسى «قاشقالىق» .
نۇرى يۈگۈرۈپ كەلدى :
— يەتمىش ئىككىكەن ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ ، — تام تۈۋىدە ئىككى ـ ئۈچتىن بالىسى بار ئۈچ خوتۇنمۇ ئولتۇرىدۇ !
— ھە ، مەيلى ، سەكسەن بولسۇن ، تۆت يۈز سامسا ، سەكسەن گىردە نەچچە بولىدۇ . سانىۋال ، ئالە !
مـۇخـتـەرباي غانجۇغىسىدىكى قىل خۇرجۇننى سامسىپەزنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشى لىققىدە قەغەز پۇل ئىدى .
كەچتە ئۇلار مەھەللىسىگە قايتىپ چىقتى . مەھەللە سىرتىدا زاراتگاھلىق بار ئىدى . نۇرى زاراتگاھلىقتا ئۇن سېلىپ يىغلىدى ، ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تىزىغا كېلىدىغان قارنى كېچىپ ئاپىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ يۈگۈردى . مۇختەربايمۇ ئاتتىن چۈشتـى ، ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى قىرو باغلاپ ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى .
— جېنىم ئۇكام ، ھەمرا ئۇكام ! ...
نـۇرى ھـۆڭـگـىرەپ يىغلاپ كىچىككىنە قەبرىنى قۇچاقلاپ تىپىرلىدى . مۇختەربايمۇ كىچىك قەبرە يېنىدىكى چوڭ قەبرىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى .

— قېرىندىشىم، باللىرىڭنى ئاسرىيالمىدىم ... مېنى ئەپۇ قىل ... — دېدى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرغۈپ چىقىۋاتقان ئازاب - ئەلەم بىلەن قاتتىق سىلكىنىپ.

نۇرى قاراڭغۇ چۈشكەندە ھالسىرىغان، مۈكچەيگەن ھالدا ھويلىسىغا كىردى. ھويلىدا ئىككى قولى بىلەن كورەك جۈۋا سىرتىدىن باغلانغان ئاق ماتا پوتىغا تايىنىپ ئېگىز بىر گەۋدە سەل ئېگىلىپ تۇراتتى.

— دادا! — نۇرى بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.

— يىغلىما، بالام! — دېدى زىياۋۇدۇن تىترەڭگۈ بوغۇق ئاۋازدا ئاستا بالىسىنىڭ يىرىك چاچلىرىنى سىلاپ، — يىغلىما، بالام، يىغلاۋەرمەي بىزمۇ باشقىلارنى يىغلىتايلى! ...

نۇرى دادىسىنىڭ تۇنجى ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاڭلىدى.

## 9

غۇلجا ئۇيغۇرلىرى قاراڭغۇ قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى مەشرەپ بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. يېزىلاردا، شەھەرلەردە، بايلارنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ مەشرەپلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرگە ھېكىمبەگ غوجام تېخىمۇ ئامراق. ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، كىچىككىنە سارغۇچ كەكە ساقىلى يۈزىگە ياراشقان، كەم سۆز، مۇئامىلىسى سىلىق، خۇشخۇي كەلگەن ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئەتراپىغا شەھەر - يېزىلارنىڭ بايلىرى، ئەمەلدارلىرى، داڭلىق چاقچاقچى، گەپچىلىرى، سازەندە - ناخشىچىلىرى توپلانغان. ئۇلار مەشرەپ بىلەن قىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىل مەشرەپلەردە ھەممە ئىلى ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ھۈنەر كۆرسىتىدۇ، چاقچاقچىلار قىزىق - قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن غوجامنى كۈلدۈرۈپ ھاياتنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. غوجام

بۇ خىل مەشرەپلەردە ھۆكۇمەت ، سىياسەت ۋە جەمئىيەتتىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ . ناخشا ، ئۇسسۇل ، چاقچاق ، يېيىش ـ ئىچىش مانا بۇ مەشرەپنىڭ بارلىق مەزمۇنى .

غوجام قاتناشقان مەشرەپ ئەل ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە ، بۇ مەشرەپلەرگە ھەممىلا ئادەم زوقلىنىدۇ . لېكىن قاتنىشالايدىغانلار تولىمۇ ئاز ، غوجامنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئەلۋەتتە شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى ، بۇ مەشرەپكە قاتنىشالىغانلار كېرىلىپ ماڭالايدۇ ، چوڭ ـ چوڭ سۆزلىيەلەيدۇ ، ئابرۇي ۋە پايدا تاپالايدۇ ...

ئابدۇمەر مىڭبېگى ئۆزىگە ئوخشاش يېزا كاتتىلىرىدىن مەسۇم شاڭيو ، باھام شاڭيو ، تۇرسۇنبايلارنى ئەلچى قىلىپ يۈرۈپ ، ئىككى يىل ئېتىشىپ بىر مەشرەپكە بۇ يىل ئارانلا قاتنىشالىدى . بۈگۈنكى مەشرەپنىڭ ساھىبخانىلىقى ئۇنىڭ . ئۇ شەھەردىكى ئۆيىنى بۇلتۇردىن بېرى مۇشۇ مەشرەپ ئۈچۈن قايتىدىن ئېچىپ ياپتى ، ئاستى ـ ئۈستىنى ئاختايلىق قىلىپ ، قاپقاقلىق دېرىزىلەر قويغۇزدى ، دەرۋازىنىمۇ كۆك سىرلىتىپ ، تاملىرىنى ئاپئاق ھاكلاتتى . ئاسىيە خانىمنىڭ دېگىنى بويىچە مېھمانخانىنى ئېسىل يىپەك پەردىلەر ، گىلەم ، يىپەك يېكەندازلار ، ماموق ياستۇقلار بىلەن بېزەپ ، كىشىلەرگە زوق بەرگۇدەك ھالغا كەلتۈردى . تاتار ئايالىنىڭ سەبىخە ، پەرىخە ئىسىملىك قىزلىرى ئۈچۈن ئايرىم ئۆي تەييارلاپ سىىم كارىۋاتلار ، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار ، كىتاب ئىشكاپلىرىنى ياساتتى .

مانا بۈگۈنكى مەشرەپكە غۇلجا شەھىرىنىڭ كاتتىلىرى تولۇق كەلدى . بىرلا نەزەرخان غوجام ئۈنىڭغا :

— مەشرەپمۇ بۇ ، ئېغىز مايلاشمۇ ؟ — دەپ قوپال جاۋاب بەردى ۋە كەلمەي قويدى ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمىدى . ئۇ ئىچىدە : «خەپ توختا ، سېنىڭ دوتەيلىكىڭنى تارتىۋالمىسام !» دەپ قەسەم ئىچتى .

بۈگۈنكىسى ئىشنىڭ بېشى ، كىم بىلىدۇ ، بىر ـ ئىككى

يىلدىن كېيىن نەزەرخان غوجىمۇ تۈرداخۇنبايدەك «خائىن» بولۇپ تۈرمىدە ئۆلەمدۇ تېخى . شۇنداق بولسا شىڭ دۇبەن ئۆزىگە سادىق ئادەمنى دوتەي قىلىدۇ ـ دە . ئابدۇمەر مىڭبېگى يېقىندا ئۆز ساداقىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى قىلىپ چيۇ سىلىڭغا ئىككى زىخ ئالتۇن بىلەن بىر مەخپىي خەت ئەكىرىپ بەردى . خېتىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىلا بىلىدۇ . نەزەرخان غوجىنىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان بۇ خېتىدە : «تۈرمىگە كىرگۈچى زىياۋۇدۇن غېنى ئوغرىنىڭ شېرىكى ، زىياۋۇدۇننىڭ ئاكىسى مۇختەر ما خۇسەنگە ئەسكەر بولۇپ ، شىڭ دۇبەنگە قارشى تۆت يىل ئوق ئاتقان ، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى نەزەرخان غوجا . توققۇزتارا ، نىلقا ناھىيىلىرىدە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق تەشكىلات بار ، ئۇنىڭ باشلىقى مۇشۇ ھازىرقى دوتەي نەزەرخان غوجا» دېگەن گەپلەرنى ئۇ بىكارلا يېزىپ قويمىغان ـ دە !

نەزەرخان غوجا قۇربان ھېيتتا مازاردا بولدى . ئۇ ھەممە ئۆيلەرنى — يۈزبېگى ، ئەللىكبېشى ، ئونبېشى ، ھەتتا نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ قويماي پەتىلىدى . ئاشۇ مۇختەرباي ، زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيلىرىنىمۇ ھېيتلاپ ، ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپمۇ قويمىدى . تېخى قۇربان ھېيت نامىزىدا قۇببىدە سېرىق سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىنى مەيدىسىگە چۈشۈرۈۋېلىپ نۇتۇق سۆزلەپ : «پارىخورلۇقنى يوقىتىش ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ بىرى ، مىڭبېگى ، يۈزبېشىلار پارا ئېلىۋاتىدۇ دېگەن پىكىر بار ، پارىخورلۇق خۇدا ئالدىدىمۇ ، ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ گۇناھقا بوغۇلغانلىق !» دېدى . ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىل بار ، زىيەكنىڭ ئۆز يېرىنىڭ دەنلىرىنى تۆككەنلىكى راست ، ئەيسا شاڭيونىڭ ئۈچ يىل دەن تۆكمەي ئۇنىڭ يېرىنى تېرىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان . لېكىن ، ئەيسا شاڭيو مەن ئاق دەپ تۇرۇۋاتسا ئۇنى قارا دېيىشكە مىڭبېگىنىڭ تىلى قانداق بارسۇن ؟ مىڭبېگىنى سايلايدىغان ئىشنى ھېلىقى مالىيە نازىرى چىقارغانمىش ، قۇرۇۋسۇن ، ئەيسا شاڭيولارنى رەنجىتسە ئابدۇمەر مىڭبېگىگە نەدىن ئاۋاز كېلەتتى ؟

پۈتۈن تارانچىلار ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان تۇرسا ... ئەيسا شاڭيۇنىڭ تورۇق يورغىنى مىڭبېگىگە مىندۇرۇپ قويغىنىنى پـارا دېگىلى بولامدۇ؟ ھېكىمبەگ غوجامنى سايرام كۆلى بويىدا قالماقلار قىرىق قوي، تۆت تاي، ئۈچ قىسىر بايتال سويۇپ بىر ھەپتە مېھمان قىلدى. بۇلار پارا ئەمەسمىكەن؟ مۇشۇ غوجامغىلا يارىسام بايلارغا يارايمەن، بايلارغا يارىساملا مىڭبېگى، شەنجاڭ، دوتەي بولۇپ ئۆرلەۋېرىمەن ...

نـاخشا بىلەن ساز قىزىماقتا، غوجام بېشىنى ساڭگىلىتىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن بارماقلىرىنى يۇمشاق خۇرۇم ئـۆتـۈكـىـنىڭ قونچىغا ئاستا چېكىپ پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلىماقتا. زىكرى ئەلپەتتانىڭ دۇتارى، ئابدۇۋەلى جـارۇللا دېـگـەن يىگىتنىڭ ئاۋازى، ھەرقانداق جان ئىگىسىنى ئېزىۋېتىدۇ:

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۈگچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ...

غوجام ئۆزى بەگ تۇرۇپ نامراتلارنىڭ نالە ـ پەريادىغا نېمانچە قۇلاق سالىدىكىنە؟ غۇلجا تەۋەسىدىكى ئون يەتتە غولىنىڭ ئۈچى ئۇنىڭ، ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتەك يانچى ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيدۇ. بۇغداي چەش بولغاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى چىقىدۇ ـ دە، چەشنى ئونغا بـۆلـۈپ سـەكـكىزىنى دېھقانغا، ئىككىسىنى غوجامغا بۇيرۇيدۇ. چـۇلۇقاي، توخۇچېيۈز، شاغىلتام ... ئۇنىڭ يېرىنىڭ ھېسابى يـوق، پۈتۈن غوللارنىڭ سۈيى، يۇرتلارنىڭ خېلى كۆپى، مۇنۇ شەھەر يېنىدىكى، جىرغىلاڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرمۇ ... ھەممىسىلا ئۇنىڭ، ئۇ بىر كۈن ئەمگەك قىلمايدۇ، كىيىمگە توپا قوندۇرماي يازچە قوزا، قىمىز بىلەن تاغلاردا، مېۋىنىڭ شىرنىلىرىنى يەپ

باغلاردا يۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئاشلىقىنىڭ سانى يوق، مىلىنىڭمۇ شۇنداق. لېكىن، ئۇنى ھېچكىم پارىخور دېمەيدۇ، مەن بىر يورغا ئالغىنىمغا ھەممىلا ئېغىزدا «پارىخور» دەپ تىللانماقتىمەن. تېخى مۇنۇ غوجام يەنە شۇ زىيەكتەك يالاڭ تۆشلەرگە كۆكۈل بۆلۈپ ناله ـ پەرياد ئاڭلاشقا ئامراقكىنا! ...

ئاخشىلار تۈگەپ، مەرغۇلمۇ ئاخىرلاشتى. لېكىن، پەگاھتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ساھىبخانا ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمىدى.

— قاشقالىق ھۇي! — دېدى ئىبراھىم كېمچى ئابدۇمەر مىڭبېگىنى نوقۇپ، — ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ياكى ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ؟

— ياق، بۇ ئالتە قوزا، بىر تاي قانچە بولىدۇ دەپ ھېسابلاپ چىقىرالمايۋاتىدۇ! — دېدى بوۋىخان «كور» دېگەن چاقچاقچى چاقچاقنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرمەكچى بولۇپ، — ھەر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ قويچىلىرىدىن قانچە تۆل ئالدۇق دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، قويلارنىڭ قۇملىقى قانچە دەپ سورىغۇدەك.

— ھا ـ ھا ـ ھا ...

ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ لەقىمى «خەسىس» بولغاچقا، ئۇنىڭ خەسىسلىكى چاقچاق بىلەن دۇمبالىنىشقا باشلىدى:

— توخۇلارغا تېرىقنى ساناپ بېرىدىغان خەسىس!

— كەپتەرلەر داننى كۆپ يەۋالسا شىڭ دۇبەنگە ئەرز يازغان خەسىس!

— سېغىزغان تۇخۇم ئوغرىلىسا قۇرغۇيلىرىنى جازالىغان خەسىس!

— ئاسىيەخان پۇل سورىسا بانكىنى كۆرسىتىپ قويغان خەسىس!

— پۇل جىق كەتمىسۇن دەپ تۇل خوتۇن ئىزدەيدىغان خەسىس!

— چوڭ ئوغلى ساراڭ بولۇپ قالسا باخشى چاقىرىشقا

چىدىماي ، ئۆزى باخشى بولۇپ پېرە ئوينىغان خەسىس !
— غەلۋىرگە ياماق سالىدىغان …
— قېتىققا چۈشكەن قىلنى شۇمۇپ تاشلايدىغان …
— شامىنى بىر ئاي چاينايدىغان …
— كۆڭلىكىگە كاۋا يوپۇرمىقىدىن ياماق سالىدىغان …
كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولغان غوجام ئاخىر قولىنى كۆتۈرۈپ چاقچاقنى توختىتىشقا شەرەت قىلدى . چاقچاق توختىدى . ئابدۇمەر مىڭبېگى ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ :
— قېنى قىمىزغا باقايلى ، تۆگىنىڭ قىمىزى . مەشرەپنى دەپ تۆت تۆگىنى ئۆيدە بېقىپ قىمىز قىلدۇردۇم . ئاخشام قىلغان ، يېڭى قىمىز ، غوجام ! — دېدى ئۇ بىر قونغان قىمىزنى ئىچمەيدىغان غوجامغا ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ، — كاۋاپ ئالسىلا ، غوجام .
— ھە ، ھە ، — دېدى غوجام ، — ئەمدى خەسىس دېمىسەك بولغۇدەك ، قىشتا تۆگە قىمىزى ، پاقلان كاۋىپى … قولى جىق ئۇچۇقكەن ، ئۇچۇقكەن …
كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى .
— بايىتال قىرىسا پەرت قىلىشىدۇ ، خەسىس قېرىسا مەردلىشىدۇ ، دېگەن ماقال بار ، غوجام ، — دېدى بوۋىخان يەنە چاقچاق باشلاپ ، — قارىسىلا ، مۇنۇ كاۋاپ چىشى قوزىنىڭ گۆشىدەك قىلىدۇ . نېمىشقا ئەركەك قوزىنىڭ گۆشىدىن قىلمىدى ؟
— سىگار يېنىدىن قارىسا شۇنداق كۆرۈنىدۇ ، — دېدى زىكرى بوۋىخاننىڭ بىر كۆزى ئەلەس بولغاچقا «كۆز» گە ھۇجۇم قىلىپ .
— مەن خاتا كۆرگەن بولسام ئابدۇۋەلى قاراپ باقسۇن ئەمىسە ! — ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ لەقىمى «قارىغۇ» بولغاچقا بوۋىخان چاقچاقنى ئۇياققا يۆتكىدى .
— بۇ كاۋاپ قوي كاللىسىدەك قىلىدۇ ، ھە ، ئىبراھىم ئاكا ! — دېدى ئابدۇۋەلى جارۇللا «تاز» لەقىمى بار ئىبراھىم كېمىچىگە ھۇجۇمنى توغرىلاپ .

— چاقچاق مايماق چىققىلى تۇردى، — دېدى ئىبراھىم يېنىدىكى «توكۇر» لەقەملىك بىرىگە.

قىزا، كاۋاپ، قىمىز مېھمانلارنىڭ ئىشتىھا، ئىلھامىنى قوزغىدى. ئۇلار كۈلكە - چاقچاق بىلەن ھېلىدىن - ھېلىغا پىيالىلىرىنى ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ قىمىزنى سورۇپ قۇيۇپ بېرىۋاتقان كىشىگە سۇنۇشاتتى. كاۋاپ توشۇغۇچىلار ھويلىدىن دەرۋازا يېنىدىكى تېگى ئامبارلىق ئېگىز ئۆيگە تاختاي پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ - چۈشۈشمەكتە، ھەممىلا ئادەم بۈگۈنكى مەشرەپتىن رازى ئىدى.

مانا داستىخان يىغىلىپ يەنە ساز - ناخشا باشلاندى. زىكرى ئەلپەتتا ئىسمىلىك قارا قاش، ئاق يۈزلۈك يىگىت كۆڭلەكچان بولۇۋېلىپ، دۇخاۋا بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ «راك» مۇقامىنى باشلىدى. مۇقامنىڭ سۆزلىرى مەزمۇنى تېرەن نەۋائىي غەزەللىرى. ئاڭلىغۇچىلار ئۇقمايدىغان گەپلەرمۇ كۆپ. لېكىن، ئۇلار خۇددى خۇداغا ئېتىقاد باغلاپ ئىبادەتتە ئولتۇرۇشقاندەك جىم، ھەتتا پۈتلىرى تالىدىغانلىرىمۇ مۇقام تۈگىگۈچە يەكتىز بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ سىرلىق، مۇقەددەس ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. ئۇلار ئۈچۈن ھازىر مۇشۇ مۇقام بەخت ھەم ئېتىقاد. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىن يېقىملىق، جانغا ھۇزۇر ناخشا ياكى قىرائەت يوق. مۇقام بىر ئۇلۇغ روھنىڭ چىللىغۇچىسى، بىر گۈزەل تۇيغۇنىڭ ئويغاتقۇچىسى، بىر گۈزەل كېلەچەكنىڭ بېشارىتى ... ئاخىر «بى - بى - بى» بىلەن مۇقام ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا زىكرىنىڭ يېقىملىق، بومراق ئاۋازىغا ئابدۇۋەلىنىڭ جاراڭلىق يۇقىرى ئاۋازى قوشۇلۇپ، ئىلى مەشرىپىنىڭ ناخشىلىرى باشلىنىپ كەتتى. جالالىدىن ئۇسسۇلچى ئورنىدىن تۇرۇپ پۇت، قول، بەل، باش، قاش، كۆز، ئېغىزلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ بەللىرى شۇنداق ئەۋرىشىمكى، كىمگە تولغىنىپ قاراپ قويسا شۇنىڭ ھەۋىسى قوزغىلاتتى، كىمگە قاراپ قاش ئېتىپ قويسا شۇنىڭ

شەھۋەت قىزغىنلىقى ئاشاتتى ، كىمگە ئېگىلىپ تەزىم قىلسا شۇنىڭ قەلبىي ھۆرمەت غۇرۇرى بىلەن سۆيۈنەتتى ، بىراق ئۇ ھەممە ھۆرمەت ، ناز - كەرەشمىسىنى غوجامغا بېغىشلىغانىدى . ئۇ تولغىنىپ ئويناپ بىر تال كەمپۈتنىڭ يېرىمىنى ئۆزى چىشلەپ ، قالغان يېرىمىنى غوجامنىڭ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇۋىدى ، ئۆيدە قىيقاس كۆتۈرۈلدى …

جالالىدىن ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇلى تۈگەش بىلەن ئابدۇمەر مىڭبېگى كۆپچىلىككە :

— مېنىڭ خوتۇنۇم بىر گارمون چېلىپ بەرسەم دەيدۇ ، — دەپ ئېلان قىلىۋىدى ، غوجام دەرھاللا :

— ھە ، ھە ، ھە … ئورۇسنىڭ ئۇ نېمىسى سېنىڭ ئۆيۈڭگىمۇ كىرىپتۇ - دە ، ئاڭلىساق ئاڭلايلى ! — دېدى .

شۇ ھامان پەگاھتا كۆپچىلىككە تەزىم قىلىپ سېرىق چاچ ئاسىيە بىلەن قىزلىرى پەيدا بولدى . ئاسىيە غوجامغا ئالاھىدە تەزىم قىلدى ، ئاندىن كېيىن كۆپچىلىككە تەزىم قىلدى .

— مانا ، مانا يېڭىلىق ، — دېدى غوجام ئۇيغۇر مەشرىپىگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن خوتۇن - قىزلارغا نارازىلىق بىلەن قاراپ .

— پاھ ، پاھ ، نوغايلارنىڭ چالىدىغىنىمۇ قالتىسكەنا !

سەبىخە كۆڭلەكچان ئىدى ، ئۇنىڭ بېلى پۈرمە كۆڭلىكى ئىنچىكە بەللىرىنى ، تولۇق كۆكسىنى ، چىرايلىق بويۇن ، يوتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى ، ئۇزۇن ، توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ئەتراپىدا ئويناپ تۇراتتى . چىرايلىق قىز - چوكانلار ئۇچۇن ھەرنېمە قىلىشتىن يالتايمايدىغان مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى . ئۇلار ئولتۇرالماي قىمىرلاشتى ، بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشتى ، كۆزلىرى بىلەن ياش ، چىرايلىق ، شوخ قىزنىڭ ئۆزلىرىنى بىردەمدىلا مەست قىلغان نازۇك ئەزالىرىنى شەرەت قىلىشتى . قىزنىڭ بۇ قېرىلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن كارى يوق . ئۇ گارمونىنىڭ ئاسمىسىنى بوينىغا سالدى - دە ، بارماقلىرىنى گارمون تىللىرىغا تەگكۈزۈپ يېقىملىق تاتار

ناخشىلىرىغا ، ئاخىرىدا ئادىنوچكىغا ئۆيىنىمۇەتتى . گارمون ئادىنوچكىغا چېلىنىش بىلەن ئاسىيە خېنىم ئوتتۇرىغا چۈشتى . ئۇ شۇنداق چاققان ، يېقىملىق ئاياغ ھەرىكىتى قىلدىكى ، جالالىدىن زادىلا ئولتۇرالماي ئۇنىڭغا ياندىشتى . ئۆيدە قىيقاس ۋە ھوششەرە قىزىپ كەتتى . ئادىنوچكا راسا ئەۋجىگە چىققاندا ، ئاسىيە غوجامنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشكەتتى قىلىپ تۇرۇۋالدى . غوجام يېنىدىكى سالىجانبايغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى ، سالىجانباي بىر سىقىم پۇلنى ئاسىيەنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ پەتنۇسقا سالدى .

— غوجام دادا ، سىلىنى تانىسىغا تارتىۋاتىدۇ ! — دېدى جالالىدىن ئاسىيەنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ .

— خۇپتەن بولدى ! — دېدى غوجام سوغۇقلا .

ئاسىيە قىزلىرى بىلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن غوجام :

— ئابدۇمەر ، قىزلىرىڭ قالتىسكەنا ، چىۋۇ سىلىڭنىڭ باللىرى كۆرۈپ قالمىغاي ، خۇدايىم ساقلىسۇن ! — دېدى .

كۆپچىلىك تالا - تۈزگە چىقىشتى . بىرى ھويلىدا ئەزان ئېيتتى . ئۆيگە جايناماز لار سېلىندى . خۇپتەن ئوقۇمايدىغان زىكرى بىلەن ئابدۇۋەلىلەر تالاغا چىققاندىن كېيىن ، زىكرى :

— پاھ ، مۇنۇ قاشقالىقنىڭ نوغاي خوتۇنى پەرىزاتكىنە ، — دېۋىدى ، ئابدۇۋەلى :

— قىزى قالتىسكەن ، سانايىنەپىسىگە بەرسە ، شېرىننىڭ رولىغا چىقسا بولىدىكەن ، مەن پەرھاد بولسام ، — دېدى .

— ئۇ شېرىن بولسا پەرھادنىڭ رولىنى ماڭا بېرەرسەن ھە ، — دېدى زىكرى ، — كۆرمەي قېلىپ خاتا ئىش قىلىپ قويامسەنكىن دەيمىنا ! — ئۇلار كۈلۈشتى .

نېرىن تارتىلغاندىن كېيىن مەشرەپ ئاخىرلاشتى . كالاسكا ، خادىك ، كۈمۈش ئېگەر - جابدۇقلۇق يورغىلار بىلەن مېھمانلار يولغا چىقتى . خۇشاللىقمۇ ئۆزىدى . بايا مىڭبېگىگە غۇلجا خەلقى كۈلكە ئۇچۇنلا يارالغاندەك تۇيۇلغانىدى ، ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك جىق كۈلكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ . ھارۋىلار ، ئاتلار ئۈزاپ

كەتسىمۇ يىراقتىن يەنە شۇ كۆلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى ...
— غوجام ياقتۇرمايدۇ دېسەم ئۇنىماي گارمون چالدۇرۇپ، ئادىنوچكا ئوينىتىپ، غوجام چوقۇم خاپا بولدى، — دېدى ئاسىيە ئابدۇمەر مىڭبېگىگە كايىپ.
— نېمىشقا سىز ئۇنىڭغا تولغىنىپ قاش ئاتىسىز! — دېدى مىڭبېگى ئاسىيەنى ئەيىبلەپ، — غوجام سىزنىڭ غىلجىڭلىقىڭىزدىن خاپا بولدى!
— نېمە دەيدىغاندۇ، خوتۇن خەقنىڭ غىلجىڭلىغىنىدىن خاپا بولغان ئۇيغۇرنى مەن تېخى كۆرمىدىم!
— ئەرلەرنى كۆرسە غىلجىڭلىمايدىغان نوغاي خوتۇننى مەن تېخى كۆرمىدىم!
— ئانداق بولسا نېمىگە ئالغان نوغاي خوتۇننى!
— بايلارنى دوراپ ـ دە!
— ھېلىھەم بولسىمۇ سەھرانىڭ يولى ئوچۇق!
— سىزگىمۇ قازاننىڭ يولى ئوچۇق!
— مەن بۇ ئۆيدىن چىقمايمەن. ماڭا بەرگەن تىلخېتىڭىز بار، دىنىي نازارەتكە ئاپارسام تاتار قازىلار بار، ھازىرلا كەشىڭىزنى توغرىلايدۇ.
— نوغاي داموللامدىن يۇزىگە تېتىيدىغان مۇتائالى خەلپىتىم بار، ئازازۇللارنى دوزاخقا بۇيرۇيالايدۇ!
ئۇلار گەپ تالىشىۋاتقاندا، ئۆيگە ساقاللىق بىرى ھاسىراپ كىرىپ كەلدى:
— ۋاي مىڭبېگى، يامان بولدى. چوڭ ئۆيگە بۇلاڭچى كەلدى. ئالتە قازاق غېنى ئوغرى بىلەن كېلىپ مال قورۇدىن بىر ئۇيۇر يىلقا، ئايمىنىڭ ساندۇقلىرىنى، سىلىنىڭ ھېلىقى يىغقانلىرىنى بۇلاپ كەتتى. غېنى ئوغرى ... ئېيت ئاۋۇ ئابدۇمەر قاشقالىقا، جېنى مېنىڭ ئالقىنىمدا دەيدۇ تېخى!
ئابدۇمەرنىڭ بېشى پىرقىرىدە ئايلاندى. بىرىنى قولغا كەلتۈرىمەن دېسەك، يەنە بىرى تىغ بولۇپ سانجىلىۋاتقان، بىرىگە

ئېرىشمەن دېسەڭ ، ئۇندىن ئايرىلىۋاتقان ، بېشىنى ياپساڭ قوڭى ئېچىلىپ قېلىۋاتقان . بۇ قانداق جاھان؟ ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن شىلىڭ دۈبەنگە بېقىنماي بولمايدۇ ، ئىسىت ، غوجامغا قىلغان ئەقىدەم ، قارا ، ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى تېخى . غوجامنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز ياخشى گەپمۇ چىقمىدا؟ لېكىن ، ئۇ غوجامنىڭ : «قىزىڭنى چيۇ سىلىڭنىڭ باللىرى كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇلارغا كۆرسىتىشنىڭ يولى بارمىكىن ، توختى تۆڭچى دەپ بىرى بار دەيدۇ ، يەنە بىر چوكا ئالتۇن خەجلىسەم كۆرۈشكىلى بولارمىكىن؟ ئاپلا ، مۇنۇ غېنى دېگەن ئوغرىنىڭ مېنىڭ بىلەن قېرىشىپ قالغىنى نېمىسى؟ بىر ئۈيۈر يىلقىنى ھەيدەپ كەتكەن بولسا ، ئۇنى ئاز دەپ خوتۇنۇمنىڭ زىرە - پىرە ، توگا - پوگالىرىنى ئالغان بولسا ... ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ؟ قاشقىردەك ، چىلبۆرىدەك ئوغرى قازاقلىرى بار ئۇنىڭ ...

— ئات توقۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاشقان نېرىنغا ئەمدىلا قول سالغان ساقاللىققا ، — بولە ، كېلىپ يە !

ئۇ ئېتىنى دەرۋازىدىن دېۋىتىپ چىقىپ كەتتى ، ئۇنىڭ نەگە ماڭغىنىنى ئاسىيە ئەلۋەتتە بىلمەيتتى . ئاسىيە تېخىچىلا ئۇخلىمىغان قىزلىرىنىڭ يېنىغا كىردى . سەبىخە خەت يېزىۋېتىپتۇ ، كىچىكى ئۇخلاۋېتىپتۇ . ئاسىيە قىزى بىلەن مۇڭدىشىپ ئىچىنى بوشىتىشقا ئادەتلەنگەن . كىتاب ئوقۇپ ، رۇس - تاتارلار گىمنازىيىسىدە تەلىم ئېلىپ كۆپنى ئۆگەنگەن ، ئەمدى ئون ئالتە ياشقا كىرىپ ئەقلى يېتىشكەن قىزى دائىم ئۇنىڭغا يېڭىچە ، ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى ، يېڭىلىقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى . قىزى ئانىدىن ھەممىلا جەھەتتە ئۆتۈپ ، ئانىسىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىماقتا ئىدى . ئۇ ئۇستەلگە ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن خەت يېزىۋاتقان قىزىنىڭ ئۇستىدىن خەتكە قارىدى . ئۇنىڭ «سالام خەت» دېگەن بىرلا سۆزگە كۆزى چۈشتى . قىز خەتنى لاتىن يېزىقىدا يازماي ئۇيغۇرچە يازغانىدى . ئانا چۆچۈپ

خەتكە يەنە قارىدى ـ دە ، «نۇرى» دېگەن ئىسمنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ پۈتنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ تام مەشكە يۆلىنىپ تۇرۇپ قىزىغا سىنچىلاپ قارىدى : قالپاقلىق لامپۇچكا تۆۋەن چۈشۈرۈلگەن ، قىزنىڭ ئاق سېرىق يۈزى يېرىم يورۇق ، يېرىمى كۆلەڭگە — بەئەينى سۈرەتلەردىكى گۈزەللەرگە ئوخشايتتى ، بولۇپمۇ قىزغۇچ يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ، ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق بۇرنى ، ئەگمە قاشلىرى ، پىچىرلاۋاتقاندەك بىردە ئېچىلىپ ـ بىردە ھىملىشىپ تۇرغان قىزىلگۈل پورىكىدەك لەۋلىرى ، توم چاچلىرى ئانىغا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ، ھېسسىياتنىڭ قۇربانى بولۇشقا تەييار تۇرغان چاغلىرىنى ئەسلەتتى . ئۇ قازان شەھىرىدە تاتار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا ، تازا ھازىرقى سەبىخەدەك چىرايلىق ، ھېسسىياتچان ئەمەسمىدى؟ قېنى ئۇ گۈزەللىك ، قېنى ئۇ ئىنتىلىش ، قېنى ئۇ غايە؟ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىز قىلىپ قويدى . دادىسى ئېتىلدى ، ئانىسى ئورۇسلار بىلەن ياۋروپاغا قېچىپ كەتتى . ئاسيە بوۋىلىرى بىلەن قىرىم — قازان تاتارلىرىغا قوشۇلۇپ قازاقىستانغا ، سىبىرىيىگە ھەيدەلدى . ئۇ نەق ئون ئالتە يېشىدا سەبىخەنىڭ دادىسى — ئۇيغۇر يىگىت بىلەن تونۇشتى . ئۇ تېزلا دۇنيا مۇھەببەت ، لەززەت مۇھەببەت ، ھاياتنىڭ ئۆزى مۇھەببەت دېگەن خۇلاسىگە كەلدى . ئۇلار ئاددىيلا بىرنەچچە بوتۇلكا ۋودكا ، بولكا ۋە قەنت ـ گېزەك بىلەن ئالمۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدىلا توي قىلىشتى . ئۇنىڭ ئېرى ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىر تالانت ئىگىسى ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر ، قازاق ، رۇس تىللىرىدا شېئىر يازالايتتى ، پۇشكىننىڭ ، لېرمونتوفنىڭ شېئىرلىرىنى رۇسچە دېكلاماتسىيە قىلسا ، رۇس قىزلىرى ھاياجانلىنىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەتتى . ئۇ ئاجايىپ ناتىق ئىدى ، رۇس تىلىدا «لېنىن تۇغى» دېگەن تېمىدا سۆزلىگەن سۆزى مۇكاپاتلىنىپ ، «كومسومولسكى پراۋدا» گېزىتىدە بېسىلغان . ئۇ يەنە ئاجايىپ ناخشىچى ، پۇتبولچى ۋە رەسسام ئىدى ...

لېكىن ، ئۇ ئىككى قىزنى ئاسىيەگە تاشلاپ ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن خۇشلاشمايلا كېتىپ قالدى . كېيىن ئۇلار ئۇنى ئېتىۋەتتى ، ئاسىيە ئۇنىڭ نېمە گۇناھ قىلغىنىنى بىلمىدى . ئۇ شۇ دەۋرگە ، ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارغا ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەتلەندى . چۈنكى ، ئۇ ئېرىنىڭ بىگۇناھ ، ساپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . راستتىنلا شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىلغان بولسا ئۇ دەۋرگە ، ئۇ دەۋرنىڭ سەركەردىلىرىگە نەپرەتلەنمەي قانداق قىلسۇن؟ ئۇ جان ساقلاش ، سۆيۈملۈك ئېرىدىن قالغان مۇنۇ ئىككى قىزنى بېقىپ قاتارغا قېتىش ، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن ، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئۆزىگە ئوخشاش زامان قاچقۇنلىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا قېچىپ كەلدى . قازان شەھىرىدىكى سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپى ، كاتتا جاي ، باغلىرى ، ياۋروپاغا قاتناپ تۇرىدىغان سېرىق ساقال ، سېرىق قاش ، ھەيۋەتلىك كىيىنىپ ، ھاسا تۇتۇپ يۈرىدىغان دادىسى ، دائىم تەسۋى سىيرىپ ، كىتاب ئوقۇپلا يۈرىدىغان داموللا بوۋىسى ، تۈرك ئاياللىرىدەك كىيىنىپ يۈرىدىغان مېھرىبان مومىسى ۋە فرانسۇزچە ياسىنىپ ، ئالتۇن ئىچىدە يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان ئانىسى ، گۈزەل قىرىم ، كاۋكاز ، ۋولگا ، قارا دېڭىز بويلىرى ··· ھازىر ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقتا ، گويا چۈشتەك ، گويا بىر گۈزەل ئارزۇدەك ئۇنىڭ خىيالى ۋە مۇھەببىتىگە ئايلاندى . ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ، ئائىلە دېگەنلەر ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولغان . ئۇ لېۋ تولستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا» رومانىدىكى ئانىنادەك ئۆلۈم يولىنى تاللاپ بولغان ، لېكىن ئىككى پۈتىغا ئىككى قىزى چاپلىشىقلىق ، ئۇ پويىز چاقىغا ئۆزىنى ئاتالمايدۇ . ئۇ ھازىر شۇ يازغۇچىنىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى ماسلوۋا . بىرى ئۇنىڭغا مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ قىلسا ئۇ ماسلوۋادەك : «نېمە ئۇ مۇھەببەت دېگەن ، مەن ئۇنى ئاللىبۇرۇن چۆرۈۋەتكەن !» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى تاملىغان . ئۇ ئىككى قىزى ئۈچۈن ياشايدۇ . ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئەلچىلىرىگە ئۇ :

«مېنىڭ بەدىنىم قىزلىرىمنى بېقىشقىلا يارىسا بولدى . شەھەردە ئـۆي تـۇتۇپ بەرسۇن ، قىزلىرىمنى ئوقۇتسۇن ، مېنى ئۆمىلەپ يـۈرۈپ خـىـزمىتىمنى قىل دېسىمۇ مەيلى دەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن . شۇڭا ، ئۇ مىڭبېگىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا دېگىنىنى قىلدۇرىدۇ . ئۇ بۇگۈن ئۆز مەيلى ئەمەس ، مىڭبېگىنىڭ بـۇيـرۇقـى بـىلەن بايلارغا ئادىنوچكا ئويناپ بەردى . ئۇ ئۆزىگە تـىـكىلگەن ئونلىغان ئىشقۋاز كۆزلەرنى سەزدى ، بىرلىرى كۆز قىستى ، بىرلىرى قاش ئاتتى ، بىرلىرى لېۋىنى تەمشىدى ... ئۇلار كۆڭلىدە : «ئاشۇ ساقاللىق ، قوپال سەھرالىققا خوتۇن بوپسەن ، سەن شۇنچىلىك بىر خوتۇن ، بىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمىزنى يەردە قـويـمايـسـەن !» دېـيـىـشمەكتە . ئاسىيە خورلۇق ، كەمسىتىش دېـگـەنلەرگە كۆنۈك . ئۇ مۇنچىلاردا تازىلىق ئىشچىسى بولدى : «يۇيۇپ قويە» دېيىشەتتى بىرلىرى يالىڭاچ پېتى ئىشكنى قىيا ئـېـچىپ . ئۇ ھاكچى رۇس خوتۇنلار بىلەن كىر ماتا ياغلىقىنى ئـېـگـىـلـىـدىن چـىـگـىـپ چـېلەك تۇتۇپ كوچىلاردا تۇردى ، ئـىـشـلـەتكۇچىلەردىن ئۇنىڭغا : «ھەي مارجانكا ، ئۆيىنى ھاكلاپ بولدۇڭ ، ئەمدى بىلىمنى تۇتۇپ قويە» دېگۈچىلەر بولدى ... ئۇ ھەممىگە چىدىدى ، ھەممىنى ئۇنتۇدى ، قىزلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇققا ، ئازابقا ، قۇربان بېرىشكە ئۇ تەييار ، پەقەتلا قىزلىرى خورلانمىسا ، ئازابلانمىسىلا بولدى ...

— نـېـمـە بـولدى ، قىزىم ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئاسىيە يىـغـلاۋاتـقـان قـىـزىنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ ، قىزى راستتىنلا يىغلاۋاتاتتى .

— نېمەڭ كەم ، كىم ساڭا ئازار بەردى ؟ — دېدى ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە تېڭىپ ، — ئېيت ، قىزىم ، ھەرقانچە بالا ئىش بولسىمۇ ئاپاڭغا ئېيت !

— ئـىـچـىـم ئـاغرىپ چىدىمىدىم ، ئاپا ! — دېدى سەبىخە چـۇشـىـنـىـكـسـىـزلا يـىغلاپ ، — مەكتىپىگە ئىزدەپ بارسام ، سـاۋاقـداشـلـىـرى تۆت كۈن بولدى يوق ، دادىسى تۇرمىدىكەن ،

ئـۇكىلىرىنى چېرىكلەر ئېتىۋېتىپتۇ ، دېدى . ئۇكىلىرى كىچىك بالىلارغۇ ، ئۇلارنى نېمىشقا ئاتىدۇ ؟ ئۇنىڭ دادىسىمۇ گۇناھسىز ، ئـاق كـۆڭـۈل دېـھـقان ، ئۇنى سولاتقان مېنىڭ مۇشۇ مىڭبېگى دادامكەنغۇ ...

— كىمنى دەۋاتىسەن سەبىخە ؟

— نۇرىچۇ ، ئالدىنقى يىـلى يازدا بىـزنىڭ چوڭ ئـۆيگە ئەرز يېزىپ ئەكەلگەن بالىچۇ ؟

— ھە ، ھېلىقى زىيەك دېگەننىڭ بالىسىما ، ئۇنىڭ ئاپىسى چوڭ باينىڭ قىزىكەن ، ئانىسى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئـاڭـلـىـغـان . ۋاي قىزىم ، شۇ بالىنىڭ ئۇكىلىرىنى چېرىكلەر ئېتىۋېتىپتۇمۇ ؟

— ھەئە ، ئاپا . مۇنۇ دادام جالالاتكەن ، ئۇنىڭ دادىسىنى ناھەق سـولاتـقـان دادامكەن . غېنى ئوغرى ئۇنىڭ دادىسىنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېتىكەن ، چېرىكلەر بۇ پانتۇركىستلارنىڭ ئىشى ، قىساس ئالىمىز دەپ بالىلارنى ئېتىپتۇ . يۈزنەچچە ئادەمنى تۈرمىگە سالدى ، ئۇلاردىن ئۆلگەنلىرىمۇ بار . سوۋېت كونسۇلى ئارىلاشمىغان بولسا بۇ چاغقىچە نەچچە مىڭ ئادەم تۈرمىگە كىرەتتى !

— بۇ شىڭ دۇبەنمۇ ستالىنغا ئوخشاشكەن ـ دە !

— ئۇنداق دېمە ، ئاپا ، ستالىن دېگەن داھىي ، ئۇلۇغ ئادەم !

— ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ جالالاتلىق قىلىدۇ ، قىزىم ، سەن بۇنى تېخى بىلمەيسەن . مۇنۇ مىڭبېگى داداڭمۇ ئۆزىنى كاتتا چاغلايدۇ ، قارا ، سەن ئۇنىمۇ جالالاتكەن دېدىڭ . ھەممىسى ئوخشاش بۇ ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ !

— سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن سوتسىيالىزم . ئۇ يەردە ئېزىش ، زۇلۇم دېگەن يوق ، ھەممە ئىش ئادىل ھەل بولىدۇ ، ئاپا !

— ئېزىش ، زۇلۇم بولمىسا ، ئادىل بولسا ، بوۋاڭنى ، داداڭنى نېمىشقا ئاتتى ئەمىسە ؟

— ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇر بەلكى ...

قـىـزنـىـڭ ئـاۋازى پـەسـلـەپ تىترىدى . ئۇنىڭ يادىغا ئۆز

دادىسىنىڭ غۇۋا ئوبرازى ۋە دادىسى يازغان «ھەقىقەت» دېگەن شېئىردىكى :

ھەقىقەت قۇش بولۇپ ئۇچالامدىكەن ،
سۇ كەبى كەلكۈن بوپ تاشالامدىكەن ؟
بىر غېرىب كۆلبىسى ئوتتا كۆيگەندە
ئۆزىنى شۇ ئوتقا ئاتالامدىكەن ؟

دېگەن مىسرالار كەلدى .

… ھەقىقەت ، ئادالەت ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرسە ، ھەممە يەرگە ئۇچۇپ بارالىسا ، قەھرى بىلەن كەلكۈن بولۇپ ناھەقچىلىكنى يىمىرىپ تاشلىيالىسا بولاتتى … دادام قالتىس يازغانىكەن ، شۇنداق دادىنىڭ بالىسى بۈگۈن جاللاتنىڭ قىزى بولۇپ قالدىما ؟ …

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ سۆسەر ياقىلىق جۇۋىنى يېپىنچاقلاپ پېشايۋانغا چىقتى . ئانا كىچىك قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ خىيال بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقتا ، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى . سەبىخە پېشايۋانغا چىقىپ قار بىلەن ئېگىلگەن دەرەخ شاخلىرىغا ، شاخلارغا قونۇپ باشلىرىنى قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىپ دۈگدىيىشىپ يېتىۋالغان توخۇلارغا قارىدى . توخۇلارنىڭ لاپاس تېگىدە قونداقلىرى بار ، ئۇلار زەھەردەك سوغۇقنىڭ كۈچىنى سىناش ئۈچۈن شاخقا چىقىپ يېتىۋالدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ مۇشەققەتنى تاللاش ئادىتى بارمۇ ؟ نۇرى مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق جاپا - مۇشەققەتنى ئىزدىگۈدەك ، شۇڭا ئۇ سەبىخەدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگۈدەك . سەبىخە ئۇنى قانچە ئىزدىدى ، ھېلىقى چېقىر ئۈجمە دەرىخىنى قانچە سېغىندى ، بولۇپمۇ نۇرىنىڭ ئائىلىسىگە بەختسىزلىك كەلگەن بۇ كۈنلەردە ئۇ نۇرىنى ئىزدەپ نەلەرگە كىرمىدى - ھە ؟ ئوغۇللارنىڭ ياتاقلىرىغا ، غوجامنىڭ ئېسىل ئۆيىگە ، ئاخىرىدا پەرىدە ئىسىملىك تاتار قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن رەخىمجاننىڭ ئۆيىگە … بىرمۇبىر باردى . ھەممىنى ئاڭلىدى ، بىلدى ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ قىزلارغا خاس ئاجىزلىق بىلەن

يــالغۇز دەرەخ دالدىلىرىدا يىغلىدى . ئۇنىڭ كۆز يېشى ، يۈرەك پىغانى بىلەن ئۇرنىنىڭ هېچ ئىشى بولمىسىمۇ ، ئۇ بارغانسېرى ئۇنى سېغىنماقتا ، بارغانسېرى ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكى قىينىماقتا ، يۈرىكىنى ئەزمەكتە ، ئەمدى ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇ نەدىن بولسىمۇ ئۇرنىنى تېپىشى كېرەك . ناۋادا ئۇ غېنى ئوغرىلار بىلەن تاغلارغا چىقىپ كەتكەن بولسا ، سەبىخە ئىككىلەنمەي قار كېچىپ ، سۇ يېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە بولىدۇ . ناۋادا قارا تــەقــدىــر ئــۇنــى ئۆلۈمگە هەيدەپ ئاپارسا ، سەبىخە ئىككىلەنمەي كۆكرىكى بىلەن ئۇنى قوغداپ بىللە قۇربان بولىدۇ . خىيال ۋە سېــغــىــنــىــش ئــۇنىڭ قەلبىدىكى مۇهەببەت ئۇچقۇنىنى يالقۇنغا ئــايلاندۇردى . ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ، شېرىن مۇهەببەت ئازابىنىڭ چەكسىز ، دولقۇنلۇق دەرياسىغا چۈشكەنلىكىنى چۈشەندى . ئۇ ياكى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىدۇ ، ياكى هالاك بولىدۇ . ئۇنىڭغا ئەمدى باشقا يول يوق ، ئۇ هازىر شېرىن ، زۆهرە ، سەنەم ... ئۇ هازىر هايات درامــــسىنىڭ قەهرىمانى . ئۇ هاياتنىڭ بۇ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ . ئۇ دادىسى يېزىپ قالدۇرغان شېئىرغا ئەمەل قىلىدۇ :

تۇغۇلدۇڭ ، سەن ئۇچقۇن ، ئۆچمە گۈرۈلدە ،
هايات شۇ ، سەن شۇڭقار ، پەرۋاز قىل ئۆرلە ...

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە : «ئادەم هامان ئۆزىنى بىرنەرسىگە ئاتايدۇ ، سەن بىر ئىشنىڭ قۇربانىسەن ، ياكى گۈزەللىكنىڭ ، ياكى رەزىللىكنىڭ ...» دەپ پىچىرلىدى .

دەرۋازا تاراقلاپ ئېچىلدى ، هويلىغا ئاۋۋال كالاسكا ، ئارقىدىن ئاتلىق ئادەم كىرىپ كەلدى . سەبىخە هەربىيچە كىيىنىپ قىلىچ ئاسقان ، ئېسىل پەلتو ، كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، قارا شىلەپە كىيگەن يەنە بىرىنىڭ كالاسكىدىن چۈشكىنىنى ، ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۇلارنى ئېگىلىپ تۇرۇپ مېهمانخانىغا تەكلىپ قىلغىنىنى كۆردى .

— ئاسىيە ! — دەپ ۋارقىرىدى مىڭبېگى مېهمانخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قاڭالتىرلىق ئەگمەچ پېشايۋان ئاستىدا

سالاسۇنغا تايىنىپ تۇرۇپ . ئاسىيە قىزنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ ئاڭلىمىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنىنى قىزنىڭ نۇرىغا يازغان خېتى ئىگىلىۋالغان ، ئۇنىڭ قولىقى ، كۆزى ، ھەتتا مېڭىسى ھەرىكەتتىن توختىغان ، قىزنىڭ بىر سەھرالىق يىگىتكە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشقان ، قولىقى پۈتكەن ، بېشى گاڭگىراپ قالغانىدى . ئۇ قىزىغا ھەم ئىچ ئاغرىتاتتى ، ھەم غەزەپلىنەتتى . ئىچ ئاغرىتىشى بىچارە قىزنىڭ تارتقان جاپاسىنى بىلگەنلىكىدىن بولسا ، غەزىپى مۇھەببەتنىڭ قولى بولۇشنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى . ئۇ قىزىنى مۇشۇنداق مۇھەببەت پاجىئەسىدىن قوغداش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشتى ـ ھە؟ ئۇ قىزىنى يىگىتلەردىن قاچۇردى ، قىز دوست تۇتۇشقا ئۈندىدى ، ھەتتا مەكتەپكە بېرىپ مۇئەللىمدىن قىزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى . ئۇ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللار بىلەن قىزىنى مۇھەببەت پاجىئەسىدىن قوغدىدى . ئاسىيە مۇھەببەت ئۆزىلا بىر پاجىئە ، قايسىبىر پىداكار مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلىگەن؟ قىزلار ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ دەردۇ بالاسىنى چۈشەنمەيدۇ . ئۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ ، پاجىئە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ … دەپ يۈردى .

— ئاسىيە ، ئۇخلاپ قالمىغانسىز؟ — دېدى مىڭبېگى ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ ، — يەنە مېھمان . بۇ قېتىمقىسى سىزنى خۇش قىلىدۇ . ئۇلار سىزنىڭ ھېلىقى سەكرەپ يەر تېپىدىغان ئۇسسۇلىڭىز بىلەن گارمونىڭىزنى يارىتىدىكەن . گېپىنى چىقىرىۋىدىم ، كەچ بولسىمۇ بىر ئاڭلايلى دەپ كەلدى ! — دېدى .

— خەلق نېمە كويدا ، سىلى نېمە كويدا ، دادا؟ — دېدى تالادىن ئۆيگە يېڭىلا كىرگەن سەبىخە غەزىپىنى يوشۇرالماي ، — باشقىلار جان قايغۇسىدا ، سىلەر بايلار ھا ـ ھا ـ ھا ، ھى ـ ھى ـ ھى …

— باشقىلار دېگىنىڭ كىم ، قىزىم؟ — مىڭبېگى غەزەپ بىلەن سورىدى .

— دېھقانلار ، كەمبەغەللەر ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارچۇ !

— كىم ئۇ ئەخمەقلەرنى شىڭ دۈبەنگە قارشى چىقسۇن دەپتۇ . تېخى ئاز ، يۈزنى تۇتسا نېمە بوپتۇ ؟ مىڭنى تۇتسۇن ، نەچچە مىڭنى تۇتسۇن . غېنىدەكلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تۆت دەرۋازىغا بىر ئايدىن ئېسىپ سازايى قىلسا بولىدۇ ! تولا گەپ قىلماي مېھمانلارغا گارمون چېلىپ بەر !

— يۈرۈڭ ، مېھمانلىرىڭىزنى كۈتەيلى ، مىڭبېگى ! — دېدى ئاسىيە ھەممە غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، — مەن مېھمانلىرىڭىزغا گارمون چېلىپ بېرەي .

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرگەندە شىڭ دۈبەنگە ئوخشاش قىزىل ئۆتۈك ، سۇس يېشىل سوكنىدىن ھەربىيچە كىيىم كىيىپ ، مۈرىسىگە پاگون تاقاپ ، بېلىدىكى چىڭ باغلانغان تاسما پوتىسىغا قىلىچ ، تاپانچا ئېسىۋالغان ، قارا بۇرۇت ، ئاق يۈزلۈك ئېگىز بىر خەنزۇ ئوفىتسېر بىلەن ياۋروپاچە كىيىنىپ بويىنىغا بانتىك تاقىغان ئۇيغۇر ئادەم خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىۋاتاتتى .

— ياكاشىما ؟ — دېدى ئوفىتسېر ئاسىيە بىلەن سەبىخەگە قولىنى ئۇزىتىپ . ئۇ ئاسىيە بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ، سەبىخەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ قويۇۋەتمىدى ، سول قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى .

— ئەيىيا ، جىمۇ پياۋلياڭ[1] ! — دېدى ئۇ خۇددى ئاچ بۆرە قوزىغا ئىنتىلگەندەك ، — تا دو دالا[2] ؟

— شى ليۇسۇي[3] ! — دېدى ئۇيغۇر ئادەم كۈلۈپ .

— تەي خاۋلا[4] !

— يى جيەن جۇڭ چىڭ[5] ! — دېدى ئوفىتسېر ھاياسىزلىق بىلەن ، — يىدىڭ ياۋ باتا نوڭداۋشۇ[6] ، تابى شىڭ دۈبەندى خۇاڭ

① پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق .
② ئۇ نەچچە ياشتا ؟
③ ئون ئالتە ياشتا .
④ ناھايىتى ياخشى .
⑤ بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم .
⑥ ئۇنى جەزمەن ئىندەككە كەلتۈرۈش كېرەك .

فا نوْيلاڭ — مالىكوۋا خەي خاۋكەن[1] !

مالىكوۋا دېگەن ئىسىمنى بىرلا سەبىخە چۈشىنەتتى . ئۇ شېڭ دۇبەنىنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانى ، كاتىپى ، ئەمەلىيەتتە شېڭ دۇبەنگە موسكۋادىن تەقدىم قىلىنغان قىز ئىدى . سەبىخەنىڭ تېنى شۈركەندى .

— نېمە دەيدۇ بۇ گېنېرال ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇمەر مىڭبېگى قىزىقىپ .

— قىزغا بەك چىرايلىقكەنسەن ، بىرلا كۆرۈپ ھەيران قالدىم ، شېڭ دۇبەنىنىڭ موسكۋادىن ئەكەلگەن قىز كاتىپىدىنمۇ قالتىسكەنسەن دەيدۇ .

— ھا ـ ھا ـ ھا ! — مىڭبېگى ساقىلىنى سىيپاپ قاقاقلاپ كۈلدى ، — گورمۇڭنى قالتىس چالىدۇ ، ئورۇسچە قالتىس يازىدۇ ، سۆزلەيدۇ ، ئۇسسۇلغىمۇ باشى !

— ياكاشى ! — دېدى ئوفىتسېر قىزنى قۇچاقلاشقا تەمشىلىپ ، — ۋو شياڭ جىن تيەن جۇ گىن تا[2] …

— بيە جاۋجى[3] ! — دېدى ئۇيغۇر ئادەم ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ، — ۋېيكۇ جېن دايا[4] !

ئابدۇمەر مىڭبېگى ھېچ گەپنى ئۇقمايلا قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئۇنىڭغا سەبىخەنىڭ ئوفىتسېرغا يارىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئامەت . ئۇ مۇشۇ قىزى بىلەن خېلى چوڭ پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ ، غېنى ئوغرىنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ، ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىنى خەلققە كۆرسىتەلەيدۇ . سەبىخە ئۆزىنى ئوفىتسېردىن يىرگەنگەندەك قىلىپ قاچۇرۇپ يۈرمەمدۇ ؟ ئۇنى ئوفىتسېرنىڭ قوينىغا ئىتتىرىش كېرەك ، ئانا بۇنى قىلىدۇ ، ئانىغا بۇنى مىڭبېگى قىلدۇرالايدۇ .

— ئاسىيە ، قېنى قېزا ، پاقلان گۆشى ، يەنە ھېلىقىدەك …

---

① ئۇ شېڭ دۇبەنىنىڭ سېرىق چاچلىق خانىمى مالىكوۋادىنمۇ چىرايلىق ئىكەن .
② مەن ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنلا …
③ ئالدىرىماڭ !
④ نەپسىڭىز تاقىلداپ كېتىپتۇ ـ دە !

مىڭبېگى قوللىرىنى «قولداما» نامىلىق تاماققا شەرەت قىلدى. ئاسىيە سىرتقا مېڭىۋىدى، قىزمۇ ئەگەشتى.

— ياق، ياق — دېدى تەرجىمان ئادەم قىزنىڭ ئالدىنى توراپ، — سىز چيۇ تۈەنجاڭغا خىزمەت قىلىڭ، چاي قۇيۇڭ، يېنىدا ئولتۇرۇڭ!

قىز يىرگىنىپ ئۆزىنى يېرىم قۇچاقلىغان تەرجىماننى سىلىقلا سىلكىپ قولىنى تارتتى. ئۇ باياتىن بۇ يىرگىنىشلىك مەخلۇقنىڭ قولىنى تۇتتى، ئېڭەكلىرىنى سىيپاش، دۈمبە، يەلكە، ھەتتا كۆكسىگە قول تەگكۈزۈشكە چىشىنى چىشلەپ چىدىغانىدى. ئۇ چەكسىز خورلۇق ھېس قىلدى. مۇنۇ ھەربىيچە كىيىنىۋالغان ياۋۇز ئۇنىڭ ئەر كىشىنىڭ قولى تېگىپ باقمىغان بەدىنىگە قول تەگكۈزدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سەبىخە بىر بىچارە كۈچۈك، ئۇ نېمىلا قىلسا قىز جىم تۇرۇشى، قوبۇل قىلىشى، ھەتتا خۇشال بولۇشى كېرەك. گويا ئۇنىڭ قولىنىڭ بەدىنىگە تېگىشى قىزنىڭ ئامىتى، تەلىيى، ھەتتا بەختى! ياق، قىز بۇ خورلۇققا چەك قويىدۇ، ئۇ ۋىجدانى ئالدىدا جاۋابكار، ئۇ بىر ئادەم، بەلكى مۇنۇ ئۈچ ئەردىن ئېسىل، ساپ، قىممەتلىك. ئۇ بۇلاردىن ۋىجدانى بىلەن ئۈستۈن. ئۇلاردا يوق نەرسە بۇ قىزدا بار.

— ئاپامغا قارىشىمەن! — دېدى ئۇ قولىنى، مۈرىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغان يىرگىنىشلىك ئادەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىلكىنىپ، — مېنى قويۇۋېتىڭلار!

— بۇراڭ نى زۇ[①] ! ۋو خېن شياڭ، خېن شياڭ گىڭ تا ... ماشاڭ شاڭ چۇاڭ[②] ھى - ھى - ھى! ...

— بولدى، ئاپاڭغا مەن قارىشاي، قىزىم! — دېدى مىڭبېگى ئاسىيەنى ئىتتىرىپ سىرتقا مېڭىپ، — يۈر خوتۇن، قىزىمىز مېھمانلىرىمىزنى كۈتسۇن!

ئاسىيە ئەمدىلا سىرتقا چىقىۋىدى، قىزىنىڭ ۋارقىرىغان

① كەتمەيسىز!

② مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا ياتقۇم بار.

ئاۋازى ئاڭلاندى . ئاسىيە دەرھال كەينىگە ياندى . ئوفىتسېر قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ بويۇن ، باشلىرىغا ھەدەپ سۆيمەكتە ئىدى .

— بۇ قانداق مېھمان ؟ ! — ئاسىيە ئوفىتسېرنى ئىتتىرىۋېتىپ قىزنى قۇتقۇزۇۋالدى ، — مېھمان دېگەن ئىززىتىنى ساقلىسا بولمامدۇ ؟ !

— قىزنىڭ نېمىشقا ئىززىتىنى ساقلىمىدى ئەمىسە ؟ ! — دېدى ئۇيغۇر تەرجىمان قوپاللىق بىلەن ، — قىز بالا دېگەن ئەر كىشىنى قانداق كۈتۈشنى بىلىشى كېرەك . سەن قىزىڭغا نېمىشقا ئۆگەتمىگەن ، ئۇ قوپاللىقتىن باشقىنى ئۆگەنمەپتۇ ئەمەسمۇ ؟ !

— شۇنداق ! — دېدى ئاسىيە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان قىزنى باغرىغا بېسىپ ، — سېنىڭ تەربىيە كۆرگەن قىزلىرىڭ باردۇر بەلكى ، شۇ قىزلىرىڭغا خوتۇنۇڭنى قوشۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە سالساڭ بولغۇدەك .

تەرجىماننىڭ ئۆڭى ئۆچتى . ئۇ بىرنېمە دەي دېگۈچە ئابدۇمەر مىڭبېگى ئاسىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— ماڭ ! — دەپ قاتتىق سىلكىدى ، — كىمنىڭ ئالدىدا ، نېمەدەپ كاپشىۋاتىسەن ؟ زادى نوغاي خەقتىن ياخشىلىق يانمايدۇ كىشىگە !

ئۆي ئىگىلىرى چىقىپ كەتتى ، ئوفىتسېر ئوڭدا يېتىپ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ تەرجىمانغا خەنزۇ تىلىدا :

— ئۇ قىز مېنىڭ ، ئەتىلا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭىمەن ، سەن بۇگۈن كېچىلا ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرگىن ! — دېدى .

— چوقۇم ، بۇ ئاسان ، بۇركۇتنىڭ چۈجىنى ئالغىنىدەكلا بىر ئىش !

ئۇلارنى مىڭبېگى مېھمان قىلدى ، ئۇلار ھاراقمۇ ئىچتى . ئۇلار سەبىخەنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتىمىز ، ئەتىلا چيۇ تۇەنجاڭنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن ماڭىسۇن ، — دېدى .

مىڭبېگى خۇشال بولۇپ ، خوتۇنى بىلەن قىزىغا بۇ خەۋەرنى ئېيتتى .

— ياق ، ئۈلۈكۈم باردۇ ، تىرىكىم بارمايدۇ ! — دېدى سەبىخە غەزەپلىنىپ ، — مەن ھېچنەگە بارمايمەن !

— قىزىمنى ئەۋەتمەيمەن ! — دېدى ئاسىيە ، — ھازىرلا ئۈيىڭىزدىن چىقىپ كېتىمەن ، ھېچنېمە تەلەپمۇ قىلمايمەن . بىزدىن رازى بولۇڭ مىڭبېگى !

— ياق ، ياق ، ھېچنەگە كەتكۈزمەيمەن ! — دېدى مىڭبېگى غەيرەتلىنىپ ، — كۆرگەنسىلەر ئاۋۇ گېنېرالنى ، ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ ، ئۇ دېگەن شېڭ دۇبەننىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى ، بىزنىڭ چيۇ سىلىڭنىڭ ئوغلى !

مىڭبېگى مېھمانلارنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قىزىنى ئېلىپ مېڭىشقا مىڭ تەستە رازى قىلىپ ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئارانلا يولغا سالدى .

ئاسىيە ئەمدى ئۆزىنىڭ خاتىرجەم كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلاشقىنىنى چۈشەندى . ئۇ قىزى ئۈچۈن ئوتقا كىرىشكىمۇ ، سۇغا كىرىشكىمۇ تەييار ئىدى . ئۇ جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويدى ۋە ئەتىگەنلىكى مىڭبېگى خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا ، ئۆز ھالىنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ، ئۇيقۇسىزلىقى ۋە ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىغا قارىماي نەزەرخان غوجامنىڭ ئۆيىگە — ئەپرىز ئايىمنىڭ يېنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

سەبىخە مىڭبېگىنىڭ ئېتىنى مالايغا ئېگەرلەتتى . ئاندىن قېلىن كىيىنىپ ، يانچۇقلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇپ ئاتقا مىندى ـ دە ، كۈنچىقىشقا قاراپ يول ئالدى ...

## 10

بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى . يېڭى قار يېغىش بىلەنلا مەھەللىنىڭ ھەممە ئەرلىرى چوماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئىتلىرىنى كاڭشىتىپ ، ئاتلىق ئاتلىق ، پىيادىسى پىيادە ھالدا توشقان قوغلىغىلى ئوۋغا چىققانىدى . بۇ مەنزىرە ئابدۇمەر

مـــڭبـبـڭىنىڭ ئۆيىدىكى مەشرەپكە كەلگەنلەرنىڭ گويا شەھەر شـادلــىققا چۆمگەندەك ، شەھەردە كۆز يېشى ، قايغۇ ـ ھەسرەت يوقتەك توختىماي قاقاقلىشىپ كۈلۈشكىنىگە ئوخشايتتى .
يـېڭـى قـاردا تـوشقانلار چۆپ ئىزدەپ چىغ تۈۋلىرىدىن ، تـېۋىلغىلار ئارىلىرىدىن چىقىپ سەكرىشىپ ئىز قالدۇرۇشىدۇ ، ئـوۋچـىـلار ئـۇلارنـى تـېـپىۋېلىپ قېلىن قاردا ئىتلىرى بىلەن قـوغـلايـدۇ . قـېـلـىـن قـاردا بىچـارە تـوشـقـانلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ ، جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشىدۇ . قار بولمىغىنىدا ئۇلار ئاتلىق ئادەمنى تۈگۈل ئالغۇر تايغانلارنىمۇ يەتكۈزمەيتتى . قـاردا تـەس ، ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ قار تېگىگە مۆكۈۋالىدۇ . لـېـكـىن ، ئۇ دېھقانىنىڭ چوماقنى قار بېتىدە بىلىنىپ تۇرغان دۈمبىسىنى چەنلەپ ئۇرۇشىنى نەدىن بىلسۇن . ياكى ئىت ئۇنى بوغىدۇ ، ياكى چوماق تېگىدۇ ، ئۇ بىچارە پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ جـەك ـ جەك قىلىدۇ ، دېھقان پىچىقى ئۇنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ ئاۋازىنى ئۆچۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆلۈمى دېھقانغا شادلىق ، گويا دېھقان قايغۇسى شىڭ دۇبەنگە شادلىق بولغىنىدەك .
بـۈگـۈنكى «كەتتى قارا» بىلەن باشلانغان توشقان ئوۋلاشقا چوماقنى كۆتۈرۈپ زىياۋۇدۇنمۇ چىقتى . قەلبىدىكى قارا بۇلۇت «كەتتى قارا» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا تارالدى ـ دە ، ئۇ : «ھەي شـەيـتـانىنىڭ ئىشى» دەپ قويۇپ ، پۇتىدىكى يۇڭ پايپاققا پۇرمە چورۇقىنىڭ چېگىسىنى چىڭ ئورىدى ۋە قىسقا كورەك جۇۋىسىنى كىيىپ بېلىنى كۆلا بىلەن باغلىۋىدى ، چورۇق ، شالۋۇر ، كورەك جـۇۋا ، بـېـشىدىكى تاشلانمىغان قۇلاقچىسى بىلەن تۈك تاشلىغان تېكىگىلا ئوخشاپ قالدى . ئۇ قاما قازاقنىڭ جىرەن بايتىلىغا پارچە كىگىزنى توقۇم قىلىپ سالدى ـ دە ، كوچىغا قارىتىپ دېۋىتتى . ئۇنىڭغا بالىلارنى قوغداپ قالالمىغان ھېلىقى ئالا ئىت ئەگەشتى .
پـۈتـۈن مـەھەللە ئەرلىرى ئورمانلىق باغلارغا ، ئېتىزلارغا «كــەتتى قارا» بىلەن تارىلىپ كەتتى . مەھەللىدە يالغۇز نۇرىلا قالدى . ئۇنىڭغا نە ئوۋ ئوۋلاش ، نە كىتاب ئوقۇش ، نە دوستلىرى

بىلەن پاراڭلىشىش خۇشياقمايتتى. ئۇ غەزىپىنى تىنىگە سىڭدۈرەلمەي ئازابلىناتتى: نە ـ نەلەردىن كېلىسەنۇ، بىزنى باشقۇرىسەن، ئېزىسەن، بىكاردىنلا سولايسەن، ئۆلتۈرىسەن، سەن بىزنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ھېسابقا ئالمايسەن، بىزدىمۇ ئىنسانىي غۇرۇر بارلىقىغا ئىشەنمەيسەن. مەيلى ئىشەنمە، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ نەپرەتلىنەلەيدىغىنىمىزنى بىلىشىڭ كېرەك. نەپرەتنىڭ ئۆزى كۈچ، غەزەپنىڭ ئۆزى قورال، سەن بۇنى ھېسابقا ئالمىدىڭ. سەن ھوقۇق، مىلتىق ۋە پوپوزاڭغا ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتتىڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ نەرسىلىرىڭ كارغا كەلمەيدۇ. شۇنداق چوڭ چارروسىيە نېمە بولدى، لېنىن تۇغى ئاخىر روسىيىدە غەلىبە قىلدى. ياپونىيە تېخىچىلا مۇنۇ قالاق جۇڭگونى بېسىۋالالمىدىغۇ، قورالى كاتتىلار كۈچلۈك بولسا بېسىۋالسا بولماسمىدى؟ سەن شېڭ شىسەي غوجانىيازنى ئالداپ ئەكېلىپ ئۆلتۈردۈڭ، ھىيلە بىلەن ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيىۈەن، ليۇ ۋېنلۇڭ، يەنە نۇرغۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ تەختكە چىقتىڭ، لېكىن سېنىڭ تەختىڭمۇ ئاخىر گۇم بولىدۇ ...

ئۇ مورا ئوچاق يېنىدىكى ئىككى قاتلاقلىق كىگىزدە پۇتنى سۇنۇپ ئوڭدا يېتىپ ئاشۇنداق چوڭ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇ مەكتىپىگە بېرىشتىن قورقاتتى، غېنى ئوغرىلارغا قېتىلىپ تاغلارغا چىقىپ كېتىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى. دادىسىنىڭ دېيىشىچە، غېنى ئوغرىلار بىر كۈنمۇ بىر يەردە تۇرمىغۇدەك. ئۇلارنىڭ نە ئۆي، نە شتابى يوقتەك. ئۇلار ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ قازاق قىشلاقلىرىدا، قارىغاي تەگلىرىدە، بەزىدە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە يۆتكىلىپ يۈرۈشىدىكەن. كۈندۈزلىرى ئۇخلاپ، كېچىلىرى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشىدىكەن. ئۇلار بىلەن بىللە بولسا نە كىتاب ئوقۇغىلى، نە چوڭ ـ چوڭ ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشقىلى بولمايدۇ ـ دە، ئۇنداق ياشىغاننىڭ ئەھمىيىتى قانچىلىك؟

نۇرى دائىم باشقىلارنىڭ: «نۇرى لومونوسوف بولىدۇ»،

«چوقۇم نيۇتون بولۇپ فىزىكىنىڭ بىر يېڭى قانۇنىنى كەشىپ قىلىدۇ» ، «بۇ خىمىيە ئالىمى مىندېلېيېفنىڭ نەق ئۆزى» دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە راستتىنلا ئالىم بولۇشىغا ئىشىنەتتى . ئۇ ئالىملارنىڭ بالىلىق ھاياتىغا دائىر ئىشلارنى ئوقۇشقا قىزىقاتتى . ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى دوراپ باقاتتى ، جاپا - مۇشەققەت ئۈستىدە ئۆزىنى سىنىماقچى بولاتتى ... مانا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشتىن ئاشقاندا ، ئۇنىڭ يۇمران مايسا مەزگىلى مۆلدۈر ئاپىتىگە يولۇقتى . ئۇ ئەمەلىيەتكە يۈزلەندى ، ئۆزىنى ئەمدى «ھېچنېمە بولالمايسەن» دەپ كېرەكسىز ئادەمگە چىقاردى ، ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇز بولۇپ توڭلاتتى ، قەلبىنى سېرىقيۆگەيدەك چىرمىدى . ئۇ ئويلىغانسېرى ئازابلاندى ، ئازابلانغانسېرى ئۈمىدسىزلەندى . ئۈمىدسىزلىك ئەلۋەتتە ھالاك بولۇشنىڭ باشلىنىشى ، ئۇ ھالاك بولۇشقا رازىكى ، دادىسىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ ھاياتىنى يەرگە ، ئۆيگە بېغىشلاپ ياشاشنى خالىمايتتى . ئۇنىڭ نەلەرگىدۇر كەتكۈسى كېلەتتى . ئۇ يېقىندا نەزەرخان غوجىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ دادىسى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى ، لېكىن نۇرى كىمگە يامانلاپ قاچىدۇ؟ دادىسى ، ئۇكىلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان ، ئۇنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇشكۈلچىلىكلەرگە تەييار . ئۇلارمۇ نۇرىغا ئوخشاشلا ئازاب ئىچىدە ياشىماقتا . ئۇلار نۇرىنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى .

ئۇ بېشىغا كىرلەشكەن يۇڭ ياستۇقنى قويۇپ ، خىيال ئىچىدە ئازابلىنىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتقاندا ، تۇيۇقسىزلا ئۆي ئىشىكى ئېچىلدى - دە ، ئۆيگە ئىللىق بىر ھاۋا ، ئارقىدىنلا ئەتىر پۇرىقى ، ئاندىن كېيىن سەبىخە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئالدىدا تىك تۇرغان قىزىرىپ ، تولۇپ تېخىمۇ گۈزەللەشكەن قىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يالاڭ ئاياغ پېتى سۇپىدىن يەرگە چۈشتى . قىز ئىشىك تۈۋىدە تامغا يۆلىنىپ ھەيكەلدەك جىمجىت تۇراتتى .

— سەبىخە ! — دېدى نۇرى ھاياجان ، ھودۇقۇش ۋە قورقۇش بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، — نەدىن ... جەننەتتىنمۇ ؟

— دوزاختىن ! — قىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ نۇرىغا تاشلاندى ، — نۇرى ، بارمۇسىز ؟

قىز بەدىنى ، قىز ھىدى ، قىز ھارارىتى ، قىز مۇھەببىتى نـۇرىـنـى قايتا تىرىلدۈردى . ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىگە تاشلانغان قىزنىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى ، قولىنى تۇتتى ، ئېگەكلىرىنى يىرىك ئالىقانلىـرى بىلەن سىلىدى . قىز كـۆزلىرىنى ، لەۋلىرىنى چىڭ يـۇمۇپ خۇددى ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك جانسىز ھالەتتە ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ بىردىنلا سەبىخەنى ئەسەبىيلەرچە سۆيگۈسى ، چىڭ قۇچاقلىغۇسى ، قۇچاقلىغان پېتى سۇپىغا ئاچىقىپ ئاۋۇ كىر ياستۇقتا جىم يېتىپ ئۇنىسىز ، تىۋىشسىز ھالدا قەلبىدىكى بىر يېرىم يىللىق سۆزلەر دۆۋىسىنى يېشىپ كۆرسەتكۈسى كەلدى . لېكىن ، ئۇ جۇرئەت قىلالمىدى ، تىترەپ تۇرۇپ :

— نەدىن ؟ — دەپ قايتا سورىدى ۋە ، — دادىڭىزنىڭكىگە چىققانمۇ ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى .

قىز جاۋاب بەرمەستىن سۆسەر ياقىلىق جۇۋىسىنى سالدى ، بېشىدىن يۇڭ ياغلىقىنى ئالدى ۋە نۇرىنىڭ مۇرىسىگە تايىنىپ مورا ئوچاق يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى :

— سىز يالغۇزمۇ ، نۇرى ؟

— ھەممىسى ئوۋغا كەتتى !

— يول ـ يولدا ئوۋچىلار ، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ ، — ئىتلار مېنىڭ ئىتىمنى ئوركۈتتۈۋەتتى .

— ئاتلىق كەپسىز ـ دە ؟

— ئاتلىق چىقتىم .

— شەھەردىنما ؟ — نۇرى ھەيران بولۇپ سورىدى .

— ھەئە ، شەھەردىن .

— كۆزلەكتىكى ئۆيۈڭلارغىمۇ ؟

— ياق ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ...

— نېمە، ئەتەي مەشەگىما؟

— ئىشەنمەمسىز؟ شۇنداق قىلماي ماڭا باشقا يول قالمىدى، نۇرى ...

قىز ئەھۋالنى قىسقىلا قىلىپ ئېيتىپ بەردى:

— مەندە خېلى جىق ئالتۇن ـ كۈمۈش بار. نۇرى، ئالمۇتىغا ياكى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتەيلى.

— ئىككىمىز ما؟

— ھەئە، نۇرى.

— مۇشۇ غۇلجىنى تاشلاپما؟

— كەلگۈسىدە يەنە كېلىمىز ئەمەسمۇ، — قىز نۇرىغا ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— ئىنتىقام ئالمايلا كېتىمىزما؟ ياق، مەن ھېلىقى چىۋ دېگەن گېنېرالنى، ئابدۇمەر دېگەن رەسۋا غالچىنى، ھېلىقى تەرجىمانىنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى غۇلاتقىلى بولامتىمۇ؟ ئۇنداق ئەسكىلەر ھەممە يەردە تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان يالغۇز مەنلىمۇ؟ ئاپامچۇ؟ قىلچە كۆڭلى يوق ياۋا توڭگۇز بىلەن ياشاش ئاپامغا قانچىلىك ئازاب، جېنىم ئاپام بەزى كۈنلىرى ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ، لېكىن بىزنى دەپ ئۆلۈمنى يېڭىپ يەنە بايغا يالغاندىن ھىجىيىپ، سۈنئىي يېقىنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

— ئاپىڭىزنى تاشلاپ كەتسىڭىز ئۇ ئازابلانامدۇ؟ مەنمۇ بىچارە دادامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سەبىخە!

— ئۇنداقتا ... ئۇنداقتا ... سىز ماڭا ئىگە بولۇڭ! ... — قىز يەرگە قارىغىنىچە تىرناقلىرى بىلەن كىگىزنى تىتىشقا باشلىدى.

نۇرى جىم بولۇپ قالدى. «ھەئە» دېيىش ئۇنىڭ ھايات قانۇنىغا خىلاپ، ئۇ مۇھەببەتتىن ئۆزىنى چەكلىمەكچى. «ياق» دېسەچۇ؟ قىزنى ۋەھشىي كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشىغا تاشلاپ

بەرگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنداق چاغدا رۇسۇلۇف ياكى رەخىمجان بولغان بولسىدى، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولاتتى. ئۇ بىردەم جىم تۇردى ـ دە:

— بىز بۈگۈن كېچە شەھەرگە قايتىپ، رەخىمجان بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى. ئۇچ كۈن تېخى توشمىدى. رەخىمجان سىزنى ئۆزىنىڭ سودا شىركىتىنىڭ ئادەملىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يولغا سالامدۇ تېخى، — دېدى.

قىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى. نۇرى يالاڭ كىيىم بىلەن ئۆزىگە كۆكرەكلىرىنى ياققان قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. قىز ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

— بىلەمسىز، مەن سىزنى جېنىمدىنمۇ ئەلا بىلىمەن، سىزنى ئويلىمىغان بىر كۈنۈممۇ يوق. سىز ئۆزىڭىزنى قاچۇرغانسېرى مەندە سىزگە بولغان شۇنچە كۈچەيدى، ئاخىر، ئاخىر زادىلا چىدىيالمىدىم، نۇرى …

قىزنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگدى، ئۇنىڭ ئىرادە تورمۇزى بۇزۇلدى: هايات لەززىتى مۇھەببەتتە، ئىنسان قىممىتى مۇھەببەتتە، تۇرمۇش سىنىقى، ياشلىق تىلىكى يەنە مۇشۇ مۇھەببەتتە …

قاراڭغۇ دېھقان ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇت چولپان كېلىپ چۈشتى، سۇپۇرۇكسىز شالتاق كىگىز ئۈستىگە تۇيۇقسىز ئىپار ياغدى، غەم ـ غۇسسە تۇمانلىرى قاپلىغان بىر قاراڭغۇ كۆڭۈلنى بىردىنلا مۇھەببەت نۇرلىرى يورۇتتى، قاغجىرىغان قەلبلەر چۆلىدە هايات باھارى كامال تاپتى … ئۇلار قانچىلىك قۇچاقلاشتى، قانچىلىك سۆيۈشتى بولغاي … بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىگىزدە كىچىككىنە، سۆسۈن قان ئىزى تۇراتتى … ئۇلار نومۇس قىلىپ بىر ـ بىرىگە تەتۈر قارىشىۋالدى.

بىر قىزنىڭ مەھەللىگە يالغۇز ئاتلىق كېلىپ زىياۋۇدۇنىڭ

هويلىسىغا كىرىپ كەتكىنىنى ئۆستەڭدە كاچكۇلدىن سۇ ئېلىۋاتقان مۇختەربايىنىڭ چوڭ كېلىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆردى . ئاجايىپ ياسانغان ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئاجايىپ ئېگەر - جابدۇقلىرى بار ، ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئاتنى مىنىپ ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىشى ئاجايىپ چوڭ ئىش . كېلىن ئالاقزادە بولۇپ ، ئىككى چېلەك سۇنى تاش تۇڭغا قۇيدى - دە ، ياغلىقىنىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي كونا كەشىنى شىپىلدىتىپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ بۇ چوڭ ئىشنى خەۋەر قىلىپ بولدى . گويا ئۇلۇغئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئوغرى كەلگەندەك ، ئالا بايتالنىڭ چېرىكلىرى زىيەكنى باغلاپ كەتكەندەك ، چېرىكلەر ئىككى بالىنى ئېتىۋەتكەندەك مەھەللە ئاياللىرى باللىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىشقان ، ئەسكى چاپانلىرىنى يېپىنچاقلاشقان ، كونا پىيما ، كالاچلارنى سۆرەشكەن ھالدا كوچىغا چىقىشتى ۋە زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىگە قارىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ : «تۇۋا» دېيىشتى .

— بۇ زاماننىڭ قىزلىرىدا ھايا يوق ...

— شەھەر قىزلىرى دېگەن شۇ .

— پاھ ، ئەپرىز ئايىمدىن قېلىشمىغۇدەك ...

— نۇرىنى ئاشىنىسى ئىزدەپ چىقىپتۇ .

— نىكاھ قىلغۇزمىسىمۇ - ھە ...

ئاياللار ھال سورىغان بولۇپ ، تىلەك تىلىگەن بولۇپ ، قۇرۇت سورىغان بولۇپ ، بەزىلىرى زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە نېمە بولمىسا نان يېقىپ بېرەيمۇ دېگىلى كىرگەن بولۇپ كەينى - كەينىدىن كىرىشىپ پەنجىرىدىن ئاستا ماراشتى . ئۇلاردىن بىرنەچچىسى سۆيۈشۈۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ كەشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي : «ۋاي رەسۋاچىلىق !» دېيىشىپ قۇشناچىمنىڭ ئۆيىگە يۇگۈرۈشتى ؛ بەزىلىرى نۇرىنى تىللىشىپ ، ئۆلۈپ كەتكەن رەيھانگۇلنىڭ ئوغلىنىڭ شىكايىتىنى قىلىپ يىغلاشتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئاشىنىلىرى بار ، ئۇلار ئېغىللاردا ، قىغنىڭ ،

چىغىنىڭ ، تامنىڭ دالدىلىرىدا ئاشنىلىرى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشىنى تۈگىتىپ ، ئىشتانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالاقزادە بولۇپ قېچىشاتتى . بۇ ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس ، شەھەردىن بىر قىزنىڭ يىگىتنى ئىزدەپ چىقىشىلا چوڭ گۇناھ ، هاياسىزلىق ، بۇزۇقچىلىق ، نومۇسسىزلىق .

مانا بۇ يېزا ئادىتى ، تارانچى ئەخلاقى ، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر قىلىش ئادىتى .

ھەتتا بۇ ئىشقا مەھەللە ئىمامى بىلەن مىرا «قازى» مۇ ئارىلاشتى .

— زىنا قىپتىمىشما ؟ — دېدى ئىمام ئۆزۈن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى «قازى» غا ئېرىنچەكلىك بىلەن لاپ قىلىپ تاشلاپ قويۇپ ، — مۇشتتەك تۇرۇپ ـ ھە ! شەرىئەتنە چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ زىناخورلار …

— مۇشتتەك تۇرۇشسا ، — دېدى «قازى» تەستە ھىجىيىپ قويۇپ ، — سىلى نەچچە ياشلىرىدا مادا ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن ، ئىمامئاخۇنۇم ؟

— قويسىلا ، ئا … شۇمۇ گەپمۇ !

— قىلمىغان دەپ قەسەم ئىچەلەملا ئەمىسە ؟

— نېمىشقا ئىچىتىم ، قىلغان بولساقمۇ ئۇ دېگەن بالىلىق .

— ئۇ زىنا ئەمەستۇر ـ ھە ؟

— هايۋان بىلەن بولغان ئىش دېگەن ئۆز يولى بىلەن …

— شەرىئەت يولى بىلەن ئەمەس دېسىلە ؟

— گۇناھسىز بەندە يوق جۇمۇسىلا بۇ ئالەمدە . شۇڭا ، خۇدايىم دوزاخنى ياراتقان . دوزاخ دېگەن ئىمانى بارلارغا بىر مۇنچا ، يۇيۇنۇپ ـ تازىلىنىپ جەننەتكە چىقىپ كېتىدۇ . كاپىرلار دوزاختا قېلىۋېرىدۇ .

— قازارەن بۇ گەپلىرىنى شىبىڭ دۇبەن ئاڭلاپ قالسا ، — دېدى «قازى» ئىمامنىڭ چىشىغا تېگىپ ، — دوزاخنى بۇ دۇنيادىلا كۆرىدىلا ، ئىمامئاخۇنۇم !

— شىڭ دۇبەن تۇڭگانمىشقۇ ؟

— ياق ، دىنىسىز ئۇ !

— ئىمانى بولمىغىنى بىلەن ئىنساپى بار پادىشاھ ئۇ ، كۆردىلىمۇ ، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن نى - نى ئىشلار بولۇپ موسكۇۋىسكى بوبرۇك ، كوڭكا ، ئېلېكترلار پەيدا بولدى . خۇدايىم بەرگەن شىڭ دۇبەنگىمۇ بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ...

ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۇزاققا بارمىدى ، زىياۋۇدۇن ئېتىنىڭ يالىغا ئۇن نەچچە توشقاننى باغلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ، قىپقىزىل قىلىپ تېرىسىدىن ئايرىلغان ئىككى توشقاننى ئىمامئاخۇنۇمغا سۇندى :

— ئالسىلا ، ئۇن ئىككىنى تۇتتۇپتىمەن ، ئىككىسى زاكات !

— بەللى ، بەللى ، — ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ توشقانغا قول ئۇزاتتى ، — ھەربىرىڭلار ئىككىدىن زاكات بەرسەڭلار قىشچە يەپ بولالمايمەن بۇنى !

— شىڭ دۇبەنگە بەش - ئالتىنى ئەۋەتىپ بەرمەملا بۇ نېمەتتىن ؟ — دېدى «قازى» كۈلۈپ قويۇپ ، — قازارەن شەھەرنىڭ مۇپتى - ئەلەملىرىدىن بولۇپ قالاملا تېخى !

— ماشائاللا ، — دېدى ئىمام ئۆي تەرەپكە مېڭىپ ، — زىياۋۇدۇن ، ئۆيۈڭدە مېھمان بار جۇمۇ ، نىكاھ ئوقۇتۇش لازىم بولۇپ قالسا ھايت دەۋېتەرسەن !

— نېمە دەيدۇ ؟ — دېدى زىياۋۇدۇن «قازى» غىمۇ ئىككى توشقان بېرىپ ، — بالامنىڭ قىرىقى توشمىدى . بۇ ئىمامئاخۇنۇم ماڭا لايىق تاپقانمۇ نېمە ؟

— ساڭا دېمەيدۇ ، نۇرىنىڭ لايىقى . بىر پەرىشتىدەك قىز ئارغىماق مىنىپ ھويلاڭغا كىرىپ كەتتى . بۇ ساراڭ ئىمام بايىلا : نۇرى زىنا قىپتۇ دەيدۇ ، تېخى !

— نېمە دەيدۇ ھوي ؟ ! — دېدى زىياۋۇدۇن كۈلۈپ قويۇپ ، — نۇرى ئۇنداق قىلىدىغان بالىمىدى ...

زىياۋۇدۇن قاشاڭ ئاتنى دېۋىتتى . ئۇ ھويلىدا ئابدۇمەر

مەسچىتنىڭ خالتار ئىتىنى كۆرۈپ چۆچۈدى . لېكىن ، ئۆيگە كىرىپلا ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان سەبىخەنى كۆرۈپ خۇشال بولدى . رەيھانگۇل هايات ۋاقتىدا مىچىتنىڭ نوغاي خوتۇنى بىلەن مۇشۇ قىزنىڭ ياخشى گېپىنى تولا قىلاتتى .

— تىنچ تۇردىڭىزمۇ ، قىزىم ؟ — دېدى ئۇ توشقان گۆشلىرىنى نۇرىغا سۇنۇپ ، — ئاپىڭىز تىنچمۇ ؟ — ئۇنىڭ ئابدۇمەر مىچىتنىڭ نامىنى تىلىغا ئالغۇسى كەلمىدى ، — ئاتقا ئوت تاشلاپ بېرەي ، قاڭتۇرۇپ قويۇپسىزغۇ ئۇ جانىۋارنى بەيگىگە سالىدىغاندەك ...

ئۇ ئابدۇمەر مىچىتنىڭ ئىتىنىڭ ئىغىزدۇرۇقىنى چىقاردى ـ دە ، ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئىتىغا سىنچىلاپ قارىدى . يۇگەن ، ئېگەر ـ جابدۇقلىرىغا ساپ كۈمۈشتىن نەقىشلەر ئويۇلغان ، ئاتنىڭ كەڭ كۆكسىدىكى شالدىرمىنىڭ دۈگىلەك كۆزنىڭ تاشلىرىچۇ تېخى . بۇنداق ئېسىل تاشلارنى زىياۋۇدۇن بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ كۆرۈپ باقمىغان . ئاتنىڭ قۇشقۇن ئۇلاڭلىرىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . مىچىتگى مۇشۇ ئېسىل ئېگەرگە ئولتۇرۇپ ، مۇنۇ ياخشى ئاتنى مىنىۋېلىپ ئادەملەرگە زۇلۇم سالاتتى . هېلىقى چاغدا يايلار ئۇنى مىچىتنىڭ هويلىسىغا باغلاپ ئاپاردى ، ئالتە دېھقاننى كالىدەك قوشاقداپ مىچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى قىرى قارىياغاچقا باغلاپ قويدى . زىياۋۇدۇن شىلەپىلىك ، قاسقان شەپكىلىك ئادەملەر بىلەن بىللە چىققان مىچىتگە :

— ئابدۇمەركا ، دەن تۆكمىگەننى باغلىساڭ ئەيسا شاڭيونى باغلا ، يەر مېنىڭ نامىمدا بولغىنى بىلەن ، يەرنى ئۇ تېرىغان ، قەسەم ئىچىمەن ، قۇرئان دەسسە دېسەڭمۇ دەسسەيمەن ، مەندە گۇناھ يوق . بىكارلا تاياق يېدىم ، ئاكا ! — دېۋىدى ، مىچىتگى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ :

— دەردىڭ بولسا شەڭگەن يامۇلىغا كىرىپ ئېيت ! — دېدى ـ دە ، قاراپمۇ قويماستىن مۇشۇ ئىتىغا مىنىپ نەگىدۇر كېتىپ

قالدى . زىياۋۇدۇننى قىلىچ ئاسقان ئىككى ئاتلىق ، كالتەك تۇتقان ئىككى پىيادە يايى ھېلىقى دېھقانلار بىلەن كېچىلەپ شەھەرگە ھەيدەپ ماڭدى . ئۇلار ئاچ ، چاڭقىغان ھالدا ھەربىر قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ ، شەھەرگە تاڭغا يېقىن ئارانلا يېتىپ كەلدى . زىياۋۇدۇننىڭ بىلەكلىرى ئىششىپ كەتتى ، پۇتلىرى قاپاردى . يارىلار ئۇلارغا جىرغىلاڭنىڭ سۆزۈك سۈيىدىن ئىچىۋېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدى .

زىياۋۇدۇن سەككىز كىشى ياتىدىغان ، تېگىگە سېلىنغان بورىسى قارىداپ كەتكەن ، بىر ئارغامچا بوي ئېگىزلىكتە كىچىككىنە بىر تۆڭلۈكى بار تۈرمىدە سوراقسىز يىگىرمە كۈن بۇرگە ، چۈشىلارغا تالىنىپ ياتتى . كۈندۈزلىرى چەنزىلەرنى قويۇق تىكلەپ ، سىم بىلەن باغلاپ سالاسۇن قىلىپ قويغان تۈرمە ھويلىسىدا تۇرۇپ سالاسۇن يوچۇقىدىن مىڭبېگىنىڭ مۇشۇ ئېتىنىڭ باغلاقلىق تۇرغىنىنى كۆردى . مىڭبېگىنىڭ تۈرمە يېنىدىكى شەڭگەن ئىدارىسىگە چوقۇم يەنە زىياۋۇدۇندەك بىگۇناھلارنى جازالىتىشقا ئەرز ئەكەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى . توۋا ، بۇ قانداق ھۆكۈمەت ، ئادىللىقنى چەيلەپ پايخان قىلىدىغان نەدىكى زالىملارنى تېپىپ مىڭبېگى ، يۈزبېگى قىلىپ قويىدىكەنغۇ ! مۇنۇ خالتار ئاتنىڭ تىلى بولغان بولسا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەتتى ، دەپ ئويلىغانىدى زىياۋۇدۇن . ئۇ ئەسكىگە قانات بولغان ياخشى ئاتنىڭ ئېگەرلىرىنى ئالدى . ئۇنى ئوقۇرغا باغلاپ ، دۇمبىلىرىنى سىلاپ ئۆگزىدىن كەنجى ئورام بېدە ئەچۈشۈپ سېلىپ بەردى . ماللارغا ئوت سېلىپ يۈرگەن قاما ئوبدانلا مۈكچىيىپ قالغان بېلىنى تەستە كۆتۈرۈپ :

— ياخشى باق ، سېنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۈرۈشقا پايدىسى بولىدۇ ، — دېدى ئاچچىق تەنە بىلەن ، ئارقىدىن ، — غېنى ئىككى ئات بېرىۋىدى ئالمىدىم . ئابدۇمەرنىڭ يىلقىسىغا شېرىك بولۇپ قويۇپ قالغان جېنىمدىن ئايرىلماي دېدىم ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

قاما قىزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئايالىنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى . زىياۋۇدۇن تۇتۇلمىغان بولسا

بۇ ھويلىدا پاجىئە بولمىغان بولاتتى . ئەلۋەتتە چېرىكلەرگە بۇ ھويلىنى كۆرستىپ بەرگەنمۇ مۇشۇ خالتار ئاتىنىڭ ئىگىسى ! شۇنىڭ ئۈچۈن غىنىلار ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ، بۇگۈن ئاتلىرىنى بۇلىغان بولسا ، كىم بىلىدۇ ئەتە ـ ئۆگۈن جېنىنى ئالامدۇ تېخى ! ئىلاھىم شۇنداق قىلىسدى ...

زىياۋۇدۇن تېخى سەبىخە قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن خەۋەرسىز . ئۇ ئەمدى مۇشۇ قىزنىڭ كاساپىتىدىن ئەزىز ئوغلىغا زىيان ـ زەخمەت يېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇ بىر ئامال قىلىپ مۇنۇ كۆڭۈل سوراپ چىققان قىزنى ياخشى ئېتى بىلەن يولغا سېلىۋېتىشى كېرەك . شۇنداق قىلمىسا ئۇنىڭ قۇلىقى تىنچىمايدۇ . ئۇ دېرىزىدىن نۇرىنى چاقىردى . نۇرى چىققاندىن كېيىن :

— مۇنۇ قىز يوقلاپ چىققان بولسا ياخشى قىپتۇ . قاراڭغۇ چۈشكۈچە يولغا چىقسۇن ، بۇ يەردە كەچ قالسا يول ئەنسىز ، ھاۋا سوغۇق ، — دېدى .

— بىز ھازىرلا ماڭىمىز ! — دېدى نۇرى دادىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ .

— نېمە دەيسەنۇي ، سەن نەگە بارىسەن ؟

— سەبىخەنى ئورۇنلاشتۇرىمەن . ئۇ ئۆيىدىن قېچىپ چىققان ...

— نېمىشقا ھۇي ؟

— دادىسى ئۇنى چيۇ سىلىڭنىڭ ئوغلىغا تارتۇق قىپتىكەن !

— نېمە دەيدىغانسەن ھۇي ؟ ئانداق بولسا مەشەگە ـ ھە ، بولمىسا مۇختەر ئاكامنىڭ ئۆيىگە ...

— ياق ، بولمايدۇ ، شەھەرگە كىرمىسەك بولمايدۇ .

— بىر ئاتقا مىنگىشىپما ؟ مانا مەن دەپ چېنىپ قالىسىلەر ـ دە .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— ئاتنى چانىغا قاتايلى ، چانىغا كۆنۈكمىدۇ بۇ ئات ؟ كۆنۈك

بولمىسا تېپىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىدۇ چانىنىڭ !

— قېتىپ باقايلى ئەمىسە !

ئۇلار خالتار ئاتنى چانىغا قوشۇپ هويلىدا هەيدەپ بېقىۋىدى ، ئات تىنچ ماڭدى .

— يان ياغىچىنى ئۇزۇنراق قىلساق ، پۇتىغا تەگمىسىلا بولىدىكەن ، زادى ياخشى ئاتنىڭ خۇيى بولمايدۇ .

نامازدىگەردە قىز بىلەن نۇرى باشلىرىغا يۇڭ ياغلىق ئوراپ ، پۇتلىرىنى كىگىزگە چۇمكەپ چانىدا ئولتۇردى . ئاتقا تاغاردىن قىلىنغان پالاس يوپۇق يېپىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئېسىل ئېگەر - جابدۇق كۆرۈنمىدى . زىياۋۇدۇن ئاتقا ئۆزى مىندى . ئاڭغىچە دەرا بىلەن بەرامۇ ئوۋدىن قايتىپ كەلدى . زىياۋۇدۇن كورەك جۇۋا ، تاشلانمىغان قۇلاقچا بىلەن تونۇغۇسىز هالغا كىردى . يۇڭ ياغلىققا ئورىلىپ ئەسكى تاشلىق سەنسەن جۇۋىغا چۇمكەلگەن ئىككى «ئايال» ئولتۇرغان چانا زىياۋۇدۇننىڭ هويلىسىدىن چىقىپ شەهەرگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى . غەربكە قىيسايغان قۇياش بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان ئىككى ياشنىڭ سوغۇقتا قىزارغان يۈزلىرىنى تېخىمۇ قىزارتقان . چانا چەكسىز كەتكەن ئاپئاق قار قوينىدا شۇنداق سىلىق ، شۇنداق رىتىملىق سىلكىنىپ ماڭدى . چانىدىكىلەر — جۇۋا ئىچىدىكى ئىككى جۇپ قول ئاجراتقۇسىز بولۇپ چىرمىشىپ كەتكەن ، ئۇلار ئانا يەر باغرىدا پەپىلىنىپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار تۇمشۇق بايتوقايدىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندىن كېيىن ، جەنۇبتىكى مەنزىرە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز شېئىر مىسرالىرى بولۇپ تىزىلدى : چەكسىز سازلىق ، قويۇق ئورمان ، مۇز ئاستىدا قالغان دەريا ، ئۇستەرەپتىكى ئاپئاق ، كۆزنى چېقىپ تۇرىدىغان پايانسىز ئېدىرلار ۋە تۇپتۇز زېمىن . يۇقىرىسىدىكى كەچكى شەپەقتە قىزغۇچ كۆرۈنىدىغان بۇلۇتلارغا تاقاشقان ئاپئاق چوققىلار ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى قارامتۇل كۆرۈنىدىغان قارىغايلىقلار ... ئويمان

بايتوقاينىڭ يۇقىرىسى تۈزلەڭ، چانا بۇ تۈزدە بىر خىل تەۋرىنىپ ماڭدى: خۇددى ھەممە يەر ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، دۇنيادا خاپىلىق، دەرد - ئەلەم قالمىغاندەك. ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئاپئاق قار ئۇنچىلىرى چانا ئاستىدىن سەكرىشىپ چىقىپ يۈزلىرىگە ئۇرۇلغاندا پەيدا بولىدىغان شادلىق ئۇلار ئۈچۈن ھايات خاتىرىسى. قىز شوخلۇق قىلىپ يېنىدىكى سۈت قەغەز بېتىدەك پاكىز قار بېتىگە ئېگىشىپ تۇرۇپ «نۇرى، بۇغداي ئورى!» دەپ يازاتتى، خىيالچان نۇرى كۆرۈپ قويۇپ جاۋابەن: «سەبىخە، يېقىن كېلە» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئالەم ھېسسىيات، ھايات شېئىر، تۇرمۇش خۇشاللىق، ئانا يۇرتى تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ئۆزىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى يارىتالايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن دائىم تۆۋەن ھېسابلايدىغان نۇرى بۈگۈن ئۆزىنى ھەممىگە قابىل، ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلاپ قالدى. ئۇنىڭچە ھېچكىم ئۇنىڭدەك بەختلىك ئەمەس، گۈزەل قىزغا ھېچكىم ئۇنىڭدەك مەھلىيا بولالمايدۇ، قىزنىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. شۇنداق بىر تەڭدىشى يوق گۈزەل، ئەقىللىق قىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشۇنداق ئۈستۈن ھېسابلاشقا ئەلۋەتتە ھەققى بار. بولمىسا سەبىخە نېمە ئۈچۈن باشقا بىرىنى ئەمەس، ئۇنى تاللىۋالىدۇ؟ ئۆزىگە ئىشەنچ، غۇرۇر ۋە بەخت تەقدىم قىلغان قىزنىڭ نازۇك، مۇزدەك قوللىرىنى ئۇ يېنىشلاپ - يېنىشلاپ مۇجۇدى، بارماقلىرىنى سانىدى. قىزلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دېگەن ئىرادىسى خۇددى تۆشۈك يانچۇقتا سېلىنغان ئاچقۇچتەك نەلەرگىدۇر چۈشۈپ قالغان. رۇسۇلوفنىڭ: «مۇھەببەت شېرىن دۈشمەن» دېگىنى دادىسىنىڭ بىر توشقان باركەن (پەقەت بىرلا توشقان) ئالتۇن تېزەكلەيدىكەن دېگىنىدەك كۈلكىلىك گەپ ئوخشايدۇ. دۇنيادىكى لەززەتلەرنىڭ لەززىتى ساڭا مۇھەببەت باغلىغان قىزدىن كېلىدۇ، مانا بۇ توشقان قورقۇنچاق ھايۋان دېگەن ھەقىقەتكە ئوخشاش راست گەپ...

— شېئىر يازالامسىز ، نۇرى ؟
— يازالايمەن .
— قېنى ئوقۇپ بېقىڭا ئەمىسە .
— ئوقۇسام ئوقاي ، بۇ شېئىرنى سىزگە بېغىشلاپ يازغانمەن :

ئۈزاپ تۈنلەر ، ئاتار تاڭلار ، تاپالماي ئۈيقۇدىن لەززەت ،
ئازابتا تاۋلىنار قەلبىم ، مۇشەققەت مەن ئۈچۈن ئادەت .
نىگارىم بىلمىگەي مەڭگۈ مېنىڭ نە چۈن قاچارىمنى ،
كىرىپ جەننەتتە كۆرگەيمەن ۋىسال پەسلىگە قىلىپ تاقەت .

— نېمە ، ئاتلىنىپ ئالدىڭىزغا چىقمىسام مېنى جەننەتتىلا كۆرمەكچىمىدىڭىز تېخى ؟ ...
قىز باتناپ ، ناز بىلەن تەتۈر قارىۋالدى .
— مانا ، جەننەت دېگەن مۇشۇ ! — دېدى نۇرى قىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ...
زىياۋۇدۇن قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى چىڭ باغلىۋالغان ، يۇڭلۇق قۇلاقچىدىن ئۇنىڭ قىپقىزىل ئىككى مەڭزى بىلەن چوكا مۇز قاپلىغان بۇرۇتلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ ئارقىغا قاراپمۇ قويمايتتى ، قاراشنىمۇ خالىمايتتى . ئۇ ياخشى ئات ئۈستىدە ئۆزىنى ھەممە ئادەمدىن قالتىس ، مەرتىۋىلىك ھېسابلايتتى . ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارغا يول بەرمەيتتى . ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا بىر ئۆيىنىڭ مالىيى قىلىپ كۆرسىتىدىغان جۇۋا ، شالۋۇر ، پۇرمە چورۇق ۋە كىگىز پايپاقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى . چانا ئاخىر گۈزەل تۈزلەڭنى تۈگىتىپ ، هارۋىكەشلەر چۈشۈپ تاماق يەپ ، چاي ئىچىدىغان ، مۆرىتى كەلسە سارايلىرىدا قونۇپمۇ قالىدىغان ، دائىم ئاۋات تۇرىدىغان گۈركىرەتمە ناملىق مەھەللىگە كەلدى . ئاشخانىدىن قويۇق هور چىقماقتا ، هور بىلەن لەززەتلىك تاماقنىڭمۇ پۇرىقى تارقالماقتا ئىدى . زىياۋۇدۇن چاننى توختاتتى

ۋە كەينىگە قايرىلىپ :

— بىر چىنىدىن تاماق يەيمىزمۇ ، نۇرى ؟ — دېدى .

— ياق ، — دېدى نۇرى ھاۋانى شەرەت قىلىپ ، — كەچ كىردى ، سوغۇق يامان ، دادا ، تېزرەك ماڭايلى !

ئاشخانا ئالدىدىكى موم ياغاچتا ياخشى ئېگەر ـ توقۇملۇق تۆت ئات باغلاقلىق تۇراتتى . ئۇلار ئەمدىلا مېڭىشىغا خالتار ئات ھېلىقى ئاتلارنى كۆرۈپ كىشنىدى ۋە ئاتلار تەرەپكە تارتىپ يېنىچە ماڭدى . زىياۋۇدۇن دېۋىتىسىمۇ بوي بەرمىدى : «ئات ئۆز ھەمراھلىرىنى تونۇپ قالدى» دەپ ئويلىدى زىياۋۇدۇن ئەنسىرەپ . ئۇ ئاتنى سىلكىپ بۇراپ مېڭىشىغا ئاشخانىدىن سەنسەن جۇۋا كىيگەن بىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ :

— خالتارئات كىشنەۋاتىدۇ ، ئەنە ئۇ چانىغا قېتىۋاپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئاشخانىدىن يەنە ئۈچ ئادەم چىقتى . ئۇلاردىن بىرى ھەربىيچە جۇۋىنىڭ پېشىنى قايرىپ تاپانچىسىنى چىقاردى :

— توختا !

زىياۋۇدۇن قورقۇپ توختىدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارغا سالام بەردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يايى بېگىم ، ھەئە بۇ ...

— غېنى ئوغرىنىڭ شېرىكى ، تۇتۇلغانسەن ؟ !

ئۈچ يايى زىياۋۇدۇنغا يېقىنلاپ كەلدى .

— توختاڭلار ! — دېدى سەبىخە چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، — ئات مېنىڭ ، مەن دادامنىڭ ئېتىنى مىنىپ سەھراغا چىققان ، نېمە بوپتۇ ئەمدى ؟

— مىڭبېگىنىڭ ئورۇمچىگە ماڭىدىغان نوغاي قىزى ! — دېدى يايى ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىپ ، — شېڭ دۇبەنىنىڭ خىزمىتىگە يارىغان قىز شۇ !

— مىڭبېگى ئەتىگەنلا شەڭگەن يامۇلىدا خالتار ئاتنىڭ گېپىنى قىلغان ، سىز سورىمايلا مىنگەنمۇ ، ئەپەندى قىز ؟

— شۈنداق ، دادام ئۇخلاپ قالغان ، سەھرادىكى دوستلىرىم بىلەن خوشلىشىپ كىردىم .

— خالتارنى چانىغا كىم كۆندۈردى ؟

— كۆنۈككەن ، يايى بېگىم ، ياخشى ئاتنىڭ خۇيى بولمايدۇ . ئاتمۇ ئادەمگە ئوخشاش هايۋان ، ئەسكىلىرىنىڭ خۇيى ئەسكى بولىدۇ .

— ساڭا ئوخشاش ـ ھە ، زىيەك ! — دېدى دوغىلاق بىرى . زىيەك ئۇنى تونۇدى . ئۇ ھېلىقى يازلىقى ئۆزى بىلەن چېلىشقان چېلىشچى ئىدى . ئابدۇمەرنىڭ سايىسىدە بىردەمدىلا قىلىچ ئېسىپ يايى بولۇۋاپتۇ ، ئەمدى زىياۋۇدۇن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشمايدۇ ـ دە !

— ماڭا ئوخشىسا مانا مۇنداق چانا سۆرەيتتى ، — دېدى زىياۋۇدۇن خالتار ئاتنى شەرەت قىلىپ ، — ئەسكى ئات دېگەن ھېچنېمىگە يارىمايدۇ ، ئۇنى بورداپ سەمرىتىپ قېزىسىنى يېسەڭمۇ ئىچىڭ سۈرۈپ كېتىدۇ ، يايى بەگ . ئاتنىڭ ئەسكىسى بىلەن ئادەمنىڭ ئەسكىسىنى خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن !

ئۇ ئاتنىڭ تۆشۋاغلىرىنى چىگىتىپ ، چانىنىڭ ئۇلغۇرلىرىغا قاراپ چىقتى ـ دە ، ئاتقا سەكرەپ مىندى . ئاتلىقلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى .

— مىڭبېگىنىڭ ئۆيىگە بىللە كىرىمىز ! — دېدى چوڭ يايى زىياۋۇدۇنغا ياندىشىپ ، — خالتارنى چانىدىن چىقارغىن ، ئاۋۇ ئاتنى قوشايلى ، مىڭبېگى كۆرسە خاپا بولىدۇ .

— قىزىدىن سوراڭ ، يايى بېگىم ! — دېدى زىياۋۇدۇن ئاتنى توختىتىپ .

— ھېيزىنىۋەكتامدا يەنە بىر دوستۇم بار ، — دېدى قىز ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ، — سىلەر كېتىۋېرىڭلار ، مەن ئاتنى ئۆزۈم ئەكىرىمەن !

— مىڭبېگىم سۆيدۈك كۈرەگە بارغۇدەك ، خالتار ئات بولمىسا بارالمايدۇ ، خېنىم ، — دېدى يايىلار بېشى ، — مەيلى كىرىۋېرىڭ ،

بىز سىزنى ساقلايمىز !

قىز ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. نۇرىمۇ ئۇنى ھېس قىلدى. ئۇلار قىزنى ئىزدەپ چىقىشقان، قىزنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ مىڭبېگى بىلەن بىرلىشىپ چىقارغان ئادەملىرى ئىدى.

زىياۋۇدۇن ئۇلاردىنمۇ سەزگۈر كەلدى.

— غېنىكام بىزنى يامانياردا ساقلاۋاتىدۇ، سىلەر بىز خەق ئىكەنسىلەر، بىكارلا ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماڭلار يەنە ! — دېدى ئۇ.

يايىلار بېشى غېنى ئوغرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولدى :

— سەن ئادەم قورقىتمەن دېمە، ئاتتىن چۈش، خالتار ئاتنى غېنى ئوغرى بۇلاپ كەتمىسۇن، ھېلىمۇ مىڭبېگىنىڭ بىر ئۇيۇر يىلقىسىنى بۇلاپ كەتتى. شۇمۇ يېتەر !

زىياۋۇدۇن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېتىنى دېۋېتىپ :

— جېنىڭلاردىن تويغان بولساڭلار ماڭا چېقىلىڭلار ! — دېدى. ئاتلىقلار پىچىرلىشىپ ئۇنى يانداپ خېلى ماڭدى. ئۇلار ھېرىپ كەتامدىن ئۆتتى. زىياۋۇدۇن يامانيارغا قاراپ ئېتىنى دېۋەتتى. خالتار ئات ئۆكىرەك تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. يايىلار پىچىرلاشتى، ئاخىر توغراقتا ماڭىدىغان يول بىلەن شەھەرگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

زىياۋۇدۇن يامانيار دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ سايغا چۈشتى. سايىنىڭ ئىچىدە شىمالدىن چۈشىدىغان سۇدىن پەيدا بولغان تىك ئەت توپىلىق جىرالار، جەنۇبىدا قېلىن مۇز ئاستىدا دەريا، دەريانىڭ نېرىسىدا قويۇق ئورمانلىق بار ئىدى. زىياۋۇدۇن :

— ئۇلار ئەسكەر باشلاپ چىقىشقا ماڭدى. بىزگە ئەمدى ئالدىغا مېڭىش خەتەرلىك، بىر بولسا يۇقىرىدا قوغۇنچىغا ئۆتىدىغان يول بار، بىز مۇز ئۈستىدىن ئەپلەپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتۈپ

قـوغۇنچىغا كىتەيلى . يەنە بىر بولسا ئارقىمىزغا يىنىپ خەلپەم مـەھەللىسى بىلەن ئارائۆستەڭگە بىرىپ قاسىم مىرابىنىڭ ئۆيىگە بارايلى ، ئۇ ئادەم بىزگە ئىگە بولىدۇ ! — دىدى .

— قـاسـىـم مـىـرابىنىڭ ئۆيىگە بارايلى ! — دىدى نۇرى . زىياۋۇدۇن ئاتنى كەينىگە بۇرىدى . ھىزىتۇەكتامدىن ئارائۆستەڭگە بـارىـدىـغـان يول بار ئىكەن . ئۇ شىمالغا ئاتنى بۇرىدى . ئۇلار بىردەمدىلا تەبىئىي قارىياغاچلىققا كىردى . خالتار ئات بارغانسىرى تىزگىن سىيرىپ ، ئويناقلاپ ماڭماقتا ئىدى .

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە خەلپەمنىڭ مازىرىغا يىتىپ باردى . ئۇ يەردە 1864 ـ يىلى ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئەزىمەتلەرنىڭ قـەبـرىـسـى ۋە مـازارلـىـرى بـار ئىدى . ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ زىياۋۇدۇننىڭ تەلىپى بىلەن مازارغا بىرىپ دۇئا قىلدى . خەلپەم مەھەللىسى ئۆز ۋاقتىدا سەكسەن ئۈچ يۈزى بىگىنىڭ ئادەملىرى يىغىلىپ ، ئەلاخان پالۋاننىڭ رەھبەرلىكىدە شەھەردە بولۇۋاتقان مـانـجـۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئابدۇرۇسۇلبەگ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن قوزغالغان جاي ئىدى . رۇسۇلوف «غـازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدىكى ۋەقەلەرنى نۇرىغا كۆپ قـېـتـىـم سـۆزلـەپ بـەرگەنىدى . ۋەقەلەر تولىمۇ قىزىقارلىق ، تـەسـىـرلـىـك ئـىـدى . مـەزەمـزات ھـېـكـىـم ، سادىر پالۋان ، ئـابـدۇرۇسـۇلبـەگ ، ئەلاخان پالۋان ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ، ئـەخمەت سىڭا كۆز ، ماھمۇت پوچى ۋە يەنە توقىلەك ، ئاقموللا يۈزبىگىلەر ، يەنە مۇشۇ خەلپەم توغرىسىدىكى ۋەقەلەر نۇرىغا ياد ئىدى . مانا مۇشۇ قارىياغاچلىققا سەكسەن ئۈچ يۈزىنىڭ قانچىلىك ئادىمى يىغىلغان بولغىيدى ، كالىلار سويۇلغان ، قازانلار ئىسىلغان ، قۇرئانلار ئوقۇلغان . خەلق زۇلۇمغا قارشى ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن قـوزغـالـغان . ۋاقىت دىگەن ئاتقان ئوق . ئۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئـۆتـكـىـنىگە ھەش ـ پەش دىگۈچە شۇنچە يىللار بوپتۇ . زۇلۇم مـۇشۇنداق كىتىۋەرسە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئىلى تۇپرىقىدا

ئىككىنچى قېتىم چوڭ ئىنقىلاب بولىدۇ . رۇسۇلوف بىرنېمىنى بىلمەي سۆزلىمەيدۇ ـ دە . ئۇ چاغدا بىچارە ئىلى دېھقانلىرى سېپىلغا ، ئۆستەڭگە ، ۋاڭ خولۇ ئالۋىنىغا بىر يىلدا ئىككى يۈز كۈندەك ئىشلەپ ، ئۆزىگە ئارانلا بىر يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەيتتىكەن . ئاز كۈندە ئىشلەپ ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئوندىن ئالتە قىسمىنى ھۆكۈمەتكە بېرەتتىكەن . سېلىق ئېغىرلىشىپ دېھقانلار مىدىرلىيالماس بولۇپ قالغاچقا ، مەزەمزات ھېكىم كۈرەدىكى جىياڭجۈنگە ئاشلىق تاپشۇرالمىغان . جىياڭجۈن شۇڭا ئۇنى قاماپ قويغان . شۇنىڭ بىلەن ئىلى دىيارىغا يېڭىدىن ھاكىم بولغان ئابدۇررۇسۇلبەگ قولىغا قورال ئېلىپ چىققان . ھازىرمۇ شېڭ دۇبەننىڭ پۇلى پاخاللاشتى ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئون ئەچچە خىلغا يەتتى . سېلىق ـ سەيسە ، ئالۋان ـ ياساق خەلقنىڭ جېنىغا پاتتى . رۇسۇلوفنىڭ دېيىشىچە ، ھېكىمبەگ غوجامۇ ، نەزەرخان غوجام دوتەيمۇ شېڭ دۇبەندىن نارازىكەن ، لېكىن قاتتىقراق تىنالمايدىكەن . چىۋ سىلىڭ دېگىنى ئەپيۈن چېكىش ، پارا ئېلىش ، ھايانكەشلىك قىلىش ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتا بىرىنچىكەن . يەنئەندىكى كومپارتىيىنىڭ ماۋ زېمىن ئىسىملىك ئادىمى جۇ ئەپەندى دېگەن نام بىلەن ئۇرۇمچىگە مالىيە نازىرى بولۇپ كەپتەك . ئۇ ئادەم شېڭ دۇبەننى تەنقىد قىلالايدىكەن . رەخىمجان بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلدىكىنتاڭ ، بەلكى رۇس ئاغىنىلىرى دەپ بېرىدىغاندۇر …

نۇرى دادىسى بىلەن سەبىخەگە توختىماي سۆزلىدى . زىياۋۇدۇن بالىسى بىلەن پەخىرلەنسە ، سەبىخە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى .

ئۇلار توڭلىمىغان قارا سۇنى بويلاپ تۈگمەنلەردىن ئۆتۈپ ، جەنۇبقا قارىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— مانا كەلدۇق ، ھويلىسىغا كىرەيلى ئاۋۋال ، — دېدى زىياۋۇدۇن ئاتنى كىچىك دەرۋازىغا بۇراپ .

## 11

هېكىمبەگ غوجامنىڭ ئوردىسى غۇلجا شەھرىنىڭ ئىچىدە. دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇرىدىغان، هويلىسى كەڭ، ئۆيلىرى كۆپ، ئارقىدا بېغى بار قەدىمىي قورۇدا غوجام بالا - چاقا، نەۋرە، خىزمەتچىلىرى بولۇپ نۇرغۇن ئادەم بىلەن تۇرىدۇ. قورۇ ئالدىدىكى كەڭ يول بىلەن قىبلىگە يۈز قەدەم ماڭسىلا خانلىق مەدرىسىگە بارغىلى بولىدۇ.

غوجام قېلىن كۆرپىلەردە مامۇق ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىردە ئۆينىڭ تاختايلىق تورۇسىغا، بىردە ئىشىك بېشىدىكى گەج بىلەن ياسالغان چىرايلىق نەقىشلەرگە قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. غوجامنىڭ يىگىرمىلەردىن ئاشقان تولىمۇ چىرايلىق، ئەخلاقلىق دەپ ماختىلىۋاتقان كىچىك ئوغلى قېيۇمبەگ غوجام ئۇنىڭغا خېلىلا جىق زايوم چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. يەرگە قاراپ زايوم تارقاتسا ھەممىلا يۈك دېھقانغا چۈشىدۇ - دە!

— بۇ نېمە قىلغىنى؟! — دېدى غوجام خاپا بولۇپ، — سېپىل سوققانمۇ خورجا، ئۆستەڭ چاپقانمۇ خورجا، دەن تۆلىگەنمۇ خورجا، ۋابال ئەمەسمۇ خورجاغا! — غوجامنىڭ ئاۋازى چىڭ چىقىپ كەتسە كېرەك، ئۆيگە ئايالى كىردى.

— نېمە بولدى، غوجام، تاۋىڭىز يوقمۇ؟

— يوقسۇ، بۇ ھۆكۈمەتكە نېمە بولدى دەيمەنا، ھە دېسىلا مەن بىلەن ئېيتىشىدۇ. ئىككى قېتىم خۇدا ئوڭشاپ ئۆلۈمدىن ساق قالدىم. ئېسىڭدىمۇ، خوتۇن؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن، بىچارە قىزىم گۆھەربانۇم ھازىرمۇ تۇرپاندا مىرزا قاماقتا تۇرسا...

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.

1937 - يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوجانىيازنىڭ چوڭ ئوغلى سەيدۇل شاۋيې باجگىر قاسىم جۇيجاڭ، يۇنۇس تىڭجاڭ، ئابلا دامولىلار بىلەن غۇلجىغا كېلىپ

ئــلىنىڭ مۇئاۋىن دوتسىي تۇرداخۇنباينىڭ ئۆيىگە چۈشتى . باي مېھمانلارنى غۇلجىنىڭ باغ ، يايلاقلىرىدا ئوينىتتى . بۇ باي ئەمەلدار شۇنچە ھەشەم بىلەن كۈتۈپمۇ مېھمانلارنى تولۇق رازى قىلالمىدى . ئۇ غۇلجا بايلىرىنى مېھمانغا چاقىرىپ ، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىنى تونۇشتۇردى . سەيدۇل شاۋىپ تۇنجى قېتىم شاۋىپلىك نــامــى بىلەن چوڭ سورۇنغا كىرگەن قېيۇمبەگ غوجامغا قاراپلا قالدى .

— ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق چىرايلىق بولىدىكەنا ! چاچلىرى ، قاش - كۆزى ، بۇرۇتى … بويلىرىچۇ تېخى ، قاراڭا ، كۆلكىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى … — ئۇ يېنىدىكى قاسىم جۇيجاڭ بىلەن يۇنۇس تىڭجاڭغا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىغىلى تۇردى .

— ئــاشىق بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە ھەي ، شاۋىپ ؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ يۇنۇس تىڭجاڭ .

— قىز بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالاتتىم ، ئەمما بۇ كاساپەت ئوغۇل بالا - دە …

— ئــاڭلــىــسام بۇ بالىغا ئوپمۇئوخشاش ئىككى سىڭلىسى باردەك ، چوڭى ئون ئالتە ياش ، كىچىكى …

— راســتــما ، ھەي تۇرداخۇن ئاكا ، مەيەرگە كەلسىنا ! — سېمىز ، دوغىلاق ، دۆڭ قاپاق سەيدۇل شاۋىپ ئۇلتۇرالماي قالدى .

شــۇ ئــاخــشــىــمــىــلا تــۇرداخۇنباي قاسىم جۇيجاڭ ، يۇنۇس تىڭجاڭلارنى باشلاپ غوجامنىڭ مۇشۇ مېھمانخانىسىغا ئەلچىلىككە كەلدى .

— ياق ، قىزىم كىچىك ، ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىردى ، ئون سەككىز ياشقا كىرمىگەن قىزنى قىرىق ياشلىق ئادەمگە ياتلىق قىلسام شىڭ دۇبەننىڭ قانۇنىنى بۇزغان بولمامدىمەن ! — دېدى غوجام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ .

— سەيدۇل شاۋىپنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ، ئۇخلىيالماي بولالمايلا قېلىۋاتىدۇ ، غوجام ، غوجانىياز رەئىسىمىز ئاڭلىسىمۇ بىزدىن رەنجىيدۇ - دە .

— لەۋەي، ئۇ ئادەم مېنىڭ گۆھەربانۇم قىزىمنى كۆرۈپتىكەنما؟

— ياق، غوجام.

— ئانداق بولسا بۇ قانداق كۆيۈك، ھەرقانداق بىر قىزنى توغرىلىساڭلا بولۇۋېرىدىكەنغۇ، تۇرداخۇنباي. غۇلجىدا قىز ئازمۇ؟

— سەيدۇل شاۋېي قېيۇمبەگ غوجامنى كۆرگەن، چىرايى قېيۇمبەگ غوجامغا ئوخشىسىكەن دېگەن تەلەپنى قويۇۋالدى.

— لەۋەي، چىراي دېگەنمۇ دۈشمەن، دۈشمەن!

غوجام خاپا بولدى. ئەلچىلەر نائىلاج قايتىشتى. سەيدۇل شاۋېي بۇ «شۇم» خەۋەردىن قاتتىق خاپا بولدى.

— چاغلىقكەن غۇلجا بايلىرى، — دېدى ئۇ كۆكىرىپ - تاتىرىپ، — قۇمۇل ۋاڭلىرى نى - نى بانۇلارنى ھېكىمبەگ غوجىلارغا بەرگەنۇ، بۇ غوجام ئەجەب بىر قىزنى ئاياپ كېتىپتا!

سەيدۇل شاۋېينىڭ تەلىپىنى تۇرداخۇن دوتەي چيۇ سىلىڭ بىلەن سوۋېت كونسۇلى دو باشىغا ئېيتتى. سىلىڭ بىلەن كونسۇل غوجامنى چاقىرىپ قىزىنىڭ گېپىنى يەنە تىلغا ئالدى.

— مەن ئون ئالتە ياشلىق قىزىمنى ئەرگە بەرمەيمەن، چيۇ سىلىڭ بىلەن دو باشىن جانابلىرىغا تەقدىم قىلىمەن! — دېدى غوجام تامدەك تاتارغىنىچە ساقاللىرىنى تىترىتىپ، — قالغان ئىشلار ئەمدى سىلەرنىڭ، قىزىمنىڭ ئاتىسى ئەمدى سىلەر!

ئاھايىتى كاتتا توي بولدى. بۇغا قېرىمىسىدىن سىراجىدىنبايمۇ كەلدى. غوجامنىڭ بۇ باي، مېھرىبان كۈيئوغلى قىزنى ئۆزىتىپ ھەسەن دېگەن ئادەملەر بىلەن ئۈرۈمچىگىچە باردى. بىر ئايدىن كېيىن غوجانىياز «خائىن» دېيىلىپ قولغا ئېلىندى. ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىۋاتقانىدا سىراجىدىنباينى، ئىككى ئىنىسىنى قوشۇپ شەھەرگە كىرمەستىلا تۇتتى. ھېكىمبەگ غوجامنى غوجانىيازغا قىزىنى بەرگەن، «خائىن» غا چېتىشلىق دەپ قولغا ئېلىش ئۈچۈن چاقىرتتى. تۇرداخۇنبايلارمۇ شۇ گۇناھ بىلەن قولغا ئېلىندى. غوجام ھەممە گەپ بولۇنۇپ ئەيىبلەنگەندىن كېيىن:

— لەۋەي ، چيۇ سىلىڭ ، مەن قىزىمنى دو باشىن كونسۇل بىلەن ئىككىلىرىگە بەرگەنمەن ، يا غوجانىيازنىڭ ئوغلىغا بەردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

چيۇ سىلىڭ دۇدۇقلاپ قالدى . تېنىۋالاي دېسە دو باشىن هايات ئىدى .

غوجام ئامان قالدى .

غوجام ئايىمغا قارىدى . ئايىم قىزى ئۈچۈن ئازابلىنىپ يىغلىماقتا ، قىزى هازىرمۇ ئاستانە دېگەن يەردە مىرزا قاماقتا . ئۇنىڭ نېمە گۇناهى بار ، ئۇ كەتكەندىمۇ زار قاقشاپ كەتكەن ئەمەسمىدى ؟ گۇناهسىزلار جازالىنىدىغان جاهانمۇ بۇ يە ؟ …

يۇقىرىقى ئىشلارنى غوجام ئايىمى بىلەن ئەسلەپ بولۇپ :

— تۆڭگانلار تاسلا قالغان مېنى ئېتىۋەتكىلى ، هە ، ئايىم ؟ — دېدى .

1933 - يىلى تۆڭگانلار غۇلجا شەهىرىنى بىر هەپتە سورىغاندا ئۇلارمۇ ئادەم تۇتتى ، ئۆلتۈردى . تۇيۇقسىز ئون نەچچە قوراللىق تۆڭگان غوجامنىڭ مۇشۇ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ غوجامنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى .

— سەن ئورۇسنىڭ ئادىمى ، ماڭ !

شەهەر ئىچىدىن غوجامنى قوللىرىنى باغلاپ پىيادە ماڭغۇزۇپ تاشلەپكە بازىرىغا كەلگەندە ، تۆت ئوقەتچى خەنزۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆڭگانلارنىڭ ئالدىنى توراپ :

— هاجىم تەيجىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ ، ئېتىشقا بولمايدۇ ، ئۇيغۇرلار قوزغىلىدۇ . بىلەمسىلەر ، قارادۆڭدە هازىر دېهقانلار قوزغالدى . بۇ يەردە تۆڭگان كۆپمۇ ، چەنتۇ كۆپمۇ ؟ — دېيىشتى ، تۆڭگان قوراللىقلىرىنىڭ باشلىقى خەنزۇلارنى سىلكىپ :

— كارىڭلار بولمىسۇن ، مېنىڭ ، بۇ دېگەن ئورۇسنىڭ ئادىمى . ئۇ بىزگە دۈشمەن ! — دېدى ، خەنزۇلار :

— هاجىم تەيجى ياخشى ئادەم ، مانجۇلار مەزەم هاجىمنى تۇتقان ، ئاخىر ئۇزلىرى توگەشتى ، سىلەرمۇ مۇشۇنداق

بولىسىلەر ! — دېدى ۋە ئۆلارغا ئەگىشىپ تەختىيۇنمەھەللىدىكى تۆڭگان قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ ھاجى تۆڭغا ھېكىمبەگ غوجىنى تۇتۇشقا ، ئېتىشقا بولمايدۇ ، دېدى . ھاجى تۆڭ :

— مەن نەزەرخان غوجامنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرگەن ، ھېكىمبەگ غوجامنى نېمىشقا تۇتىسىلەر ، بۇ ئەقلىنى كىم كۆرسەتتى ؟ ئېتىلسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى . غوجامنى تۇتقان باشلىقلار شۇ ھويلىدىلا ئېتىلدى .

شۇ كۈنى كەچتە غوجامنىڭ قىزى دادىسىنى كۆرگىلى ئەت رەڭ دراپ پەلتو كىيىپ كالاسكىدا غادىيىپ ئولتۇرغىنىچە شەھەر سىرتىدىن يېتىپ كەلدى . تۆڭگان قوراللىقلار ئۇنى توسۇپ :

— تاتار ، ئورۇس ، — دېيىشتى مىلتىق تەڭلەپ . بىرى :

— ياق ، ھاجىم تەيجىنىڭ قىزى ! — دېيىشتى ، دەرھال شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتى .

غوجام مانا شۇنداق قىلىپ تۆڭگان ئاتۇسىدىن ساق قالغان ۋە ھەيۋە تاپقانىدى .

ئەر ـ خوتۇن بۇ ئىشلارنىمۇ بىرلىكتە ئەسلەشتى . ھازىر شىڭ دۇبەن يەنە ئۇنىڭغا كۆز تىكمەكتە . يېقىنلىرىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقتا . بولمىسا نېمىشقا سودىگەرلەر ، چارۋىدارلار زايومنى ئاز ئالىدۇ يۇ ، يەر تېرىيدىغانلار كۆپ ئالىدۇ ؟ ئىلى تەۋەسىدە غوجامدىنمۇ يېرى جىق ھېچكىم يوق . دېمەك ، بۇ زايومنى جىق سېتىۋېلىش كېرەك دېگەن سۆز . ئۇ شىڭ دۇبەنگە نېمە يامانلىق قىلىۋىدىكىنتاڭ ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇساگۆڭدىن تارتىپ ئورانزىپ (توختى گۇڭ ) ، مىلىكزات ، خۇشىنزات ، خالزات (سۇگۇڭ ) ، مەزەمزات ، خىزىرخان ، بوۋاق غوجام (ئىلياس ھېكىم ) ، جاھانگىر (سوغىياس غوجاغىياس بەگ ) ، يەنى ئۆزىگىچە بولغان ھېكىمبەگلەردىن قايسىبىرى خانىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە ئىش قىلمىدى ؟ قىل دېگىنىنى قىلدى ، تۇر دېگەن يېرىدە تۇردى . گەرچە چيەنلۇڭ پادىشاھ ئورانزىپ بوۋىسىغا غۇلجا تەۋەسىدىكى شىمالىي يەتتە ، جەنۇبىي ئون يەتتە غولدىن ئۈچ غولنى

تاللىۋال دېگەندە ، ئۇ بوروسۇن ، تاشلىقساي ، جىرغىلاڭ غوللىرىنى تالىلىۋالغان ، بۇ غوللارنىڭ سۇلىرىدىن يېڭىئاۋات ، چۇلۇقاي ، جىرغىلاڭ ئۆستەڭلىرىنى چاپتۇرۇپ پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنى كۆكەرتكەن . دېھقانلارغا بەرگەن يەرلەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن ئىككىسىنى ھېكىمبەگلەر ئېلىپ ، ئوندىن سەككىزىنى دېھقانلارغا قالدۇرغان . شۇ ئوندىن ئىككى ئۇلۇش بۇغداي بىلەن شۇنچە جىق يەرلەرنىڭ دەنلىرىنى ھېكىمبەگ تۆلەپ كەلگەن . ئون ئاتىنىڭ تۆككەن دەنلىرىنىڭ تالونلىرى ھازىرمۇ ساندۇقلاردا ساقلاقلىق تۇرامدۇ ؟ ھېكىمبەگ بولۇپ يۇرت سورىماق تولىمۇ تەس ، بىر ياقتا ھۆكۈمەت ، يەنە بىر ياقتا پۇقرا . ھۆكۈمەتكە ياخشى كۆرۈنمەن دېسەڭ خەلق تىللايدۇ ، پۇقراغا يان باسساڭ ھۆكۈمەت سېنى ئەيىبلەيدۇ ، سولايدۇ ، ئاچچىقى كەلسە ئۆلتۈرىدۇ . مانجۇ خانلىرى ھېكىمبەگلەرنىڭ غېمى بىلەن ھېسابلاشقان ئەمەس ، لەشكەرلىرى تەييارنى يەپ ياتقان ، سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيگەن ، نەپسى يوغىناپ سېلىقنى سېلىۋەرگەن . دېھقان بىچارىنىڭ ھالى بىلەن ھېسابلاشمىغان ، مانا ھازىرمۇ قاتتىق سوغۇقتا ئالۋانغا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار بارغۇ . پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە مەزەمزات ھېكىم خانغا يانغان . ئاخىر خان بېشىنى يەپ ئىلى سۇلتانلىقى بارلىققا كېلىپ جاھان تىنچىغان . ئورۇسلار بۇ يەرنى بېسىۋېلىپ ئون يىل سورىدى ، نۇراخۇن ئاقساقالنى ئەتىۋارلىدى ، بىزنى چەتكە قاقتى ، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن ئورۇسلار يېرىمىزگە جىق يېڭىلىق ئەكەلدى ، ئادەملەر ئۆيلىرىگە ئەينەك قويىدى ، تاختايلىق ئۆي سالدى . ماشىنا كۆردى ، موسكۋېسكى سوكنا ، گىرىپ ، كۋىركوت ، مەخمەل ، دۇخاۋا ، گىرىپتىشىن دەيدىغان ئىسمى تەس رەختلەرنى كىيدى ••• بىراق ئورۇسلار چىقىپ كەتتى ، مانجۇلار يەنە كەلدى . شۇنچە خەق ئورۇسلارغا ئەگىشىپ كەتتى ، ئىلى تەۋەسىدە ئارانلا ئون ئالتە مىڭ ئۇيغۇر قالدى . شۇ كۆچ ـ كۆچلەردىمۇ بىز مۇشۇ ئوردا مەھەللىسىدىن مىدىرلىمىدۇق . ئون ئەۋلاد مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلدۇق ، ئالا كۆڭۈللۈك ،

ئاسىلىق قىلمىدۇق . بۇ ھۆكۈمەتكە يەنىلا بىز يامان . كۈيئوغۇل سولاقتا ، قىزىم نەزەربەندتە ، ئېخى مېنىڭمۇ يېنىمدا ئادەم بار ... مەن شىڭ دۇبەنگە نېمە يامانلىق قىلىپتىمەن ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قاپتىمەنغۇ ؟ ... غوجام يۇمشاق مەسىنىڭ قونچىنى سىلاپ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاندا ، ئۆيگە خەۋەرچى كىرىپ كەلدى .

— نەزەرخان غوجام ئادەم ئەۋەتىپ ، سىلىنى دوتەي يامۇلغا چاقىرتىپتۇ !

ھېكىمبەگ غوجامنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

— لەۋەي ! — دېدى ئۇ مىدىرلاپ قويۇپ ، — كالاسكىنى قاتسۇن !

غوجام نەگىلا بارسا ئوغلىنى بىللە ئېلىۋالاتتى . بۇ كەنجى ئوغلى چىرايلىق بولۇپلا قالماي ، ئەقىللىق ، سەزگۈر ۋە كۆيۈمچان ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ قول ـ قانتى ، مۇھاپىزەتچىسى ، غۇرۇرى ئىدى . سۆسەر تۆپە ، دراپتىن تاشلانغان قاما ياقىلىق بۆرە جۇۋا كىيگەن ، بويىنغا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان شارپا ئورىغان غوجام بىلەن موسكۋېسكى سوكنىدىن قارا پەلتو ، بېشىغا يارىشىملىق قارا كۆرپىدىن قىلىنغان قۇلاقچا كىيگەن ئاق يۈزلۈك ، قاش ـ كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، تولىمۇ چىرايلىق يىگىت قېيۇمبەگ غوجام كالاسكىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ مەدرىسە ئالدىدىن ئۆتتۈۋىدى ، ناغرىخانا ئالدىدا كۈنگە قاقلىنىپ تۇرۇشقان تالىپلار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىشتى . كالاسكا ئوڭغا ئايلىنىپ توغرا كۆۋرۈككە قاراپ مېڭىۋىدى ، تۆت كوچا ئېغىزىدىكى دۇكانلاردىن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى . بىر جۈپ جەرەنقاشقا ئات ئويناقلاپ ، ئاياغلىرىدىن قار تۇگۈرچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ دوتەي يامۇل — سىلىڭبۇ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . غوجام بىلەن قېيۇمبەگ غوجام كالاسكىدىن چۈشتى . دەرۋازىۋەن ئەسكەرلەر ئۇلارنى كىرگۈزۈۋەتتى .

قــېيـۇمــبەگ غوجامنى قولتۇقلىۋالغان . ئىككى ياقتا قاتار تىـزىـلىـپ كـەتـكـەن ، قـارىـيـاغاچلار شاخلاردىكى قېلىن قاردىن ئالدىغا ئېـگـىـلىـپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇلار سالام بېرىۋاتامدۇ ياكى ھال ئېيتىۋاتامدۇ؟ غوجامغا ھال ئېيتىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە تىزىلىپ كەتكەنلەرمۇ ، قارىياغاچلارمۇ ئۇلارغا ھال ئېيتىۋاتقاندەك كۆرۈندى . بايىلا ئۇلار دوتەي يامۇل ئالدىدا مۆكچىيىپ ، تىترەپ ئـولـتـۇرۇشـقـان دەۋاگەرلەر توپىنى كۆرمىدىمۇ؟ دەرەخلەرنىڭ مۆكچىيىشى ئەنە شۇلارغا ئوخشاپ قالغان ...

— غـوجـام كـەلـدى ! — دېـدى بـىرى بىنانىڭ قاڭالتىر پېـشـايـۋانلىق ، ئىككى چېتىدە سالاسۇنى بار ، پەلەمپەي بىلەن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان ئىشىكى ئالدىدا تىك تۇرۇپ ، — كەلسىلە ، كەلسىلە ، غوجام !

ئۇ ھەممىگە تونۇش تۆگچى — تەرجىمان ئىدى . «ئۇ بۈگۈن نـېـمــىگە خۇشال ـ ھە؟» دەپ ئويلىدى غوجام دائىم كۆرسىلا سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان تۆگچىگە ھەيران بولۇپ .

— ھە ، بۈگۈن ياخشى خەۋەر بار ئوخشىمامدۇ؟ لەۋەي ...

— ئالامەت يېڭى خەۋەر ! — دېدى تۆگچى ، — چيۇ سىلىڭ سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ .

ئـۇ غـوجـامنى چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىردى . زالغا ھەربىي ـ مـۇلـكـىي ئەمەلدارلار ، بايلار ، سودىگەرلەر ، سوۋېت كونسۇلى ، قازىكالان ، ئەلەملەر ، چوڭ ـ چوڭ زىيالىيلار تولغانىدى . غوجام كىرگـەندە كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تـۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى . غوجام يۇقىرىدىن — نەزەرخان غوجامنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى . ھەممىلا ئادەم ئەندىشىدە ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ، چۈنكى ھەممىلا ئـادەم شـىـڭ دۇبـەنـنـىـڭ مەجلىس ، زىياپەت دېگەن نام بىلەن ئـادەمــلەرنى توپلاپ بىراقلا تۇتىدىغان ، ھەتتا شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايدىغان مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى . مانا ھازىرمۇ چيۇ سىلىڭ ئـىـلـىـنـىـڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى ، ئەڭ چوڭ بېيى ، شەھەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى ، ئۇنىڭ «پادىشاھنىڭ پادىشاھى» دېگەن

لەقمى بار ئىدى . ئۇ ئالتۇن ، قورال ، ئەپيۇن سودىسى قىلىپ قالتىس بېيىغان . ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى سېتىۋالالايدۇ ، ھەرقاندىقىغا يانالايدۇ ، خالىغىنىچە ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ . ئۇنىڭ ھوقۇقى ، پۇلى چەكسىز ، شۇڭا ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ! يوغان باش ، سېمىز ، بوينى قىسقا ، شالاڭ چاچ ، قاشلىرى قويۇق ، كۆزلىرى بۆرتۈپ چىققان ، بۇرۇتى كۆتمەك ، تەرلەپ ـ مايلىشىپلا تۇرىدىغان بۇ قىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى . بېلىدىكى قىلىچ ، تاپانچىسى ، ئىككى مۇرىسىدىكى پاگون ، ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن ھەربىيچە كىيىم ئۇنىڭ قىسقا بوينىنى تامامەن يوقىتىپ ، ئىككى پاگون ئوتتۇرىسىغىلا باش ئورنىتىلغاندەك قىلىپ قويغان .

بۇ ھەربىيچە — جاللات كىيىمى ئادەملەرگە تولىمۇ سۈرلۈك ، قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى . غوجام ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ : «لەۋەي ، جى رۇي جياڭجۇنمۇ بۇنچىلىك سۈرلۈك ئەمەس ئىدى ، بۇ بىر غالجىر قاۋاننىڭ ئۆزىغۇ !» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە .

چيۇ سىلىڭ ئېغىر قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇۋىدى ، نەزەرخان غوجام سۆز باشلىدى .

— شېڭ دۇبەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغاندىن بېرى ، — دېدى ئۇ يادا بولۇپ كەتكەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ ، — شېڭ دۇبەننىڭ دانا رەھبەرلىكىدە جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ ، ئاجايىپ زور غەلىبىلەر قولغا كەلدى . غۇلجا زېمىنىدىمۇ چيۇ سىلىڭ شېڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ ...

تۇڭچى تەرجىمە قىلدى ، نەزەرخان غوجام ئاق كاستۇمىغا ياراشقان گالستۇكىنى پات ـ پات تۈزەپ قويۇپ ، شېڭ دۇبەننىڭ ستالىننىڭ رەسمى بىلەن بىللە ئېسىلغان رەسىمىگە قاراپ ، ئۆزىگە ياراشمىغان خۇشامەت تەلەپپۇزىدا چيۇ سىلىڭنى ، ئۇنىڭ سادىقلىقى ، ئادىللىقى ، دانالىقى ۋە مېھرىبانلىقىنى ماختىدى . ئارقىدىنلا چيۇ سىلىڭنى يامانلاپ ئۇنى زالىم ، ۋەھشىي ، زومىگەر ، قانخور دەپ تىللاپ شېڭ دۇبەنگە خەت يېزىلغانلىقى ، بۇ خەت جۇ

نازىرنىڭ قولىغا تەگكەنلىكى ، جۇ نازىر غۇلجىغا ئادەم ئەۋەتىپ ، چيۇ سىلىڭنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ مەخپىي ماتېرىيال توپلىغانلىقى ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز چيۇ سىلىڭنى قوغداش ئىكەنلىكى ، بۇ بىر شېڭ دۇبەنگە سادىق بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى ئىكەنلىكى قاتارلىق گەپلەرنى قىلىشۇدى ، ھېكىمبەگ غوجام ئىچىدە : «پاھ ، نەزەرخانمۇ يېتىلىپتۇ ، مەن ھېكىمبەگ بولغاندا بۇنچىلىك چىرايلىق گەپلەرنى ئۆگىنەلمىگەن ...» دەپ پىچىرلىدى .

ئارقىدىنلا چيۇ سىلىڭ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ بىرىنچى سۆزنى :

— جۇ نازىر دېگەن ئەبلەخ ! — دېگەن گەپ بىلەن باشلىدى ، — ئۇ دېگەن يەنئەندىكى كومپارتىيىنىڭ باشلىقى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى . ماۋ زېدۇڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز . ئۇ شېڭ دۇبەننى يوقاتماقچى . ھوقۇق تارتىۋالماقچى . يېقىندا تېخى ماۋ زېمىن دېگەن بۇ ئوغرى يېڭى پۇل چىقاردى . پۇلنىڭ كەينىگە ئاشۇ ماۋ زېمىن ئىمزا قويۇپتۇ تېخى . ئۇ پۇل چىقارغۇدەك قانچىلىك نېمىدى ؟ تۆت مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى بىر يۈەنگە تەڭمىش ، بىر يۈز ئاتمىش قەشقەر پۇلى بىر يۈەنمىش ! يۈەن دېگىنى شۇنچىلىك چوڭكەن . 1939 ـ يىلى ، مانا مۇشۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ يېڭى پۇل تارقىتىلدى . بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى . ئۈچ ئايغىچە ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنى ئاشۇ يۈەنگە ئالماشتۇرۇپ بولغۇدەكمىز . ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتكۈدەك !

چيۇ سىلىڭنىڭ ئاۋازى ئاغىل ـ تاغىل چىقتى . ئۇ يېنىدىكى نەزەرخان غوجىغا قاراپ قويۇپ تېخىمۇ ئۈنلۈك دېدى :

— جۇ نازىر دېگەن ئەبلەخ غوجانىيازنىڭ ئادەملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرمەكتە . غۇلجىدا خائىنلار تولا ، ساماندەك . تازىلاش تۈگىمىدى ، نىلقا ، كۈنەس تاغلىرىدا قورالىق باندىتلار پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ خورىكى تېخى سۇندۇرۇلمىدى ، ئۇلار

يوقىتىلمىدى . قەشقەر ئارقىلىق ئەنگلىيە قوراللىرى غۇلجىغا كەلمەكتە . بايلار پۇل چىقىرىپ قورال سېتىۋېلىپ باندىتلارغا بەرمەكتە . زايوم تارقاتساق بەزىلەر دېھقانلارغا ۋابال بولدى ، بايلار ئالسۇن ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى كۆپىيىپ كەتتى ، دەپ كاپشىماقتا . مەن چيۇ سىلىڭنى ھەيدىۋەتمەكچى بولغانلار مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدىمۇ بار . ئۇلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلمىسا بىزنىڭ قوراللىق قىسىملىرىمىز يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ . زەمبىرەك ، ئايروپىلان ، تانكا بىلەن قورال لانغان گارنىزونلىرىمىز بۆيرۈق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . ھايت دېسەكلا غۇلجا شەھىرى قانغا بويىلىدۇ ، تۈپتۈز بولىدۇ . مېنىڭ ئوغلۇم ياخشى نىيەت بىلەن بىر قىزنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتاي دېسە ، ئوغرىلار ئۇ قىزنى ئوغرىلاپ كەتتى . مەن چيۇ سىلىڭ ئىلى خەلقىگە شۇنچە ياخشىلىق قىلدىم . مەكتەپ ، دوختۇرخانا ، بانكا ، ئات ، قوي فېرمىلىرى ، زاۋۇتلارنى قۇردۇم . سودا ـ سېتىققا كەڭ يول ئېچىپ بەردىم . غۇلجىدا مىللەتلەر باراۋەر ، دۆلەت خادىملىرى پاك ، ئالتە بۈيۈك سىياسەت كەم ـ كۈتىسىز ئەمەلىيلەشمەكتە . تېخى مېنى خىيانەتچى ، پارىخور ، ئەپيۇن ، قورال سودىسى قىلىدۇ ، دېھقانلارغا ئېغىر سېلىق سالىدۇ ، ئېزىدۇ دەپ خەت يېزىپتىمىش ! بۇ كومپارتىيىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ يامان نىيەت بىلەن قىلىۋاتقان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ! بىز بۇزغۇنچىلارنى قاتتىق تازىلايمىز ، باستۇرىمىز !

ئۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھاۋادا پۇلاڭلىتىۋىدى ، زالدىكىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپتىن : «يائاللا ، يائاللا !» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى . غوجام ئىچىدە : «ھېلىمۇ دېھقانغا بىر پارچە قاتتىق نانمۇ قويماي تالاۋاتقىنىڭ . كوچىدا نېمە تولا ؟ دىۋانە ، يېتىمچى تولا ، دەۋاگەر تولا . سەن قايسى خۇرجاننىڭ دادىنى ئاڭلىدىڭ ؟ ئىزدەيدىغىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ، مال ـ دۇنيا ، چىرايلىق قىز ! سەن ئادىل بولساڭ دۇنيادا ۋەھشىيلىك قالمىغان بولامدۇ ؟ ھەي كاساپەت ، قىلىچىڭ بولمىسا چاغلىقلا

بىرنىمىسەن ، كوچىدىكى ھەرقانداق ساراڭ سەندىن ئەقىللىق ...» دېدى . دائىم بولۇپ تۇرىدىغان بۇ خىل يۇقىرى قاتلام يىغىلىشى ئاخىرىدا شەھەردە پات يېقىندا بولىدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئۈستىلىرىگە ۋەزىپە ئېلىپ قايتقۇچىلارنىڭ ئىپادە ـ ۋەدىلىرى بىلەن ئاخىرلىشاتتى . بۈگۈننىڭ ۋەزىپىسى ئىككى ئىدى : بىرى ، چيۇ سىلىڭنى يامانلاپ خەت يازغانلارنى تۇتۇش ، بۇنىڭ ئۇسۇلى گۇمانلىق ئادەملەرنى يىغىپ سوراق قىلىش ئىدى . يەنە بىرى ، ئۆلكە پۇلى ھېسابىغا قىرىق بەش مىليون سەر قەرز ۋەرەقىنى تارقىتىپ پۇل يىغىش ئىدى . بۇ ئىككى ئىشنى بېجىرىشتە يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرى خىزمەت ئىشلىشى ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى كېرەك . ھېكىمبەگ غوجام غۇلجا ناھىيىسىدىكى مىڭبېگى ، يۈزبېگىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا دېھقانلاردىن قەرز ۋەرەقى پۇلىنى تېز يىغىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزمىسە بولمايدۇ (قەرەلى بىر ئاي) ، يەنە ھەربىر يىغىن قاتناشچىسى ئۆز مىللىتى ئىچىدىن گۇمانلىق ئادەمنىڭ بەشىنىڭ ئىسمىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىشى كېرەك دېيىلگەچكە ، غوجامغىمۇ بەش نەپەر گۇمانلىق ئۇيغۇرنى مەلۇم قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەندى . ئادەملەر بېشى چۈشكەن ، خۇددى ھەربىرى يەلكىسىگە ئون پۇتلۇقتىن تاش ئارتىۋالغاندەك ئېغىر تىنىپ ، دۇبەن مەھكىمىسىدىن ئۇن ـ تىنسىز مېڭىشىپ كوچىغا چىقىشتى . كالاسكىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، غوجام ئوغلىغا :

— قانداق قىلارمىز ، ئوغلۇم ؟ كانىيىمغا ئىككى سىرتماق سېلىنىدىغۇ ، لەۋەي ! — دېدى .

قېيۇمبەگ غوجام كۈلۈپ قويۇپ :

— خەلقنىڭ بويىنىغا سېلىنغىلى خېلى بولغانىدى ، دادا ، خەلق چىدىسا بىزمۇ چىدايمىز . بۇ سىرتماق ئاخىر چيۇ سىلىڭنىڭ قاۋان بويىنىغا يۆتكىلىدۇ ! — دېدى .

— شۇنداقمۇ ؟ پاتراق بولسىدى ، پاھ ، نېمانداق ئىنساپى يوق سىلىڭ بۇ ـ ھە ؟ كومپارتىيە دېگىنىچۇ ؟ ئۇ قانداقراق ، بالام ؟

— سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىدەك .
— ستالىننىڭ يولىنى تونۇتقانمۇ ؟
— ھەئە ، كەمبەغەللەرنىڭ يىغىسىنى يىغلايدۇ .
— مۇنىداق دە ، چىيۇ سىلىڭ تىللىۇدىلا شۇنداقمىكىن دېۋىدىم . خۇرجانىڭ غېمىنى يېسە ئادىل ھۆكۈمەتكەن ئۇ !
— ئۇ دېگەن پارتىيە ، دادا .
— پارتىيە دېگىننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەسمۇ تېخى ؟
— كەلگۈسىدە ھۆكۈمەت قۇرۇپ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىدۇ ، دادا .
— كەلگۈسى دېگىننىڭ نەچچە يىل ، بالام ؟
— بەش يىل ، ئون يىل كېتەر ، دادا .
— ۋاي - ۋۇي ئاڭغىچە بىز خەق قىرىلىپ تۈگەيدىغان ئوخشايمىز . يەنە تۆت - تۆت قىلسا ، يۈزلەپ - مىڭلاپ ئۆيغۇر يوقىلىدۇ دېگىنە ، بۇلارنىڭ بىز خەقنى ئۆلتۈرمەيدىغان يىلى ، كۈنى بارمۇ ، بالام ؟
— بىزنىلا ئەمەس ، باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ ، دادا . شېڭ دۇبەن جياڭ جيېشى ۋېيىيۇەنجاڭ ئەۋەتكەن گومىنداڭنىڭ ئادەملىرىدىنلا مىڭدىن جىقىنى ئۆلتۈرۈپتۇ . كىم ئۇنىڭغا توسالغۇ بولسا شۇنى ئۆلتۈرىدۇ .
— پاھ ، تىنچلىق يوقكەن - دە ، بۇ دۇنيادا ...
— ياۋروپادا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ ، دادا . گېرمانىيىدىن گىتلېر دېگەن بىرى چىقتى . ئۇمۇ ياپونلارغا ئوخشاش . ئىتالىيىدىن چىققان مۇسسولىنى ، گىتلېر ، ياپونىيە ئۈچى بىرلىشىپ دۇنيانى سورىماقچى .
— ۋاي - ۋۇي بىزنىڭ غۇلجىنى قايسىسى سوراركىن ؟ ئۇلار مۇنۇ چىيۇ سىلىڭدىن ياخشىمۇ ، يامانمۇ ، بالام ؟
— ئوخشاش ، دادا .
— ھەممىسىلا ئالا بايتال دېگىنە ، بالام .
قېيىۇمبەگ غوجام دادىسىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ

ئۈرۈشخۇمار تەلۋىلەرنى غۇلجا شەھىرىگەن يامۇلىنىڭ باج يىغقۇچى لوزۇڭى ئالا بايتال لەقىمى بار نىياز لوزۇڭغا ئۇخشاتقىنىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
غوجام بالىسىنىڭ كۈلكىسىگە خاپا بولدى :
— ئىېشەك ئۆلسە قۇيرۇقىنىڭ ئاستى غىجەك تارتىپتۇ دېگەندەك ، بالام ، بۇ كۈلكەڭ نەلىرىڭدىن چىقىۋاتىدۇ ؟
— قىزىق ئوخشىتىش بولدى ، دادا . ئالا بايتالغا ئوخشاتتىڭىز . ئۇ هازىر لوزۇڭ ئەمەسقۇ ، يەنە ئۇنى ئۇنتۇماپسىز .
— ئۇ لوزۇڭ چېغىدا هەر كۈنى بەش - ئون ئادەم ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىپ كېلەتتى ، بالام . مەن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زالىممىكىن دېگەنىدىم . ئۇ كىچىكى دېگىنە ، ئوغلۇم .
— شۇنداق ، ئۇ كىچىكى ، ئۇ بىر چۈمۈلە . يولۋاس ، شىر ، بۆرىلەر بار ئەمەسمۇ دۇنيادا ، دادا .
ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلدى .
غوجام ئوغلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ يېنىدىلا بولۇشىنى خالايتتى .
— يۈرە ، بالام ، مەن شويلا بۇيرۇتۇپ قويغان ، بىللە تاماق يەيلى ، — دېدى غوجام ئوغلىنى مېھمانخانىغا باشلاپ .
كەچتە زاۋۇتلار يەنە ئەنسىز هۇۋلاشتى . نەلەردىندۇر مىلتىق ئېتىلدى . غوجام شۈك بولۇپ كەتتى . ئايىم بولسا هەدەپ سۆزلەيتتى ، يىغلايتتى . ئوغلىغا ، تۇرپان ئاستانىدىكى قىزىغا ، تۇرمىدىكى سىراجىدىنباي ، ئەنۋەر ، ئابلىزلارغا سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلاتتى . غوجامنىڭ تېنىگە چىن قەلبىدىن سالامەتلىك تىلەيتتى . ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىشمۇ شۇ ئىدى . كۆز يېشى ، دۇئا ، يالۋۇرۇش ئايىمنىڭ قولىدىكى بىردىنبىر قورالى ئىدى .
— نەزەرخان غوجام كەلدى ! — دېدى خەۋەرچى ئالدىراپ كىرىپ .
— لەۋەي ! — دېدى غوجام ئورنىدىن تۇرۇپ ، — دوتەينىڭ

بۇياققا قانداق قىلىپ قەدەمى يەتتىكىنە؟

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككى كاتتىۋېشى — ئىككى غوجىلار ئەۋلادى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ئۈستىدە، بۇ زېمىندا ياشاش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشلىرى لازىملىقى ئۈستىدە يالغۇزدىن - يالغۇز ئۇزاق سۆزلەشتى.

— مېنىڭ ئۈچىنچى بوۋام ئەخمەتجان غوجام سىزنىڭ ئالتىنچى بوۋىڭىز مەزەمزات ھېكىمنى ھوقۇق تالىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنى راست، — دېدى نەزەرخان غوجام ئۇزاق تارىخنى ئەسلەپ، — لېكىن ئۇ دېگەن بىر تارىخ. ئۇ ئىشلار بىزنىڭ بىر نىيەتكە كېلىپ خەلقىمىزنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇشىمىزغا توسالغۇ بولالمايدۇ. مېنىڭ شۇ بوۋامنىمۇ ئۆز ئۇيغۇرلىرىمىز ئۆلتۈرگەن. بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈپ كەلدۇق. ياڭ زېڭشىن بىزنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمىزدىن تازا پايدىلاندى. ئەمدى بىز سەگەك بولمىساق بولمايدۇ، غوجام. بۈگۈن يىغىنغا بىر يۈز ئون تۆت ئۇيغۇر كەپتۇ. ھەربىرى بەشتىن ئۇيغۇرنى تۇتۇپ بەرسە بەش يۈز يەتمىش قېرىندىشىمىز تۇتۇلىدۇ. سوراق قىلىنىدۇ دېگىنىنى مەن بىلمەن: قىينايدۇ، يىگىرمە نەچچە خىل قىيناش ئۇسۇلى بار. بارمىقىدىن ئېسىپ زىخقا ئولتۇرغۇزۇش، مۇزغا ئۆرە تۇرغۇزۇپ پەيلىرىنى تارتىشتۇرۇش، چېكىسىدىن قىسىپ كۆزلىرىنى چاچرىتىپ چىقىرىۋېتىش، تىرناقلىرىنى يۇلۇش، چاچلىرىنى بىر - بىردىن يۇلۇش، داغلاش، مېڭىسىگە مىخ قېقىش ... ۋاي - ۋۇي قىيناش يوللىرى كۆپ. بەش يۈز يەتمىش ئادەم قىيناشقا چىدىماي قانچىدىن ئادەمنى تۇتۇپ بېرىدۇ تېخى! ...

— سىز دوتەي، سوۋېت كونسۇلىغا دەپ باقسىڭىزچۇ!

— ئىشپىيون بار، غوجام. مەن سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭ ئۆمرۈم ئۇزاق ئەمەس. بۇ يىل ئەللىك سەككىزگە كىردىم. ئەللىك توققۇزغا چىقىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، غوجام.

— ئۇنداق دېمىسىلە ، بىلگۈچى ئىگىمىز . تازا يامان ۋاقىتىدا بىۇ دوتىەيلىك سىلىگە تېگىپ قالدى ، ئۇنى دېمىسىمۇ ، لەۋەي ، قانداق قىلاي دەيلا ؟

— ياۋ سىلىك دېگەن بىر كىشى چيۇ سىلىڭغا مۇئاۋىن بولۇپ كىەلىدى ، شىۇ كىشى يەنئەنىدىن كەلگەنلەرگىمۇ ، موسكۋادىن كەلگەنلەرگىمۇ ھەرقانداق گەپنى ئېيتالىغۇدەك . شۇ ئادەمگە ھال ئېيتىپ باقساقمىكىن دەيمەن .

— بۇ خەقنىڭ ھەممىسى بىر ئىقلىم تۇرسا ، چېقىپ قويسا ...

غوجام قولىنى قىلىچ قىلىپ بوينىغا توغرىلىدى .

— يىاق ، يىاق ، غىوجىام ، يىاۋ سىىلىىك كومپارتىيىنىڭ ئادىمىمىش . جۇ نازىر بىلەن يېقىنمىش . جۇ نازىر شېڭ دۇبەنگە قىاتتىق ـ قىاتتىق گىەپ قىلالىغۇدەك . قىارسىلا ، يېڭى ئاقچا تارقاتقىنىنى . يېڭى ئاقچا پۇل پاخاللىقىنى ھەل قىلالايدۇ ، غوجام . جۇ نازىر يەنە ئىلىدا ، ئالتايدا ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىش ، ئالتۇن ھايانكەشلىرىنى چەكلەش ئىشلىرىنىمۇ يولغا قويۇپتۇ . شېڭ دۇبەن جىۇ نازىرنىڭ گېپىگە كىرگۈدەك . ياۋ سىلىڭ جۇ نازىر بىلەن يېقىنمىش . بىز ئىككى ئىشنى شۇ كىشىگە دېسەك ، چيۇ سىلىڭغا شېڭ دۇبەن گەپ يېگۈزمىسە ئۇ باشقا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، غوجام .

— بىىز خەقتىن شېڭ دۇبەنگە گەپ يېگۈزەلىگۈدەك بىرى چىقمىدى ـ دە ، لەۋەي ، ئەجەب بىز خەقنى ياتلار سورايدىكەنا . بىز خەق دۆتمۇ ياكى يۆلەنچۈكىمىز يوقمۇ ؟

— ئۆزلىرى بىلىلا ، غوجام ، مانجۇ ھۆكۈمرانلارنى سىلىنىڭ چوڭ بوۋىلىرى ئىمىن ۋاڭ باشلاپ كىردى . ئۇلارغا غالدان بىلەن ئىامىۇرسىىنىانىي يىوقىتىشىپ بېرىڭلار دەپ يالۋۇرمىغان بولسا بوپتىكەن . قالماقنىڭ زۇلۇمى بۇلارنىڭكىدەك بولماس ئىدى .

— ئىمىىن ۋاڭ بىوۋىمىز بۇلارنى كىرىۋېلىپ چىقماڭلار دېمىىگەن بولغىيدى ، — دېدى ھېكىمبەگە غوجام ئۇھ تارتىپ قىويىۇپ ، — جۇڭغارلارنىڭ ئەلىمى ئۆتۈپ كېتىپ تۇرپانغىمۇ ،

يەكەنگىمۇ تەھدىت سالغاچقا ئامالسىز شۇنداق قىلغان . مەزەمزات ھېكىم ، ئابدۇرۇسۇلبەگ ، ئەلاخانلار مانجۇلارنى قوغلىۋېتىۋىدى ، ئورۇسلار بېسىپ كىردى . ھېلىقى گا سىلىڭ دېگەن تۆڭگانمۇ شىڭ دۇبەننى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى . ئۇنىمۇ يەنە شۇ ئورۇسلار ساقلاپ قالدى .

— ھەي غوجام ، بۇ شىڭ دۇبەنىنىڭ پەيلى يامان ، ئورۇسلارغىمۇ يانىدىغاندەك قىلىدۇ . ئۇ جياڭ ۋېيىۋەنجاڭدىن قورقۇپلا ستالىننىڭ قولتۇقىغا كىردى . ستالىننىمۇ ياقتۇرمايدۇ بۇ .

ئۇلار ئۇزاق ، تولىمۇ قىزغىن سۆزلەشتى . ئاخىر ياۋ سىلىڭ بىلەن نەزەرخان غوجا سۆزلەشمەكچى بولۇپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى .

ئۇلار بىللە خۇپتەن ئوقۇدى . ھېكىمبەگ غوجام ئىمامىلىق قىلدى .

نەزەرخان غوجام قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ھېكىمبەگ غوجام ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇردى . ئۇ ئۆزىدىن ياش ، ئورۇسچە كىيىنىپ ، بويىنىغا گالستۇك تاقاپ ، ساقالمۇ قويماي شىڭ دۇبەن ، ستالىنلارنى دوراپ بۇرۇت قويۇپ يۈرىدىغان بۇ دوتەيگە ئىشەنمەيتتى . غوجام ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى . نېمىشقا بۈگۈن ئېھتىياتنى قايرىپ قويدى ـ ھە ؟ كىم بىلىدۇ ، شۇ تاپتا نەزەرخان غوجا چيۇ سىلىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ غوجامنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ بەش ئادىمىنىڭ بىرىنچىسىگە غوجامنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتامدۇ تېخى . غوجامنىڭ تارىخ بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدىغۇ ، بۈگۈن نېمە بولۇپ ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى سوراپ كەتتى ـ ھە ؟ ياۋ سىلىڭ دېگىنى غوجامنىڭ پېيىغا چۈشكەن ماشكىمۇ تېخى . ياخشى گەپنى كىم قىلمايدۇ ؟ ياخشى گەپ قىلغانىنىڭ قولى پاكىز بولسا ، شىڭ دۇبەنىنىڭ ئىككى قولىمۇ غوجامنىڭ چىرايلىق قىزى مۇنەۋۋەر بۇۋىنىڭ قولىدەك ئاپئاق بولمايتتىمۇ ؟ شىڭ دۇبەننىڭ قوللىرى

كۆنگە ئون قوي بوغۇزلايدىغان ئوقىتى ياخشى قاسساپنىڭ قولىدەك دائىملا قان تۆرىدىغۇ ...

غوجام قىرىلارغا خاس گۇمانخورلۇق، ئەندىشە بىلەن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان چىرايلىق خوتۇنىغا ھال ئېيتماقچى بولدى. خوتۇنى ماغۇق ياستۇقنى مەيدىسىگە تېڭىپ ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ بەلكى چۈشىدە يىراقتىكى ئامراق قىزى گۆھەربانۇم بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندۇر. ھەي بىچارە ئانا، ئانا بولماقمۇ، دوتەي بولماقمۇ، زېمىندار بولماقمۇ تەس. ھېچنېمىسى يوق يېتىمچى ياكى دېۋانىلەرنىڭ غېمى يوقمىكىنتاڭ. ئۇ تۈنۈگۈن مۇتائالى خەلپەتتىن:

— خەلپىتىم، سىز شەھىرىمىزدىكى ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ بىلىملىك چوڭ خەلپەت، موللا تۇردى خەلپىتىمدىن ھېسابلىغاندا سىز يەتتىنچى ئەۋلاد خەلپەت، لەۋەي، ئېيتىڭا، دۇنيادا غەمسىز ئۆتكەن ئادەممۇ بارمىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، گەۋدىلىك، ساقاللىق خەلپىتىم ئادىتى بويىچە غادىيىپ تۇرۇپ:

— نەسۇھا دامولىلىنىڭ:

قەدىردانىڭ بولمىسا قەدرىڭنى بىلمەس ھېچ كىشى،
قەدىر بىلمەس ئادەمنىڭ سەن بىلەن نېمە ئىشى.

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى بار. قەدىر بىلمەسلەر غەمسىز بولىدۇ، غوجام. قەدىردانلارنىڭ غېمى كۆپ بولىدۇ. مەن «ئەبۇۋابىل ئەنبىيە»، «تاقۋائىدۇل ئىلال» (خارسىز) دېگەن كىتابلارنى يازدىم. شۇ كىتابلىرىمدا «غەم - قايغۇ ساۋاب ئىزدەشنىڭ ئالامىتى» دېدىم. «ئەمەلى ناماز» دېگەن كىتابىمدا يۈز ئاتلە پەرھىزنى يەشتىم. پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆزى جەبىر - جاپالارنى ئىزدىگەنلىك بولىدۇ. غوجام، ئادەم قىلىپىدىن چىققانلارلا غەمسىز بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە غوجامغا ئۆزىنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

ئەي بۇرادەر، يۇزدە ئالتە پەرھىزلەردىن يادە قىل،
تا كىرەرسەن ئۇل قىيامەت، ئۇ بېھىشقا بى دىلىل.

بىر يۇز ئالتە پەرھىزنى ئادا قىلىمەن دېگەن ئادەم ئەزىز بەندە بولالايدۇ. ئەزىز بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جەبىر ـ جاپا، غەم ـ غۇسسە بىلەن ياشىماق لازىمدۇر.

غوجام مۇتائالى خەلپىتىمنى ياخشى كۆرەتتى: ئۇ ئادەمگە نېمىلا دېسەك بولىۋېرەتتى، لېكىن مۇنۇ نەزەرخان غوجام دېگەن دوتەي قانداق ئادەمكىن؟ ئۇ پەيغەمبەردەك ئەللىك سەككىزدىن ئەللىك توققۇزغا كىرمەيمەن دەيدىغۇ، ئەمەل ئۆمۈرنىڭ مىتىسىمۇ نېمە؟ بەلكى ئۇ ئادەم دوتەي بولماي مۇنۇ مۇتائالى خەلپىتىمدەك باغۋەنچىلىك قىلغان بولسا ياش تۇرۇپ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە بولمىغان بولاردى... ئۆلۈم ھەق، لېكىن نەزەرخان نېمىشقا پىسەنت قىلمايدۇ. تۇرپاندا ئۆتكەن ئىمىن ۋاڭ ئۈچۈن ئوغلى سۇلايمان ۋاڭ ئېگىز مۇنار تۇرغۇزدى، مۇنارنىڭ ھەربىر پەلەمپىيى يېرىم مېتىر كېلىدۇ. شۇنچە ئېگىز مۇنار ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۆلۈغ تۆھپىسىنىڭ نىشانىمۇ ياكى بۇ دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسىمۇ... ئالتۇنلۇقتا ياتقان بوۋىلارچۇ... گۇرۇلدىگەن نېمە بۇ، بورانمۇ يا ئىلى دەرياسىمۇ...

غوجام ئۇخلاپ قالدى، ئەمما تەبىئەت ئۇخلىمىدى. بوران گۈركىرىمەكتە، قارلار ئۇچماقتا، دەرەخلەر قار چاڭگىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق سىلكىنمەكتە، زاۋۇتلار ھۇۋۇلاشماقتا، قوراللانغان ساقچىلار، ئەسكەرلەر ھەم يېپىق دەرۋازىلارنى ئەسەبىيلىشىپ قاقماقتا. غوجام شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ... تەبىئەت ئۇخلىمىغان، ھايات ئۇخلىمىغان، ئىنسان ئۇخلىمىغاندى...

... دىخۇا[1] شەھىرىنىڭ جەنۇب، شىمال قوۋۇقى ئارىلىقىدىكى

① دىخۇا — ئۈرۈمچىنىڭ 1763 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ئاتىلىشى.

زىچ ئۆيلەردىمۇ ھاياتلىق ئۆز يولى بىلەن بارماقتا. ئىشىكلىرى ھىم، قەدىمىي جۇڭگو بىناكارلىقىنىڭ ئۆلگىلىرىنى نامايان قىلىپ ياسالغان ئۆيلەردە ھاراق ئىچىۋاتقان، چاڭچىلە ئېيتىۋاتقان، ماجاڭ ئويناۋاتقانلار دۇنيادىن بىغەم. شىمالىي قوۋۇقتا يېقىن جايلاشقان دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئورمانلىق بېغىدا قوراللىق ئەسكەرلەر تىك تۇرماقتا. ئىككىنچى قەۋەتتىكى كەڭ، ئازادە ئۆيدە قىزىل ئۆتۈك، ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، مۇرىسىدىكى گېنېرال پولكوۋنىكلىق پاگون، بېلىدىكى قىلىچ، تاپانچىلىرى بىلەن سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان ئاق يۇزلۇك، قارا بۇرۇتلۇق، يوغان كۆزلىرى بۆرتۈپ چىققان، چاچلىرى قويۇق ۋە قاپقارا، قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن ساغلام بىر ئادەم تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، ئۇياقتىن - بۇياققا گىلەم ئۈستىدە مېڭىپ يۈرمەكتە. بۇ ئادەم بايىلا كىرىپ ئۆزىگە تەپ تارتماستىنلا:

— شېڭ دۇبەن، سەنمىنجۇينى ياخشى ئىجرا قىلىمەن دېسىڭىز قېيناتىڭىزنى غۇلجىدىن يۆتكىۋېتىڭ، بولمىسا غۇلجىدا چوڭ ۋەقە پارتلايدۇ! — دېگەن قاپ يۈرەكنى ئويلاپ قالدى.

شېڭ دۇبەنگە ھېچكىم بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلالمايتتى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئارقا تىرىكى يەنئەن، يەنئەن شۇنچە چوڭ جايمىدۇر - ھە؟

— لى يىڭچى! — دېدى شېڭ دۇبەن قاتتىق ۋارقىراپ.

— خوپ! — سىرتتا باياتىن بۇيرۇق كۈتۈپ تىك تۇرغان ۋىجىك، دۆڭ قاپاق، سۇرلۇك ھەربىي باشلىق قاتتىق ۋارقىرىدى ۋە ئۆيگە كىرىپ دۇبەنگە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ چاس بەردى.

— ھازىرلا غۇلجىغا ماڭ، — دېدى شېڭ دۇبەن ساقچى باشلىقىغا بۇيرۇق بېرىپ، — ئىلقا تاغلىرىدا قوراللىق باندىتلار پەيدا بوپتەك. غۇلجا بايلىرى پۇل چىقىرىپ قەشقەردىن كىرىۋاتقان قورال ئەتكەسچىلىرىدىن ئەنگلىيە قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ باندىتلارنى قوراللاندۇرۇۋاتقۇدەك. بىزنىڭ نەزەرخان دوتەينى كۆزىتىۋاتقان مەخسۇس ئادەملىرىمىز بار. بېرىپ شۇلار بىلەن

سۆزلەش ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئوبدان ئىگىلە . چيۇ بوۋاي ماڭا ياخشى گەپنىلا قىلىدۇ . خىزمەت قابىلىيىتى ، ھوشيارلىقى تۆۋەن ، ئەپيۇن چېكىدۇ ، قىرىغىنىغا قارىماي خوتۇنپەرەس . ئۇنىڭ ئۇستىدىن سوۋېت كونسۇلىمۇ ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتتى . ئۇنى يۆتكەپ كەلمىسەك بولمىدى . ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى ياۋ سىلىڭنى قويماقچىمەن ، ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەل ، گۇمانىم بار !

— خوپ ، دۇبەن جانابلىرى ، مەن ھازىرلا ماڭىمەن ! — لى يىڭچى شەرقىي شىمالىلىقلارغا خاس ساداقەتمەنلىكىنى ، چەبدەسلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تىك تۇرۇپ چاس بەردى .

— ھېلىقى تىزىملىك قېنى ؟

— مانا ، دۇبەن جانابلىرى !

لى يىڭچى قولىدىكى قاتتىق تاشلىق دەپتەرنى ئېچىپ بىر ۋاراق ئۈزۈن قەغەزنى ئالدى . شېڭ شىسەي قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەل چىراغلىرى بار ئالاھىدە يېزىق ئۇستىلىگە كەلدى . سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ بىرنەچچىسىگە بەلگە ئۇردى :

— بۇلار ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلار ، دەرھال تۈرمىگە تاشلانسۇن ، ئۇلارغا مۇنۇ ئىككىسىنى قوشۇپ قويدۇم .

— ئەتە ئەللىك تۆت ئادەم ئۇزايدىغان بولدى ، تۈنۈگۈن قىرىق سەككىز ئىدى .

— كۆپىيىۋاتىدۇ دېمەكچىمۇسەن ؟

— ياق ، ئەكسىچە سۈرئەت تېخى مېنىڭ مۆلچەرىمگە يەتمىدى . كىچىك كۆلەملىك جەڭدىمۇ كۆنگە يۈز ئادەم ئۆلىدۇ . بىزنىڭ جېڭىمىز كىچىك جەڭدىنمۇ كىچىك بولۇۋاتىدۇ !

— ئالدىرىما ، چوڭ جەڭ ئالدىمىزدا ! — دېدى شېڭ دۇبەن قولىنى كۆتۈرۈپ ، بۇ ئۇنىڭ چىقىپ كەت دېگىنى ئىدى .

لى يىڭچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ :

— چى فۇگۇەن ! — دېۋىدى ، مۇھاپىزەتچىسى بوسوغىدا تىك

تۇرۇپ:
— خوپ! — دېدى.
— مالىكوۋا كىرسۇن!

هايال ئۆتمەي سېرىق چاچ، كۆك كۆز، ئاق، سۇزۇك بىر قىز بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— ماڭا ئەمدى چولىڭىز تەگدىمۇ، شېڭ دۇبەن؟ — دەپ نازلاندى قىز خەنزۇچە چىرايلىق سۆزلەپ.

— تۈن تېخى ئۇزۇن، نەچچە مالىكوۋاغا يېتىدۇ!

سېرىق چاچ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ يادىغا 1938 ـ يىلى يازدا ستالىن بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ستالىننىڭ ئۇنى ماختىغانلىقى يادىغا كەلدى، شېڭ دۇبەن كومپارتىيىگە كىرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، ستالىن: «ئاۋۋال كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا كىرىڭ» دېدى. شېڭ شىسەي ستالىننىڭ ئالدىدا ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ چاس بېرىپ:

— مەن شېڭ شىسەي كوممۇنىزمغا سادىق، ستالىنغا سادىق جەڭچى، ئۆلگۈچە سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنىڭ دۇنياۋى غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن! — دېدى.

— چيۇ زۇڭجۈن سىزنىڭ قېيناتىڭىز، ئۇنى سىز هۆرمەتلەيسىز. لېكىن، ئۇ ئاقساقال ئىلىدا خىيانەتچىلىك قىلىپ، خالىغىنىچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىپ سىزنىڭ ئوبرازىڭىزنى بۇلغىماقتا. گۇناهسىز كىشىلەرنى تۇتىدىغان، قامايدىغان قىلمىشلىرىڭىزنى ۋاقتىدا تۈزىتىڭ. ناۋادا چيۇ سىلىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان بولسا ستالىن ئۇنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى. سىزنىڭ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىڭىزنى ستالىن ئاڭلاپ قالسا ... شېڭ دۇبەننىڭ يادىغا ستالىننىڭ يىرىك بۇرۇتى، قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان سىرلىق كۆزلىرى كەلدى. ئۇنىڭ بەدىنى مۇزلىدى. ئۆزىنىڭ ئۇستازى لېنىننىڭ يېقىنلىرىنى ئايىمىغان ستالىن ئۇنى ئاياپ قويارمۇ؟ ياق، ئايىمايدۇ. كىم بىلىدۇ، مۇنۇ سېرىق چاچ، چىرايلىق قىز

ستالىننىڭ ئۇنى كۆزىتىشكە ئەۋەتكەن ئادىمىمۇ ...

ئۇ قىزنىڭ نازۇك بەللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ خانىسىغا ئاستا ئېلىپ ماڭدى ... ئۇلارمۇ ئۇخلاپ قالدى. لېكىن، ھايات ئۇخلىمىدى، تەبىئەت ئۇخلىمىدى ... غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر ئۆيىدە ھېلىھەم چىراغ يېنىق. ئۇ يەردە رۇسۇلوف ئورنىغا سۆزلىمەكتە ...

## 12

رۇسۇلوف ئېگىز، ئورۇق، دۇمچەكرەك، كۆزەينەك تاقىۋېلىپ خىيال بىلەن يەرگىلا قاراپ ماڭىدىغان ئادەم. ئۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئالمىلىق بېغى بار، ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدىدا بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، تولىمۇ پاكىز، تولىمۇ جىمجىت، يوغان دەرۋازىلىق ھويلىنىڭ قىبلە تېمىدىكى كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇرىدۇ. ئۇ گىمنازىيىگە پىيادە بارىدۇ. مۇئەللىملەر ئىشخانىسىغا كىرىدۇ - دە، تىكلىمە ئەينەككە قاراپ كارىشناۋاي كاستۇم - بۇرۇلكىسىغا ياراشقان قىزغۇچ گالستۇكىنى تۈزەشتۈرىدۇ، ھېچكىمگە گەپمۇ قىلماي ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتىدىغان دەرسىنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. قوڭغۇراق «جىرىڭ» قىلىنىش بىلەنلا ئۇ سەككىزىنچى سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ... ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ، ئىشىمۇ، پىكىر - خىيالىمۇ ئۆزى تۈزگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ.

— رۇسۇلوف ئەپەندىم، — دېدى تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشماقچى بولۇپ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمىكىن؟

— رۇسۇلوف دېسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

— يوق دېگەن فامىلىغۇ - ھە؟

— شۇنداق.

— ئىسمىڭىزچۇ؟

— رۇسولوف !
— دادىڭىزنىڭ ئىسمى رۇسولمۇ ياكى بوۋىڭىزنىڭ ئىسمىمۇ ؟
— رۇسولوف ، ھەممىسى رۇسولوف ! — دېدى ئۇ بۇ قېتىم سوغۇقلا قىلىپ . تەنتەربىيە مۇئەللىمى جىمىپ قالدى . باشقىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى ، ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمىدى . ھەممە ئادەم بىلىدۇ ، بۇ ئادەمدىن باشقا جاۋاب چىقمايدۇ . ئۇ ئادەم قاچان ، قەيەردىن كەلگەن ، نەدە ئوقۇغان ، نېمىشقا بىلىمى شۇنچە مول ، نېمىشقا قىرىق يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئۆيلەنمەيدۇ ، ئۇنىڭ مىللىتى زادى نېمە ؟ ئۇ ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، ئۆزبېكچە ، تاتارچە ، رۇسچە ھەتتا خەنزۇچىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ . نەدىن سوئال سورىساڭ جاۋابى تەييار ، ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى ، زور ۋەقەلەرنى يىل ، ئاي ، كۈنلىرىگىچە شۇنچە تېز دەپ بېرەلەيدۇ . تارىخ ، پەلسەپە ، جۇغراپىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىمۇ ، تەبىئىي پەنلەرنىمۇ پۇختا بىلىدۇ . ھازىر بىلىم يۇرتىدىكى مۇئەللىملەردىن ھېچكىم ئۇ يەردە بىرەر ئىلمىي مەسىلە توغرىسىدا گەپ قىلالمايدۇ . ئۇ بىر سىرلىق ئادەم ، ئۇ بىر لۇغەت ، قامۇس . ئۇنىڭغا ھەممىنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ . ئۇ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ قالسا ، ھېچكىمگە مىدىرلاپمۇ قويمايدىغان سورلۇك مۇدىرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ مۇئامىلىسى سىلىق : «كەچۈرۈڭ» دېگەن سۆزنى بۇ يەرگە رۇسولوف تارقاتتىمىكىن . ئاۋازىمۇ يېقىملىق ، ئۇ دەرس سۆزلىسە ئوقۇغۇچىلار ۋاقىتنىڭ قانداق توشۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىدۇ . ئۇ كوچىدا ھېچكىمگە قارىماي ئىتتىك ماڭسا ، ئادەملەر «بىزگە بىر قاراپ قويسىدى !» دەپ ئارمان قىلىدۇ . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ھەممىلا ئادەم تەشنا ، لېكىن ئۇ بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئازادە سۆزلىشەلەيدۇ . مانا شۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ ياش يىگىت نۇرى . نۇرى بۇ مۇئەللىمگە بىر پارچە ماقالىسى بىلەن ياراپ قالغان . ئۇ چاغدا رۇسولوف نۇرنىڭ سىنىپىغا ئەدەبىيات دەرسىگە كىرەتتى . ئۇ قولىغا ھېچ نەرسە ئالماستىنلا لېرمونتوفنىڭ

«زامانــىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن كىتابنى سوزلەپ بەردى .
باللار قىزىقىپ ئاڭلاشتى . رۇسۇلوف مۇئەللىم ئاخىرىدا سىلەرمۇ
«زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىپ كېلىڭلار ،
دەپ تاپشۇرۇق بەردى . يەنە بىر قېتىمقى دەرستە مۇئەللىم بىر
دەپتەرنى كۆتۈرۈپ :

— نۇرى زىياۋۇدۇن كىم ؟ — دېدى .

— مەن ! — دېدى نۇرى ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ياتاقتىمۇ ؟

— ھەئە ، ئەپەندىم .

— ئالتىنچى سائەت دەرستىن كېيىن قىرائەتخانىغا كىرىڭ !

نۇرنىڭ قىسقا ھېكايىسى مۇئەللىمگە ياققانىدى . نۇرى بىر
ئــات ئــۇچۇن ۋەھشىي دۇشمەنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ نەچچە يىللاپ
كۈرەش قىلغان مۇختەر چوڭ دادىسىنى «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»
دەپ تەسۋىرلىگەنىدى .

— بىزگە ھازىر مانا مۇشۇنداق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە
ئۇچۇن جېنىنى تىكەلەيدىغان مەردلەر كېرەك ! — دېدى مۇئەللىم
نۇرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ، — ئانا تۇپراقنىڭ بىر تال گىياھى ،
بىر تال تېشىنى جېنىدەك ئەزىز كۆرىدىغان مەردلىرىمىزدىن مىڭى
بــولــسىدى ··· — مــۇئەللىــم ھاياجــان بىــلەن قىــرائەتخانــىدا
ئــۇيــاقــتىن ـ بۇياققا ماڭدى . ئۇ ئەتىسى نۇرنىڭ ھېكايىسىنى
سىنىپتا ئوقۇتتى . ئۇنىڭدا قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان دېھقان
بالىسىغا ئىشەنچ ، ئۈمىد پەيدا بولغانىدى . ئۇ نۇرنى ئۆز ئۆيىگە
بــاشــلاپ بــاردى . ئۇنىڭ ئىچكەركى ئۆيىدە بىرلا كارىۋات ، بىر
ئۈستەل ـ ئورۇندۇق ، بىر گىتارلا بار ئىدى . قالغان يەرلەرگە
تــاختايدىن تاختۇش ياساپ كىتابلارنى تىزىۋەتكەنىدى . تاشقىرىقى
كىچىك دالاندا سۇپا ، سۇ تۇڭى ۋە بىرنەچچە ساندۇق بار ئىدى .
مۇئەللىم نۇرىغا ئۆيىنىڭ بىر ئاچقۇچىنى بەردى . نۇرى ئۆيگە سۇ
تــوشــۇپ ، ئــوت قــالاپ قــويــدىغان ، كىتابلاردىن خالىغىنىنى
ئــوقــۇيــدىغان بولدى . نۇرى ئۇچۇن رۇسۇلوف دۇنيادىكى ئەڭ

مۇكەممەل ئادەم ئىدى. ئۇ رۇسۇلوفنىڭ دېگىنىنى ئۇلۇغ كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەردەك مۇقەددەس بىلەتتى. «ئۇنىڭ قىل دېگىنىنى قىلسام، ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئەخلاقىنى دورىيالىساملا يارامىلىق ئادەم بولالايمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

مانا، بۈگۈن يەكشەنبە ئەتىگەندىلا ئۇ رۇسۇلوفنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ رۇسۇلوفقا دادىسى بىلەن كېچىدە قاسىم مىرابنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكى، سەبىخە توغرىسىدىكى گەپلەرنى قاسىم مىرابقا دېگەنلىكى، قاسىم مىرابنىڭ ئەتىسى ئاتلىنىپ بۇ گەپنى دېيىش ئۈچۈن ھېكىمبەگ غوجامنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكى، غوجامنىڭ بۇ ئىشنى نەزەرخان غوجامغا دېيىش زۆرۈر دېگەنلىكى، قىزنى غوجام ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى بىلەن ئوردىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. رۇسۇلوف قوشۇمىسىنى تۈردى:

— سىز ئۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەنمۇ؟

— شۇنداق ... — دېدى نۇرى قىزىرىپ يەرگە قاراپ.

— مەن سىزگە بۇنداق ئىشتىن ئۆزىڭىزنى قوغداڭ دېگەنىدىمغۇ؟

— جىق تىرىشتىم، ئەمما ...

— قولۇمدىن كەلمىدى دېمەكچىمۇ سىز؟

— ...

— سىز ھايات يولىدا بىرنەچچە قەدەم چېكىنىدىڭىز، — دېدى رۇسۇلوف جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، — ھېلىھەم توغرا ھەل قىلسىڭىز يول ئۇزۇن.

— ئۇ قىز ھازىر خەۋپ ئىچىدە. ئەتە ئۈچ كۈن توشىدۇ، ۋەھشىي بۆرىلەر ئۇنىڭغا تاشلىنىدۇ. ئۇ قوغداشقا موھتاج. چوڭ دادامنىڭ قارىغىر ئېتىدىن سەبىخە قىممەتلىك، ئەپەندىم.

— سىز ئۇنى قوغداشقا جېنىمنى ئاتىدىم دېمەكچىمۇ؟

— ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشەنچى مەندە!

— ياخشى، — دېدى رۇسۇلوف نۇرىغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، — ئۇنى بىرلىكتە قوغدايمىز، سىزلا ئەمەس، بىز

ھەممىمىز !

«بىز» دېگىنى كىم؟ نۇرى چۆخچىلاپ سوراشقا پېتىنالمىدى .

— سىز ئۆيدىن چىقماڭ ، مەن كەچرەك قايتىپ كېلىمەن ، — رۇسۇلوف قېلىن پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ تالاغا ماڭدى ، — ئاۋۇ گۆشنى شورپا سېلىپ قويۇڭ ، ئەنە نانمۇ تۇرۇپتۇ ، تەكرارلايمەن ، ھويلىدىن چىقماڭ !

نۇرى قازانغا گۆشنى سېلىپ ئوت ياقتى ـ دە ، كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇ قازاننىڭ قايناپ سوغۇلۇپ ، ئوتلارنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ، تالانىڭ تۈن پەردىسى بىلەن قاپلانغانلىقىنى تۇيماي «كاپىتان قىزى» نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ پوگاچېوفنى كۆڭلىدە غېنى ئوغرىغا ئوخشاتتى . «غېنىكام ئۇقسا كەسكىن گەپ قىلاتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ مەشكە قايتىدىن ئوت قالاۋېتىپ . ئۇنىڭ خىيالىغا پاجىئەگە يولۇققان كاپىتان قىزى كىرىۋالدى . بۇ كاپىتان قىزى سەبىخە ، يىگىت نۇرى ، پوگاچېوف غېنى ئاكىسى . ئۇنىڭ خىيالىغا سەبىخە كېلىش بىلەن ئۆيدە ئولتۇرالماي قالدى . ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا دادىسى ئۇلارنى خالتار ئات بىلەن قاسىم مىرابقا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە پىيادە كەتتى . قاسىم مىراب ئاتنى مالايلىرىدىن ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ شەھەردىكى ئۆيىگە كىرگۈزۈپ بەردى . مالاي مىڭبېگىگە :

— تونۇمايدىغان بىرى ئاتنى بىزگە ئەكېلىپ بېرىپ كەتتى ، قىزىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى دېمىدى ! — دەپتۇ . مىڭبېگى خاپا بولۇپ مالايىنى تىللاپتۇ ، ئاسىيە خېنىم يىغلاپتۇ . «بۇ چاغقىچە چىۋۇ سىلىڭنىڭ بالىسى خەۋەر تاپتى ، ئۇ چوقۇم ئىزدەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى نۇرى رەللە بولۇپ . ئۇ سىرتقا چىقاي دېسە رۇسۇلوفنىڭ «چىقما» دېگىنىدىن قورقتى . چىقماي دېسە «سەبىخە نېمە بولغاندۇر ، غوجام دادىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا ، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ يولىدىمۇ ياكى چىۋۇ سىلىڭنىڭ بىر مەخپىي ئۆيىدىمۇ ؟ ...» دېگەن خىياللار بىلەن ئازابلاندى . ئۇنىڭ كۆز

ئالدىغا سەبىخەنىڭ چۇۋۇلغان سېرىق چاچلىرى، يىرتىلغان كىيىملىرى، ئىششىغان قاپاقلىرى، ياشلىق كۆزلىرى كەلدى - دە، ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى: نەلەردىدۇر ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، يىغلىشاتتى، ئاتلار دۈپۈرلىشەتتى، مىلتىق ئاۋازى كېلەتتى. قاپقاراڭغۇ تۈن قوينىدا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئۇ يەنە ھەربىر يىغىن قاتناشچىسىغا ئۆز مىللىتىدىن باشتىن گۇمانلىق ئادەمنى كۆرسىتىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنلىكىنى، شۇ تۈن قوينىدا يۈزلەپ ئادەمنىڭ تۇتۇلغىنىنى، ئۇرۇمچىدىن ئالاھىدە ئەسكەرلەر كېلىپ شەھەردە قاتتىق ئاختۇرۇش، تۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى، قانچىلىغان ساۋاقداشلىرى، مۇئەللىملىرىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ بولغىنىنى، مۇشۇ كوچىدىمۇ قوراللىق ئەسكەرلەر ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئادەم تۇتۇپ يۈرگىنىنى بىلمەيتتى.

دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. نۇرى دەرھال چىراغنى ئۆچۈردى - دە، ئۆينى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ دېرىزىسىدىن ئۆيگە كىرىپ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئەتتى ۋە سىرتتىكى ۋەھىمىلىك ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى:

— ئاچ! — دېدى بىرلىرى قاتتىق ۋارقىراپ.

ئۆي ئىگىسى قېرى ئىمام جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ پېشايۋاندا پەيدا بولدى.

— مانا، مانا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كەشىنى شىپىلدىتىپ بېرىپ دەرۋازىنى غىچىلدىتىپ ئاچتى. ھويلىغا گۈلدۈرلىشىپ ئادەملەر كىرىشتى، ۋارقىراشتى، تەرەپ - تەرەپتىن ئاختۇرۇشتى. مانا رۇسلوفنىڭ ئۆيىگىمۇ ئادەملەر كەلدى:

— بۇ نېمە ئۆي؟

— ئەپەندىمگە ئىجارىگە بەرگەن.

— ئۇ قېنى؟

— بويتاق ئادەم، ئاغىنىلىرىنىڭكىگە كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئاچ!

— ئاچقۇچ ئۆزىدە !
— ئاچ دەيمەن !
— ئاچقۇچ مەندە يوق !
— قۇلۇپنى بۇز !

بىرى قۇلۇپنى پالتا بىلەن ئۇردى. نۇرى دالاننىڭ باغقا قارايدىغان دېرىزىسىنى ئاچتى - دە، باغقا سەكرەپ چۈشۈپ دېرىزىنى يېپىپ قويدى. ئۆيگە ساقچىلار بېسىپ كىردى، قەغەزلەر يىرتىلدى، كىتابلار تالاغا تاشلاندى. بىردىنلا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈلخان پەيدا بولدى. خېلىدىن كېيىن ھويلا جىمىپ ئۆي ئىگىسى دەرۋازىنى ئەتتى. نۇرى باغدىن ھويلىغا چىقتى. كىتابلارغا ئوت قويۇلغان، رۇسلوفنىڭ ساندۇقلىرى چېقىلغان، ھەممە نېمە مالىمان قىلىنغانىدى ...

... ھەممە تارتقۇلۇق نۇرىغىلا كېلەمدۇ، نەگىلا بارسا، كىم بىلەن يېقىنلاشسا شۇ يەردە بالا - قازا بار، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەنلا ئېيتىشامدۇ - ھە؟ مانا بايىلا رۇسلوف بىلەن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشىپ، قەلبى شادلىق ۋە ئۈمىد بىلەن تولغانىدى. مانا بىردەمدىلا كۆڭلى غەشلىك، سىغىنىش، ۋەھىمە ۋە نەپرەت بىلەن ئۆرتەنمەكتە. ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بىر بالا ئائىلىسىدىمۇ، مەكتىپىدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ خۇشاللىق تاپالمىسا، بۇ ھاياتنىڭ ھېلىقى گۈزەل نۇرلىرى زادى نەدىكىن؟ ئۇنىڭ خېلى كۆپ دوستلىرى بۇ نۇرنى ئىزدەپ تاپالماي بىرلىرى قېچىپ، بىرلىرى يول تېپىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، تۈركىيىگە كېتىشتى. ئۇلار چەت ئەللەردە ئىزدىگىنىگە ئېرىشەلەمدىكىن؟ بۇ يەردىكىلەر ئارزۇ قىلىدىغان ئاشۇ يەرلەردىنمۇ ئادەملەر نجاتلىق ئىزدەپ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋاتىدۇ تېخى! دۇنيادا ھەممىلا ئادەمگە كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان ماكان يوق ئوخشايدۇ. ئۇ ئوقۇمىغان، ئاپىسى ۋاپات بولمىغان بولسا بەلكى ئۆز مەھەللىسىدە شاد - خۇرام ياشىغان بولاردى. ئوقۇدى، ئاشىق بولدى، ئادالەت ئۈچۈن ئىنتىلدى، بۇ گۈزەل نەرسىلەر مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى،

ئۇنىڭ قەلبىنى بوغدى ، هايات يولىنى ئېتىپ قويدى ...

نۇرى خىيال بىلەن هويلىدا ئۇزاق ماڭدى . ئۇ مۇزلىدى ، چارچاپ قاتتىق ئەسنىدى . رۇسۇلوفتىن تېخىچىلا شەپە يوق . ئۇ ئاخىر هاڭغىرقاي تۇرغان قورقۇنچلۇق ئۆيگە كىردى . كىتابلارنىڭ يىرتىلغان بەتلىرى ، ساندۇقتىن تاشلانغان كىيىم ـ كېچەكلەر ، هەممىلا جايدا چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئۆيىنى يىغىشتۇرغۇسى كەلمىدى . رۇسۇلوف قايتىپ كەلسە مۇشۇ كۆرۈنۈشنى كۆرسۇن دەپ ئويلىدى ئۇ . ئۇ چىراغنى ياندۇرۇپ ئۆزىنىڭ باجىنگىرىنى ئىزدىدى . بايا ئۇ بىر شىبلىتنى پۇتىغا سىپىپلا چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ كۆزى بىر رەسىمگە چۈشتى . رەسىمدە رۇسۇلوف قىسقا چاچ ، چىرايلىق بىر ئايال بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى . بۇ كىمكىن ، رۇسۇلوفمۇ كۈلىدىكەن ـ هە ؟ ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا كۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن «گوركىي» دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئەمەسمىدى ، ئۇمۇ كۈلىدىكەنغۇ ؟ ئۇنى شۇنچە خۇش قىلغان بۇ ئايال ئۇنىڭ نېمىسىكىن ؟

ئايالغا سىنچىلاپ قارىۋىدى ، ئۇنىڭ چىرايى نۇرىغا تونۇشتەك بىلىندى . «بۇ ئاسىيە ئاپپايغا ئوخشايدىغۇ ـ هە ؟ — دېدى ئۇ ئەجەبلىنىپ ، — رۇسۇلوف ئاسىيەنىڭ هېلىقى ئېتىلىپ كەتتى دېگەن ئېرى بولۇپ قالسىچۇ ... ئىلاهىم شۇنداق بولسىكەن . » نۇرى شۇنداق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . «ئۇنى بىز قوغدايمىز» دېگەن رۇسۇلوف سەبىخەگە كەلگەن خەۋپنى ئاڭلاپ . بىز دېگىنى كىملەركىن ؟ ...

... نۇرى قورقۇنچلۇق چۈش كۆردى . ئۇ چۈشىدە ئورىلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالغانىدى . مانا ، ئۆزىگە مىلتىق تەڭلەپ كېلىۋاتقان تۆت ئەسكەر بىلەن ئېلىشتى . تۆت تەرىپىدە تۆت ئەسكەر ، مىلتىقلارنىڭ تۆت قارا تۆشۈكى ئۇنىڭغا توغرىلانغان . بۇ قارا تۆشۈكلەردىن ئوت چىقىدۇ ، ئەجەل ئوقى ئۇ ! تۆشۈكلەر يېقىنلاپ كەلدى . هېچنەدە يول يوق ، ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق . ئۇنىڭ هايات يولى ئېتىلگەن ... يىراقتىن «نۇرى ! »

دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، بۇ سەبىخەنىڭ ئاۋازى ، سەبىخەنىڭ ئاخىرقى ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىۋالسا بولاتتى . «سەبىخە ! » نۇرى قاتتىق ۋارقىرىدى . ئۇ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترىمەكتە ، يۈرىكى ھازىرلا كۆكرىكىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئۇرماقتا : «سەبىخەگە نېمە بولغاندۇر - ھە ؟ غوجامدا ئىشەنچ يوق ، تۇتۇپ بەرگەن بولسىچۇ ؟ چوقۇم تۇتۇپ بەردى . بىزنىڭ ئادەملەر باشقىلارنى تۇتۇپ بېرىپ ئۆزىنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن . ساق قالىمەن دېسەڭ يېقىنلىرىڭنى سات دېمىگەنمىدى ھېلىقى ھەيدەر دېگەن مۇناپىق ! غوجام ئۇنى تۇتۇپ بەردى ، بۇ چۇش ئەمەس ، ئەنە سۇبھى ، سەھەرنىڭ چۇشى چۇش ئەمەس ، رېئاللىق ! »

ئۇ باشقىنى ئويلىمىدى ، ھويلىغا ، تالاغا ، تار كوچىلاردىن چوڭ كوچىغا قاراپ يۈگۈردى . كوچا جىمجىت ، ئۇ يەر - بۇ يەردە قوتۇر ئىتلار سوكۇلدىشىپ يۈرۈشەتتى . ئۇ سۇدەرۋازا مەھەللىسىگە كەلدى . ئۆستەڭدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ ، سۇ شارقىراپ ئاقماقتا ، بايلارنىڭ دەرۋازا ، دېرىزە قاپقىلىرى ھەم يېپىلغان ، كىچىك ئىشىكلىك ئۆيلەردە ياشايدىغان نامراتلارنىڭلا ھېچنېمە بىلەن ئىشى يوق ، ئىشىكلىرى قىيا ئوچۇق . مانا تۇنجى ئادەم ، كىيىملىرى جۇل - جۇل ، مايلىشىپ كەتكەن كۆمۈرچى ئېشىكىنى يۇتى بىلەن تېپىپ خاڭغا ئالدىرىماقتا . ئەنە ، دۇمبىسىگە كىر خالتا ئارتىۋالغان يەنە بىرى پەيدا بولدى . ئۇ سۇ بېشىغا — خىتاي بازىرى تەرەپكە ئالدىراپ كېتىپ بارماقتا . ئۇ چوقۇم ئاشخانىلاردىكى تاشلانغان تاماقلاردىن يېمەكلىك يىغقىلى ماڭدى . مانا بوم ، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن شەھەر ئىچىدىن ئەزان ئاڭلاندى . غوجام چوقۇم بامداتقا چىقىدۇ . مەدرىسىگە ئىلدام باراي ··· نۇرى يۈگۈرۈپ مەدرىسىگە — غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ خانىقاغا يېتىپ كەلگەندە ، ناغرىخانىدىن مەزىنئاخۇنۇم ئاستا چۈشمەكتە ئىدى . «موللا بىلال ئاشۇ پەشتاقتا ئولتۇرۇپ ‹غازات دەر مۇلكى چىن › داستانىنى يازغانىكەن» دەپ پىچىرلاشقىنىمۇ ئۇلگۈردى نۇرى

شۇ ئارلىقتا . ئۇ ئوڭ قولغا ئەگىلىپ ئوردا مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى .

«ئوردا» دەرۋازىسى ھەم ئېتىك ئىدى . ئۇ يان ئىشىككە تەلمۈرۈپ خەش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئۇ تەلمۈرۈش ، تىت ـ تىت بولۇش بىلەن قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمىدى ، ئاخىر ھويلىدىن يېنىك يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، بىرى يان ئىشىكنى ئاچتى . ئۇ قورۇ خىزمەتچىسى ئىدى .

— نېمىگە بۇ يەردە ئولتۇرىسەن ، بالام ؟ — دېدى تېۋىلغا سۈپۈرگە تۇتۇۋالغان پاكار ، چارساقال ئادەم نۇرىغا سىنچىلاپ قاراپ ، — سەنمۇ ھېلىقى قىزنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسەن ؟

— شۇنداق ، چوڭ دادا .

— كەتتى ! — دېدى بوۋاي قولى بىلەن كۈنپېتىشنى كۆرسىتىپ ، — ئاخشاملا كەتكەن .

— نەگە ؟

— رەسىگە ـ دە . قېيۇمبەگ غوجام ، نەزەرخان غوجاملار ئېلىپ كەتتى ، كاتتا قىز ئوخشىمامدۇ ئۇ ـ ھە ؟ غۇلجىنىڭ كاتتىلىرى ئارىلىشىپ كەتتى ئەجەب ! ھى ـ ھى ـ ھى ...

نۇرى ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى . ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى سوراي دېگۈچە بوۋاي يەر سۈپۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى . نۇرى ئىختىيارسىزلا قولىغا تامغا يۆلەكلىك گۈرجەكنى ئالدى ۋە يولدىكى قاتقان قار ـ مۇزلارنى گۈرجەشكە باشلىدى .

— ياخشى ، بالام ، ياخشى ئىشلە ، پۇلۇم يوق ، ئەتىگەنلىك ئىسسىق گىردە بىلەن چاي بېرىمەن ! غوجام چىقمىدى ، — بوۋاي ئارتۇق بىرنەرسە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى . سەبىخەنىڭ ماشىنا بىلەن كەتكەنلىكى راست بولدى . ئۇنى ئۈرۈمچىگە يولغا سالدىمۇ ياكى راستىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ ؟ ... سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن بولسا نۇرى ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەيدۇ ، بەخت تىلەيدۇ ، ئۇنى كۈتىدۇ ، تاكى چاچلىرى ئاقىرىپ بېلى مۈكچىيىپ ، ئاخىرقى

ئۆمىدى ئۆزۈلگۈچە . ناۋادا ئۇنى ئۇرۇمچىگە يولغا سالغان بولسىچۇ ؟

ئۇ چاغدا نۇرىمۇ ئاشۇ يىرتقۇچ ئۇۋىسىغا بارىدۇ . سەبىخەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاخىرقى كۈچى تۈگىگۈچە كۈرەش قىلىدۇ . ئۇ سەبىخەنىڭ ئوقۇيدۇ ، خىزمەت قىلىدۇ دېگەن نامالار بىلەن بىرىپ يىرگىنچلىك ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ، ھوزۇرلىنىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ . ھېچبولمىغاندا بىرى بىلەن ئېلىشىپ جانغا جان ئېلىشنىڭ يولىنى تاپىدۇ . ئىلاھىم ، سەبىخە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن بولسىدى ، ئۇ مەيلى كەلگۈسىدە قايتىپ كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ، ئۇ ھامان خورلانمايدۇ ، ئادەملەرـ دەك كۈن كەچۈرۈپ نۇرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ ...

نۇرى غوجام بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمىدى . ئۇ نەزەرخان غوجامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ كىشىگىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشنى خالىمىدى . ئۇ ئۆز نەزىرىدە مېنى ھۆكۈمەت ئىزدەپ يۈرىدۇ دەپ ئويلايتتى . ئۇ دائىم ھۆكۈمەتنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش كويىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە ، ھۆكۈمەت مېنىڭ ئوي ـ خىيالىمنى بىلىپ بولدى دەپ قارايتتى . بولۇپمۇ گىمنازىيىدىن بىرنەچچە مۇئەللىم ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەھىمىسى كۈچەيدى . ئۇ دائىم «تۇتۇپ كەتسە قانداق قىلىمەن ؟ » دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورايتتى ، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابى ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق قىيناش ، ئاچارچىلىق ۋە ئۆزۈن مۇددەتلىك ئازابقا تەييارلىماقتا ئىدى : قاتتىق يەردە ياتاتتى ، ناچار تاماق يەيتتى ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەيتتى ... ئۇ بوۋاينىڭ چىڭ تۇتۇۋالغىنىغا ئۇنىماي سەبىخەنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن خىتاي بازىرى ، ھەرەمباغلار بىلەن ئايلىنىپ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ يېنىدىكى رەخىمجانلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى . رەخىمجان يوق ، موماي : «رەخىمجان قورغاسقا كەتتى ! » دەپ قويدى . دېمەك ، رەخىمجانمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە كەتكەن . ئۇ بېشى چۈشكەن ، قورسىقى ئاچ ھالدا ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ شەھەرنى ئايلاندى . ئۇ قانچىلىك ماڭغىنىنى

ئۈزسەمۇ بىلمەيدۇ. بىرى ئۇنى نوقۇغاندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى: ئۇ نەزەرخان غوجامنىڭ قوغدىغۇچىسى مۇسا ئىدى: «كالاسكىدا غوجام بار، ماڭ، كالاسكىغا چىق» دېدى مۇسا ئۇنى ئالدىرىتىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — نۇرى غوجامغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، كالاسكىغا چىق! — دېدى غوجام ھارۋىكەشنىڭ يېنىنى شەرەت قىلىپ، — مەن سېنى مەكتىپىڭگە ئاپىرىپ قوياي. سېنىڭ ئوقۇيدىغان ۋاقتىڭ بۇ، بالام. ھېلىقى ئابدۇمەر دېگەن دۆيۈز سىلەرگە جىق كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىپتۇ. قاسىم مىراب ماڭا ھەممىنى دېدى، بالام. ئەمدى قورقما، چىيۇ سىلىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى. بۇگۈن ئۇزىتىپ قويدۇق. تۇتۇلغانلارنى قويۇۋەتتۇق، ياۋ سىلىڭ دېگەن بىر ياخشى ئادەم غۇلجىغا سىلىڭ بولۇپ كەلدى. ئۇ كىشى بۇگۈن چۈشتىن كېيىن گىمنازىيىگە بېرىپ سۆز سۆزلەيدۇ.

— سەبىخەچۇ غوجام؟

— ھە، ھېلىقى ئابدۇمەرنىڭ ئۆگەي قىزىمۇ؟

— ھەئە، شۇ قىز.

— ھا ـ ھا ... — غوجام قاقاقلاپ كۈلدى، — ئۇ قىز بۇ چاغقىچە ئالمۇتىغا يېتىپ باردى، ئاپىسى، سىڭلىسى بىللە كەتتى. ئۇلار ئابدۇمەرنىڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈردى. قېيۇمبەگ غوجاملار ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى!

— غوجام ياخشى قىپتۇ! — دېدى نۇرى ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم خۇشال بولۇپ، — غوجامغا رەھمەت!

— ياخشى قىلدىمۇ، يامان قىلدىمۇ تېخى مەلۇم ئەمەس. چىيۇ سىلىڭنىڭ چېشىغا تېگىپ قويدۇق، ئاخىرى قانداق بولاركىن! ...

نۇرىغا تاغدەك كۆرۈنگەن ئىش غوجام ئۈچۈن كىچىككىنە ئىشكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى بار ئىدى، لېكىن سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ بىر ئىشنى بىلدى: ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭلىرى كىچىكلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، بىر قىزنى پالاكەتتىن

قـۇتـۇلـدۇرۇش ئۇچۇن شۇنچە چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى نۇرىنى ھاياجانلاندۇردى .
— ئەمدى بىزنى تۇتامدۇ ، غوجام ؟
— تـۇتقۇدەك ئىش قىلماي ، ياخشى ئوقۇڭلار ، بالىلىرىم ، سـىـلـەر قـىلىدىغان ئىشلار تېخى جىق . ئۇ ئىشلار كەلگۈسىدە بولىدۇ . ئاڭلىسام ، بالام ، سەن دەرسلەردە ياخشىكەنسەن ، ئەپرىز ئايىم ھەدەڭ دائىم ماختايدۇ سېنى ، ئاسىيە خېنىممۇ كېتەر چېغىدا بـىـزنـىـڭ ئـايـىمغا سېنى ئالاھىدە جېكىلەپتۇ . مېنىڭ ئوغلۇم ھەبىبۇللامنى بىلىدىغانسەن ؟
— بىلىمەن ، غوجام دادا .
— ئـۇمۇ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ .
كالاسكا گىمنازىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى . نۇرى كالاسكىدىن چۈشتى . غوجام ئۇنىڭغا پۇل بەردى :
— خەجلە ، بـالام . مانـا بۇ جـۇ نازىرنـىڭ ئىمـزاسى بار يېـڭى پۇل — يۇەن ! پات ـ پات ئۆيگە بىرىپ تۇرغىن ـ ھە !
كـالاسـكـا ساي بويىدىكى يول بىلەن يۇرۇپ كەتتى ، نۇرى ھـايـاجـانـلـىـنـىـپ قاراپ قالدى . كالاسكا ئوڭغا — نوۋنگورتقا بۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇ ئىككى قەۋەتلىك ياتاق بىناسىغا قاراپ ماڭدى .
مـەكـتـەپ قـوينى تولىمۇ كۆڭۈللۈك . ئۇ يەردىكى كۈنلەر مـەنىلىك ئۆتىدۇ . نۇرى ساۋاقداشلىرىدىن ئىككى ھەپتە كېيىن قـالغان ، ئۇ يېتىشـىۋېلىش ئۈچـۈن كونسىپىك كۆچـۈرۈشى ، ھېساب ـ ئالگېبرا ئەمەللىـرىنى ئىشلـىشى ، نۇرغۇن فـورمۇلىنى يادلىشى كېرەك . كىتابلار ئۇنىڭغا ئارام ، ئۇ ھەربىر فورمۇلىنى يـادلـىغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولىدۇ . پاكىز ، چىرايلىق كـۆچـۈرۈلگەن كونسىپىكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ . ئۇ ئازاب ، ۋەھىمە ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېزلا ئۇنتۇدى . ئۇ ئاخشىمى كەچلىك تەكراردىن چۈشۈپ ياتاقتا ساۋاقداشلىرى بىلەن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا

دۇنيا ، جەمئىيەت ، بايلىق ، نامراتلىق ، ئىلىم ، تەبىئەت ھەتتا قىزلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى . ئوقۇغۇچىلىق ھايات ئۈمىد ، خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان . بۇ ھايات پۈتۈن ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ھېسسىيات ۋە ئۈمىدىگە باي گۈزەل بابى . لېكىن ، بۇ مۇساپىنى بېسىۋاتقانلار بۇنى ھېس قىلالمايدۇ . دوستلىرى بىلەن ئىلىم ، يېڭىلىقلار ئۈستىدە تالىشىش قانداق قىزىقارلىق ـ ھە ! بۇ تالاشلار بەزىدە دوستلارنى ئارازلاشتۇرۇپ قويىدۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆڭۈللۈك .

نۇرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئابرۇيلۇق ، چۈنكى ئۇ تولىمۇ ئۆتكۈر ۋە تىرىشچان . ئوقۇغۇچىلار بىرنەرسىنى بىلمىسىلا ئۇنىڭدىن سورايدۇ . بىر ئىش قىلماقچى بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ ، ئۆيىدىن خالتا كەلسە ئۇنى مېھمان قىلىدۇ . سىنىپ باشلىقى ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سايلىماقچى بولسا ھەممە ئوقۇغۇچى ئۇنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ سىزغان رەسىمى ، يازغان شېئىرلىرى دائىم مەكتەپ تام گېزىتىگە چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ تەنتەربىيىدىمۇ شۆھرىتى بار . مەكتەپ ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ھۇجۇمچىسىمۇ ئاشۇ نۇرى . ھازىر ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ بىر مېتىر سەكسەن تۆت سانتىمېتىرغا يەتكەن . بۇلجۇڭ گۆشلىرى تاشتەك چىڭ ، ناخشا ئېيتسا ئاۋازى يېقىملىق ، دۇتار چالسا كىشىنىڭ دىلىنى ئېزىدۇ .

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى بويىچە تەربىيىلەنگەن . شۇڭا ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ .

مانا بىر ھەپتە بولدى ، مەكتەپنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى رۇسولوف ھېچنەدە يوق . ئۇنى كۆرگەن ئادەممۇ يوق ، ئۇنىڭ خەۋىرىمۇ يوق . مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتۇيدى ، بارغان ئادەم : «ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ كىتابلىرىنى كۆيدۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۆيىدىن كەچقۇرۇن چىقىپ كەتكەنلىكى ، كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە

ئەسكەرلەرنىڭ كىرگەنلىكىنى بىرلا نۇرى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ توغرىدا ھېچكىمگە تىنمىدى. رۇسۇلوفنىڭ يوقىلىپ كېتىشى نۇرى ئۇچۇنمۇ بىر سىر. ئۇ: «بىز قۇتقۇزىمىز» دېگەن ئەمەسمىدى، قۇتقۇزغۇچىلار ئىچىدە ئۇ نېمىشقا يوق ئەمىسە؟ ئۇنى تۇتۇپ كەتكەن ياكى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، شۇ چاغقىچە دېرىكى بولماسمىدى؟ تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپى قويۇپ بېرىلدى. ئۆلگەنلەرنىڭمۇ جەستى تېپىلدىغۇ؟ رۇسۇلوف بولارنىڭ ئىچىدە يوق، ھەممىسىلا رۇسۇلوف توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە، بىرلا نۇرى جىمجىت.

— سەن رۇسۇلوفقا ھەممىدىن بەك چوقۇناتتىڭ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايسەنغۇ، ھەي نۇرى داڭگال، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتىدىغان خونخايلىق يوغان باش ئوقۇغۇچى خىيال سۈرۈۋاتقان نۇرىنى نوقۇپ، — ئېيتقىنا، ئۇ ھاياتمۇ، ئۆلدىمۇ؟

— ئۇ چوقۇم ھايات!

— نەدىدۇر ئەمىسە؟

— ئۆزى بىلىدۇ ـ دە!

— بۇ قانداق جاۋاب، ھەي داڭگال؟

— توغرا جاۋاب شۇ!

بالىلار كۈلۈشتى، نۇرى كۈلمىدى. بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمى، چۈنكى ئۇ رۇسۇلوفنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرىدىن بىر مەخپىي ئىشنى بارلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. ئۇ بەلكى لېنىن، ستالىنلاردەك مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ يەر ئاستى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندۇر. بولمىسا نېمىشقا «بىز قۇتقۇزىمىز» دەيدۇ؟

نۇرىنىڭ ئەس ـ خىيالى شۇ رۇسۇلوفتا. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق گېپى خۇشياقمايدۇ. مانا ھازىرمۇ يېنىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ قوپال گېپى، بالىلارنىڭ كۈلكىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى:

— گەپ قىلمايسەنغۇ ھوي، سۆزگە چۈشۈپ ئېزىلىپ كەتتىڭمۇيا، داڭگال؟

— ياق، ئۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتتى!

— گەپ قىلماڭلار هوي ، ئۇ هازىر شېئىر يېزىۋاتىدۇ .
— ياق ، هېساب چىقىرىۋاتامدىكىن دەيمەن !
— نۇرى ، سېنى جۆيلۈسىمۇ قاپىيىلىك جۆيلۈيدۇ دەيدۇغۇ ، راستمۇ ؟
— دۇنيادا قانچە خىل ئۆسۈملۈك بار ، هەي نۇرى ؟
— نەچچە دەريا بار ، شۇنى دېگىنە !
— ياق ، ئۇ ئاختارمىلىقنى بىلىدۇ ، داڭگال بولغاندىكىن …
— گەپ قىلمىغانغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم بىرىگە ئاشىق ! …
جاۋابسىز قالغان سوئاللار باللارنى زېرىكتۈردى ، باللارنىڭ ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسەيدى .
— ئۇ رۇسۇلوف بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ ! — دېدى ئاخىرقى بىرى . شۇنىڭ بىلەن چاقچاق ، سوئاللار ئاخىرلاشتى - دە ، ياتاق جىمىپ قالدى .
نۇرى راستتىنلا رۇسۇلوف بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى :
— بىزدىمۇ سوتسىيالىزم بولامدۇ ، ئەپەندىم ؟
— چوقۇم بولىدۇ .
— كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسىمۇ بولۇۋېرەمدۇ ؟
— ياق ، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلمىسا سوتسىيالىزم ئۆزلۈكىدىن قۇرۇلمايدۇ - دە .
— بىزدىمۇ پارتىيە قۇرۇلامدۇ ؟
— قۇرۇلىدۇ .
— قاچان ؟
— پات يېقىندا !
— سىز نېمىشقا سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەن ؟
— قوبۇل قىلمىدى .
— نېمىشقا ؟
— شەرتىم توشمىسا كېرەك .
— شەرتى چىڭمۇ ئەمىسە ؟
— چىڭ ، ناهايىتى چىڭ !

— بولشېۋىكلارنىڭ شەخسىي مۈلكى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ھاياتىنى خەلقنىڭ ئىشىغا ئاتىغان.

— ئۇلار ساپلا نامراتلارمۇ؟

— ئاساسەن شۇنداق. ئۇلار شەخسىي پايدا بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۈتۈن دۇنيادا ئادەمنى ئادەم ئېزىدىغان، بىر قىسمىلا باي بولۇپ، كۆپچىلىك نامراتچىلىقتا ياشايدىغان ناھەقچىلىكنى يوقىتىپ كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

— كوممۇنىزم قانداق بولىدۇ، مۇئەللىم؟

— ماددىي بايلىق چەكسىز مول بولىدۇ. ئادەملەر قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدۇ، ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلىنىدۇ. نېمىنى قىلالىسا شۇنى قىلىدۇ، نېمە لازىم بولسا شۇنى ئالالايدۇ. ئەسكەر، دۆلەت، مىللەت دېگەنلەر بولمايدۇ. ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولىدۇ.

— ئائىلە، بالا - چاقىچۇ؟

— مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. كىم - كىمنى خالىسا شۇنىڭ بىلەن بىللە ياشايدۇ، خالىمىغاندا ئايرىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

— ئەجەب قىزىقكەنا، مەكتەپچۇ؟

— بەلكى ھازىرقىدەك بولماس. ئادەملەر ئاڭلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇيدىغان بولىدۇ. پەن - تېخنىكا بەك يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ھەممە نەرسىلەر ئېلىم - پەن بىلەن بولىدۇ، شۇڭا ئوقۇماقمۇ ئاسان بولىدۇ. ئوقۇش تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالىدۇ. ئادەملەر تاماق يېمىسە، ئۇخلىمىسا بولمىغانغا ئوخشاش، ئوقۇمىسىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ...

... نۇرى ئاڭلىمىغاننى رۇسۇلوفتىن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ھايات، جەمئىيەت ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىدە ئاجايىپ

يېتىلىقلار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ خىيالىدىكى جەمئىيەت بىلەن خىيالىدىكى ئادەملەر ئەتراپىدىكىلەر بىلەن زادىلا ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭچە، بىرلا رۇسۇلوف ھەقىقىي مۇكەممەل ئادەم ئىدى. جەمئىيەت، تۇرمۇش بولسا ئۇنىڭ خىيالىدىكىدىن تولىمۇ يىراق، تولىمۇ پەرقلىق ئىدى. بۇ خىل جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى ئۆزگەرتىش بىر ھەقىقىي ئىنساننىڭ ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتە مەسئۇلىيىتى بار جاۋابكار ئادەم ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ «ھايات — كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن سۆزنى دائىم تەكرارلايتتى.

نۇرى خىيالىدا رۇسۇلوف بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆزلەرنى ئىچىدە تەكرارلىدى. ناۋادا ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىمەن. بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزدىن يۈز نەپەر رۇسۇلوف مەيدانغا چىقسۇنا، ھەربىرىنىڭ يۈزدىن مۇرىتى بولسا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قانچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولارىدى ـ ھە؟ «غوجاملار ئادىل بولغان تەقدىردىمۇ ئەمگەكچىنى چۈشەنمەيدۇ. سەۋەبى: ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىر تالمۇ قاداق يوق. ھالاۋەت ئۇلارغا خۇدا بەرگەن نېمەت. ئۇلارنىڭ ھالاۋىتى بەرىبىر ئەمگەكچىنىڭ قان ـ تەرىدىن كەلگەن. ئۇلار بۇنى ئېقرار قىلمايدۇ. ئىقرار قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئەزگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولغان بولىدۇ...» رۇسۇلوفنىڭ غوجاملار توغرىسىدىكى بۇ سۆزلىرىنى ئەسلىگەندىن كېيىن نۇرى نەزەرخان غوجامنىڭ ئۇچەدەرۋازىدىكى كاتتا قورۇ ـ جايى، قىرىق ئېغىزلىق دۇكان، ئۆيىدىكى باياشاتچىلىق، ئەپرىز ئايىمنىڭ قول ـ بويۇن، قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇنلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى...

... ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق خىيال، شېرىن ئارزۇ ۋە كەلگۈسى ئىشلارنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، قاچان ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمىدى.

ئەتىگەنلىكى ئۇنى تەرتىپ مۇدىرى سىلكىپ ئويغاتتى...

# 13

يەنە يېڭى باھار ، يېڭى قاتىلاڭچىلىق . لاتقا تىنغان ئۆستەڭنى ئىككى يۈزبېگلىك يەرنىڭ دېھقانلىرى چېپىشى كېرەك . زىياۋۇدۇن ئىككى كۈندىن بېرى يوغان كەتمەن بىلەن ئۆستەڭ چېپىۋاتىدۇ . ئالا قارغا ، قارنىڭ نەمىگە بۇ يىل ئارانلا ئۈچ خو بۇغداي چۆكۈرۈۋالدى . بىر ئۆكۈزنى مۇختەرباي بەردى ، بىرىنى قامادىن كۈزلۈككە ئاشلىق بېرىمەن دەپ ئالدى . ئۈچ خو بۇغدايدىن سەككىز خودىن چىقسا يىگىرمە تۆت خو ھوسۇل چىقىدۇ ، مانا ھازىر ئۇنىڭ قولىدا سەكسەن خو يەر بار . بىكاردىن ـ بىكارلا سولاقتا يېتىپ ، تاغمۇتاغ ئوغرىلارنىڭ كەينىدە قاتراپ يۈرۈپ كۆرمىگەننى كۆردى . كەنجى ئوغلىدىن ئايرىلدى ، نەزىر قىلىمەن دەپ ، دەۋا ـ دەستۇر قىلىمەن دەپ مانا ھازىرغىچە قەرزگە بوغۇلدى . يەنە ئۈچ خو كەنجى بۇغداي ، ئۈچ خو زىغىر ، ئىككى خو سۇلۇ ، ئىككى پۈت يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىمىسا بولمايدۇ . ئۇنىڭ قولىدا نە ئۇرۇق ، نە پۇل يوق . ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىش ئۆگزىنىمۇ قۇرۇقداپ بولدى . قاما ھويلىدىن ماللىرىنى ھەيدەپ كۆكلەمگە كۆچۈۋىدى ، ئۆگزىدە شاختىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى . ھەلەپ بەرمىسە ئۆكۈزلەر ساپان سۆرىيەلەمدۇ . يەردىن يىگىرمە خونى ئىجارىگە بەرمىسە كۈزلۈككە يىگىرمە بىر خو دەنگە نېمىنى تۆكىدۇ ؟ قەرز ۋەرەقىگە ئىككى قويى كەتتى . شۇنىڭ بىلەن مۇختەرباي بەرگەن ئاخىرقى قويلارمۇ تۈگىدى . ھازىر تۆتىنچى ئاي ، سەككىزىنچى ئايدا بۇغداي پىشىدۇ . يېڭى ئاشقا يەنە تۆت ئاي بار . ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئارانلا ئۈچ پۈت بۇغداي بىلەن ئۈچ شىڭ تېرىق قالدى . ئۇلار ئارانلا بىر ئاي يېتىدۇ ، قالغان ئۈچ ئايغىچۇ ؟

ئۇ كەتمەننى تېقىمىغا قىسىپ ، ئورۇقلاپ ـ قېرىپ كەتكەن بوز ئاتتا سىڭار يان ئولتۇرۇپ ، ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن چىغىر يول بىلەن كېتىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئاخشام چالا قالغان خىيالىنى

داۋاملاشتۇرماقتا : «بەرا ئىمامنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئايلىق مالاي بولسام دەيدۇ ، ئۇرۇقنى ، قوشنى چىقىرىپ ئۈچ خو بۇغداي ھەيدەپ بەرگۈدەك ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە بىر چىشى موزاي بەرگۈدەك . ئەمدىزە بالامنى قاشقالىققا مالايلىققا بېرەمدىمەن ؟ مۇختەر ئاكام ئاڭلىسا قامچىلاشتىن يانمايدۇ . بىچارە ، ئەجەب كۆيۈمچانغۇ ، ئەيسا شاڭيوكاملارمۇ دادامنىڭ ئۇرۇق - پۇشتى تۇرۇپ ، ئۇستۇمدىن تۆھمەت قىلىپ نەچچە ئاي سولاتتى . نەزەرخان غوجام قەسەمگە قىستىمىغان بولسا نېمىلەرنى كۆرستەتتىكىن تېخى ! ...»

ئۇ قازىخانىدىكى ئىشلارنى ئەسلىدى :

— قەسەم ئىچەمسىز ، شاڭيوم ؟ — دەپ سورىدى ئەلەمئاخۇنۇم — قاپقارا ساقىلى ، سارغۇچ سەللىسى ئاق سۇزۇك چىرايىغا ياراشقان ئادەم ئەيسا شاڭيونىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ .

— ئىچىمەن ، تەقسىر ، يەر مېنىڭ .

— راستمۇ ؟

— قەسەم ئىچىمەن ، ئەلەمئاخۇنۇم !

— شەرىئەتتە ئۈچ مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىقى بار تۇرۇپ قەسەم ئىچكەن ئادەم مۇناپىق دېيىلىدۇ ، شاڭيوم . مانا مۇنۇ ئەرزگە ئوتتۇز تۆت ئادەم : يەر زىياۋۇدۇننىڭ ، شاڭيوم ئىگىلىۋالغان ، دەننى ئۈچ يىل تۆكمىگەن ، بۇ جاۋابكارلىقنى شاڭيوم زىياۋۇدۇنغا تۆھمەت قىلىپ ئارتىپ قويغان دەپ ئىمزا قويۇپتۇ !

ئەيسا شاڭيو «مۇناپىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ غالىلداپ تىترىدى ۋە زىياۋۇدۇننىڭ تىزلىرىغا قولىنى قويۇپ يىغلىدى :

— مېنى كەچۈر ، قېرىندىشىم ! يەر سېنىڭ ، داداڭنىڭ مىراس قالدۇرغان ئات ، قوي ، كالىلىرىمۇ بار ، ھەممىنى بېرىمەن ! ...

زىياۋۇدۇننىڭ بىردىنلا دىلى ئېرىدى ، ئۇ شاڭيومنى قولتۇقىدىن يۆلەپ قازىخانىدىن بىللە چىقتى . خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك :

— سېنىڭ - مېنىڭ دېگۈچىلىك نېمىسى بار دەيسەن ، ئاكا ؟

مانا ئۇقۇشماسلىق تۈگىدى. يەر مېنىڭ، سىلەر تېرىغان، تېرىغاندىكىن دەننى تۆكىسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن يەر ماڭا ئۆتتى، ئەمدى يەرنىڭ دەن - پەنلىرى مېنىڭ گەدىنىمدە! — دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ يېگەن تاياق، تارتقان ئازابلىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پۈتۈن شەھەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى «ئۇقۇشماسلىق» دېيىشكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى.

مانا ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆستەڭ چاپماقتا. سەكسەن خو يەرنىڭ خوجايىنى بولغاچقا، ئۇ ئېغىر كەتمەن بىلەن تاكى كوسۇم دۆڭدىن ئۆتكۈچە ئۆستەڭ چېپىشى، باشقىلار بىر كەتمەن لاتقا تاشلىسا ئۇ بويىدىن ئېگىز قىرغاقلارغا ئون كەتمەن لاتقا ئېتىشى كېرەك. ئۇ شۇنداق قىلمىسا قەرزىنى ئادا قىلالمايدۇ. شۇنچە يەرنىڭ خوجىسى بولسۇنۇ، يەيدىغىنى، ئۇرۇقلۇق، ساپانلىرىمۇ يوق بولسۇن، ئۇنى ئاز دەپ بالىسى باشقىلارغا مالايلىق قىلسۇن تېخى! دادىسىنىڭ، رەيھاننىڭ روھى قورۇنمامدۇ، بۇنداق قىلسا ئۇنىڭ ئەر بولغىنىغا ھەممە ئادەم لەنەت ئوقۇمامدۇ؟ ياق، بالىنى چاكارلىققا بېرىشكە بولمايدۇ. قېينانىسى تولا يىغلاپ ئەقلىدىن ئازدى، مانا ئىككى ياشقا ئەمدىلا كىرىپ تاتلىق تىلى چىققان قىزىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا. زىياۋۇدۇن تالاغا چىقسا ئەر، ئۆيگە كىرسە خوتۇن. خېمىر يۇغۇرۇپ قوتۇرماچ سالىدۇ. كاۋا، ياڭيۇغا كالا گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ قورداق ئېتىدۇ، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە سۈتكە قاچا ئەكىرىپ قويۇش، بىر سېلىم - يېرىم سېلىم چاي تىلەش، قىزىنى پات - پات يۇيۇپ، پاكىز كىيدۈرۈپ ئەركىلىتىپ خۇشال قىلىش، توخۇلارغا دان چېچىش، سۇ ئەكىرىش، كۈل ئېلىش، ئۆي سۈپۈرۈش، قاچا يۇيۇش ... تېخى چۆنەك ئوتاش ... ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ جىقلىقى. بەرا بىلەن دەرا ھازىر ئون بەش، ئون ئۈچ ياش بولغىنى بىلەن ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرى شۇلارنىڭ بوينىدا. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى ھويلا، ئېغىللارغا تىنىپ كەتكەن كالا - قوي قىغلىرىنى چىقىرىپ بولۇپ، ھازىر ھەدەپ ئېتىزدا ئېرىق چاپماقتا ... چەكسىز كەتكەن بوزلۇق ئۇنىڭ يېرى.

ئاۋۇ قويۇق قىياق باسقان يەر بۇ يىل تۆتىنچى يىلى بوز ياتماقتا ، بۇ يەرلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر ئىجارە بەرگىن دەپ تالاشماقتا . مۇختەرباي ئۇنى تىللىدى . «رەسلىككە بەرمە ، قاشقالىققا تېخىمۇ بەرمە !» دەيدۇ ئۇ . تارانچىلار ئىجارىگە يەر تېرەتتىمىكىن . بۇ يەرنىڭ بايلىرىمۇ ، تىلى ئۇزۇنلىرىمۇ چېلەكلىكلەر بىلەن قاشقالىقلار تۇرسا ، تارانچى دېگەننىڭ يەردىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىسا ، ئادەمنى تەتۈر قىيناپ نېمە قىلىدىغاندۇ بۇ مۇختەرباي؟ ھە دېسىلا قاشقالىق ، رەسلىك ، تارانچى دەيدىكەن . ھېلىقى تۇرمىدە زىياۋۇدۇننىڭ بېشىنى سىلىغان ساقاللىق موللام قاشقالىق . ھېلىقى گەپ قىلمايدىغان ، قاپىقى يامان ئەپەندى رەسلىككەن ، ئۇلاردەك ياخشىنى مەن بۇ يەردە تۇگۇل ، شەھەردىمۇ كۆرمىگەن . ئۇلار شىنىڭ دۇبەننى ئۆلگۈدەك تىللايدىكەن ، شىڭ دۇبەنگە قارشى جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپتۇ . دېمىسىمۇ بىزنىڭ پېيىمىزنى قىرقىۋاتقان ، جېنىمىزغا تىغ بولۇپ قادالغانلار ئاشۇ شىڭ دۇبەن ، چيۇ سىلىڭ دېگەنلەر بولماي كىملەر؟ مېنىڭ بالامنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ جېنىم بالام ، قانغا بويالغان كۆڭلەكلىرىڭنى بىكار ساقلاۋاتمايمەن ، قانغا قان ، جانغا جان ئالمىسام مەن دادا بولماي كېتەي ! ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى . ياشلار قورۇق باسقان ئورۇق مەڭزىنى يۇيۇپ ئۆتۈپ ، ئاقىرىشقا باشلىغان سارغۇچ ، شالاڭ بۇرۇتلىرىنى ، تۇرمىگە كىرگەندىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن ئېڭەكلىرىنى قاپلىغان سىرىقىدىن ئېقى تولا ساقاللىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ تۇرغان يوغان ، يىرىك قولىنىڭ دۇمبىسىگە چۈشتى .

ئۇ ئېتىنى ئاستا دېۋىتىپ قويۇپ كۆزىنى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا يۈتكىدى . ئەتراپ ياشىرىشقا باشلىغان ، قىرلار كۆكەرگەن ، سۆگەتلەر جالا سالغان ، تورغايلار چىۋىلدىشىپ ، مۆڭگۈلۈق سايرىشىپ ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلمەكتە . يېنىك ئاق بۇلۇتلار ئۇلارنى چىللىماقتا . يالغۇز زىياۋۇدۇنلا دۇنيادا غەملىك

ئادەم ، ئۇنىڭ يەلكىسىدە هايات يۈكى ، بۇ يۈك ئۇنىڭ شادلىقىنى ، ئارامىنى ۋە ئۈمىدىنى يۇتماقتا ، شۇڭا ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ، يەلكىسى قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەركىن ، ئۇ قاچانغىچە بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەركىن؟ هېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئەپەندى : «تاڭ يېقىن» دەيدۇ . موللام بولسا : «بۇ خۇدايىمنىڭ سىنىقى ، ئاخىرى خەيرلىك !» دەيدۇ . ئۇلار نە - نەلەردىن كېلىپ تۇرمىدە ياتماقتا . ئۇلارنىمۇ غېنى ئوغرىلار قۇتۇلدۇرۇۋالدى . ئۇلار هازىر نەدىكىن؟ ...

قىيقاس - چۇقان ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ ئۆستەڭ بويىدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مالىخىينى كۆزىگە كىيىپ ، بۆكىنى گەجگىسىدىن يېرىم چىقىرىۋالغان ئابدۇمەر مىڭبېگىنى كۆردى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەتمەنلەر يالت - يۇلت قىلماقتا ، ئىككى قىرغاقتا لاتقىلار ئۇچۇپ چىقماقتا ، ئادەملەر ۋارقىراشماقتا . ئۇ يەردىكى ئېغىر ئەمگەك بەزمىگە ئايلانغان . توۋا ، دېهقان دېگەن غەلىتە خەق ، ئېغىر ئىشتىن خۇشاللىق تاپالايدۇ . ئەمگەك تەرىدىن بايلىق ياراتقاننى ئار دەپ بەدەن ئازابى بىلەن روهنى ئاۋۇندۇرالايدۇ . ئىنسان خۇشاللىق ئىزدەپ خاپىلىق تاپىدۇ ، خاپىلىق بەزىدە خۇشاللىققا بوسۇغا بولالايدۇ ... زىياۋۇدۇن ئېتىنى قويۇۋېتىپ ئۆستەڭگە — تىزغىچە سۇغا كىرىپ توقاي بولۇپ ئاقىدىغان ئۆستەڭنىڭ بۇ جەيىنىگە تىنغان قېلىن لاتقىغا يوغان كەتمەننىڭ بىسىنى كۈچ بىلەن ئۇردى ۋە كەتمەننى سىلكىپ لاتقىنى قىرغاققا كۈچ بىلەن ئاتتى . ئۇ ئاتقان لاتقا مىڭبېگىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن چاچراپ چىققان لاي مىڭبېگىنىڭ كىيىمىگە چاپلاشتى .

— كۆزۈڭ يوقمۇ؟ ! — دېدى مىڭبېگى قوپال گۇركىرەپ .

— كۆزۈم بار ، لېكىن لايىنىڭ كۆزى يوق - دە !

— گەپدانلىق قىلىسەنغۇ؟ !

— دەيمىنا ! كۆزى بولسا بۇ لاي بىزدەك قارغىش تەگكەنلەرگە چاچرىمايتتىمۇ؟

— سەن زىيەك ، جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ! ...

زىياۋۇدۇن كەتمەننى سىلكىپ ئىككىنچى لاتقىنى غەزىپى بىلەن مىڭبېگىگە قارىتىپ ئاتتى :

— ئىت چېغىدا بېشىغا قونغان چىۋىننى قورۇيدۇ ، بېشىمىزدا تۇرۇۋالغۇچە ، نوغاي خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىدا ئۇلتۇرمامسەن ؟ !

— سەن ئىتنىڭ بالىسى ، ئاغزىڭغا ، ئىمانىڭغا مىڭنى ! ...

مىڭبېگى مالايلىرىنى تىللايدىغان ئادەت تىلى بىلەن زىياۋۇدۇننى تىللاپ قىرغاقتىن نېرى كەتتى . مىراب ، يايلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، غېنى ئوغرىنىڭ پايتىمىسى ! —' دېدى مىڭبېگىنىڭ يايىسى قوللىرىنى شىلتىپ ، — چىق ، مايافقا چىق !

— يامان بولساڭ چۈشمەمسەن ؟ !

— غېنى ئوغرى ئاتلاپ قالىدۇ جۇمۇ ، يايى ، ئەنە ئۇنىڭ كۆزلىكى ، قاش دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا سامىيۇزىدىلا !

— ئەنە غېنىكام ، ھەي غېنىكا !

دېھقانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۈلۈشۈپ يايىنى مازاق قىلىشتى . يايى «غېنى ئوغرى» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ راستىنلا چۆچۈدى . تۇرمىگە بېسىپ كىرىپ ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ زىياۋۇدۇنلارنى قۇتقۇزغانمۇ ، ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيىدىن خادىك ھارۋىسىنى سۆرەپ ئەكەتكەنمۇ شۇ غېنى ئەمەسمۇ ، ئۇ مىڭبېگىدىن ، چيۇ سىلىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ـ دە !

«زىياۋۇدۇن مىڭبېگىگە لاتقا ئاتتى !» دېگەن گەپ بىردەمدىلا ئۆستەڭ چېپىۋاتقان ئىككى يۈزدەك دېھقانغا ، مىراب ، يۈزبېگى ، ئەللىكبېشى ، ئونبېشىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . دېھقانلار كۈلۈشتى ، ئەللىكبېشى ، يۈزبېگى ، مىرابلار مىڭبېگىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۇنىڭدىن ھال سوراشتى ۋە ئۇنى ئەتەي ۋەسۋەسىگە سالدى :

— زىيەكنى سولىتىۋېتىش لازىم . يەنە سولىتىش كېرەك !

— زادى ئۇنىڭ قاپىقى يامان ، ھۆكۈمەتكە ياندۇ ، مىڭبېگىگە لاي ئاتقىنى ھۆكۈمەتكە ئاتقىنى !

— ئەتەي قىلغان ئىش بۇ !

— گەپلىرىنىڭ تېگى بار ـ دە ! ...

ئاخىر ئۇلار زىياۋۇدۇننى جازالاش ، يەنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشنى قارار قىلدى . ئەللىكبېشى قىرغا كەلدى .

— چىقە ، زىيەك ! — دېدى قارا ساقال ، پاكار ئادەم .

— نېمىگە ؟

— ئەللىك دەررە يەيسەن ، چىق ، ئۆلمەيسەن تۆگە !

— نېمە قىلغىنىمغا ؟

— لاتقا ئاتقىنىڭ كىچىك ئىشما ؟

— ئەتەي قىلدىمۇ ، كىم ئۇنى قىرغاقتا تۇرۇۋالسۇن دەپتۇ ؟ چاچراپ كەتتى شۇ !

— چىق دەيمەن ، بولمىسا يايلار باغلاپ ئاچىقىدۇ !

— چىقسام چىقتىم ، ئۇرە قېنى !

زىياۋۇدۇن لايغا مىلەشكەن يالاڭ ئاياغ ، يوغان پۇتلىرى بىلەن ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆستەڭ ئىچىدىن چىقتى . ئۇ تېرە پىنجىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن ، تىزىغىچە تۇرۇلگەن ماتا ئىشتىنىنىڭ بېغىنى تىزىغىچە ساڭگىلىتىۋالغان ، ئىچىگە تارتىشقان قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يوڭ ، كەڭ ، مەزمۇت كۆكسى كېرىلگەن كۆرۈنۈشتە قىرغاقتا تىك تۇرۇپ ، كىرلىشىپ رەڭگى يوقالغان دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى تاتىلىدى .

— ئۇرسا نېمە بولاتتى ؟ ! — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — نەدە ياتىمەن ھۇي ؟ !

— ئاۋۇ چىملىقتا يات ! — دېدى ئەللىكبېشى يالغۇز قارىياغاچ ئاستىدىكى كوكۇل مەيدانىنى شەرەت قىلىپ .

زىياۋۇدۇن خۇددى چېلىشقا ماڭغاندەك پۇچقىقى تۇرۇلگەن ، مەيدىسى ئوچۇق ، يالاڭۋاش بولۇۋېلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ جازاغا ، جاپاغا ئۆزىنى ئاتاپ قويغاندەك پەرۋاسىز ، ناھەقچىلىككە ئاچچىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

— نېمە بولىدۇ ؟ ! — دېدى ئۇ ئادەت سۆزىنى تەكرارلاپ ، —

ئۆلەتتىمۇ ، ئۇرۇۋالسۇنا !

ئۇ سۇنايلىنىپ دۇم ياتتى ، ئەللىكبېشى ئۇنىڭ پىنجىكىنى قايرىدى .

— كىم ئۇرىدۇ ، دەررە يوق ، قامچا بىلەنما ؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ .

— مۇتىۋەللى ، — دېدى مىڭبېگى مەھەللە مۇتىۋەللىسى — مۇختەرباي بىلەن دائىم ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ، ھال - ئوقىتى خېلى ياخشى ، گەۋدىلىك ئادەمنى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ ، — قوپە !

— ياق ، مەن ئۇرمايمەن ! — دېدى ئۇ چۆچۈپ .

— مۇختەربايدىن قورقامسىنا ؟

— ھەئە !

— ۋۇي لامزەللى ، مۇتىۋەللىلىكىڭدىن قالدىڭ ، ھەي نادىر يۈزبېگى !

— ياق ، ياق ، مەن ئۇرمايمەن !

— رەسىلىك دەپ تارانچىلار يامان كۆرۈپ قالىدۇ دەمسەن ؟

— ھەئە ، جان باققىلى قويۇڭ بىزنى ، ئاقساقال !

— ئاسىم شاڭيو ، سەن ئۇر !

— ياق ، تارانچى تارانچىنى ئۇرمايدۇ !

— مىڭبېگى ئۆزى ئۇرسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى بىر دېھقان .

— ئۆزى ئۇرسۇن ! — باشقىلارمۇ ۋارقىراشتى .

— يايى ! — مىڭبېگى پىچاق يېگەن بۇقىدەك ھۆركىرىدى .

— ياق ، ياق ، مەن ئۇرسام بولمايدۇ . غېنى ئوغرى ئۇنىڭ دوستى ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ !

— ھەي مادا ئېشەك ! — دېدى مىڭبېگى غەزەپ بىلەن ، — يايى بولماي ئۆل كۆتلەش !

— كىم ئۇرىدۇ ئەللىك قامچىنى ؟

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى . نەدىندۇر بىرى :

— مىڭبېگىنى ياتقۇزۇپ بەرسە مەن ئۇراتتىم ! — دېدى .

— قايسىڭ ، قايسىڭ دەيمەن ! قايسى مەرەز ئۇ كوتۇلدىغان ؟ !
دېھقانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . بىر قىزىقچى ئوتتۇرىغا چىقتى :
— مەن ئۇراي زىيەك باخشىنى !
— ھە ئۇرە !
— بىراق قامچا بولمايدۇ ـ دە ؟
— دەررە بولمىسا ئەمىسە !
— ماۋۇ پوتام بىلەن ئۇراي دېگەن !
ئۇ بېلىدىكى دەسمالدەك كىر سەرگاز پوتىنى قولىغا ئالدى .
دېھقانلار تېخىمۇ كۈلۈشتى .
— يوقىلە ، پالكۆز !
— مەشرەپلەردە شۇغۇ ، مىڭبېگىم !
— ئۆزۈم ئۇرىمەن ! — مىڭبېگى يوغان چامداپ زىياۋۇدۇننىڭ يېنىغا كېلىپ قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى .
— غوجام كەلدى ! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى شۇ چاغدا .
ئابدۇمەر مىڭبېگى قولىنى چۈشۈرۈپ چۆچۈپ قارىدى .
يۇقىرىدىن راستتىنلا بوز ئات مىنگەن نەزەرخان غوجام بىر نەچچە ئادەم بىلەن ئېتىنى ئوينىتىپ كەلمەكتە ئىدى . مىڭبېگىنىڭ قوللىرى تىترىدى ، ئۇ قامچىسىنى يەرگە تاشلىدى ۋە خالايىققا :
— دوتەي جانابلىرى ھال سوراپ كەپتۇ ! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى .
زىياۋۇدۇن بولسا مىدىر قىلماي دۇم يېتىۋەردى . بېشىغا گۈللۈك يېشىل دۇخاۋا بۆك ، ئۇچىسىغا ئاق رەختتىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن ، قارا بۇرۇتلۇق ، ئاق يۈزلۈك ، قاڭشارلىق ئادەم — نەزەرخان غوجام قولىدىكى قامچىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈردى ـ دە :
— ھارماڭلار ، ئەزىمەتلەر ، ھارماڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .
كۆپچىلىك قىرغاققا چىقىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن سالام قىلىشتى . بۇرۇندىنلا مۇشۇ خەلق بىلەن بىللە ياشىغان ، ھېيتلاردا مەھەللىمۇ

مەھەللە ئايلىنىپ ئۆي بېسىپ ھېيتلايدىغان، خۇش چاقچاق غوجامنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆستەڭ چېپىپ ۋاتقان يۇرتداشلىرىدىن ھال سوراپ شەھەردىن چىقىشى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ھېلىقى پالكۆز چاقچاقچى غوجامنىڭ بىر قىزىق ئىشقا بېغىشلاپ يازغان ئىككى مىسرا شېئىرىنى ۋارقىراپ ئوقۇدى:

بۇغىدىن قورقساڭ قارىغايغا — شاخقا چىق،
خوتۇندىن قورقساڭ ئارقىغا — باغقا چىق.

كۆپچىلىك چۇقان سېلىپ كۈلۈشتى. قىزىقچى تېخىچە دۇم ياتقان زىياۋۇدۇنغا ئاتاپ شېئىر ئوقۇدى:

زىياۋۇدۇن، يېتىۋەرمەي قىرغاققا چىق،
غوجام كەلدى، ئەمدى قورقما ماياققا چىق!

كۆپچىلىك تېخىمۇ كۈلۈشتى. غوجام ئاتتىن چۈشۈپ دېھقانلارنىڭ يېرىك قوللىرىنى بىرمۇبىر سىقىپ كۆرۈشتى، ئاخىرىدا مىڭبېگى باشلىق يۇرت چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە چاقچاق قىلىپ:

— ئۆستەڭنىڭ تېگى تاشلىق
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۆڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

دېگەن ناخشا بار ئەمەسمۇ؟ سىلەر قىر بېشىدا تۈرۈۋالماي پۇچقاقنى تۈرۈپ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتمەن چېپىڭلار، بىز يۇرت چوڭلىرى سۆزدىن جىق پايدىلىنىمىزۇ، ئۆزىمىز ئۆستەڭ چاپمايمىز، قانداق

دېدىم ، ئابدۇمەر مىڭبېگى ؟ !
— دۇرۇس ، دۇرۇس ، غوجام ، مەنمۇ شۇ چۇشەي دەۋاتاتتىم !
— شۇنداق ، غوجام كەلمىگەن بولسا مىڭبېگىنىڭ قامچىسى زىيەك باخشىنىڭ ساغرىسىغا چۇشەتتى ، غوجام !
قىزىقچىنىڭ گېپى بىلەن كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى . غوجام قاقاقلاپ كۈلۈپ زىياۋۇدۇننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ :
— ئازغان ـ تازغان تاياق ـ قامچا سىنىلا تاپىدىغان بولۇپ قالدى ، زىياۋۇدۇن . مىڭبېگىنىڭ ئايىغىغا لاي ئاتقىنىڭ بولماپتۇ ! — دېدى ـ دە ، دەرھال مىڭبېگىگە بۇرۇلدى ، — ئۈستەڭ بېشىغا قامچا ئەكەلمەڭ ، پاقلان ئەكېلىڭ ، مىڭبېگى . پاقلان بولمىسا بۇغداي سۆزى بولسىمۇ بولىدۇ ، قانداق دېدىم ؟ ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى . غوجام نېرى بېرىپ پۈتىدىكى شىبلىتىنى سالدى ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ ، ئىشتاننى تۈرۈپ بىر دېھقاننىڭ كەتمىنىنى ئالدى . ئۇ ئاپئاق پاچاقلىرى بىلەن لايغا كىرىۋىدى ، مىڭبېگى ، يۈزبېگى ، مىراب ، ئەللىكبېشىلارمۇ ئۇنى دوراپ يالاڭ ئاياغ بولۇشۇپ ئۈستەڭگە چۈشتى .
— ھەي شېرىپ ، ئورما ناخشىسى ، پايخان ناخشىسى باركەنۇ ، نېمىشقا ئۈستەڭ ناخشىسى يوق ، ئېيتمامسەن قېنى ؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى غوجام ۋە كەتمىنىنى لاتقىغا چاپتى .
قاش دەرياسىدىن باشلىنىدىغان ئاقئۈستەڭ ، ئارائۈستەڭ ، بايتوقاي ئۈستىڭى ، كوسۇم ئۈستىڭى مانا مۇشۇ كۈنلەردە ئاۋاتلىشىدۇ ، ئۇنىڭ باغرى ناخشا ، چاقچاق ، قىزغىن ئەمگەك بىلەن يىلدا بىر قېتىم بايرام كۆرىدۇ . دېھقان ھەممە خۇشاللىقىنى ئەمگەكتىن تاپىدۇ ، ئۇنىڭ ھالاۋىتىمۇ ، غۇرۇرىمۇ ، سەنئىتىمۇ ئەمگەك . كەتمەن بېتىگە لىقشىتىپ لاي ئېلىپ يۇقىرىغا ئېتىش ئۇنىڭغا ھۇزۇر ، ھەر قېتىم ئاتقىنىدا ، ئۇ كۈن نۇرىدا يالت قىلغان كەتمەن يۈزىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ ، ئۇ شۇ ئىش بىلەن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىۋاتىمەن دەپ ئويلايدۇ ، ئۇنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە خوجايىنلىق تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ . ئۇ ئۆزىنى خوجايىن ھېس

قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى دەسسەپ تۇرغان ئانا يەرگە بولغان مۇھەببىتى يەنىمۇ ئۇرغۇپ ئاشىدۇ. ئۇ ھەربىر كەتمەن لاتقىنى ئۆستەڭ باغرىدىن يۇلۇۋېلىپ قىرغاققا ئاتقاندا، ئۆزىنى ئۆزگەرتكۈچى، قۇتقۇزغۇچى ھېسابلايدۇ - دە، ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا ھەربىر تىنىقنى ناخشا، ھەربىر نەپسنى مۇزىكا ھېسابلاپ چەكسىز ھۇزۇر، مىسلىسىز گۈزەللىك سېزىمىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ھازىر گەپ - سۆزسىز ئىشلەۋاتقان كەتمەنچىلەر ئىچىدە غەمكىن، چۈشكۈن ئادەم يوق. ھەممە دىلدا شادلىق، ھەممە چىراي تەبەسسۇملۇق، ھەممە قەلب بەخت ئىچىدە ...

دېھقاننى ئىنسان قىلىپ تونۇتقان بۇ ئۇلۇغ ئىش غوجامغا ھە دېگەندە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ كەتمەننى لايغا قۇلاقچە پاتۇرالىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە بىردىنلا غۇرۇر ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى - دە، ئېغىر ئەمگەكنىڭ راھىتىنى ھېس قىلدى.

— پاھ، دوتەيىنىڭ ئۇستىلىدىن ئۆستەڭنىڭ لېۋى راھەتكىنە، — دېدى ئۇ يېنىدىكى سېمىز يۈزبېگىگە قاراپ كۈلۈپ، — قاراڭا، تەرلىدىم، ئىدارىدە خىجىل بولۇپ تەرلىگەندىن كەتمەن چېپىپ تەرلىگەن نەقەدەر ياخشى - ھە!

دېھقانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. بۇ كۈلكە زىياپەتلەردىكى خۇشامەت شولىسى بىلەن خورلانغان سۈنئىي كۈلكىلەردىن نەقەدەر ئۈستۈن - ھە! ئىنسان چىن قەلبىدىن كۈلەلىسە ھاياتنىڭ مېغىزىنى چاققان بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۆز ئەمگىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلەلىسە ... دېھقان كەتمىنى غۇلجا ئاسمىنىدا نەچچە يۈزمىڭ قېتىم يالت - يۇلت قىلغاندۇر، قەدىمىي زامانلاردا ئۆستەڭ بولمىغان بۇ يەرلەر ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ماكانى ئىدى. دېھقان كەتمىنى بۇ يەرگە يېڭى ھايات پەسلىنى ئەكەلدى. چورۇق ھېكىم بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئاقئۆستەڭنى چېپىشقا دېھقانلارنى توپلىدى، دېھقان كەتمىنى ھاۋادا نەچچە يالتىرىدى، بۇنىڭ سانى يوق، ئەنە شۇ يالت - يۇلت قىلغان كەتمەنلەر قاش دەرياسىنىڭ شوخ تاغ سۈيىنى ئىلى

ۋادىسىدىكى بۇ ئېسىل زېمىنغا باشلىدى . بۇ ئىش توسۇن ئاتنى كۆندۈرگەندەك ، ياۋايى بۇغا ـ مارالنى قولغا ئۆگەتكەندەك ، ئاسماندىكى قىران بۈركۈتنى بىلەككە قوندۇرغاندەك كۆڭۈللۈك ئىش . ئادەملەر بۇ يەرنى بۆرىلەر ، قاۋانلار بىلەن تالىشىپ ئۆزگەرتىشكە ئۈگەنگەن غۇلجىنى جەڭگىلەرنى قىلدى . ئىنسان غالىب كەلدى ، بۇ يەرنىڭ ئاچقۇچىلىرى — تارانچىلار مانجۇ ھۆكۈمدارلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بۇغداي ، ئارپا ، تېرىق تېرىپ كەتمەنلىرىنى ھاۋادا يەنە يالتىراتتى . لېكىن ، مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمىدى ، دېھقان ئەمگىكى ھېسابىغا زىندان ، كىشەن ، تاياق ـ توقماق ، ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشتى ··· ئۆلۈم دېھقانلارنى سۆيۈملۈك يەرلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا زورلىدى . 1864 ـ يىلىغىچە قازانچى ۋە جىرغىلاڭ غوللىرىغا قېچىپ بارغان دېھقانلار نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتتى . مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىلى دەرياسى بويلىرىدا ماكان تۇتۇپ ئەۋلاد قالدۇرغان تارانچىلار ، تۇرپان ، قۇمۇل بەگلىرىگە ئەگىشىپ 1759 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا ۋادىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان قۇمۇل ، تۇرپان تارانچىلىرى ۋە چيەنلۇڭ خانىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق تېرىپ بېرىش ئۈچۈن خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچالاردىن يەتتە قېتىم سۈرگۈن قىلىنىپ بۇ يەرگە چىقىپ ماكانلاشقان تارانچىلار ئەنە شۇنداق زۇلۇم دەستىدىن ماكانلىرىنى تاشلاپ تاغلارغا قاچتى . ئاخىر سادىر پالۋان ئۇلارنى باشلاپ ، ئابدۇرۇسۇلبەگ باش بولۇپ قوزغىلاڭ — ئىسيان كەلكۈنىگە كېلىپ قوشۇلدى . ئۇلار مۇشۇ كەتمەنلىرىنى قورال قىلىپ باياندای سېپىلىغا ھۇجۇم قىلدى . مانجۇلار دېھقان كەتمەنلىرىنىڭ زەربىسىگە چىدىيالماي دورا ئىچىشىپ ئۆلۈۋالدى . ئاخىر 1867 ـ يىلى ئىلى تۇپرىقى مانجۇ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدى . لېكىن ، بۇ يەرگە كۆز تىككەنلەر مانجۇلارلا ئەمەسكەن . 1879 ـ يىلى چار پادىشاھ ئورۇسلىرى «ئىلى سۇلتانلىقى» نى بېسىۋالدى . ئورۇس پادىشاھى گېنېرال كالپاكوۋسكىينى بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ ئەۋەتتى . ئەلاخان سۇلتان بىچارە ئالمۇتىدىكى «سۇلتان قورغان»

دېگەن يەرگە قاملىلىپ سوْخا ئىسىملىك شىبە ئايالىنىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا ھەممىدىن قوْروْق قالدى ... ئوروْسلار غوْلجىنى ئون يىل سوراپ 1881 ـ يىلى چىقىپ كەتكەندە، غوْلجا دېھقانلىرى مانجوْلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقوْپ، يەنە ئانا يوْرتىنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتتى. مانجوْ خانى «ئەپوْ ئومۇمىي» ئېلان قىلىۋىدى، يوْرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن دېھقانلار يەنە چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ يەرلىرىگە كەتمەن چاپتى. ئۇلار ئۆز پايدىسى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۇلارغا يەر، ئۆستەڭ، كەتمەن بولسىلا بولاتتى. ئۇلار ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمىدى، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتمىنىنى تارتىۋالمىسىلا ئۇلار خوْشال بولىۋەردى. كەتمەن ئۇلارنىڭ خوْشاللىقى، بايلىقى، غوْروْرى ... شوْڭا ئۇلارنىڭ ناخشىسى يىغىسىدىن تولا، كوْلكىسى خاپىلىقىدىن تولا ...

نەزەرخان غوجام تارىخىي رېئاللىق ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى خىياللىرىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ خىيال بىلەن يۈزدىن كۆپ كەتمەن چاپتىمىكىنتاڭ!

— غوجام! — دېدى بىرى ۋارقىراپ، ئۇ ئاڭلىمىدى.

— دوتەي جانابلىرى! — دېدى بىرى خەنزۇ تىلىدا ئاخىر. غوجام چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

نېرىدا ئاتلىرى تەرلەپ كەتكەن قوراللىق ئۈچ ئەسكەر تۇراتتى. غوجام ئۆستەڭدىن چىقىپ ئەسكەرلەرنىڭ يېنىغا باردى ۋە قايتىپ كېلىپ ئۆستەڭ قىرىغا چىقىپ:

— خەير ـ خوش، ئەزىمەتلەر! — دېدى.

ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق، ئاۋازى گۇڭگا ئىدى. ئۇ مىڭبېگى قوْيغان سوْدا قولىنى يۇيدى. ئاندىن كىيىنىپ ئاتقا مىندى ۋە زىياۋۇدۇننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— زىياۋۇدۇن، ئېتىڭغا مىن، يۈر، مەن بىلەن چىغلىقمازارغا بارغىن، سەن ماڭا قوروْق تام سوقوْپ بەرگىن! — دېدى.

دېھقانلار غوجامنى ئورىۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ قاداق قوللىرى

غوجامغا سۈنۈلدى، لېكىن غوجام بىرنەچچە دېھقان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كۈنپېتىشقا بۇرىدى.
غوجام بىرنەچچە ئاتلىقلار بىلەن ئۆزىدى، دېھقانلار خېلىغىچە قاراپ تۇرۇشتى.
— غوجام چۈشكەن تەۋەررۇك ئۆستەڭ بۇ، چۈشەيلى، چاپايلى، — شۇنداق دەپ ۋارقىرىۋىدى بىر قىزىقچى، دېھقانلار قىيقاس - چۇقان بىلەن ئۆستەڭ چېپىشقا كىرىشىپ كېتىشتى.
غوجام ئەسكەرلەرگە بىرنېمىلەرنى دەپ يولغا سېلىۋەتتى، ئۇ ئارقىسىغا كىرىۋالغان يۇرت كاتتىلىرىغا:
— مېنى يېڭى دوتەي بىر چوڭ زىياپەت بار دەپ چاقىرىپتۇ. كىرمىسەم بولمىغۇدەك. چىۋ سىلىنىڭ كەتتى، يېڭى سىلىنىڭ كەلدى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشلار ياخشى بولۇپ قالار دەيمەن. ھازىر ئەتىياز — قاتلاڭچىلىق، مەن چىغلىقمازاردىكى ئۆيۈمدە تۇغقانلار بىلەن پۈتتۈرىدىغان بىر ئىشىم بار، شۇنى قىلىپ بولۇپ بۇگۈن كەچ شەھەرگە قايتىمەن، سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشاي! — دېدى.
مىڭبېگى، يۈزبېگى، بايلار، دىنىي زاتلار غوجامغا دۇئا قىلىشىپ خوشلىشىپ قايتىشتى. غوجام مۇھاپىزەتچىسى مۇسا ۋە زىياۋۇدۇن بىلەن قالغاندىن كېيىن:
— زىياۋۇدۇن، سېنىڭ بالاڭ بەك ياخشى بالا. ئىلىمگە، يېڭىلىققا ئۆزىنى ئاتىغان ئېسىل بالا. سەن بالاڭنى ئوقۇتىمەن دەپ نۇرغۇن قىينالدىڭ، ماڭا مۇختەرباي ھەممىنى دەپ بەردى. مۇسابايلار ياۋروپادىن سانائەت بىلەن يېڭى مائارىپنى ئەكىردى. ئۇيغۇرلار خېلى ئويغاندى، لېكىن تېخى يەنىلا ئۇيقۇدا. بىز خەقتىن ئالىملار چىقسۇن، ئۇلار بىزنى دۇنياغا تونۇتسۇن. بۇنداق باللار مىڭنىڭ، يۈز مىڭنىڭ، ھەتتا مىليوننىڭ ئىچىدە بىر. سېنىڭ ئوغلۇڭغا كۆزۈم چۈشتى. مەن بۈگۈن ساڭا بىر مۇھىم ئىشنى قىلغۇزماقچى. زىياۋۇدۇن، بۇ ئىشنى بىر سەن، بىر مۇسا، بىر مەن بىلىمەن جۇمۇ! — دېدى ۋە ئېتىنى ئارىلاپ كەتكەن

چىغىر يول بىلەن شەرقىي جەنۇبقا — ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ قىتئەدىكى قارلىق چوققىلارنىڭ ئاستىدا كېسىم - كېسىم بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرغان سەكسەن بەل دەپ ئاتىلىدىغان چىرايلىق يوتىلار ئاستىدىكى بۈك دەرەخلىك مەھەللىگە قارىتىپ دېۋىتتى.

ئاتلار يورغىلاپ — ئۆكىرەڭ تاشلاپ، ئېرىقلاردىن چاققان سەكرەپ، تېخى قار نەمى كەتمىگەن، قىرلىرىدىكى قويۇق چىغ ۋە تېۋىلغىلىرى بىلەن ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان كەڭرى دالا قوينىدا گويا چەكسىز كائىناتتا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلاردەك ئەركىن، رىتىملىق يۈگۈرۈشۈپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

زىياۋۇدۇن كىچىككىنە توقۇم سېلىنغان ئورۇق ئېتىنىڭ تولا ھارۋا سۆرەپ قوپاللاشقان قەدەملىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۆزىچىلا كۈلمەكتە. ئۇ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچى مۇساغا:

— غوجام شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدىن مېنى تاللىدا! پاھ، بېشىم ئاسمانغا يەتتى! — دېۋىدى، مۇسا:

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئوغلۇڭنىڭ ھۆرمىتى! — دېدى كۈلۈپ.

— رەيھان ھايات بولغان بولسا! — دېدى زىياۋۇدۇن بىردىنلا خورسىنىپ. ئۇ ئۇدۇلىدىكى مەھەللىگە قارىدى، ئۇ يەردە يارىېشى، يايپېشىل سازلىق، ئادەم پۇتىنى سۇغا چىلىسا پۇتىنى چىشلەيدىغان ئۇششاق بېلىقلار، سۇپسۈزۈك، مۇزدەك سۇلۇق بۇلاقلار، نەچچە يۈز يىللىق قېرى قارىياغاچلار بار. رەيھان بۇ يەردە ئون ئالتە يىل قارا سۇلاردىكى بېلىقلاردەك ئەركىن، يېكەن ئارىلىدىكى قۇشلاردەك خۇشال ياشىغان. زىياۋۇدۇن ئۇنى ھەممىدىن، ئاخىر ئەزىز جېنىدىن ئايرىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز جېنىنى ئاتىۋەتكەن ئوغلى بىلەن پەخىرلىنەلمەيدۇ ... ئىسىت، ئىسىت، مۇشۇ مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت دېگەن نەرسىلەر نېمىشقا يارالغان بولغىيدى، ئادەملەرمۇ چىلبۆرىلەردەك ئالتە ئايدىن كېيىنلا بالىلىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ يارالغان بولسا بولماسمىدى؟ ...

ئاتلار بارغانسېرى قىزىپ - يۈگۈرۈشۈپ، تىزگىن سىيرىپ

بەسلەشكىلى تۇرغاندا، چىغلىقمازارنىڭ گۇمبەزلىرى كۆرۈندى. قۇنتەيجىلەر قەدىمدىن تارتىپ ئادەملەرگە كىگىز ئۆي تىكىش ئۈچۈن توپا توشۇتۇپ ياساتقان «كوسۇمدۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان سۇنئىي ئېگىزلىك نامى بىلەن «كوسۇممازار» دەپ نام ئالغان بۇ مازارنى قويۇق چىغ ئوراپ تۇرغاچقا، ئادەملەر چىغلىقمازار دەپ ئاتاشقان. بۇ مازار نەزەرخان غوجامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازىرى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ گۇمبەزلەر ئارىسىدىكى مەسچىت ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. غوجام قىرائەت قىلدى. ئۇلار دۇئادىن كېيىن ئاتلىرىنى سوۋۇتقاچ ئاستا مېڭىپ مەسچىت يېنىدىكى چوڭ قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. بۇ قورۇ غوجام تۇغۇلغان، چوڭ بولغان ئانا ماكان. ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ هويلىغا كىردى. هويلا كەڭ، يىگىرمە نەچچە ئېغىز ئۆي، ئات ئېغىلى، لاپاس ۋە ئارقىدىكى باغلىرى بىلەن تولىمۇ چوڭ ئىدى.

— بۇ قورۇنى چوڭ ئوغلۇم ھەببۇللا غوجامغا قالدۇرماقچىمەن، — دېدى غوجام دەرۋازىنى چىلىڭ ئەتكۈزۈپ، ئاتلار باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن، — بالام ئۇرۇمچىدە ھەربىي مال دوختۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرىپتۇ. مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ ئەڭ يىراق بىر يەرگە خىزمەتكە كەتكۈدەك. ئۇنىڭ ماڭا ئاچچىقى بار. مەن ئۇنىڭ موسكۋاغا ياكى تاشكەنتكە ئوقۇشقا بېرىشىغا يول قويمىغان ئەمەسمۇ! ...

غوجام زىياۋۇدۇننى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىنى ئادەم بويى چوڭقۇرلۇقتا كولا، زىياۋۇدۇن، — دېدى.

زىياۋۇدۇن كەتمىنى بىلەن چىرايلىق ئۆينىڭ سۇپىسىنى ئوتتۇرىدىن چاناشقا باشلىدى. غوجام چىقىپ كەتتى. زىياۋۇدۇننىڭ كەتمىنى بىردەمدىلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن زىياۋۇدۇن چۆككۈدەك بىر ئورا پەيدا قىلدى. غوجام مۇسا بىلەن يەنە بىر ئادەمگە بىر تاش كۆپنى كۆتۈرتۈپ ئەكىردى ۋە ئۇنى زىياۋۇدۇنغا سۇنۇپ:

— بۇ تاش كۈپنى مۇشۇ يەرگە كۆممىز ! — دېدى ئۇ ، — ھەئېغىرمىكەن؟ ئېغىر بولمايزە ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرگىن ، ساپلا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش . بۇ مال - دۇنيا ھەببۇللا غوجام بىلەن نۇرىنىڭ . ئۇلارغا يازغان خەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە . قاچان بۇ باللار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىدىكەن ، زىياۋۇدۇن بىلەن مۇسا ، ئىككىڭلار بۇ دۇنيانى ئېچىپ ئۇلارغا بېرىسىلەر . يەنە بىر ئېيتىپ قوياي ، بۇ سىرنى مەن ، مۇسا ، زىياۋۇدۇندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . مۇنۇ ئادەم پاك ، كېكەچ ھەم مېنىڭ يىگىرمە يىللىق چاكىرىم . ئۇ ماڭا بەدىنىمدەك سادىق !

زىياۋۇدۇن كۈپنىڭ ئاغزىنى ئاچتى . يالت - يۇلت قىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئۇنىڭ كۆزىنى چاقتى . ئۇلار كۈپنىڭ ئاغزىنى چىڭ بېكىتتى . ئۇنى ئاۋۋال تاختاي بىلەن يېپىپ ئاندىن توپا بىلەن چىگىتىپ كۆمدى . تەييارلانغان سامانلىق لاي بىلەن سۇپا سۇۋۇلۇۋدى ، ئۆي ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدى .

قايماقلىق ئەتكەنچاي ، ئاق نان بۇ يەرنىڭ ئېسىل تامىقى . زىياۋۇدۇن ئوبدان غىزالىنىپ ، غوجام بىلەن بىللە ئاتلىنىپ يولغا چىقتى . «توۋا ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — بۈگۈن قانداق كۈن بولدى؟ بايىلا بېشىمدا قامچا ئوينىغان ، مانا ھازىر ئايىغىمدا خەزىنە ! توۋا ··· »

ئۇنىڭ بېشىدا غەم ، شۇ تۇرقىدا قىزى «دادا» دەپ يىغلاپ تېلىقىپ قالدىمىكىن . توۋا ، قىزى دادىغا نېمانچە ئامراق ، دادىسى بويىنىغا قولىنى سېلىپ ، يىرىك قولى بىلەن دۈمبىسىنى سىلىمىسا ئۇخلىمايدۇ . ھەتتا تاماق يېسىمۇ دادىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ . دادىسى ئۆستەڭگە سۇغا چىقسا چېلەكنىڭ قۇلىقىغا ئېسىلىپ بىللە چىقىدۇ . كىچىك ئوغلىنىڭ پىراق ئوتىنى مۇشۇ قىزى پۇۋلەپ ئۆچۈرمەكتە . بۇ قىزى چوڭ بولسا نېمە بولاركىن؟ ئانىسىدەك مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولمىسۇن ، ئىلاھىم ···

— زىياۋۇدۇن ، قاچانغىچە قارا تۇتىسەن ، ئۆيلەپ قويايمۇ يا ؟
— ياق ، غوجام ، قارام يىلەن ئۇ دۇنياغا كېتەي جۇمۇڭ .
— يەرلىرىڭنى سات ، شەھەرلىك بولۇپ كەت . مەن ساڭا ئۆي - جاي قىلىپ دۇكان ئېچىپ بېرەي ، قانداق ؟
— غوجام ، باللارنىڭ ئاتىسىنى تاشلاپما ؟ بۇ ، بۇ بولماسمىكىن دەيمىنا ؟
— روھى قورۇنمايدۇ . باللىرىنى ئوقۇتسەن ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ياغ يۇرىتىپ ، قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرۇپ تۇرسەن ، مېنىڭمۇ ئالدىنقى خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتكەن . تۇپرىقى مازاردا . مەن شەھەردىغۇ ؟
— سىزنىڭ يولىڭىز باشقا ، غوجام . بىز دېگەن پۇقرا ، سەھرادا يۇرگىنىمىز تۇزۇك ...
— باشقا باللىرىڭمۇ نۇرىدەكمۇ ؟
— ئىككىسى مېنى دورىدى ، جاپاغا ئامراق ، غوجام . ئېتىلىپ كەتكەن ئوغلۇم نۇرىنى دورايتتى . زېرەك بالا ئىدى ئۇ ، قۇچاقتا قىزىم بار ، غوجام .
— ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ ؟
— مومىسى قىزىنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قالدى . ئۆزۈم قاراۋاتىمەن .
— ساڭا تەس ئىكەن ئەمىسە . ئېتىز ئىشى ، قازان بېشى ، ئالۋان - ياساق ، باللار غېمى ... ۋاي - ۋۇي ، شۇنداق قىل ، ئۆيلەپ قوياي ، سەكسەن خو يېرىڭنى خېلى پۇلغا يارىتىپ بېرىمەن !
— ياق ، غوجام . يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق !
— ئەخمەق ، تارانچى دېگەننىڭ ئەخمەقلىقى شۇ . يەر ، يەر دەپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ھۇسەنباي ، باۋۇدۇنبايلار ئىكىساقتىن يەر كۆتۈرۈپ چىقمىدى . قارا ، ھازىر دۇنيانى كېزىپ يۇرىدۇ ، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدۇ !
— ئۇلار دېگەن يول تاپقان خەق ، غوجام . بىز دېگەن يەردىن قول ئۈزەلمەيمىز . يەر بىزنىڭ جېنىمىز - دە !

غوجام قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— بوپتۇ ئەمىسە ، ئەمما لېكىن ئۆيلىنىۋال . ئۆلگۈچە قارا تۇتىمەن دېگىنىڭ بولمىدى ، زىياۋۇدۇن ، — دېدى .

غوجام ئېتىنى دېۋىتىۋىدى ، تېز گىن سىيرىپ ئويناقلاپ تۇرغان بوز ئات بېشىنى ئوينىتىپ يورغىلاپ كەتتى . جىرەن ئاتلىق مۇساننىڭ بېلىدىكى قىلىچى ئۇياق - بۇياققا سىلكىنەتتى .

زىياۋۇدۇن ئاچا يولغا كەلگەندە توختىدى :

— غوجام ، ئۆيگە بارسىلا ئەمدى ، مۇختەر ئاكام تازا خۇش بولىدۇ . ئۇ سىلىنى ئاچىقالماي ھەلەك . ئۇ بۇ يىل كۈزدە يەنە يۇزبېگىلىكىنى تالاشماقچى . مىڭبېگىلىكىنى قاسىم مىرابقا ئېلىپ بېرىمىز دەپ چېپىپ يۈرىدۇ . ئابدۇمەر قاچانغىچە گەجگىمىزدىن باسىدىكەنتاڭ ؟ !

— خەير - خوش ، زىياۋۇدۇن ! — دېدى غوجام جاۋاب بەرمەستىن ، — مۇختەربايغا سالام دېگىن !

غوجامنىڭ ئېتى كۇنپېتىشقا — شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . زىياۋۇدۇن ئۇلارغا ئۇزاق قاراپ تۇردى . جەنۇبتىكى قارلىق چوققىلار ، ياپېشىل قارىغايلار ، يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق ئورمانلار گويا غوجامنى قوغلاپ ، خوشلىشىشقا كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر مىسكىن بولدى . غوجام سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق گويا ئانا يۇرتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى ...

## 14

نەزەرخان غوجام «پەرھاد - شېرىن» دراممىسىنى خانىمى بىلەن بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرۇپ كۆردى . ئۇنىڭغا دراما ناھايىتى ياقتى . رەخىمجان ، قېيۇمبەگ ، زىكرى ، ئابدۇۋەلى جارۇللاغا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىتلەر رولغا چىققانىدى . ھېكىمبەگ

غوجام باشلىق شەھەر كاتتىلىرى تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ قۇرۇلغىنىغا بەش ـ ئالتە يىل بولغان سانايىنەپىسىگە پۇل ئىئانە قىلىشتى. نەزەرخان غوجاممۇ خېلى جىق پۇل ئىئانە قىلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، ئارتىسلار، سانايىنەپىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۇرۇپ:

— فرانسىيىلىكلەر، رۇسلار قىلالىغاننى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ. بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىز بار، بۇ مۇقام كاتتا بايلىق. بۇ بايلىق بىلەن قانچىلىك كۆرەڭلىسەك بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، ھازىر كۆرەڭلەيدىغان زامان ئەمەس، بايلىقىمىزنى باشقىلارغا كۆرسىتەيلى، ئۇيغۇر دېگەن خەلقنى دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرمۇ تونۇسۇن! ئۇيغۇرنى دۇنياغا سىلەر تونۇتالايسىلەر! — دېدى.

ئۇ قايتىپ كېلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا بىگۇناھ تۈرمىگە كىرىۋاتقان، ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان تونۇش ـ بىلىش، ئاغىنە ـ ئەڭتۇشلىرى بىرمۇبىر كەلمەكتە. تۇرداخۇنباي بىر قېتىم مەست بولۇۋېلىپ نەزەرخانغا: «غالچىلىقتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئوخشايمىز، غوجام. تۇر دېگەن يەردە تۇرساق، قىل دېگەننى قىلساق، دە دېگەننى دېسەك، بىزدە تىرناقچىلىك ئەركىنلىك بولمىسا بىزنىڭ نەرىمىز ئادەم؟» دەپ يىغلىغانىدى. ئۇ ھازىر تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى. غوجام تونۇگۈنلا گىمنازىيىگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا شېڭ دۇبەننى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە ئاخىرىدا ئوچۇم ـ ئوچۇم پۇلنى ئوقۇغۇچىلارغا چېچىپ: «شېڭ دۇبەننىڭ شاپائىتى!» دېدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار پۇلغا كۆز قىرىنى سالمىدى. غوجام ياشلارنىڭ كۆزلىرىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى سەزدى. ئۇ گىمنازىيىدىن چىقىۋېتىپ ئۇ قا ق كۆلۈبىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئەسكەرنىڭ بىر ئۇيغۇر بالىسىنى قانغا مىلەپ ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆردى. بىر ئايال غوجامنىڭ كالاسكىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ:

— غوجام، بالىنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، گۇناھسىز بىچارە، بىكار

تاياق يەۋاتىدۇ ! — دەپ يىغلىدى. غوجام مۇسانى ئاجرىتىشقا ئەۋەتتى، مۇسا بېرىۋىدى، بىر ئەسكەر مۇسانىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇردى. ئاخىر غوجام چىدىماي ئارىلاشتى:
— ياۋ سىلىڭغا ئېيتىمەن، نېمىشقا ئۇنى ئۇرىسىلەر؟
— سەن كىم؟ — دېدى كۆزلىرى قانغا تولغان مەست ئەسكەر غوجامغا گۆلىيىپ.
— مەن دوتەي نەزەرخان!
— ها ـ ها ـ ها ... سەن دوتەيمۇ؟ ياق، سەن دېگەن بىر تاياق! چەنتۇلار دېگەن قوي، ئۆچكە! ...
مۇسا ھېلىقى ئەسكەرنى غەزەپ بىلەن تازا سالدى. ئادەملەر ئىككى ئەسكەرنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى ... ئاجايىپ ئەزىمەتلەر تۇرمىدە تاياق يېمەكتە، ئازاب چەكمەكتە، خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىغان نى ـ نى ئەل سۆيەر ئەزىمەتلەر جانلىرىدىن ئايرىلدى: مەخپىي ياكى ئاشكارا ئۆلتۈرۈلدى. غوجام قانچىلىغان ناھەق ئىشلار، ۋابالچىلىقلارنى بىلدى، بىرىگە تىنمىدى، ئىچىگە يۇتتى. غالجىرلىق تېخىمۇ كۈچەيمەكتە، دېھقانلارغا سېلىنىۋاتقان سېلىق ئون تۆتكە يەتكەن، ئۇلار ئاچ ـ زېرىن، يالاڭ ـ يالىڭاچ. مۇنۇ تۆت توكتوك ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر يەپ ـ ئىچىپ، مەست بولۇشۇپ قىن ـ قىنىغا پاتمايۋاتىدۇ. باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش، خورلاش ئېقىمغا ئايلاندى. ھەتتا بىر قىسىم دۇكاندار خەنزۇلار چېغىدا ئۇيغۇر خېرىدارغا مالنى تاشلاپ بېرىدۇ. خېرىدار ياراتماي ماڭسا تىللايدۇ، ھەتتا ئۇرىدۇ، مېلىنى مەجبۇرىي ئالغۇزىدۇ. لېكىن، يەنىلا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ماختايدۇ. ئۇنىڭ بىرى مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ئەمەسمۇ، قېنى ئۇ باراۋەرلىك؟ ...
غوجامنىڭ ئالدىدىن ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقان ھەر خىل چىرايدىكىلەر ئۆتمەكتە. ئۇنى «چوماق»، «ھەيكەل»، «غالچا» دەپ تىللاۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار قۇلىقى ئەتراپىدا جاراڭلىماقتا. غوجام ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. قىلىن

كۆرپە ، لۆم ـ لۆم سىم كارىۋات ئۇنىڭ بەدىنىگە پاتماقتا ، ئىسسىق مامۇق ياستۇقلار ئۇنىڭغا تاشتەك قاتتىق بىلىنمەكتە .

— نېمە بولدىڭىز ، غوجام ، سوغۇق چاي ئىچەمسىز ؟ — دېدى يېنىدا ئاپئاق ئىچ كۆڭلەك بىلەن ياتقان ياش خوتۇنى ئەپرىز ئايىم غوجامنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىگە چىڭ ، سىلىق كۆكسىنى يېقىپ تۇرۇپ .

— ماقۇل ، ئىچەي ! — دېدى غوجام خوتۇنىنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئوڭشاپ ، — ئېيتىڭا ، خەلق مېنى يامان كۆرەمدۇ ، ياخشى كۆرەمدۇ ؟ راست گەپنى قىلىڭ !

— ھەر ئىككىلىسى ، — دېدى خوتۇنى قولى بىلەن ئىستاكاندا ئېرىگە چاي ئىچۈرۈۋېتىپ ، — سىز تۇرماق شىڭ دۇبەنىنىمۇ ياقتۇرمايدىغان ، يامان كۆرىدىغانلار بار . سىزنى «غالچا» دەيدىغانلار بار ، مىللەتپەرۋەر دەيدىغانلارمۇ بار .

— قايسىسى جىق ؟

— ئالدىنقىلىرى جىقمىكىن .

— مېنى كېيىن چۈشىنىپ قالىدۇ ، بەلكى مەن ئۆلگەندىن كېيىن چۈشىنىشەر !

— ۋايىەي ، يوقىلاڭ گەپنى قىلماڭ ، سىز ئۆلسىڭىز مەنمۇ بىللە ئۆلىمەن !

خوتۇنى دەرھال كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئېرىگە ياماشتى . غوجام خوتۇنىنىڭ بېشىنى سىلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى ...

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئورۇمچىدىن يېڭىلا كەلگەن كىچىك ماشىنىدىن پاكار ، قوڭغۇز قاپاق ، قاسقان شەپكىسىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان ، كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان بىر ئادەم چۈشتى ـ دە ، قولىنى كەينىگە قىلىپ قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بىر قەۋەتلىك بىنالارغا ۋە ئېگىز تېرەكلەرگە قىزىقىپ قارىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا بىنا پەلەمپەيلىرىنى بىراقلا دەسسىگۈدەك ئالدىراش يۈگۈرۈپ ئۇزۇن ، قارا ، خەنزۇچە قىڭغىر ياقىلىق چاپان كىيگەن ، ئېگىز ، ئورۇق بىرى چۈشتى ۋە ئىككى قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە

توغرىلاپ ئېگىلىپ تۇرۇپ :

— جيۇياڭ ، جيۇياڭ[1] ، ئەجەب تەستە كەلدىڭىز ، لى سىلىڭ . بەك ياخشى بولدى ، قېنى ، قېنى ! — دەپ بىنانى كۆرسەتتى . ھەربىي كىيىم كىيگىنى شېڭ دۇبەننىڭ ئامانلىق ساقلاش ئالاھىدە قىسمىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى ، قارا چاپانلىقى بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن دوتەيىنىڭ ياردەمچىسى ئىدى .

لى يىڭچى دېگەن نام مۇشۇ ۋىجىك ، قوڭغۇز قاپاق ئادەمگە قويۇلغان . ئۇ مۇشۇ نامى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتالايدۇ . چۈنكى ، ئۇ ھەر قېتىم شېڭ دۇبەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ چىقسىلا ، شۇ كۈن كېچىسى نۇرغۇن ئادەم جېنىدىن ئايرىلىدۇ . ئۇ ئۇزۇن تىزىملىكنى قاتتىق تاشلىق دەپتىرىدىن چىقىرىش بىلەن جاللاتلار تەييار بولىدۇ : مىلتىق ، دار ، دورا ياكى تىرىك كۆمۈش دەرھال باشلىنىدۇ . شۇڭا ، لى يىڭچى دېگەن نام جاللات دېگەن نامنىڭ ئۆزى ، ئۇ نەگىلا بارسا شۇ يەردە پاتىپاراقچىلىق ، ئەنسىزچىلىك ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھەربىر جاننى كەچ كۈزنىڭ قارا سوغۇقىدەك تىترىتىدۇ .

ھەرقانداق ئادەم ھاياتىدا بىر ئىشقا ھەۋەس باغلايدۇ . لى يىڭچى قاتىللىققا ھەۋەسكار ، ھەر كۈنى كەم بولغاندا ئون ئادەمنىڭ جېنىنى ئالمىسا ئىچى پۇشىدۇ . ئۇ ھەتتا جەمئىيەتتە سەل - پەللا ياخشى نام چىقىرىپ ھىمايىگە ئېرىشكەن ئادەمنى كۆرسىلا ، ئۆزىنىڭ يۈرتىدىشى شەرقىي شىماللىق باشلىقى شېڭ شىسەيگە ئۇنىڭ ئۇستىدىن يالغان دېلو ياكى جىنايەت ياساپ كۆرسىتىدۇ - دە ، شېڭ دۇبەننىڭ كۆزىگە قارايدۇ ، ئۇنىڭ ئۇن - تىنىسىز يولىيورۇقىنى چۈشىنەلەيدۇ . ھەتتا ئۇ ئادەمنى قانداق ئۇسۇلدا ئۇجۇقتۇرۇش لازىملىقىنىمۇ بىلەلەيدۇ . ئۇ يىگىرمە نەچچە خىل ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ بىرىنى شۇ ھامان تاللىۋېلىپ جاللاتلىرىنى ئىشقا سالىدۇ . ئۇنىڭ قولىقى شۇنچىلىك ئۇزۇن . بۇرنى شۇنچىلىك سەزگۈر ، قولى شۇنچىلىك ئۇزۇن ، ئۇ ئورۇمچىدە تۇرۇپ ئەڭ

---

[1] جيۇياڭ ، جيۇياڭ — جانابلىرى بىلەن دىدارلىشىشقا كۆپتىن بېرى تەشنا ئىدىم .

يــــراق خوتەن ، قەشقەر ، قۇمۇل ، غۇلجا ، ئالتاي ، ھەتتا چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلارنى تېز بىلىپ ، تېز قول سالالايدۇ . ئۇنىڭ ئـادەمـلـــىرى كىملەرنىڭ خەتەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى يادقا بىلىدۇ . نارازىلار ، قارشىلار ، ئاغدۇرمىچىلاردىن باشقا بىلىملىك ، ئابرۇيلۇقلار ، قابىلىيەتلىك ، قەيسەرلەر ، ھەتتا پۇلدارلارنى ئۇلار ئاچ بۆرىدەك پۇراپ - تىمىسقىلاپ ئىزدىشىدۇ ...

لى يىڭچى — مۇشۇ ۋىجىككىنە بىر ئادەم شۇڭا باشقىلارغا دۆبىدەك چوڭ ، قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ .

دوتـەي يـاردەمـچـىـــىنىڭ پۇكۇلۇپ تىترىشى ، ئارقىدىنلا پـــەلەمـپـەيـدىـن دوتـەيـنـــىڭ يـۈگـۈرۈپ چۈشۈشى ، گارنىزون ئەمەلدارلىرىنىڭ چاس بېرىپ تىك تۇرۇشلىرى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى .

مەمۇريي مەھكىمە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا نەزەرخان غوجامۇ پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ :

— خۇش كەپسىز ، مەرھابا ، مەرھابا ! — دېدى خۇددى يېقىن قـېـرىـنـدىـشـىـنـى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ ، — مەرھەمەت ، مەرھەمەت !

بـۇ سـۇئنىي خۇشاللىق ئىچىگە قانچىلىك نەپرەت ، ۋەھىمە يوشۇرۇنغىنىنى ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپ بىلىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار قۇچاقلىشىدۇ ، يۈزلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىشىدۇ ، بىر - بىرىنى مەدھىيىلىشىدۇ ۋە ھۆرمەتلىشىدۇ :

— كەلگىنىڭىزگە بەك خۇشال بولدۇق !

— شېڭ دۇبەن سىزنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزدىن بەكمۇ مىننەتدار ، بۇ قېتىم ئالاھىدە سالام ئېيتتى !

— شېڭ دۇبەن ياشىسۇن !

— شـېـڭ دۇبـەن غـۇلجا خەلقىنىڭ قەلبىدە بەك يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە !

— شېڭ دۇبەننىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجا پۈتۈنلەي يېڭىلاندى .

مەكتەپ ، دوختۇرخانا ، زاۋۇت ، فىرمىلار يوقتىن بارلىققا كېلىپ ، خەلقىمىز بەخت قوينىدا باياشات ، خاتىرجەم ياشىماقتا !

ئادەمنىڭ بەزى ناخشىلارنىڭ ئەۋجىگە ئاۋازى يەتمىگەندەك ، مەدھىيە ۋە ئالقىش ـ مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەشكىمۇ بەزىدە ئاۋاز يېتىشمەي ، سۆز تېپىلماي قالىدۇ . غوجام بۇگۈن ئۆزىنىڭ تىل كەمبەغىلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ، ھېچ گەپ تاپالمىغاندا : «ياشىسۇن !» دېگەن ئوڭاي سۆزنى تەكرارلاۋەردى ...

كەچتە كاتتا زىياپەت بولدى . غۇلجىنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تولۇق كەلگەندىن سىرت ، چوڭ بايلار ، دىنىي زاتلار ، مەشھۇر زىيالىيلار ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ رەھبەرلىرى زىياپەتكە قاتناشتى . ئالتە بۈيۈك سىياسەت ، شېڭ دۇبەننىڭ تۆھپىلىرى قەدەھ سۆزى ، ناخشا ـ كۈي ۋە ئادەتتىكى پاراڭلاردىمۇ ھارغۇچە مەدھىيىلەندى . مەدھىيىلىنىۋاتقان بۇ شەخسنىڭ ئۆز قولى بىلەن غوجانىياز ھاجى باشلىق نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ يۈرىكى يارا ئىكەنلىكىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى . شۇنداق ، ئىنسان بەزىدە پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ ، ئويلىنىش ، خىيالمۇ ئۇنىڭ جىنايىتى بولۇپ قالىدۇ . چىرايلىق چىراغلار يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان ، ھەممە ئادەم چىرايلىق كىيىنگەن ، ھەممە چىرايدىن شادلىق چاقناپ تۇرغان سورۇندا كىممۇ پاجىئە ، ناھەقچىلىك ۋە قاباھەت توغرىسىدا ئويلىسۇن ! مانا غوجام سۆز ئالدى .

— شېڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، — دېدى ئۇ ئاقۇچ كاستۇمىغا ياراشقان سۇس كۆك گالستۇكىنى تۈزەپ قويۇپ ، — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلق پاراۋان ـ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتى . نامرات دېھقانىنىڭ بالىلىرى مەكتەپ يۈزى كۆردى . ھازىر گىمنازىيە ، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە باشقا مەكتەپلەردە مىڭغا يېقىن نامرات دېھقانىنىڭ بالىسى ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن ئوقۇماقتا ، مەن ئۇلارنىڭ سالىمىنى ،

مـــنـنـەتـدارلـىـقـىـنـى لـى گـېـنېرال ئارقىلىق شىڭ دۇبەنگە يوللىماقچىمەن !

— ياخشى ، ياخشى ! — دېدى چالا مەست بولۇۋالغان لى يىڭچى رومكىسىنى غوجامنىڭ بېشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ ، — غوجامغا شەربەت تۇتۇڭلار ، بىلىمەن ، غوجام هاراق ئىچمەيدۇ ، مېۋە سۇيىنى ياخشى كۆرىدۇ !

— بۇ ، بۇ ... بۇ ! — غوجام دۇدۇقلىدى . بىر گۈزەل رۇس قىزى تاكاسلاپ كېلىپ غوجامغا قىزىلىق ئىستاكاندا مېۋە سۇيى تۇتتى .

غوجام ئىككىلەندى ، لېكىن قىزنىڭ چىرايلىق كۆك كۆزلىرى ، كۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرى ئۇنى «ياق» دېيىشتىن توسۇدى . ئۇ ئىستاكاننى قولىغا ئالغاندا ، قىزنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ قولىغا تەگدى .

— قېنى مەرھەمەت ! — دېدى لى يىڭچى رومكىسىنى ئۇنىڭ ئىستاكانىغا تەگكۈزۈپ ، — دوستلۇق ، غەلىبە ، سالامەتلىك ئۈچۈن !

غوجام لى يىڭچى بىلەن تەڭلا ئىستاكاننى كۆتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ يېنىغا نەدىندۇر مۇسا يۈگۈرۈپ كەلدى ، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى . شەربەت — لەززەتلىك ، سارغۇچ ئىچىملىك ئۇنى زوقلاندۇرۇپ ئاشقازىنىغا بېرىپ قۇيۇلۇپ بولغانىدى .

زىياپەت كەچ تۈگىدى . مەدھىيە ، كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن ئادەملەر ماشىنىدا ، كالاسكىدا ، هارۋىدا ، پىيادە ئۆيلىرىگە قايتىشتى .

غوجام كالاسكىدا كېلىۋېتىپ بىئارام بولۇپ مۇساغا :

— شەربەت ياقمىدى ، مۇسا ! — دېدى .

— ئىچمىسىڭىز بولاتتى ، دوختۇر ئەكېلەيمۇ ، غوجام ؟

— ياق ، ئۆيگە بېرىپ ئەپرىز ئايىمنىڭ قىزىق چېيىنى ئىچسەم ئوڭلىنىپ قالىمەن .

لېكىن ، ئۆيگە بېرىپ ئۇ چاي ئىچمىدى ، ياندۇردى ، دوختۇر

كەلدى ، دورا قىلدى ، ئۇ توختىماي ياندۇردى ، ئاخىر قان قۇستى ، بىر ھەپتە قان قۇسۇپ ياتتى . سەككىزىنچى كۈنى :

— … ھايۋان … ئىسىت ! … — دېدى - دە ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى . ئەتىسى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇسا تۈرمىگە تاشلاندى . ئۇنىڭغا «غوجامغا زەھەر بەرگەن» دېگەن جىنايەت يېزىلدى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جىنايىتى رۇس قىزى ئېلىپ ماڭغان شەربەت قۇيۇلغان ئىستاكانغا بىرىنىڭ تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن بىر نەرسە سالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقى ئىدى .

چىيەنلۇڭ خانىنىڭ يارلىقى ۋە ھىمايىسى بىلەن تۇرپان ھۆكۈمرانى ئىمىن ۋاڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسا گۇڭنى غۇلجىغا ئەۋەتكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان توققۇز ئەۋلاد غۇلجىدا «ھېكىم» دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىرەر ئۇيغۇر ياكى باشقا مىللەت دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىپ باقمىدى . شېڭ دۇبەن «دوتەي» دېگەن نام بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيلىققا ئىككى ئادەمنى تەيىنلىدى . ئۇنىڭ بىرىنچىسى تۇرداخۇنباي ئىسىملىك ئانىسى قىرغىز ، دادىسى ئۇيغۇر كىشى ئىدى . ئۇ بۇ چوڭ باينى غوجانىياز ھاجىغا چېتىپ «خائىن» دەپ تۈرمىدە ئۆلتۈردى . ئۆزى دائىم ماختايدىغان ئىككىنچى دوتەي نەزەرخان غوجامنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردى ؟ بۇ سىر ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس . خەلققە : «ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇسا غوجامنىڭ ئايالى بىلەن دۇنياسىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا قەستەن قىلغان» دېگەن سۆزنىلا تارقاتتى . مۇسا نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ ؟ بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ . مانا ھازىر پۈتۈن غۇلجا ماتەمدە ، سىلىڭ ، دوتەي ، كونسۇللار غوجامنىڭ يېڭى پۈتكەن ھەيۋەتلىك ئۆيىگە ھال سوراپ كېلىشتى . غوجامنىڭ تاۋۇتىنى شەھەر خەلقى ، ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرۈشۈپ شەھەردىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراققا — شەرققە قاراپ پىيادە ئېلىپ بېرىشتى . مىڭلاپ - تۈمەنلەپ ئادەملەر بېلىگە ئاق باغلاپ بۇ كۆيۈمچان ، كىبىرى يوق ، خۇش چاقچاق

دوتەيگە چىن يۈرىكىدىن ياش تۆكۈشتى . لېكىن ، ھېچكىم «غوجامنى شىڭ دۈبەن ئۆلتۈردى !» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى . ھەتتا بۇنداق ئويلىغانلارمۇ كەمدىن ـ كەم ، يوقنىڭ ئورنىدا بولدى . «رىزقى شۇنچىلىك» دېگەن سۆز بىلەن ھەممە پاجىئەنى خۇلاسىلەشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلىرىمىز غوجامنى چىغلىقمازاردىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ بولۇپ ، غوجامنىڭ غەلىتە ئۆلۈمى توغرىسىدا پىكىر قىلىشنى تاماملاپ ، «ئەمدى كىم دوتەي بولاركىن ؟» دېگەن تېمىدا سۆزلىشىشكە قىزىقىشتى . چوڭ ـ چوڭ چايلاردا ، مەشرەپلەردە بولىدىغان گەپلەر : «زاكىرجان غوجام مۇئاۋىن دوتەي بولارمىش ـ ھە ؟» ، «ياق ، ئەمدى غوجىلار بولماس ، دوتەي بۇ قېتىم ھۆسەنبايلاردىن چىقىپ قالارمىكىن» ، «... ياق ، ھېكىمبەگ غوجام دوتەي بولىدۇ جۇمۇ !» ... بولۇپ قالدى . ھېچكىممۇ : «دوتەي قىلىدىكەن ، ئىككى يىل بولار ـ بولمايلا ئۆلتۈرىدىكەن ، ئۇنىڭ نېمە قىزىقچىلىكى بار ـ ھە ؟» دېگەن سوئالنى سوراپمۇ قويمىدى . ئەمەل تۇتۇش بېشىنى سىرتماققا تىقىش ، ھالاكەتكە يېقىنلىشىش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرسىمۇ ، بىزنىڭ بايلىرىمىز يەنە شۇ ئورۇننى تەمە قىلىشاتتى . خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ، ئادىل ئادەملىرىنى يەنە شۇ ئورۇنغا تەكلىپ قىلاتتى .

1939 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئەنە شۇنداق باشلىنىپ ئادەملەرنىڭ خىيالىدىن نەزەرخان غوجامنىڭ ئىسمى ، چىرايى ۋە سۈپىتى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ھازىر غوجامنىڭ دەرۋازىسىدا پوستمۇ يوق ، ئۇ يەرگە كالاسكىلار ، ماشىنىلارمۇ كىرىپ ـ چىقمايدۇ . ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ، ئاشپەزلىرىمۇ كېتىشكەن . ئەپرىز ئايىم ئاتا ـ ئانىسى ۋە غوجامنىڭ ئىلگىرىكى ئايالىدىن بولغان كىچىك ئوغلى بىلەن چوڭ قورۇدا يالغۇز قالغان . خىنىم ھازىر بۇرۇنقىدەك كالاسكىدا غادىيىپ ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىدىغان ، توي ـ تۆكۈن ، ئولتۇرۇشلاردا كۆزگە تاشلىنىدىغان يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ چەت ئەلچە كىيىملىرى بىلەن

ئالتۇن بېزەكلىرىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان، ئاياللار ئارىسىدا غوجامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ساناپ ماختىنىپ، ھەممىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتىۋالىدىغان لەززەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم. ئۇ ئېرىدىن ياپپاشلا تۇل قالغىنىغا ئېچىنمايدۇ. ئېگىكى بىلەن ئالىقانلىرىغا تايىنىپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن قىلىدىغان خىياللىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئېرى بىلەن ئۆتكەن كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلەش ئەمەس، ئۇ غوجامدىن قالغان شۇنچە جىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئۆي - جاي، يەر، تۈگمەن، مال - ۋارانىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى قانداق گۈزەل ئۆتكۈزۈش كېرەك دېگەن ئىشلارنىلا ئويلايدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئاددىي نەرسە. چۈشەنمىسەڭ ھېسسىياتقا بېرىلىسەن، چۈشەنسەڭ، يول تاپالىساڭ ئاددىي نەرسە ... ئەپرىز بانۇمدەك چىراي، گەپ - سۆز ۋە ناز - كەرەشمىدە يېتىلگەن ئاياللار ئۈچۈن پانىي دۇنيادىكى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەممە يەردە ئوچۇق!

ئەپرىز بانۇم بېشىدىكى ئاق ياغلىقنى يۇلۇۋېلىپ سىم كارىۋاتقا ئاتتى - دە، رۇسىيىدە ياسالغان گۈل - نەقىشلىك تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— غىياسىدىن غوجام!

— ھە، نېمە بولدى ھەدە؟ — ئاق يۇزلۇك يەتتە ياشلاردىكى بالا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى.

— مەيەرگە كەلگىن، ساقام! — دېدى ئايال بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، يۈزلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سىيپاپ، — ئەمدى داداڭ يوق، مانا بىزنى ساقلايدىغان ئەسكەرلەرمۇ، مۇسا ئاكاڭمۇ يوق، ئاشپەزلەرمۇ كەتتى. مانا ئىككىمىزلا قالدۇق!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى. بالا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى:

— دادام ئۆلۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۆلۈپ كەتسەم بولاتتى، جېنىم دادام، كۆيۈمچان دادام!

— يىغلىما ، ساقام . داداڭغا ھەممە ئادەم يىغلىدى ، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي . داداڭ يوق ، ئەمما ئاپاڭ مانا مەن بار . سېنى ئۆزۈم ئوقۇتىمەن ، ياخشى باقىمەن ، تاشكەنتكە ، موسكۋاغا ، پارىژغا ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن ، بالام . داداڭ سېنى ماڭا تاپشۇرغان ئەمەسمۇ ؟

— ئاپا ، جېنىم ئاپا !

— ھە ، ئەمدى يىغلىما ، ساقام . مېنى ئاپا دە ، ھەدە دېمىگىن ـ ھە !

— ماقۇل ئاپا .

— سېنىڭ چىغلىقمازاردا ئىككى ئاكاڭ ، ئۈرۈمچىدە بىر ئاكاڭ بار . ئۈرۈمچىدىكى ئاكاڭنى خوتەنگە خىزمەتكە ئەۋەتىپتۇ . بالام ، ھازىر چىغلىقمازاردىكى ئىككى ئاكاڭ مىراس دەۋاسى قىلىۋاتىدۇ . مىراس بۆلگىلى قازىلار كەلگۇدەك . قازىلار كەلسە سەن نېمە دەيسەن ؟ ئاپام بىلەن بىللە تۇرىمەن دەيدىغانسەن ـ ھە !

— مەن ئاپام بىلەن بىللە تۇرىمەن دەيمەن ، ئاپا !

— ياخشى ساقام ، شۇنداق دە . ئىككى كىشىلىك مىراسقا بىز نەق پۇل ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئالايلى جۇمۇ ؟

— ماقۇل .

— چىغلىقمازاردىكى ئىككى ئاكاڭغا يەتتە يۈز قوي ، ئىككى يۈز كالا ، سەكسەن ئاتنى بېرەيلى . يۈز ئون خو يەرنىمۇ ئۇلار ئالسۇن .

— ۋاي ـ ۋۇي ، ماڭا دادام مىنىدىغان ئاتنىمۇ بەرمەمدۇ ؟

— ئۇنى ئالىمىز ، ساقام . خوتەندىكى چوڭ ئاكاڭغا مۇشۇ جاينى قىرىق ئېغىز دۇكان بىلەن ، چىغلىقمازاردىكى جاينى قالدۇرايلى .

— ئىككىمىزگىچۇ ، ھېچنېمە قالمامدۇ ئەمىسە ؟

— ياق ، بىزگە نەق پۇل ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ، ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى قالىدۇ . داداڭ ئۆزىنىڭ قانچىلىك پۇلى ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بارلىقىنى يېزىپ قويۇپتىكەن . ھەممە ئادەم

بىلىدۇ . بىز ئىككىمىز نەق پۇل بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تۇرايلى
جۇمۇ ؟
— ماقۇل ، ئاپا .
قازىخانىغا يېزىدىكى ئوغۇللار ئەمەس ، بىرىنچى بولۇپ ئەپرىز ئايىم بارغان ۋە غوجامنىڭ ھەممە بايلىقىنىڭ سانىنى يېزىپ بەرگەن ، بالىغا دېگەن گەپنىمۇ ئەرزىگە قوشۇپ يېزىپ تاپشۇرغانىدى . غوجام بىر كۈنى كېچىدە ئايالىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چىغلىقمازاردىكى ئۆيگە كۆمۈلگەن ھېلىقى دۇنيانى : «بىچارە ئوغلۇمنىڭ ھەققى» دەپ پۈركىتىپ قويغانىدى . ئەپرىز ئايىمنىڭ ئەس ـ خىيالى نەچچە كۈندىن بېرى شۇ بايلىقتا قالغانىدى .
مانا ، ئايلار ئۆتتى ، دۇنيادا چوڭ ۋەقەلەر بولدى . ياۋروپادا ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجاپ پۈتۈن يەر شارى يالقۇن ئىچىدە قالدى . ياپونىيە جۇڭگو زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ شاڭخەي ، نەنجىڭغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى ئىگىلىدى . جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ھەممىلا ئادەم ۋەتەن غېمىدە بولۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە ئەپرىز ئايىم «نەزىر» قىلىمەن دەپ چىغلىقمازارغا چىقتى .
كۆزنىڭ يامغۇرى ھەممىلا ئادەمنى ئۆيگە سولىغان ، نامرات دېھقان ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ ، ئادەملەر پاناھ ئىزدەپ مەسچىتلەرگە كۆچۈپ كىرىۋالغان كۆڭۈلسىز كۈنلەردە ئەپرىز ئايىم ئۆزىنىڭ ئىككى ئادىمىگە ھېلىقى غوجام دۇنيا كۆمگەن دالاننىڭ سۈپىسىنى كولاتتى ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىۋېلىپ كۈپنى غوجامنىڭ بىر خۇرجۇن ئىش قەغەزلىرى بىلەن قايتىدىن تولدۇرۇپ ئوتتۇرىسىغا ئۈچ تۇخۇم سېلىپ چاندۇرماي كۆمۈپ قويدى ۋە كىچىككىنە غىياسىدىن غوجىنى چىغلىقمازاردا قالدۇرۇپ ، يامغۇرغا قارىماي لەمپىلىك هارۋا بىلەن ئۆز يۇرتى توققۇزتارا ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى .
ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا نەزەرخان غوجامنىڭ بۇ ئارزۇلۇق خوتۇنى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ كاتتا بېيى ، ياشىنىپ قالغان يېگى

هاكىمغا توقاللىقا تېگىۋالدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا هاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنى ۋاپات بولدى . ئەپرىز ئايىم هاكىمنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى ۋە ئەقىلچىسى بولۇپ قالدى .

بۇ هېكايىنى ئاڭلىغان نۇرى دائىم ئۆزىنى ماختايدىغان ۋە ئۆزىگە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلغان ئەپرىز ئايىمغا نەپرەتلەنمىدى . چۈنكى ، ئۇ هازىر ئادەملەر توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭى - يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان ، هاياتنىڭ هۆجەيرىسى بولغان ئائىلە ۋە ئۇنىڭ ئۇلى هېسابلىنىدىغان مۇهەببەت توغرىسىدىمۇ يېڭىچە ئۇقۇملارغا ئېرىشكەنىدى .

ئۇ هاكىمىيەتكىلا ، شېڭ دۇبەنگە غەزەپلەندى . ئۇنىڭ زامانغا ، زامان هۆكۈمرانلىرىغا بولغان غەزىپى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى . ئۇ : «يەنە نۇرغۇنلىغان سۆيۈملۈك ئادەملەر شېڭ دۇبەننىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلىدۇ . بۇ زورلۇقنىڭ چېكى بارمۇ ، ئۇ قاچان؟» دېگەننىلا ئويلايتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غوجامنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ، قارا بۇرۇتلۇق چىرايى نېرى كەتمىدى . يېنىغا تاپانچا ئېسىپ يۈرىدىغان ، كەم سۆز ، تولىمۇ مېهرىبان مۇسانىڭ خىيالچان ، خۇشخۇي چىرايى ، كەڭ مۈرىلىك گەۋدىسى نۇرىنىڭ خىيال ئېكرانىدىن زادىلا ئۆچمىدى . مۇسا تولىمۇ هوشيار ، ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى . ئۇ بىر كۈنى نۇرىنى يوقلاپ ياتىقىغا بارغانىدى .

— غوجىكام سىزنى قالتىس ماختايدۇ ، نۇرى ، — دېگەنىدى ئۇ نۇرىغا غوجام ئەۋەتكەن بىر كاللەك پۇل ۋە توقاچ - گۆشلەرنى بېرىپ ، — چوڭ بولغاندا كاتتا ئادەم بول . بىز ئۇيغۇرلاردىن نېمىشقا لېنىن ، ستالىندەك ئادەملەر چىقمايدۇ - هە؟ سەن چىقىسەن ، ئۇكام ، سەن كاتتا ئادەم بولالايسەن .

مۇسا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خوتىخاي دېگەن يەردە خوتۇنى ، ئىككى بالىسى بارلىقى ، ئۇنىڭ بوۋىسى يۈزبېگى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن : كۆچ - كۆچ بولغاندا (1882 — 1883 - يىللىرى) هېۋىز يۈزبېگى كۆچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالغان . دېهقانلار چىلەك ،

ياركەنت دېگەن شەھەرلەرگە كېتىشكەن . ھېۋىز يۇزبېگى كەتكەن دېــھقانلارنىڭ يەرلىرىگىمۇ دەن تۆلەپ ھالىدىن كەتكەن ، پۇتۇن بايلىقىنى تۈگەتكەن . بۇرۇن ئۇ ئادەم ھەر يىلى ئورۇسقا نۇرغۇن مــال ئــۆتــكــۈزۈپ ، ئــورۇســتــىــن مــال ئــەكىرىپ سودا بىلەن بېيىغانىكەن . شىبەلەر ئۇنىڭغا يەرلەرنى بىزگە بېرىسەن دەپ زۇلۇم سالىسىمۇ ، ئۇ يەرنى بېرىشكە زادى ئۇنىمىغان ، ھەممە تەئەللۇقاتىنى سېــتــىــپ يۇرۇپ يەرلەرنىڭ دەننى تۆلىگەن . ئاخىر مىنگودىن كېيىنكى ھۆكۈمدار : «ئۇ بىزنى باقىمەن دەپ كەتمىگەن ، ئۇنى نېــمــىــشــقا يەرنى بەرگىن دەپ قىيىنايسىلەر ؟ » دەپ شىبەلەرنى ئەيىبلەپ ئۇنى قوغداپ قالغان . مۇسانىڭ دادىسى سېلىم يۇزبېگى ھەر يىلى ئورۇسقا ئوتتۇز ئۈچ مىڭ تۇياق مال ئۆتكۈزۈپ رەسىدىن مــوســكــۋىســكــى سوكنا ، يىپەك رەخت ، شولكىۋاي ، بولاتناي ، بوبرۇك ، مەخمەل قاتارلىق ئېسىل رەختلەر بىلەن قەنت ، ساماۋارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكېلىپ سودا قىلىپ يەنە بېيىغان . كېيىن رۇسلار ئۇنى ئەتكەسچى دەپ ئېتىۋەتكەن . مۇسا دادىسىنىڭ ناھەق ئېتىلغانلىقىنى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى نەزەرخان غوجامغا ئەرز قىلغان ، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇر ، قەيسەرلىكى بىلەن 1933 ـ يىلىدىكى تۇڭگان قاچ ـ قاچتا خىزمەت كۆرسىتىپ غوجامغا ياراپ قالغانىكەن . غوجام ئۇچۇن جېنىنى ئاتىۋەتكەن ئەزىمەت ئاشۇغۇ ! «شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ جاللات بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىرىمىزنى يــوقىتىدىكەن ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش ئوخشايدۇ . بىز قاراپ تۇرۇپ يوقالغۇچە ئېلىشىپ يوقىلىشىمىز ياكى ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك ! » دەپ ئويلىدى نۇرى ياتىقىدا ئوڭدا يېتىپ .

ئــۇنــىــڭ كــۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى ، ئۇ بىردىنلا يېنىدىكى دوستىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ :

— مەن قەسەم قىلىمەن ، بۇ ئىنتىقامنى ئالماي قويمايمەن ، ئىنتىقام ئالمىسام ئادەم ئەمەسمەن ! — دەپ ھۆڭگىرەپ يىغلىدى .

كىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلىسا شۇنىڭغا ئەجەل تىغى تېگىۋاتىدۇ .

رۇسلوف ، غوجام ، مۇسالار ئۇنىڭ يارتىمىدىغان غەمخورچىلىرى ئىدىغۇ . ئۇنىڭ قەلبىگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنى سالغان سەبىخە ھازىر نەدە ؟ بۇ زاماننىڭ قارا كۈچلىرى ئۇنىڭ بىلەنلا قىرىشامدۇ ـ ھە ؟ غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايىمۇ ؟ غەزەپ ـ نەپرەتنى كۈچكە ، مىلتىققا ئايلاندۇرىدىغان پەيت تېخى كەلمىدىمۇ ـ ھە ؟ رۇسىيىدە پەيدا بولغان لېنىن ئۇيغۇرلاردىن قاچان چىقار ـ ھە ؟ يەنە ، ماۋ زېدۇڭ دەيدىكەن ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى زۇلۇمغا ، ئېزىلىشكە قارشىكەن . ئەزگۈچىلەرنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۈرۈمچىگىمۇ ، غۇلجىغىمۇ كەلدى دېيىشىدۇ . ئۇلارنى تاپقىلى بولماسمۇ ؟ سەۋر ـ تاقەت دېگەننىڭ چېكى بولىدىغۇ .

— مەن چىدىيالمىدىم ، — دېدى ئۇ يېنىدىكى باتۇر ئىسىملىك دوستىنى ئاستا تۇرتۇپ ، — ئوقۇپ نېمە قىلىمىز ، باتۇر ؟ مۇئەللىم بولۇپ بىرىنچى سىنىپ بالىلىرىغا ئا ب س نى ئۆگىتىدىكەنمىز . مېنىڭ چوڭراق ئىشلارنى قىلغۇم بار ، دېگىنە ، قانداق قىلساق بولىدۇ ؟

— نېمىنى قانداق قىلساق دەيسەن ؟

كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن دوستى ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز جاۋاب بەردى .

— يۇر ، تۆۋەنگە چۈشەيلى .

— سوغۇقتا نەگە ؟

— ئۆزىمىزنى تاۋلايلى ، سوغۇقتىن قورقساق قانداق پارتىزان بولالايمىز ؟ !

ئۇلار كىيىنىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىدىن تۆۋەنگە چۈشتى . ئاچچىق شامال دەرەخلەرنىڭ ئاخىرقى يوپۇرماقلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئەكېلىپ نۇرنىڭ يۈزىگە ئۇردى . نۇرى يوپۇرماقنى قولىغا ئېلىپ :

— بىزمۇ بىر يوپۇرماق ، ھالىمىزغا باقماي بوران بىلەن ئېلىشماقچى . بىلەمسەن ، ھازىر قۇمۇل ، ئالتاي تاغلىرىدا ، پامىر

تاغلىرىدا پارتىزانلار ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ . بىزنىڭ تاغلىرىمىزدىمۇ ئەكبەر باتۇر ، غېنى باتۇرلار ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ . لېكىن ، كۈچ ئاجىز . ما خۇسەن يىگىرمە مىڭ ئەسكەر بىلەن شېڭ دۇبەنگە ھۇجۇم قىلىپ تارمار بولدى . بىزدە قورال يوق ، ھېچبولمىسا مىڭ تال بەشئاتار بولسىدى ، ھەربىر مىلتىقتا ئون تالدىن ئوق بولسا ، ئاستا ـ ئاستا قوراللانغىلى بولاتتى . ھازىر ياۋروپادا قاتتىق سوقۇش بولۇۋاتىدۇ . گىتلېر پولشاغا ھۇجۇم قىلدى . ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى . سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ دەككە ـ دۈككىدە ، ئاداش . ياپونلار شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاننى ئاز دەپ ھازىر شىمالىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرمەكتە . دۇنيا مالىمان ، شىنجاڭمۇ مالىمان بولسا بولاتتى .

— بىرنەچچە يىلدا ئىسھاقبېك لۇيجاڭ ھە دېسىلا شېڭ دۇبەن ئۈچۈن كەتمەن چاپتى ، — دېدى باتۇر تۇيۇقسىز ئويقۇدىن ئويغانغاندەك ، — ئىككى پولك ئەسكىرى بولغاندىكىن ، شېڭ دۇبەنگە قارشى چىققان بولسا ـ ھە ؟

— ئۇ چاغلاردا شېڭ دۇبەننىڭ ھىيلىگەرلىكىنى بىلمىدى ـ دە ، بىلگەن بولسا مىلتىقىنى ئارقىغا قاراتقان بولاتتى .

— تاغقا چىقىپ پارتىزان بولساق قانداق دەيسەن ، باتۇر ؟

— ياق ، مەن دادام بىلەن ئاپامنى باقمىسام بولمايدۇ ، ئاداش . دادام سىل كېسەل ، ئۇكىلىرىم كىچىك ، ئۇلار ھازىر بىر كۈن ئاچ ـ بىر كۈن توق ئاران ـ ئارانلا كۈن ئېلىۋاتىدۇ .

— ھەممە خەلق شۇ . ھەممىلا يەردە ئاچارچىلىق ، غورىبەتچىلىك ، ئۇنى ئاز دەپ ھەممىلا يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈش ، تۇتقۇن قىلىش بولۇۋاتىدۇ . شېڭ دۇبەن يەنە «خائىن ـ سۇيىقەستچىلەر گورۇھى» دەپ يالغان دېلو ياساپ چىقىپ ھەممىلا يەردە ئادەم تۇتۇۋاتقۇدەك . غوجامنىڭ ئۆلۈمىگە زادىلا چىدىمىدىم . ھازىرلا بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالغۇم بار ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن زۇلۇمنى يوقاتقىلى بولمايدۇ ـ دە !

ئىككى يىگىت مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ

ئۇزاق مۇڭداشتى . شەھەر جىمجىت ئۇيقۇدا ، نەلەردىندۇر مىلتىق ئېتىلدى ، بىر يەردە مەستلەر ئاغىل - تاغىل ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى .

ئۇلار دەرۋازىغا كەلدى ۋە رىشاتكىدىن يامىشىپ چىقىپ ئۇ قا ق كۇلۇبنىڭ ئالدىغا باردى . كۇلۇب ئالدىدىكى بۇلۇڭلاردا دۈگدىيىشىپ مۇساپىرلار ئولتۇرۇشاتتى .

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۇيغۇر ! — دېدى باتۇر .

ئۇلار مۇساپىرلارنىڭ يېنىغا كەلدى . غالىلداپ تىترىشىپ ، كونا چەكمەن ، كورەك جۇۋىلارغا ئورىلىپ بىر - بىرىگە دۈمبىلىرىنى چاپلىشىپ ئولتۇرۇشقانلار راستتىنلا ئۇيغۇرلار ئىدى .

— نەدىن كەلدىڭ ؟

— قەشقەردىن !

— سەنچۇ ؟

— ئاقسۇدىن .

— مۇنۇ بوۋايچۇ ؟

— ئۇ مۇشۇ يەردىن . ئۇ ساراڭ .

— شېڭ دۇبەننىڭ مىللىتىدىن بىرىمۇ يوق ، نەدە ئەمەل ، نەدە بايلىق ، نەدە ئاسان پايدا بولسا ئۇلار شۇ يەردە !

باتۇر قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى — ئۇ نۇرنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇۋېلىپ ، گويا قەسەم بېرىۋاتقاندەك ۋارقىراپ ، قوللىرىنى شىلتىدى :

— زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بولىدۇ . قارشىلىق ئىنقىلاب دېگەن سۆز . ماقۇل ، ئاداش ، سەن نەگە بارساڭ مەن شۇ يەرگە باراي ، يامىنى كەلسە مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلىرىم مۇنۇلاردەك تالادا قالار ، دېۋانىلىك قىلار . گېپىڭ توغرا ، ھەممە خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بۇ !

نۇرى ئۇنى يېيىلىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىغا ئېلىپ كەلدى ، سۇ ئاستا شارقىرايتتى ، شامال دەرەخلەرنى ھۇۋلىتىپ ئەدىمەكتە

ئىدى .

— بىز ئاۋۋال بىر تەشكىلات قۇرساق ، — دېدى نۇرى ، — ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ، خائىنلىق قىلمايدىغان ، بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان دوستلاردىن ئاۋۋال ئونىنى تاللايلى ، ئاستا - ئاستا كۆپىيەيلى ، قاتتىق مەخپىي ھەرىكەت قىلايلى . مەن جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم . قىساس ئېلىش ، خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئون قېتىم ئۆل دېسىمۇ ياق دېمەيمەن !

— مۇئەللىم بولساق بالىلارنى ساۋاتلىق قىلىدىكەنمىز شۇ . سەن دېگەندەك ، جاننى چوڭ - چوڭ ئىشلارغا تىكىش كېرەك . مەن مانا سېنىڭ بىرىنچى ئەسكىرىڭ .

— مەن بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردىم . ئەمدى بالا ئەمەسمەن . ھەممىلا ئادەم ئۆز پاشىسىنى قورۇسا خەلق مەڭگۈ زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ . بىر مىللەتنىڭ بىرنەچچە يۈز ، بىرنەچچە مىڭ پىداكارلىرى بولغاندىلا ئۇ مىللەت ئويغىنالايدۇ ، قوزغىلالايدۇ ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالايدۇ . رۇسۇلوف مۇئەللىم دائىم مۇشۇنداق دەيتتى ، ئاداش ، مانا ئىككىمىز تۇنجى قېتىم خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە كۈرەش قىلىشقا قەسەم ئىچكەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى . بىز باشقا مىللەتلەرنىمۇ ، ھەتتا خەنزۇلارنىمۇ يېنىمىزغا توپلايلى ، ئەكەل قولۇڭنى ، بىز ھازىردىن باشلاپ پىدائىي ، قەسەم ئىچىمىز !

ئىككى يىگىت ھاياجان بىلەن بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ قەسەم ئىچىشتى .

— خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا جېنىمىز پىدا !

— غايىمىزدىن تايمايمىز ، خائىنلىق قىلمايمىز ، شەخسىي غەرەزدە بولمايمىز . ئەقلىمىز ، كۈچىمىز ، ھاياتىمىز خەلقىمىزگە تەئەللۇق !

— پىداكارلارنى كۆپەيتىمىز ، كۈچىمىزنى زورايتىمىز ، قاتتىق مەخپىي ئىش قىلىمىز ، ئەتىدىن باشلاپ ھەربىرىمىز ئۆزىمىزدەك پىدائىيدىن بىردىن تاپىمىز ! ...

1940 - يىلى كېلىش ئالدىدا ، غۇلجا ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ غەربتىن شەرققە ئاقماقتا ، قەھرىتان قىش باشلىنىش ئالدىدا غۇلجا تۇپرىقىدا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ يەرنىڭ ئاھ - زارىنى كۆككە ، بۇلۇتلارغا ئاچىقماقتا ...

غۇلجا ئاسمىنى ئىككى ياشقا تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقاندەك سۈرلۈك بىلىنىشكە باشلىدى .

— كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە تۆت بولىمىز .

— يەنە بىر قېتىمدا سەككىز .

— ئارىفمېتىك پروگرېسسىيە بويىچە كۆپىيىمىز !

— ياق ، گېئومېتىرىيىلىك پروگرېسسىيە بويىچە ! ...

## 15

مۇختەرباي يەنە خاپا . ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى ، بۈگۈن ئۇنىڭ قار يېغىپ تۇرغان قاپىقىغا بوران قوشۇلدى . يەرگە يورۇق چۈشمەستە خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن كۆك چەكمەن چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋېلىپ خوتۇنىغا : «تەرەتكە ۋاقتىدا سۇ بەرمىدىڭ !» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ھويلىغا چىقىۋېلىپ ھۇجرىلىرىدا ئۇخلاۋاتقان ئۆيلەنگەن ئىككى ئوغلىنى ئىشىكىنى تېپىپ تىللاپ ئويغاتتى ، كەنجى ئوغلىنى ئاشخانىدا كاڭدا ياتقان يېرىدىن ۋارقىراپ تۇرغۇزدى . «سەھەر قوپساڭ سائادەت ، ھەمبەخلىرىڭ پاراغەت !» دېگەن خۇش بولغاندا دەيدىغان سۆزىنى بىرىگىمۇ ئىشلەتمەي ، ھەممىسىنىلا : «پوققا پېتىپ يېتىشامسەن ؟ !» دەپ تىللىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەممىگە ئىش بۇيرۇدى . باللار ئۆگزىگە چىقىپ بېدىلەرنىڭ ئۈستىگە زىغىر پاخلى ياپتى ، ھويلا سۈپۈردى ، ئات سۇغاردى ، ئوتۇن كەسلىدى... ئۇ ھەممىنى يەنە تىللاۋەردى : «نان قېپىلار !» «ھارام تاماقلار !»... ئۇنىڭ خاپىلىقى تۈنۈگۈنكى ئوغلاق تارتىشتىن پەيدا بولغان . بۇ مەھەللىنىڭ نە ياراملىق ئاتلىرى ، نە تېقىمچى

يىگىتلىرى قالمىغان چېغى، ئۇن نەچچە ئوغلاقچى ئۆلگۈدەك تېپىرلاپمۇ ئوغلاقنى مەھەللىگە ئەكېلەلمەي تارتقۇزۇپ قويدى. ھەتتا مۇختەرباي قارىگىر ئېتىنى ياقۇپ ئوغلاقچىغا بېرىپ ئاتنىڭ ساغرىسىغا قامچا سالدى. قارىگىرنىڭ بېشىنى مۇختەرباي ئۆزى يېتىلىدى، ئىككى ياندىن ئىككى يىگىت ياندىشتى، قارىگىر سوزۇلۇپ يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ تېقىمچىسى ياقۇپنىڭ تېقىمىدىن ئوغلاقنى يۇلۇپ ئاچىقىپ كەتتى ۋە قېرىشقاندەك ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئابدۇمەرنىڭ ئاستىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان دەملىك قارا ئات شۇنداق يۇگۈردىكى، چىغلار، ھەر - ھەر غول ئېرىقلاردىن ئۇچقاندەك سەكرەپ ئۆتۈپ توپتىن ئۇزۇپ چىقىپ، يول - يولدا توسۇپ تۇرغان دەملىك ئات مىنگەن قوغلىغۇچىلارغا تۇتۇلماسلىق ئۇچۇن، ئېتىز ئارىلاپ يۇگۈرۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى. مۇختەرباي مەھەللىنىڭ ئەڭ ياخشى ئېتى بىلەن قوغلاپمۇ ئابدۇمەرنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. مەھەللىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەن ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويغىنىغا كىچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي تېرىكىپ چىقتى. بۇگۈن سەھەردىكى قوزغالغان سەپرالىق ئەنە شۇنىڭ داۋامى ئىدى.

— تېخى بامداتقا ئەزان ئېيتىمىدىڭمۇ، نېمانچە قىلىدىكىنە، — دېدى گۈلنىسابۇۋى ئاقارغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپ، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى تەرىتىگە سۇ بېرىپ بۇ ئادەمنى رازى قىلالمىدىمغۇ تاڭ!

مۇختەربايدىن بىر ياشلا كىچىك، قىز ۋاقتىدا تۆت تۆگىگە تەگدىشى يوق گۈزەل ھېسابلانغان بۇ خوتۇن ھازىر مۇختەربايىنىڭ ئانىسىغىلا ئوخشاپ قالغان. ئۇلار بىر يەردە تۇرسا ھېچكىم گۈلنىسابۇۋىنى مۇختەربايىنىڭ ئايالى دېمەيدۇ. ئالتە بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ، ئالتە قېتىم قورقۇنچلۇق ئىنجىق بىلەن نازۇك ئاۋازلىق بوۋاقنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزماق ئاسانمۇ؟ ئۇ ئېرىنىڭ دەردىنىمۇ، بالىلىرىنىڭ جاپاسىنىمۇ يەتكۈچە تارتتى. گۈلنىسابۇۋى مانا شۇنداق ئانا. ئۇنىڭغا ھايات ئالتە بالىنىڭ ئوتلۇق

مېھرى بىلەن بىللە ھازىرقى كۆرۈمسىز ھالىتى — مۈكچەيگەن بەل ، ئاقارغان چاچ ، چىشسىز ئۈمچەيگەن قورۇق چىرايىنى خاتىرە قالدۇردى . لېكىن ، ئانا چىرايىدىن كەتكىنىگە ، مۇختەربايىنىڭ سوغۇقلىشىپ كەتكىنىگە ھېچقاچان ئازابلانمىدى . ئۇنى قېرىتىۋەتكەن ئازاب مۇختەربايىنىڭ يېرىم كېچىدە كېلىپ ئوغرىلىقچە بوينى سۇغا سېلىشلىرى بولدى . خوتەنگە ئاتنى دەپ كەتكەندە گۈلنىسابۇۋى ئېرىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى بەش ۋاخ نامىزىدا دۇئا قىلىپ تىلىگەندە ، ھەر قېتىمقى دۇئاسىنىڭ ئاخىرىغا : «ئىلاھىم ، شەيتانغا ئازمىسىدى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغانىدى . لېكىن ، سۇت بىلەن كىرگەن خوي جان بىلەن چىققىدىغان ئوخشايدۇ ، مۇختەرباي ئادەم سىياقىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلدىيۇ ، بىر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا يەنە يېرىم كېچىدە قاراڭغۇ ئات ئېغىلىغا كىرىپ بوينى سۇغا سالدى . بۇنداق ئىش ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا ، گۈلنىسابۇۋى يوتقاننىڭ گىرۋىكىنى چىشلەپ سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . لېكىن ، ئېرىگە بىر قېتىممۇ قاپاق كۆتۈرۈپ ، بۇ ئىشتىن تارتقان ئازابىنىڭ تىنۋشىنى چىقارمىدى . ئۇنسىز ئازاب ، شاۋقۇنسىز غوۋغا ئۇنى بۇرۇن قېرىتتى ، بۇرۇن مۈكچەيتتى .

— مەزىن دېگەن كاڭ ـ كاڭ خوتۇننى ئېمىۋاتامدۇ نېمە ! — دەپ ۋارقىرىدى مۇختەرباي ئۆتۈكىنى تامغا تېپىپ كىيىۋېتىپ ، — ئاغزىغا چىۋىن چىچىپ قويسا قورۇيالمايدىغان كاڭ ـ كاڭ مەزىنلىك قىلىمەن دېگۈچە پىت باقسا بولىدۇ ، ئۆزۈم بېرىپ ئەزان ئېيتىمىسام !

ئۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەمنى ئويغىتىۋېتىپ ، ھويلا ـ ئارامنى پاكىز سۈپۈرگۈزۈۋېتىپ ، بېشىغا سۆسۈن تۆپىسىنى كىيىپ مەسچىتكە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى . يولدا كېتىۋېتىپ جاراڭلىق ، توم ئاۋازى بىلەن :

— زىيەك ، ھوي زىياۋۇدۇن ! — دەپ ۋارقىراپ قويدى . ھەر قېتىم بۇ ھويلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ

كېتىدۇ ـ دە ، قەدەملىرى ئېغىرلىشىدۇ ، ئۇنىڭ يادىغا رەيھانگۇل كېلىدۇ ئەمەسمۇ !

مانا ئۇ مەسچىتنىڭ شوتىسىنى غارسىلدىتىپ ئالدىراپ مېڭىپ ئۆگزىگە چىقتى ۋە بارماقلىرى بىلەن قۇلىقىنى بوش تۇتۇپ :

— ئاللاھۇئەكبەر ، ئاللاھۇئەكبەر ... ھەييۇئەلەسسالات ! ...— دەپ ئەزان توۋلىدى .

ئۇنىڭ ئەزىنى ئاڭلىنىش بىلەن يىگىرمە توققۇز ئۆينىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى ، دەرۋازىلار غىچىرلاپ ، غورۇلار تاراقلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى گويا جەڭ سىگنالى ، دۆلەت بۇيرۇقى ، خاننىڭ ھۆكۈمى ...

— نېمانچە ئۇخلايسەن ، ھەي ئىمام ؟ ! — دېدى ئۇ سەنسەن جۇۋۇغا ئورىلىپ ئەسنەپ كېلىۋاتقان ئىمامغا ۋارقىراپ ، — قۇشناچىم يوتقاندىن چىقارمىدىمۇيا ؟ !

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، تېخى ئەتىگەن ئەمەسمۇ ، مۇختەربەگ ، تېخى باش توخۇدىن ئەمدىلا ئۆتتى ...

— نەدىكىنى ، ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا شۇنداق ...

— ياق ، بىزنىڭ ئۆيدە سائەت بار ، غوجام ...

— سائەت ، ھەي قاشقالىق ، مەھەللىگە بىرىنچى قېتىم سائەت ئاچىققان سەن بولامسىنا ، يالغان ئېيتما دەيمەن !

— يالغان ئەمەس . بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىپ مەدرىسىدە مۇتائالى خەلپەمنىڭ ۋەزىنى ئاڭلىدىم . ئۇ زات نامازنىڭ ۋاقتى ھەققىدە سۆزلىدى . سائەت بولمىسا بولمايدىكەن دەپ تۆت خو بۇغدايىنىڭ پۇلىغا بىر سائەت سېتىۋالدىم . سېتىۋالدىبايىنىڭ دۇكىنىدىن ...

— پاھ ، پاھ ، ھەممىنى ئالالايسەن ، جاھاننى قاشقالىق ئالدى ، نەزەرخان غوجام ئۆلۈۋىدى ، ئابدۇمەرنىڭ قۇيرۇقى دىڭگايغىلى تۇردى !

— بېگىم ، ھېچكىم يوقكەن ، سىلىگە دەپ باقاي ، ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ تۆت ئاتىسى مەشەدە ئۆتۈپتۇ ، قاچانغىچە قاشقالىق

بولىدۇ؟ مەنغۇ ماقۇل قاشقالىق !
— ئۇن ئاتىسى ئۆتسىمۇ ئۇ قاشقالىق !
— سىلىچا؟
— مەن نېمىكەنمەن؟
— ئابدۇراخمان ھاجىم ھەممىنىڭ تارىخىنى بىلىدىكەن، سىلىنىڭ ئۇن بىرىنچى ئاتىلىرىمۇ يەكەندىن كەلگەنىكەنيا !
— پوقىنى يەپتۇ، ئۇ دېگەن ھىدىلشالارنىڭ ئاتىسى، ھىدىلشالارنىڭ ئونىنچى ئاتىسى تاجىك. مېنىڭ ئاپام شۇلارنىڭ تۇخۇمى. دادام مۇشۇ يەرلىك، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ھەي زاغرىچى؟
— شۇنداق، بىلمەيمەن، بېگىم ! ھېكىمبەگ غوجاملار تۇرپان، قۇمۇلدىن، ھۇسەنبايلار ئاتۇشتىن، سابىر ھاجىلارمۇ ئاتۇشتىن، نەزەرخان غوجامنىڭ نەچچىنچى بوۋىلىرىمۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن ... ئۇلار ئىسمايىلبەگ غوجامغا چېتىلارمىش ...
— بولدى، بولدى، كىگىز كىتابىڭنى ياپ، ھەي قاشقالىق، سەللەڭنى تۈزە !
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دەپ جامائەت بىر - بىردىن كەلگىلى تۇردى.
— بۈگۈن بامداتتىن كېيىن ئەتسەپ قىلىمىز، كىم بامداتقا كەلمىگەن بولسا يالىڭاچلاپ ئۆستەڭگە تاشلايمىز، ئاڭلىغاندىمىز جامائەت !
— شۇنداق قىلايلى ... قالتىس گەپ بولدى !
— بۈگۈن بىر تورۋۇاپتىكەن مۇنۇ قارا قاۋان !
— شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى ...
— بىرئاز كۆتەيلى ئەمىسە ! ...
مانا بۇ يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك مەھەللىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللىسىنىڭ كۆڭۈللۈك سەھىرى.
سۇبھى كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن بامدات ئوقۇلۇپ بولدى.

— ئابدۇسالام قىڭغىر شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ ، — دېدى مىرا «قازى» ئادەملەرنى بىرمۇبىر يوقلىما قىلىپ بولۇپ ، — بامداتقا چىقمىغان شۇ زىياۋۇدۇن بىر ئادەم !

— زىيەك ! — دېدى مۇختەرباي ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئەتسەپكە توغرا كېلىپ قالغىنىغا نارازى بولۇپ ، — ھەممىلا بالا - قازا شۇنى چۆرگىلەمدۇ - ھە؟ گېپىم گەپ ، مەن بارماي ، جامائەت بېرىپ ئۇنى ئۆستەڭگە تاشلاڭلار .

يامغۇر ئارىلاش قار ياغماقتا ، كوچىلار سىرىق غازاڭ بىلەن تولغان . ئادەملەر دۈگدىيىشىپ زىياۋۇدۇننىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلدى . يوغان ھويلىدا قوتۇر ئالا قانجۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق . ئادەملەر غورۇدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ھاي زىيەك !

— چىقە كاپىر !

يوغان ھويلىنىڭ ئۇچ ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئالدى سۇپا ، پېشايۋانلىق . پېشايۋاندىكى كەپتەر ، قۇشقاچلار ئاۋازنى ئاڭلاپ پۇررىدە ئۇچۇشتى . ئالا قانجۇق قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ سولدىكى ئېغىلغا قاچتى . ئوتتۇردىكى ئىشىك ئېچىلىپ كورەك جۇۋا يېپىنچاقلىغان زىياۋۇدۇن پەيدا بولدى :

— نېمە بولدى ھۇي ، جامائەت ، سىلەرگە؟ !

— ئەتسەپ ! — دېدى مۇتىۋەللى دەررىسىنى پۇلاڭلىتىپ ، — بۇ ياققا چىق ، سېنى سۇغا باسىمىز !

— سەن ھەرقاچان جۇنۇپ ، خوتۇنۇڭ ئۆلگىلى نەۋاخ ، ماڭ ، گەدەنكەشلىك قىلما !

— نېمە بولدى ھۇي؟

زىياۋۇدۇن سەل مۇكچەيگەن ئېگىز گەۋدىسىنى ئالدىرىماي قىمىرلىتىپ سۇپىدىن چۈشتى ۋە جامائەتنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— تۇتۇڭلار ئۇنى !

بەش - ئالتە كۈچتۈگۈر ئۇنىڭ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى ۋە قول ، بەللىرىنى تۇتۇشتى .

— قويۇۋېتىڭلار ھوي ، ئۆزۈم باراي زادى !
زىياۋۇدۇن بىر سىلكىنىۋىدى ، كۇچتۇڭگۇرلەر داجىشتى . زىياۋۇدۇن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ئۆستەڭگە قاراپ ماڭدى .
— تاشلاڭلار ئۇنى ... قايىنامغا !
ئادەملەر قىيقاس ـ چۇقان بىلەن يەنە ئۇنىڭغا يېپىلدى . زىياۋۇدۇن جۇۋىسىنى تاشلىدى ـ دە ، كۆڭلەك ـ ئىشتانلىرىنى سالدى . كۆپچىلىك كۇلۇشتى ، ئۇيۇلۇشتى ، قىچىشتى :
— ۋاي ، كاپىرەي ، ھاڭگىنىڭ ئۆزىلىغوي !
— تازا دىخسىراپتۇ ـ دە !
— ھاياسىز كاپىر !
— كىيىمىنى ئايىدى ـ دە ، بۇ بويتاق !
زىياۋۇدۇن كۆپچىلىكنىڭ ئىتتىرىشىنى ساقلىمايلا قارامتۇل بولۇپ تىنچ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئاتتى ، بىردەم يېتىپ چىققى ـ دە ، غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ :
— بولدىمۇ ، جامائەت ؟ — دېدى .
قىرىلار ئالىلىقاچان كېتىشكەن ، ئۇنىڭ دېمەتلىكلىرىلا قالغانىدى :
— پاھ ، ئاق بېلىق ئىكەنسەنغۇ ھوي كاساپەت !
— بولە ، تېز چىق ، جۇۋاڭنى كىيە ، سىل بولىسەن ، كۇسپاڭ !
بىرى ماختاپ ، بىرى تىللاپ ئۇنى تېزلا كىيىندۇردى . چېلەكلىرىنى كۆتۇرۇشۇپ سۇ ئالغىلى ئايال‌لار كەلگىلى تۇرۇۋىدى ، ھەييارلار :
— ئۆستەڭ ئۇچ كۇنگىچە ھارام . ماۋۇ قوتۇرماچ جۇنۇپ سۇنى بۇلغىۋەتتى ! — دەپ ۋارقىراپ ئادەملەرنى كۇلدۇردى . زىياۋۇدۇن كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن مۇختەرباي قىرغاقتا پەيدا بولدى .
— ھەي زىيەك ، بۇگۇن ئۇ قاتتىن بىر بەيگە ئات ئەكەلدۇرىمەن ، تۇنۇگۇن سەن يوق ، ئوغلاقنى بورىچىلارغا

تارتقۇزۇپ قويدۇق . بۇگۈن ھېۋىز سەپرانىڭ تويىكەن ، ئوغلاق تاشلىغۇدەك . سەن بىزنىڭ جىرەن ئاتنى مىنىپ بارسەن ، تېقىمغا ھارۋا ئېتى ياخشى . ئوغلاقنى يۇلۇپ ئاچىقسەن ـ دە ، ماڭا بېرسەن . مەن بىر يەرنى كۆزلەپ قويدۇم . ئوغلاقنى شۇ يەرگە تاشلايمەن ، قالغان گەپنى كېيىن ئاڭلايسەن ! — دېدى .

ئۇنىڭ گېپى بۇيرۇق . دېمەك ، زىياۋۇدۇن بۇگۈن مەھەللە ئابرۇيى ئۇچۇن ئوغلاققا چۇشۇپ باشقا مەھەللىلەرنىڭ تېقىمچىلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ . ئۇنىڭ يەڭگۈدەك كۈچى بارمۇ ؟ ئۇ ھازىر بۇرۇنقى تۇرگۈن يىگىت ئەمەس ، يىللار ئۇنىڭ يىلىكىنى شوراپ ئۇنى قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن ئايرىماقتا . لېكىن ، مۇختەربايىنىڭ گېپى بۇيرۇق ، ئۇنىڭ جىق ياخشىلىقىنى كۆرگەن زىياۋۇدۇن ئۇنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۇچۇن ئاخىرقى كۈچ ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ ـ دە .

بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن ھېۋىزباينىڭ ئۈچ نەۋرىسى — بەلۋاغلىرىغا ئالىيېشىل ياغلىقلار چېگىلگەن ، قولاقچىسىغا ئۆكە قادىلىپ ، كوكۇلىسىغا ياغلىق چېگىلگەن ، ئاتلىرىنى مەخسۇس ئادەملەر يېتىلىگەن ئۈچ ئوماق بالا بۇ مەھەللىگە كىرگەندە ، ھەممەيلەن ئۇلارغا پوتا باغلاپ ، ياغلىق چىگىپ ، يانچۇقلىرىغا پۇل ، قەنت ـ گېزەك ، پىششىق تۇخۇم سېلىپ خۇشاللىق بىلەن مۇبارەكلەشكەن ۋە : «ھېۋىزباي بەيگىنىڭ ئالدىغا تۆگە ، كەينىگە قوزا قېپتۇ . ئۇنىڭچى ئاتقىچە مۆھۆر بەرگۈدەك» دېيىشكەنىدى . ئادەملەر ھەيرانۇھەۋەس بىلەن بۇ خەتنە توينى ئۇلۇغلىغان . مانا بۇگۈن — ھاۋا تازا يامان كۈنى شۇ توي بولىدۇ . بەيگە ، ئاخىرىدا ئوغلاق . مۇختەرباي توي سوۋغىسى قىلىپ بىر غۇنات ئات تەييارلىدى . ئۇ مۇختەرباي ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيى ـ دە !

ھېۋىزباينىڭ ئۆيى يار بېشىدا — بوك دەرەخلىك ئارىسىدا . چوڭ دەرۋازا جەنۇبقا قارىغان ، ئالدى كەڭ سەينا ، تۆۋەن تەرىپى چەكسىز كەتكەن سازلىق ، نېرىسى قويۇق ئورمان ، ئورمان ئارىسىدا ئىلى دەرياسى . دەريانىڭ ئۇ قېتى پايانسىز تۇزلەڭ ،

ئۈستى قارلىق ئۆچكىلىك تېغى . قورۇنىڭ ئورنىمۇ ، مەنزىرىسىمۇ گۈزەل ، تۇرمۇشقا ئەپچىل . سازلىق مال بىلەن تولغان ، قاراسۇ سازلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ، ئۇنىڭ دەرياغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن ياسالغان ، تۈگمەن ئەتراپى قويۇق تاللىق ، جىغانلىق — قىرغاۋۇل ، توشقان - جەرەنلەرنىڭ ماكانى . بۇ قاراسۇدا بېلىقلار شۇنچە كۆپ ، يازدا پۇتۇڭنى چىلاپ ئولتۇرساڭ ، ھەر - ھەر چاربېلىقلار كېلىپ ئويىنىشىپ پۇتۇڭنى چىشلەپ باقىدۇ . تېخى سۇ چاشقىنى ، قاملارنىڭ كۆپلۈكچۇ ؟ ھېۋىزبايىنى باي قىلغان مۇشۇ يەر . ئوت - چۆپى ، ئوتۇن - ياغىچى ، سۈيى ، ياۋايى ھايۋانلىرى بايغا ئولجا . ئۇ ھەر يىلى رەسىگە نەچچە مىڭ تۇياق قوي ، نەچچە يۈز ئات - ئۆكۈز ، ئېسىل قاما ، تۈلكە ، بۆرە تېرىلىرى ۋە قوي ، كالا ، ئات تېرىلىرى ، يۇڭ ، ئات يالىغا ئوخشاش چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇياقتىن رەخت ، قەنت - گېزەك ، پالتىدىن تارتىپ سوقا قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىرىپ پۇل - بايلىققا تىنىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ يېرى بىلەن مېلىنىڭ سانىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئۇ بىر غەلىتە ئادەم : ئادەملەرگە ئانچە ئارىلاشمايدۇ ، گېپى ئاز ، تۇيدۇرماي غىپلا قىلىپ ھەج قىلىپمۇ كەلدى ، ھەتتا ئۆزىنى «ھاجى» دېگۈزۈش ئۈچۈن داۋراڭ سالمىدى . ئۇ يۈزېگى ، مىڭبېگى دېگەندەك مەنسەپلەردىن «توشقان ئىتتىن قاچقاندەك» قاچىدۇ . ئۇنىڭ مال - دۇنياسىغا ئوغرىلارمۇ تەگمەيدۇ . «ھېۋىزبايىنىڭ مالايلىرىدا بەشئاتار باركەن» ، «ھېۋىزبايىنىڭ ئىتلىرى ئادەمنى ئاتتىن ئۆرۈۋالىدىكەن» ، «ھېۋىزبايىنىڭ ئايغىرلىرى ئادەمنى تالايدىكەن» ، «بۇقىسى قاۋاننى يېرىۋېتىپتۇ !» ... دېگەندەك سىرلىق گەپلەر ئەل ئىچىدە رىۋايەت ...

مانا بۈگۈن شۇ باي ئۈچ نەۋرىسىنىڭ خەتنە تويىنى كاتتا قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ . مۇختەرباي بۇ تويغا ساقال - بۇرۇتىنى چەكتۈرۈپ ، چىبەرقۇت پەشمىتىنى كىيىپ ، بېلىگە قارا پوتا

باغلاپ، مەسكاپ ئۆتۆكىنى قوي يېغىدا مايلاپ، تۆپىسىنى كۆزىگە كىيىپ، بېغىررەڭ مانچېستىر بۆكىنى گەجگىسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئاتتا تىك ئولتۇرۇپ مەھەللە ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى ئوينىتىپ يېتىپ كەلدى. ئات باغلاشقا خادىلار قادىلىپ، ئارقانلار تارتىلغان يەرگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈۋىدى، ئات ئالغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ھېۋىزبايىنىڭ ئۆزى كەلدى: كەكە ساقال، ۋىجىك، خومار كۆز، قىزىل يۈز — پاكىز ئادەم ئىنچىكە، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— رەھمەت، رەھمەت، مۇختەرباي! — دېدى ئۇنىڭ يىرىك، يوغان قوللىرىنى كىچىك، نازۇك قوللىرى بىلەن چىڭ سىقىپ، — شەھەردىن غوجامنىمۇ چىقتى. قېنى سارايغا، غوجام بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا مەرھەمەت!

ھېۋىز بايىنىڭ تىلىمۇ بىر بايلىق، ئۇ دىنىي، پەننىي كىتابلارنى جىق ئوقۇيدۇ. ئورۇسچە، خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ. قازاقچە، ئۆزبېكچە، تۈركچە دېگەنگىمۇ سۇ.

ھېۋىزباي ناچار كىيىنگەن دېھقانلار بىلەنمۇ ئاشۇنداق قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيلەرگە تەكلىپ قىلدى. ئون پۇتلۇق گۈرۈچ يەيدىغان قازاندىن ئالتىسىدە پولۇ تەييارلانغان، قازان بېشلىرىدا ئادەملەر پالتىلار بىلەن دۆۋە - دۆۋە كالا - قوي گۆشلىرىنى پارچىلاشماقتا. چەبدەس يىگىتلەر لېگەن - تاۋاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە. تەرەپ - تەرەپتىن توپ - توپ ئاتلىقلار، ھارۋىلىقلار ئۈزۈلمەي كېلىشمەكتە، قورساقلىرى تارتىلىپ كەتكەن بەيگە ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ چىرايلىق، چەبدەس كىيىنگەن بالىلار ئەتراپتا يۈرۈشمەكتە. ئادەملەرنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، ئاياللارنىڭ يازلىقى تېرەك بېشىغا قونۇپ قاقىلداشقان توقۇناق قاغىلاردەك چاڭىلداشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاچچىق شامالنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى بېسىپ كەتكەن، ئادەملەر قار ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇرنىمۇ ئۇنتۇشقان.

ھېۋىزباينىڭ تويى ئۈچۈن ھەپتە - ھەپتىلەپ تەييارلىق كۆرۈشكەن دېھقانلار بۇنداق چاغلاردا ئاسماندىن تاش - شېغىل ياغسىمۇ بەرىبىر خۇشال. بۇ كۈن ئۇلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە. بۇنداق كۈنلەر ئۇلار ئۈچۈن بىر يىل يەتكۈدەك سۆھبەت خاتىرىلىرىنى قالدۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق كۈنلەر بىلەن مەنە تاپىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ...

مانا، باغلانغان ئاتلار شۇنچىلىك كۆپەيدى: ھېچقاچان بۇنچىلىك كۆپ ئات بىر يەرگە توپلانغان ئەمەس، ئىككى مىڭغىچىلىك، يەنى يىگىرمە يۈز بېگىلىك يەرنىڭ ئادىمى بۇ يەرگە توپلانغان. شەھەردىن چىققان مېھمانلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. نەچچە يۈز، تاكى مىڭلىغان ئادەم بىلەن ئاتنىڭ توپلىنىشى ھەم ھەيۋەتلىك، ھەم سۈرلۈك. ھەممىلا ئادەم بىر قىلىقنى بىلەتتى نام چىقىرىۋالسام دەيدۇ، ھەممىلا ئادەمدە شۆھرەت تەمەسى، ئارمان ئىستىكى.

— ھەي، ئوغلاقنا سەركە تاشلانغۇدەك!

— سەركىنىنى قانداق ئېلىپ قاچقىلى بولىدۇ؟ تېقىمغا باسماقمۇ تەس!

— پىيادىلەر ئاۋۇ باغنىڭ تېمىغا مىنىپ، تېقىمغا باسايلى.

— يىگىرمە يىگىت پىيادە بولۇپ چۈشىمىز. باغلىۋالساقلا ئۆگزىگە ئاچىقىپ كېتىمىز!

مانا بۇ نە - نەلەردىن پىيادە كېلىشكەن دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى.

— سەن زىيەك تېقىمداپ توپتىن يۇلۇپ ئاچىقىپ بەرسەڭلا، مۇختەرباي ئالدىغا ئېلىپ مەھەللىگە ئۇچىدۇ.

— مۇختەربايىنىڭ قۇلا ئېتى قۇلانغا ئوخشايدۇ جۇمۇ!

— نى - نى ئاتلار تۇرمامدۇ. ئاۋۇ كۆك ئاتنى قارا، قۇلاقلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتى. قارا، جانىۋارنىڭ تۇرالماي تېپچەكلەۋاتقىنىنى!

— دېسەم - دېمىسەم ئۇ بىر ساپساپچى!

— كۆرسەن ، ئاشۇ ئات ئوغلاقنى ئېلىپ قاچسا !

مانا بۇ چەۋەندازلار ۋەسۋەسىسى .

ھەممىلا ئادەم شان - شەرەپ ، ئۇستۇنلۇك ھەققىدە باش قاتۇرماقتا .

ئادەملەر ئۆيلەردىن مايلاشقان ئېغىز - بۇرۇتلىرىنى مەغرۇر سۇرتۇشۇپ يار بېشىغا مېڭىشماقتا . ئاتلىقلىرى ئاتلىق ، پىيادىلىرى پىيادە .

دەريا بويىدا چۆرگىلىمە چىپىشىش ئۇچۇن مەيدان ھازىرلانغان . سازلىق - چىمەنلىك ، تۇپتۇز يەرنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىگە تۇغلار قادىلىپ يول بەلگىسى ئۇچۇن تۇغلارنىڭ باشلىرىغا ياغلىقلار چىگىلگەن . ھەربىر ئەگىمدە مەخسۇس ئاتلىق قاراۋۇللار قويۇلغان . بۇگۇنكى بەيگىگە ئەڭ تاللانغان يىگىرمە سەككىز بەيگە ئېتى تەييارلانغان . ھەربىر ئات ھەربىر يۇرت - مەھەللىنىڭ غۇرۇرى ، شان - شەرىپى . شۇ ئات شۇ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يا بېشىنى تىك قىلىدۇ ، يا يەرگە ساڭگىلىتىدۇ . بىر ئايدىن بېرى تاڭ ئاشۇرۇپ تەييارلانغان ئاتلار بىر - بىرىدىن كۆركەم ، خىيالچان كۆرۈنىدۇ . ھەقىقىي بەيگە ئېتى بەيگە ئالدىدا خىيالچان ، شۇك بولۇپ قالىدۇ . تېپچەكلەپ ، ئېغىزدۇرۇق چايناپ ، يەر چاپچىپ ئالدىراۋاتقانلىرى دېھقان تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بىردەمگىلا يۇگۇرىدىغان ساپساپچى ئاتلار . مەيدانىنى بىر ئايلىنىش بەش مىڭ مېتىر . مانا شۇ بەش مىڭ مېتىرلىق ئايلانمىنى يىگىرمە قېتىم ئايلىنىش كېرەك . ئۇزۇنغا چېپىش بولغان بولسا شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىگە — تەلكە ئېغىزىغا چېپىپ بارغان بولاردى ، بۇنداق يۇز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاتنىڭ ئېتى چىدىمىسا كۆرگەنلا ئات ياراۋەرمەيدۇ - دە !

مانا ، ئاتلار پەللىگە ماڭدى . بەيگە مەيدانىدا سانجاق ئادەم .

ئاتلار ماڭغاندا ، دەريا تەرەپتىن گەۋدىلىك بىرى ۋارقىراپ چىقىپ كەلدى .

— مېنىڭ ئېتىممۇ بەيگىگە چۇشىدۇ ! — دېدى ئۇ — بېشىغا

ئاق مالىخاي كىيگەن ، چاققان ، قىسقا كورەك جۇۋىلىق ، مەيدىسى ئوچۇق ئادەم .
— غېنى ئوغرى ! — دېدى ئادەملەر بىر - بىرىگە قارىغىنىچە ھەيران ۋە خۇشال بولۇشۇپ .
غېنى ئوغرىنىڭ ئاۋازى كىمنى قارىتالمايدۇ . ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆكسى كەڭ ، ساغرىسى چوڭ ، بېلى ئىنچىكە ، قۇيرۇقى بوغۇلغان تورۇق ئات بېشىنى لوڭگە بىلەن تېڭىۋالغان قازاق بالا بىلەن بېرىپ بەيگىچىلەر توپىغا قېتىلدى .
— بۇ ئوغرى بەيگە ئاتنى نەدىن ئوغرىلىغاندۇ ؟
— رەسىدىن ئوغرىلاپ كەلدى جەزمەن !
— كۇنەسىنىڭ ئېتىدەك قىلىدۇ .
— تورغاۋۇتنىڭ بولسا مېنىڭ ياخشى ، بەيگىگە يارىمايدۇ !
— قالماق ئېتىدەك قىلىدۇ جۇمۇ !
— ياق ، قازاق ئېتى !
— بەرناۋۇلدەك ئېگىز - ھە !
— قارا ، ئاياغ ئېلىشىنى ، ئىتتىك ئاتتەك قىلىدۇ ! ...
ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى پەللىدە . مانا ، ئاتلار قاتار تىزىلدى ، مانا ، پاختا بەت مىلتىق ئېتىلدى ، ئاتلار قويۇپ بېرىلدى . بىر - ئىككى چۆرگىلىگۇچە ئاتلار توپ - توپ بولۇپ يۇگۇرۇشتى ، ئاستا - ئاستا سوزۇلۇپ ئالدىدا ئون ، ئوتتۇرىدا بەش ، ئاخىرىدا ئون ئۇچ ئات يۇگۇرۇپ بارماقتا ، ھەربىر توپنىڭ ئارىلىقى بەش - ئالتە مېتىر ... مانا ، ئونىنچى چۆرگىلەم باشلىنىۋىدى ، ئاتلارنىڭ ياخشى - يامىنى ئىللىنىشقا باشلىدى . نەچچە ئات سەپتىن چىقىپ كەتتى . مانا ، يىگىرمە سەككىز ئاتتىن ئون ئالتىسى يول تالىشىپ كېتىۋاتماقتا ، ئون بەشىنچى ئايلىنىشقا كەلگەندە ، ئالتە ئات بىر قاتار ، ئون ئات بىر قاتار بولۇپ قالدى . غېنى ئوغرىنىڭ ئېتى ئاخىرقى سەپتە . پاھ ، تورۇق ئات يۇگۇرگەنسېرى قىزىپ ، ئايىغى ئېچىلىپ ئۇزۇپ چىقىشقا باشلىدى . مانا ، ئاخىرقى ئىككى ئايلىنىش ، بالا بەيگىچىلەر

ئـاتـلـىـرـىـنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇۋەتتى ، ئاتلارنىڭ قەدەملىرى شـۇنـچـىـلـىـك تـېز ، تۇياقلىرى كۆرۈنمەي قالدى . قۇلاقلىرى يـوپـۇرۇلـغـان ، ئىككى ئالدى ئايغىنى تۇمشۇقىنىڭ بىقىنىدىن چـىـقـىـرىـپ يۇگۇرۈۋاتقان ئاتلار ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . كۆك ئات ، قارا قاشقا ، خالتار ئات ئالدىدا تـەڭ كـېـتـىـۋاتـاتـتـى . بىردىنلا ئۇلارغا غېنى ئوغرىنىڭ ئېتى يـېتىشىۋالدى . مانا ، ئاخـىرقى ئايلىنىـش ، ئاتـلار ئۇچماقـتا . تـەرەپ ـ تەرەپتىن ياندىغۇچىلار چىقىپ بەيگە ئاتلارغا ياندىشىپ ئـاتلارنـىڭ پـېـشانىلىرىنى سىيپاپ ، يېنىك قامچىلاپ قويۇپ ، بـەزىلىرى چۇلۇۋرىنى تۇتۇپ يېتىلەپ چېپىپ ئاخىرقى پەللىنى تالاشماقتا . مانا ، قارا قاشقا ئالدىغا ئۆزۈپ چىقتى . پەللىگە يۈز مېتىر قـالغاندا غېنى ئوغـرىنىڭ ئېتى ئۇنىڭغا ياندىشـتى . ئىككى ئاتنىڭ بېشىمۇ ، قەدەملىرىمۇ تەڭ ، ئاخىرقى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر قالغاندا ، غېنىنىڭ ئېتىنىڭ بېشى بىر غېرىچ ئۆزۈۋېدى ، قارا قاشقىنىڭ ياندىغۇچىسى غېنىنىڭ ئېتىنىڭ تۇمشۇقىغا بىر قامچا ئۇرۇۋەتتى . ئات بىرلا سىلكىنىۋىدى ، قارا قاشقا ئۇنىڭدىن بىر غېرىچ ئالدىغا ئۆتتى . پەللىگە بەش مېتىر قالغاندا ئىككى ئات يەنە تەڭمۇتەڭ بولۇپ قالدى . پەللە ئارقىنىغا غېنىنىڭ قازاق بالىسى بىرىنچى بولۇپ قامچىسىنى ئۇردى . لېكىن ئادەملەر :

— قارا قاشقا بىرىنچى ! — دەپ ۋارقىراشتى . ۋارقىراشقانلار كاتتىلار ئىدى ، بەيگە باشقۇرغۇچىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپلا :

— قارا قاشقا ! — دەپ ئېلان قىلىۋەتتى .

— ۋاي ئاناڭنى ! — دېدى غېنى باشقۇرغۇچىغا قامچىسىنى تەڭلەپ ، — تورۇق ئات بىرىنچى دە ، ھېچبىلمىز !

چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئادەملەر ھەقىقەت بىلەن خۇشامەتنىڭ كۆرشىنى باشلىۋەتتى !

— قارا قاشقا !

— تورۇق ئات !

ۋارقىرىشىش ، تىللىشىش ، ئاخىرىدا قامچىلىشىش باشلىنىپ ،

دەريا بويىدىكى تۈزلەڭدە بىر يەرنىڭ سۈيى، نىنى بىلەن چوڭ بولغان ئەزىمەتلەر بىر - بىرىنىڭ بېشىنى يېرىپ ئاتتىن بىر - بىرىنى تارتىپ چۇشۇرۇشۇپ جەڭ مەيدانى پەيدا قىلىشتى. جېدەل تازا ئۇلغايغاندا، بوز ئات مىنگەن، ئەت رەڭ پەلتو كىيگەن، سۆسەر تۆپىلىك ئادەم — ھېكىمبەگ غوجام بوز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. شاگىيولار دەرھال ئۆز ئادەملىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن مەھەللە چوڭلىرىغا ۋارقىراشتى. ئاخىر جېدەل جىمىدى، ھەممە ئادەم غوجامىنىڭ ئېغىزىغا قاراشتى.

— ئىمان بىلەن گەپ قىلىڭلار! ھەي خۇرجالار، لەۋەي، تورۇق ئاتنىڭ بىرىنچى بولغىنى راستقۇ، ھەممە ئادەم كۆردى - دە! — دېدى غوجام ئېلان قىلغاندەك ئىنچىكە سالماق ئاۋاز بىلەن.

— غوجام بولمىسا بۇ خەق بىر - بىرىنى يەيدۇ!

— غوجام شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرت ئاتىسى - دە!

غېنى غوجامىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ماڭا كەلگەن تۆگىنى غوجامغا تۇتتۇم، قېنى غوجام، دۇئا قىلسىلا! — دېدى.

كۆپچىلىك قىيقاس كۆتۈردى، تەرەپ - تەرەپتىن مەدھىيىلەر كەلدى:

— ئامىن!

— ئاپىرىن!

— ھوششەررە!

— ئوغرى ئەمەس، باتۇر!

قار ياغماقتا، ئادەملەر ئۈستىدە قويۇق ھور - تۇمان پەيدا بولغان. غېنى گېپىنى تۈگىتىپلا ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ھېۋىزباي ئۆز قولى بىلەن نار تۆگىنى غوجامغا تۇتتى.

— بۇ نېمىسى، لەۋەي!

— غېنى باتۇرنىڭ سىزگە تۇتقان مېلى!

— ياق، ئوغرىنىڭ شېرىكى بولسۇن دەمسىلەر مېنى!

غوجام چاقچاق قىلىۋىدى، غوجامغا ئەگىشىپ چىققان

«جوھۇت» لەقىمى بار، سىمىز ئادەم خادىك ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ:
— ئەمىسە مەن دۇئا قىلاي، ماشا ھەرقانداق نەرسە ھالال. مەن دېگەن جوھۇت! — دەپ چاقچاق قىلدى.
ئادەملەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. نار تۆگە خادىكنىڭ كەينىگە باغلاندى.
تەرەپ ـ تەرەپتىن «ئوغلاق، ئوغلاق!» دېگەن قىيقاس كۆتۈرۈلدى. شۇ زامان مەيدانغا يوغان ئالا تېكە كەلتۈرۈلدى. قاسساپلار ئۇنى مەرتىپ ياتقۇزۇپ پۇتلىرىنى تاڭدى ـ دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كانىيىغا پىچاق سۇردى.
كاللىسى، ئىچ ـ قارنى ئېلىنغان تېكە چىمەنلىككە قويۇلدى، بىلەكلىرى تۇرۇلگەن، چاققان كىيىنگەن ئوغلاقچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئات دېۋىتىپ كېلىپ يەرگە ئېڭىشىپ بىر قولى بىلەن تېكىنى ئېلىپ باقتى، ھېچكىم ئۇنى يۇلۇپ تېقىمىغا باسالمىدى، ئالدىغا ئالالمىدى. بوز ئات مىنگەن زىياۋۇدۇن پىششىق ئۇلاغ ۋە قوشلاپ چىۋ ئۇلاغ تارتىلغان قاۋۇل ھارۋا ئېتىدىن ئىككى قولى بىلەن ئوغلاققا ئېڭىشتى. ئۇ باشقىلاردەك بىر قولىدا ئات يالىنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن تېكىنىڭ كەينى پۇتىدىن تۇتماستىن، ئىككى قولى بىلەن تېكىنىڭ ئىككى كەينى پۇتىدىن تۇتۇپ پۇتلىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە چىڭ تىرەپ تۇرۇپ، تېكىنى يەردىن يۇلۇۋالدى ـ دە، ئوڭ پۇتىنى چاققانلىق بىلەن كۆتۈرۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈزەڭگە باغنى تېكىنىڭ قورسىقى ئۈستىگە قويدى، ئاندىن تۆۋەنگە قارىتىپ چىڭ دەسسەپ ئىككى قولى بىلەن تېكىنىڭ ئىككى كەينى پۇتىنى چىڭ تۇتۇپ ئاتنى دېۋىتتى. ئۇنىڭ ئېتى مىدىرلىغۇچە ئونلاپ تېقىمچىلار ئۇنى مىدىرلىغۇسىز قىلىپ قورشىۋېلىشتى.
بوز ئات — شەھەرگە ئۇن خو بۇغدايىنى ھارۋا سۆرەپ ئەكىرەلەيدىغان قاۋۇل ھارۋا ئېتى گويا ئون خو يۈك بىلەن ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك يۇلقۇنۇپ كۈچىنىپ سىلكىندى، لېكىن ئوغلاقنىڭ ئالدى پۇتىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى ئات ئىككى ياققا تارتماقتا، يۇرت ـ يۇرتنىڭ تېقىمچىلىرى بۇ يەرگە توپلانغاچقا، داڭلىق تېقىمچى يالغۇزلا زىياۋۇدۇن ئەمەس ـ دە!

شۇڭا ، بوز ئات يۇلۇپ چىقالمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە زىياۋۇدۇننىڭ ئىككى قولىنىڭ يېنىدىمۇ بىرنەچچە قاۋۇل قول ئوغلاقنى قاماللاپ تۇتۇپ ، ئۇنىڭ تېقىمىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ ، ئۇنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كۈچىمەكتە ئىدى .

مۇختەرباي ئېتىنى كەينىچە سو قىلىپ ئوغلاقچىلار ئارىسىغا كىرىشكە ھەرىكەت قىلماقتا ۋە ھەدەپ :

— زىيەك ، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ماڭا تاشلا ! — دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى . زىيەكنىڭ ئاغزىغا قامچىسى چىشلەكلىك ، ئۇ ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، ئالدىغا ئېڭىشىپ ئونچە ئادەم بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى .

بوز ئات ئۆرىدەپ تۇرۇپ ئالدىغا بىر يۇلقۇنۇۋىدى ، تېقىمداشقان ئىككى ئاتنى سۆرەپ توپتىن يۇلۇنۇپ چىقتى . مۇختەرباي يېنىدىكى بۆرىۋاي ئىسىملىك قازاققا :

— تارت ، تارت ! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنى زىياۋۇدۇنغا يانداشتۇردى . زىياۋۇدۇن بىلەن بۆرىۋاي ئوغلاقنى ئارىغا ئالدى ، مۇختەرباي : «ھا - ھا - ھاي ··· !» دەپ ۋارقىراپ ئوغلاققا يېقىنلاشقانلارنى ئېتىنىڭ كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ ، ئوغلاقنى توپتىن يۇلۇپ ئاچىقتى . ئۈچ ئاتلىق ئوغلاقنى ئارىغا ئالدى . ئۇنىڭ قالغان ئوغلاقچىلىرى باشقا يۇرتنىڭ ئاتلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى ، ئوغلاق سازلىققا ، كېيىن يار ياقىلاپ كۈنچىقىشقا ، ئۇيەردىن ئۆرلەپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . مىڭلىغان ئاتلىقلار ئۇلارنى قورشاپ ، چوڭ ئالامان بولۇپ شىمالغا سىلجىدى ··· ئۇلار ئۆمىلىشىپ ، يۇرت - مەھەللە ئابرۇيى ئۈچۈن جان تىكىپ تاكى گۇگۇم چۈشكۈچە ئېلىشتى . ئاخىر كەچ كىرگەندە ، مۇختەرباي ئىبغىر ئوغلاقنى ھېلىقى يۈگۈرۈك — دەملىك ئېتىنىڭ ئالدىغا ئالدى - دە ، مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ ، ئابدۇۋەر مىڭبېگىنىڭ كۆزلىكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئەكېلىپ مىڭبېگىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىدى .

ئوغلاق تاشلاش قەيسەرلىكنىڭ بەلگىسى . تاشلىغۇچىنىڭ بويىنىغا مىڭبېگى قائىدە بويىچە ياغلىق باغلىدى ۋە :

— خالايىق ، بۈگۈن كەچ بىزنىڭكىدە مەشرەپ ! — دەپ ۋارقىرىدى . «مۇختەرباي ھېۋىزباينىڭ ئوغلىقىنى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى ! » دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا ھەممە يەرگە تارالدى .

— بۇ نېمە قىلغىنى مۇختەربايىنىڭ ـ ھە ؟

— مىڭبېگىنى سىنىماقچىمىدۇر ؟ !

— مىڭبېگى توپاق سويۇپ مەشرەپ بەرگۈدەك !

— ھەرقاچان مۇختەربايىنىڭ كۆزى مىڭبېگىنىڭ چىرايلىقىغا چۈشكەن گەپ !

— قايسىسى ، ئوغاي توقالدىن كېيىنكىسىما ؟

— ياق ، كېيىنكىسىدىنمۇ كېيىنكىسى . ئالتۇن چىشلىق سىدەك ...

— چىرايلىقنى كۆرسە بىزنىڭ مۇختەرباي جېنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ ـ دە !

تالادا لەپىلدەپ قار ياغماقتا ، تۆت ئېغىز ئۆيدە لىق ئادەم . باللار سىرتتا قاڭتۇرۇلغان ئاتلارنى سوۋۇتۇپ يۇرمەكتە . ئۆيلەردە كۈلكە ، ناخشا ـ ساز . گويا بۇ خەلقنىڭ غېمى يوق ، گويا بۇ خەلققە قايغۇ يوقتەك ، ھەممىلا چىرايدا كۈلكە ، ھەممىلا كۆڭۈل شادلانغان . ئۇلارنىڭ شادلىقى گوياكى تاغ سۈيى ، بەئەينى يايلاق گۈللىرى . ئۇلارنىڭ قەلبى نارەسىدىدەك ساپ ، شەبنەمدەك يالتىراق . شەھەر ۋەھىمىسى بۇ يەردە يوق ، ھوقۇق زوراۋانلىقى بۇ يەرگە كۆلەڭگە تاشلىمىغان . بۇ يەردە ناخشا ، خۇشلۇق ۋە كۈلكىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ...

مەشرەپ يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى . مۇختەرباي ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھويلىغا چىقىپ ئۆيلەرنى چارلىدى . ھۇجرا ۋە تۆڭلۈكلۈك پەنجىرىلەرنى كۆزەتتى . چوڭ قورۇدىن باشقا ، ياندا يەنە مالچىلار قورۇسىمۇ باركەن . چوڭ دالاننىڭ ئىچىدە ئۈچ ئىشىك ، يېڭى توقال سولدىكى ھۇجرىدا تۇرىدىكەن ...

مۇختەرباي كەچ ئۆيگە قايتتى . ئۇنىڭ خىيالىغا مىڭبېگىنىڭ ئالتۇن چىشلىق ، كۈلۈپلا تۇرىدىغان يېڭى ئالغان توقىلى

كـۆرۈنۈشتى . مىكىبىگى خوتۇننى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئامراق ، كۆندۈزى ھېچنېمىنى توۋلىمايدىغان ئۆيگە ئاپارغان چىرايلىق ئايالىغا ھەممىلا ئادەم قىزىقىپ قاراشتى . بولۇپمۇ ، مۆختەربايدەك خوتۇنپەرەسلەر باھانە تېپىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ، ھەتتا گەپ تاشلاپ ، ئۆزىگە قارىتىپ كۆلدۈرۈۋالدى تېخى … كۆلدۈردى ـ دە ، كۆڭلىگە نەپسى بالاسىنىڭ شەيتانلىرىنى چىللىدى . ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ لەززىتىنى تېپىپ بېقىشقا باش قاتۇردى . ئۆزىگە ئوخشاش نەپسى بالاسىنىڭ ئەسىرى بولغۇچىلاردىن ئىككىنى تاپتى ـ دە ، مەسلىھەتنى پىشۇرۇشقا كىرىشتى .

ئـاخـىـر ئـايـغـاقـچـى ئـۇنىڭغا : «مىكىبىگى ئەتە شەھەرگە كىرىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى . تەلىيىگە شۇ كۈنى كەچ مىكىبىگىنىڭ كۆزلىكىگە يېقىن مەھەللىدە پىرە بولىدىكەن . ئۇلار پىرىگە بارىدىغان بولۇشتى .

پـىـرە ھـەم داۋا ، ھەم ئويۇن . داۋالىغۇچى شىپا تاپىدۇ . قالغانلار كۆڭۈل ئاچىدۇ : باخشى ئۆزۈن كۆڭلەك كىيىپ ، تۇغنى تـۇتۇپ مۇڭلۇق يەتتە ئاۋۇشنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن «جىن» لىرىنى چاقىرىپ كەلگۈچە ، ئادەملەر داپچىلارنىڭ بارماقلىرىدىن ، ئاۋۇشلىرىنىڭ مۇڭلىرىدىن راھەتلىنىپ يايراپ كېتىدۇ . باخشى قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ تۇغنى ئايلىنىپ كېسەلنى قوغلاپ يۈرۈپ خـەنـجـەرلـىـگـەنـدە ، ئـادەمـلـەر شىپالىق تىلەپ «ئاللا !» دەپ ۋارقىرىشىپ روھىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ . باخشى چوڭ ئويۇنغا چـۈشـۈپ قـۇيۇنغا ئايلىنىپ پىرقىرىغاندا بولسا ، ئادەملەر گويا غـايـىـبانە كۈچنى سېزىدۇ ـ دە ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ «ئاللا !» دەپ تـوۋلاپ ، كـېـسـەل ئادەمنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ھەمدەم بولۇشىدۇ … نەق مۇشۇ پاتىپاراقچىلىق باشلانغاندا ، مۆختەرباي ئۆينىڭ تۆرىدىن پەگاھقا چۈشتى ۋە ئىككى دوستىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى . داپ ، شاۋقۇن ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتى . ئۇلار ئاتلىرىنى باغقا باغلىدى ـ دە ، ئۆگزىگە ياماشتى . ئۇلار ئۆگزىگە چىقتى ، ئىتلار سەزمىدى . ئۇلار ئۆزۈن قارا پوتىنى تۈڭلۈكنىڭ بەل ياغىچىغا باغلىدى ، مۆختەرباي ئالدىراپ ـ تېنەپ پوتىنى تۇتۇپ

ساڭگىلاپ دالانغا چۈشتى . ئاندىن سۈپىنى سىلاپ يۇرۇپ سولغا بۇرۇلدى ۋە ھۇجرا ئىشىكىگە باردى . ئۇ ھۇجرا ئىشىكىنى مۇرىدەپ مۇجۇقتىن چىقىرىپ ئاچتى ۋە ئۆيگە كىردى . ئۆي ھۇپپىدە ئەتىر پۇرايتتى . ئۆينىڭ تۆگلۈك پەنجىرىسىدىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . ھېلىقى گۈزەل ئالتۇن چىشلىق خېنىم ئاپئاق ياستۇققا چاچلىرىنى يېيىپ ، سۈتتەك ئاق ئىچ كىيىم بىلەن ئوڭدا يېتىپ يالغۇز ئۇخلاۋاتاتتى . مۇختەرباي ھەممىنى ئۇنتۇدى . ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك يوتقاننى قايرىپ ئايالنىڭ قوينىغا شۇڭغۇدى . ئايال يىرىك قول ، تىكەندەك ساقالنىڭ غىدىقلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ تېپىرلىدى ، لېكىن ۋارقىراشقا ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ، ئەمما يېقىملىق بىر گەۋدە چىقىۋالغان ، يىرىك بىر قول ئۇنىڭ نازۇك پۇتلىرىنى قايرىپ ، قاۋۇل بىر گەۋدە چاترىقىغا يېپىشماقتا ئىدى :
— مىدىرلىما ، يا رەسۋا بولىسەن ، يا ئۆلىسەن ! — دېدى ئەر يۈزىنى ئايالنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ . ئايال قارشىلىق قىلمىدى … ئېرىدىن تىلىگەن راھەتنى يات ئەردىن تاپتى ـ دە ، ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ ، ئەرنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ :
— سىز كىم ، نېمانچە قارام ! — دەپ پىچىرلىدى .
— مەن مۇختەرباي !
— مىڭبېگى سىزنى دائىم تىللايدۇ .
— ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ، مانا شۇ تاپتا قىساس ئېلىۋاتىمەن !
— مەنمۇ شۇ !
— تېپىشىپتىمىز ئەمىسە !
ئىككى تەن بۇ قېتىم نەپسى تاقىلداپ ئىختىيارىي ھالدا يەنە جۇپلەشتى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىھوش . بىرى نازۇك تەننىڭ جىلۋىسىدىن ، يەنە بىرى قوپال تەننىڭ قۇۋۋىتىدىن چەكسىز راھەتلىنىپ شۇ ھالغا كەلگەنىدى …
— مۇختەر ، بول ئەمدى ، پوتىغا ياماش !
تۆگلۈك پەنجىرىدىن ئىككى دوستىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . مۇختەرباي ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، ئايال :

— ياق ، ياق ... يەنە بىر دەم ! — دەپ ئۇنىڭغا ئىسىلدى . مۇختەرباي ئايالىنىڭ يۇمشاق ، نازۇك ، پۇراقلىق بەدىنىگە يەنە ياماشتى ...

— بولدى ھوي ، مەن چىدىمىدىم ...

— مەن چۈشەي ئەمدى !

— تازا تويمايدىغىنى ئوخشىمامدۇ ؟ !

ئۆگزىدىكى چاقچاق بىردىنلا يوقالدى . ئۆگزىدە ئوپۇر - توپۇر ، دومىلىشىش ، مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى . مۇختەرباي ئالدىراپ - تېنەپ كىيىندى - دە ، دالانغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ دالانغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى ، بەش - ئالتە ئادەم ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى كالتەك - چوماق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى .

مۇختەربايىنىڭ بۇ خوتۇنغا كۆز سېلىپ يۈرگىنىنى ئەڭ بۇرۇن ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئىنىسى ئەنسەرىدىن تەلۋە سەزگەن ، ئۇ مۇختەربايىنىڭ مەقسەتلىك بۇ ئۆيگە ئوغلاق تاشلىغىنى ، پېرىدىن غېپىدە چىققانلىرىنى سەزگەن ۋە پېيىگە چۈشكەندى . ئۇ يالغۇز كېلىشكە پېتىنالماي ئادەم يىغىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا خېلى ۋاقىت ئۆتكەندى . مانا ئۇنىڭ ئون ئىككى ئادىمى بۇ ئۈچ خوتۇنپەرەسنى باغلىۋالدى .

— قايىناق سۇ ، قايناق ، مۇختەرنىڭ قوڭىغا قايناق سۇ قۇيىمىز ! قىرىق كۈنگىچە قوڭىدىن قان ئېقىپ قاقشاپ ئۆلىدۇ ، — دېدى ئەنسەر تەلۋە تۈۋرۈككە باغلانغان ، باش - كۆزى قانغا بويالغان مۇختەربايىنىڭ مەڭزىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ .

— ھېچىقىمىز ! — مۇختەرباي ئىڭراپ تۇرۇپ ئەنسەرنىڭ چاترىقىغا كۈچ بىلەن تېپىۋەتتى .

— ۋاي - ۋاي ... — ئەنسەرىدىن ئىككى قولىنى چاترىقىغا تىقىۋېلىپ دادلىدى ، — بول ، دوڭغايتىڭلار ، ئۆز قولۇم بىلەن نوگاي تىقىپ ، قايناق سۇ قۇيىمەن !

تەلۋىنىڭ ئادەملىرى مۇختەربايىنىڭ باغلاقلىق قولىنى كەينىگە قايرىپ دوڭغايتتى . چىراغ تۇتۇپ بىرىۋاتقان قېرى مالاي يالۋۇردى :

— باللار ، ئىنساپ قىلىڭلار ، گۇناھىنى مەن تىلەي !
— قويۇۋېتىڭلار ، ئۇنى مەن چىللىغان !
يېرىم يالىڭاچ ئايال چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ ھويلىدا پەيدا بولۇۋىدى ، ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى ...
— چىللىغان بولساڭ سەن بۇزۇقمۇ شۇ ! — دېدى ئەنسەرىدىن ئاكىسىنىڭ ئارزۇلۇق خوتۇنىنىڭ تولغان كۆكسىگە يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ ، — ئاكامنىڭ كۆڭلى قارا بولمىسا ساپلا ۋاپاسى يوق بۇزۇقلارنى تېپىپ چىقاتتىمۇ شەھەردىن !
دالاندىن ئىككى ئايال ئېتىلىپ چىقىپ توقالنى چىرقىرىتىپ سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى . بىر ئاياقتا قايناق سۇ ۋە نوگاي كەلتۈرۈلدى . نوگاينى ئەنسەرىدىن دوڭغايتىلغان مۇختەربايىنىڭ يوغان ، قارامتۇل كاسىسىنىڭ ئۇتتۇرىسىغا توغرىلاپ تىقماقچى بولغاندا ، قېرى مالاي ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى . نەق شۇ چاغدا ھويلا دەرۋازىسى يوغان ئېچىلىپ ، ھويلىغا ئاتلىقلار باستۇرۇپ كىردى . بۇلار زىياۋۇدۇن باشلاپ كەلگەن يىگىتلەر ئىدى . چىراغ ئۆچۈرۈلدى ، ھويلىدا مۇشتلىشىش ، كالتەكلىشىش ، بوغۇشۇش باشلىنىپ كەتتى ...
ئاتلىقلار تاڭ ئېتىش ئالدىدا مەھەللىگە قايتىپ كېلىشتى . ئۇلار لام - جىم دېيىشمىدى . مۇختەرباي ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بىر نەۋرە ئىنىسى زىياۋۇدۇننىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە :
— توۋا قىلدىم ، ئۇكام ، ئەمدى خوتۇن خەقنىڭ كەينىدىن چاپمايمەن ! — دېدى يىغلامسىراپ .
— ھېچ ئىش يوق ! — دېدى زىياۋۇدۇن .
ھايات شۇنداق : خۇشاللىق ، خاپىلىق ، ئامەت ، پاجىئە ، رەسۋاچىلىق ، مەردلىك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۇرىدىغان بۇ چوڭ زېمىن نى - نى شادىمان كۆنلەرنى كۆككە ئۇچۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش ، پاجىئە ۋە ئار - نومۇسلۇق چاغلارنىمۇ يۇتۇۋېتەلەيدۇ .

# 16

... لېكىن ئىنسان ئۇنداق ئەمەس، ئۇ زېمىندەك كەڭ قورساق، مەردانە ئەمەس. ئۇ بەزىدە قۇياشنىمۇ، ھارارەتنىمۇ، ھەتتا قەھرىتان زىمىستاننىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يەر يۈزىگە قۇياش كۈلۈپ قارىمايدىغاندەك، زېمىن يارىلىشىدىنلا گۆرىستان بولۇپ يارالغاندەك، دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىندا نالە - پەريادتىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك بىلىنىدۇ.

نۇرى جۇدالىقنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى بىلدى: ئۈمىدسىزلىك بىلەن تۇمانغا ئايلانغان بۇ قاراڭغۇ دۇنيا شۇ قاراڭغۇلۇقتا تەمتىلەپ روجەك ئىزدىگۈچىنىڭ ئاھ - دادى بولسا كېرەك. سەبىخەمۇ مۇشۇنداق كۈندىمىدۇ، ئۇ نەدە، ھالى قانداق؟ ... ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ مۇھەببەت تورىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ مۇھەببەتسىز ياشاشقا ئۇرۇنۇشى ئۆز - ئۆزىنى ئالداش، سۇنئىيلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. سەبىخە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا ئۇنىڭ ئىلاجى يوق. بولۇپمۇ، ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قولىغا تەگكەن، باش - ئاخىرى يوق بىر پارچە خەت ئۇنىڭغا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان رېئاللىقنىڭ مىسلىسىز زەربە كۈچىنى ئىسپاتلىدى.

خەتنى سەبىخە ئۈرۈمچىدىن يازغانىدى. ئۇ ھازىر نامىدا ئوقۇغۇچى، ئەمەلىيەتتە نەزەربەندتە ئىكەن. ئۇ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. خەت «ئۇنتۇپ كېتىڭ»، «ئۇ بىر چۈش بولۇپ قالسۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، نۇرىنىڭ جاۋابى «ياق» دېگەن سۆزلەرگە مەركەزلەشتى. نۇرى بۇ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئاخىر رەخىمجان ئارقىلىق ئۆزىگە تەگكەن خەتنى رەخىمجان بىلەن پەرىدەنىڭ مېھمانلىرىغا بەرگەن چېيىدا تاپشۇرۇۋالدى. نۇرى ئۇ خەتنى تولا ئوقۇپ يادلىۋالدى، خەت نۇرىنىڭ قوللىرىدا تولا مىجىلىپ كونا

دەسمالغا ئايلاندى . سامان قەغەزگە خىمچىسكىي قەلەم بىلەن يوغان ـ يوغان قىلىپ يېزىلغان بىر ۋاراق خەتكە پاكىز بىر يورەكنىڭ ئىللىق كۆز يېشى ، زۇلۇم ـ خورلۇقلىرى سىغقانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدىغانلىقىنى ، لېكىن دىدارلىشىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تومتاق سۆز بىلەن يازغان . رەخىمجان غۇۋا گەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ :

— ئۇنى خورلاپتۇ . ئۇنىڭ قىزلىق ئار ـ نومۇسىنى ئاياغ ئاستى قىپتۇ ، ئۇ ئەمدى سىنى كۆرۈشكە پېتىنالمايدىكەن … — دېۋىدى ، نۇرى :

— ئۇنىڭ خاھىشى ئەمەس ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ ! — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

— شۇنداق قارامسىنا ، نۇرى ؟ سەن بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىن ھالقىپ كەتتىڭغۇ ، ئۇكام !

— ھەقىقەت مېنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىدى ! …

— بەدەن بىلەن روھنىڭ خاھىشىنىڭ بىرلەشمىكى تەس ، مەن نەزەرىيە جەھەتتىن بۇنى بىلىمەن . رۇسلار ھاياتقا شۇنداق قارايدۇ . لېكىن ، بېشىمغا كەلمىگەچكە مەن بۇ خىل سىناققا بەرداشلىق بېرەلەيمەنمۇ ، بىلمەيمەن !

— تۇرمۇش ئادەملەرنى سىنايدىغان بىر مەيدان ، تومۇرلىرىدا ساپ قان ئاققان ئادەم ھەقىقىي پاكلىقنى قوبۇل قىلالايدۇ . ھەقىقەت ئادەمنى بەزىدە قەھرىمان قىلىۋېتىدۇ ، بەزىدە بىچارە قىلىپ قويىدۇ . لېكىن ، ئۇ ئادەمنى ھەرگىز رەسۋا قىلىۋەتمەيدۇ !

مانا ، بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇزاكىرىدە . ئۇلار شىڭ دۇبەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغاندىن بېرى شىنجاڭدا پەيدا بولغان يېڭىلىقلار ، ياخشىلىقلارنى پاكىتلار بىلەن سۆزلىمەكتە : بولۇپمۇ مائارىپ جەھەتتە راستىنلا بەك چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان — بۇ خىل پاكىت ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن دەۋرىدىلا ئەمەس ، ئىلگىرىكى تارىختىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان . ھازىر ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئۆز ئۇيۇشمىلىرى بار .

ئۆيۈشمىلار مەدەنىيەت ، مائارىپنى مىسلىسىز راۋاجلاندۇردى .
ھازىر شىنجاڭ بويىچە ھۆكۈمەت ۋە ئۆيۈشمىلار قارىمىقىدىكى
مەكتەپلەرنىڭ سانى ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئۈچكە ، ئوقۇغۇچىلىرى
ئىككى يۈز يەتمىش بىر مىڭ بىر يۈزگە يەتكەن . ئوقۇتقۇچىلار سانى
ئالتە مىڭ يەتمىش بىرگە يېتىپ ، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىدىن
ئوتتۇز يەتتە پۈتۈن يۈزدە يەتمىش ھەسسە كۆپەيگەن . بۇ ئوتتۇز
سەككىز ھەسسە دېگەن سۆز ! تېيىپ ھاجىنىڭ چىرايلىق
كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ئابدۇرېشىت ئىسىملىك تۇغقىنى بۇ
سانلىق رەقەملەرنى نەدىن بىلىۋالدىكىن ؟ بۇ راستلا بىر پاكىت ...

لېكىن ، شېڭ دۇبەننىڭ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن
ئادەملىرىنىڭ سانىنى مۇشۇنداق ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بىرەر ئادەم
چىقىسىدى ، بەلكى ئۆلگەنلەرمۇ ئىككى يۈز يەتمىش بىر مىڭدىن جىق
بولسا كېرەك . «سەن ئابدۇرېشىت ھەرقانچە ماختاپمۇ جاللاتنى
ئاقلىيالمايسەن . سوۋېت ئىتتىپاقى 1934 - يىلى بەش مىليون
ئالتۇن رۇبلى ، 1937 - يىلى يەنە ئىككى مىليون بەش يۈز مىڭ
ئالتۇن رۇبلى ياردەم قىلغاندىن كېيىن ، شېڭ دۇبەننىڭ بۇ يەتتە
مىليون بەش يۈز مىڭ ئالتۇن رۇبلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي
خىراجەتكە ئىشلىتىپ خەلقنى باستۇرغانلىقىنى ، ئاز قىسمىنىلا
سانائەت ، سودا ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ،
مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلەتكەنلىكىنى نېمىشقا خەلققە
ئېيتالمايسەن ؟ سەن ئابدۇرېشىت ، بايىقى سانلىق رەقەملەر بىلەن
گىدەيمە ، مەن نۇرى نەزەرخان غوجامدىن يېزىۋالغان مۇشۇ يەتتە
مىليون بەش يۈز مىڭ ئالتۇن رۇبلىنى ئېيتسام بىكارلا لەت
بولىسەن . تارىختا قايسى ھۆكۈمران كۈچلۈك بىر چەت دۆلەتنىڭ
بۇنچىلىك چوڭ ياردىمىگە ئېرىشەلىگەن ! سەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئىككى يۈز يەتمىش بىر مىڭ نەچچە يۈزگە يەتكەنلىكىنى
بىلىدىكەنسەن ، سەبىخەدەك خورلانغانلارنىڭ سانىنىمۇ بىلەمسەن ؟
مېنىڭ كىچىككىنە ئىنىمدەك بىگۇناھ ئېتىلغان نارەسىدىلەرنىڭ
سانىنىچۇ ؟ ... »

كىم نېمىلا دېسە نۇرنىڭ تەتۈر جاۋابى تەييار ئىدى. ئۇنىڭغا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا يالغانچى، خۇشامەتچى، سۇيىقەستچى بولۇپ تۇيۇلاتتى. راست گەپ — شېڭ دۇبەننى تىللاش، ھاقارەتلەش، پاش قىلىش، خەلقنى ئۇنى يوقىتىشقا كۈرەشكە چاقىرىش. بۇنداقلار نېمىشقا سەھنىگە چىقمايدۇ؟ ... ئۇ تىت - تىت بولاتتى، تېرىكەتتى، لېكىن سەھنىگە چىقالمايتتى. گىمنازىيىنىڭ ئاشخانا زالىغا ئادەم لىق تولغان. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا مەدھىيىلىگۈچىلەر، تەمەخورلار، ياخشىچاق بولغۇچىلار ئىدى. نۇرى چىقىپ راست گەپلەرنى سۆزلىسە ئۇنى ھازىرلا تۈرمىگە سولايدۇ. ئۇ تۈرمىدىن قورقمايدۇ، لېكىن تۈرمىگە كىرىۋالسا سەبىخەنى كىم قۇتقۇزۇپ كېلىدۇ؟

ئۇ سەبىخەنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەرگەنىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئۈرۈمچى دېگەن شەھەرنىڭ تۇمانلىق كوچىلىرى، ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىرىلا كىرىۋالغانىدى ... مانا ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچكىمنىڭ ئاۋازى كىرمىدى. سەبىخە — چىرايى سولغۇن، سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايلىق قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئىلگىرىكى نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قىزىل مەڭزى پۇرلەشكەن، دەسسەلگەن ئالمىغا ئوخشاپ قالغان بەختسىز قىز ھازىر ئۆزىگە چەكسىز ھايات - مۇھەببەت لەززىتى ئاتا قىلغان ھېلىقى چىرايلىق لەۋلىرى بىلەن شىۋىرلىماقتا: «... بىز ماشىنا بىلەن ئاپام، سىڭلىم ئۈچىمىز غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، باياندايغا كەلگەندە ئارام تاپتۇق، سۇيدۇڭگە كەلگەندە خۇشال بولۇپ كۈلۈشتۇق. چىڭسىخوزىغا كەلگەندە ئەسكەرلەر ماشىنىمىزنى توختاتتى، شوپۇرنى ئەچۇشۇپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن باشقا بىر شوپۇر چىقىپ ماشىنىنى ئۈچقاندەك تېز ھەيدەپ تەلكىنىڭ داۋىنىغا قارىتىپ يۈرۈپ كەتتى. بىز چۈشۈپ قالىمىز دەپ ماشىنىنى ئۇردۇق. لېكىن، بولمىدى. بىزنى ئىككى ياقتىن ئەسكەرلەر قورشاپ ماڭدى، سايرام كۆلى ... ئاخىر بەشىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بىزنى نۇرباغ دېگەن يەردە قاڭالتىردىن ياپىلغان بىر

ئۆيگە ئەكىرىپ سولىدى ... ئەمدى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەش مەن ئۈچۈن ئازاب ھەم ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ مېنى بىھوش قىلىپ ئاياغ ئاستى قىلغىنىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ بىلدىم. ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىغانىدى، مەن بۇلغانغان بەدىنىمنى قۇربان قىلىپ قىساس ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن، قىساس ئالماق ئۆلمەكتىنمۇ، ياشىماقتىنمۇ تەس. ئۇلار مېنى مەست قىلىپ، بىھوش قىلىپ بىرنەچچە ئاي خورلىدى ... ھازىر مەن ھېلىقى سىز كۆرگەن سەبىخە ئەمەس، ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. ئىككى قىز مېنى كۈتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مېنى كۆزەت قىلىدۇ. مەن ھېچنەگە چىقالمايمەن، ھەپتىدە ئىككى قېتىم ھېلىقى چيۇ دېگەن ھايۋان كېلىدۇ، ئۇ مەندىن كۆلكە - خۇشاللىق تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قىساس ئوتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. بىز خۇدايىمغا نېمە گۇناھ قىلغان؟ دادام بىگۇناھ ئېتىلدى، ئاپام بىز ئۈچۈن تېنىنى ساتتى، مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتىمەن. مېنىڭ زادىلا ياشىغۇم يوق، بىراق ئاپام بىچارە ئۈچۈنلا ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىۋاتىمەن ... مانا ھازىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم ‹ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ سىلەرگە خىزمەت قىلاي!› دەپ يالۋۇرۇۋىدىم، ئىككى ئاي بولدى كۇرستا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. يەنىلا ئىككى قىز بىللە، بۇ خەتنى تولىمۇ تەسلىكتە سىلەرگە ئەۋەتتىم. بىلمەيمەن، تېگەمدۇ - تەگمەمدۇ. ماڭا خەت يازىمەن دېمەڭ، ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويسىڭىزلا بولدى. ئۈمىدىم: مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ياخشى كۈنلىرىمىزنى بىر ياخشى چۈش دەپلا چۈشىنىڭ ...»

نۇرىنىڭ قولىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ پاناھسىز قىزنى قۇتۇلدۇرۇشنى، قىساس ئېلىشنىلا ئويلايتتى. ياش قىزنى مۇھەببەتتىن، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان قارا كۈچلەرگە ئۇنىڭ نەپرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە

يەتتى ، لېكىن ئۇ يەنىلا سەگەك ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى .

ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە شېڭ دۇبەنىنىڭ تۆھپىلىرىنى سانىغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— شېڭ دۇبەن تەختكە چىققاندىن بېرى ۋەخپىلەرنى يىغىپ مائارىپقا ، مەدەنىيەتكە ئىشلەتتۇق ، يالغۇز قەشقەردىلا ئافاق غوجام مازىرىنىڭ ئون ئالتە مىڭ مو ، چاپان بازىرى چوڭ مەسچىتىنىڭ بەش مىڭ مو ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۈچ مىڭ مو ۋەخپە يېرى بار ئىدى ، ھازىر ... — بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى :

— قەشقەرنىڭكى قويغىنا ، ئاداش ، غۇلجا ناھىيىسىنى ئالايلى ، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تېيىپ ھاجى ئاكىنىڭ دېيىشىچە ، مەكتەپلەر ، دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىن ، تىياتىرخانا ، كىنوخانىلار ، كىتابخانىلار ...

— توختىغىنا ، قەشقەر ھېيتگاھ كۇلۇبىغا بىر مىڭ ئالتە يۈز كىشى سىغىدۇ ، غۇلجاڭدا بارما ؟

— قەشقەردە غېرىب - سەنەم بارما ؟

— بولمامتىكىن ، پەرھاد دېگەنمۇ قەشقەرلىق جۇما ؟

— ئەمىسە نېمىشقا قەشقەر ئۇيۇشمىسى قۇرمايسەن ؟

— سەن تارانچى ئۇيۇشمىسى قۇردۇڭما ؟

ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى :

— ھاي - ھاي ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەم قەشقەرنىڭ ، ھەم خوتەننىڭ ، ھەم ئىلىنىڭ ، نېمانداق گالۋاڭ خەق بۇ ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى يىغىن باشقۇرغۇچى ، — بىزنىڭ سۆزىمىز تېمىدىن قاچمىسۇن ، بىز ئۆزىمىزدە شېڭ دۇبەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغاندىن بېرىقى ، يەنى 1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن پەيدا بولغان زور نەتىجىلەرنى ، بۈيۈك مۆجىزىلەرنى ئەسلەپ زاماننى قەدىرلەش تۈيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك . بىزگە ھازىر ھۆكۈمەت يازلىق ، قىشلىق كىيىم - كېچەك ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن دەرسلىك

كىتاب ، تاماق ـ ياتاق ھەممىنى بېرىپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا شىڭ دۇبەن ئاتىمىزنىڭ شەپقىتى . ئاغرىساق بىكارغا داۋالىنىمىز ، كىر بولساق بىكارغا مۇنچىغا چۈشىمىز ، بىكارغا كىنو كۆرىمىز ، تىياتىر كۆرىمىز ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى دادىلىرىمىز قىلىپ بېرەلەمدا؟ ! بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەر قىلىپ باققانما؟ ياق ، ياق ، ياق ! پەقەت شىڭ دۇبەننىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىلا بىزنى مۇشۇ كۈنگە ئىگە قىلدى . بىز بۇ كۈننى قەدىرلىشىمىز كېرەك . ھەرقانداق نارازىلىق ، تەتۈر ھەرىكەتلەرنى يوقىتىشىمىز ، غوجانىيازدەك ، سابىت داموللىدەك ، غۇلجىدىن چىققان تۇرداخۇنباي ، سىراجىدىنبايدەك تۈزكورلارنى قەتئىي تازىلىشىمىز كېرەك ! ...

نۇرى چۆچۈپ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى . سەھنىدىكى چېچى كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ، ئورۇق ، كۆزەينەكلىك ئادەم بايىقى گەپلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا : «ئارىمىزدىكى نۇرىدەك» دەۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى . ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەلپازدا سۆزلەيدىغاندەك قىلاتتى ، يالغۇز نۇرىنىلا دېسە مەيلى ، ئەمدىلا ئۇن ئالتىگە كۆپەيگەن ھەمراھلىرىنى دەۋەتمىسە بولاتتىغۇ . بۇ ئۇن ئالتە يىگىت يېقىندىلا دەريا بويىدا — قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە قەسەم بېرىشىپ نەق مۇشۇ مەدھىيىلىنىۋاتقان شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا پۈتۈن خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشماقچى بولۇشقان ئەمەسمىدى . ئۇن ئالتە يىگىتنىڭ ئىچىدىن خائىن چىقمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ... نۇرىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كۆڭلىدىكى سىرىنى يۈرەك سوقۇشى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك ، يۈرىكى ئۆزىگە خائىنلىق قىلىدىغان بىر خىل ۋەھىمە ـ ئەنسىزچىلىك ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى ، ئېگىز بويلۇق تەنتەربىيە مۇئەللىمى :

— نەگە قاچىسەن؟ — دەپ گۆلەيدى . نۇرىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى . تەنتەربىيە مۇئەللىمى گويا ئۇنىڭغا قورال تەڭلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى ـ دە ، ئۇ ھودۇقۇپ :

— ئو ... ئوبۆرنى ... — دېيەلىدى ئارانلا .
مۆئەللىم كۈلۈپ كېتىپ :
— يولۋاستىن مېكىيانغا ئۆزگىرىپ قاپسەنغۇ ، نېمە بولدۇڭ ، نۆرى ؟ — دەپ سورىۋىدى ، نۆرى دەرھال ئەسلىگە ياندى :
— ئورۇسچە گەپ تەسكەن ئەپەندىم ، ھې - ھې - ھې ...
ئۇ تالاغا چىقىپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى : «تېخى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ باشلىقمەن ، تۆرمە ، قىيناق ، جازا دېگەنلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ھالىم بۇ ، تەسكەن ، ئىنقىلابچى بولماق تەسكەن ، ئىرادىلىك ، قەيسەر بولماق تولىمۇ قىيىنكەن ! ... »
ئۇ ياتىقىغا كىردى - دە ، سەبىخەنىڭ پۈرلىشىپ كەتكەن خېتىنى يەنە ئاچتى . «بىر قىزنى قۇتۇلدۇرالمايمەن ، تېخى پۈتۈن خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىمەن ، دەپ قەسەم ئىچىمەنا ! قورۇق غەزەپ - نەپرەت بولسىلا بولمايدىكەن ، غەيرەت ، قەھرىمانلىق بولمىسا بولمايدىكەن . ئېنىكامدەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولسام ئىدىم ، رۇسۇلوفتەك بىلىملىك بولسام ئىدىم ، غوجامدەك ھىمايىگە ئىگە بولسام ئىدىم ، ئۇ چاغدا يولباشچى ، داھىيغا ئايلىنالايتتىم ! ... — ئۇ مەيۈسلەندى ، يەنە تۆرۈپلا ، — سىناقلارغا دۇچ كەلمىدىم ، تۆرمىگە كىرەيمۇيا ؟ تۆرمىدىن قاچالىسام ، سوراقچىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ئۆزۈمنى ئاقلىيالىسام ، خەلق مېنى دەپ جېنىنى تىكەلىسە ئاندىن ئابرۇيلۇق بولغان بولىمەن ! ... ياق ، تۆرمىگە كىرمەك ئاسان ، بىر ئەسكەرگە شاپاق ئاتسامال ياكى بىر جاڭگۇيدىنى تىللىسامال ھازىرلا تۆرمىگە كىرىمەن . مەن تۆرمىگە كىرىپ قالسام سەبىخەنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ ؟ »
ئۇ كارىۋىتىدا ئوڭدا ياتتى . خىيالىغا سەبىخەنىڭ يالىڭاچ تېپىرلاۋاتقان گەۋدىسى ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان كۆزلىرى يۇمۇق ، چىشلىرى ھىڭگاڭ يات بىر يىرگىنچلىك مەخلۇقنىڭ ھۆزۈرلىنىپ كۈلۈشلىرى كېلىش بىلەنلا ، ئۇ بەجايىكى سەۋدايىدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە ، ۋارقىرىدى :

— بوغۇزلايمەن !

— كىمنى ؟ كىمنى بوغۇزلايسەن ، نۇرى زىياۋۇدۇن ؟ — ياتاق ئىشىكى ئالدىدا ھېلىقى تەنتەربىيە مۇئەللىمى پەيدا بولدى ، — نېمە قىلارىكىن دەپ پېيىڭگە چۈشسەم بىر مەخپىي خەتنى ئوقۇدۇڭ ، ئاندىن ئۆلتۈرىمەن ، بوغۇزلايمەن ! دەپ چىرقىرىدىڭ ، قېنى ، بايىقى قەغەزنى ئەكەلگىن ، ئاندىن كېيىن راست گەپنى قىل ، كىمنى بوغۇزلايسەن ؟

— دادامدىن كەلگەن خەت ئۇ ، دادامنى مىڭبېگى ئۇرۇپتۇ !

— يالغان . تۈنۈگۈندىن بېرى ياتاقتىن چىقمىدىڭ ، سەھرالىق بىلەن كۆرۈشمىدىڭ ، خەتنى كەپتەرلىرىڭ ئەكەلمەيدىغاندۇر ـ ھە ؟

— سىز نەدىن بىلىسىز ، مۇئەللىم ؟

— بىلىمەن ، سېنىڭ نەگە بارغىنىڭ ، نېمە قىلغىنىڭ ، نېمىلەرنى دېگىنىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان !

— سىز پايلاقچىكەنسىز ـ دە ، مۇئەللىم ؟

— ماڭا يانىسەنغۇ ، داڭگال . مەن كىم ؟ مەن مۇئەللىم . ساڭا مۇئەللىم پايلاقچى بولماي ، باتۇر پاكار پايلاقچىلىق قىلامتىمۇ ئەمىسە ؟ ماڭ ، سېنى تېگىشلىك جايغا ئاپىرىمەن !

مۇئەللىم ئۇنىڭ سول مۈرىسىدىن سىلكىپ تۇتتى . نۇرى غەزەپ بىلەن ئۇنى سىلكىۋەتتى . قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ تەنتەربىيە كىيىمى بىلەنلا يۈرىدىغان قاۋۇل مۇشتلاشچى مۇئەللىم ئاچچىق كۈلدى :

— مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىغا مۇشت ئاتسا كۈلكىلىك بولىدۇ . بىلەمسەن ، مەن ئۇرۇمچىدە ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن چامباشچىمەن . خۇددى شىڭ دۇبەندەك گۇمپىلىق ئادەممەن . خېمىرغا ئايلانماي دېسەڭ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ !

مۇشۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆزى ئادەم بەدىنىدىكى ئاجىز نېرۋا تۈگۈنلىرىنى بالىلارغا سۆزلەپ بەرگەن . تۇمشۇقتا ، قۇلاقنىڭ ئاستىدا باسسىلا ئاغرىيدىغان تۈگۈنلەر بار ، بۇ ئاجىز جايلارنى نۇرى چىق سىنىغان . مۇئەللىمنىڭ بەدىنىدە بۇ تۈگۈنچىلەر يوقمۇيا ؟

باتۇرلۇقنى سىنايدىغان پەيت مانا مۇشۇغۇ !
— نەگە ئاپىرىسىز ، مۇئەللىم ، تۈرمىگىمۇ ؟
— هازىرچە ئىشخانىغا تاپشۇرىمەن .
— نېمىنى ؟
— خەتنى ، كىمنى تىللىغىنىڭنى !
— بايا دېدىمغۇ ؟
— يالغان ئېيتتىڭ ، ماڭا راست گەپ كېرەك !
— ئۇنىڭدىن باشقا جاۋاب يوق بولسىچۇ ؟
— ئۇ چاغدا مەن سېنى زۇۋانىغا كىرگۈزىدىغان جايغا ئاپىرىپ بېرىمەن !
— ئۇنداق قىلماڭ ، هەيدەر ئەپەندىم ، مەن بىر يېتىم بالا !
— هەممە چاتاق يېتىم بالىلاردىن چىقىدۇ .
— ئــۇنداق دېمەڭ ، دارىلئېيتام ، دارىلئاجىزىنلارنى ئۇيغۇر ئــۇيــۇشــمــــسى قۇرۇۋاتىدۇ ، بۇ ئۇيۇشمىنى شېڭ دۇبەن ئۆزى قۇرغان ، مۇئەللىم !
— گەپدانلىق قىلماي ماڭ ، سەندىن هېساب ئالىدىغان چاغ كــەلدى ، نۇرى ، ئەمدى ياۋاش بول ! — مۇئەللىم ئۇنىڭ سول مــۈرىسىدىن يەنە قاماللاپ تۇتۇپ چىشلىرىنى كىرىشتۇردى ، — بــىلــىپ قوي ، بىز ئۇزۇن بولدى ، سېنى كۆزەتكىلى ، هېساب بەرمەي قۇتۇلالمايسەن !
— ماقۇل ، تۈرمە سوغۇق بولۇشى مۇمكىن ، كىيىملىرىمنى ئېلىۋالاي !
ئۇ ئېڭىشىپ چاتىرىقىنى كەردى ـ دە ، پۇتۇن كۈچىنى ئوڭ قولىغا يىغىپ تۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ ئېڭىكىنىڭ تۆۋىنىگە چەنلەپ تۇرۇپ ئۇردى . مۇئەللىم «هىه !» دېدى ـ دە ، كارىۋاتلار ئارىسىغا ئۇچۇپ كەتتى . نۇرى زالغا چىقتى . ئۇنىڭغا ناتونۇش ئىككى ئادەم ئــېــسىلدى ، بۇلار پۇقراچە كىيىنگەن ئىشپىيونلار ئىدى . نۇرى بــىــرىــگــە بــىــر مــۇشت ئېتىۋىدى ، يەنە بىرى ئۇنىڭ چاتىرىقىغا تېپىۋەتتى ، نۇرى مۈكچىيىۋىدى ، ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئېغىر بىر

نەرسە قاتتىق تەگدى. ئۇ دۈم چۈشتى، دەسسەلدى. شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىدىن چىقىشتى. ئۇلار ھېچنېمىنى سورۇشتۇرمەيلا ئىككى يات ئادەمنى قارىقويۇق ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋېتىشتى. ھەيدەر مۇئەللىمگە ئۆزۈندىن بېرى غەزەپلىنىپ يۈرگەن باللار ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۇردىكى، ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ، تىنىقى توختاشقا ئازلا قالدى. قارام، ئۇمىدۋار يىگىتلەر كۈندىن - كۈنگە زورىيىۋاتقان قارا كۈچنى ئىشلىتىدىغان يەر تېپىلىغىنىغا خۇش. ئۇلار باشقىنى بىلمەيدۇ، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىنى ئىككى يات ئادەم مۇشۇ ھەيدەر دېگەن سېرىق ماشىكىنىڭ گېپى بىلەن بىكاردىنلا ئۇرغان. ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ جازاسى بولىدۇ - دە، ھەقىقەت دېگەن مانا مۇشۇ. ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مېغىزى ئەمەسمىدى. باللار تەربىيىنىڭ مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىدىغان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرەتتىمۇ؟ ئۇرالمىغانلار ئارماندا تېخى. زالدا ئۈچ گەۋدە قانغا مىلىنىپ ئۆلۈكتەك ياتماقتا.

— قاننى تازىلا، پالاس، چېلەك!

— مۇردىلارنىچۇ؟

— مەكتەپكە ئېيتايلى!

— بالا تاپمىز بېشىمىزغا، قارا، مۇنۇ پاناقنىڭ تاپانچىسى باركەن ھۆي!

— مۇنۇ ھەيدەرنىڭمۇ باركەن تېخى!

— ئېلىۋالايلى، بۇلارنى قاراڭغۇ چۈشكەندە سايغا تاشلىۋېتەيلى!

— ئۆلمىدى بۇلار، ھوشىغا كېلىدۇ تېخى!

— پۇت - قولىنى باغلاپ، ئاغزىغا پىراستىنا تىقىپ قويايلى!

— دىمىقىپ ئۆلسە قاتىل بولۇپ قالمايلى يەنە!

ئوقۇغۇچىلار ئۈچ «جەسەت» نى يىغىشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە نۇرى گىمنازىيىنىڭ دەرۋازىسىدىن

چىقىپ ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كۆككۆۋرۈككە بېرىپ ئوڭغا بۇرۇلدى، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ يېنىدىكى رەخىمجاننىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرى قولىنى قويدى:

— نەگە ماڭدىڭ، شائىر، يەنە ئىش ئىزدەپ ماڭمىغانسەن-ھە؟

— تەس كۈنگە قالدىم، زۇنۇن ئاكا! — دېدى نۇرى مۇسابايوفلار تېرە زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى، تولىمۇ مېھرىبان، خېلى بىلىملىك بۇ ئادەمگە دەرھال راست گېپىنى قىلىپ، — ماڭا ياردەم لازىم، ئاكا، ماڭا ھازىرلا ياردەم لازىم.

— يۈر، باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. بۇ باۋۇدۇن بايلارنىڭ قورۇسى ئىشەنچلىك. نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا سۆزلەپ بەرگىن.

ئۇلار چوڭ دەرۋازىدىن تاشقىرىقى ھويلىغا، ئاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ تاختاي پەلەمپەي بىلەن قاڭالتىر ئۆگزىلىك ئۆينىڭ پېشايۋىنىغا كۆتۈرۈلدى. ئۆينىڭ ئىشىك، رېشاتكا، دېرىزە قاپقىلىرى ھاۋا رەڭ سىرلانغان، ئۆينىڭ ئالدىدىكى بۈك دەرەخلىك ئارىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى.

— بۇ ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئۆيى! — دېدى زۇنۇن تېيىپ ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئاستا چېكىپ، — بۇ ئادەم ناھايىتى ياخشى، باي بولغىنى بىلەن كەمبەغەللەرگە ئامراق.

ئۇلارنى كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، يالاڭۋاش، بودۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك بىر ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالدى:

— قېنى، قېنى مەرھەمەت، ماستىر، زاۋۇتتىن كېلىشىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم. مۇنۇ يىگىت نۇرى، شائىر ھەم بىلىملىك بالا. گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. زاۋۇتنىڭ ئېچىتىش سېخىدا بىر-ئىككى ئاي ئىشلەپ ئىرادە تاۋلىغان تېخى.

— پاھ، قالتىس يىگىتكەن، قېنى ئۆيگە!

ئۇلار ئۆيگە كىردى . كۆك سىرلانغان قوش دېرىزىگە كۆزنى چاقنىدىغان پەردىلەر تارتىلغان . تەكچىلەردە غۇچچىدە ئېچىلغان ئاجايىپ گۇللەر ، ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىلغان گىلەمنىڭ گۇللىرىدىمۇ بىر گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بار ئىدى . ئەينەكلىك ئىشكاپ كىتابلار بىلەن تولغان ، نۇرىغا ھەممىلا نېمە يېڭى ، غەلىتە تۇيۇلدى . غۇلجىنىڭلا ئەمەس ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى مۇسابايوفلار توغرىسىدا بالىلار ياتاقتا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ھېكايىلەرنى سۆزلىشەتتى . نۇرى ئۆزىمۇ تېرە زاۋۇتتا ئىشلىگەندە بۇ ئائىلە توغرىسىدا ئىشچىلار ۋە تېخنىكلاردىن ، بولۇپمۇ مۇشۇ ماستىر زۇنۇن ئاكىدىن نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ ، زاۋۇت ۋە باي توغرىسىدا ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ، چەت ئەللەردىكى تىجارەتلىرى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانىدى . ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ كۆرگەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ باۋۇدۇن بايغا ۋارىسلىق قىلىپ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپ قورۇسىدا ئوقۇتۇپ ، چەت ئەللەرگە چىقىرىپ ، مىللەتپەرۋەرلىك قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ بۇگۇنكى ئىشنى بۇ ئىككى ئادەمگە سۆزلەپ بەردى ۋە سۆزىنى :

— مېنى ئەمدى ئىشپىيونلارنى ئۇردى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىشى مۇمكىن ، مەن ياتاقتىن ھازىرلا قېچىپ چىقتىم ، — دەپ ئاخىرلاشتۇردى .

ئەنۋەر ئەپەندىم تېلېفوندا بىرى بىلەن سۆزلەشتى ۋە :

— دەرھال خەۋىرىنى بېرىڭ ! — دېدى . ئۇ نۇرىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :

— سىز راستتىنلا دادىڭىزنىڭ خېتىنى ئوقۇپ غەزەپلەنگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق ، — دېدى نۇرى بۇ ئادەملەرگە يالغان ئېيتىشنى خالىماي ، — مەن ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقان . راست گەپ مۇنداق ئىدى ...

ئۇ سەبىخە ، ئىنىسى ، دادىسى ، نەزەرخان غوجام ۋە غوجامنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇسا توغرىسىدا ھەمدە سەبىخەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن

قەسەم بېرىپ «بوغۇزلايمەن !» دەپ ۋارقىرىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى . ئەمما ، ئۇن ئالتە دوستى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى .

ئۇلار نۇرىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە جىمىپ قېلىشتى .

— خەلق مۇشۇ ھالدا ! — دېدى ئاخىر زۇنۇن ماستىر ئېغىر ئۇھ تارتىپ ، — مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم .

— خەتەرلىك كۇن ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندىمۇ ئاستا ئۇھ تارتىپ ، — ناۋادا ئۇچىسىنىڭ بىرىلا ئۆلۈپ قالسا ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى بىر جان ئۇچۈن ئۇن جاننىڭ بېشىغا چىقىدۇ . ئۆلمىگەن بولسىمۇ سېنى ساق قويمايدۇ ئۇلار . مانا تېلېفون كەلدى .

ئۇ تېلېفوننى ئالدى ۋە قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ :

— ئاز ـ تولا پۇل خەجلەپ ، تاياق يېگەن ساقچىلارنى يوقلاپ قويۇڭلار ! — دېدى ۋە ئۆيدىكىلەرگە ، — مەكتەپنى ئەسكەرلەر قورشىۋاپتۇ . ئۇچ ياربدارنى دوختۇرغا ئەكېتىپتۇ . تەلىيىڭ بار ئىكەن ، بالا . زۇنۇن ماستىرغا يولۇقۇپ قاپسەن . ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن ، بىز ھەرىكەت قىلىپ كۆرەيلى ، سەن گۇناھسىز ئىكەنسەن ، مۇھىمى شۇ !

— ئارقاڭغا ئادەم كىرمىگەندۇر ـ ھە ؟

— ياق ، مەكتەپ ئەھۋالنى بىلگۇچە مەن چىقىپ كەتتىم .

— ئانداق بولسا مانا قاراڭغۇ چۈشتى . ئۇلار سېنى ئىزدەپ سەھراغا چىقىپ داداڭغا يەنە بىر پالاكەتچىلىك يەتكۈزمىسە بولاتتى .

— بۇمۇ بار گەپ ! — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپ ، — مەن ئادەم چىقارتىپ ئۇلارنى خەۋەرلەندۇرۇپ قوياي . ھوشيار بولسۇن ، قەيەر دېدىڭا ، قانچە كىلومېتىر ، ھە ، ماقۇل ، ماشىنىغا بىر دەملىكلا يول ئۇ .

ئۆيگە خىزمەتچى ئايال لۆڭگە ، مىس چۆگۈن ، چىلاپچا

كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاۋۋال تائام! — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى، ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇرۇپ، — قېنى، قول چايقايلى.

ئەتىسى ھەممە ئىدارىلەرگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى: «گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇرى زىياۋۇدۇن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلىغۇچى ئىككى نەپەر ساقچى ۋە ئۇلارغا ياردەملەشكۈچى مۇئەللىم ھەيدەرنى يولسىزلىق بىلەن ئېغىر ياردار قىلىپ قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بەلگىلىرى مۇنداق: كۆك رەختتىن شىرىغان چاپان، گەلەپى شىم كىيگەن، پۇتىدا تەتۈر باشلىق باجىنگىر، قاش ـ كىرپىكلىرى قويۇق، قاڭشارلىق، ئاق سېرىق، بويى بىر مېتىر سەككىز سانتىمېتىر، قاۋۇل، گەۋدىلىك، بۇرۇتى خەت تارتقان، ئون يەتتە ياشتا، تۇتۇپ بەرگۈچىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ!»

— پاھ، ئۇچ ساقچىنى ئۇرغان بولسا نوچىكەن ئۇ!

— غېنى ئوغرىنىڭ ئۆزىكەنا كاساپەت!

— ئۇنى قوغداپ قالغانلارغا مانا مەن مۇكاپات بېرىمەن! ...

نۇرى تۇيۇقسىزلا تىلغىنىگە ئېرىشتى. بىرلا ئېلان بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىقتى، ئۇ بىر سىرلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ساقچىلار ماشىنىلار بىلەن كۈندە ئۇياق ـ بۇياققا چاپاتتى. گىمنازىيىنىڭ ئون نەچچە ئوقۇغۇچىسى قولغا ئېلىندى، بىر نەچچە مۇئەللىم سوراققا تارتىلدى ...

قەھرىتان قىش باشلاندى. 1940 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلى ۋادىسى قېلىن قار بىلەن چۈمكىلىپ كوچىلار تارايدى، دەرەخلەر مۈكچەيدى، ئادەملەر قېلىن جۇۋا، پىيما، قۇلاقچىلارنى كىيىشىپ، قار بىلەن تولغان كوچىلاردا تەستە مېڭىشاتتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ قارادۆڭ مەھەللىسىدە يېزىلىقلار ھارۋىلىرى بىلەن كېلىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن سارايلار بار.

سارايلارنى دېھقانلار «دەڭ» دېيىشىدۇ . بۇ دەڭلەرنىڭ ھويلىلىرى ھارۋىلار ، ئېغىللىرى ئاتلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ . سارايىنىڭ مەش قـويـۇلـغـان ، بـورا سـېـلـىـنـغان سۇپىلىق ئۆيلىرىگە ئادەملەر تـىـقـىـلـىـشـىـپ ، ئـاچچىق موخوركا چېكىشىپ ، ئاچچىق چاي دەملىشىپ ، خۇرجۇن ـ قاپچىلىرىنى باشلىرىغا قوشۇپ راھەتلىنىپ يـېـتـىـشـىـپ جاھاننىڭ چوڭ گەپلىرىنى قىلىشىدۇ ، مانا شۇنداق ئـۆيـلەرنىڭ بىرىدە پاكار ، پالكۆز ھاشىم پوچى دېگەن ئادەم پو ئاتماقتا :

— نۆرى دېگەن كىم دەمسىنا ؟ — دېدى ئۇ نۆرى توغرىسىدىكى ۋەقەنى ئاڭلاپ ، — ئۇ مېنىڭ بالام ، مېنىڭ بولمىسا چېرىكلەر بىزنىڭ مەھەللىگە چىقىپ ، بىزنىڭ ئۆينى ئاختۇراتتىمۇ ؟ ...

— ئون چېرىك چىقىپ مەھەللىمىزنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش يـاشقىچە بولغان ئەركەكلىرىنى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىققا يىغدى . قورقۇپ جان چىقاي دېدى .

— نۆرنىڭ دادىسى كىم ؟ — دېۋىدى ، مەن چىقاي دېيىشىمگە مېنى جەينەكلەپ قويۇپ مۇختەرباي مەيدىسىگە ئۇرۇپ يوگۇرۇپ چىقتى :

— مانا مەن ، نېمە گېپىڭ بار ؟ — دېدى ئۇ گۆلىيىپ .

— بالاڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ، سەن بىلەمسەن ـ بىلمەمسەن ؟

— ھۆكۈمەتكە قارشى بولسا بالامنى ئىزدەپ تۇت !

— بالاڭنى ئۈچ كۈنگىچە تاپىسەن ، بولمىسا سېنى سولايمىز !

— مەن بالامنى ئۇستىخىنى مېنىڭ ، گۆشى سىلەرنىڭ دەپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەن . مەكتەپتىن سورىمامسەن ؟ !

— گېپىڭ خېلى چوڭغۇ ، ئاۋازىڭمۇ توڭ ـ توڭ چىقىدىغۇ !

— ھە ، خۇدايىم بەرگەن !

— بالاڭنى تېپىپ بېرەمسەن ، يوق ؟ !

— سەن تېپىپ بېرەرسەن ، قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەندىكىن !

— ۋۇي ھايۋان ، قارا تېخى !

— ھايۋان دېگەن سەندەك ھاۋشىيدۇ !

— باغلا بوْنى !

— ۋاي ، غېنى ئوغرى كەلدى !

بىرى نەق شۇ چاغدا قارنى تورزۇتۇپ ، ئات چاپتۇرۇپ كىرىۋىدى ، ئەسكەرلەر تىرىپىرەن بولۇشۇپ تىكىۋەتتى . كۆلە ـ كۆل ئۇچەيلىرىمىز ئۆزۈلگۈدەك بولدى .

— سەن غېنى ئوغرىنى كۆرگەنمۇ ؟

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ؟ بىللە ئوغرىلىق قىلغان دېگىنە ، ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ بىر ئۇيۇر يىلقىسىنى ئوغرىلىغاندا ، مەن ئايغاقچىلىق قىلغان ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

— سېنى نېمىشقا سولىمىدى ئەمىسە ؟

— بېشى ئونمۇ سولايدىغانغا ... غېنىكامنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان تۇرسام !

— ھازىر غېنىكاڭ نەدە ؟

— جالاپخانىدا ، ئاۋۇ توپا دەڭدە جالاپخانا بار ، بىلەمسەن ؟

— يالغان گەپ قىلما ، ھەي پالكۆز .

— ئەزبىرايى ، پۇلۇڭ بارمۇ ، ئاپىرىپ قويىمەن !

ئىشىك ئۆرۈلدى ، ئۆيگە ئاختۇرغۇچىلار كىردى . ئۇلار ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ ، يانلىرىنى ، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى ئاختۇرغىلى تۇردى . ئادەملەر قورقۇشۇپ چەكچىيىپ قېلىشتى . ھاشىم پوچى خۇددى ساردىن قورققان چۈجىدەك شۈمشىيىپ بۇلۇڭغا كىرىۋالدى .

— نەدىن كەلدىڭ ؟

— بايتوقايدىن .

— قايسى مەھەللىدىن ؟

— تۆۋەنكى ئوندىن .

— ھە ، ئېتىڭ نېمە ؟

— ھاشىم ...

ياندىكى ئادەملەر ۋارقىراشتى .

— نۇرىنىڭ دادىسى ، ھېلىقى ساقچىلار ئىزدەۋاتقان نۇرىنىڭ !

— راستما؟
— راست ...
— غېنى ئوغرى ئۇنىڭ دوستىكەن تېخى!
— راستما؟
— راست، راست، يالغان ئېيتقان بولسام خۇدا ئۇرسۇن!
— ئەمىسە، ئاكاڭ هازىر نەدە؟
— جالاپخانىدا.
— يۈر، بىزنى شۇ جالاپخانىغا باشلاپ بارغىن.
— تـۇراتـتـىـمـۇ ئۇ يەردە مىلجىڭلىق قىلىپ، هەرقاچان قاۋاقخانىدىدۇر!
— قايسى قاۋاقخانىدا؟
— مەن نەدىن بىلەي ... قاۋاقخانا، جالاپخانا دېگەنلىرىڭگە دارىپ باقمىسام؟ ...

هـاشـىـم پوچىنى بىر ئەسكەر بىلەن بىر مەهەللە ئاكتىپى سارايدىن نوقۇشلاپ هەيدەپ چىقتى.

«غېنى ئوغرى تۇرمىگە سولانغانلارنى قۇتقۇزغىلى ئادەملىرىنى بـاشـلاپ شـەهـەرگە كىرىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى نۇرغۇن ساقچى ئەمەلدارلىرىنى ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگەندىن بېرى هەر كۈنى مۇشۇنداق ئاختۇرۇش، تۇتۇش، قىيناپ سوراق قىلىش كۆپەيمەكتە ئىدى. بۇ ئىشنىڭمۇ سەۋەبچىسى نۇرى بولدى. نۇرى مۇسابايوفلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇتۇلۇشتىن ئامان قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ توغرىسىدا گەپ - سۆز تارقالدى. ئوقۇغۇچىلار سولاندى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىلقا، كۇنەس تاغلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن غېنى ئوغرى راستلا بىر قېتىم تۇرمىگە هۇجۇم قـىـلىپ ئالتە ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئـەسـكەر ئۆلمىدى، لېكىن پاتىپاراقچىلىق ئەۋج ئالدى. غۇلجا شـەهـرىنىڭ توغرا كۆۋرۈك، ئۇچدەرۋازا كوچىلىرىدا ساقچىلار قـورالـلـىـنـىـپ بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىيادە هەيۋە كۆرسىتىپ

يۇرۇشتى . لېكىن ، ئۇلار ئىزدىگەن نۇرى ئىسىملىك ئوقۇغۇچى بۇ كۇنلەردە مۇسابايوفلار تېرە زاۋۇتىنىڭ بىرىنچى سېخىدا ئازگاللارغا هاك تۆكۈپ تېرە ئاشلايدىغان ئىشچىلار ئارىسىدا ئىشلەۋاتاتتى . ئۇ ئۇزۇن بۇرۇت قويۇۋالغان ، سېرىق چاچ ، گەپ قىلمايدىغان ناتونۇش بىر ئادەم قىياپىتىدە ئىدى . ئەنۋەر ئەپەندى بىلەن زۇنۇن ئەپەندى ئۇنى ئاشۇنداق گىرىملەپ ، ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ :

— ئىسمى توماس ، مىللىتى گېرمان . مۇشۇ زاۋۇتنى قۇراشتۇرغان ھېلىقى گېرماننىڭ تۇغقىنى ! — دەپ تونۇشتۇردى . بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن كېلىپ ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتىنى قۇراشتۇرۇپ ، نۇرغۇن تېخنىك ، ماستىر ۋە ئىشچىلارنى يېتىشتۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالغان گېرمانىيىنىڭ ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفورت شەھىرىدىن كەلگەن تېخنىكنى ھەممىلا ئادەم ھۆرمەتلەيتتى . شۇڭا ، نۇرى بۇ يەردە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى . ئۇ ئاخشىمى قورۇ ئىچىدىكى تاختايلىق ياتاقتا سىم كارىۋاتتا ياتاتتى . چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىلا يالغان چاچ بىلەن بۇرۇتنى ئېلىۋېتىپ يۈز ـ كۆزنى يۇيۇپ ئارام ئالاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭغا تىنچلىق يوق ئىدى . ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆزى ئۇچۇن ئازاب چېكىۋاتقان ساۋاقداشلىرى ، قېرىنداشلىرى ، يىراقتىكى سەبىخە بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمەيتتى . ئۇ زۇنۇن ماستىر بىلەن يالغۇز ئۇچراشقاندىلا :

— قاچانغىچە نىقابلىنىمەن ؟ — دەپ سورايتتى . ماستىر كۈلۈپ تۇرۇپ :

— قاچان تۈرمىگە كىرىمەن دەپ سورىمايدىكەنسىنا ؟ — دەپ چاقچاق قىلاتتى ۋە شۇ كۈنى شەھەردە بولغان يېڭى ئىشلارنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى .

كۈندۈزى قاتتىق سېختا ئەمگەك قىلىش ، بىرمۇ ئادەم بىلەن گەپلەشمەسلىك ، كېچىلىرى ئازاب بىلەن خىيال سۈرۈش نۇرىنىڭ جېنىغا تولىمۇ پاتتى . نە ـ نەلەردىن كەلگەن ئورۇسلار بىر نېمىلەرنى دەپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ ، سۆرۈن چىراي ، ھەيۋە قىلىپ تاپانچا ئېسىپ يۈرىدىغان ئەسكەرلەر ئۇشقىرتىپ ، غادىيىپ ،

كىشىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويۇپ يۈرىشىدۇيۇ، بۇ زېمىننىڭ ئۆزىدىن كۆكلەپ چىققان، ھاياتتىن ئۈمىدى چوڭ بىر يىگىت غەم تاغلىرى ئاستىدا ئۈن - تىنسىز ئازاب چېكىدۇ. ھايات مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغانمۇ - ھە؟ باشقىلار نە - نەلەردىن كېلىپ ھۆكۈم سۈرىدۇيۇ، بۇ يەرگە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، بۇ يەرگە پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتى باغلانغان، بۇ زېمىن ئۈچۈن جېنىنى ئاتىغان ئوغۇل - قىزلار جازالىنىدۇ. ئۇلار جېنىغا، مۇھەببىتىگە، ئىنسانىي غۇرۇرىغا ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلار گەپ قىلالمايدۇ، كۈلەلمەيدۇ، ئۆز يېرىدە يوغان چامداپ ماڭالمايدۇ. ئۇلار كوچىلاردىكى لالما ئىتلاردىنمۇ خار، قەھرىتان قىشتا تېرەك ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرغان توڭ قاغىدىنمۇ بىچارە.

... بىچارە سەبىخە ئۆلۈۋېلىشقىمۇ چارىسىزكەن، ئۇنىڭ گۇناھى بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىمۇ، خۇدا بەرگەن گۈزەل ھۆسنىنى قىيما - چىيما قىلىپ نابۇت قىلمىغىنىمۇ ياكى گۈزەل ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالىغىنى ۋە شۇ ھاياتتىن ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولسىكەن دەپ ئويلىغىنىمۇ؟ ...

نۇرى زاۋۇتتىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، سارغۇچ قىسقا جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن قۇلاقلىرىنى يېپىپ، ئاق پىيما كىيگەن ئاياغلىرىنى قېلىن قاردا ئاستا يۆتكەپ ياتاققا كېتىۋېتىپ، تۇمان باسقان، قەھرىتان ھاۋاغا نۇرغۇن سوئاللارنى ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھور بىلەن بىللە چىقىرىۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا نە دەرەخ، نە تاملار ياكى جاپاكەش زېمىن جاۋاب بەرمىدى.

ئۇ ياتىقىغا كىرىپ دېرىزە قاپقىلىرىنى ئەتتى، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە مەشكە كۆمۈرنى جىق سېلىپ قويۇپ كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا ياتتى - دە، خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىغا كىتاب ئالدى. چېرنىشۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن رومانىنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى ئۆزبېكچىسىنى ئىككى كۈندىن بېرى ئوقۇماقتا ئىدى، چېرنىشۋسكىي تۈرمىدە يېتىپ ئۇن بىر ئايدا

يېزىپ چىققان بۇ رومان ئۇرنىنىڭ ئۇرغۇن سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكتە، ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يول تېپىپ ئىلگىرىلەشكە ئىلهاملاندۇرماقتا ئىدى. راخمانوف قانداق ئادەم؟ ئۇ نېمىشقا ئازابقا ئامراق؟ ئاستىغا تاش قويۇپ، ھەتتا مىخ قېقىپ يېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت تارتىدىغان ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشكە ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم بەرگەن. مۇشەققەت بەزىلەر ئىنتىلىدىغان بىر پەللىكەن. ئازابنى ئىزدەيدىغانلارمۇ بولىدىكەن. ئۇ «كۆكۆيۈن» دېگەن رومانىنمۇ ئوقۇغان، تۇرمە ئازابى ئارتۇر ئۈچۈن راھەت. «ئىنسان مەڭگۇ بۆشۈكىدە يېتىۋەرمەيدۇ» دەپ يازغان چىرنىشىۋسكىي. ئۇرنىمۇ ھازىر ئازابتا، ئۇ بۆشۈكتىن ئۆمىلەپ چىقتى، ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشلىرى، دادىسىنىڭ ئۇنى ئوقۇتىمەن دەپ جاپا تارتىشلىرى ھازىر ئۇنىڭدىن يىراقتا قالغان. ئۇ بەلكى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتىدىغاندۇر. ئۇ دېگەن باشقىلار كىم؟ سەبىخەمۇ، ياق. ئۇرى سەبىخە ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىدى تېخى. كىچىككىنە سىڭلىسى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئۇ ھازىر باشقىلارنىڭ قۇربان بېرىشىگە ھاجەتمەن ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئۆزى ئۈچۈنمۇ؟ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى، مەرتىۋىلىك، ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىشى ئۈچۈنمۇ؟ رۇسلوف ئۇنىڭغا: «زادىلا ئۆزىنى ئويلىمايدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنىلا ئويلايدىغان ئادەملەرمۇ بار» دېگەنىدى. ئۇرى ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، ئۇ ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇرى قىساس، ئىنتىقام ئۈچۈن جېنىنى تىككەن. ئۇنىڭ قولىدىن شۇ ئىشلا كېلىدۇ. «قىساس ئېلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش كېرەك» دەيدۇ ئۇرى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ئەتىۋارلىقلىرى. ھاكىمىيەت ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى يۆلىمەكتە، قوراللاندۇرماقتا، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇرنىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. ئۇرىلار شۇنداق قىلىشقا قەسەم ئىچىشكەن. بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ خەلققە زۇلۇم سالمايدىغان، ھەممە ئىشتا ھەقىقەتنى قوغدايدىغان، ئادەملەرنىڭ خۇشال ـ خۇرام، باياشات تۇرمۇش

كەچۇرۇشكە ياردەم بېرىدىغان ، زېمىنىمىزنىڭ مول بايلىقى ، گۈزەل قوينىدىن پايدىلىنىپ يوقسۇزلۇق ، جەبىر - زۇلۇم ، ئادەمنى ئادەم ئېزىش ، بوزەك قىلىش تامامەن تۈگىگەن جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى . بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ئىسمى سوتسىيالىزم بولۇشى كېرەك ئىكەن . بۇ ئىسىمنى رۇسۇلوف بەك ماختايتتى . ئۇ دۇنيادا بەختنىڭ بۆشۈكى بىرلا : سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك دۆلەت دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . ئۇنداق ئادىل دۆلەت ئەمىسە نېمىشقا شېڭ دۇبەندەك بىر جاللاتنى قوغدايدۇ؟ غوجانىياز ، ما جۇڭيىڭلار شېڭ شىسەي بىلەن تازا تىركىشىۋاتقاندا ئۇ ئۇلۇغ دۆلەت شېڭ شىسەينى قوللىدىغۇ ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ شېڭ شىسەينى چۈشەنمىدىمۇ ، ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى تونۇپ يەتمىدىمۇيا ؟ شۇنداق بولسا بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلساق بولىدىكەنغۇ ؟ ... ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىش يىپقا ئايلىنىپ كەتتى . مانا مەش ئۈستىدىكى چەينەكمۇ قاينىدى ، ئۇ چاي ئىچىشى كېرەك .

ئۇ چەينەككە قول سوزۇۋىدى ، بىرى ئىشىكنى چەكتى . ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ چاچ ، بۇرۇتلىرىنى كىيدى ۋە ئىشىكنى ئاچتى .

— ئوي ، ئوي ، ئوي ! — ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزارغان ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكەرگەن ، پوكۋاي ياغلىقتا ئورالغان چىرايلىق ، ياش رۇس ئايال قولىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ مەشكە قوللىرىنى قاقلىدى ۋە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ :

— تى توماس لىنژىش ، رابوتايىش ، نى ئىگرايىش ! چتوستوبوي[1] ؟ ! — دېدى ۋە سېرىق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ شوخلۇق بىلەن تولۇق كۆتۈرۈلگەن كۆكسىنى نۇرىغا كۆز - كۆز قىلىپ قاتتىق كېرىلدى ھەمدە نۇرىنىڭ بوينىغا بىردىنلا گىرە سالدى ۋە :

— ئوچىن خارۇشۇ ، كراسىۋىي چېلاۋېك[2] ، — دەپ ئۇنىڭ

---

① سەن توماس ياتىسەن ، ئىشلەيسەن ، ئوينىمايسەن ، ساڭا نېمە بولدى؟ (رۇسچە)
② نېمىدېگەن ياخشى ، چىرايلىق يىگىت (رۇسچە) .

مەڭزىگە سۆيۈۋالدى .
— سەن بۇندا يالغۇز ياتاسەن ، خوتۇن يوق ؟ — دېدى ئۇ ئۇيغۇرچە .
— يوق ! — دەۋەتتى نۇرى تۇيۇقسىز چاندۇرۇپ .
— سەن ئۇيگورچە بىلەدى ؟
— بىلەدى .
— مەن رۇس ، سەن گېرمان ـ نونېمەس ، سەن گىتلېر بالا .
— ياق ، ياق ! — دېدى نۇرى گېزىتلەردە پۈتۈن خەلق تىللاۋاتقان فاشىستنىڭ «بالىسى» بولۇشقا قاتتىق نارازىلىق قىلىپ ، — گىتلېر پلوخوي① ، فاشىست ، ساباك !
— گىتلېر ساباك ، سەن ساباك !
رۇس قىزى شوخلۇق بىلەن نۇرىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ بۇرۇتىنى تارتىۋىدى ، چالا ـ بۇلا بېكىتىلگەن بۇرۇت ئاجراپ كەتتى . رۇس قىزى قاقاقلاپ كۈلۈپ :
— يالغان ، يالغان ! — دەپ ئۇنىڭ يالغان چېچىنىمۇ يۇلۇۋالدى ، — ئۇيگور ، يالغان نېمىس ، — دەپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە نۇرىنى كارىۋاتقا بېسىۋالدى . ئۇنىڭ تولۇق كۆكسى نۇرىنىڭ بەدىنىگە تېگىش بىلەن ئۇنىڭ بەدىنى «جوغ» قىلدى ـ دە ، ۋۇجۇدىدا تولىمۇ يېقىملىق ، تولىمۇ تەشنالىق ۋە تولىمۇ سىرلىق بىر ئېقىم پەيدا بولدى . ئۇ ئايالنى ئىتتەردى ۋە يالۋۇردى :
— جېنىم زىنا ، مەن ئۇيغۇر ، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي ، مېنى پاش قىلمىغىن !
— سەن ئىشپيون ؟
— ياق .
— سەن نېمە ، ئېيت ، مەن ئېيتمايدى .
— مېنى هۆكۈمەت تۇتماقچى .
— بىلدى ، بىلدى . مەن دادا ستالىن ئاتتى ، ئاپا ، ئاكا بۇندا قاچتى . بىلورۇس ، كۇلاك ، بىلەدى ؟

① گىتلېر پلوخوي — گىتلېر يامان ، ئەسكى (رۇسچە) .

— بىلەدى ، زىنا ، سەن مەكتەپتە ستروۋژنا[①] ؟
— مەن ستروۋژنا ، ئاپا باكادى . ئاكا مانتيور .
— ماقۇل زىنا ، مېنى ھېچكىمگە ئېيتما بولامدۇ ؟
— نېمە بېرەرسەن ؟
— سورىغىنىڭنى بېرىمەن .
— ئاندا . مەن مانداي ... سەن چىرايلىق ، خارۇشۇ ، مەن ئەر يوق ، سەن مەن ئەر بولادى ...

رۇس قىزى زىنا ئۇيغۇر يىگىتى نۇرىنى تېگىگە يېسىۋېلىپ شۇنداق سۆيدىكى ، نۇرى ھاياتنى ھازىرلا بىلىۋاتقاندەك ، لەززەت دېگەن ئۇقۇمنى ئەمدىلا ئاڭلاۋاتقاندەك شېرىن سۆيۈشتىن ئەندىكىپ «ئاھ» دەپ كەتتى ...

قىبىلىدىن قارا بوران چىقىپ قارلارنى ئاسماندا ئۇچۇرۇپ دەھشەتلىك شىۋىرغان پەيدا قىلدى . دەرەخلەر ھازىرلا يەرنى سۆيىدىغاندەك ئېگىلەتتى ، نۇرىنىڭ دېرىزە قاپقىقىنى ياش ئۇجمە دەرىخى تىنىمسىز سۆيمەكتە ، قاپقاق غىچىلداماقتا .

رۇس قىزى زىنا ئۇيغۇر يىگىتى نۇرىنى خىيال ئالىمىدىن رېئال ھاياتقا قايتۇرۇپ كەلدى ...

## 17

مۇسابايوف زاۋۇتى غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ زاۋۇت . بۇ زاۋۇتنىڭ ماستىر ، تېخنىكلىرى خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە . «مۇسابايوف زاۋۇتىنىڭ بوغالتىرى» دېسە كىشىلەر ئۇ ئادەمگە ئۆزلۈكىدىن ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ . گەرچە بۇ زاۋۇتتا چەم ، تۈرلۈك رەڭلىك كازۇل ، چىگرىن ، بولغارا ، پالۋال ، مەسكاپ ، ئات تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاننا ، گامبورك ، شاۋرۇن قاتارلىق تېرە مەھسۇلاتلىرى ھەم مەسكاپ ، چىگرىن ، سېرىق پالۋالدىن تىكىلگەن ئۆتۈك ، چېتىك ، سەندەل ، باللار كىيىملىرى ؛ بىرىچكا

② ستروۋژنا — تازىلىق ئىشچىسى (رۇسچە) .

ھارۋا، پوچتا ھارۋىسى، كالاسكا ھارۋىلارنىڭ خاموت ـ شىلىيەلىرى، ئېگەر ـ جابدۇق، ھەر خىل رېمونلار (تاسما پوتىلار) ئىشلەپ چىقىرىلىشىمۇ، بۇ مەھسۇلاتلار شۇ يىللاردىكى تۇرمۇشنىڭ يېڭىلىقلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ مەھسۇلاتلارنى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، شىخو، ئالتاي، ماناس، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە مەخسۇس مۇسابايوفلارنىڭ تىجارەت شىركەتلىرى بازارغا سالاتتى. كېيىنچە، مۇسابايوفلار شىركەتلىرى ئۇ ماللارنى قازاقىستاندىكى قارقارا يەرمەنكىسى، سىمپالاتىنسكىي يەرمەنكىسى، سىبىرىيەدىكى ئومىسكى، بارناۋۇل يەرمەنكىلىرى، نىژنى نوۋگورت، موسكۋا، پېتىربۇرگ، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، ئالمۇتا، بىشكەك شەھەرلىرىدىمۇ بازارغا سېلىپ چەت ئەلدىن رەخت، ماشىنا ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئەكىرىدىغان بولدى. دېمەككى، بۇ زاۋۇتنىڭ نامى مۇسابايوفلار سودا ـ تىجارىتىنىڭ ھەممە تارمىقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسابايوف زاۋۇتىنىڭ ئادەملىرى جەمئىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. نۇرىمۇ مانا ھازىر شۇ مەرتىۋىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا. نۇرى قىشنى ھەم پەرىشان، ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. زىنا ئۇنىڭ قەلبىنى باسقان غەم تاغلىرىنى ئىللىق تۇمان بىلەن چۈمكەپ كۆزدىن يوقاتقان چاغلارمۇ، غەم تاغلىرى يالىڭاچلىنىپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتەنگەن چاغلارمۇ بولدى. ئۇ قەھرىتان قىشنى ئاشۇ ياتىقىدا زىنا بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مانا ھازىر تەبىئەت يېڭىلاندى: چىمەن، چېچەك پەسلى يېتىپ كەلدى. سېرىق چاچ، سېرىق بۇرۇت «گېرمانىيىلىك يىگىت» ھازىر ھېلىقى ھاك ـ كىسلاتا پۇرىقى دىماغنى يارىدىغان سېختىن ئىشخانىغا يۆتكىلىپ چىقتى. ئۇ ھازىر باش بوغالتىرنىڭ ياردەمچىسى. ئۇ ھازىر «ئۇيغۇرچە»، رۇسچە سۆزلىيەلەيدۇ. ئىشچىلار ھەيران قېلىپ: «نېمىس دېگەن ئەقىللىق خەقكەن زادى، قاراڭلار، مۇنۇ توماس دېگەن گېرمان بىر قىشتىلا ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ»

دېيىشتى . نۇرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويانتى . ئۇنىڭ تۇرمۇش كومېدىيىسىدە رول ئېلىش ماھارىتى ئۆسمەكتە ئىدى .

ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن قىبلىگە ، كەڭرى دالىغا قاراپ ماڭدى . قارىياغاچ ، سۆگەتلەرنىڭ ئەتراپى يېشىل ئەتلەستەك رەڭگە كىرىپ قىرلاردا سېرىقچېچەك ، كاككۇك گۈللىرى ئېچىلغان ، چۈمۈلىلەر ئالدىرىشىپ بىر نېمىلەرنى توشۇماقتا ، قوڭغۇزلار تېزەكلەرنى كۈملەچ قىلىپ دۆگىلەتمەكتە ، چېكەتكىلەر سەكرەشمەكتە ، دەرەخلەرنىڭ يېڭىدىن يوپۇرماق چىققان شاخلىرىدا قارغۇجىلار چۇرۇقلاشماقتا ، ھۆپۈپ تام تۆپىسىدە يەر چوقۇپ تەبىئەتنى كۈيلىمەكتە ... قىشتىن بېرى قار ئاستىدا ياتقان ، شىۋىرغان ھۇۋلىغان ئانا تۇپراق ئۆز بەدىنىدە يېڭى باھارنىڭ تەپتىنى سېزىپ راھەتلىنىپ كېرىلمەكتە . تەبىئەت يېڭىلانغان ، زېمىن كۆلگەن ، ئىللىق ، شوخ شامالار ھالاۋەت ۋە راھەت كۈيىنى ياڭراتماقتا ...

لېكىن ، نۇرىنىڭ قەلبىدە يەنىلا بوران ھۇۋلىماقتا ، قەھرىتان چىرقىرىماقتا . ئۇ دادىسىنى ، ئۇكىلىرىنى ، قېلىن قارىياغاچلىق بېغىنى ، تورغايلار ماكانى — كەڭ ئېتىزلىرىنى ، قېلىن چىغ - تېۋىلغىلارنى ، چوڭقۇر تۇغانلىرى ، يۇمشاق - يۇمران چىمەنلىرى بىلەن كىشىگە شېرىن ھېسسىيات ھەدىيە قىلىدىغان ئېرىق قىرلىرىنى ، قۇلىقىغا كاككۇك گۈلى قىستۇرۇپ ياۋاش كالىلارغا مىنىۋېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ كالىلارنى ئوتلاققا ھەيدەپ ماڭىدىغان پادىچىلارنى ، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، تايلارنىڭ قىيغىتىشلىرى ، قوي - قوزىلارنىڭ سەكرەشلىرى ، خورازلارنىڭ تاجلىرى بۆلەكچىلا قىزىرىپ ، قىن - قىنىغا پاتماي چىللاشلىرى ... باھار بىلەن پەيدا بولىدىغان يېزا يېڭىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۈرىكى ئېچىشىپ ، كۆزىگە ياش كەلگۈدەك ھالەتتە سېغىنماقتا ئىدى . ئۇ ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈنچىقىشقا قارىدى . ئۇ ياقتا — قىرىق نەچچە كىلومېتىر يىراقتا ئۇنىڭ ھېلىقى يېزىسى ، دادىسى ئۇنى ھەر كۈنى ، ھەر سائەت سېغىنماقتا .

مانا ، بەش ئاي بولدى نۇرى بۇ يەردە مۆكۈنۈكلۈك . دادىسى بىخەۋەر . بىچارە دادا ھازىر نېمە غەمدە ، ئۇنىڭ غەم ـ ئەلەمگە كۆنگەن گەۋدىسى مۈكچەيگەنمىدۇ ، ئۇنىڭ بىر قىتىممۇ قانغۇدەك راھەت كۆرمىگەن ، مۇشەققەتكە كۆنگەن قەلبى ساقمىدۇر ؟ ...

ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ، ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ ، ياكى ئۆلمەس ، ياكى ئەرزىمەس تارىخى بىلەن خاتىرە قالدۇرغانلار مىليارد ـ مىليارد . لېكىن ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىز ـ دېرەكسىز . بىرلىرى ھايات چېغىدا كىشىلەرگە تاغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ ، لېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن چالمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بەزىلىرىچۇ ، ئەكسىچە ھايات ۋاقتىدا چالمىدەك ئاياغ ئاستىدا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ . لېكىن ، ئۆلگەندىن كېيىن يىللار ، ئەسىرلەر ئۇنى تاغقا ، ھەتتا قارىساڭ بېشىڭ قايغۇدەك بۈيۈك تاغقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . بەلكى نۇرىنىڭ دادىسىمۇ ، چوڭ دادىسىمۇ ، ھەتتا ئۆزىمۇ بىر پارچە چالمىدۇر ، داڭگال دېگەن لەقەم بەلكى ئۇنىڭ سۈپەت بەلگىسىدۇر ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى بەلكى بىــر شېرىن خىيال ، تاتلىق چۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇنىڭ دادىســىدىــن پــەرقى تاغقا ئايلىنالايدىغان ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى . دادىسى باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشتىن باشقىنى خىيال قىلمايدۇ . مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەرگە ئوخشاش نۇرىنىڭ دادىسىمۇ قاياققا ، نېمە ئۈچۈن كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيدىغان بىر ئــاق كــۆڭــۈل كــارۋان . ئاق كۆڭۈللەر بەختسىز بولىدۇ ، ئاق نەرسىنى چاڭ ـ توزان ۋە ئىپلاسلىقلار ئوڭايلا بۇلغايدۇ ، شۇڭا ئــاق كــۆڭــۈلــلەرنىڭ قەلبى بىر دۇنيا — تارتقۇلۇقنىڭ خاتىرە دەپتىرى . بۇ دەپتەرنىڭ بەتلىرى قان ۋە كۆز يېشى بىلەن بويالغان . بۇ بەتلەرنى بەختسىزلەرلا ۋاراقلاپ باقىدۇ . بەخت ئىگىلىرىنىڭ بۇ بەتلەرگە قاراشقا رايى يوق . ھايات ئەنە شۇنداق ، ئۆز بەلگىلىرىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ، چىرايىغا ۋە تەقدىرىگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ .

نۇرى زاۋۇت گۈدۈكى بىلەن خىيالدىن رېئاللىققا قايتتى . ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىسى تۇرخۇنىغا قارىدى . 1909 ـ يىلى دېگەن خەت

ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇسابايوفلارنىڭ دۇنيا ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ مېۋىسىنى ئۇيغۇر ھاياتىغا ئەكىرىشنى مەقسەت قىلغان سۆيۈملۈك ئوغلى باۋۇدۇن مۇسابايوف 1907 - يىلى موسكۋاغا بېرىپ رۇسىيە ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھىرىدىن A.E.G ئېلېكتر ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە فرانسىيىنىڭ تۇرلۇك ئىستانوك ئىشلەپ چىقىرىدىغان تۇرنا (TOUrnee) شىركىتىدىن تېرە ئىشلەپ چىقىرىشقا كېرەكلىك ماشىنا، ئىستانوك، پارۋاي قازان، گېنېراتور، ئېلېكتر ماتور، مېتال قىرىش ئىستانوكى، رەندە ئىستانوكى، بۇرغىلاش ئىستانوكى، چاقلاش ئىستانوكى، كەپشەرلەش ماشىنىسىغا ئوخشاش ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇچۇن كېرەكلىك كۆپلىگەن ماشىنىلارنى، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇشقا لازىم بولىدىغان تېخنىك، ماستىرلارنى توختام بىلەن تەكلىپ قىلىپ، شۇ يىلى فرانكفورتتىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ چاغدا قاتناش قىيىن ئىدى. چاررۇسىيە دۆلەت چېگراسىدىن ئاچىقىپ كېتىشكە توقسان كۇنلۇك مۆھلەت بەرگەن. شۇ مۇددەت ئىچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتمىسە زاۋۇت رۇسىيىنىڭ بولىدۇ دېگەن شەرتنى قويغان. فرانكفورتتىن ئومىسكى شەھىرىگىچە پويىزدا توشۇغان. ئومىسكىدىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن سىمپالاتىنىسكىي شەھىرىگە كەلتۇرۇلگەن. بۇ ئېغىر ماشىنا - ئۇسكۇنىلەرنى سىمپالاتىنىسكىي شەھىرىدىن قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق غۇلجىغا توشۇش ئۇچۇن نە پويىز، پاراخوت، نە ماشىنا يوق ئىدى. باۋۇدۇنباي مانا مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۆز خەلقىگە مۇراجىئەت قىلغان. مىللەت غورۇرى، ۋەتەن ھۆرمىتى تىلغا ئېلىنىش بىلەن غۇلجىلىق ھارۋىكەشلەر مەردانىلىك بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. ياۋروپا سانائىتىنى كۆتەك ھارۋا بىلەن غۇلجىغا توشۇش تارىختا كۆرۈلمىگەن چوڭ مۆجىزە. يوللارغا ئىككى يۈز سەكسەن توققۇز چوڭ كۆۋرۈك ياسالغان. ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان مەخسۇس ھارۋىلار ياسىلىپ ماشىنىلار پارچىلانغان. بۇنداق ھارۋىلارنىڭ چوڭلىرىغا ئون ئىككى ئۆكۈز،

كىچىكلىرىگە ئالتە ئۆكۈز قېتىلغان. توقسان ئالتە قاۋۇل ئۆكۈز هارۋا سۆرىگەندىن باشقا، كارۋان هارۋىلىرى، ئېشەكلەر، هەتتا پىيادىلەرمۇ زاۋۇت كۆچۈرۈشكە قاتناشقان. توقسان كۈنلۈك سۈرۈك توشماي تۇرۇپ، ياۋروپا پار قازان سانائىتىنىڭ تۇنجى قەدىمى غۇلجا شەھىرىگە قەدەم قويغان. بۇ مۆجىزىنى مۇشۇ مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك غۇلجا ئەمگەكچىلىرى ياراتقان.

مۇسابايوفلارنىڭ سۇ كۈچى بىلەن هەرىكەتلىنىدىغان يەرلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ ئورنىنى پار كۈچى بىلەن ماڭىدىغان زامانىۋى زاۋۇت ئىگىلەپ، مانا هازىر پۈتۈن شەھەرنى ئىشقا چىللاپ، ئاسمان - پەلەك تۇرخۇنى بىلەن هەممىگە تونۇلۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. هازىر بۇ زاۋۇت ئۆز مەهسۇلاتلىرىنى شىنجاڭنىڭ هەممە شەهەرلىرىدە بازارغا سالغاندىن باشقا، دۇنيادا بازار تالاشماقتا.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇنئاتۇش ئېكىساق يېزىسىدىن چىقىپ قەشقەرگە كېلىپ رۇسىيە بىلەن تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇچە فۇشىڭخاڭ دەپ ئاتالغان بۇ ئائىلىگە مۇسابايوف دېگەن فامىلە قويۇلغانىكەن. مۇساباي قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە تىللاردا ئىلىم تەهسىل قىلغان هەم شۇ مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر بۇ دەۋرنىڭ بىلىملىك ئادىمىنى مۇسا شەيخ دەپ ئاتىغان. مۇسابايىنىڭ قەشقەر شەهىرىنىڭ زەرگەر كوچىسىدىكى كۇتۇپخانىسىدا ئۈچ مىڭ پارچىدەك هەر خىل تىللاردا يېزىلغان كىتابلار ساقلانغان.

— زاۋۇت بىزنىڭ نامىمىزدا، — دېگەنىدى ئەنۋەر ئەپەندىم نۇرىغا يېقىنىدا، — لېكىن ئۇ خەلقىمىزنىڭ زاۋۇتى. دۇرۇس، بىز هازىر شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ تەڭدىشى يوق باي. لېكىن، بۇ بايلىق هامان خەلقنىڭ. بوۋام مۇساباي، كىچىك دادام باۋۇدۇنبايلار دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى. سەن دېگەندەك بىز كاپىتالىست، بىز ئېكسپىلاتاتسىيە بىلەن بېيىغان. قوشۇمچە قىممەت بىزنى باي قىلغان. لېكىن، زۇرۇر تېپىلغاندا، مەن بۇ

بايلىقنى خەلقنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن تەقدىم قىلالايمەن !
نۇرى زاۋۇت تۇرخۇنىغا قاراپ تۇرۇپ ، ھازىرمۇ بۇ زاۋۇتتا كاڭىلداپ يۆتىلىپ كەچ كىرگۈچە سۇ ، لايغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قول بىلەن ئاياغ كىيىم تىكىۋاتقان ، ھەر خىل سېخلاردا تېرە پىششىقلاش ئەمگىكىنىڭ ئېغىر جاپاسىنى تارتىۋاتقان ئىشچىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . لېكىن ، ئۇلار نامرات بولغىنى بىلەن ئۈلۈم ۋەھىمىسىدىن خالىي ئىدى . ئۇلارنىڭ بالىلىرى زاۋۇت مەكتەپ قورۇسىدا ئوقۇيتتى . قىزلىرى كونسۇلخانا ئالدىدىكى مۇسابايوفلار ئاچقان قىزلار ھۈنەر - سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇپ قوشۇمچە كىيىم تىكىش ، يۇڭ - شارپا ، پوپايكا ، پەلەي قاتارلىق نەرسىلەرنى توقۇش ، رېشىلىيە ، گىلادىيە ، شتىيە ، كىرژۇژا ، كوكلاشكا ، كانىۋا ئىشلەش دېگەندەك قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنەتتى . بۇنداق قىزلار ئىككى يۈزدىن كۆپ . مۇسابايوفلار ئاتۇش يېزىلىرىدا ، قەشقەر شەھىرىدە ، غۇلجا شەھىرىدە XX ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن مەكتەپ ئاچقان ، نۇرغۇن يېتىم بالىلارنى ئوقۇتقان ، ئۇلارنى چەت ئەللەرگە — ئىستانبۇل ، تاشكەنت شەھەرلىرىگە چىقارغان ... 1934 - يىلى ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا نەنمېندىكى چوڭ قورۇ - جايىنى ئىئانە قىلغان ؛ تاتار مەھەللىسىگە ، كونسۇلخانا ئالدىغا زامانىۋى مەكتەپ قۇرغان ۋە بارلىق خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان . 1935 - يىلى ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ئۇن زاۋۇتىنى قۇرۇش ئۈچۈن غۇلجا خەلقىنىڭ پايدىسىنى دەپ مۇسابايوفلار ئالتە مىڭ بەش يۈز پاي قوشقان . ھەربىر پاي ئەللىك دوللار ھېسابلانسا ، بۇ ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش مىڭ دوللار دېگەن سۆز . مۇسابايوفلار ئەمگەكچىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە بېيىغان . ئامېرىكىنىڭ مورگان ، روكفېللېردەك بايلىرى ، جۇڭگونىڭ جياڭ جيېشى ، سۇڭ زېۋېن ، كۇڭ شياڭشىدەك كاتتا بايلىرىمۇ ، رۇسىيىدىكى رومانوفلارمۇ ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى كاتتا بايلارمۇ ئاشۇنداق خەلقنىڭ ئەمگەك

تەرى ھېساباسىغا كۆكلەيدۇ . لېكىن ، خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، دەردىگە دەرمان بولىدىغانلىرى ئاز ، تولىمۇ ئاز . دۇنيادا ماددىي بايلىق قالدۇرۇشنى ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ قىسمى ئارزۇ قىلىدۇ ، لېكىن ماددىي بايلىقى بىلەن ئادەملەرگە راخمانوفتەك شەپقەت ياغدۇرۇشنى كۆزلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز . مۇسابايوفلارنىڭ باغ قورۇسى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىدە . دەرۋازىدىن كىرسەڭ رېشاتكا بىلەن ئايرىلغان گۈزەل باغ ، ياپيېشىل چىمەن ، بۇككىدە گۈللۈك . ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئايرىم - ئايرىم ھەربىر ئوغۇل ئۈچۈن قاتالىتىردا يېپىلغان ، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ، تېلېفونلۇق ، زامانىۋى كرېسلو ، جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئۆيلەر سېلىنغان . ئۇ ئۆيلەردە ياشىغۇچىلار مۇنۇ بايلىق ياراتقۇچىلاردەك ئېغىر ئىش قىلمايدۇ ، ئۇلارنىڭ قوللىرى يۇمشاق ، بەدىنى ئەتىر پۇرايدۇ ، چىرايلىق سۆزلۈك ۋە ئاپئاق . ئۇلار خالىغىنىنى كىيەلەيدۇ ، يېيەلەيدۇ ، قىلالايدۇ ۋە ئوينىيالايدۇ . ئۇلار ھېچكىمگە يېلىنمايدۇ . نۇرىدەك مۆكۈنۈپ - سۇقۇنۇپ يۈرمەيدۇ ، سەبىخەدەك خورلانمايدۇ ، دادىسىدەك غەم - غۇسسە يۇكىنى كۆتۈرمەيدۇ ، ئۇلارغا تەبىئەت ، نە جەمئىيەت ، نە ھۆكۈمەت ھومايمايدۇ . ئۇلار ئىسكىرىپكا ، رويال چېلىش ، مەكتەپلەرگە كالاسكىدا بېرىشتىن باشقا ئېغىر ئىشقا قول ئۇزارتمايدۇ ··· دۇنيا مانا مۇشۇنداق ، بىرلىرى ھاياتنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ ، بىرلىرى زۇلۇم - جەبىرسىنى تارتىدۇ . بەلكى ھاياتنىڭ قىزىقىمۇ ، لەززىتىمۇ مۇشۇ راھەت - پاراغەت بىلەن جەبىر - جاپادا بولسا كېرەك ···

نۇرى خىيال بىلەن مېڭىپ ياتىقىغا قايتتى . ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خىيال دۇنياسىدا ، ئاز ۋاقتى رېئال دۇنيادا ئۆتۈۋاتىدۇ ، ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانماقتا ، غەزەپلەنمەكتە . چۈنكى ، ئۇ ئادەتتە بۇلبۇلدەك سايراپ پاساھەتلىك ئىبارىلەرنى بايان قىلالايدىغان ئانا تىلىدا كېكەچلەپ ، يېرىم - يارتا سۆزلەشكە مەجبۇر ، زىنا بىلەنمۇ رۇسچە كېكەچلىشىپ سۆزلىشىدۇ ··· ئۇ بۇ خىل ھاياتتىن تولىمۇ

بىزار . ئۇ دوستلىرىنىڭ ھالىدىنمۇ ، ئائىلىسىنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەرسىز . بۇ خىل ھاياتنىڭ تۈرمىدىن نېمە پەرقى ؟ ل . تولستوي «تىرىلىش» ناملىق كىتابىدا «پۈتۈن رۇسىيە بىر چوڭ تۈرمە» دەپ يېزىپتىكەن . ھازىر پۈتۈن شىنجاڭ بىر چوڭ تۈرمە بولماي نېمە ؟ ئۇنىڭ جان كۆيەر ئادەملىرىنىڭ قايسىبىرى راھەتتە ؟ ئۆلگىنىمۇ ، ھايات قالغىنىمۇ جەبىر - جاپانىڭ قۇربانلىرىغۇ ؟

ئۇ غېنى ئاكىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ تاغلارغا قېچىپ كەتكەن بولسا بوپتىكەن . سادىر پالۋاندەك ، پوگاچېوفتەك ھايات كەچۈرۈش ھازىرقى خىيال دۇنياسىدىن كۆپ مەنىلىك بولغان بولاردى . ھازىر غېنى ئاكىسى نەدىكىن ؟ ئۇ قايسى بايلارنى قاقشىتىپ يۈرىدىكىن ؟ قويۇق قارىغاي بىلەن قاپلانغان غوللار ، كۆمۈش مارجانلارنى چاچرىتىپ ، ئويناقلاپ ئاقىدىغان شوخ تاغ سۇلىرى ، باھار شاملىدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان يايلاق مايسىلىرى ، قىيغىتىشىپ يۈرۈشكەن تاي - قوزىلارنى كۆرۈپ شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش مۇنۇ تۈرمە تۇرمۇشىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ ؟ مانا باھار يېقىنلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە خۇشلۇق پەيدا قىلالمىدى ، ئاۋۇ ئوتلۇق قۇياشمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتالمىدى . ئۇ دېرىزىسىنىڭ يېنىدىكى شاخلارغا قونغان قۇشلارغا سۆزلىدى ، ھايۋانلارغا شەرەت قىلدى ، ئۇنىڭ سۆزلىگۈسى ، كىملەرنىدۇر ۋارقىراپ تىللىغۇسى كەلدى ، لېكىن ئۇنىڭ كانىيىدىن بىر غايىبانە قول بوغۇۋالغان ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر شەپىسىز قارانچۇق بار ، ئۇ ئېغىرراق تىنسىمۇ ئۇنىڭ تىنىقى ھۆكۈمەتنىڭ داڭزىسىغا چۈشىدۇ . ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ ، كۈلەلمەيدۇ ، ناخشا ئېيتالمايدۇ ، ھەتتا «ئۇھ !» دەپ قورساق بوشىتالمايدۇ . بۇنداق ياشاشنىڭ نېمە قىممىتى بار ؟ ...

سىرتتا زىنا قاقاقلاپ كۈلۈپ ، بىرى بىلەن رۇسچە چاقچاقلاشماقتا . ئەنە ، ئوخشاش كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە ، بېرۇتتا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان ئەپەندىنى ئادەملەر ئورىۋاپتۇ . ئۇ نېمىلەرنى دەۋاتىدىكىن ؟ لىۋان

پايتەختتىدە بەش يىل ئوقۇغان بۇ ئادەم دۇنيا توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىدىكىن؟ نۇرى كىتاب، گېزىت ئوقۇيدۇ، لېكىن بۇ خىل هايات ساڭا بىلىم بەرگىنى بىلەن هايات لەززىتى بېرەلمەيدۇ. نۇرى هازىر تەسەللىگە، سىردىشىشقا تولىمۇ موهتاج، ئۇنىڭ بىرىگە ئۆز ئانا تىلىدا كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى سۆزلىگۇسى، هاياتىدا نېمىلا بولسۇن، بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلغۇسى بار، لېكىن ئۇ هېچ نەرسىگە قادىر ئەمەس …

ئۇ دېرىزىگە قاراپ ئۇزاق ئۆرە تۇردى. مانا، ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە زىنا كىردى. ئۇنىڭ قولىدا بولكا، قورداق.

— تاماك! — دېدى ئۇ كۆڭلەكچان، جەلپكار كۆكسىنى نۇرىنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ، — يە، بول، خىيالدا نېمە پايدا؟

ئۇ نۇرىنى قۇچاقلىدى، نۇرى يەنە رېئال دۇنياغا قايتىپ كەلدى.

— زىنا، هەي رۇس قىزى، ساڭا كۆپ رەهمەت، سەن بولمىغان بولساڭ بۇ دۇنيا قانچىلىك زېرىكىشلىك بولغان بولاردى!

— سىن مېنى ئالادىمۇ؟

— ياق زىنا، ساڭا دېدىمغۇ، مەن ئۆيلىنەلمەيمەن.

— مېنى كىرى دەيدۇمۇ سىن؟

— ياق، ياق!

— مىن يىگىرما تۆت ياش، سىن ئون توققۇز ـ يىگىرما … سىن مىن ئۇكا.

ئۇ نۇرىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىيپاپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇندىمەكتە، بەزلىمەكتە.

نۇرى ئالدىدا تۇرغان تەبىئىي ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاددىي ئادەملەر بەزىدە، هەل قىلغۇچ مىنۇتلاردا ئۆزلىرىنىڭ كاتتا ئادەملەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئاشۇنداق ئاددىي ئىشلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. ئۆزلىرىنى كاتتا هېسابلايدىغان دەۋر قەهرىمانلىرى بەزىدە ئاددىي ئىشلاردا

ئۆزلىرىنىڭ سۈنئىي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئاددىي ئادەملەردىكى تەبىئىيلىك مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلسا، كاتتا ئادەملەر بىچارە هالدا ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ يالىڭاچلىقى بىلەن ئۇلارغا سىلىشتۇرۇلىدۇ ـ دە، هايات سەھنىسىدە كۈلكە، مازاق ۋە نەپرەت دولقۇنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇ شۇ كۈنى كەچتە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات جايى خىتاي بازىرىغا باردى. بۇ ئۇنىڭ بەش ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم كوچىغا چىقىشى ئىدى. ئۇ يەنىلا سېرىق چاچ، سېرىق بۇرۇتلۇق گېرمان سۈپىتىدە كوچىغا چىقتى. ھەممە يەردە باھار يېڭىلىقلىرى، يالغۇز خىتاي بازىرىنىڭ توپادەڭگە ماڭىدىغان ۋە تەختىيۇنمەھەللىگە چىقىدىغان كوچىلىرىدا قويۇق، هارۋا مېيىدەك قارا پاتقاق لۆمشىپ تۇراتتى. ئۇچ دېھقان تىزىغىچە قارا پاتقاق كېچىپ پېتىپ قالغان هارۋىسىنى مۇرىدىمەكتە. ئاتلار تېپىرلايتتىيۇ، لايغا بولۇشقا پاتقان هارۋا ئورنىدىن مىدىرلىمايتتى. يولنىڭ چېتىدىكى ھىم يېپىقلىق قارا ئىشىك ئېچىلدى ـ دە، كىچىك پۇتلۇق بىر تەتەي بىر چېلەك يۇندىنى هارۋىنىڭ ئوقىغىلا چاچتى. يۇندى ئادەملەرنىڭ يۈزىگە چاچرىدى.

— ھەي تەتەي! — دەپ ۋارقىرىدى بىر دېھقان، — كۆزۈڭ يوقمۇ؟!

— سىڭ كۇ! — دەپ ئىشىكنى جالاققىدە ياپتى تەتەي.

— نېمە دەيدۇ ئۇ؟

— رەھمەت دېدى! ھا ـ ھا ـ ھا ...

دېھقانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. نۇرىمۇ بەدىنىگە غەم قوندۇرمايدىغان دېھقانلارغا قېتىلىپ كۈلدى. «هايات مۇشۇنداق، خۇشاللىق بىلەن غەم ـ قايغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. سەن ئۇنى ئىزدىمىسەڭمۇ ئۇ سېنى ئىزدەپ تۇرىدۇ» ... نۇرى لاي ئۇستىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ قارا سۇ ئۇستىگە تاختاي كۆۋرۈك سېلىنغان قويۇق ئاشخانىلار بار يەرگە كەلدى. پەستە شارقىراپ سۇ ئاقماقتا.

ئاشخانىلار بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ خېرىدار چاقىرماقتا . ئاشخانىلارنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن تولغان ، مورىسىگە لۆڭگە سېلىۋالغان تاڭجاڭنىڭ ئاغزى تىنمايدۇ . بىردە تاماق بۇيرۇيدۇ ، بىردە «چىققان مېھمان مۇنچە پۇل» دەپ ۋارقىرايدۇ . نۇرى كىرىۋىدى ، ئۇ ئورۇن كۆرسەتتى :

— نېمە يەيسىز ؟

— دابەنجىڭ ، شى گۇڭگۇر ! — دېدى نۇرى يېڭى ئۆيغۇرچە ئۆگەنگەن چەت ئەللىكتەك دۇدۇقلاپ .

ساھىبخانا سايراپلا كەتتى .

نۇرى جەينىكى بىلەن ئىككىگە تايىنىپ ئولتۇردى - دە ، ئەتراپىقا قولاق سالدى . بۇلۇڭدا ئالتە - يەتتە ئادەم هاراق ئىچمەكتە . بىرى قوللىرىنى هاۋادا ئوينىتىپ شىڭ دۇبەنىنى تىللاپ سۆزلىمەكتە . نۇرى ئۇنى تونۇدى . ئۇ تەنتەربىيە مۇئەللىمى ھەيدەر ئىدى . نۇرىنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى ، لېكىن چاندۇرمىدى . بىر مەست ئۆرە تۇرۇۋېلىپ هاراق تولدۇرۇلغان ھېجىرنى تۇتۇۋېلىپ ناخشا ئېيتماقتا :

ئاھ خېنىم ، داگەنزىدە
داسىلاڭ جۇلار قېنى .

— ھەي ساراڭ ، ئېيتما دەيمەن ، ھازىر ناخشا ئېيتىدىغان چاغمۇ ؟ ياۋروپادا گېرمانلار جوھۇتلارنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ . ھەر كۈنى نەچچە مىڭ جوھۇت ئۆلۈۋاتىدۇ . جوھۇتمۇ ئادەم ، ئۇمۇ بىزدەك بىچارە مىللەت ، بىزچۇ ؟ ...

— سۆزلىمىسەم سۆزلىمەي ، ئەپەندى ، لېكىن سەن ، سەن دېگەن ھاۋشىپ توختىمايدىغان ئىت !

مەست غۇلاچلىرىنى كېرىپ ھەيدەر تەرەپكە ماڭدى . نۇرى ھەيدەرنى بىر ئۇرسىكەن دەپ خۇدادىن تىلىدى ، لېكىن مەست سەنتۈرۈلۈپ ، يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى . ھەيدەر يالاڭ كىيىم

كــيــيــپ يەڭلىرىنى تۈرۈۋالغان ، هازىرلا مەيدانغا چۈشىدىغان بوكسچىدەك تۇراتتى . هېلىقى چاغدا ئۇرۇپ ـ دەسسەشلەر ئۇنىڭ بەدىنىدە قىلچىمۇ بەلگە قالدۇرمىغان ، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ تىمەن ، ھەيۋەتلىك ئىدى . ئۇ شىڭ دۇبەننى تىللىماقتا :

— ئـالـتـە بۇيۇك سىياسەت دېگىنى قۇرۇق سۆز ، ئۇنىڭ پايدىسىنى بىز كۆردۇقمۇ؟ مىللەتلەر باراۋەر دەيدۇ تېخى ، كىم بــىــلەن كــىم باراۋەركەن؟ يالىڭاچ يېتىمچىلار ئاۋۇ دۇكاندىكى جـاڭـگـۇيـدە بـىـلەن باراۋەرما؟ قېنى ، كىم شىڭ دۇبەن بىلەن باراۋەركەن؟

— يارايسەن باتۇر ، قەيسەر ، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچتىم!

نۇرىنىڭ تامىقى كەلدى ، ئۇ ئىشتىها بىلەن لەڭمەن يېدى . ئۇنىڭ ئالدىغا نەچچە دىۋانە كەلدى . ئۇ دىۋانىلەرگە پۇل بەردى . هېلىقى مەست ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى :

— بىزچە بىلەمسەن؟

— بىلەدى! — دېدى نۇرى كۈلۈپ ۋە مەستنى قولتۇقلاپ تالاغا ئېلىپ چىقتى .

— ئـاۋۇ تـولا سـۆزلەيدىغاننى تونۇمسەن؟ — سورىدى ئۇ مەستنى خالىي يەرگە تارتىپ .

— تونۇيمەن . ئۇ هەيدەر ماشكا .

— ئۇنى ئۇرۇپ دەسسىۋەتسەڭ ئەللىك دوللار بېرىمەن!

— دەسسىۋېتىمەن ، ئەكە پۇلۇڭنى!

نـۇرى مەستنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزدى ، مەست دەلدەڭلەپ ئـاشـخانىغا كىرىپ كەتتى . نۇرى چاندۇرماي قاراپ تۇردى . ئۇ بـېـشـىغا خۇرۇم شەپكە كىيىۋالغانىدى . ئۇ شەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ ئاشخانىنىڭ ئىچىگە قارىدى . مەست قولىغا هېجىرنى ئېلىپ هېلىقى جوزىغا باردى ۋە جەينىكى بىلەن هەيدەرنى نوقۇدى . هەيدەر سۆزىنى توختىتىپ بۇرۇلۇشىغا مەست ئۇنى مۇشت بىلەن ئۇردى . مۇشت هەيدەرنىڭ تۇمشۇقىغا تەگدى ، هەيدەر ئوڭدىسىغا چۈشتى . مەست ئۇنى دىسلىدى ، ئۇلار كاللا ـ موللاق بولۇشۇپ

كەتتى. نۇرى قارادۆڭ تەرەپكە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ قىساستىن راھەت تاپتى. پۇل بىلەن قىساس ئالغىنىغا خۇشال بولدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا پۇل بىلەن قىساس ئېلىۋاتقان ئـابدۇمەر مىڭبېگىدەك ئادەملەر كەلدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىدىن يــىرگەندى. «بايلارنىڭ نېنى بېشــىنى ئايلانــدۇرۇپ قــويدىمۇ نېمە؟ نېمە ئۈچۈن پـۇل خـەجـلەپ قىــساس ئېلىــش خــيالــدا بولدۇم ـ ھە؟»

ھــايــات شۇنداق، ساپلىق بىلەن ساختىلىق خۇددى كىپەك ئالتۇن بىلەن قۇمدەك بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. ساڭا بىرى لازىم بولسا يەنە بىرىمۇ بىللە قولۇڭغا چىقىدۇ. قاسساپ پــاكىز قولىدىكى پىچاق بىلەن تىرىك جاننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، شېرىن مېۋىلىك دەرەخ نىجاسەتنى ئوزۇق قىلىدۇ...

تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسى شۇنداق. ھالال ئىشقا ھارام نىيەت ئارىلىشىۋالىدۇ، خۇددى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، سەمىمىيلىك بىلەن ئالاكۆڭۈللۈك روبىرو تۇرغاندەك...

يــاشانىڭ يولىنى ھاياتىن ئىزدەۋاتقان ياش يىگىت توخۇ بـازىـرىـدىـن ئـۆتـۈپ لەڭزىبېشى دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ يەر چىمەنلىك، قومۇشلۇق، سۆگەتلىك. بۇلاق باشلىرى مەستلەرنىڭ كـۆڭـۈلــلـۈك مــاكــانــى. باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىۋېلىشىپ، چىمەنلىكتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىشىپ دۇتارغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلار غەم ـ قايغۇ ئالىمىدىن ئاللىقاچان ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالىمىگە كېتىشكەن، ئۇلار ئۈچۈن «ئۆلۈمدىن باشقىسى تـامـاشــا». بــىــر چـەتــتــە ئــككى ئادەم يالىڭاچ بولۇۋېلىشىپ مۇشتلاشماقتا، ئادەملەر ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشمەكتە، يەنە بــىرنـەچـچـە ئادەم كىچىككىنە قاپاق پىنەك بىلەن ھەدەپ نەشە چەكمەكتە، بىرلىرى خوراز چىللىغاندەك سوزۇلۇپ كۈلۈشمەكتە. نــېــرىدا بىر مەدداھ جەڭنامە ئوقۇماقتا، يەنە بىرى ساپايىسىنى چــىرايلىق ئوينىتىپ زىكىر قىلماقتا، ئۆستەڭ بويىدا بىرنەچچە ئايال ئەرلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە... بۇ يەردە ھەر

خىل ئادەملەر ، ھەر خىل قىلىق ، ھەرىكەتلەر بار . نۇرى بۇنداق يەرلەرگە بارمايدۇ . ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈنكى مۇشۇنداق جايلارنى خالاپ قالدى . بىرى ئۇنى مۇرىسى بىلەن ئۇرۇپ ماڭدى . نۇرى قاراپ قويۇۋىدى ، مەيدىسى ئوچۇق ، يۈزلىرى كۆكەرگەن يىگىت يەيدىغاندەك گۆلەيدى :

— قارايسەنغۇ ! ؟

نۇرى كۈلۈپلا قويدى . ئۇ بىر قىشنى ئۆن ـ تىنىسىز كىتاب ئوقۇپ ، خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم ، شۇڭا ئۇ بۇ رېئال دۇنيادىكى ئادەملەرگە ھەم ھەيران بولۇپ ، ھەم قىزىقىپ قارىماقتا . بۇ ئادەملەر نۇرىغا يات ، چۈشىنىكسىز بىلىنمەكتە ئىدى . ئۇ راستىلا باشقا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك ، راستىنلا بۇ ئادەملەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىر سەزگۈدە ئىدى . لېكىن ، رېئاللىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق . ئالدىدىكى مۇنۇ ئادەملەر ئۇنىڭ خەلقى ، قارىماققا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىنى ئويلىمايتتى ، ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇم مەۋجۇت ئەمەس . لەڭزىبېشى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ چىمەنلىك ئۇلار ئۈچۈن ھەم جەننەت ، ھەم دوزاخ . ئۇلار بىر رومكا ھاراق بىلەن ھاياتىنى مەدھىيىلەپ ، بىر پارچە نان زارلىقى بىلەن ھاياتنى ھاقارەتلەشكە ئادەتلەنگەن ، ئاڭ ، غايە ۋە ئىرادىدىن مەھرۇم بولۇشقان بىر توپ سۆزلىيەلەيدىغان مۇردىلار ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن بىر قېتىممۇ «نېمىگە يارالدىڭ ؟» دەپ سوراپ باقمىغان . ناۋادا بىرى : «ياشاشتىكى مەقسىتىڭ نېمە ؟» دېسە ، ئۇلار ئىككىلەنمەي : «يەپ ـ ئىچىپ ئويناش !» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ . نۇرى مانا مۇشۇلارنىڭ پۇشتى ، بىر ئەزاسى ، ئۇ بۇرۇت ۋە چېچىغا لايىق ياۋروپالىق ئەمەس ، گېرمانىيە ھازىر ياۋروپانىڭ يىرىمىنى دېگۈدەك بېسىۋالدى . ھەربىر گېرمان بالىسىدىن «سېنىڭ مەقسىتىڭ نېمە ؟» دەپ سورىسا ، ئۇ ئىككىلەنمەيلا : «دۇنياغا خوجا بولۇش !» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئۇلار نېمە كويدا ، مۇنۇ نۇرىنىڭ ئادەملىرى نېمە كويدا ؟ ئۇلار دۇنيانى ئۆزىنىڭ قىلماقچى ، باشقا

ئەللەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ خەلقىنى، بايلىقىنى گېرمان مىللىتى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى. نۇرى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق بىر ۋەھشىي نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ خەلقلىرى گېرمان دېگەن مىللەتنىمۇ، گېرمانىيە دېگەن دۆلەتنى ۋە بۇ دۆلەتنى ياۋۇز روھ بىلەن تەربىيىلەپ، خەلقىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ يەر شارىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۈندەۋاتقان گىتلېر دېگەن كۆتمەك بۇرۇت ئادەمنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەتتا گىتلېرنىڭ يولىغا ھەۋەسلىنىدىغان شېڭ شىسەينىمۇ، ئۇنىڭ جاللات ھۆكۈمىتىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىلا بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دوستىمۇ، دۈشمىنىمۇ ئۆزى. بۇنداق ئادەملەرگە قورال تۇتقۇزساڭ ئۇلار قورالنى سېنىڭ بېشىڭغا تەڭلەيدۇ … ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ـ قىساس دېگەنلەرنىڭ شولىسىمۇ يوق …

نۇرى ئۈمىدسىز ۋە روھىي چۈشكۈن ھالدا قايتتى. ئۇ چوڭ كوچىغا چىققاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئات قوشقان بىر پەيتۇن توختىدى.

— نۇرى، بول چىق ھارۋىغا!

ئۇ ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ خىزمەتچىسى ئەزىز ئىسىملىك خۇشخۇي، ياسىنىپ يۈرىدىغان يىگىت ئىدى.

— بۈگۈن ئەنۋەر ئەپەندىم جۇ نازىرنى مېھمانغا چاقىرغان! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىلىسەنغۇ، ھېلىقى ئادەملەر ماختايدىغان جۇبىڭ دېگەن ئادەم.

— بىزمۇ كىرىمىزمۇ؟ — دېدى نۇرى خۇشال بولۇپ، — مەن بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم ئۇ ئادەمنى.

— ئەنۋەر ئەپەندىم ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ تىزىملىكىنى بەردى. موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ئىككى يىگىت بار ئىكەن، بىرى تاتار، بىرى خەنزۇ، ئۇلارنى رەخمجان ئاكا باشلاپ كەلگۈدەك. ئەنۋەر ئەپەندىم سېنى ئۆز سالاھىيىتى بىلەن زىياپەتكە كىرسۇن! دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى.

ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئىككى بەرناۋۇل كالاسكىنى بىردىنلا باغ قورۇغا ئېلىپ كەلدى ، باغ قورۇ باھار ھۆسنىگە تولغان : ياپپېشىل چىمەنلىكلەر ، يالتىراپ تۇرغان يوپۇرماقلار ، ئاپئاق ، ھال رەڭ چېچەكلەر ، ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار نۇرىنىڭ كەيپىياتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىۋەتتى . بايىقى كۆڭۈلسىزلىك ، ئۈمىدسىزلىكلەر سەھەردىكى تاغ تۇمانلىرىدەك تېزلا تارقالدى . ھايات ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى .

ئەنۋەر ئەپەندى چىرايلىق كىيىنگەن ، تولىمۇ خۇشال ، روھلۇق ئىدى . ئۇ نۇرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ :

— بۈگۈن مۇنۇ يالغان بۇرۇت بىلەن چىچىڭىزنى ئېلىۋېتىمىز ، مەن سىزنى بۈگۈن بىر كاتتا كىشى بىلەن تونۇشتۇرىمەن ، — دېدى .

زۈنۈن ماستىرمۇ چىرايلىق ياسىنىپ ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەلدى .

— نۇرى ، ئەمدى ئارتىسلىق قىلمايدىغان بولدۇق ، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ئۇ ، — ياخشى ئارتىس بولىدىكەنسەن ، غېرىبنىڭ رولىغا چىقساڭ بولىدىكەن ، ھا ـ ھا ـ ھا ! ...

نۇرى بەش ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇ دېھقانغا خاس تارتىنچاقلىق بىلەن قورۇنۇپ :

— سىلەرگە رەھمەت ، سىلەر ياردەم قىلمىغان بولساڭلار جېنىمنى ساقلاپ قالالمايتتىم ، — دېدى .

— سېنىڭ جېنىڭ بىزگىمۇ كېرەك ، ئىنىم ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — سەن قىلىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ . ئۈستىمىزدە ئېغىر تاغ بار ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ خەلقىمىزنى يورۇق كۈنگە چىقىرىش سىلەردەك ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى !

ياش يىگىت تېخىمۇ روھلاندى . ئۇ كىتابلارنى جىق ئوقۇدى ، كىتابلاردىكى كاتتا ئادەملەر ھايات ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇنىڭغا جىق گەپلەرنى قىلىپ بەردى . ئۇ ئۆزى چوقۇنىدىغان مەشھۇر ئادەملەر

بىلەن خىيال دۇنياسىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشتى. نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇلارنىڭ دېگىنىنى سىناق قىلدى، نۇرغۇن ئىشلارغا ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئۆلچەم قىلدى. لېكىن، رېئال ھاياتتا ئۇ تېخى بىرەر مەشھۇر ئادەم بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشمىدى. ئەلۋەتتە، مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر ئاشۇنداق ياشايدۇ. لېكىن، نۇرى ئىنقىلابقا، كەشپىياتقا ياكى ئەھمىيىتى چوڭ بىر ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەملەرنى كۆرۈشنى، ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز كىيىمى بولغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولىمۇ بولۇش كېرەك، گەرچە بۇ يوللار بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ مەيلى... ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى دائىم باشقىلار بىلەن سېلىشتۇراتتى، ئۇ ھامان ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرگە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەم، خام ۋە ناچار تەرەپلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھازىر ئەتراپتىكى ئادەملەردىن ئۆزىنى كەم ھېسابلىمايتتى. رۇسۇلوف غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. زۇنۇن ماستىر پىداكار، غايىلىك، لېكىن بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم. رەخىمجان مەدەنىيەتلىك، شىنىڭ دۇبەنگە ئۆچ، لېكىن ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە سوتسىيالىزمغا ئوخشاش نۇرى قىزىقىدىغان گەپلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى سودا تىجارەتكە سەرپ قىلىدۇ، نەزەرخان غوجام بولسا مېھرىبان، تەرەققىيپەرۋەر بولغىنى بىلەن شىڭ دۇبەن ئۈچۈن ئىشلىگەن، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشلا ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇسى بولغان. غېنى ئوغرى بولسا كۈچلۈك غەزىپى، قارامىلىقى بىلەنلا نۇرىغا ياقاتتى. نۇرى كىتابلاردا كۆرگەن ئادەملەر تېخى رېئال ھاياتتا ئۇنىڭغا ئۇچرىمىدى. «جۇبىڭ دېگەن نازىر قانداق ئادەمكىن؟» دېگەن سوئال شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە گوياكى قەپەسكە سولانغان تورغايدەك تىنىمسىز تېپىرلايتتى. ئۇ مۇكەممەل، ئۆزىدىن تولىمۇ ئۈستۈن، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالالىغان بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىشنى،

ئاۋازىنى ئاڭلاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. مەيلى ئۇ ئادەم قايسى دۆلەتتىن، قايسى مىللەتتىن بولسۇن، نۇرى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشالىسىلا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك بىلگەن بولاتتى. مانا ئۇ بۇگۈن جۇبىنىڭ ئىسىملىك ئادەم بىلەن كۆرۈشىدۇ، بۇ ئادەم توغرىسىدا ياتاقتا ساۋاقداشلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشكەن:

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسىكەن، ئىسمى ماۋ زېمىن!

— شىڭ شىسەي بىرلا مۇشۇ ئادەمدىن قورقىدىكەن!

— جۇ بىڭ نازىرنىڭ كۆچى بىلەن چيۇ سىلىنىڭ غۇلجىدىن ھەيدىلىپتۇ!

— جۇبىنىڭ نازىر تۇپتوغۇش ئالتۇن كېنىدىن چىققان ئالتۇنلارنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئاپتۇ. بۇرۇن باشقىلار يەپ كېتەتتىكەن!

— مايتاغ نېفىتلىكىنى تۈزەپتۇ!

— يېڭى پۇلنىمۇ جۇبىنىڭ نازىر چىقىرىپتۇ! ...

نۇرى ساۋاقداشلىرىدىن مۇشۇنداق يېڭىلىقلارنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ كىشىلەر ماختاپ يۈرگەن ئادەمنى بۇنداق ئاسانلا كۆرۈۋالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى.

ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ چوڭ، تاختايلىق مېھمانخانىسى چەت ئەل كىرپىسلولىرى، گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەن، ئوتتۇرىدا بوشلۇق، چۆرىدەپ كىچىك - كىچىك ئۇستەللەر قويۇلغان، ئۆيئىچى ئېلېكتر نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇغان، گۈللەر مېھمانلارغا سالام بېرىۋاتقاندەك، پەردىلەر سۆزلەۋاتقاندەك، گويا ھەممە نېمە ھاياجانلانغاندەك، نۇرى بەش ئايدىن بېرى بىرىنچى قېتىم خىيال دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھايات لەززىتى بىلەن قايتا ئۇچراشتى، رېئاللىق خىيالدىن گۈزەل، جەلپكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، ياشىماق ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ئىنسان ھامان لەززەت تاپالايدىغانلىقىنى نۇرىغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئادەملەر، تەبىئەت ۋە سالقىن

شامال ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىۋېلىپ نۇرنىغا روھ ، خۇشاللىق ، مەدەت بېرىۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولغانىدى . مانا ، ماشىنا كېلىپ توختىدى ، ماشىنىدىن قارا شىلەپە ، قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، ئاق كۆڭلەك كىيىپ قارا گالستۇك تاقىغان ، توغرىلىق ، يۈزلىرى كەڭ بىر ئادەم چۈشتى . ئۇ تەخمىنەن قىرىق ياشلار چامىسىدا ئىدى .

— جۇبىڭ نازىر ! — دېدى ئەنۋەر مۇسابايوف ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىپ ، — ياۋ سىلىڭ ، باقىيىف ! ...

نۇرى چوڭلارغا ئەگىشىپ چوڭلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى ، چوڭلارنىڭ قوللىرىمۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ قوللىرىدەكلا ئىكەن ، كوممۇنىستلارنىڭ قوللىرىمۇ سىرلىق ئەمەسكەن . ئۇلار نۇرنىڭ قوللىرىنى خۇددى كونا تونۇشلىرىدەك چىڭ سىقتى . موسكۋادىن ، يەنئەندىن ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ مېھمانلار بايتوقاي يېزىسىدىن كەلگەن جاپاكەش دېھقان بالىسىنى بۇرۇندىنلا تونۇيدىغاندەك ، ئۇنىڭ بىلەن قوللىرىنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشمەكتە ئىدى . نۇرى ھاياجانلاندى . ئۇ مېھمانلارغا ئەگىشىپ ئازادە ئۆيگە كىرىپ ئىشىك تۈۋىدىكى كرېسلودا ئولتۇردى . مۇسابايوفلار ئائىلىسىگە ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇدى . مۇسابايوفلار غۇلجىغا يېڭىلىق ئەكەلگۈچى ، ئۇيغۇر ھاياتىغا دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى ئېلىپ كىرگۈچىلەر . ئۇلار تۇنجى قېتىم پەننىي مەكتەپ ئاچتى ، ياۋروپا سانائىتىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىردى . غۇلجا شەھىرىگە تۇنجى قېتىم تېلېفون ، ماشىنا ئەكىرگەنمۇ ئاشۇ باۋۇدۇنباي بولدى . ماشىنا ئەكىرگەندە غۇلجىدىن ئۇنى ھەيدەيدىغان شوپۇر تېپىلمىدى . ئۇلار ماشىنىنى ئۆكۈزلەرگە سۆرىتىپ ئۈرۈمچىگە ئاپاردى . تېلېفوندا ئاياللار ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلىشىپ چىشىغا تەگكەچكە ، ھۈسەيىنباي تېلېفونلارنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ تاكى 1934 ـ يىلىغىچە (ھۆكۈمەت تېلېفون قويغۇچە ) غۇلجىدا مۇسابايوفلار قويغان تېلېفوندىن باشقا تېلېفون بولمىغانىدى . مۇسابايوفلار زامانىۋى تېرە

زاۋۇت قۇرغاندا ھېسابات ئىشلىرىغا بوغالتىرلىق قىلىدىغان ئادەم تېپىلمىدى . مۇسابايوفلار ئائىلىسىنىڭ چىۋەر ئوغلى باۋۇدۇنباي قازان تاتارلىرىدىن بوغالتىرلارنى ئەكەلدى . بوغالتىرلار بىلەن بىللە نۇرغۇن تېخنىكلار ، ماستىرلار ، ئۇستىلارمۇ كەلدى . ئۇ غۇلجىغا دۇنيانىڭ ھەممە يېڭىلىقلىرىنى ئېلىپ كەلدى : ئىسكىرىپكا ، رويال ، تېلېفون ، كرېسلو ، ئۇستەل - ئورۇندۇقلار نۇرغا ئوقۇغان كىتابلىرىدىكىدەك ئۆز - تونۇش . دۇنيادا مودا بولۇۋاتقان يېڭىلىق ، ماركسىزم - لېنىنىزم ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تۇنجى ۋەكىلىمۇ مانا مۇشۇ ئۆيدە نۇرغا چىراي كۆرسەتمەكتە .

## 18

مۇتائالى خەلپىتىم مەدرىسىدىن خاپا بولۇپ قايتتى . «تالىپلارنىڭ ئارىسىغا بىر بۇزۇق يوشۇرۇنۇۋاپتۇ !» دېدى گەپجاڭ جۈمەدىن چىقىۋاتقاندا خەلپىتىمگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ . بۇ گەپ شەھەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر خەلپىتىگە ئېتىلغان بىر بەنەپ چالما بولدى . خەلپىتىم بىرەر ئىشتىن خاپا بولۇپ قالسا سارغۇچ ئاق بانارىس تونىدىكى چاڭنى قاقماقچى بولغاندەك سىلكىپ قويۇپ ، كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، گەۋدىلىك بەستىنى ئالاھىدە نامايان قىلىپ ئاسمانغا قاراپ غادىيىپ ماڭاتتى . خەلپىتىم ھازىر شۇنداق قىلدى . ئۇنىڭ يوغان بۇرنى غەزەپتىن مىدىرلىدى ، يوغان كۆزلىرى قويۇق قاشلىرى ئاستىدا پالىلدىدى ، قويۇق ساقال - بۇرۇتى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى . ئوڭايلىقچە گەپ قىلمايدىغان ، گەپ قىلسا تاغدىن تاش غۇلىغاندەك كۈچلۈك سادا پەيدا قىلالايدىغان تەسىرلىك بۇ ئادەم مەھەللە گەپجىڭىغا ئالىيىپ قويدى - دە ، ھېكىمبەگ غوجامغا قارىدى .

— ئاق ئۆرۈك پىشىپتۇ ، مەسۇم شاڭيونىڭكىگە چىقىپ كەلمەيمىزمۇ ، غوجام ؟

ھېكىمبەگ غوجام كەكە ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ بېشىدىكى گۈللۈك يېشىل دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويدى ـ دە ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ :

— لەۋەي ، ياخشى تەكلىپ ، خەلپىتىم . ئابلا داموللا ، سالىجانباي ، روزى تەمبۇر ، جانى بوغازلارنىمۇ ئېلىۋالايلى . سەيلىمۇ بولسۇن ، نەغمىمۇ بولسۇن ـ دە ! — دېدى .

— ئۇنداق بولسا مەسۇم شاگىيوغا خەۋەر بېرەيلى .

— ياق ، خەلپىتىم ، ئۇ قوزا ، تۆگە قىمىزى تەييارلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن .

— ئۇ نەرسىلىرى دائىم تەييار ، غوجام . يېڭى جاينىڭ كەينىدىكى سۇ بويىغا كىگىز ـ گىلەم سالسىلا بولدى !

— لەۋەي ، لەۋەي . ئانداق بولسا ئەتىگەنلىككە بامداتتىن يېنىپلا ماڭايلى . ئىسسىقتا قالمايلى ، خەلپىتىم .

مۇتائالى خەلپىتىم بايىقى گەيجاڭنىڭ سۆزىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا قىلغان غەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا غوجامغا بۇ گەپنى قىلىۋىدى ، ئىش چىڭغا چىقتى . غوجام بىلەن خەلپىتىم — مەرتىۋىلىك ئىككى زات مەدرىسىدىن چىقىپ كۈنچىقىشقا ، ئوردا مەھەللىگە قاراپ ياندىشىپ مېڭىۋىدى ، ئادەملەر ئىختىيارسىز لا ئۇلارغا يىراقتىن ئەگىشىپ مېڭىشتى .

— تالىپلار ئىچىگە بىر بۇزۇق يوشۇرۇنۇۋاپتۇ دېگىنى نېمىسى ؟ — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم بايىقى سۆزنى يەنە تەكرارلاپ ، — گەپ تاپماق ئاسان ، يىغىشتۇرماق تەس ، غوجام . گەيجاڭنىڭ ئاغزى دۆۋاننىڭ ئالىقىنىدەك يېپىلمايدىغان ئېغىز ئوخشىمامدۇ ؟

— لەۋەي ، ئېغىزى يۇگۇرۇكلەر زامانى بولۇپ قالدىمۇ بۇ زامان ؟

— باشقىسىغۇ مەيلى ، ئەبرازباينى دارىلئېيتام ، دارىلئاجىزىن قۇرۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئىگە ـ چاقىسىزغا ئۆز يېنىدىن پۇل خەجلەپ غەمگۇزار بولغىنى ئۈچۈن «يوقسۇللارنى يىغىپ توپىلاڭ

كــۆتۈرمەكچى» دەپ يالغان گۇناھ چاپلاپ قولغا ئالدى . ئىككى يــىــلــنىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچىگە ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى .
— قايىسى ، ھېلىقى ئاقسۇغا ھاكىم بولغان يىگىتمۇ ؟
— ھەئە غوجام . ئەللىك توققۇز يېشىدا دېسىلە . قەشقەردىكى ئەڭ كاتتا تۆت باينىڭ بىرى نىياز غوجا ھاجىم ئۇ زاتنىڭ ئاتىسى بــولــىدۇ ، غوجام . ئۇ زات قازاندا جەدىتچە ئوقۇغان . ئىلىم - ئېرپان ، خەير ـ ساخاۋەتكە كامىل ئادەم ئىدى .
— ۋاي ئىسىت ، مۇنداق دەڭ ، خەلپىتىم .
— ياخشىغا كۈن يوق دېگەن مانا شۇ . گەيجاڭ كىمگە كۆز تىكىۋاتىدىكىن ، غوجام ؟
— سىــز تائالىيە مەكتىپىنى قۇردىڭىز . نۇرغۇن يېتىم - يــېــســىــرلارنى ئوقۇتۇپ ساۋاب تاپتىڭىز . ئۇنىڭ كۆزى سىزگە چۈشكەن بولمىسۇن يەنە لەۋەي ؟
— يــېــشــىــمــىــز يەتمىشتىن ئاشتى . قېرى كالا پىچاقتىن قــورقمايدۇ ، غوجام . ئۆمرۈم باغۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى . ئۇلاق ئــۇلاپ تــەبــىــئەتنى كۆكەرتتىم . ئادەملەرنى نېمەت بىلەن خۇش قىلدىم . بۇ قىلغانلىرىم قىلمىش بولسا جان تەسەددۇق دېمەكتىن باشقا چارە يوق !
— ھـۆكـۇمـەتـكـە قانداق ئادەم يارايدىكىنتاڭ ؟ خۇرجاننىڭ گېپىنى قىلساڭ يەنە بولمىسا ، خالىس ئىش قىلىپ ساۋاب تاپاي دېسە يەنە گۇمان قىلسا ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېنلارغۇ مەكتەپ دېــســىــلا بــېــشــى ئــاغرىيدىغان ھۆكۈمەت ئىدى . ئاخۇن ، لاما ، گىگەنلەرنىلا ياخشى كۆرەتتى . خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلمىسا دەيتتى . نادان ئادەمنى پادا كالىنى باققاندەك كالتەك بىلەنلا باشقۇراتتى . مــۇنــۇ دۇبــىــنىمىز ياخشى دېيىشىۋىدۇق . ئۇيۇشمىلارنى قۇللاپ مــەكــتــەپ ئېچىپ ، ئويۇن قويۇپ ، يېتىم - يېسىرلارنى كۈتۈپ ئــوبــدان قــىــلــىۋىدۇق ، نېمە بولدى ، ئەمدى دۇبىنىمىزمۇ خۇي كــۆرســىــتىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ يەنە تۈت ـ تۈت ئاۋازى كۆپىيىپ

قالدىغۇتاك ! ...

يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ، لېكىن تولىمۇ تىمەن ، مەرتىۋىسى يۈكسەك ، لېكىن تولىمۇ ئاددىي ، يۇمشاق كۆڭۈل ئىككى زات غوجامنىڭ ئوردا مەھەللىدىكى ئۆيىگە بارغۇچە جەمئىيەت ، ۋەزىيەت ۋە ھۆكۈمەت توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ياندىشىپ ئاستا مېڭىشتى . ئۇلارنى قوغداپ كېتىۋاتقاندەك بىر توپ ئادەم ئەگىشىپ بارماقتا . غوجام دەرۋازىسىغا ئەگىگەندە ، ئۇلار جايلىرىدا توختاشتى . خەلپىتىم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئالدىغا سەل ئېگىلىپ غوجام بىلەن خوشلىشىپ يولىنى داۋام قىلغاندىن كېيىن ، خەلپىتىمگە تاكى تاقىچىلىقتىكى ئۆيىگىچە ئەگىشىپ مېڭىشتى . خەلپىتىم دەرۋازىسىغا بۇرۇلۇۋىدى ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسسىقتىمۇ سالۋار تۇماق كىيگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى ۋە يۈكۈندى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك خەلپىتىم ، مەن سىلىگە سالام بېرەي دەپ قەشقەردىن چىقىپ پىيادە يول مېڭىپ بۇ يەرگە كەلدىم . خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىس ئىدىم . ئېشىمىزغا توپا چېچىشتى ، يۇرتىمىزنى قان قىلىشتى ، سىلىدىن پاناھ تىلىمەي ئىلاج بولمىدى !

— ئورنۇڭدىن تۇر ، گەپنى ئۆيگە كىرگەندە قىل ! — دېدى خەلپىتىم يالۋۇرغۇچىنىڭ كەس - كەس يېرىلغان ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا قاراپ قويۇپ .

سەرگەردان ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ، تاشلانمىغان ، تۈكلىرى تاقىرلاشقان سالۋار تۇماق ئاستىدىن خەلپىتىمگە مۆلايىم ، بىچارە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تىكىلىپ قارىدى .

— دىۋانە !

— ياق ، شا مەشرەپتەك ئاشىق !

— دەرۋىش ! ...

خەلپىتىم سۇتئاش يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى . ھەر قېتىم جۈمەدىن يانغاندا ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ سۇتئاش ئېتىپ

قوياتتى . بۇگۈنمۇ كەڭ هويلىنىڭ باغ ئىشىكى يېنىدىكى يازلىق چايخانا سۇپىسىغا گىلەم ، كۆرپە سېلىنغان ، پاكىز داستىخانغا نان ۋە چەينەك - پىيالىلەر قويۇلغان . خەلپىتىم سۇپىدا ئولتۇرۇپ هويلا ئوتتۇرىسىدىكى مېۋىلىك باغقا قاراپ تاماق يېيىش ، سۇرە يادلاش ۋە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى . مانا ئۇ بايىقى جۇل - جۇل كىيىملىك ، باش - كۆزى توپا - چاڭ ئادەمنى پاكىز سۇپىغا باشلاپ كەلدى ۋە كۆرپىنى كۆرسىتىپ :

— قېنى يۇقىرى ئۆت ، — دېۋىدى ، سەرگەردان قورۇندى .

— ئۆت ، ئالتە ئاي پىيادە مېڭىپ چۆل - جەزىرە كېزىپ مېنى دەپ كەپسەن ، كۆرپىگە چىق ، سەن دېگەن مېهمان ! — دېدى خەلپىتىم بۇيرۇق ئاهاڭىدا .

سەرگەردان كەس - كەس يېرىلغان ، قاپقارا قاسماق پۇتلىرىنى جۇل - جۇل ماتا ئىشتانىنىڭ پۇچقىقى بىلەن سۈرتۈۋىدى ، خەلپىتىم چاقچاق قىلدى :

— كۆمۈرنى كۆمۈر بىلەن ئاقارتاي دەمسەن ، ئېتىڭ نېمە سېنىڭ ؟

— موللا تۇردى بىننى يۇسۇپ تۇردى .

— پاھ ، ئىسمىڭ مېنىڭ چوڭ بوۋامنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىپ ، يەنە شۇ تۇردى بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن . قېنى تارتىنما ، چاي ئىچ ، غىزاغا باق .

موللا تۇردى داستىخانغا كەلگەن يۇمشاق توقاچ ، خام قايماق ، سۇتئاشقا ئىشتىها بىلەن بېرىلىپ كەتتى . مۇتائالى خەلپىتىم ئۆزگە خاس مېهرىبانلىق بىلەن سەرگەردانغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئەستايىدىل سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەن مانا ئالتىنچى ئەۋلاد خەلپەت بولىمەن . چوڭ بوۋام قورغاس مازارلىق موللا تۇردى دېگەن زات . ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراهىم شەيخ ، ئىبراهىم شەيخنىڭ ئوغلى ئىسمائىل شەيخ ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسرائىل شەيخ ، ئۇنىڭ ئوغلى كامالىدىن هاجى . كامالىدىن هاجىم بوۋىمىز بايانداي ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ سادىر پالۋان بىلەن بىللە

سېپىل پارتلىتىشقا لەخمە كولىغانلارنىڭ بىرى . كامالىدىن هاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇۋەلى داموللام ، ئابدۇلمۇتائالى خەلپىتىم ، ئابدۇلئەزىز خەلپىتىم ئۈچ ئوغۇل . مەن يەركەنتتە ئابدۇراخمان داموللامنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن . ئۇ كىشى تەسەۋۋۇپتا كامال تاپقان زات ئىدى . ئۇسۇلى جەدىت بىزنىڭ بۇ يېرىمىزگە شۇ زاتنىڭ نامى بىلەن كىرگەن . بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان نادىرخان داموللامۇ هازىر پەنجىم يېزىسىدا ، ئۇ زاتمۇ بىزدە مۇدەررىس .

— بىز خانلىق مەدرىسىدىكىلەر سىلى توغرۇلۇق دائىم سۆهبەتلىشىمىز . سىلىنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن چىققان «ئەمالى نەماز» ، «ئەبۇۋابىل ئەنبىيە» ، «تەقۋائىدۇل ئىئلال» هەربىر تالىپقا ياد .

— بىزمۇ بۇ يەردە مەرهۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مۇبارەك نامىنى هەر كۈنى يادلايمىز . مەرىپەتپەرۋەر ئالىمىمىز ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى خەلقنى دەپ هىجرەتتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى . ئۇ كىشى مىسىر ، ئىستانبۇل ، بۇخارا ، تاشكەنت ئالىملىرىدىن : «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا ، مەرىپەتچىلىك ، ئىسلاهاتچىلىق بۇنچە كەڭ يول تاپالماس ئىدى . ئەپسۇسكى ، خەلقنىڭ ئاشۇنداق بىر ئەزىز ئوغلى هەمراهباي ئىسملىك بىر نائەهلىگە ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش پۇلغا سېتىلغان ئەهمەت مەزىن ئىسىملىك بىر ۋەهشىي مۇرتەتنىڭ ئىپلاس قولىدا قەتل قىلىندى !

— مەن شۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدىم ، هەزرەتلىرى ، هىجرىيە 1343 - يىلى ماهى مۇهەررەمنىڭ 14 - كۈنى ، يەنى مىلادىيە 1924 - يىلى 8 - ئايدا بىز ئۇلۇغ ئۇستازىمىزدىن ئايرىلدۇق . قان يىغلاپ ، لەختە - لەختە زەردە يۇتۇپ ئۇستازىمىز بىلەن ۋىدالاشتۇق . ۋىدالاشقىنىمىزغا مانا بۇ يىل 1941 - يىلى 6 - ئايدا ئون يەتتە يىل بولاي دېدى ، بىز شاگىرتلىرىنىڭ تېخىچە كۆزى ياش .

— خوش ، بۇ ياققا يالاڭ ئاياغ قېچىپ چىقىشقا سېنى نېمە

مەجبۇر قىلدى ؟

— ھەمراھباي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قولىدىكى قاتىللىق تىغىنى تېخى تاشلىمىدى . بىزدەك ئۇششاق - چۈششەك تالىپ - مۇدەررىسلەرنى سابىت داموللىغا چېتىپ ھۆكۈمەتكە چاقتى ، بىزنى تۇتۇپ سولىدى ، قىينىدى ، ئۆلتۈردى . ئەزىزانە قەشقەردە بىزگە كۈن يوق ، پۇت دەسسىگۈدەك زېمىن قالمىدى . دەشتۇ چۆللەردە ئاچ - يالىڭاچ ، لالما ئىتتەك ھۇۋلاپ قاڭغىر قاقشاپ جان قويىدىغان ماكان ئىزدەپ سەرسان بولماقتىن باشقا يول قالمىدى ، ھەزرىتىم !

— بۇ يەردە پاناھلانسام دەمسەن ؟

— يىلتىز تارتسام دەيمەن . ئىلى سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرى ، چاپچال مازار ، سەككاكى مازىرى ، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى ساقلاپ ياتقان ئەزىز جاي ، نۇزۇگۇمنى ساقلاپ قالالمىغان بىلەن سادىر پالۋاننى پالۋان قىلغان جاي . ھەزرىتىم ، بىزگە بىر پاناھ جاي چىقىپ قالار ؟ ...

— سېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقارغانمىدى ؟

— ھەمراھلىرىمدىن يىگىرمە ئىككىسىنى تۇتتى ، ئون ئالتىسىنى ئۆلتۈردى . گۇناھىمىزنى بىلمەيمىز . تۇتۇلغان كەلسىمۇ بولىغان ، ئورۇس كەلسىمۇ بولىغان ، خىتايمۇ شۇ ... ياقۇپ بەگمۇ بولاپ ھالىمىزنى قويمىغان . دادام رەھمىتى گو كوچىسىدا موزدۇزلۇق قىلىپ ھېيتگاھنىڭ ئالدىغىمۇ يورەكلىك چىقالمايدىغان كاسىپ ئىدى ! ...

— ئۇنداق بولسا مەن سېنى تائالىيە مەكتىپىگە تازىلىقچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇراي ، ئۇششاق - چۈششەك گەپ قىلماي نامىزىڭنى ئوقۇپ ، ئىبادىتىڭنى قىلىپ جان ساقلا . ھوي ھاپىز ، مۇنۇ ئادەمنىڭ ئۇستۇپىشىنى يەڭگۈشلەپ ، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ ، تائالىيەدىن بىر ھۇجرا ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي .

مۇتائالى خەلپىتىم ئىككى قوشۇقلا سۇتئاش يەپ غىق تويغاندەك بولدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بايىقى جۇل - جۇل

كېيىملىك ئادەمنىڭ غىزا يېيىشى نېرى كەتمىدى : ئۇ دۇمچىيىۋېلىپ ئاچ بۆركۆت ئۆردەككە تۇتۇش قىلغاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ساقاللىرىغا ئاش مىلەپ يەيتتى . ئالتە ئاي چۆللەردە يالاڭ ئاياغ ماڭماق ، ئوقتىن قاچقان كېيىكتەك ھەربىر شەپىدىن چۆچۈپ - ئالاقزادە بولۇپ ، ئاچ - زېرىن يۈرمەك ئاسانمۇ ؟ كۈن ئالالمىغانلار خەلپىتىمنى تاپىدۇ . خەلپىتىم بۇنداق دەردمەنلەرگە زادىلا يۇقىرىدىن قاراپ باققان ئەمەس ، قولىدىن كەلسىلا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىنى قىلغان . ئۇ ۋەخپە يەرلەرنىڭ كىرىمى بىلەن ئىگە - چاقىسىز بالىلارنى ، يۆلەنچۈكى يوق ئاجىز - غۇرىبلارنى بېقىش ، تەربىيىلەش ئىشىنى تۇنجى بولۇپ تەشەببۇس قىلدى ۋە ئەمەلدە ئىشلىدى . ئۇ ئابدۇقادىر داموللىنىڭ يولىنى تۇتۇپ زامانىۋى مەكتەپ ئېچىش ، پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش ، مۇتەئەسسىپلىك - نادانلىققا قارشى تۇرۇپ ، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىش ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشقا ئۈندەپ مەسچىت - خانىقا ، مەدرىسىلەردە سۆزلىدى ۋە تەرغىبات قىلدى . لېكىن ، ئۇ ھېچقاچان ، ھېچنەدە ھۆكۈمەتكە قارشى بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭ نۇرغۇن يېقىنلىرى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇتۇلدى ، ئۆلتۈرۈلدى . لېكىن خەلپىتىم — ھەزرەت دېيىلىپ ئەتىۋارلىنىدىغان بۇ زاتنىڭ ئاغزىدىن ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان يامان سۆز چىقمىدى . ئۇ بارلىق نارازىلىق ، ئازاب ۋە غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشنى بىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گېپى ئاز ، غېمى كۆپ . ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەربىر جانغا ئۆزىگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈندى . يەتمىش نەچچە يىللىق ھاياتىدا بىرىگە بىھۇدە ئازار بەرمىدى ، بىرىنىڭ قىلىغا خىيانەت قىلىپ باقمىدى ، ئوقۇپ يۈرگىنىدە ، ئۇستازى تاتار داموللامنىڭ ئۆيىگە ئىش قىلىپ بەرگىلى بېرىپ بىر سان «شورا» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ قېلىپ قىزىقىپ ئېلىۋالغان . ئۇ شۇ قىلغىنىغا بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەلمەكتە . كېيىن ئۇ «شورا» نىڭ بىرىنچى سانىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ھەممە سانلىرىنى يىغدى . دەستە - دەستە كىتابلىرىنى شورانىڭ بىرنەچچە

يۈز ساني بىلەن قوشۇپ ھېلىقى ئۇستازى تەۋفىق خەلپىتىمگە بېرىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا تەييارلاندى ، نەق شۇ چاغ ئۇستازىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن مەزگىلى بولۇپ قالدى . بىر سان «شورا» نى بىسوراق ئالغىنىغا ئۇ ھازىر يەتمىشتىن ئاشقاندىمۇ ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ .

ئۇ نەچچىلەپ ـ نەچچىلەپ باغ قىلدى ، ئۇلاق ئۇلىدى . نى ـ نى باغلارنى ۋەخپىگە بېرىۋەتتى . ئۇ ۋەخپە ، ئۆشرە ـ زاكاتلارنى بىر تىيىن نېرى ـ بېرى قىلماي كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . شۇڭا ، ئادەملەر خەلپىتىمگە تەگكەن ئۆشرە ـ زاكات خەلققە تەگكەن ئۆشرە ـ زاكات دېيىشىدۇ . ئۇ يەنە مەرتىۋە ، ئورۇن تالىشىشلارغا تولىمۇ ئۆچ . ئۇنىڭ خانىقا ـ مەسچىتلەردە ئىمامەتچىلىك قىلىشىغا ئادەملەر خۇشتار ، لېكىن ئۇ كىم بۇرۇن كەلسە شۇ ئىمام بولسا بولۇۋېرىدۇ (دىنىي ساۋاتى بولسىلا ) دەپ تۇرۇۋېلىپ بېكىتكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قېرىندىشىنى ياش بولسىمۇ ئىمام بولۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئۆزى ئۇنىڭغا «ئىقتىدا» قىلدى . قېرىندىشى ياش ، ئىقتىدا قىلغۇچىلار چوڭ ، جامائەت غودۇڭشىدى ، خەلپىتىم : «كىچىك بولغىنى بىلەن بىلىمى چوڭ !» دەپ جامائەتنى قايىل قىلدى . نامازدىن كېيىن چىراغپايدىكى چىراغنى مەزىن ئۆچۈرۈشى كېرەك ، بۇ بىر قائىدە . بىر كۈنى مەزىن پەگاھتىن قوبىنگە يېقىن بېرىپ چىراغ ئۆچۈرمەك بولۇۋىدى ، خەلپىتىم ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان ياش قېرىندىشىغا :

— سەن چىراغقا يېقىن ، سەن ئۆچۈرگىن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ چىراغقا يېقىن ئولتۇرغان ئادەم چىراغ ئۆچۈرىدىغان تۈزۈم پەيدا بولدى . خەلپىتىم سوپى ـ ئىشان ، ئاخۇن ـ موللىلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى ، ئادەملەرنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەيدىغان «يامان بولىدۇ» لارنىڭ چەكلىمە- لىرىنى قانچىسى ئۆچرىسا شۇنچىسىنى بىكار قىلدى . ئۇنىڭ كۈچى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئۇسۇلى جەدىت يۈز تېپىپ ، ئىلىم ـ ئېرپان ، پەن ـ مەدەنىيەت ئەتىۋارلاندى .

خەلپىتىم سەللىسىنى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ نېپىز دوپپا كىيىپ چايخانىدىن ئالدى پېشايۋانلىق ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ تاختاي پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ زالغا كىردى. زالدا تۆت ئىشىك بار، ئەڭ چەتتىكىسى ئۇنىڭ قىرائەتخانىسى. ئۇ قىرائەتخانىسىغا كىرسىلا جېنى يايراپ، تېنى راھەتلىنىپ كېتىدۇ. مانا ئۇ خانىسىغا كىردى. تاپسىغىچە گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ كۈنپېتىش تېمىغا تاقاپ جايناماز سېلىنغان. يان تاملارغا پاكار شىرەلەر قويۇلغان. شىرەلەر، ئويۇقلار كىتاب ـ ژۇرناللار بىلەن تولغان. خەلپىتىم «شورا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 23 ـ سانىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ بېتىدە «جاۋاھىرۇل ئېيقان» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە تۇراتتى. خەلپىتىم بۇ ماقالىنى كۆپ قېتىم ئوقۇغان. ئۇ يەنە ۋاراقلىدى ۋە ئاخىرىدىكى «... پايدىلىق (موفىد) ئەسەرلەردىن بەھرىۋار بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات يولىدىن قايتماس» دېگەن قۇرلارنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى ۋە ئەسەر ئاپتورىنىڭ نامىنى ئاتاپ: «داموللا ئابدۇقادىر مۇدەررىسى كاشغەر، 1914 ـ يىلى 19 ـ ئاپرېل» دەپ ئوقۇدى.

ھىجرىيە 1329 ـ يىلى، مىلادىيە 1911 ـ يىلى بۇ زات غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندە، مۇتائالى خەلپىتىم ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇخارادا سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەرەب ۋە ئەجەم ئەدەبىياتى بويىچە ئالىي دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ كاتتا ئالىم مۇتائالى خەلپىتىمدىن ئالتە ياشلا چوڭ بولغىنىغا قارىماي، مول بىلىمى، پەزىلىتى ۋە كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەت ـ مۇددىئاسى بىلەن خەلپىتىمنى ھەيران قالدۇرغان ۋە قايىل قىلغانىدى. مانا، خەلپىتىم ھازىر يەتمىش نەچچە ياشتا، ئۇ ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئوتتۇز ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئەسرا بولغان. ئۇ زات ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامال تاپقان، ئەرەب دۇنياسىدا يۇقىرى ئابرۇي قازانغان «جاۋاھىرۇل ئېيقان» ناملىق مەشھۇر شېئىرىي ئەسىرىنى خەلپىتىمگە ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغانىدى. مانا كىتابلار ئىچىدە ئۇ زات يازغان

«ئەقايىدى زەرۇررىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ، «ئىبادەتۇل ئىسلامىييە» (ئىسلام ئىبادەتلىرى) ، «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت ئىلمى) ، «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ـ سىنتاكسىس) ، «مىفتاھۇل ئەدەپ» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) ، «تەلىمى سەبىييان» (گۆدەكلەرگە تەلىم) ، «نەسايىھۇل ئەتفال» (ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) دېگەن كىتابلىرىنىڭ تاشكەنت ، قازان باسمىلىرى تۇراتتى .

جۇل ـ جۇل كىيىنگەن ، بۆرىدەك ئاچ بىر ناتونۇش ئۆزىنى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ شاگىرتى دېۋىدى ، خەلپىتىم ئاۋۋال ئىشەنمىدى ، ھەتتا يىرگەندى . لېكىن ، ناتىۋاننىڭ كۆزلىرىدە ھەقىقەت بار ئىدى ، ئۇنىڭ سالىمى چىن ، سۆزلىرىدە مەدرىسە پۇرىقى بار ئىدى . خەلپىتىم مۇساپىرغا پاسىبان بولۇشنى بۇرچ بىلدى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان قىسقا سۆھبەتتىن بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن كۆرۈشكەن ۋە بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان قەدىرلىك ئادەمنىڭ تەسىر ـ ئىماسىنى سەزدى . ئۇ خاتىرىسىنى ئاچتى : «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر . نادانلىق بىزنى توخۇ دان چاچقاندەك چېچىپ تاشلاپ ، ئىستىبدانقا قول قىلىپ بەرمەكتە . بىز ھازىر ئۆز بېشىمىزدا ئۆزىمىز ياڭاق چېقىپ مېغىزىنى زالىملارغا يېگۈزىدىغان ، ئۆز گۆشىمىزنى ئۆز يېغىمىزدا قورۇپ قازان كاۋاپ بىلەن ئىستىبداتچىلارنى باقىدىغان بىچارە ساھىبخانىغا ئايلىنىپ قالدۇق ... » . خەلپىتىم خاتىرىسىنى ئوقۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى :

— بۇ گەپلەر بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن ئېيتىلغان . ئەمما ، جاھان ھازىر مۇشۇنداق . كىم ئويغانسا ئۇنىڭ بېشىغا چوماق تېگىدۇ ، ياق ، جاھالەتنىڭ ئەجەل سائىتىمۇ يېقىن . خاتىرجەم بولسىلا ، داموللام ، تىلەكلىرى يورۇقلۇق كۆرىدۇ .

— بىرى سالامغا كەپتۇ ، خەلپىتىم ! — دېدى خىزمەتكار بوسۇغىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ .

— مېھمانخانىغا باشلا ! — خەلپەت ئورنىدىن ئاستاغىنا قوزغالدى .

زالدا ساقال قويۇۋالغان ، كەڭ كۆكلەك ، ئاق مالىخاي كىيگەن بىر دېھقان تۇراتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، خەلپىتىم ، — دېدى ئۇ ئالدىغا ئېگىشىپ خۇشامەت بىلەن دۇدۇقلاپ ، — مەن ئابدۇمەر مىڭبېگى بولىمەن .

— ھە ، كېلىڭ ، — دېدى خەلپىتىم قوللىرىنى ئېچىپ ، — بىلىمەن ، قاسىم مىرابتىن ئاڭلىغانمەن .

— شۇ ، شۇ ، ئۇ ... — دەپ دۇدۇقلىدى ئابدۇمەر مىڭبېگى قاسىم مىرابنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ، — قاسىم مىراب بىلەن ...

— قېنى ئۆيگە ، — دېدى خەلپىتىم گەپنى ئۈزۈپ ، — يۇقىرى ئۆتۈڭ .

مۇتائالى خەلپىتىم بۇ مىڭبېگىنىڭ قاسىم مىراب بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقى ، چىۇ سىلىڭ بىلەن يېقىنلىشىمەن دەپ نۇرغۇن پۇل خەجلىگەنلىكى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۆگەي قىزىنى تەقدىم قىلغانلىقى ، تۇت ـ تۇت بولغان چاغلاردا نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆكۈمەتكە چاققانلىقى ، ھازىرمۇ لوزۇڭ بولىمەن دەپ ئۇياق ـ بۇياق چېپىپ يۈرگەنلىكى ، مىڭبېگى بولۇۋېلىپ دېھقانلارغا ھەسسىلەپ سېلىق سېلىپ ئۆزىنى چىڭدىغانلىقى ، قول ئاستىدىكى مالاي ـ ئىشلەمچىلەرگە قىلغان يامانلىقلىرىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى .

— خوش ، مىڭبېگى جانابلىرى — دېدى خەلپىتىم ھېلىقى ئادەم ئىنجىقلاپ تەستە ئولتۇرۇپ ، تەرلىرىنى سۈرتۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، — بىز تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپسىز ، سىزگە رەھمەت .

— جۇمەدىن يېنىپ سالام بېرەي دەپ كىرىشىم ، خەلپىتىم ، ئۇزۇندىن بېرى نىيەت قىلىپ يۈرەتتىم ، ئەپ كەلتۈرەلمەي يۈردۇم . بۈگۈن بىر مۇساپىرنى باشلاپ كىرىپ كەتكەنلىكلىرىنى

كۆرۈپ كىرسەم بولىدىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم . بىز دېگەن دېھقان خەق ، گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا قىلىمىز ، چاي قۇيمىسىلا ، بولدى ، بولدى ، دىدارلاشتىم . قوبۇل كۆرسىلە ئالدىمىزدا قۇربان ھېيت كېلىۋاتىدۇ ، لايىقلىرى بولمىسىمۇ ئىككى پاقلان ، ئىككى تاغار ئۇن ، بىر تۇلۇق قىچا يېغى ، نان - توقاچ ئالغاچ كېلىۋىدىم ...

خەلپىتىم بىردىنلا ئۆزگىدى ، ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى :

— مېنىڭ ئۆيۈم دارىلئاجىزىن ئەمەسقۇ ، مىڭبېگى ، مەن ساخاۋەتكە قاراشلىق ئادەم ئەمەسمەن ، خۇداغا شۈكۈر ، يېلىكىم توق ، ھاجىتىم يوق ئادەممەن !

— مېنىڭ كۆڭلۈم ، خەلپىتىم ، قۇرۇق كىرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى !

— گېپىڭىز بولسا ئۇدۇللا قىلىڭ . ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىڭىزنى قايتۇرۇپ كېتىڭ !

— ئەمدى ، ئەمدى ...

— خاپا بولىمەن ، مىڭبېگى ، خاپا بولۇپ قالسام سىزنى رەنجىتىپ قويىمەن !

خەلپىتىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مىڭبېگىنى «ئۆيدىن چىق !» دەيدىغاندەك ئەلپازدا قاتتىق - قاتتىق گەپ قىلدى .

— ھېچبولمىسا ...

— قويىڭىزنىڭ مايىقىنىمۇ ھويلامدا قالدۇرماڭ ، بىلەمسىز ، بۇ ئۆي چىيۇ سىلىڭنىڭ ئۆيى ئەمەس ، مۇتائالى خەلپەتنىڭ تاقىچىلىقتىكى ئۆيى !

— بىلىمەن ، خەلپىتىم ... بۇ ، بۇ ...

مىڭبېگى ئورنىدىن تۇردى ، ئۇنىڭ لەۋلىرى قېلىن بېدە ساقىلى بىلەن قوشۇلۇپ تىترىدى ...

— بۇ ، مەنمۇ بىر ھاجەتمەن ... خەلپىتىم ئەمىسە ...

— ھە ، نېمە ھاجىتىڭىز بار ئىدى ؟

— زاكىرخان غوجام دوتەي بولغاندىن بېرى مەن كۆرۈشەلمەيۋاتىمەن . شۇ زات بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم ، ياردەم

قىلسىلىكەن .

— زاكىرخان غوجام مېنىڭ يا تۇغقىنىم ، يا ئاغىنەم بولمىسا ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، مىڭبېگى ؟

— يۇرتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ، داد ئېيتاي دېۋىدىم .

— يۇرتنىڭ يىغىسى ؟ يۇرت سىزگە يىغلاپ بەردىمۇ ياكى سىز يۇرتنى قان يىغلاتتىڭىزمۇ ؟

— بۇ ، بۇ ، بۇ نېمە دېگەنلىرىكىن ؟ ...

— سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن مەھكىمە شەرئى ، قازىكالان ھەر ئايدا دېگۇدەك شىكايەت ئاڭلاپ كېلىۋاتىدۇ . مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى تونۇيمەن !

— تۆھمەت ، تۆھمەتلەرگە ئىشەنمىسىلە ، خەلپىتىم !

— خەلق تۆھمەت قىلمايدۇ . ئەكسىچە تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ !

— ياق ، ياق ... بۇ ...

— ئاسىيە خانىم ئىككى قىزى بىلەن ھازىر نېمە كۈندە ؟ زىياۋۇدۇن دېگەن دېھقاننىڭ نارەسىدە بالىسىنىڭ قان قەرزى كىمنىڭ بوينىدا ؟ زىياۋۇدۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تارتقانلىرىغا كىم سەۋەبچى ؟ يۇسۇپ ئەپەندى ، ئىمىن كاتىپ ، قۇربان بوغالتىرلارنى كىم تۇتۇپ بەردى ؟ يەنە ...

— يالغان ، ھەممىسى ...

— قاسىم مىراب ، مۇختەرباي ماڭا ھەممىنى دېدى . زاكىرخان غوجام سىزنى ئوبدان بىلىدۇ ، مەندىنمۇ ئوبدان بىلىدۇ . توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتماي تېخى پارا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى مۇنۇ مۆرتەتنىڭ ! كۆزۈمدىن يوقىلىڭ !

ئابدۇمەر مىڭبېگى ھاياتىدا مۇنداق كەسكىن گەپ قىلىدىغان ئادەمنى كۆرمىگەن . ئۇ خۇددى بېشىغا ئون كالتەك تەگكەندەك تەمتىرەپ ـ گاڭگىراپ ، ئازاب ، پۇشايمان ۋە غەزەپ كۈچى بىلەن مۆكچەيدى . ئۇنىڭ كالپۇكلىرى لۆمۈلدىدى ، ئاۋازى چىقمىدى ، قويۇق چارساقىلى تىترىدى ، بېشى قايدى . ئۇ ھاڭگىرقاي ئوچۇق

تۇرغان ئىشىكنى تاپالماي تاملارنى سىيپىدى، چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرنى ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ كەينىگە — ئۆيىنىڭ تۆرىگە داجىدى. دېھقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق تىترەپ - مەڭدىگەندە ئۇ كېرىلىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولاتتى، مانا بۈگۈن ئۆزى دەشنەم نىشانى بولۇپ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى ئەيىبلىگۈچى ھۆرمەتلىك دىنىي زاتىنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ھۇزۇرلىنىش، مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى سېزىلمىدى. خەلپىتىم مىڭبېگىگە خۇددى ئۆزى بىلەن تەڭلا خورلۇق تارتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ توغرا ھېس قىلغانىدى. خەلپىتىم ھېچقاچان بىرىنىڭ قايغۇ، ھاقارەت، ئازابلىرى ھېسابىغا خۇشال بولغان ئەمەس. بىر كىشى تارتىشقا تېگىشلىك جازاغا يولۇققاندىمۇ خەلپىتىم ئازابلىناتتى. سەۋەبى، جازالانغۇچى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر مۇسۇلمان، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۇنىڭچە بۇ دۇنيانىڭ ئازابىنى تارتماسلىقى كېرەك. چۈنكى، خۇدا بۇ دۇنيانى بەندىلىرى ئۈچۈن نېمەت قىلىپ ياراتقان. خۇدا گۇناھكار بەندىلىرىنى چىن كۆڭلىدىن توۋا قىلسىلا ھەرقانچە گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرىدۇغۇ! ...

خەلپىتىم گاڭگىراپ ئېسىنى يوقاتقان مىڭبېگىگە:

— توۋا قىلىڭ، مىڭبېگى، توۋا قىلسىڭىز خۇدايىم سىزنى كەچۈرىدۇ. قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى بىردىنلا يۇمشاپ. مىڭبېگى خۇددى بىرى مۈرىسىدىن باسقاندەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

مىڭبېگى مىچىلداپ يىغلىدى:

— بەندىچىلىك، ئىنسان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ خاتا قىلىدىكەن، گۇناھقا پاتىدىكەن ...

— ياشىماق، ياشاتماق، كەچۈرمەك، كەچۈرۈلمەك ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ پەلسەپىسى. ياشا، لېكىن باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنىمۇ ئويلا، قوللا. قولۇڭدىن كەلسىلا ياخشىلىق قىل. كەچۈر ھەم كەچۈرۈل. كەچۈرۈش كەچۈرۈلۈشنىڭ بېشى. كەچۈرگۈچىنى باشقىلارمۇ كەچۈرەلەيدۇ. بۇ بىر ئېسىل پەزىلەت.

ئەمەل تۆتقۇچىنىڭ قولى قاتىلنىڭ قولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەق بىلەن ناھەق ھەر كۈنى ئۇنىڭ قولىدا ئېلىشىدۇ ... سىز زاكىرخان غوجامدىن مەنسەپ تىلىمەكچىمۇ؟

— بۇ، بۇ ... شۇنداق ...

— راست گەپ قىلدىڭىز، مىڭبېگى. مىڭبېگىلىك سىزنى تولىمۇ ئېغىر گۇناھقا پاتۇردى، سىز بەلگىچە پاتتىڭىز. ئەمدى ئۇنى ئاز كۆرۈپ كانايغىچە پاتاي دەمسىز؟ ئاڭلىسام، سىز بالا چېغىڭىزدا مەدرىسىدە ئوقۇغانىكەنسىز. شۇنداقمۇ؟

— ئىككى يىل ئوقۇغان ... لېكىن ھەپتىيەكتىن چىقالمىغان، خەلپىتىم ...

— بىلىمەن، سىز بۇ يىل ئاتمىش ئىككى ياشقا كىردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، خەلپىتىم.

— مەن سىزدىن ئون ياش چوڭ. مەن سىزنى بىلىمەن. دادىڭىز قىرچىلىق قىلاتتى ـ ھە؟

— شۇنداق.

— بىر تال يىڭنىنى بىر قويغا ياراتقان، ئورۇسنىڭ بىر قاپ سەرەڭگىسىنى بىر توپاقا. دادىڭىز قىرچىلىق قىلىپ قازاق، موڭغۇللاردىن مال ئەكېلىپ، مالنى يەرگە تېگىشىپ چوڭ زېمىندار بولغان. سىز شۇ قاقتى ـ سوقتى ھېسابىغا چوڭ بولغان. ئەمگەكمۇ قىلمىغانغۇ دەيمەن؟

— چالغا چاپالايمەن، تام سوقالايمەن، خامان سورىيالايمەن ...

— يەنە ھارۋا ھەيدىيەلەيسىز، ئوغلاق تارتالايسىز، قۇش بىلەن ئوۋچىلىق قىلالايسىز، شۇنداقمۇ؟

— خەلپىتىم ... سىز ھەممىنى بىلىدىكەنسىزغۇ؟ ...

— شۇنداق، مەن غەيرىي يولغا ماڭغانلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە ئالاھىدە قىزىقىمەن. نىياز لوزۇڭ، ھېلىقى ئالا بايتال سىزنىڭ ئاغىنىڭىزغۇ دەيمەن؟

— مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام يەكەنلىك، ئۇ كىشى بىلەن يۇرتداش.

— سىز يۇرتۋازلىق قىلىپ يەرلىكلەرنى يامان كۆرىسىز . شۇڭا ، سىزنى مۇختەرباي «قاشقالىق» دەپ تىللايدۇ . غېنى ئوغرى سىزنىلا تالايدۇ . تارانچىلار ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل خەق . سىز ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلەپ ، ئۇلارنى ئىشلىتىپ تېگىشلىك ھەققىنى بەرمەيسىز . ھۆكۈمەت بىر خو يەرگە بىر پۇت دەن قويسا سىز ئىككى پۇتتىن يىغىپ تەڭ يېرىمىنى ئۆزىڭىز ئالىسىز . بىر يىللىقچىغا باشقا جايلار ئۈچ خو بۇغداي ھەيدەپ بېرىدۇ ، ياخشى يەرنى تېرىپ بېرىدۇ . سىزچۇ ، يېشىرقاپ كەتكەن ، قاقىر ئېتىزغا تېرىپ بېرىسىز . مالاي بىچارە يازىچە ھالى قالمىغۇدەك تىرىشىپ ئىشلەپ ، كۈزدە ئارانلا بەش - ئالتە خو بۇغدايغا ئىگە بولىدۇ . سىز شۇنىمۇ تولۇق بەرمەي ھېيتتا ئالدىڭ ، تويدا ئالدىڭ دەپ بىر مۇنچە قەرز كۆرسىتىپ شىلىۋالىسىز . سىزگە ئىشلىگەن مالاينىڭ يىلىكى قۇرۇپ كېتىدۇ . نېمىشقا نامراتنىڭ ھەققىدىن قورقمايسىز ؟ بىر مالاي بىر يىلدا سىزگە قانچىلىك پۇل تېپىپ بەردى ، ئۇ قانچىلىك ھەق ئالالىدى ، بۇنى ھېسابلاپ كۆردىڭىزمۇ ؟ ...

پۇتۇن بەدىنىدىن قاڭسىق تەر چىقىۋاتقان مىڭبېگى ئولتۇرالماي قالدى :

— خەلپىتىم ، بۇ ... بۇ ...

— سىز نامراتنىڭ ھەققىنى بۇلاپ ئېلىۋېلىپ چوڭلارغا پارا بېرىسىز ، ئەيش - ئىشرەت قىلىپ خوتۇن ئالىسىز . ئاڭلىسام ، ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ قېتىم خوتۇن ئالىدىكەنسىز ، راستمۇ ؟

— راست ، خەلپىتىم ... چوڭ خوتۇن ئۆزى رازى ...

— ئۇنى رازى قىلغۇزغانمۇ ، نەپسىڭىزنى يوغىنىتىۋەتكەنمۇ ئاشۇ ھوقۇق ! — دېدى خەلپىتىم قوللىرىنى ھاۋادا شىلتىپ تۇرۇپ ، — سىز ئەتىۋارلىغان شۇ ھوقۇق - مەنسەپ سىزگە دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ . سىز چىۋ سىلىڭ ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - پۇشتىغا ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزنى مال ئورنىدا سوۋغا قىلىپ تۇتۇپ بەرگەندە قوللىرىڭىز تىترىمىدىمۇ ؟ ۋىجدان ئازابى

تارتمىدىڭىزمۇ ؟

— مەن توۋا قىلاي ، خەلپىتىم ، مەن توۋا قىلاي ! ...

ئابدۇمەر مىڭبېگى مىچىلداپ - ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى . خەلپىتىم ئۇنىڭ يىغىسىنى چۈشەندى : بۇ كۆز يېشىغا پۇشايماندىن نەپرەت كۆپرەك سىڭگەن . مىڭبېگى خەلپىتىمگە ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلەنمەكتە ، لېكىن ئۇ نەپرىتىنى كۆز يېشى بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن . كۆز يېشى ئۇنى بەزىدە كۈلكە - خۇشامەت ياكى ھەيۋە - پوپوزا بىلەن ئېرىشەلمىگەن نېمىگە ئېرىشتۈرەتتى . ئۇنىڭ ئەس - يادى مۇنۇ ھەقىقەت ، دىنىي كالامغا چىن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن دىندارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان مىڭبېگىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يولىنى تېپىش ئىدى . ھازىر يېزىدا ، شەھەردە ئۇنىڭغا قارشى بىر زور كۈچ پەيدا بولغان . ئۇ ئامال قىلىپ ھۆكۈمەت ۋە دىنىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىگە قارشى بۇ كۈچنى يىمىرىپ تاشلىشى كېرەك .

— خەلپىتىم ، مەن توۋا قىلاي ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچەي ، مەن يامان يولدىن قايتىمەن !

— ئۇنداقتا مىڭبېگىلىكنى بېرىۋېتەمسىز ؟

— مەنغۇ تويغان بۇ مەنسەپتىن ، ھۆكۈمەت ئۇنىمايۋاتىدۇ . چۆرۈۋېتەي دېسەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن !

— سىزنىڭ نەرىڭىز ھۆكۈمەتكە ياراپ قاپتۇ ، ئويلاپ كۆرگەنسىز ؟

— شېڭ دۇبەنىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىمەن - دە !

— بۇ گېپىڭىز راست . سىز شېڭ دۇبەنگە سادىق ، ئۇ سىزدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلمايدىغانلارنى باستۇرىدۇ ، ئۆزىگە قارشىلارنى يوقىتىدۇ ، ئەمما بىلىپ قويۇڭ ، شېڭ دۇبەن بىرمۇ سادىق غالچىسىنى تىرىك قويمىغان . ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى غالچىلىرى تازا بىلىدۇ . ئۇ ئۆز قىلمىشىنى بىلىدىغانلارنى ھايات قويمايدۇ !

مىڭبېگى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ساختىلىق

نقابى بىر دەقىقە يىرتىلدى ، ئۇ خەلپىتىمگە يالت قىلىپ ئالايدى .
خەلپىتىم دىرىزىگە قارىۋېلىپ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مىسرالىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى :

دۇنيايى پانى بىۋاپا ، گۇمراھتا يوق سىدقۇساپا ،
پىكرى خىيالىدۇر جاپا ، مەردانىلەرگە يوق سەمەر .

(بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ۋاپا يوق ، يولدىن ئازغانلاردا راستچىللىق ۋە پاكلىق بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى ھەمىشە جاپا قىلىش بولۇپ ، مەردانە كىشىلەرگە پايدا كۆرسەتمەيدۇ .)

خەلپىتىم ئەمدى نەسىھەت ۋە ياخشى گەپنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشەندى . شىڭ دۇبەننىڭ يامان كېپىنى قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى . بۇ خىل ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ - دە .

— پۇلى بارلار غېرىب - غۇرۋا ، يېتىم - يېسىرلارغا راپاۋەت كۆرسەتمەكتە . قەشقەردە ، يەكەندە ، ئاقسۇدا ، تۇرپان ، قۇمۇللاردا ، مۇشۇ بىزنىڭ شەھىرىمىزدە پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ قانچىلىغان مەكتەپلەرنى ، دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىنلارنى قۇردى . ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدا بۇ ئىش رەسمىي قائىدىگە ئايلاندى . ئاخىرقى نەسىھىتىم ، ماڭا ۋە باشقا كاتتىلارغا ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىڭىزنى دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىنلارغا ئاپىرىپ بېرىڭ . ئەنە ئاۋۇ سۇدىن ئۆتسىڭىزلا مەن قۇرغان تائالىيە مەكتىپى ، قىبلىگە ماڭسىڭىز مەدرىسىنىڭ يېنىدا ئايخان مەكتىپى بار . مىنىڭ تىللا پارا بەرگەندىن ئون تىللا سەدىقە بەرگىنىڭىز پايدىلىق . مەن نامازدىگەرگە چىقىمەن ، خاپا بولماڭ ، مىڭبېگى !

خەلپىتىم ئۇنىڭغا تالانىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى . مىڭبېگى ئالدىغا ئېڭىشىپ پەگاھتىن كالىچىنى تەستە تاپتى ۋە ئۇنى ئالمان - تالمان پۇتىغا سېپىپ ھويلىدا تۇرغان ئىككى ئات قېتىلغان ، ئۈستى

سايىۋەنلىك ھارۋىغا قاراپ ماڭدى . ھارۋىنىڭ كەينىگە بىدە ۋە ئىككى قوي ياتقۇزۇلۇپ تېڭىلغانىدى . پاقلانلار ئېچىنىشلىق ئاۋازدا مەرەشتى ...

— سەندەك خەلپەتكە قوي ھارام ، ماڭا بۇنداق ئۆي ھارام . كۆرىسەن ، شىپىڭ دۇبەنىنىڭ تىغى كىمگە بالدۇر تېگەركىن . غالچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدۇ ئۇ . مەن شىپىڭ دۇبەننى سەندىنمۇ ياخشى بىلىمەن ...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۇگدەپ ئولتۇرغان ھارۋىكەش بىلەن چىۋىنقاپ يەر چاپچىپ رەللە بولۇۋاتقان بىر جۈپ ئاتتىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى .

خەلپىتىم كىتابخانىسىغا قايتىپ كىرىپ دەستە ـ دەستە كىتابلار ئىچىدىن نەۋائىي ئۆز قەلىمىدە پۈتكەن «خەمسە» نى قولىغا ئالدى ۋە ئۆزىچە ئېيتتى :

— بۇ جەۋھەرنىڭ ياراتقۇچىسىمۇ ئىنسان ، ھازىر مۇنۇ ئۆيگە بەتبۇي پۇراق چېچىپ چىقىپ كەتكۈچىمۇ ئىنسان ، ئىككىلىسىلا بىر قان ، بىر دىن ، بىر تائىپىدىن . ۋەھالەنكى بىرى ئىنسانىيەتكە جاۋاھىر ، دۇردانىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ ، بىرى ئۆز ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇشنىڭ كويىدا . قايسىسى جىق؟ ئېنىقكى كېيىنكىلەر ! بىزنىڭ مىللىتىمىز قاچانمۇ ئاسارەت ـ نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىدىغان بولار ـ ھە؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقەرى ، ئەخمەت يۈكنەكى ، نەۋائىي ، لۇتفى ، سەككاكى ، زەلىلى ، غېرىبى ، نىزارى ، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ ، ئابدۇقادىر داموللا ۋە ھازىرقى جان پىدا ئەزىمەتلەرنىڭ قايسىبىرى ئۆز خەلقىنىڭ غېمىدە قاقشىماي ـ زارلىماي ياشىدى . بىزنى خارلاتقانمۇ ، قاقشاتقانمۇ ، باشقىلارغا قۇل قىلىپ پۈت ـ قولىمىزنى باغلاپ بەرگەنمۇ ئۆز ئادەملىرىمىز ، بايىقىدەك نەپسى بالا ، كۆڭلى قارا ، قولى قانلىق بەتنىيەتلەر .

بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالمىغۇدەك ياۋايى دۆتمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن نادانلىقتا تۇتۇش ، ئۆز گۆشىنى

ئۆز يېغىدا قورۇش يولى بىلەن بىزنى باشقۇردى؟ جىن شۇرېنمۇ شـۇ. مۇنۇ شىڭ دۇبەن دېگىنى ئاغزىدا ياخشى گەپنى قىلدى: مىللەتلەر باراۋەر، پارىخورلۇقنى يوقىتىمىز، دېدى، پاك بولۇشنى ھەدەپ تەشۋىق قىلدى. لېكىن، مىللەتلەر نەدە باراۋەر؟ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، ئەسكەر، ساقچىلار ئىچىدە ئۇيغۇر بارمۇ؟ ئاندا - سانـدا بـولغىنى بىلەن ھوقۇقى بارمۇ؟ يوق، زادىلا يوق. پارا ئـالمايدىغان بىرمۇ پاك ئەمەلدارنى كۆرمىدۇق. شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىگە قـاراشلىق بايلىقى شـنجاڭ بانكىلىرىنىڭكىدىن كۆپ، ئۇ ئالتۇن دېگەننى قەغەزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. لېكىن، ئىلىم - مەرىپەت، نامراتلار پاراۋانلىقى دېگەندەك ساۋابلىق ئىشلارغا بىر تـىيىنمۇ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەممىلا ئەمەلدارلىرى ئېلىش، باي بـولـۇش، يـېـيـىـش، ئـىـچـىش، راھەت كۆرۈشنىلا ئويلايدۇ. كەلگۈندىلەر ئەزىز، يەرلىكلەر خار. ئۆي ئىگىسى ئاچ، مېھمانلار تـوق، يـەر ئـىـگـىـسى مالاي، تالا مۇشۇكى خوجايىن! بۇنداق تـەڭـسىزلىك جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىدە بارمىش. بىرلا سوۋېتتە يـوقمىش. يوق بولسا رۇسلار، نوغايلار، ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار نېمىشقا بۆرىدىن ئۈركۈگەن قويدەك ئۆز يۇرتىدىن بۇياققا قېچىپ كېلىدۇ؟ … خۇدايىم، نېمىشقا ئۆزۈڭگە سـادىق قۇللىرىڭنى بۇنچە قاتتىق سىناققا سالىدىغانسەن - ھە؟ بـەدىنىمىز خورلۇققا چىدىغان بىلەن روھىمىز چىدىمايدۇ. كىم خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىسا ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئاسان. كىم خەلقنى ساتسا ئۇنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ، كىم ھەق گەپ قىلسا ئۇنىڭ تىلى كـېـسىلىدۇ، كـىـم رەزىللىـكنى كۆرۈپ قـالسا ئـۇنىڭ كۆزى ئويۇلىدۇ …

خەلپىتىم كىتابلىرىغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، گويا ئۇ ھـازىـرلا كىتابلار ئىچىدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئوڭاي يـولـىـنى تـېپىپ چىقىدىغاندەك، گويا كىتاب بەتلىرىگە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابلار يېزىلىدىغاندەك، گويا كىتابلار ئىچىدىن ئۇلۇغ ئەۋلىيالار چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپ بولۇپ زۇلۇمغا قارشى

ئۇرۇش قىلىدىغاندەك ...

ئۇ كىتابلارنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىچىلا بۇقۇلداپ يىغلىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مىڭلىغان ــ مىليونلىغان ھەسرەتلىك چىرايلار پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ ، چىرايلىرىمۇ ئوخشاش : بىزگە نىجاتلىق بەرگىن ، خۇدايىم ، بىزمۇ يەر يۈزىدىكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىمانىمىز ، غۇرۇرىمىز ۋە بەخت ــ سائادىتىمىز بىلەن ياشايلى ...

ئۇ كىتابلارنى ۋاراقلاۋېتىپ بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۇلارغا بىر ــ بىردىن دۇئا قىلدى . ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ تەلىمى بىلەن ئويغىنىپ ، ئۆز بەدىنىدە ساپ ئىنسانىي خىسلەت يېتىلدۈرگەن ، پۈتۈن ھاياتىدا خەلقىگە ، باشقىلارغا قىلچىمۇ زىيان سالمىغان ، ئۆلمەس تۆھپىلىرى ئۈچۈن بىر قېتىممۇ مىننەت قىلماي ، مىننەت قىلىشنى نومۇس بىلىشكە ئادەتلەنگەن تۆھپە ــ بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ چىرايلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇلارمۇ غەمكىن ، مىسكىن ، دەردلىك چىرايلىرى بىلەن ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ خەلقى غەمكىن ، سولغۇن ...

ئابدۇلمۇتائالى كامالى بۇ خەلقنى غەم ــ قايغۇدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدى؟ خەلپىتىم ئۆزىگە سوئال قويدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئەسلەپ ئۆتتى : ئۇ قورغاس مازار يېزىسىدا تۇغۇلدى . 1881 ــ يىلى كۆچ ــ كۆچتە دادىلىرى بىلەن يەتتىسۇغا كۆچۈپ يەركەنتكە ئورۇنلاشتى . شائىر موللا ئېلى ھاجى ، مەشھۇر ئىشان ۋە شائىر نىزامىدىنئاخۇنۇمدا ئوقۇدى . بۇ شائىر ــ ئۇستازلاردىن شېئىر يېزىشنىمۇ ئۆگىنىپ ، شېئىر خەلقنىڭ كۆز يېشىكەن دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ ، بىچارە كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنىپ تۆككەن ياشلىرىنى بالىلىق ھېسسىيات بىلەن شېئىر قىلىپ يازدى . ئۇنىڭ قوشاقلىرى ناخشىغا ئايلاندى ، ئۇ راسا بىلىمگە تەشنا بولۇپ ئۆگەنگەن ، دىنىي بىلىملىرى ئۆزىگە ئاز تۇيۇلۇشقا باشلىغان مەزگىلدە ، يەركەنتكە

ئابدۇراخمان دامولللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىپ مەكتەپ ئاچتى. ئۇ زات مۇتائالى كامالىغا: «بالام، سەن ئۇسۇلى جەدىتچە ئوقۇغىن، ئىلىم - پەن خەلقىڭنى ئويغىتىدۇ» دېۋىدى، ياش مۇتائالى خەلقنى ئويغىتىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەردى. ئۇ بىرقانچە يىل ئوقۇپ 1895 - يىلى ئانا يۇرتى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ ئەلا باي مەسچىتىگە چۈشۈپ قىرىقتەك بالىنى يىغىپ ئوقۇتتى ۋە يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ بالىلاردىن ئىملا، تۆت ئەمەل، جۇغراپىيىدىن بەش قىتئە، دۆلەتلەر، دۆلەت مەركەزلىرى ۋە تاغ - دەريالاردىن ئىمتىھان ئالدى. بۇرۇندىنلا دىنىي تەربىيە ئېلىپ كەلگەن بالىلارنىڭ پەننىي بىلىمدىن تېزلا ساۋاتلىق بولغىنىنى كۆرگەن يۇرت چوڭلىرى خۇشال بولۇشتى. ئابدۇقادىر ئاقساقال دېگەن زات باشلامچى بولۇپ تۆتكۈۋرۈك دېگەن يەردە مەكتەپ ئېچىپ بەردى. مەكتەپتە تۆت سىنىپ، تۆت مۇئەللىم، بىر مۇدىر بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى خەلپىتىمنىڭ نامى بىلەن تائالىيە مەكتىپى دەپ ئاتاشتى. ياش مۇتائالى ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى، كۈچىنى شۇ مەكتەپكە بېغىشلىدى. بالىلار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن بالىلار يېزىلاردا پەننىي مەكتەپ ئېچىپ ئىلى رايونىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىش، پەنگە يۈرۈش قىلىش دولقۇنى پەيدا بولدى. بۇ چاغلار خەلپىتىمنىڭ ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان چاغلىرى ئىدى. 1910 - يىلىغا كەلگەندە تاتارلار كەشپۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «نوغاي مەكتىپى» ۋە قىرائەتخانا ئاچتى، 1910 - يىلى ئابدۇقادىر ئاقساقال ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا نۇراخۇن ئاقساقال ئولتۇردى. بۇ كىشى ئىلغار ھۆكۈمدار ئىدى. 1915 - يىلى مۇسابايوفلارنىڭ خىراجىتى بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇغان مەسئۇد ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى باشلىق بىرقانچىلار غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. مەسئۇد ئەپەندى ئۆز ھويلىسىدا يېڭىچە دوختۇرخانا ئاچتى، مەھمۇت ئەپەندى شەھەرنىڭ توغرا كۆۋرۈك دېگەن يېرىدە مەكتەپ ئېچىپ يېڭىچە تەنتەربىيىنى يولغا قويدى. ئۇلار ئەلا باي مەسچىتى

يېنىدا يەنە «دەرنەك» (ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان جاي) قۇرۇپ ، يېڭىچە ئىلىمدىن لېكسىيىلەرنى ئۇيۇشتۇردى . مۇتائالى خەلپەت بۇ چاغلاردا ئەڭ ئاكتىپ پائالىيەتچى بولۇپ ، ئۆيىدىمۇ تۇزۇكرەك تۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . لېكىن ، باھارنىڭ جۇدۇنى ، يازنىڭ مۆلدۈرى بولىدىكەن . شۇ چاغدا يېڭىدىن ئەلەم بولۇپ ئولتۇرغان ئىبراھىم ئىسمىلىك ساقىلى شالاڭ ، سېرىق چىشلىق ئادەم ۋە دوتەي يامۇلىنىڭ خىزمەتچىسى ئادىلبەگ دېگەنلەر غۇلجىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت زورايماقتا دەپ ياڭ زېڭشىنغا چاققۇ يوللىدى . نادانلىققا ئامراق شىنجاڭ ھۆكۈمرانى دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ناھىيىلەر ، يېزىلاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان يېڭىچە مەكتەپلەر بىلەن مەدەنىيەت مايسىلىرىنى نابۇت قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . تەشەببۇسچىلاردىن مەسئۇد ، ئابدۇراخمان ئەپەندىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتتى . مۇتائالىنى ئىبراھىم ئەلەم : «بۇرنىنىڭ نوخولىسى ئۆسۈپ قالدى ، نوخۇلىسىنى ئالىمىز !» دېدى ۋە «مۇئەللىم ئاۋۋال» ، «مۇئەللىم سانى» دەيدىغان تىل ۋە ھېساب دەرسلىكلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى . جاھىل ، مۇتەئەسسىپ مولىلار پۇرسەتچى چاققۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ ، ھەممىلا جايدا «دىنىدىن ئازدۇرغۇچىلارنى تازىلاش كېرەك !» دەپ چۇقان كۆتۈردى . مۇتائالى خەلپەتنى «ھەممە ئىشنىڭ باشلامچىسى !» دەپ ئەيىبلەپ يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى . كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تازا ئەۋج ئالدى . 1929 - يىلى رامزان ئېيىدا ئادىلبەگ مەدرىسىدىن تەراۋىخ ئۆتەپ قايتقاندا بىرى ئۇنى ئېتىۋەتتى . بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت ئابدۇراخمان ، شاھى داموللاملاردىن كۆرۈپ ، ئۇلارنى مەشھۇر ناخشىچى ئېلاخۇن كۆككۆز ، سۇلايمانلار بىلەن تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ ئەسكەرلەر ھەيدەپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتتى . مۇتائالى خەلپەتنى يېڭىچە ئىلىمنى ياقلىغۇچى بايلار 1929 - يىلى ھەرەمگە ھەج قىلىشقا يولغا سېلىپ قاچۇرۇۋەتتى .

خەلپىتىم ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەندە ، شىنجاڭنىڭ

سىياسىي ھاۋاسى ئۆزگەرگەندى. 1930 - يىلى قۇمۇلدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پەيجاڭى غوجانىياز باشچى بولۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ياڭ زېڭشىن ئوق يەپ ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە چىققان جىن شۇرېنمۇ غۇلىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ئىلىم - پەننىڭ يېڭى باھارىنى يەنە پەيدا قىلدى. ھاجى مۇتائالى خەلپەتنىڭ ئۇ چاغلاردىكى خۇشاللىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلىمەك تەس. ئۇنىڭ قەلبى كەئبە سەيناسىدەك يورۇپ كۆزى كۈندۈزى يۇلتۇز سانىغۇدەك روشەنلىشىپ كەتتى: ئۇ تائالىيە مەكتىپىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا ئۆزىنىڭ مەكتەپ يېنىدىكى چوڭ قورۇ - جايىنى تەقدىم قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى سەككىز يۈزگە يەتكۈزۈپ، مەكتەپ ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەللىك - ئاتمىش نامرات بالىنىڭ يىللىق تەمىناتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۆز ئۆيىدە قىزلار سىنىپى ئاچتى. ئۆزىنىڭ قىزلىرى ۋە باشقا قىزلارنى ئايالى زۆھرەخان ئابىستەي (مۇئەللىمە) يېڭىچە ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ... مانا ھازىرغىچە ئۇ ئۆز قولى، ئۆز خىراجىتى بىلەن قانچىلىغان بالىلارنى، بولۇپمۇ نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە ئاڭلىق ئىنسان قىلىپ تەقدىم قىلدى.

ئۇنىڭ ھاياتى مائارىپ - تەربىيىلەش، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تۇرسا، ئابدۇمەر مېڭىبېگىدەك ئېلىش، بۇلاش، ئېزىش، دۇنيا توپلاپ راھەت كۆرۈشنى ھاياتىنىڭ مەقسىتى قىلىۋالغان ھايۋان سۈپەت بىرنەرسە ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا قانداق پېتىندى - ھە؟

غەزەپتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى، ساقىلى تىنىمسىز تىترىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ سۈزۈك قەلبىدە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇۋالدى، بۇ ھايات يەنە يامىنىغا ئۆزگىرەمدۇ نېمە؟

ئابدۇمەردەكلەرنىڭ شاپاشلاشلىرى بوران شەپىسى، ئەخلەتلەرنىڭ دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئالتۇن تاجغا ئوخشىتىشى.

# 19

... ئەمما تاغ ھاياتى باشقىچە، بۇ يەرنىڭ شاماللىرى، سۇلىرى، ھەتتا گۈل - گىياھلىرىمۇ شوخ، جانلىق ۋە شېئىردەك ھېسسىياتلىق. بۇ يەردە ھەممىلا نېمە كۈلۈۋاتقاندەك، ھەممىلا نېمە خوجايىندەك، ھەممىلا نېمە غەمسىزدەك ...

بۈك قارىغايلىقلار بىلەن قاپلانغان بەللەردىن كۆۋرەپ چۈشۈۋاتقان قار سۈيى يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياشلاردەك قىن - قىنىغا پاتماي ئويناقلايدۇ. يامغۇردا تولا يۇيۇلغان توق يېشىل ياپراقلار مۇھەببەت سەۋدالىقىدىكى قىزلارنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرلۇق. ھەممىلا يەردىن ئىپار - ئەنبەر پۇرىقى كېلىدۇ، بۇ يەرنىڭ قۇشلىرى سايرىمايدۇ، سۆزلەيدۇ. سەھەر تۇرۇپ تاغ قىرغاۋۇللىرىنىڭ دورە بولۇپ ئويناشلىرىنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلغۇسىز بىر مەشرەپنىڭ ئىشتىراكچىسى ھېسابلايسەن: خورىزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يېشىل چىمەن ئۈستىدە قاناتلىرىنى كېرىپ، بويۇن جالالىرىنى كۆپتۈرۈپ پىرقىراپ سايرىغىلى تۇرغاندا، ئۇنى چۆرىدەپ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تەقەززالىق بىلەن تۇرۇشقان ئالا، سېرىق، كۆك مېكىيانلار خۇشاللىقتىن قاقاقلىشىدۇ، مەست خوراز مۇھەببەت سەۋدايىلىقىنى ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ، تاغ جانىۋارلىرىمۇ مۇھەببەتكە تەشنا ئايغىرلاردەك ئۆرىدەپ تۇۋلىشىدۇ، بۇقىلار مۇنبەت قارا تۇپراقنى مۈڭگۈزى بىلەن تۈرتۈپ دۈمبىسىگە تاشلايدۇ، بۆرىلەر قانجۇقلىرىنى چىللاپ ھۇۋلىشىدۇ، بورسۇقلار چىمەنلىكلەرنى تىلغاپ نەسىل ئۈچۈن ئالدىرىشىدۇ ...

نۇرى يۇمشاق چىمەن ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ تەبىئەت دۇنياسىدىن شېئىرىي ھېسسىياتقا باي مىسرالارنى ئىزدەشكە، تاغ سۈيىدەك تىنىمسىز يۈرەك تەلپۈنۈشىنى شېئىرغا ئوراپ سېغىنىش ۋە ئازاب يالقۇنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. لېكىن،

ياپپېشىل ياپراقلار ، نازۇك گىياھلارنى سۆيۈشۈپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر گۈلنى سالقىن تاغ شامىلىدەك سۆيۈپلا ئېرى قېچىشاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىمىلداتقان نازۇك ھېسسىياتلارمۇ مىسرا بولۇپ تىزىلماي شۇ كېپىنەكلەرنى دوراپ قاچاتتى .

شامالLارغا سىڭسۇن مېنىڭ ھېسسىياتلىرىم ،
تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنىدەك پەريادلىرىم .
بەختىم گويا كۆكنى كەزگەن قىران بۈركۈت ،
نەلەرگىدۇر يوشۇرۇنغان دىل شادلىقىم ...

ئاخىرقى مىسرا مۇھەببەتنىڭ ئازاب كۈچىنى ياخشى ئىپادىلىيەلمىدى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى سېغىنىش ، قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئېرىسىدا ، چەكسىز چۆللەرنىڭ ئۇ چېتىدە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر نازۇك جان ئىگىسىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا يول تاپالماي قىينالغان ئىسيانكار يۈرەكنىڭ ئىلتىجاسى بۇ مىسرالارغا زادىلا سىغمايتتى ...

ئۇ بىردىنلا دۈكۈرلىگەن ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ، بىرى يوغان ئاتنى ئۇنىڭ يېنىدىلا توختىتىپ ئۇنى بىلىدىن تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئاتنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئۆكىرەك تاشلىتىپ چېپىپ كەتتى . نۇرى تېپىرلىدى ، كېيىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلدى .

— ھەي ، قىز بولۇپ قالغان بولساڭمىغۇ ، بەللىرىڭنى قارا ، ھا ـ ھا ...

— ھاي غېنىكا ، مېنى ئوغلاق قىلىۋالدىڭغۇ !

— قىمىز بىلەن پاقلان ، قىز بىلەن يوتقان ھا ـ ھا ـ ھا ! ...

يېشى قىرىقتىن ئاشقان ، بەستلىك ، بەدىنى تاشتەك چىڭ ، ئاۋازى توم ، قىلىقى قوپال بۇ ئادەم نۇرىنى ياخشى كۆرەتتى . نۇرى شەھەردە گېرمانچە بۈرۈت ، يالغان چاچلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ئەنۋەر

مۇساباييوفنىڭكىدە جۇبىلى نازىر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن يوشۇرۇنۇپ يۇرۇشنى قورقۇنچاقلىق ئىكەن دەپ چۈشەنگەنىدى. لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، جۇئېنلەيلەر، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىنلارمۇ يوشۇرۇنماي ئاشكارا يۇرىدىكەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇ جۇبىلى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ھېلىقى قەسەم ئىچىشكەن دوستلىرى بىلەن دەريا بويىدا ئۇچراشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، غۇلجا قىزلىرىنى ئاشكارا ئاياغ ئاستى قىلىپ يولدىن چىقىرىۋاتقان ئۇچقۇچىلاردىن بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇشنى قارار قىلىشتى. ئۇچقۇچىلارنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى تەربىيىلەيتتى. ئۇلار بەش ـ ئالتە يۈز دوللار ئايلىق ئالاتتى. گىمنازىيە مۇئەللىملىرى ئاران ئەللىك ـ ئاتمىش دوللار، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى ئوتتۇز ـ قىرىق دوللار ئەتراپىدا ئايلىق ئالاتتى. ئۇچقۇچىلار يېشىل سوكنىدىن ھەربىيچە كىيىم كىيىپ، يانلىرىغا قورال ئېسىپ مەيدە، ئاتلىق، بەزىدە ماشىنىدا يۇرۇپ نەدە ئويۇن ـ تاماشا بولسا شۇ يەردە پەيدا بولاتتى.

ئۇلاردا پۇل جىق بولغاچقا، ھەربىرى بىرنەچچىدىن رۇس، تاتار ۋە ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆڭۈل ئاچالايتتى. كىم ئۇلارغا كۆز ئالايتسا تاياق يەيتتى. ئۇلارغا ئاشنا بولۇش قىزلار ئارىسىدا مودىغا ئايلانغانىدى. ئۇلار ھەر قېتىم گىمنازىيىگە «بو فۇ مو فۇ» ئۆگەتكىلى كەلگەندە، گىمنازىيىنىڭ قىزلار سىنىپىدىكى قىزلار ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئۇلارغا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلاتتى. باشقا مىللەت يىگىتلىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىش، مۇشتۇملىرىنى تۇگۈش بىلەنلا توختاپ قالاتتى. ئۇنى ئاز دەپ ھەربىر ئۇچقۇچىنىڭ بىرنەچچىدىن رۇس، تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك دوستلىرى بولاتتى. بۇ دوستلار ئۇلارغا قىز تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان ياللاقچىلار ئىدى. لېكىن، مۇشۇ ياللاقچىلىقمۇ مودىغا ئايلانغانىدى. بۇ ئىشلار ۋىجدانلىق غۇلجا يىگىتلىرىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەچكە، پات ـ پاتلا ئۇچقۇچىلار بىلەن مۇشتلىشىش بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، ھەر

قېتىمدا غۇلجا يىگىتلىرى زىيان تارتاتتى. نۇرىلار ئۇن تۆت يىگىت دەريا بويىدا يەتتىدىن ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ ئۇچقۇچىلارنى قاتتىق ئۇرۇش، ھەتتا بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلىشتى.

ئىككى ئات قېتىلغان بىر خادىكقا ئۈچ ئۇچقۇچى بەش قىزنى سېلىپ شەھەر سىرتىغا — قويۇق ئورمانلىققا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ مېڭىشتى. نۇرىلار ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ خادىكلار بىلەن ماڭدى. ئۇچقۇچىلار ئايرودروم يولىدىكى قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى. نۇرىلار ئەتراپىنى قورشىدى، ئاخىر ئۇچقۇچىلار راسا چالا مەست بولۇپ قىزلارنى قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇرغاندا بېسىپ كەلدى - دە، ئۇچقۇچىلارنى دەسسەپ - چەيلەپ، بىردەمدىلا «خېمىر» قىلىۋەتتى، قىزلارنىمۇ راسا ئۇردى. ئۇلار ئورمانلىقتىن چىقىشىغا ئۇچقۇچىلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى پەيدا بولدى - دە، ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئۇيغۇر، قازاق يىگىتلىرى بىلەن ئۇيغۇر، تاتار يىگىتلىرى قان بولۇشۇپ مۇشتلاشتى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرى يېرىلىپ كىيىملىرى تىت - تىت بولۇپ تازا ھالسىرىغاندا، ھېلىقى مەلەق ياتقان ئۇچقۇچىلار دەلدەڭلەپ تاپانچىلىرىنى تەڭلىشىپ ئورمانلىقتىن چىقتى. تاڭ - تۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن نۇرىلارنىڭ يېنىدىن «پىژىلداپ» ئوقلار ئۆتتى. بىر يالاقچىنىڭ مۈرىسىگە ئوق تەگدى. نۇرىلار ئېرىقلارغا شۇڭغۇدى. تازا مۇشۇ چاغدا تاڭ - تۇڭ قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇچقۇچىلارنىڭ ئىككىسى شۇئان يەر چىشلىدى، ئاتقۇچىلار ئىككى ئادەم ئىدى، بىرى يوغان گەۋدىلىك غېنى ئوغرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ دوستى قارا بۇرۇت يىگىت ئەكبەر پالۋان ئىدى. نۇرى ۋە قېچىپ كېتەلمىگەن باتۇر، ئابدانباي ئۈچى غېنىلارغا مىنگىشىپ پەنجىم يېزىسى تەرەپكە قاچتى. ئۇلار پەنجىم غولىغا كەلگەندە ھەربىرى بىردىن ئاتقا مىنىشتى. توغراسۇ يايلىقىدا، بۇ يايلاقنىڭ قارىغاي ساي جىلغىسىدا ئۈچ يىگىت غېنى بىلەن ئەكبەرنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭكىدە ئون نەچچە كۈن مېھمان بولدى. مانا ھازىر ئۇلار ئۇلاستاينىڭ ئۇستىدىكى گۈزەل تاغ

قويـنـدا . يېيىشى گۆش ، ئىچىشى قىمىز ، ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق تۇيغۇسى ئۇلارنى هايات لەززىتىگە تىنىمسىز ئۈندىمەكتە .

نۇرى غېنى ئاكىسىغا مىنگىشىپ قارىغايلار ئارىسىدىكى بىر كىـگـىـز ئۆيگە كەلدى . نېرىدا تايلار قوشاقدالغان . بىر ئايال چاناشتىكى قىمىزنى نوغۇچ بىلەن ئىلەشتۇرمەكتە . بېشىغا تۆت بۇرجەك قارا بۆك كىيگەن كەكە ساقال بىر ئادەم بىر پاقلاننى مۇشتلاپ تېرىسىدىن ئاجراتماقتا ، ئىككى ئىت ئۇنىڭغا تىكىلىپ ياتماقتا ، ساماۋار قاينىماقتا ، نېرىدا قويلار ئوتلىماقتا ، بىر قىز ئات چاپتۇرۇپ قارىغايلار ئاستىدا چىمەنلىكتە كۆڭۈللۈك ئوينىماقتا ... بۇ خاتىرجەملىك بىلەن تولغان گۈزەل يايلاق مەنزىرىسى . نۇرى كۇلۇپ غېنى ئاكىسىغا قارىدى :

— يازنىڭ قالتىس گۈزەل ۋاقتى بۇ ، هە غېنىكا .

— چىرايلىق قىزلارلا كەم ، — دېدى غېنى هىجىيىپ ، — كىرىم بار ، چىقىم يوق ، قازاق خوتۇنلىرىغا ئىچپەش تارتىپ باقتىڭمۇ ؟ ئۇلار تازا نازلىق . بىراق ... ها ـ ها ـ ها ...

ئۇلار ئۆيگە كىردى . شىرداقلار سېلىنغان كىگىز ئۆينىڭ كەرگىلىرىگە كەشتىلىك پەردىلەر (چىمىلدىقلار) تارتىلغان . داستىخانغا بوغۇرساق ، كۆمبە ، قايماق ، قۇرۇتلار يېيىلغان . بىر ئادەم زوقى بىلەن دومبىرا چېرتىپ ئۆلەڭ ئېيتماقتا ، يەنە بىرى ئالىقىنىغا بېشىنى قويۇپ سۇنايلىنىپ ياتماقتا . غېنىلار كىرگەندە ئۇلار مىدىرلاپمۇ قويمىدى . غېنى ياتقان ئەرنىڭ پۇتىغا بىرنى تەپتى .

— قوپ ، هەي ساراڭ قازاق ، ئۆيۈڭگە كىم كەلدى ، مىدىرلاپمۇ قويمايسەنغۇ ؟

— غانى ئۇۋرى !

— يەنىچۇ ؟

— ئۇدا ئۇۋرى چىغار ؟

— ئۇ دېگەن شىڭ دۇبەننىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدىغان تۆرە

ئاغاڭ !

— شېڭ دۈبەنىنىڭ ئورنى سارتقا تىيەما ؟ قازاققا تىيمەيجانسا ! ئولتىرىڭدار ، ئاي كەمپىر ، چايىڭدى ئاپكەل !

مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئايال ساماۋارنى كۆتۈرۈپ كىردى ۋە چاي تەييارلاشقا زوڭزايدى .

— قۇيە ، كېلىنچەك ! — دېدى غېنى داستىخاندا يانپاشلاپ يېنىچە يېتىپ ، — كېچىلىككە كۆڭلۈڭنى ئاچىمەن ، ياخشى كۆت ، هە ؟

— ۋۇي قۇرغۇر سارت !

ئايال يەر ئاستىدىن قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

ئاز ـ ئازدىن دەملىنىپ ، تىنىمسىز سۇنۇلىدىغان قازاق چېيى تولىمۇ لەززەتلىك ، نۇرغا بۇ چاي بەك يارايدۇ . ئۇ غېنى ئاكىسىنىڭ تەرلەپ تۇرۇپ ئىچىشىگە قىزىقىپ :

— ئون ئىككى پىيالە بولدى ، غېنىكا ، — دېدى .

— ئوتتۇزنى ئىچىمەن ، بىر پاقلاننى يالغۇز يەيمەن . قىمىزدىنمۇ ئوتتۇز ئاپقۇر ئىچىمەن . غېنى ئاكاڭنىڭ كارامىتىنى مۇنۇ يەڭگەڭ شۇ چاغدا كۆرىدۇ تېخى !

نۇرى ئون نەچچە كۈندىن بېرى بۇ قوپال چاقچاققا كۆنگەنىدى . بەش ـ ئالتە نەپەر قازاق يىگىت غېنىنىڭ پۈتۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ چىمەلتەك قوللىرىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ :

— غېنىكەڭ بۇرغاكەن ، ئۆزى ئۇلكۇن ، بىر نەكەسى كىشكەنە ! — دېيىشكەنىدە ، نۇرى نومۇس قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى ، مانا هازىر ئۇ «قېلىن»لىشىپ قالدى .

غېنى ئاكىسى قىڭغىر ياقىلىق كۆك كۆڭلىكىنى يۇقىرىغا قايرىپ ، بەدىنىنى ئېچىپ قويۇپ ، چىپىلداپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ راست دېگەندەك پاقلاننىڭ يېرىم گۆشىنى يەپ بولدى . ئارقىدىن ئىككى چۆچەك شورپا ئىچتى ـ دە ، كېكىرىپ قويۇپ ئىشىكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارىغاي ئارىسىنى كۆرسىتىپ :

— كۆردۇڭلارمۇ ئاۋۇ ئېلىكنى ؟ — دېدى ـ دە ، قولىغا

مىلتىقنى ئالدى، — جانىۋارنىڭ ئەجىلى توشقان چېغى، قارا، چەكچىيىپ تۇرۇشىنى.

— تەگكۈزەلمەيسەن!

— كۆزۈم كۆرمىگەن بولسا تەگكۈزەلمەيتتىم. ئارىلىق كۆپ بولسا ئالتە يۈز مېتىر كېلەر، مېنىڭ مىلتىقىم مىڭ مېتىر ئېچىدىكىگە بولاڭخۇي!

— بەسلىشەيلى ئەمىسە! — دېدى ئۆي ئىگىسى قىزىقىپ، — تەگكۈزەلىسەڭ تورۇق يورغام سېنىڭ، تەگكۈزەلمىسەڭ ئالا ئۆيتىڭنى بېرىسەن.

— ياق، تەگكۈزەلمىسەم ئالا ئات سېنىڭ، تەگكۈزەلىسەم كېلىنچىكىڭ بىر كېچە مېنىڭ، قانداق؟

غېنى شۇنداق دېدى ـ دە، يەردە سۇنايلىنىپ دۇم يېتىپ كېيىكنى قورۇلغا ئالدى ۋە تەپكىنى باستى. گۈم قىلغان ئاۋازدىن تاغلار جاراڭلىدى، نە ـ نەلەردىن ئەكس سادالار كەلدى. ئاتلار كىشنىشىپ، قۇشلار پەرۋاز قىلىشتى، كېيىك غايىب بولدى.

— يىقىلدى!

— قاچتى!

ئىككى يىگىت توقۇقلۇق ئاتلارنى مىنىشىپ چاپتۇرۇپ كېتىشتى، بىردەمدىن كېيىن بوغۇزلانغان كېيىكنى ئۆڭتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئوق كېيىكنىڭ نەق پېشانىسىگە تەگكەنىدى.

— غوجانىيازدەك مەرگەنىكەن! — دېدى نۇرى خۇشال بولۇپ، — نېمىدېگەن قالتىس.

— غوجانىياز دېگىنىڭ كىم ئۇ؟

— بىلمەمسىنا؟ قۇمۇللۇق ئىنقىلابچى. ئاۋۋال تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەرلەرنى ئېلىپ نام چىقارغان. كېيىن شېڭ دۇبەنگە ئورۇنباسار رەئىس بولغان. شېڭ دۇبەن ئۇنى خائىن دەپ تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىغۇ.

— ئادەم تېپىلماي مېنى شۇنىڭغا ئوخشاتتىڭما، دۇبەننى ئاتالمىغان ئۇنداق مەرگىنىڭنى كۆتۈر نېرى. مەن دېگەن ئەكبەر

باتۇرغا تەڭ مەرگەن !
— غــوجانىياز قالتىس ئادەم ، غېنىكا ، ئۇنى شىڭ دۇبەن ئالداپ كەتتى . ئۇ ماۋت سىجاڭنىڭ گېپىگە كىرىپ قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە كەلمىگەن بولسا قالتىس ياخشى بولاتتى . شىڭ دېگەن ھــىيلىگەر ئۇنى مەنسەپ بىلەن ئالداپ ، يوقىلاڭ بەتنام بىلەن جايلىدى .
— تۆمۈر خەلىپە دېگەن ئادەممۇ ئالدانغان ، نېمشقا ئىبرەت ئالمىغۇدىكىن ؟ ...
— شىڭ دېگەن ھىيلىگەر نېمە ، ستالىننى ، ماۋ زېدۇڭنى ئالدىيالىدى ، جياڭ كەيشىنىمۇ ئالدىدى تېخى ! مانا قارا ، گېرمانلار بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋىدى ، شىڭ دەرھال ئۆزگەردى . ئۇ ئەمدى ستالىنغا ، ماۋ زېدۇڭغا قارشى چىققۇدەك ، جياڭ كەيشىگە يۆلەنگۈدەك !
— سۆزلە ، نۇرى ھە ، خېلى جىق نەرسە بىلىسەن جۇمۇ ، ستالىننىغۇ بىلىمەن ، ماۋ زېدۇڭ دېگىنىڭ كىم ئۇ ؟
— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى .
— تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋەتتىڭغۇ ، ئۇمۇ مەرگەنمۇ ؟
— سىياسىي پارتىيىنىڭ داھىيسى ، — دېدى نۇرى بۇ خىل تېمىدا سۆزلەشكە تولىمۇ ھەۋەسكار بولغاچقا تېخىمۇ جانلىنىپ ، — بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى .
— بىزگە ئوخشاش ھۆكۈمەتكە قارشى قەيسەرلەر دېگىنە ؟
— بىز دېگەن نېمە ، ئۇلار دېگەن پۈتۈن جۇڭگودا گومىنداڭنى ئــاغـدۇرۇپ ســوتسىيالىزم قۇرۇش ، پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىزم قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پارتىيە .
— نېمەزىم دېدىڭا ؟ ئۇ قانداق پادىشاھ ؟ — غېنى قىزىقىپ قوشۇمىسىنى تۈردى .
— سوتسىيالىزم .
— سوتد ... يالىزم دېگىنىڭ نېمە ئۇ ؟

— ئۇ دېگەن كىشىنى كىشى ئەزمەيدىغان ، ھەممە ئادەم باراۋەر ، باياشات ياشايدىغان جەمئىيەت . ئىشچىلار ، دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمىتى !

— بايلارنى يوقاتسا ، بىزدەكلەر كىم بىلەن ئېيتىشىدۇ ، زېرىكىپ ئۆلىدىكەن ـ دە ، كىشى . ياق ، ئۇ بولمايدىغان پادىشاھ ئىكەن !

— پۈتۈن دۇنيادا ئېزىلىش تۈگىسە ، زۇلۇم بولمىسا ، ئادەملەر قولىدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىپ ، نېمە لازىم بولسا شۇنى ئېلىپ ، خۇشال ـ خۇرام ، توق يەپ ، ياخشى كىيىپ ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشىسا بۇنىڭ نېمىسى يامان ؟

— جەننەت دېگىنە ، — دېدى غېنى كۈلۈپ ، — نان قېپىلار يايراپ كېتىدۇ دېگىنە ، بىزدەك ئوغرىلار قىلىدىغان ئىش يوق زېرىكىپ ئۆلىدۇ ـ دە ، خوتۇندىن نەچچىسى راۋا بولىدۇ ئۇ چاغدا ؟

— نىكاھ ، ئائىلە بولمىغۇدەك ، كىم كىمنى خالىسا شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولىدىكەن . بالىلارنى جەمئىيەت باقىدىكەن . ئادەملەرنىڭ ئېڭى يۇقىرى بولىدۇ ـ دە ، ئالداش ، خىيانەت ، بوزەك قىلىش ، تۇرمە ، جازا دېگەنلەر بولمايدۇ ، ئەسكەر ، ساقچى ، سوت ، رەئىس ، دۇبەن ، شاڭيو ، مىڭبېگى دېگەنلەرمۇ بولمايدۇ .

— پاھ ، پاھ ، قالتىسكەنا ، — دېيىشتى چارۋىچىلار ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئاجايىپ سۆزلەرگە قىزىقىپ .

— ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خىتاي بولاما ؟

— مىللەت بولمايدۇ ، ئادەملا بولىدۇ .

— ئاڭلىدىڭمۇ ، بۆرىۋاي ؟ خوتۇنۇڭ غېنى بىلەن ئوينىسا ساۋاپ يۇرمە ، كوممۇنىزم دېگەن شۇ . ھا ـ ھا ـ ھا ...

— يايلاقتا تازا بابكەن ، قويمۇ ، قىمىزمۇ ، خوتۇنمۇ كۆپچىلىكنىڭ . نۇرغايشانىڭ ھالىغا ۋايكەن ـ دە ، بىر كېچىدە ئون ئەرنى ئۇزاتسا ھا ـ ھا ـ ھا ...

ھەممىلا ئىشقا قوپال چاقچاق ئارىلاشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن غېنى قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە :

— بولۇشە ، كىيىكنى كاۋاپ قىلىش ، بوگون مۇنۇ مىڭمارال غوللىرىدا ھىلىقى پادىشاھلىقنى قۇرىمىز ! — دەپ ۋارقىرىدى .

نەدىندۇر كەچتە ئۆلەڭچىلەر كېلىشتى . قىمىز ئىچىش ، گۆش يېيىش ، ئىپار ھىدلىق ساپ تاغ ھاۋاسىدا نەپەسلىنىپ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا - ئۆلەڭ ئېيتىش ، ئايالالار بىلەن ئەرلەر ئېيتىشىپ ئاۋۋال بىر - بىرىنى ماختىشىپ ، ئارقىدىن بىر - بىرىنى چۆكۈرۈپ قىزىق قوشاق توقۇپ بەسلىشىش نۇرغا تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ مەيلى كىمگىلا بولسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە ، سوتسىيالىزم ۋە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ، شىنجاڭدىكى يوشۇرۇن ئىنقىلاب ۋە يوشۇرۇن ئاپەت ، خېيىمخەتەر ، ئومۇمەن جۇبىلىك نازىرىدىن ئاڭلىۋالغانلىرىنى سۆزلىگۇسى كېلەتتى . ئۇ سۆزلەپ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشنى مەقسەت قىلىمەن دېگەندىن كۆرە ، ئۆزىنىڭ ھايات يولىغا رەڭ بېرىۋاتقان بىر يېڭى ئىدىيىنى شۇ سۆزلەر بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋاتىمەن دېگەننى كۆپرەك ئويلايتتى . ئۇ مۇشۇ كوممۇنىزم يولىلا ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىش ۋە ئۇلارنى تارمار قىلىشنىڭ توغرا يولى دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدى . چۈنكى ، نامراتلار ئىنتىلگەن بۇ يولغا نامراتلارنىڭ قان - تەرى بىلەن ھالاۋەت كۆرۈۋاتقانلار چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىقاتتى .

… ناخشا - ئۆلەڭ ئېيتىلماقتا . گويا پۈتۈن تاغ ، قارىغايلار جور بولماقتا ، قاراڭغۇ چۈشۈپ ، تاغنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ئادەملەرنى كىگىز ئۆيلەرگە ھەيدەۋاتقان بولسىمۇ ، شادلىق ، خۇشاللىق مەستلىكى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى .

غېنى تامبىلىدىن باشقا كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ ، يەلپۈنۈپ تۇرغان چىم ئۈستىگە بىر ئەسكى توقۇمنى سېلىپ ، بېشىغا ئېگەرنى قويۇۋېلىپ ئوڭدا يېتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلىۋالدى . ئۇ بىر كەمدە كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا يانپاشلاپ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ ياتقان

نۇرىغا :

— غوجانىياز دېدىڭما ھېلىقى قۇمۇللۇقنى؟ قالتىس مەرگەن دېگىنە! — دېدى.

— قالتىس، — دېدى نۇرى ئۇزاق ئەسنىۋېلىپ، — باتۇرـ دە! بىزدىن چىققان پوگاچىيوف!

— پوگاچ دېگىنىڭ كىم ئۇ؟

— پادىشاھقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئورۇس دېھقانلىرىنىڭ باشلىقى.

— دېھقانمۇ؟

— دېھقان. غوجانىيازمۇ دېھقان. قۇمۇلنىڭ تاراتۇ دېگەن يېرىدىن چىققان دېھقان. ئۇنىڭ دادىسى مەمەت نىياز ھاجى دېگەن ئادەمكەن!

— تازا بىلىدىكەنسىنا، — غېنى يوغان گەۋدىسىنى چاققان كۆتۈرۈپ نۇرىغا قىزىقىپ قاراپ قويۇپ، ئېگەرگە جەينەكلەپ يېنىچە بولدى، — سۆزلىگىنە، غوجانىياز دېگەننى باتۇر دەيسەن، ئۇ چېلىشچىمۇ، پەشۋاچىمۇ، مۇشتلاشچىمۇ، چامباشچىمۇ؟

— ئۇ دېگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى. نەچچە مىڭ دېھقاننى قورالاندۇرۇپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. تۇرپان، گۇچۇڭلارنى ئېلىپ ئاقسۇـ قەشقەرلەرگىچە باردى. شېڭ دۇبەن ئاخىر ئالداپـ سالداپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەلچى قىلىپ غوجانىياز بىلەن كېلىشىم تۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى يوقىتىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ باشلىقى سابىت داموللىنى مامۇت سىجاڭ، غوپۇر تۈەنجاڭ دېگەن ئەسكەر باشلىقلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ قولغا ئالغۇزدى. شېڭ دۇبەن غوجانىياز ھاجىغا جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى دېگەن چوڭ ئۇنۋاننى بەردى!

— نېمىنى بەرسە ئېلىۋېرىدىكىنا بۇ غوجام! — دېدى غېنى خاپا بولۇپ، — شېڭ بىلەن نېمىشقا يارىشىدۇ، كۆتىگە تەپمەي

ئۇ ھەزىلەكىنىڭ !

نۇرى قاقاقلاپ كۈلدى :

— سوۋېت ئىتتىپاقى غوجانىيازغا قورال بەرگەن ، يۆلىگەن . غوجانىياز ھاجىمۇ سوۋېت كونسۇلى ئاپرىسوفقا ئىشەنگەن ـ دە ! ماھمۇت دېگەن بىر سوۋېت ئادىمى غوجانىيازغا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ۋەدە بېرىپتىكەنمىش .

غېنى غوجانىياز توغرىسىدىكى بۇ گەپكە تولىمۇ قىزىقتى . ئۇ يالىڭاچ ئولتۇرۇپ قىلچىمۇ مۇزلىمايتتى . نۇرى بولسا چاپان بىلەن مۇزلىماقتا ئىدى . ئۇ كىگىز ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى ، لېكىن غېنى ئۇنى غوجانىياز توغرىسىدا ئۇزاقراق سۆزلەپ بېرىشكە قىستىماقتا ئىدى . نۇرى شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئۆز يۇرتىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن غوجانىيازنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى :

— غوجانىياز 1907 ـ يىلىدىكى تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە بەش يىلدىن كېيىن ، يەنى 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە باشلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ۋە تۆمۈر خەلپە ئۇرۇمچىدە ئالدىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ گۇچۇڭ ، مورى ، ئالتاي ، بورتالا تاغلىرىدا ئوۋچىلىق قىلىپ بۇغا ، بۆكەن ئوۋلاپ ئىسھاق دېگەن نام بىلەن تىجارەت قىلىپ يۈرگەن . كېيىن ئائىلىسىگە ئۆزىنىڭ قاچقانلىقى سەۋەبىدىن خان ئوردىسىدىن زۇلۇم كېلىۋاتقانلىقىنى توقسۇنلۇق نىياز شىيەنزۇ (يېرىم ناھىيە باشلىقى ) دىن ئاڭلاپ قۇمۇل ۋاڭغا ئىككى دانە ياخشى ئات سوۋغا قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ، ۋاڭنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشىپ ، ئىككى يۈز نەپەر ئوردا مۇھاپىزەتچى چېرىكلىرىگە مۇئاۋىن باشلىق بولغان . ئۆزىنىڭ كاتتا مەرگەنلىكى ، باتۇر ، مەردلىكى بىلەن قۇمۇل ۋاڭغا ياراپ قالغان ، كېيىن زۇلۇم ۋە ھاقارەتكە چىدىماي قوزغالغان سالى مەمەت نىياز دورغا ، ئابدۇنىياز مىراب ، ئابدۇل دۈيجاڭ ، پازىل دورغا ، سەدەن قورمال ، ناسىر موتسىپلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ۋە

1932 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ سايلانغان ...

نۇرى غوجانىياز توغرىسىدا ئاڭلىغان، ئوقۇغانلىرىنى غېنى ئاكىسىغا خۇددى مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرىنى سۆزلىگەندەك زوق بىلەن سۆزلەيتتى، غېنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. تىنىق ئاسماندا چەرخ يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، ئاي قارامتۇل قارىغايلار ئۈستىنى ئاقۇچ نۇر بىلەن سۆيۈپ، يىراقتىكى تىك، مۇزلۇق چوققىلارنى غىل - پال يورۇتۇپ، سۇزۇك ئاسماندا ئاستا ئۈزەتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان سوغۇق، مۇزدەك تاغ شامىلى ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئېغىز تېگىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن پۇراقلىق گۈللەرنىڭ ھىدلىرىنى ئەكېلىپ گۈزەل ئارزۇدا تېپىچەكلىگەن قەلبلەرگە ھەدىيە قىلاتتى. نەدىدۇر بۇغا ھۆركىرىمەكتە، ئايغىر كىشنىمەكتە، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ راھەتلىك كۈنلىرىنى ھايات خاتىرىسىگە ناخشىلىرى بىلەن قالدۇرماقچى بولۇشقاندەك مالچىلار تېخىمۇ قىزىپ ئۆلەڭ ئېيتىشماقتا، كۆيۈۋاتقان قارىغايلار چاراسلىماقتا، مەززىلىك قوي گۆشى پۇراق چاچماقتا. ئىشتىھاسى ئېچىلغان ئادەملەر توختىماي يېمەكتە، ئىچمەكتە، كۈيلىمەكتە، كۈلمەكتە ئىدى.

نۇرى خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك توختىماي سۆزلىمەكتە. بۇنچە كۆپ، يېڭى گەپلەرنى ئۇ نەدىن يىغدىكىن؟ ئەلۋەتتە، ھەممە گەپ گىمنازىيىدە بولۇنىدىغان. ئۇلارنىڭ تېگى قۇمۇللۇق، ئۆزبېكىستاندا غوجانىياز ھاجىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئوقۇپ كەلگەن مۇئەللىمى ئۆز غەمخورچىسىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ، بىگۇناھ، ئادالەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئاچ كۆزلۈكىنىڭ ئەڭ غالجىر ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ بۈيۈك ئىنسان غوجانىياز ھاجى توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى. نۇرى سۆزلىگەندە ئۇستازىنى دوراپ گويا رومان ئوقۇۋاتقاندەك چىرايلىق، تەسىرلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتەتتى. غېنى ئاكىسىنىڭ

يېنىغا ئۆزى بىلەن بىللە تاغقا قېچىپ چىققان باتۇرمۇ ، ئابدانبايمۇ كېلىپ يانپاشلىدى .

— ... غوجانىياز ھاجى باش قوماندان بولغاندىن كېيىن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە زەربە بېرىپ ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قەسەم بەردى . تاراتۇ دېگەن يەردە يىغىن ئاچتى . بۇ يىغىنغا قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرىدىن قۇربان دورغا ، سالى مەمەت نىياز دورغا ، ئابدۇنىياز مىراب ، باقىنىياز دورغا ، سالى دورغا ، ناسىر موتسىپ ... قا ئوخشاش جان پىدا ئەزىمەتلەر قاتناشتى . ئۇلار تۆت ئىشنى قارار قىلدى . بىرىنچى ، باش قوماندان غوجانىياز ھاجىغا قەتئىي بويسۇنۇش ، كىم بويسۇنمىسا ئېتىش . ئىككىنچى ، سالى دورغا بىلەن باقىنىياز دورغىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە قورال ـ ياراغ ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتىش . ئۈچىنچى ، يولۋاسقا نەسىھەت قىلىپ بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىققا قەسەم ئىچكۈزۈش . تۆتىنچى ، شىنجاڭغا بىر قېتىم كېلىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭنى يەنە تەكلىپ قىلىپ جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە ئالدى تەرەپتىن زەربە بېرىش ، غوجانىياز ئارقا يول بىلەن تۇرپانغا ئۆتۈپ قوشۇننى كېڭەيتىش ...

شۇنىڭدىن بېرى غوجانىياز دېگەن ئىسىمنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتتى . «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى» دېگەن سۆز «غوجانىياز قوزغىلىڭى» دېيىلىدىغان بولدى . بىر تارىخ بېتى بىر ئادەمنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئىش تولىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىش . ئىسكەندەر يۇرۇشى ، چىڭگىزخان ئىستېلاسى ، ناپولېئوننىڭ ھەربىي يۇرۇشى ، ھازىرقى گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزى دېگەندەك ئىشلار مانا شۇنداق شۆھرەت ئىگىلىرىگە نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەمنىڭ پائالىيەت خاتىرىسىنى بېغىشلاشتىن كېلىپ چىققان .

— غوجانىياز قۇمۇل تاغلىرىدا قانچە قېتىم جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلدى . ئۇ ئەتراپىغا مىڭلىغان پىداكارلارنى توپلاپ تاياق ـ توقماق ، پالتا ـ گۈرجەكلەر بىلەن ساقچى ئىدارىلىرىگە ، قوراللىق قىسىم گازارمىلىرىغا ھۇجۇم

قىلىپ خەلقنى قوراللاندۇردى . جىن شۇرېن ئالاقزادە بولۇپ ئەڭ قاۋۇل ، ھەربىي تەلىم كۆرگەن گېنېراللىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ، ئەڭ ياخشى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سالدى . قۇمۇل بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى يەتتە يۈز كىلومېتىردەك تاشيول باش - ئايىغى يوق قوراللىق ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتتى . قۇمۇل تاغلىرىنىڭ ھەممىلا غول - جىلغىلىرىغا يۈرەكزادە بولۇپ ، شۇمشىيىشكەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئىزى چۈشتى . لېكىن ، غوجانىياز يېڭىلمىدى .

پاكار ، دوغىلاق ، كەڭ يەلكىلىك ، قويۇق ساقاللىرى تىك - تىك بولۇپ تۈرىدىغان ، قويۇق قاشلىرى ھۈرپىيىپ تۈرىدىغان ، كەسكىن ، چۈس - سەپرا ، ئاددىي - ساددا ، گېپى تۈز غوجانىياز ھاجىنىڭ : «ۋۇي لومودى !» ، «ئىنىنەڭنى ، ۋۇي مۇرتەت !» دەپ تىللاشلىرى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەت تىلىغا ئايلىنىپ قالدى . 1931 - يىلى غوجانىياز ئۆز قىسىملىرىنىڭ قورالى ئاز ، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن تاغلىقلاردىن بولۇشىغا قارىماي قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . لېكىن ، شەھەرنى ئالالمىدى . غوجانىياز ئاخىر سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا ما بۇفاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ تەمتىرەپ يۈرگەن ما جۇڭيىڭغا قۇمۇلنى قوغداۋاتقان لىيۇ شىزېڭ دىۋىزىيىسىنى تارمار قىلىش تەكلىپىنى بەردى . ما جۇڭيىڭ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ، شىنجاڭغا يەرلىك خان بولۇشنىڭ پۇرسىتى كەپتۇ دەپ ئويلاپ ، ھالىدىن كەتكەن بەش يۈز چېرىكنى باشلاپ ، گەنسۇ - شىنجاڭ چۆللىرىنى بېسىپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى . شىڭشىڭشياغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئارانلا ئىككى يۈز ئادىمى قالدى . ئۇ بار - يوقى توقسان يەتتە تال قورال بىلەن ئىككى يۈز نەپەر ئەسكىرىنى قوراللاندۇرۇپ ، تاغلىقلارغا قوشۇلۇپ قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . لېكىن ، لىيۇ شىزېڭ قىسىملىرى قۇم خالتىلىرى بىلەن تام ياساپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردى . قوزغىلاڭچىلار شەھەر دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ كۆرگەن بولسىمۇ شەھەرگە كىرەلمىدى .

ما جوڭيىلىڭ دەرھال بارىكۆل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئالدى ۋە بەش يۈز تال قورالغا ئىگە بولدى. ئۇ ئەسكەرلىرىنىمۇ، قوراللىرىنىمۇ كۆپەيتىۋالدى ھەمدە ئۇرۇمچىدىن قۇمۇلغا ياردەمگە كېلىۋاتقان دو گوجى برىگادىسىنى غوجانىياز بىلەن بىللە توسۇپ مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن قورالنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا غوجانىياز نۇرغۇن چىقىمدار بولدى، نۇرغۇن جاپا تارتتى، ھەتتا ئالتە - يەتتە ئادىمى بىلەن قېلىپ، ئاتتىن ئايرىلىپ پىيادە يول ماڭغان چاغلىرىمۇ بولدى، لېكىن غەنىيمەت قورالنى ما جوڭيىلىڭ ئېلىپ كۇلىغا — ئەنشى شەھىرىگە قاراپ تىكىۋەتتى. غوجانىياز بۇ چاغدا: «ئىنىنەڭنى، لومودى، قارا كۆڭۈل!» دەپ ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاپ قالدى.

... غوجانىياز تاغلىقلىرىغا تاياندى. ئۇ يەنە تاغلىقلىرىغا تايىنىپ، موڭغۇلىيىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى تۇزىۋالدى. 1932 - يىلى كۇزدە پىچانلىقلار كۆتۈرۈلدى. تۇرپان ئاستانىدىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق يېڭى بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانىدىكى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى. ئۇلار موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مامۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى دەپ تۆت ئاكا - ئۇكا ئىدى. بۇلاردىن مەخسۇت مۇھىتى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي بولۇپ، 1920 - يىللاردا سودا قىلغاچ موسكۋاغا بېرىپ بىرنەچچە يىل تۇرغان، سوۋېت ۋەتەن سۆيەرلىرىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى بىلەن ئويغىنىپ ئۆزىنى خەلقنىڭ ئۇستىدىكى زۇلۇم تېغىنى ئاغدۇرۇشقا بېغىشلىغان. ئۇ: «ھاياتىڭ خەلقىڭگە بېغىشلانسىلا ئۇنىڭ مەنىسى بولىدۇ» دېگەن. ئۇ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ قېرىنداشلىرىدىن موسۇل مۇھىتى، مامۇت مۇھىتىلارغا باي بولۇشقىلا بىرىلىپ كەتمەي، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم دەپ تاپىلىغان ۋە بۇرھان شەھىدىگە ئوخشاش يېقىنلىرىغا ئۆز نىيىتىنى ئېيتىپ قوللاشقا ئېرىشىپ، يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان «قەلەمتىراچ» ناملىق تەشكىلات قۇرغان. ئاستانىدە ئېچىلغان بىرىنچى ئوق ئەنە

شۇلارنىڭ. جىن شۇرىن ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمى جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ دېھقانلار «غوجانىياز ھاجى پىچانغا كەپتەك» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا تەرەپ - تەرەپتىن تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ ئاستانىدىكى بىرنەچچە ئۆيلۈك گۆرۈكەش، جازانىخور، ئەپيۇنكەش قارا يۈزۈللارنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، داڭزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بۇتلىرىنى چېقىپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن!

— ھا - ھا - ھا ... ياشاپ كەت تۇرپانلىقلار، ئوغۇل بالىكەن! بىزمۇ شۇنداق باشلايمىز نۇرى! ... قېنى سۆزلە!

— ... مەخسۇت مۇھىتى ئۇلارغا باش بولۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە ما لۇيجاڭ دېگەننىڭ بىر يىلىك ئەسكىرىنى بىرنەچچە سائەتتىلا يوق قىلىپ، بىرنەچچە يۈز تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق - دورىغا ئېرىشىدۇ!

— ياشاپ كەت، ھە! ...

— مەرگەن، ئوۋچىلارغا قورال تارقىتىلىدۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈندىلا بىرنەچچە يۈز كىشىگە يېتىدۇ. تۇرپان، توقسۇن، پىچان دېھقانلىرى خۇش بولۇپ قوللىرىغا تاياق - توقماق ئېلىپ ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتىلارنىڭ كاتتا قورۇسىغا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۇلار قۇمۇل تاغلىرىدىكى غوجانىياز ھاجىغا يۇسۇپ دېگەن شوپۇردىن خەت ئەۋەتىدۇ. ئۇلار راسا كۈچىيىۋاتقاندا، 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ...

— توققۇز يىل بۇرۇن دېگىنە!

— ھەئە شۇنداق. گۇچۇڭدىن تۇرپانغا ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكەر كېلىدۇ. ئۇلار تۇرپان كونىشەھەردىكى جىن شۇرىننىڭ بىر لۇي ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىۋالسا ئىش چاتاق بولاتتى. شۇڭا، قوزغىلاڭچىلار كېچىلەپ يۈرۈش قىلىپ يوغانتېرەك دېگەن يەر ئارقىلىق كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

— ياشا!

— ئۇرۇش قاتتىق بولىدۇ. لېكىن، دۈشمەننى توسۇيالمايدۇ،

دۈشمەن تۈرپان شەھىرىگە كىرىۋالىدۇ!
— ھەي، ئاپلا!
— تاڭغا يېقىن ما لۇيجاڭغا ئۇرۇمچىدىن يەنە ياردەمگە ئەسكەر كېلىدۇ. بەزىلەر قاچايلى دەيدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ.
— ئوغۇل بالا!
— تاڭ ئالدىدا قاتتىق ھۇجۇم بولىدۇ. دۈشمەن ئۇرۇمچىگە قاچىدۇ.
— ھوششەرە!
— شۇ كۈنىلا خەلق ئىككى مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىدۇ. بىرقانچە مىڭ تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق - دورا، ئات ھارۋىسى، كىيىم - كېچەكلەرنى ئولجا ئالىدۇ. خەلق قوراللىنىپ كۈچىيىپ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەردە نەچچە مىڭ ئەسكەر بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ ئوقلىرى قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ، قىيقاس - چۇقان تۈرپان ئاسمىنىنى قاپلايدۇ. پىدائىيلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىپ دەرۋازىلارغا ئوت قويىدۇ. ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەك ئۆرلەيدۇ. ما لۇيجاڭ قورقۇپ كېتىپ ئوق ئېتىشنى توختىتىپ ئاق بايراق چىقىرىدۇ!
— ۋاي ئاناڭنى!
— قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن ئولجا بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.
— پاھ، تۈرپانلىقلار قالتىسكەن جۇمۇ!
— لېكىن، پىچانغا ھۇجۇم قىلماق تەس بولىدۇ. ئۇ يەردە خىل قوراللانغان نەچچە مىڭ ئەسكەر بار ئىكەن. ئاق ئورۇسلارنىڭ بىر پولك ئەسكىرىمۇ پىلىموت، زەمبىرەكلەر، خىل مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىكەن. رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى نۇرغۇن سوقۇش كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن خاۋارىچىلار - دە! مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ قورۇسىنى قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزى قوماندان بولىدۇ. ما شىمىڭ دېگەن تۇڭگاننى

شجاڭ ، ئىنىسى ماموت مۇھىتىنى لۈيجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ راسا تەييارلىق قىلىپ ، تۇرپان ، ئاستانا ، قاراغوجا ، لۈكچۈن ، توقسۇن ، سىڭگىم ، مورتۇق دېھقانلىرىنى بىردىن پولك ، باتالىيون قىلىپ باشلىقلىرىنى تەيىنلەپ ، مەشىق قىلدۇرۇپ 1933 - يىلى 1 - ئايدا پىچانغا يۈرۈش قىلىپ ئون ئىككى كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپمۇ پىچاننى ئالالمايدۇ !

— پاھ ! ۋاي كاپىرەي ، ئورۇسلارنىڭ ئىتلىقىنى !

— ئورۇشنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى قۇمۇل تەرەپتىن شېڭ زىخۈينىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى پىچانغا تۇيۇقسىز ياردەمگە كېلىپ ، ئارقا تەرەپتىن ئايروپىلان ، تۆمۈر كوڭكىلارنىڭ ياردىمىدە مەخسۇت مۇھىتلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرى لەمجىن ، خاندۇ ، سىڭگىم ئېغىزلىرىدا توسۇپ زەربە بەرگەن بولسىمۇ ، نۇرغۇن چىقىم تارتىدۇ ، ئاخىر تۇرپاننى تاشلاپ توقسۇنغا چېكىنىدۇ . 1933 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئىلاجسىز مەسلىھەتچىلىرى ئىمىنباي ھاجى ، لۈكچۈن ۋاڭى سايىتلارنى باشلاپ قاراغوجا قىسىملىرىنىڭ باشلىقى پولات پولكوۋنىكنىڭ مۇھاپىزىتىدە قۇمۇلغا غوجانىياز ھاجىنى ئىزدەپ ماڭىدۇ . ماموت ، ما شىمىڭلار ئەسكەرلەرنى يىغىپ قاراشەھەرگە كېتىدۇ ...

مەخسۇت مۇھىتى بىرنەچچە يۈز ئادىمى بىلەن ئارقا يول ، تاغ ئارىلاپ مېڭىپ بىر قونۇپ ئەتىسى قۇمۇلغا يېتىپ بارىدۇ . قۇمۇلنىڭ يېنىدىكى ئاستانە دېگەن يەردە شېڭ شىسەينىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان غوجانىيازنى تاپىدۇ . ئىككى باشلىق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ . ئۇلار سۆھبەتلىشىدۇ ، مۇڭدىشىدۇ ، پىلان تۈزۈشىدۇ . «كۈچىمىز ئاجىز ، ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلايلى» دەيدۇ بىرى . «ئۇ لومودى ، قورال يىغىپ ، كۈچ توپلىغىلى چىققانىكەن ! — دەيدۇ غوجانىياز خاپا بولۇپ ، — شىنجاڭنى تۇڭگول قۇمۇلنىمۇ ئېلىشىپ بەرمەي تىكىۋەتتى . يەنە چىقسا يەنە شۇنداق قىلارمىكىن . موڭغۇلىيە ، سوۋېت بىزگە باشپاناھ بولغۇدەك ، شۇلارغا تايىنايلى !»

غوجانىيازنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى، كىيىملىرى سوۋېتنىڭ ئىدى.

ئۇلار ئاخىر تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. غوجانىياز ئۆزىنىڭ تۆت پولك ئەسكىرىنى ئېلىپ مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرى يولغا چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خاندۇغا كېلىدۇ. ئاندىن لۈكچۈنگە ئورۇنلىشىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۇرپان، توقسۇن، پىچان خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ قوشۇن زورىيىدۇ. ئۇلار قارا شەھەرگە مامۇت مۇھىتىنى تېز كەلگىن دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي نەچچە يۈزلىگەن ئاق ئورۇسنى ئېغىر توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئەكېلىپ لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولىدۇ. دۈشمەن تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاخىر غوجانىيازلار شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىدۇ. دۈشمەن شەھەرگە كىرىپ شەھەر ئاھالىسىنى دەھشەتلىك قىرىدۇ، كوچىلاردا قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا داموللا شۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولىدۇ!

— ھەي ئىست!

— دۈشمەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشىنى كېسىپ لۈكچۈن، ئاستانىلەردە دەرەخلەرگە ئېسىپ سازايە قىلىدۇ. غوجانىياز ھۆڭگىرەپ يىغلاپ: «ھەي مەخسۇت، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماسمىدى» دەيدۇ.

— شېڭ دېگەن جاللات! كۆرسەن تېخى، كاللاڭنى ئۆز قولۇم بىلەن كېسىپ سازايى قىلمىسام! — غېنىنىڭ ئاۋازى تىترىدى.

— شېڭ شىسەي ئۈيلەرگە ئوت قويۇپ، خەلقنى قىرغىن قىلىپ پۈتۈن تۇرپاننى قانغا بويايدۇ. 3 - ئايدا ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا شېڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېگەن ئېسىل شائىرنى، پولاتقارى، تۆمۈر جىسا قاتارلىق ئون يەتتە ئادەمنى ئۇيغۇرلار قويۇق ئولتۇراقلاشقان يېڭىشەھەرگە ئاپىرىپ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىرىك تۇرغۇزۇپ ئەزالىرىنى بىر - بىرلەپ كېسىپ،

ئاندىن خەنجەر ۋە قىلىچ ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ . شۇنداق قىلسام خەلقنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ قوزغىلاڭ قىلالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ ئۇ . لېكىن ! ...

— مانا ئەمدى بىز قوزغىلىمىز ، قانغا قان ، جانغا جان ئالىمىساق ئوغۇل بالا ئەمەس !

— 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جىن شۇرېننىڭ ئەمەلدارلىرىدىن جاڭ شىن ، چېن دېلى ، جاۋ دېشۇ ، جىڭ رۇنچېڭ دېگەنلەر قوزغىلىپ جىن شۇرېننى غۇلىتىدۇ . جىن قاچىدۇ ، شېڭ ئورۇسلار بىلەن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىپ ھىيلە ئىشلىتىپ تەختكە چىقىۋالىدۇ . بۇ چاغدا كۆڭلىگە قىساس ئوتى تولۇپ تاشقان غوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت مۇھىتى 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى كۆكيار ئېغىزى ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭغا جازا يۈرۈشى باشلايدۇ . مورى ، گۇچۇڭلاردا شېڭ ئەسكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ . ئۇلار تازا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىزلا كۆلىغا — ئەنشىگە قېچىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭنىڭ زاكىر دېگەن نوغاي ئەلچىسى ما جۇڭيىڭ مورىغا كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ . غوجانىياز ھاجى : «ئىنىنەڭنى ، يەنە نېمە قىلارىكىن ؟ » دەيدۇ خاپا بولۇپ . باشقىلار ھەيران بولۇپ : «ئۇنىڭ ھازىر كۈچى زوركەن ، بىرلىشىپ كاپىرلارنى قىرىمىز ، سىلى خاپا بولدىلىغۇ ؟ » دەيدۇ .

ھاجىم گەپ قىلماستىن : «ئۇ لومودىنىڭ نىيىتى يامان » دەپلا قويىدۇ .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار ئۇچرىشىدۇ . يىگىرمە ئۇچ ياشلىق ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان قاڭشارلىق تۇڭگان يىگىت : «ھاجىم ئاتا ، ئەمدى سىلى نەيزىنىڭ دەستىسى بولسىلا ، مەن ئۇچى بولاي ، مەن مورىنى ئىككى سائەتتە ئالدىم . گۇچۇڭنى تۆت سائەتتە ئالىمەن ، ئۈرۈمچىنى ئالتە سائەتتە ئالىمەن ، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئالىمەن . بەش يۈز مىڭ ئەسكەر توپلاپ ، پۈتۈن جۇڭگونى ئالىمەن ، ئاندىن ئورۇسلارنى يوقىتىمەن ، چېگرامنى ھەرەمگە

تۇتاشتۇرىمەن !» دەيدۇ .

— پاھ ، ئىسكەندەر بولاي دەپتۇ ـ دە ، بۇ تۇڭگان . ئېيتە قېنى ، ھازىر ئۇ نەدە ؟

— ... ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھايات خەرىتىسىنى ئۆزى سىزىپ چىقىدۇ . ما جۇڭيىڭنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىنى بىلمەيمەن ، ئەمما غوجانىياز دېگەن بۇ ئۇلۇغ زات ھايات خەرىتىسىنى سىزىپ بولۇپ بىز بىلەن خوشلاشتى . بىز ئۇنىڭ خەرىتىسىنى تونۇشتۇرۇۋېرەيلى . ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلغاندا ، غوجانىياز كېلىشىم بويىچە جىمسارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . جىمساردىكى شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەر باشلىقى تەسلىم بولۇپ ، قورالللىرىنى ئەتىسى تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . شۇ ئارىلىقتا ما جۇڭيىڭ كېچىلەپ كېلىپ جىمساردىكى تەسلىم بولغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن قورالللىرىنى يىغىۋالىدۇ . غوجانىياز ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسىنىڭ قۇرئان پەتىسىگە كەلگەندە قاتتىق غەزەپلىنىپ : «جىمساردىن ئېلىۋالغان قوراللانى قايتۇرۇپ بەرگىن» دەيدۇ . ما جۇڭيىڭ : «تىزىملىمىدۇق ، كېيىن بېرەيلى» دەپ مۇجمەل جاۋاب بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن غوجانىياز ما جۇڭيىڭدىن نەپرەتلىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئايرىشنى قارار قىلىدۇ . نەق شۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئەلچىلىرى كېلىدۇ . ئۇنىڭ بىرى شېڭ شىسەينىڭ قۇگۇەنى ئەكبەر ، يەنە بىرى مەھمۇت غوجا دېگەن ئۆزبېك ئىدى . ئەكبەر دېگىنى شېڭ شىسەينىڭ بىرلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . مەھمۇت غوجا ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ : «ما جۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكىنىڭلار ياخشى . ما جۇڭيىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى ، ئۇ خەتەرلىك» ، «شېڭ بىلەن بىرلەشمىسىڭىز ياردەم توختايدۇ . بىز شېڭغىلا ياردەم بېرىمىز» دەيدۇ . غوجانىياز ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئون نەچچە نەپەر كېلىشىم قىلغۇچى ۋەكىلى كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ بىر ئادىمى بار ئىدى . شۇنداق قىلىپ 1933 ـ

يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى كېلىشىم ئىمزالىنىدۇ. كېلىشىم بويىچە غوجانىياز بارىكۆلدىن تارتىپ قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلارنى قوشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنى باشقۇرىدىغان، شېڭ شىسەي شىمالىي شىنجاڭنى باشقۇرىدىغان بولىدۇ. غوجانىياز ھاجىغا جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغدىغۇچى باش قوماندان دېگەن نام بېرىلىدۇ. مامۇت مۇھىتى بولسا برىگادا كوماندىرلىقىدىن 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى بولۇپ كۆتۈرۈلىدۇ. غوجانىيازغا شېڭ شىسەي يەنە ئون مىڭ تال مىلتىق، ئوق ـ دورا، ئون مىڭ دانە ئات، ئېگەر ـ جابدۇق بېرىدۇ. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا غوجانىياز ھاجى، مامۇت سىجاڭلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۈچۈڭ داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كېتىدۇ. دەسلەپ ئارغىبۇلاق ئېغىزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ ئۆزلىرى قارا شەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ.

— پاھ، ما جۇڭيىڭ دېگەن توڭگانچۇ؟

— ئۇ زىنچۇەنزى دېگەن يەردە شېڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ، گۈچۈڭ، مورىلارنى تاشلاپ قېچىپ تۇرپانغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ مەغلۇبىيىتىنى غوجانىياز ھاجىدىن كۆرۈپ: «ھاجى ئاتا» دىن «ژىتامادى» غا بىراقلا كۆچىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش ئوتىغا ئايلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ھېلىقى ما شىمىڭ دېگەن توڭگان غوجانىيازغا قارشى سوقۇش قىلىدۇ. ئۇششاقتال ئۇرۇشىدا ما شىمىڭ مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا قاچىدۇ. ما جۇڭيىڭ غوجانىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكىنىگە، شېڭ بىلەن كېلىشىم قىلغىنىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئارغىبۇلاقتىن تاكى يەكەنگىچە بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىدۇ. قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇلاردا قاتتىق سوقۇشلار بولىدۇ. غوجانىياز سوقۇش قىلىپ چېكىنىۋېرىدۇ، ئاخىر ئاقسۇغا كېلىپ توختايدۇ. ئاقسۇدا غوجانىيازغا باي شىجاڭ دېگەن كىشى ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قورال، ئوق ـ دورىلىرى تۈگەشكە

ئاز قالغان، ھەربىر ئەسكەردە بىر تالدىنلا مىلتىق، ئون تالدىنلا ئوق قالغانىدى. غوجانىياز ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئېلىش ئۈچۈن موسۇل مۇھىتى، ھەمدۇل ۋاجىدىلارنى قەشقەرگە — سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىدۇ. سوۋېت تەرەپ مىڭ تال مىلتىق، ئون ئىككى دانە پىلىموت، بىرقانچە يۈز ساندۇق ئوق، گىرانات، تاپانچا، دۇربۇنلارنى بېرىدۇ. ئابلىراخۇن ئىسمىلىك بولشېۋىك ئۆزى بىللە كېلىپ بۇ قوراللارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرىدۇ. غوجانىيازنى خوش قىلىۋېتىدۇ.

— سوۋېتنىڭ كۆچى دېگىنە ھاجىمنى ئۆرە قىلغان؟

— شۇنداق. ئۇ كىشى شۇ يولنى تاللىغان. باشقا يول تاللاشقا ئىمكان يوق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىش ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى. شېڭ شىسەيمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى قالمىغان، بويسۇنۇش ھوقۇقىلا قالغانىدى. ئۇلارنى ما جۇڭيىڭ شۇنىڭغا مەجبۇر قىلغانىدى. غوجانىياز ۋە مامۇت مۇھىتىلار قارايۇلغۇن دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا باي شىجاڭ قۇربان بولىدۇ. غوجانىياز قەشقەر، يەكەنلەرنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن 1933 - يىلى 12 - ئايدا پۈتۈن زاپاس قوراللارنى يۈزلىگەن تۆگىلەرگە ئارتىپ ئۈچتۇرپان قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ ماڭىدۇ، تېز يۈرگەچكە بىر قونۇپلا ئاتۇشقا كېلىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە سابىت داموللام قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بار ئىدى.

— پاھ، قالتىسكەنغۇ، ھە، سابىت داموللام دېگىنە!

— بىراق، ئۇ جۇمھۇرىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن غوجانىياز ھاجىم بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ پرېزىدېنتى بولۇشنى رەت قىلىدۇ. سابىت داموللا غوجانىيازنىڭ ئالدىغا ئاتۇشقا كېلىدۇ. غوجانىياز نېمىلا بولمىسۇن ئاخىر قەشقەرگە بارىدۇ. لېكىن، ئۇزۇن تۇرمايلا مامۇت سىجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن

ئېلىپ يېڭىشەھەرگە قوغلاپ كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئون يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. سابىت داموللا مىڭدىن جىق ئەسكىرى تۇرۇپ بىر ئەسكىرىنىمۇ ئۇرۇشقا سالمايدۇ.

— پاھ، سابىت داموللىنىڭمۇ ئەسكىرى جىقكەن – ھە؟ ئۇنى كىم يۆلىگەن نۇرى؟

— ئۇنى ئەنگلىيە كونسۇلى، تۈركىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى كونسۇلى يۆلىگەن. بۇ چاغدا قەشقەر رايونىدا بىرنەچچە ھەربىي كۈچ بار ئىدى. ئاساسلىقى: توقسۇنلۇق ھارۋىكەش تۆمۈر ئېلى 1932 – يىلىنىڭ ئاخىرى 1933 – يىلىنىڭ بېشىدا كۇچالىق ھەمدەمبەگ ھاجى بىلەن بىرلىشىپ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، غوجانىياز ھاجىلارنىڭ قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ماسلىشىپ كۇچا، ئاقسۇلارنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ توختىغان. ئۇنىڭغا ھېلىقى مامۇت سىجاڭ بىلەن قاراشەھەرگە ئورۇنلاشقان ما شىمىڭنىڭ ما جەنساڭ (چولاق سىلىڭ) دېگەن ئادىمى يۈزدەك ئەسكەر بىلەن قوشۇلغان. ئۇمۇ قەشقەرگە كەلگەن. ما زىخۇي دېگىنى شۇ. تۆمۈر ئېلى قەشقەردە، ما زىخۇي يېڭىشەھەردە تۇراتتى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىكلاردىن ئوسمان ئېلى، ئوراز، جانىبېك قازى، خال غوجا، ھادى، ھەيت مۇبارەك، يۇسۇپجان قۇربېشى، سېيىتۋالدىجان دېگەنلەر جۇڭگو زېمىنىغا كىرىۋېلىپ باسمىچىلىق قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلارمۇ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىدىن باشپاناھلىق ئىزدەيتتى. ئۇلاردىن باشقا، سابىت داموللا دىنىي ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇغان ئاتۇشلۇق دىندار ئىدى. ئۇ ئادەم مىسىر، تۈركىيە، ئەرەبىستانلاردا زىيارەتتە يۈرگەندە، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاڭلىغان بولغاچقا دەرھال خوتەنگە قايتىپ، بىر تەرەپتىن مۇدەررىسلىك قىلغاچ، بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلغان. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شۇ كۈنلەردە ئەمىر ساھىب (نۇرئەھمەد)، شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا مەخدۇم)، مۇھەممەت نىياز ئەلەم ۋە توقسۇنلۇق

ئابدۇلخەبىر ھاجى دېگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەننى دەرھال ئىشغال قىلغان، كونا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ دىنىي ئۆلىمالار ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سابىت داموللا، جانىبېك قازى، شاھ مەنسۇرلار قەشقەرگە كەلگەن. شاھ مەنسۇرنىڭ: «تۆمۈر دېگەن بىر ھارۋىكەش، ئۇ بىكارغىلا پالاقلاپ يۈرىدۇ، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ!» دېگەن گېپى تۆمۈر ئېلىغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئېلى غەزەپلىنىپ خوتەنلىكلەرنى قورالسىزلاندۇرۇپ، باشلىقلىرىنى نەزەربەند قىلىۋەتكەن. تۆمۈر ئېلى يەكەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھاپىز لۈيجاڭنى، ئوسمان ئېلى ئوراز تۈەنجاڭنى ئەۋەتكەن. يەكەن ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولغان. لېكىن، ئوراز تۈەنجاڭ تەسلىم بولۇپ قەشقەرگە كېلىۋاتقان يەكەن ئەمەلدارلىرىنى بۇلاپ قىرغىن قىلغان. يەكەن ئەمەلدارلىرى يېڭىشەھەردىكى ما زىخۇينىڭ ھىمايىسىگە ئۆزىنى ئاتقان. قەشقەردە تۆمۈر ئېلى، ئوسمان ئېلى، ما زىخۇيلار بىر - بىرىگە قارشى ئۈچ ھەربىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشقان. تۆمۈر ئېلى ما زىخۇيدىن تامغا تارتىۋالغاندا، بۇ ھارۋىكەشنى ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ھېسابلاپ يۈرگەن تۇڭگانلار بۇنى قاتتىق ئار ئالغان. ئوسمان ئېلى ئۆزىنى قەشقەرنىڭ ئازاد قىلغۇچىسى ھېسابلاپ تۆمۈرنى ياراتمىغان ۋە ئاچچىقلاپ تاغقا قاراپ ماڭغان. تۆمۈر ئۇنى قوغلاپ يوقىتىشقا ما زىخۇينى بۇيرۇغان. ما زىخۇي ئاستىرتىن ئوسمان بىلەن بىرىكىۋالغان. تۆمۈر ما زىخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆزەتكىلى بېرىپ، قايتىش يولىدا ما زىخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى توختىتىپ ۋاقتىدا كېلىشمىدىڭ دەپ تەنقىد قىلغان. شۇ يەردىلا تۇڭگانلار تۆمۈر ئېلىنى ئېتىۋەتكەن. «قەشقەرنى كىم پەتھى قىلغان؟» دېگەن تالاشنىڭ ئاخىرى تۆمۈر ئېلىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان. قەشقەر ما زىخۇينىڭ قولىدا قالغان. خەلق چىدىماي ئوسمان ئېلىگە ئادەم ئەۋەتكەن. ئوسمان ئېلى سوقۇش قىلىپ ما زىخۇينى قوغلاپ چىقارغان.

ئوسمان ئېلى قەشقەرنى ئىككى قېتىم پەتھى قىلغان «غازى ئوسمان پاشا» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. ئۆزبېك، ئۇيغۇر ھەربىي باشلىقلىرىمۇ ئوسماننىڭ باش قوماندان بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغان.

— پاھ، مۇنۇ ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرنى ئۆلتۇرۇپ قىرغىزنى كۆتۈرگەن دېگىنە؟ تۆمۈر ئېلىگە ۋابال بوپتۇ. ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ قىرغىزغا بويسۇنۇپتۇمۇ؟

— ھەئە شۇنداق ... مانا شۇ چاغدا سابىت داموللا نەزەربەندتىن بوشايدۇ. ئۇ: «مۇسۇلمانلار بىر - بىرىمىزنى قىرمايلى. مېنى سولىغان تۆمۈر ئېلى مۇسۇلمان، ئۇنى ئۆلتۈرگەن تۇڭگانلار مۇسۇلمان، تۇڭگانىنى قوغلىۋەتكەن قىرغىز مۇسۇلمان. بىز نېمىشقا بىر بولۇپ شىڭ دېگەن دىنسىزغا قارشى تۇرمايمىز!» دەيدۇ.

— توغرا، قەنتتەك گەپ!

سابىت داموللىنىڭ گېپى باشقىلارغا ياراپ كېتىدۇ. ئۇنى ئوسمان ئېلى، يۇسۇپجان قۇربېشى، سىيتىۋالدىجان دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەربىي باشلىقلار ھىمايە قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئوسمان ئېلىنى ئۆز قىرغىز كاتتىۋاشلىرى گۇناھ تېپىپ جازالاپ، يەكەنگە ھادى دېگەن بىلەن قوشۇپ پالىۋېتىپ ئوراز دېگەننى تىكلىۋالىدۇ. سابىت داموللا مۇشۇ ئۈچ كۈچنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزبېك بايلار، ئۇيغۇر دىندارلار، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن 1933 — يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە غوجانىياز ھاجىنى پرېزىدېنتلىققا تەكلىپ قىلىپ ئاتۇشقا ئالدىغا كېلىدۇ. غوجانىياز ھاجى ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. سەۋەبى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىكرى بولماي تۇرۇپ ئۇ گەپ قىلالمايدۇ - دە. ئەمەلىيەتتە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تولىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۆزبېك، قىرغىز باندىتلىرى ۋە يەرلىك دىندارلار ئىكەنلىكىنى غوجانىياز بىلىدۇ.

غوجانىياز ھاجى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا قەشقەرگە كېلىپ روزى ھېيت نامىزىنى ئۆتەيدۇ . خەلق ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئامانلىق تىلەيدۇ . لېكىن ، ئۇ تېزلا مامۇت سىجاڭ باشلىق ئاساسلىق ھەربىي كۈچنى قاغىلىق تەرەپكە ماڭغۇزۇۋېتىپ ، ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەرگەن سەكسەن مىڭ قويىنىڭ ئورنىغا قورال ئېلىش كويىدا يۈزدەك ئادەم بىلەن ئاتۇش ئارقىلىق ئاغۇ ، تىگۈرمىتى تەرەپكە كېتىدۇ .

بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىگە يېگىرمە مىڭدىن كۆپ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئوتتۇز ئۈچ كۈن ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغان ، كېيىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا ، زەمبىرەكلەر بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان مەزگىل ئىدى . ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ئاغلاپ سابىت داموللا ، يۇسۇپجان ، ئورازلار شەھەرنى تاشلاپ قاچىدۇ . ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە كىرىدۇ . شۇ چاغدا يۇسۇپجان قۇربېشى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ما جۇڭيىڭغا ئېغىر زەربە بېرىدۇ . ما جۇڭيىڭ غالجىرلىشىپ قەشقەرنى ئىككى قېتىم قىرغىن قىلىدۇ . بۇلاپ ـ تالاپ قانغا بويايدۇ . ئۇ يەنە غوجانىيازنى قوغلاپ تار دېگەن يەردە ئېتىشىدۇ . نۇرغۇن يېزىلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرىدۇ . غوجانىياز ھاجى يەتمىش يەتتە ئادىمى بىلەن ئۆلۈمچاتقا قېچىپ بارىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالغان قورالنى ئېلىۋېلىشقا چېگرا قاراۋۇلىنىڭ باشلىقى ئىسھاقبېكتىن ياردەم سورايدۇ . غەلىتە ئىش ، مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە ، غوجانىياز ھاجى شۇ يەردە تۇرغان چېغىدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىسھاقبېك ، ئاتىشبېكلەر ئارقىلىق غوجانىياز ھاجىنى تۇتۇشنى پىلانلىغانىكەن . بۇ بەلكى غوجانىياز سابىت داموللىنىڭ ھۆكۈمىتىگە باشلىق بولۇشنى قوبۇل قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن بولغان ئىش بولسا كېرەك . لېكىن ، ئىسھاقبېك ، ئاتىشلار بۇ ئىشنى چىپاق قازىنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىق ئۈستىدە ئىجرا قىلماقچى بولغاندا ، چىپاق قازى قارشى چىقىپ : «دىن ئۈچۈن جاپا

چېكىنگەندە ئىنقىلابچىنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ بەرمەيمەن !» دەپ قوغداپ قالغان . غوجانىياز ئۇلۇغچاتتا تۇرۇۋاتقاندا ، سوۋېت كونسۇلى بىر تاتار ئادەمنى ئەۋەتىپ غوجانىياز ھاجىغا سابىت داموللا ، زىرىپ قارىيھاجى ، جانىبېك قازى ، سۇلتانجان باشلىق ئون ئۈچ كىشىنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇپ ، شېڭ شىسەينىڭ يازغان خېتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان . غوجانىياز ھاجى ئەركەشتامدا بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىمۇ ، سوۋېت ئادەملىرى سابىت داموللىنى ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى ، تۈركىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى كونسۇلىدىن قورال ئالغان دەپ نۇرغۇن قېتىم ئەيىبلىگەن ...

ئاخىر ئىسھاقبېك ، چىپاق قازىلار غوجانىياز ھاجىنى تاغ يولى ، بوستانتېرەك دېگەن يەر بىلەن يېڭىسارنىڭ بىر كەنتىگە ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ . غوجانىياز ھاجى شۇ يەردىن سابىت داموللىنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ ۋە ئوسمان ئېلىنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خەت يازىدۇ . بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قىسملىرى شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىبلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ . شاھ مەنسۇر بىلەن ئەمىر ساھىب ئۆلىدۇ ، ئەسكەرلىرى قىرىلىپ تۈگەيدۇ !

— سابلا ئۇيغۇرلار ـ ھە ؟

— خوتەندە باش قوماندان بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئىككى ئىنىسى ۋاپات بولۇپ ، ئەسكىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ . غوجانىيازنىڭ پولك باشلىقى ئابدۇغوپۇر يەكەندە سابىت داموللىلارنى قولغا ئالىدۇ . سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئاتمىش كۈن ئۈمۈر كۆرۈپ كەچ كۈزدىكى ماماكاپ گۈلىدەك توزۇپ كېتىدۇ . غوجانىياز بىلەن مامۇت سىجاڭلار يەكەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان ئىچىدىكى تەبىئىي توغراقلىق بىلەن ئاقسۇغا قايتماقچى بولىدۇ . بۇنى ئاڭلاپ ما جۇڭيىڭ قىسملىرى كېچىلەپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ . غوجانىياز تاسلا قالىدۇ جېنىدىن ئايرىلغىلى . ئۇ ئەتىسى ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئاقسۇغا يولغا

چىقىدۇ. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەييارلىق قىلىپ ئاقسۇدىن ما جۇڭيىڭنى جازالىغىلى مارالبېشىغا بارغاندا، ئەنگلىيە كونسۇلى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىغا: «خەلقئارا قائىدىنى بۇزۇپ، ئەسكەر چىقاردىڭلار!» دەپ نارازىلىق خەت تاپشۇرىدۇ.
— رۇس ئەسكەرلىرى راست كىرگەنمىكەن؟
— شۇنداق. ئۇلار غوجانىيازنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇۋالغانىكەن!
— ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرىۋېتىدىغان چاغ كەپتىكەن، ھەتتىگىنەي، ئىنگلىز دېگەن قانداق ھېچىقىز ئۇ؟! — غېنى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ھە، قېنى سۆزلە، ئەجەب جىق بىلىدىكەنسىنا! ...
— ما جۇڭيىڭ قەشقەرنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ما خۇسەن دېگەن يېزنىسى ۋە باشقا باشلىقلار بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالىدۇ. ئۇ سوۋېتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئىككى يۈز دەك ئەسكىرى بىلەن يىگىرمە سەككىز تۆگىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئارتىپ سوۋېتقا قورال سېتىۋالىمەن دەپ كېتىدۇ ـ دە، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىدۇ. ما خۇسەن پوسكامنىڭ نېرىسىنى ئىگىلەيدۇ. ماخۇت سىجاڭ قەشقەرنى ئىگىلەيدۇ. ئوسمان ئېلىنىڭ ئادەملىرى ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەچكە، ئۇ ماخۇت سىجاڭدىن پاناھ تىلەپ قەشقەرگە كېلىشىگىلا ماخۇت سىجاڭ ئۇنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بېرىدۇ.
— نېمىشقا ـ ھە؟ ئۇ غوجانىيازغا يېقىن ئىكەنغۇ؟
— 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غوجانىياز ئۇنى قوبۇل قىلىپ ماختىغان بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنىنى ئۇ قوغدىمايدۇ ـ دە! ئوسمان ئېلى تېخى بۇلتۇرلا سابىت داموللىلار بىلەن تۈرمىدە بار ئىكەن، توختىبېك، مۇھەممەت سالى قازى قاتارلىق بەش كىشىمۇ بىللىكەن دەپ ئاڭلىدىم.
— غوجانىياز ھاجى ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىپ ئۆزى ساق

قالالىدىمۇ؟ ئۇنىمۇ تۇتتىغۇ ئاخىر؟ ...

— شۇنداق ، شېڭ دەسلەپتە ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغدىغۇچى قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ بېكىتكەن بىلەن ئايىغى ئۇنداق بولمىدى . چۈنكى ، شېڭ شىسەي ئۇرۇمچىدىكى چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ ئۆزىگە ھاكىمىيەت ئېلىپ بەرگەن ، شۇنچە يانتاياق بولغىنىغا قارىماي ئۆلتۈردى ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ ئالايلۇق ، يۇسۇپجان ، سېتىۋالدىجان پولكى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ سەپەرگە چىققاندا ، سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى . يۇسۇپجان مەكتىكە قېچىپ كەتتى ، ئۆزبېك ئىشان يۇسۇپجاننىڭ مال - مۈلكىنى قەستلەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، قالغانلىرى تارمار بولدى . ئەمدى قالغىنى ما خۇسەن بىلەن مامۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرى ، خالاس .

غوجانىياز ھاجى گارنىزون قوماندانى نامى بىلەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇردى . شېڭ شىسەي قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مامۇت سىجاڭ قىسمىغا لىۋ بىڭ دېگەننى قوماندان قىلىپ ، مامۇت مۇھىتىنى مۇئاۋىنلىققا چۈشۈرۈپ ، قوشۇمچە 6 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى قىلىپ قويدى .

شېڭ شىسەي غوجانىياز ھاجىنى ئالداپ يوقىتىش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتمايلا ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس دەپ ھاجىغا ئۇقتۇرىدۇ ۋە ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىدۇ . غوجانىياز ئۇرۇمچىگە بېرىشقا ئۇنىمايدۇ . سوۋېت كونسۇلى ئاپرىسوف ئاتايىن ئاقسۇغا كېلىپ غوجانىياز ھاجىغا نەسىھەت قىلىپ ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، رۇسچە توختامنامە - كاپالەتنامە يازىدۇ ۋە ئۇنى ئۇرۇمچىگە بېرىشقا قاتتىق دەۋەت قىلىپ ھاياتىغا كېپىللىك بېرىدۇ . مامۇت سىجاڭ بۇ ئىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ھەم غوجانىياز ھاجىغا تۆمۈر خەلىپە پاجىئەسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ . لېكىن ، غوجانىياز ھاجى ئاخىر 1934 - يىلى

8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ . شېڭ شىسەي ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا ئەزىمخان تۆرە ، قاسىم ئەپەندى ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ، ئاق موللا قاتارلىق مۇھىم ئادەملەرنى بىللە ئىشلەشكە قويىدۇ . غوجانىياز ھاجى شىنخەي ئىنقىلابىدىن تارتىپ بىرمۇ ئۇيغۇرنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئورناتمىغان ياڭ ، جىن ھۆكۈمەتلىرىنى بىلەتتى . شېڭ شىسەي ئۇلارغا ئوخشىمايتتى . تۇنجى بولۇپ ئۆلكىگە ئۇيغۇردىن مۇئاۋىن رەئىس قويىدى . نازىرلار ، مۇشاۋىرلار ، دوتەيلەردىن ئۇيغۇرلار كۆپ بولدى . ھەممىلا ئورۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەر ، خادىملار بار ئىدى . بۇنى كۆرۈپ ئۇ خاتىرجەم بولدى . لېكىن ، ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ نامى بار ، ھوقۇقى يوق قورۇق جازا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى . ئۇ كۆڭلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئوۋچىلىق قىلىش ، شاھمات ئويناش ، ئانچە ـ مۇنچە سودا ـ سېتىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى .

شېڭ شىسەي ماموت سىجاڭدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنى ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ قايتا ـ قايتا تېلېگرامما يوللىدى . لېكىن ، ئۇ كەلمىدى . 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇ ھەربىي ھوقۇقىنى ئابدۇنىيازغا تاپشۇرۇپ بېرىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى .

— ئۇ تولىمۇ سەزگۈر ئادەم ئىكەن ـ دە !

— شېڭ شىسەي ما خۇسەن قىسىملىرىنى تازىلاشقا تۇتۇش قىلغاندا ، ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەن بىرىكىپ شېڭ شىسەيگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى . قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچالاردا قاتتىق سوقۇشلار بولدى . شېڭ شىسەي مەغلۇپ بولدى . ئۇ ئاخىر سوۋېتقا يالۋۇردى . سوۋېت كۇچلۇك ئەسكەر كىرگۈزۈپ بۇ «ئىسيانچى» لارنى ئاخىر باستۇردى .

شېڭ شىسەي شۇ يىلى ، يەنى 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غوجانىياز ھاجىنى قولغا ئالدى . جاڭ

شىڭ، ما شاۋۋۇ، مەنچۇكجاپ قاتارلىق ھەر خىل مىللەتتىن سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى بىراقلا تۇتقۇن قىلدى. غوجانىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي يىغىن دەپ چاقىرىپ، ئوتتۇزدەك ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قولغا ئالدى. ئۇنى «خائىن» دېدى. پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى جەبىر - زۇلۇمنى يوقىتىشقا بېغىشلىغان، خەلقىگە كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرسىتىشنىلا مەقسەت قىلغان قەيسەر ئادەم كىمگە خائىنلىق قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ھايات يولى، ئۆمۈر خەرىتىسى مانا مۇشۇنداق. ئۇ ۋىجدانىغا، خەلقىگە، ھەتتا بېشىنى سىلىغان سوۋېت ھۆكۈمىتىگە خائىنلىق قىلمىدى. بىزنىڭ خەلق ئۇچۇن جېنىنى ئاتىغان يۈزلىگەن - مىڭلىغان پىدائىيلىرىمىز زالىملارنىڭ، جاللاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا مانا مۇشۇنداق چەيلەندى.

غوجانىياز ھاجى تۈرمىدە بىر يىلچە ياتتى، كېسەل بولۇپ كەتتى. كونسۇل ئاپرېسوف ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىدى. موسكۋادىن كەلگەن سوراقچىلار ئۇنى سوتلاپ «ياپون» جاسۇسى دەپ ئېلان قىلدى. ھاشىم ھاجى دېگەن جاللات ئادەملىرى بىلەن غوجانىياز ھاجى باشلىق بىر يۈز سەككىز ئادەمنى سىرتماق سېلىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ جىنايەت پاكىتىنى ئويدۇرغانمۇ، سوراق قىلغانمۇ، دارغا ئاسقانمۇ ئۆز ئادەملىرىمىز. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن بىرلا ئىش كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى سېتىش، ئۆلتۈرۈش! ...

غېنى مىچىلداپ يىغلىدى، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىكى ئۇيۇل - ئۇيۇل مۇسكۇللىرى گويا ئوق تەگكەندەك سىلكىنەتتى:

— قىساس ئالىمەن. شېڭ دېگەننىڭ كاللىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالىمەن!

تاغ ھاۋاسى ئاجايىپ، ھاۋادا بىردىنلا چاقماق چېقىلدى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

## 20

نىلقا شەھىرى قاش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان تولىمۇ گۈزەل ، يېقىملىق ، كۆڭۈللۈك شەھەر . بولۇپمۇ ياز ئايلىرىدا ئاساۋ ئاتتەك بەڭۋاش دەريانىڭ كۆيلىرى كۆچىيىپ ، نە ـ نەلەردىكى شېرىن ئۇيقۇلارنى قاچۇرىدۇ . بوك ئورمانلار ، قىيىنلارنىڭ ئاپئاق غوللىرى پەسىل شادلىقىدا مەغرۇرلىنىپ يالت ـ يۇلت قىلىپ يىراقتىن كۆزنى چاقىدۇ . شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ كوچا ۋە دەريا بويىغا سازلىقنى ئارىلاپ كەتكەن چىغىر يوللاردا خىلمۇخىل كىيىنگەن ئۇيغۇرلار ، قازاقلار ، تاتارلار ، تۇركلەر ، موڭغۇللار ، رۇسلار ۋە سۇرلۇك چېرىكلەر ئۆزلىرىنى يۇرت غۇرۇرى بىلەن مەغرۇر تۇتۇپ كىدىيىپ ماڭىدۇ . كونا بازار ، تۇرك مەھەللە ، سار مەھەللە ۋە دەريا بويىدىكى شائىر ل . مۇتەللىپ مەھەللىسى بولغان چىغلىقمەھەللە ، دۆربىلجىن مەھەللىلىرى ھەممىگە تونۇش . چۈنكى ، بۇ يەردىن مەردلەر چىققان ـ دە !

... مانا ئۈچ ئاتلىق — مەڭزلىرى قىمىز ، گۆشتىن قىزارغان ، كۆزلىرى تولىمۇ نۇرلۇق غېنى ، نۇرى ۋە ئابدانبايلار شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئازگال — سايدىن ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ چىقىپ كېلىشتى . يوغان كۆزلىرى پۈلتىيىپ ، ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىپ تۇرىدىغان ، يۈزى كەڭ ، مەڭزى دۆڭ ، ئاق سېرىق ، گەۋدىلىك ئادەم — غېنى ئۆزىدەك يوغان ئالا ئاتقا مىنگەن . ئۇ ئات ئۈستىدە خۇددى كرېسلودا ئولتۇرغاندەك راھەتلىنىپ ئولتۇرماقتا . دۈمبىسىدىكى مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلى چۇچىلىق ئاق قىرغىز قالپىقىنىڭ ئۇچىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، ئۇ قىڭغىر ياقىلىق كۆك كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتكەن . ئۇ يېنىدىكى جىرەن غونانغا مىنگەن نۇرىغا :

— مەشەدە ئەپەندىچىلىك قىل ، نۇرى ، ھايت دېسەك ئەكبەر بىلەن پاتىخ تەييار ، ساڭا پاشمۇ زىيان سالالمايدۇ . ھېلىقى

ھەيدەر دېگەن ھېچىقىزنى ئۆزۈم جايلايمەن ! — دېدى ۋە يەنە ئۆزىچىلا ، — پاھ ، پاھ ، پاھ ، ساناپ باقسام غوجانىياز ، نەزەرخان غوجا ، تۇرداخۇنباي ، مەخسۇت مۇھىتى ، يەنە تۆمۈر ئېلى ، ئوسمان ئېلى ، سابىت داموللا ، شاھ مەنسۇر ... بىز خەقتىن يىگىرمە بىر ئەزىمەت شىڭنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ ... ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئالىمىز دەيدىغان ئوغۇل بالىدىن قانچىسى بار - ھە ؟ ئاخشام ئاڭلىدىڭغۇ ، ئىمىسىبوسىنىنىڭ كاللىسىنى تاغدا قارىغايغا ئاسقاندا ، ئوغلى ئەكبەرنىڭ قىساس ئالىمەن دەپ ئۇلاستايدا چېپىپ يۈرگىنىنى ! بىرگە ئون ، ئونغا يۈزنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك . مانا مەن شۇنداق قىلىمەن ! — دېدى .

ئۇلار ئاخشام تاغدىن ئۇلاستاي يېزىسىغا چۈشۈپ ئەكبەر باتۇرنىڭ ئۆيىدە قوندى . قارا بۇرۇت ، زىلۋا يىگىت ئەكبەر دادىسى ئىسبوسىنغا ئەگىشىپ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ ئوۋچىلىق ، ئوغرىلىق قىلىپ داڭق قازانغان . شىڭ ھۆكۈمىتى نۇرغۇن قېتىم ئۇلارنىڭ پېيىنى قىرقىشقا ئادەم قويدى . ئۇلار نۇرغۇن ئېتىشتى ، ئون يىل ، يىگىرمە يىل دېگەن ئۇلاستاينىڭ تاغ غولىدىن چۈشىدىغان شوخ سۇيىدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى . دادىسى موڭغۇل ئاشنىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا ، ئۆيى بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى . ئوغلى ئەكبەر ھازىر تاغ يولۇنىسىغا ئايلاندى ، ئۇنىڭ يۈرىكى قاپ ، كۆزى بۈركۈت . كۆزى يەتكەنگە ئۇنىڭ ئوقى يېتىدۇ ، كۆڭلىگە پۈككەنگە ئايىغى تەييار . ئۇ قورقۇش ، ئىككىلىنىش دېگەنلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ بولغان . ئۇ بايلارنىڭ ئۇيۇر - ئۇيۇر يىلقىلىرى ، قورۇ - قورۇ قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ نامرات مالچىلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىدۇ ياكى ئىلقا ناھىيە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى پاتىخ مۇسلىموف دېگەن كۆتمەك بۇرۇت ، ئوتتۇز نەچچە ياشلىق نوغايغا ئۆتكۈزىدۇ - دە ، قورغاس چېگراسىغا ئاپىرىپ ئورۇس ماللىرىغا تېگىشىپ ، ئەكەلگەن گەزماللىرىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلق سۆيىدىغان يىگىت . شۇڭا ، ئۇنىڭ

ئۆيدىن مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ. ئىككى خوتۇنى كۈن بويى مېھمان كۈتىدۇ. ئۇ دومبىرا چېرتىپ ئۆلەڭ ئېيتىدۇ. ئۇ سېرىقمايغا تېرىق مىلەپ يېيىشنى قانچە ياخشى كۆرسە، ئۆلەڭنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، غېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوست. ئۇلار ئاخشام شېرىكلىشىپ ئوغرىلاپ - بۇلاپ كەلگەن ئىككى يۈز ئاتنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قورالغا ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا پاتىخ بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىشنى غېنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. نۇرى گۆش يەپ تويۇنۇپ، يېنىچە يېتىپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىدى. بايىقى غېنىنىڭ قىساس ئالىمەن دېگەن سۆزلىرى ئاخشامقى سۆھبەتنىڭ ئاخىرى ئىدى.

مانا، ئۇلار دۆربىلجىن مەھەللىسىدىكى كۆك سىرلانغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلىرىنى موما ياغاچلارغا قاڭتۇرۇشتى - دە، ھويلىغا قاراپ مېڭىشتى. دەرۋازىسى جەنۇبقا قارىغان بۇ قورۇنىڭ ھويلىسى تولىمۇ چوڭ، جەنۇبىي سازلىق، نېرىسى دەريا ئىدى. تاغ تېرىكى، قارىغاي، ئارچىلار بۇ ھويلىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان. لاپاس چوڭ، ئىككى قەۋەت ئىدى. ئىككىنچى قەۋەت تېرە، يۇڭ ۋە مۈڭگۈزلەر بىلەن تولغان، سازلىقتا تۆگىلەر ئوتلىشىپ يۈرەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، غېنىكا! — يىگىرمە ياشتىن سەللا ئاشقان بىر يىگىت تاختا پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. ئۇ يېشىل كۆڭلەك، قارا ئىشتان كىيگەن، يالاڭۋاش، تولىمۇ چاققان، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى.

— سالام خەمىت! — دېدى غېنى ئۇنىڭ قوللىرىنى قىسىپ، — ئاكاڭ يوقمۇ؟

— ئىدارىسىدە، غېنىكا، مەن ھازىرلا باشلاپ كېلىمەن، قېنى ئۆيگە.

نىلقىنىڭ ئەڭ كاتتا بېيى، ھەممىلا يەردە گېپى ئاقىدىغان دىرېكتور پاتىخ مۇسلىموف توغرىسىدا نۇرى رەخىمجان ئاكىسىدىن ئاڭلىغانىدى. ئاسىيە ھەدىسىمۇ، سەبىخەمۇ ئۇنىڭ گېپىنى تولا

قىلغاندى . مانا پېشايۋاندا چاچلىرى سېرىق ، ئۇزۇن مەڭزى قىزىل ، لەۋلىرى ئالۇچىدەك ، زىلۋا بىر ئايال پەيدا بولۇۋىدى ، نۇرىنىڭ بىردىنلا پۈتۈن بەدىنى تونۇرغا چۈشكەن قورۇق پاخالدەك دەرھال ئوت ئالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا سەبىخەنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى تۇراتتى .

— ھە ، گۈلگىنە ، ماڭا بىر قاراپ كۈلگىنە ، پاھ ، پاھ ، ئەكەلگىنە قولۇڭنى ، ئېرىڭ يوق چاغدا بىر تۇتۇۋالاي ، — دېدى غېنى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈۋېتىپ ، — بولە ، ھېلىقى قولدىما دېگەن نوغاي نېرىسىغا تۇتۇش قىل . ۋودكا - پودكا دېگەنلىرىڭ باردۇر - ھە !

نۇرى مۇسابايوفلار ، سابىر ھاجىيوفلار ۋە نەزەرخان غوجىلارنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرگەن كىرىسلو ، سىم كارىۋات ، ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە تام مەش ، تام سائىتى ، ھەر خىل گىلەملەرنى ناھىيە مەركىزىدىكى تاتار ئۆيىدە تۈگەل كۆردى . لېكىن ، بۇ نەرسىلەر ھازىر ئۇنى ئانچە قىزىقتۇرماس بولۇپ قالغاندى . ئۇ : بىرلىرى ھەشەمەت ئۈچۈن ، بىرلىرى جۇل - جۇل ، ئاچ - زېرىنلىق ئۈچۈن خۇشاللىق تاپىدىكەن ، ئۇلارنىڭ بېرىدىغان لەززەتلىرىنىڭ تەمى ئوخشاش بولىدىكەن . ئادەملەر ياشاش ئۈچۈن تىرىشىسىلا دۇنيادا بۇنچە كۆپ نارازىلىق ، غەزەپ - نەپرەت ۋە كۆز يېشى ، قان تۆكۈلۈش پەيدا بولمىغان بولارىدى . ئىنسان ياۋايىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ قېنىنى شورىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسىغا قارشى نەرسىلەر كۆپىيىشكە باشلىغان . گۇرۇھ ، ئۇرۇق ، سىنىپ ، مىللەت ، دۆلەت دېگەنلەرمۇ ئىنسانلار ئىجاد قىلغان ، بىر - بىرىگە قارشى تۇرىدىغان مەنىۋى قورال ئىكەن . ئىنسانلار بۇ قوراللىرىنى چۆرۈۋەتسە دۇنيا گۈزەللىككە تولارىدى ، ئۇيغۇر ، ئورۇس ، خەنزۇ ، تاتار ، قازاق ··· دەيدىغان ئاتالما كۆپ خىل ، لېكىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان روھىي ئالاھىدىلىكلەرلا ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دوست قىلالايدىكەن . ئۇيغۇر بايلىرى ، رۇس

بايلىرى ، خەنزۇ ياكى قازاق بايلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ نامراتلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئوخشاپ كېتىدىكەن . ھەممە مىللەت ، ھەممە دۆلەت ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بايلار بايلارنىڭ ، نامراتلار نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىپ يىغىسىنى يىغلايدىكەن ... دەپ ئويلىدى . بايىقى تاتار ئايالنىڭ غېنى ئاكىسىنىڭ چاقچاقلىرىغا كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىپ ئائىلە خىزمەتچىسىنى :

— گۆھەرىيە ، بول ، پىچاقنى ئال ، سۇپۇرگىنى تاشلا ! — دەپ ئىشقا بۇيرۇغىنىنى ئاڭلاپ ، نۇرىنىڭ گۆھەرىيە ئىسىملىك تاتار ئايالغا تولىمۇ ئىچى ئاغرىدى . چۈنكى ، ئۇ يوغان ھويلىنى شىۋاق سۇپۇرگە بىلەن سۇپۇرۇۋاتقانىدى ، مانا ئەمدى گۆش پارچىلاپ ، ياغىيۇ ئاقلاشقا تۇتۇندى ، خۇددى ئاپىسى رەيھانگۈلدەك ، يېقىنى ئاسىيە ئاپپايدەك .

ئۇ كىرىسلودا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئاسىيە ، سەبىخە توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى .

سىرتتا بىرى غىڭشىپ تاتارچە ناخشا ئېيتماقتا :

ئەي تۇۋغان تىل ، ئەي ماتۇر تىل ،
ئەتكەم ـ ئەنكەمنىڭ تىلى .
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم ،
سىن تۇغان تىل ئارقالى .

نۇرى ئابدۇللا توقاينىڭ بۇ شېئىرلىرىنى يادلىۋالغان . سەبىخەمۇ بۇ بىر كۇپلېتنى ياخشى كۆرەتتى . گارمون چېلىپ جىرلىسا ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ، زىل ، ھېسسىياتلىق چىقاتتى . شۇ گارمون ، شۇ ناخشىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولدى .

— پاتىخ كەلدى ! — دېدى گۈلگىنە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ قايتىدىن ياسىنىپ پەيدا بولۇپ ، — ئۇ بىر ئورۇس بىلەن كىرىۋاتىدۇ .

پاتىخ مۇسلىموف — ئاق سېرىق ، قاڭشارلىق ، كۆتمەك بۇرۇت ، ئوتتۇرا بوي ئادەم غېنى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى . ئۇنىڭ بويى غېنىنىڭ مۈرىسىگە كېلەتتى . غېنى — سۇرلۇك ،

گەۋدىلىك ، ئاۋازى بوم ئادەم ئۇنىڭغا :
— شۇنداق چىرايلىق خوتۇننى تاشلاپ كېتىۋېرەمسەن ، ھەي نوغاي؟ — دەپ چاقچاق قىلىشىدى ، گەپكە ئۇستا پاتىخ :
— نوغاي دېگەن ئورۇستىن ئۆگەنگەن . نىكولاي شۇنداق چىرايلىق نېمىس خوتۇنى يىكاتىرىنانى تاشلاپ كەتكەن يەردە بىزگە نېمىدى؟ راستمۇ ، ئىۋان؟ — دېدى .
— راست ئايتاسىن ، بۇ ئوگرىما؟
— ئوغرى ، بايقىمىساڭ زىنارىڭنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ!
ئۇلار كۈلۈشتى . «زىنا» دېيىشىدى ، نۇرى ئالدىدىكى كۆكرەكلىرى ئايالالارنىڭكىدەك دۆڭ ، مەيدىسى يوڭ ، يوغان كۆك كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئىۋان ئىسىملىك رۇس يىگىتكە ھەسەت بىلەن قىزىقىپ قارىدى .
— بۇ ئورۇسنىڭ بال فېرمىسى قالتىس ، — دېدى پاتىخ ئىۋاننى غېنىغا تونۇشتۇرۇپ ، — چادىرتالدا پۇتۇن بىر غولنى بۇنىڭ ھەرىلىرى ئىگىلەپ بولدى . يىلىغا تۆت يۈز تۆڭ ھەسەل ئالىدۇ بۇ ئورۇس . ئۇستا مەرگەن ، چىۋىننىڭ بېشىنى چەنلىيەلەيدۇ!
ئۇلار يەنە كۈلۈشتى . پاتىخ گەپدان ، خۇشخۇي ، كىبىرلىك ئادەم ئىكەن . ئۇ نۇرىغا قاراپمۇ قويمىدى . نۇرىنىڭ ئاچچىقى تۇتتى . غېنى بۇنى سېزىپ قالدى :
— بۇ يىگىت نۇرى ئەپەندىم بولىدۇ ، تونۇشۇپ قوي ، پاتىخ . ئىشلىرىمىز ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا بۇ بالا ئۇيغۇردىن چىققان ستالىن بولالايدۇ!
— پاھ ، — دېدى پاتىخ نۇرىغا مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قاراپ قويۇپ ، — ستالىننى دورىمىسۇن ، مۇنۇ ئورۇسنىڭ يېنىدىلا دەۋېرەي ، بىز نوغايلار ستالىن ياشىسۇن دەپ ۋارقىرىمايمىز . نېمىشقا دەمسىنا؟ ئۇ ئون تۆت مىللەتكە رېسپۇبلىكا قۇرۇپ بەردى . بىرلا تاتارغا يوق . بىز رۇسلارنى قىرىق يىل سورىغان خەق . قازان بىزنىڭ پايتەختىمىز بولغان . قىرىم

بىزنىڭ ئىدى . تاتارلارنى بىكاردىنلا سىبىرغا ھەيدىدى ، قازاقىستانغا قوغلىدى ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تېرىقتەك تارقىتىۋەتتى . لېكىن ، بىز ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز !

— بولدى ، نوغىيىم قاقشىما ، مەن ساڭا تاتارىستاننى قۇرۇپ بېرىمەن !

تاتارلارنىڭ تۆھپىسىنى ئاڭلاپ نۇرى جىم تۇرالمىدى :

— پاتىخ ئاكا راست ئېيتىدۇ . بىزگە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن مۇشۇ تاتارلار . ياش زىيالىيلىرىمىز پەن ئۆگەنگەن دارىلمۇئەللىمىن يەنى دارىلمۇئەللىمىننىڭ مەكتەپ بولمىغان . خەنزۇلارغا شۆتاڭ ئېچىپ بەرگەن . ئۇيغۇرلاردا دىنىي مەكتەپلا بار ئىدى . مۇساجارۇللا ئۇسۇلى جەدىتنى بىزگە تاراتتى . مۇسابايوفلار قازان تاتارلىرىدىن نۇرغۇن ياخشىلىق كۆردى . ئۇلارنى ئەكېلىپ غۇلجىغا ئورۇنلاشتۇردى . ئۇنىڭ تېخنىك ، بوغالتىر ۋە باشقۇرغۇچىلىرى تاتار ئىدى . مۇتائالى خەلپىتىم تاتار موللىدا ئوقۇپ ئىلغار ئىدىيىلىك بولغان . ھەتتا تۇرپاندىن مەخسۇت مۇھىتىمۇ موسكۋاغا بېرىپ ھەببۇللا ئەپەندى ، گۈلەندەم ئابىستەي ، ئەلى ئىبراھىم ، ھېسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر مۇئەللىمنى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئەكېلىپ ، ئۆز يېنىدىن ئايلىق بېرىپ ، مەكتەپ ئېچىپ بەرگەن . ئۇلار نۇرغۇن ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئىلىم ـ پەن ئۆگەتكەن .

— يالغۇز بىزنىڭ قاشقىلا نوغايلار كەلمەپتىكەن ـ دە . شۇنىڭ ئۈچۈن قاشلىق دېسە خەقلەر تېلىقىپ كۈلىدۇ . ئەينەك دېگەننى كۆرمىگەن قاشلىق خوتۇنغا ئېرى شەھەردىن ئەينەك ئاچىقسا ، ئەينەكتىن ئۆزىنى كۆرۈپ توقال ئاچىقىپسەن دەپ ئېرى بىلەن سوقۇشقان ...

— شامنى چوكا ياغ دەپ يەپ بولغان ، سەرەڭگىنى قىزىل باش (كاپىر ) دەپ قويۇپ قويغان قاشلىق !

— مۇردىنى كۆمگىلى ئەكېتىۋاتقاندا ئالدىدىن توشقان چىقىپ قالسا ، مۇردىنى تاشلاپ قويۇپ توشقان قوغلىغان قاشلىق !

— بىر قاشقالىق قىمارۋاز ئۆتتۈرۈۋېتىپ قاشلىقنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئولتۇرسا ، خوتۇنى چىقىپ : «ھەي قاشقالىق ، بىزنىڭ ئىشىكتە قەرزلىك بارمىدى ؟ » دەپتىكەن ، قاشقالىق : «بار ئىدى » دەپتۇ . «قانچە ؟ » دېسە ، قاشقالىق : «بىر قېتىم » دەپتۇ . خوتۇن : «ۋۇي بېشىنى يەيدىغان ، شۇنىمۇ قەرز ئالغان بارمۇ ، يۇر ، مەن بىرىۋېتەي » دەپ قاشقالىقنى ئۆيىگە ئەكىرىپ «قەرز » نى تۆلىۋېتىپتۇ . ھا - ھا - ھا ...

پاتىخنىڭ بۇ چاقچىقى غېنىنىڭ يېغىرىغا تەگدى .

— ۋودكا ، جۇنلىرىڭ يوقمۇ ، ئولتۇرسەنغۇ پىخسىق نوغاي ؟ ! — دېدى ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ .

ئۆيگە بىردەمدىلا كاتلىت ، كاۋاپلار كىردى . بوتۇلكىلار تىكلەندى . ئادەملەر بىردەمدىلا ئونغا يەتتى . يېيىشتى ، ئىچىشتى ، ۋارقىراشتى ، كۈلۈشتى ، ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ بىر - بىرىنى تىللاشتى . مېھماندارچىلىقنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەڭ يېڭى مودىسى — قاتتىق مەست بولۇش يالىڭاچ بەدەن ، يالىڭاچ گەپ ۋە يالىڭاچ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىسىنى تاپتى .

نۇرى ئىچمەي تۇرۇۋېلىۋىدى ، غېنى ئېغىز ئاچتى :

— ئەتىدىن باشلاپ سەندىن ئايرىلىمەن . سەن مۇشۇ يەردە ئەپەندىچىلىك قىلىسەن . پاتىخنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ . راستمۇ ، پاتىخ ؟ ھە ، ئاڭلىغانسەن ، ئۇ ھەئە دېدى !

— خەمىت بىلەن بىللە تۇرسەن ، ئەتىلا بىللە بار ، مۇئەللىم بول ، ئوتتۇز دوللار ئايلىق ئالىسەن ، تامىقىڭ ، ياتىقىڭ بىكار .

— ئىچە ئەمدى نازىڭنى قويۇپ !

نۇرى ئىچتى ، يېدى ، مەست بولدى . ئۇ قاش دەرياسىدىن ئۆزۈپ ئۆتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ باشقىلار توسسىمۇ ئۇنىمىدى ، غېنى شاپىلاق بىلەن بىرنى قويۇۋىدى ، دەريا بويىدىكى تال ئاستىدا ئوڭدا ياتتى . شۇ ياتقىنىچە ئويغانمىدى . ئۇ ئەتىسى سىم كارىۋاتتا ئويغاندى . ئۆيدە پەرتۇق تارتقان گۆھەرىيە ئاپپاي ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . ئۇ :

— ئـاخـشـام ئـاسـيـه كېلـىپ باشلـىرىڭنى سىلـىدى ، ئويغانمىدىڭ ! — دېدى .

— ئاسىيە ، قايسى ئاسىيە ، سەبىخەنىڭ ئاپىسىما ، ئۇ ھازىر نەدە ؟

نۇرى كارىۋاتتىن يومزەكتەك سەكرەپ چۈشتى .

— سەن تېخى بىلمەمسەن ؟ ئاسىيە ھازىر تۆرك مەھەللىدە ، قىزى پەرىخە سار مەھەللىدە !

— سەبىخەچۇ ؟

— ئۇ قىزى ئۆرۈمچىدە يوقاپ كېتىپتۇ .

— نېمە ؟ !

نۇرى خۇددى تۇيۇقسىز كالتەك يېگەندەك چۆچۈپ كەتتى . ئۇ قايتىلاپ يەنە سورىدى :

— يوقىلىپ كېتىپتۇ دېدىڭىزما ؟

— ھەئە ، تۇيۇقسىزلا . ئاشۇ قىزىنىڭ دەردىدە ئاسىيە ئاپئاق باش موماي بولۇپ قالدى !

«يوقىلىپ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نۇرىغا ئايان ، نەزەرخان غوجا ، غوجانىياز ھاجىم ، مەخسۇت مۇھىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان پىدا بولغانلاردىن ناھايىتىمۇ نۇرغۇن ئـادەملـەر «يـوقىلىپ» كەتتى . شېڭ شىسەينىڭ قىلغان ئىشى ئىككى : بىرى مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، سانائەت ۋە مەدەنىيەتكە ئوخشاش يېڭىلىقلار ؛ يەنە بىرى ، تۈرمە . تۈرمىگە كىرگەنلەر ئەڭ ياراملىق ئادەملەر . يوقىلىپ كەتكەنلەر خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بـولـىـدىغان قەيسەرلەر ، كىمدەكىم كىچىككىنە تىلغا ئېلىنسا ، كۆزگە كۆرۈنسە ئۇ دەرھال يوقىلىپ كېتىدۇ . ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا شېڭ شىسەي موسكۋانى مەخپىي زىيارەت قىلىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشكەن . «ئۇ خەلققە بەخت يارىتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان . جۇ بىڭ نازىر بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى خەنزۇ كوممۇنىست بۇ ئىشلارنى سۆزلىگەندە نۇرى ئاڭلىغان . ھەتتا شېڭ دۇبەننىڭ پارتىيە ئەزالىق

كىنىشكا نومۇرى 185911 ئىكەنلىكىنىمۇ يادىدا ساقلىۋالغان . ئۇ جىۋىنىڭ نازىرىنىڭ دېيىشىچە ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ، ستالىنىنىمۇ ئالداپ ئۆزىنىڭ بىر جاللات ئىكەنلىكىنى ئاشۇ نومۇر بىلەن يوشۇرغان . ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۆلتۈرمىگەن بىرمۇ كۈنى يوق . ئۇ ھەر كۈنى ھەممىلا جايدا ئادەم ئۆلتۈرىدۇ . ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون مىڭدىن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ . بىرىگە گۇمان چۈشسىلا ئۇنىڭ قانلىق تىغى يېتىپ بارىدۇ . ئۇنىڭ خاھىشى باشقىلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ياكى يوقىلىشىنىڭ ئۆلچىمى — دېگەن يېرىدىن چىققانلار ھايات كەچۈرىدۇ ، چىقمىغانلار ياكى چىقالمىغانلار يوقىلىدۇ . ئۇنىڭ ئالداش ، قايمۇقتۇرۇش ، بىخۇدلاشتۇرۇش ئۇسۇلى تولىمۇ قالتىس . نەچچە مىڭ ئەسكىرى بار ئەزىمەتمۇ ، سەبىخەدەك ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان بىچارە گۆدەكلەرمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوخشاش ، ئۇلارنى ئالداپ - ماختاپ خۇش قىلالايدۇ ، خالىغان چېغىدا ئۆلتۈرەلەيدۇ !

نۇرىنىڭ ئەسەبىيلىك كېسىلى يەنە تۇتتى ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ، قوللىرى تىترەپ ، يەرنى تېپىپ ۋارقىرىغۇسى ، يىغلىغۇسى ، بىرىنى تىللىغۇسى كەلدى . ئۇ ئۆيدىن چىقىپ دەريا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى .

دەريا ئۇنىڭ غەزىپىگە ماسلىشىپ ، شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرۇپ ، تېز دولقۇنلاپ ئاقماقتا . قاش دەرياسى باتۇرلۇقنىڭ ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى . ئۇ قانچە - قانچە چوققىلاردىكى قارلاردىن ئېرىپ چىققان سۇ ، ئۇ قانچىلىغان ئىنسان ئايىغى باسمىغان جىرالاردىن سىرغىپ چىقىپ قوشۇلۇپ ، چوڭقىيىپ ، بوك قارىغايلارنى ، تىك غادايغان قورام تاشلارنى ، تەكەببۇر قويۇق توقايلارنى ھەيران قالدۇرۇپ تاشتىن تاشقا ، غولدىن غولغا سەكرەپ ئۆتۈپ باتۇرلۇق بىلەن چوڭقايغان تاغ سۈيى . شۇڭا ، ئۇ باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى . ئۇ ئۆتمىگەن توسۇق يوق ، ئۇ كەينىگە يانغان ئەمەس ، ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا شۈمشەيگەن ئەمەس ، ئۇ بىر تەڭدىشى يوق

قــەھــرىمان . ئۇ ئەڭ ئېسىل گۇللەرنىڭ ھىدى ، ئەڭ شىپالىق ماددىلارنىڭ تەمى ، ئەڭ پاكىز دۇردانە تامچىلارنىڭ يىغىندىسى . شـۇڭـا ، ئـۇنـى ئىچسەڭ تېنىڭ يايرايدۇ ، جېنىڭ روھلىنىدۇ ، ۋۇجۇدۇڭ چەكسىز راھەتلىنىدۇ . ئۇ تاغ ھاۋاسىدەك ، بوۋاقنىڭ قەلبىدەك ساپ - پاكىز .

نۇرى دەريا بويىدا ئۇزاق ئولتۇردى . ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدىنمۇ ھېسسىياتلىق ، پىكرى چوڭقۇر ئون توققۇز ياشلاردىكى يىگىت . ئـۇمۇ قاش دەرياسىنىڭ سۇيىدەك خەتەرلىك چوققىلار ، چوڭقۇر ھــاڭ ، تىك قورام تاشلاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ ، ھاياتنىڭ بالىلىق - گۆدەكلىك پەسلىدىن ئۆلغىيىپ ، ئۈمىد - ئارزۇ ۋە غەيرەت - شىجائەتكە ئەڭ باي بولغان ياشلىق پەسلىگە قەدەم قويدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يىللار ئەقىل - ئىدراك يېتىلدۈردى ، يەنە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇرلارغا خاس خىسلەت يېتىلدۈردى . ئۇ يولۋاسقا ئـوخـشـاش يـالـغۇزدىن - يالغۇز چۆل - دالىدا ئۇخلىيالايدۇ ، ئۇچرىغانلا جانغا ھۇجۇم قىلالايدۇ . ئۇنى يىللار ئەقىل - بىلىم بـىـلـەن مـۇكـاپاتـلـىـدى . ئـۇ ھـازىر ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىلىرى ، تارىخ ، پەلسەپە ، ئەدەبىيات ، ئېستېتىكا ۋە تەبىئىي پـەنـلـەرنـىـڭ قانۇنىيەتلىرىنى خېلىلا مۇكەممەل ئىگىلىدى . ئۇ يـەنـئـەن ، نـەنجىڭ ، موسكۋا ، بېرلىن ، لوندون ، ۋاشىنگتون ، تـوكيو ، رىم ۋە ئۇرۇمچىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ، تېرمومېتىرى ئـۇستـىـدە ، دۇنـياغا تونۇلغان ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىل ، گىتلېر ، مۇسسولىنى ، ماۋ زېدۇڭ ، جياڭ جيېشى قاتارلىق كاتتا شـەخـسـلـەرنـىـڭ سـىـيـاسـىـي تـەشـەبـبـۇسلىرى ۋە شەخسىي خـۇسـۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ نەچچە سائەتلەپ سۆزلىيەلەيدۇ . شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى بولسا بەش قولدەك بىلىدۇ . ناۋادا بىرى توساتتىنلا : «تۆمۈر سىجاڭنى ئـۆلتۈرگەن ما جەنساڭ قەشقەر كونىشەھەردىن قانچىلىك بايلىق ئەكەتكەن ؟ » دەپ سوراپ قالسا ، ئۇ دەرھاللا : «ئون نەچچە چارەك

تىللا ، ئون نەچچە چارەك زىخچە ئالتۇن ، يۈز تۇننا كۈمۈش» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ . يەنە مەسىلەن ، «ما جۇڭيىڭ جىمسارىدىكى شىڭ ئەسكەرلىرىدىن نەچچىلىك ئات ، نەچچىلىك قورال ئېلىنغان ؟» دېسە ، ئۇ دەرھاللا : «غوجانىياز ھاجىم ئالماقچى بولغان بۇ قوراللار بىر مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تال مىلتىق ، ئىككى مىڭ تۇياق ئات . بۇ بايلىقنى ما جۇڭيىڭ كېچىلەپ ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىۋالغان ، ئۇنىڭ ۋاقتى 1933 - يىلى 4 - ئاي» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ .
ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغان . نە - نەلەردىن چالا - بۇلا ئاڭلانغان ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنى شۇ ھامان تەكرارلىيالايدۇ . ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك ياسىنىش ، كىيىنىشلەرگىمۇ بېپەرۋالىشىپ قالغان . ئۇنىڭ كىيىۋالغىنى كۆك ماتا كۆڭلەك ، قېلىن قارا تىرىكە ئىشتان ، پۇتىدا نەدىن تاپقانلىكىن ، سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ باجىنگىرى بار . ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن بىللە يەنە مۇسكۇللىرىمۇ ، بويىمۇ ، كۈچىمۇ يېتىلگەن . ئۇ بىر نەچچە قېتىم تاغلاردا قازاق يىگىتلەر بىلەن چېلىشىپ نەتىجىگە ئېرىشىپ غېنى ئاكىسىدىن مۇكاپات ئالدى . ئۇ ھازىر ئادەتتە كەمدىن - كەم گەپ قىلىدۇ . ئۇنىڭ يوغان ، قارا كۆزلىرى دائىملا خىيالچان ، قارا بۇرۇتى ۋە قاپقارا قېشى ئاپىسىنىڭكىدەك چىرايلىق بۇرنى بىلەن ماسلىشىپ ، ئۇنى كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان ھۆسن - جامال ئىگىسى قىلىپ يېتىلدۈرگەن . كۆكرەكلىرى كەڭ ، بېلى بەيگە ئېتىنىڭ بېلىدەك ئىنچىكە ، كۆكرەك مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان ، بويى غېنى ئاكىسىنىڭ بويى بىلەن يېتىپ - قوپۇپلا كېلىدىغان بۇ يىگىتكە پاتىخ مۇسلىموفنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ھەسەت - كۈنچىلىكتىن بولغان . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئۆيىدە بۇ خىل يىگىتلەرگە كۆز ئۇزمەي قاراپ لەززەت ئالىدىغان قىز - چوكانلاردىن بىرنەچچىسى بار - دە ! نۇرى دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق خىيال سۈردى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خىلمۇخىل ئاۋازلار ئايلىنىپ يۈرەتتى : «مېنى قۇتقۇزۇڭ !» بۇ زىل ، يىقىملىق ئاۋاز سەبىخەنىڭ . «ھېسسىياتقا بېرىلمە !» بۇ قەتئىي

بۇيرۇق رۇسۇلوفنىڭ . «قىلىدىغان ئىشىڭ كۆپ» بۇ زۇنۇن ئەپەندىنىڭ . «قىساس ئال» بۇ غېنى ئاكىسىنىڭ . «بالام ، جېنىڭنى ئايا !» بۇ مېھرىبان دادىسى . «ھېچكىم قىلالمىغان ئىشنى سەن قىل» بۇ مۇختەر چوڭ دادىسى . «ئىنقىلاب قارا كۈچكە ئەمەس ، ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاج . جۈگى لياڭ ئەقلى بىلەن ئۆلمەس شەخس» بۇ جۇ بىڭ نازىرنىڭ گېپى ...

ئۇ كىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك ؟ ئۇنىڭ بەدىنىدە يەنە بىر خىل يوشۇرۇن تەكەببۇرلۇقمۇ بار . ئۇ نېمىلا قىلسا ئۆز ئەقلىم بىلەن قىلىمەن دەيتتى . ئۇ كىشىلەرگە ھەددىدىن زىيادە مېھرىبانلىق قىلاتتى ، ئەمما ئۇ ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى . بەزىلەر ئۇنىڭدىن ھەممىلا جەھەتتە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىمۇ ئۇ : «مەن كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولىمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى . ھەتتا جۇ بىڭ نازىر بىلەن بىللە كەلگەن كوممۇنىست : «ستالىن جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندە بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق» دېگەندە ، نۇرى ستالىنغا چوقۇنىدىغان ھېسسىياتى تولۇپ تۇرسىمۇ ئىچىدە : «ستالىنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويغىنىغا ماختىنىۋاتىدۇ . مەن ئۇردىن ئالىمەن ، چوقۇم» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن . بۇ خىيالىدىن كېيىن ئۇيالدى ، لېكىن مەغرۇرلۇقىدىن رازى بولدى . مانا ھازىر قۇلىقى ئەتراپىدا ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئاۋازلاردىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ ، روھىي كۈچىگە ئايلىنالمىدى . ئۇ سەبىخەگە ئۇيغۇرغا خاس پىسخىكا بىلەن : «قىزلىق نومۇسۇڭدىن ئايرىلىپ يەنە ھايات يۈرەمسىنا ؟» دەپ يىرگەنگەندى . كېيىن ئۇ : «ياق ، ئۇ ياشىشى كېرەك . بەدىنى بۇلغاندى ، لېكىن روھى پاك ، مەن ئۇنىڭ روھىي ئازابلىرىغا ھەمدەم بولالمىسام قانداق ئادەم بولىمەن ؟ بىر پاك يۈرەكنى ھېچبولمىسا ھىمايە قىلىشىم كېرەك ، بۇ مېنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم» دەپ ئويلىغان . ھازىر بولسا «يوقاپ كەتتى» دېگەن خەۋەر بىلەن ئۇ تۇنجى قېتىم ئابدۇمەرىنىڭ ئۆيىدىن قايتقاندىكىدەك ،

ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئۆيىدە قۇچاقلاشقاندىكىدەك ، ئۈچىنچى قېتىم قىز غۇلجا شەھىرىدىن ئانىسى بىلەن كەتكەندىكىدەك — بىر يوشۇرۇن ئۇپراتقۇچى كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماقتا : ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتماي ، پۈتۈن ۋۇجۇدى غالىلداپ تىترەپ ، خۇددى ھەممىلا يەر كۆيۈۋاتقاندەك سېزىلىپ ، جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېينالماقتا ئىدى .

— قايغۇرما ، يىگىت ! — دېدى بىرى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ . نۇرى كەينىگە قايرىلدى . خەمىت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى :

— قايغۇرما ، — دېدى ئۇ قايتىلاپ ، — شىنىڭ دۇنيانىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان ساڭا ئوخشاش كىشىلەر ساناقسىز . ئاسىيە ئابىستەي بىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بەردى . سېنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ بىلدۇق . بىز چوڭ ئىشلارغا باش قاتۇرايلى . سەن ئىنقىلاب يولىغا مېڭىپسەن ، مەنمۇ شۇ . دۇنيادا ياشىغانىكەنسەن ، خەلقنىڭ بارىكاللا دېگۈدەك بىر ئىش قىلىشىڭ كېرەك . بىز تاتارلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىسەن ، سىلەردىنمۇ خار بىز . يەھۇدىيلەرگە ئوخشاش دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سەرگەردان . بىزنىڭ خەلقىمىزمۇ ياخشى كۈن كۆرۈشكە تەشنا . شۇ تەشنالىقنى قاندۇرۇش مېنىڭ ئارزۇيۇم . يۈر ، مەن سېنى ئاسىيە ئابىستەيىنىڭكىگە باشلاپ باراي . پەرىخە دېگەن يەنە بىر قىزى بار ، ھەددىڭدىن ئېشىپ چۈشتى دېيىشىدۇ چوڭلار . بېرىپ مۇڭدىشىپ كەلگىن ، نۇرى .

خەمىت ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئۈندىدى . ئۇ خەمىتكە ئەگىشىپ ئاۋۋال ئۆيىگە كەلدى . خەمىت ئۇنىڭغا بىر يېڭى چاقماق كۆڭلەك بىلەن شىبلىت ھەدىيە قىلدى .

ئاسىيە ئابىستەي ناھىيە بازىرىدىن خېلىلا يىراق — تۇرك مەھەللىسىدە بىر رۇس تىجارەتچىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرىدىكەن ، تامامەن تاختاي بىلەن قاشادالغان يوغان ھويلىنىڭ ئىتلىرى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن . ئورۇس بۇ يەتتە ـ سەككىز بۆرە ئىت بىلەن نىلقا جاڭگاللىرىدىن قاۋان ، تۈلكە ، تاغلىرىدىن كېيىك ، بۇغا

ئوۋلايدىكەن . ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى كەڭرى سازلىق — قاراسۇ ، غاز - ئۆردەكلەر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى يەپ كەتكۈدەك غاقىلدىشىپ گەپنى گەپكە قوشمايدىكەن . ئاسىيە ئابىستەينى نۇرى ھە دېگەندە تونۇيالمىدى . ئۇنىڭ چاچلىرى تامامەن ئاقارغان . چىرايلىق يۈزىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشۈپ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى تورلاشقان ، قاپاقلىرى كۆكەرگەن ، لەۋلىرى ئۇمچەيگەن ، ئىككى قوۋزى خالتا بولۇپ ساڭگىلىغان . ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنقى ئەرلەرنى دەرھال ئۆزىگە تارتالايدىغان گۈزەل چىرايىدىن زادىلا ئەسەر قالمىغانىدى . ئۇ نۇرىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ :

— بىر قانىتى سۇنغان قېرى غازمەن . سەبىخەمدىن ئايرىلدىم ، — دېدى ۋە نۇرىنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ ، — سەبىخە ئۈچۈن ، ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن بىچارە قىزىم ئۈچۈن ! — دەپ ھازا ئېچىپ يىغلىدى .

— نېمە تارتقۇلۇق بىزگە ، تاتار بولغانىنىڭ گۇناھىمۇ ؟ دادام ، ئېرىم ئېتىلدى ، ئۆزۈم ، قىزىم خورلاندۇق . مانا ئەمدى قىزىمدىن ئايرىلدىم . ئىككى رۇس قىزى نۇرباغدىكى ئورنىمىزغا كېلىپ ، يۈر ، مەكتەپكە ئاپىرىمىز دەپ ئاچىقىپ كەتكەنچە قىزىم قايتىپ كەلمىدى . جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شېڭ ، چيۇ دېگەنلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن . بىر يىل كۈتتۈم ، قىزىمدىن دېرەك بولمىدى . بىچارە قىزىم ، تەلەيسىز قىزىم ، سېنى قوغداشقا قۇربىم يەتمىدى ، سېنى ساقلاپ قالالىغۇدەك كۈچ تېپىلمىدى ...

نۇرىنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار قۇيۇلدى ، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدىيۇ ، ئاۋازى چىقمىدى ، ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى ئۆزلۈكىدىنلا چىڭ تۈگۈلدى . ئۇ خەمىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ :

— بىز نېمانچە بوزەك خەق ، بىچارە مىللەتلەر - ھە ؟ نېمىشقا باشقىلار بىزنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلالايدۇ ؟ ! — دەپ

ۋارقىرىدى .

يىغا ـ زار بېسىلغاندىن كېيىن ئاسىيە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى : سەبىخە خېتىدە يازغىنىدەك ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىشقان . نۇرباغ دېگەن يەردىكى بۇك ـ باراقسان ، ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ ئۆتىدىغان هويلىدىكى تاختايلىق بىر ئۆيگە ئەكىرىپ : «قىزلار ئوقۇيدۇ . سىز بۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭ ، كېيىن رۇسچە تەرجىمان بولىسىز» دېگەن . بىر هەپتىدىن كېيىن سەبىخەنى «مەكتەپكە ئاپىرىمىز» دەپ ئېلىپ كەتكەن . بىر يىلدىن كېيىن سەبىخە گۇمۇش ، سولغۇن ، خىيالچان هالدا پەيدا بولغان . «نەگە باردىڭ ، نېمە قىلدى ؟» دېسە ئۇ يىغلاپلا تۇرغان . كېيىن ئاسىيە ئەھۋالنى بىلگەن : ئۇلار قىزنى زىياپەتكە ئەكىرگەن ، هاراق زورلىسا ئىچمىگەندىن كېيىن مېۋە سۈيى بەرگەن . قىز ئۇنى ئىچكەن ۋە هوشىدىن كەتكەن . قىز بىر كاتتا مېهمانخانىدا ئىككى كىشىلىك كارىۋاتتا قىپيالىڭاچ هالدا هوشىغا كەلگەن . ئۇنى مەخسۇس ئىككى ئايال ساقلىغان . ئۇنىڭ نامىدىن ئاپىسىغا : «هەربىي مەكتەپكە كىردىم . بىر يىلغىچە ئۆيگە قايتالمايدىكەن» دەپ خەت يېزىشقان . ئاسىيە بىر شىركەتتە تەرجىمانلىق قىلغان . كىچىك قىزى پەرىخە سېستىرالار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . كېيىن سەبىخە روهىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا كىرىپ ئۈچ ئاي داۋالانغان . ئاخىرقى قېتىم قايتىپ كەلگىنىدە چىرايلىق ياسىنىپ ، تولۇپ ـ سەمرىپ كەلگەن . ئاسىيە : «نېمە قىلىسەن ئەمدى ؟» دەپ سورىسا ، ئۇ : «غەربكە قاراشقا يۈزۈم قالمىدى ، ئاپا ، شەرققە — تۇرپانغا بېرىپ مۇئەللىم بولايمىكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن . ئەمما ، شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئايال مۇهاپىزەتچى بار ئىدى . بىر كۈنى بىر ماشىنا كەلدى . ئۈچ ئايال ئۇنى ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن سەبىخەدىن دېرەك بولمىدى . ئۇ كەتتى ، ئاسىيەمۇ نۇرباغدىن هەيدەلدى . ئۇ نەنلياڭدىكى تاتار ئۇيۇشمىسىغا باردى . ئۇلار ئۇنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى . يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ

ئـۇيـۇشمىنىڭ ياردىمى بىلەن نىلقا ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى . سەۋەبى ، ئۇ قىزى توغرىسىدا سوۋېت كونسۇلىغا ، جۇ بىڭ نازىرغا ئەرز يازغان . شىڭ ئەرز يازغۇچىلارنى ساق قويمىغۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇرۇمچىدىن قېچىپ كەلگەن ...

نۇرى يۇزە ئەھۋاللارنى بىلدى . ئانا قىزى ئۇچۇن نەچچىلىك ياش تۆكتى ، نەچچە ـ نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۇزدى ... بۇلار توغرىسىدا زادىلا تىنمىدى . ئۇ قازاندىن ئالمۇتىغا ، غۇلجىدىن ئۇرۇمـچـىگە ۋە ئۇرۇمچىدىن نىلقا ناھىيىسىگىچە بولغان ھايات سەپىرىدە دەرد ـ ئەلەمدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىگەن . ئۇ ئىككى قـىـزىـنى قـاتارغا قوشۇش ئۇچۇن ھەرقانداق خورلۇق ، ئازابقا بەرداشلىق بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئايال . ئۇ ئوڭايلىقچە بىرىگە ھال ئـېـيـتمايدۇ ، ھەرقانچە يېقىن ئادەملىرىگىمۇ كۆڭلىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئېيتمايدىغان ، سىر ساقلاش ئادىتى يېتىلگەن ئايال . مانا ئۇ نۇرىغا قاراپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ :

— ئاپاڭغا ئوخشاش چىرايلىق ، داداڭدەك قاملاشقان يىگىت بوپسەن ! — دېۋىدى ، خەمىت :

— لېنىندەك بىلىملىك ، ستالىندەك ئېغىر ـ بېسىق ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

— ئـورۇسـلارنى دورىمىسۇن ، ئىلاھىم ! — دېدى ئاسىيە ھـەسـرەت بـىـلـەن ئـۇھ تـارتىپ ، — ھەركىم ئۆز مىللىتىگە ئوخشىسۇن . ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل ، مېھرىبان ، كەڭ قورساق ، ياخشى خـەق . ياڭ زېڭشـىـن ، جىن شـۇرېن دېگەنلەر نېمىلەرنى قىلمىدى . ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلاش ئۇچۇن خەلققە زۇلۇم سالدى ، ئۇيغۇرلار ئاچ ـ يالىڭاچ قالسىمۇ يەنە «غىڭ» قىلمىدى . بۇلارغا بىرمۇ باشـلانغۇچ مەكتەپ ئېچىـپ بەرمـىدى . ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا «شۆتاڭ» ئېچىپ بەردى ... — ئاسىيە كونا ھۆكۈمەت ئۇستىدىن سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى ، خەمىت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ :

— نۇرى سەبىخەنى ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە بارىمەن دەيدۇ ، سىزچە بولارمۇ ؟ — دېدى ، ئاسىيە :

— خەتەرلىك . بۇرۇنقى ئۇرۇمچى يوق . گېرمانلار ئورۇسلارغا هۇجۇم قىلىۋىدى ، شېڭ ئۆزگەردى . ئۇ سوۋېت ئادەملىرىگىمۇ قول سېلىشنى باشلىدى . يەنئەندىن كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىغىمۇ ئالايغىلى تۇردى . تۇرمىگە كىرگەن ئادەم ساق چىقالمايدۇ ، — دېدى .

— نۇرى خېيىمخەتەردىن قورقمايمەن ، دەيدۇ .

— قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ . قاراملىقتىن كىم پايدا ئالالىدى ؟

— قاراملىق ئەمەس ، باتۇرلۇق قىلماقچى . مەنمۇ بىللە بارايمىكىن دەيمەن !

— جۇ بىلىڭ نازىر ئىشىڭ بولسا مېنى ئىزدە دېگەن ماڭا ، — دېدى نۇرى ، — شۇ كىشىگە يېلىنىپ كۆرەيمىكىن دەيمەن . شۇ كىشىنىڭ كۇچى بىلەن چيۇ سىلىڭ غۇلجىدىن يۆتكىۋېتىلگەن ئەمەسمۇ ؟ ئاڭلىسام ، شېڭ شىسەي جۇ نازىردىن ئەيمەنگۇدەك . سەككىزىنچى ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى دېگەن ئىككى قەۋەتلىك بىنا بار ئىكەن نەنلياڭ دېگەن يەردە . شۇ يەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چىن تەنچيۇ دېگەن بىر باشلىقى بار ئىكەن . شېڭ دۇبەن ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن . جۇ بىلىڭ نازىر ، چېن دېگەن ئادەملەر ئارىلاشسا سەبىخەنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولارمىكىنتاڭ .

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى . چۈشكە يېقىن ئۆيگە پەرىخە كىرىپ كەلدى : زىلۋا ، قوڭۇر چاچ ، ئاق سۇزۇك يۇزلۇك ، لەۋلىرى ئېچىلاي دېگەن قىزىلگۇل غۇنچىسىدەك ، كۆزلىرى يوغان ، سارغۇچ ، ئىككى تال چېچى توم ھەم ئۇزۇن ، بىر جۇپ يېتىلگەن چىڭ كۆكسى نېپىز كۆك كۆڭلىكىنى كۆتۇرۇپ — ئويناقلاپ تۇرغان بىر گۇزەل قىز پەيدا بولغاندا ، نۇرى خۇددى ئۇنىڭ ھەدىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك كۆزىنى ئۇزەلمەي قالدى .

— تونۇدۇڭمۇ ، بۇ كىم ؟

— نۇرى ئاكام ! — دېدى قىز ھۇپپىدە قىزىرىپ ، — ھەدەم

گېپىنى جىق قىلاتتى ، — قىز يەرگە قارىدى .
— پەرىخەمۇ چوڭ بوپتۇ . ھەدىسىدەك چىرايلىق قىز بوپتۇ ، — دېدى نۇرى قىزدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، — سەبىخە بولغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەرىدى ؟
ئاسىيەنىڭ يەنە كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئاۋازى تىترىدى :
— خۇدايىم ئەمدى پەرىخەنى ساقلىسۇن ، چىراي دېگەن قىز بالىنىڭ دۈشمىنىكەنغۇ زادى ...
ئاھالىسى يىگىرمە مىڭدىن كۆپرەك ، كونا بازار ، چىغلىقمەھەللە دېگەن كونا مەھەللىلىرى ۋە سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن تاتار ، رۇس ، تۇركلەر پەيدا قىلغان دۆربىلجىن ، تۇرك مەھەللە دەيدىغان تۆتلا مەھەللىسى ، بىرقانچە ئۇششاق كوچىلىرى بار بۇ يۇرت شەھەر دېسە شەھەر ، يېزا دېسە يېزىغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى تاغ . دەريا ياقىلاپ شەرققە مېڭىۋەرسىڭىز قارىغاي ، سامىرسىن ۋە تاغ تېرىكى ، ئارچا تاللاردىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ تەبىئىي توقايلىقلارنى ، دەريا ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئاجايىپ گۈزەل ئورمانلارنى كۆرىسىز . تاغلاردىن دەرياغا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلارنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭسىڭىز ، ئاجايىپ چىرايلىق غول - سايلىقلارنى كۆرىسىز . ئۇ يەرلەردە يازدا مال - ۋاران ، كېيىك ، بۇغا ، ئارقارلار دۈمبىلىرى ئارانلا كۆرۈنىدىغان چۆپلۈك ئارىسىدا ئوتلىشىپ ، قېلىن قارىغايلارنىڭ سايىلىرىدە راھەتلىنىپ يېتىشىدۇ . قاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى قويۇق ئورمانلىقلار يېنىدىكى يېشىللىقلارغا ئاپئاق چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن . يازنىڭ بۇ ئايلىرىدا ئۇ ئۆيلەردە ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن باشقا نەرسە يوق ...
نۇرى ياز بويى يايلاق سەيلىسى قىلىپ قىزىرىپ - سەمرىپ ، ئايالىلار كۆزىگە ئوت كۆرۈنىدىغان بولۇپ ، نىلقا شەھىرىگە يەنە قايتىپ كەلدى . ئۇ ھازىر دەرياغا يېقىنلا سېلىنغان مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپلىرىغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىشكە تەيىنلەندى .

راست دېگەندەك، پاتىخ مۇسلىموفنىڭ گېپى گەپكەن. ئۇ: «مېنىڭ ئىنىم» دېۋىدى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلدى.

مانا ئۇ چىرايلىق كىيىنىپ، تونجى قېتىم بۇدۇر، قويۇق چاچلىرى بىلەن يالاڭۋاش بولۇۋېلىپ خەمىت بىلەن كوچا سەيلىسى قىلماقتا. ئۇلارغا ھەممىلا ئادەم زوقلىنىپ قارىماقتا، ئاشخانىلار چىللاشماقتا.

— پاھ! — نۇرىنىڭ يېنىدىن بىر رۇس قىزى ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭ بەدىنى «غۇژ» قىلىپ قالدى، — ئاداش، يايلاق دېگىنىڭ ئادەمنى ۋەھشىي قىلىۋېتىدىكەن، ئايال خەق كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنىدۇ. كېچىلىرى زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

— ئۆيلىنىۋالامسەنيا؟ ھەدىسى ھېلىقىدەك بولدى، سىڭلىسى راسا تولۇپتۇ. بالا بولۇپ كىرسەن شۇ.

— ياق، مەن ئۆيلەنمەيمەن. سەبىخە ماڭا قاراپلا تۇرغاندەك، ھەربىر قەدىمىمنى نازارەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلالمايمەن.

نەق شۇ چاغدا ئىككى چېرىك بىر قازاق يىگىتنى قوغلاپ تار كوچىدىن چىقتى. يىگىت ئاشخانا ئالدىدىكى باغلاقلىق ئېتىغا يۈگۈرمەكتە، چېرىكلەر قوللىرىغا تاپانچا ئېلىپ «تۇفى، تۇفى، زېي[1]!» دېيىشىپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېلىشمەكتە ئىدى. يىگىت نۇرى بىلەن خەمىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «پۇتلىۋېتىڭلار!» دېدى. ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشكە ئىككى چېرىكنى پۇتلىۋەتتى، چېرىكلەر مۇدۇرۇپ يىقىلىپ ئۆرە بولۇشىغا ئىككىسىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئىككى مۇشت تەگدى، چېرىكلەر ئوڭدا چۈشتى. ئۇلار ھوشىغا كەلگۈچە ھېلىقى قازاق يىگىت ئېتىغا مىنىپ تىكىۋەتتى. چېرىكلەر ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇلارنى نۇرغۇن ئادەم قورشىۋالغان، ئۇلار كىملەرنىڭ مۇشتلىرى تەگكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ھەممە ئادەمنى تىللىدى، لېكىن

① باندىت، باندىت، ئوغرى.

قورقۇپ ـ داجىپ، ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ كېتىشتى.
كوچا سەيلىسى تولىمۇ كۆڭۈللۈك. گۇگۇم ۋاقتى، كىنوخانىنىڭ ئالدى ئادەملەر بىلەن تولغان، گازىر ـ پۇرچاق، موخوركا، قىمىز ۋە كاۋاپ بىلەن هاراق، بوزا ساتقۇچىلار ۋارقىراشماقتا. تىنچ هايات قانداق كۆڭۈللۈك ـ هە، بولۇپمۇ گۇگۇم ۋاقتىدا ...
ئەنە، توپ ـ توپ قىزلار نەدىن كۇلۇشۇپ چىقىپ كېلىشتى. ئەنە، ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە شوخ يىگىتلەر پەيدا بولدى، قىزلار بىلەن پىچىرلىشىش قانداق كۆڭۈللۈك ـ هە، بولۇپمۇ گۇگۇم ۋاقتىدا ...
شەرقتىن كېلىدىغان كەچكى شامال سىنى هۇزۇرلاندۇرىدۇ، سىنى هاياتتىن كۆپرەك لەززەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ سىنى سۆيىدۇ، ئەركىلىتىدۇ، ئەركىلەيدۇ، سەن گويا ئۇنىڭ سۆيگىنىدەك باغرىڭغا قول سالىدۇ، بولۇپمۇ گۇگۇم ۋاقتىدا ...
ياز مەنزىرىسى سىنى شېرىن خىياللار دېڭىزىغا ئۈندەيدۇ، سەن جېنىڭ راهەتلەنگەندە ئەڭ يېقىن ئادەملىرىڭنى ئەسلەيسەن: هازىر زىياۋۇدۇن نېمە قىلىۋاتىدىكىن، بەرا، دەرالارچۇ، ئۇنىڭ ئوماق سىڭلىسىچۇ؟ نۇرى ئۇلارنى كۆرمىگىلى ساق بىر يېرىم يىل بولدى. ئۇلارنى خوش قىلىپ يېزىسىغا بېرىپ ئۆستەڭ بويىدىكى چىغىرتماقلىقىقا كىگىز پارچىسىنى سېلىپ، ئېغىناپ يېتىپ قاقاقلىشىپ كۇلۇشسە ـ هە، بولۇپمۇ گۇگۇم ۋاقتىدا ...
گۇگۇم بۇگۇننىڭ دەپنە مۇراسىمى، ئەتىنىڭ تولغىقى. بۇ قايسى شائىرنىڭ تاپقان گەپلىرىكىن؟
گۇگۇم ئۇلۇغ قۇياشنىڭ جۇدالىق بەلگىسى، تۈن هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەلچىسى. ئۇ ساڭا غەپلەت، جۇدالىق، لەززەت سوۋغا قىلىدۇ. سەن مۇشۇ گۇگۇمنىڭ يادنامىسىنى باغرىڭغا بېسىپ كېلەچىكىڭ توغرىسىدا شېرىن چۈش كۆرىسەن. چۈشۈڭدە مەڭگۇ ئېرىشەلمەيدىغان شان ـ شەرەپ چوققىسىغا چىقالايسەن، يەنە بەزىدە تىك چوققىدىن سالغا تېشىدەك يىراقلارغا ئۇچىسەن ...

گۈگۈم بىلەن ھاياتىمىزنىڭ بىر بېتى ئاخىرلىشىپ، يېڭى بىر بەت — سۈبھى ئۈچۈن زېمىن تەييارلىنىدۇ. يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقتىن تۇغۇلىدۇ، گويا سەن ئاناڭنىڭ قاراڭغۇ قورسىقىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك. شۇڭا، گۈگۈمنۇ خاسىيەتلىك، ئۇنى ھەرگىز قارغىما، بولۇپمۇ گۈگۈم ۋاقتىدا ...

## 21

1942 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيى تولىمۇ قاتتىق سوغۇق بىلەن باشلاندى. قېلىن قار ئىلى زېمىنىنى قاپلىغان، يوللار ئېتىلگەن، ئۆيلەر گويا يەرگە چۆككەن، دەريا ـ ئۆستەڭلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ... قارىساڭ، ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئاچچىق نۇرى كۆزۈڭدىن ياش ئاققۇزىدۇ، كەڭ دالىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئارانلا ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ قالغان چىغ، شىۋاقلار كۈنچىقىشنىڭ ئاچچىق شامىلىدا تىترەيدۇ ... توشقانلار قىرىلىپ كېتەرمۇ؟ چىل بىچارىلەر نېمە يەر ئەمدى؟ خامانلاردىكى سامان ـ توپانلارمۇ يوققۇ ـ ھە؟ ... ھەممىلا يېرى قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن ھويلىسىدىن تىزىغىچە قار كېچىپ دەرۋازا ئالدىغا ئارانلا چىققان زىياۋۇدۇن كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوئاللارنى سورىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھېچنېمە: نە كۆزنى چاقنىغان قېلىن قار، نە كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان شامال، نە مۇنۇ قېلىن قاردا شاخلىرى ئېگىلىپ، بەللىرى مۈكچەيگەن دەرەخلەر جاۋاب بەرمىدى. ئۇ كورەك جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرىگە قوللىرىنى تىقىۋېلىپ، ئېگىكىنىڭ ئاستىدىن سالپاڭلىرىنى چېتىۋالغان قۇلاقچىنىڭ گادىرماچ يۇڭلىرى بىلەن بۇلتۇردىن باشلاپ قويۇۋەتكەن ساقىلى ئارىلىشىپ پەيدا قىلغان يىرىك «سۈپۈرگە» ئۈستىدە بىردەمدىلا پەيدا بولغان قار ـ مۇز مۈنەكلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ قويدى.

— نېمە بولدى ـ ھە؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ كىگىز پايپاق بىلەن پۈرۈم چورۇق كىيگەن پۇتلىرى ۋە مايلىشىپ كەتكەن قېلىن

شالۋۇر ئىچىدىكى تىزلىرى سىرقىرىماقتا ئىدى . ئۇ ھويلا قارىنى كۆرەپ بولۇپ بىرمۇ ئادەم ئىزى چۈشمىگەن كوچىغا تۇنجى ئىز سېلىپ مەھەللىنىڭ سىرتىغا تەستە مېڭىپ چىقتى . ئۇ گويا مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارىسا ئاۋرال تېغىنىڭ نېرىسىدىكى نىلقا ناھىيىسى كۆرۈنىدىغاندەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ شۇ تەرەپكە قارىدى . كۆن كۆتۈرۈلگەن يەردە ئاپئاق ، تولىمۇ چوڭ قار دۆۋىسىدەك ئاۋرال تېغىلا كۆرۈندى ، ئۇنىڭ ئوغلى تۇرۇۋاتقان نىلقا دېگەن جاي ئاشۇ كاتتا قار دۆۋىسىنىڭ نېرىسىدا . زىياۋۇدۇن بۇ قەدەملىرى بىلەن بىر ئايدىمۇ ئۇ يەرگە بارالمايدۇ .

— نۇرى ، نۇرمۇھەممەت ، جېنىم ساقام ، نەدىسەن ؟ داداڭ ماغدۇرىدىن قالدى ، قىرىق بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مۈكچەيدى ، ھالسىرايدۇ ، يۆتىلىدۇ ، تەرلەيدۇ ، تىترەيدۇ ··· بۇ نەرسىلەر نەدىن پەيدا بولدى ؟ ئېغىر ئىش ، تاياق ، تۈرمە ، يوقسۇزچىلىق پەيدا قىلدىمۇ ياكى ئاپاڭ بىلەن ئىنىڭنىڭ ئۆلۈمى پەيدا قىلدىمۇ ؟ كۆز يېشىمنى بىرىگە كۆرسەتمىدىم ، ئەمما چاچلىرىمدىكى ئاق ، بەدەندىكى سەتچىلىكنى يوشۇرالمىدىم . مىنەي دېسەم ئات يوق . مانا ئەمدى مەن ئات ، ساپان سۆرىگۈدەك ئۆكۈز يوق ، ئۆزۈم ئۆكۈز . ئېتىزدا ئەر ، قازان بېشىدا خوتۇن بولۇپ تۆت يىلنى ئۆتكۈزدۈم . قىزىممۇ بەش ياشقا كىردى ، ئۇ يۈز ـ كۆزىنى ئۆزى يۇيۇپ ، چېچىنى ئۆزى ئىچەلەيدۇ ، تىزىمدا ئولتۇرۇشتىن ئۈيىلىدۇ . بەرا بىلەن دەرا مېنىڭ كاجلىقىمدىن مالاي بولدى ، بەرا شەھەردە قورۇ خىزمەتچىسى ، دەرا مەھەللىدە مالچى ، خەقنىڭ مېلىغا ئوت چېچىپ ، بوغۇز بېرىپ ئىشلەۋاتىدۇ . ئاناڭ نېمە دەۋاتىدىكىن ؟ سەن زىيەك تۆت بالامنى نېمە كۈنگە قويدۇڭ ؟ مەن ئۇلارنى ئاق سۈتۈم بىلەن بېقىپ ، جېنىمنى يۈگەك قىلىپ ئاسرىغان . سەن نېمە قىلىۋەتتىڭ ، «مالاي» دېگەن قانداق يامان ھاقارەت ، سەن ئۇنى بىلەمسەن ؟ دەپ مېنى قارغاۋاتىدىغاندۇر ـ ھە ؟ يەرنى سات دەيدۇ ، مەن ياق دەيمەن ، يەر سېتىش جان سېتىش دېگەن سۆز . يەر سېتىش پەسلىك ···

دېھقان جان قايغۇسىدا ، شۇ تۇرقىدا دۇنيادا ياش تۆكۈۋاتقانلار قانچە ، قان تۆكۈۋاتقانلارچۇ ؟ بۇ ئىشلارنى زىياۋۇدۇننىڭ ئوغلى نۇرى بىلىدۇ : مۇشۇ كۈنلەردە ، يەنى 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئامېرىكا ، ئەنگلىيە قاتارلىق يىگىرمە ئالتە دۆلەت ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق خىتابنامىسى» گە ئىمزا قويۇپ ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان يەر شارىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى ...

گېرمانىيە فاشىزمى 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بالتىق دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئىككى مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر ، ئۈچ مىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق تانكا ، تۆت مىڭ توققۇز يۈزدىن ئارتۇق ئايروپىلان بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، توختىماي ئىلگىرىلەپ ، شۇ يىلنىڭ 11 ـ ئايلىرىدا موسكۋانى قورشىۋالغان . كىيېۋ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر چوڭ ئازگالغا ئوتتۇز نەچچە مىڭ يەھۇدىينى سولاپ قىرىپ تاشلىغان ، نەچچە مىڭلىغان پۇقرا خانىۋەيران بولۇپ ھەممىلا يەرنى نالە ـ پەرياد قاپلىغاندى ... رۇسلار موسكۋا يېنىدا قاتتىق جەڭ قىلىپ دۇشمەننىڭ بىر يۈز ئاتمىش سەككىز مىڭ ئەسكىرىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ ، ئۇلارنى موسكۋادىن يۈز ـ ئىككى يۈز كىلومېتىر نېرىغا ھەيدىۋەتكەن ...

1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي قوماندانلىق شتابى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ توققۇز ئارمىيە ۋە بالتىق دېڭىز فلوتى ، قارا دېڭىز فلوتى ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسىدە بىر مىليون بىر يۈز مىڭ ئەسكەر ، يەتتە مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك ئىككى زەمبىرەك ، يەتتە يۈز يەتمىش تۆت تانكا ، مىڭ دانە ئايروپىلان بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلاشنى قارار قىلغان . ھازىر موسكۋانىڭ نېرىسىدا تېخى تاڭ ئاتمىدى . ئۇ يەردىمۇ قار قېلىن ، سوغۇق قاتتىق . مىليون ئادەمنىڭ قولىدا قورال ، قەلبىدە نەپرەت ، غەزەپ ... ئۇلار زىياۋۇدۇن ئائىلە غېمىدە نالە قىلغىنىدەك داد ـ پەرياد قىلمايدۇ .

ئۇلارنىڭ جېنى ئالقىنىدا ، ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن ھەرقاچان ئۆلۈشكە تەييار . شۇ تاپتا ياپونىيىنىڭ ئايروپىلان ، پاراخوتلىرى يىراق فىلىپپىن ئەتراپىدا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى ۋە پاراخوتلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇۋاتىدۇ ، جۇڭگو زېمىنىدا ياپونلار شەرقىي شىمالدىن شەرقىي جۇڭگو ، شىمالىي جۇڭگولارغا ئۆتۈپ جۇڭگو يېزىلىرىدا ، شەھەرلىرىدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، ئوت قويۇۋاتىدۇ ، غالجىر ئىتتەك ھەممىنى تالاۋاتىدۇ ... ستالىنىنىڭ ئاۋازى ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە : «بۇ بىر توپ جېنىدىن تويغان چىلبۆرىلەر ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان يىرتقۇچلار نومۇسسىزلىق بىلەن ئۇلۇغ رۇس مىللىتىنى يوقىتىمىز ، پلېخانوف ۋە لېنىن ، بېلىنىسكىي ۋە چېرنىشېۋسكىي ، پۇشكىن ۋە تولستوي ، گلىنكا ۋە چايكوۋسكىي ، گوركىي ۋە چېخوف ، چېچېنوف ۋە پاۋلوف ، رېپىن ۋە سۇرىكوف ، سوۋۇرۇف ۋە كوتۇزوفلارنىڭ مىللىتىنى يوقىتىمىز دەپ جار سالماقتا ... » ... يەر شارى — تۆت چوڭ ئوكيان ، ئالتە قىتئەدە ئۇرۇش ۋەھىمىسى ... ھەر يىلى ئون مىليوندىن كۆپ — ئايدا مىليون ، كۈندە ئۈچ يۈز نەچچە مىڭ ئادەم يەر يۈزىدىن يوقالماقتا . مانا بۇ بۈگۈنكى دۇنيا . نۇرى خېتىدە بۇ گەپلەرنى يېزىپ ئاخىرىدا : «دادا ، مەن ھازىر چوڭ بولدۇم . سىېنىڭلا بالاڭ ئەمەسمەن ، خەلقنىڭ بالىسىمەن . شېڭ شىسەي گېتلېرغا ، ياپونلارغا ئەگىشىپ غالجىرلاشتى . ئۇ ھازىر ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئانچە ۋارقىرىمايدىغان بولدى . ئۇ ھەر كۈنى مىڭلاپ ئادەمنى تۈرمىگە تاشلىماقتا ، ئۆلتۈرمەكتە . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ، يەنئەندىن كەلگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنى ھازىر ھەدەپ يوشۇرۇنچە قولغا ئالماقتا . ئۇمۇ بىر چىلبۆرە ، ئۇنى يوقاتمىساق قانداقمۇ خەلقنىڭ ئوغلى بولالايمەن ؟ » دەپ يازغانىدى . ئۇنىڭ خېتىنى بەرا ھازىر ئاغرىقچان بولۇپ قالغان مۇختەربايغا ، زىياۋۇدۇنغا ئوقۇپ بېرىۋىدى ، مۇختەرباي تىزلىرىغا ئۇرۇپ :

— ئوغۇل بالا ، ئۇ ئەمدى باشقىنى قويۇپ مەرگەنلىكنى

ئۆگەنسە بولىدۇ ، غوجانىياز ھاجىدەك مەرگەن بولمىسا بولمايدۇ . ئۇنىڭغا بىر مىلتىق ئېلىپ بېرەيلى ، — دېدى . لېكىن ، دادا بولغان ئادەم بالىغا قانداق چىدايدۇ ؟ بىر يىلدىن ئاشتى ئۇ بالىسىنى كۆرەلمىدى ، بالىسى نەدە ، نېمە قىلىپ يۈرىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئاۋۇ چوڭ قار دۆۋىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئاۋارلىنىڭ نېرىسىدا غېنى ، پاتىخ ، ئەكبەرلەر بىلەن بىرلىشىپ چېگرىغا يۇڭ ـ تېرە ، ئات ـ قوي يۆتكەپ قورالغا تېگىشىپ تاغلىقلارنى قورال‌لاندۇرۇۋاتقۇدەك . بۇ گەپنى كىم تاپتىكىن ، ئابدۇمەر مىڭبېگى تۇنۇگۇنلا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلدى ...

— شېڭ دۇبەنگە قارشى ئادەملەرنى ، — دېدى ئۇ جامائەتنى مەسچىتكە يىغىپ ، يوغان تۇلكە تۇماق ، قارا تاشلىق سەنسەن جۇۋا بىلەن كىشىلەرگە سۇرلۇك كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ ، — تۇتۇپ بېرىپ يوقاتمىساق يۇرت تىنچىمايدۇ !

«يوقاتمىساق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ زىياۋۇدۇن چۆچۈپ كەتتى . كىچىك ئوغلىنى ئاتتى ، ئەمدى چوڭىنى يوقاتقۇدەكما ؟ ياق ، زىياۋۇدۇن ھەرقانچە ئۆلەرمەن بولسىمۇ بۇ ئوغلى ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئېلىشالايدۇ . يوقىتىشقا توغرا كەلسە مۇنۇ سەنسەن جۇۋا ئىچىدىكى قومايىنى يوقىتىش كېرەك . ئۇ خەلققە بالايىئاپەتتىن باشقىنى تىلىمەيدۇ . نۇرىچۇ ؟ ئۇ خەلقىم ياخشى كۈن كۆرسىكەن دېگەندىن باشقىنى ئويلىمايدۇغۇ . يامانىنى يوقاتماي ياخشىنى يوقاتسا ، بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنىڭ ئۆزۈقىمۇ قالمىغان بولمامدۇ ؟

مۇختەرباي جۇۋىسىغا يۆگىلىپ قاپىقىنى تۈرۈپ ئۈندىمەي ئولتۇردى . ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن بولغان ئىش تەستە جىمىقتى . ئادەملەر كۆپرەك مۇختەرباينى جىمىلىدى ، نەۋرىلىرى ئىككىكە تاقاشقان ، يۇرت كاتتىسى بولىمەن دەپ يەڭ شىمايلاپ يۈرگەن ئادەم خەقنىڭ تۆڭلۈكىدىن ساڭگىلاپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ، سەت ئەمەسمۇ ، دېيىشتى جامائەت . مۇختەرباينىڭ خوتۇنى : «شۇنچە دىخسىرىغان بولسا مەھەللىدىمۇ چىقتىغۇ غىڭ ـ

پـــاك قـــلـــمايدىغانلىرى» دەپ سېسىق گەپ قىلدى. تىكىلىپ قارىمايدىغان چوڭ كىلىنى بالىسىنى ئەركىلەتكەن بولۇپ: «جىق خوتۇن ئالىسەن ـ هە، ساقام!» دەپ مۇختەربايغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دارىـــتـــمـــلـــىدى. چوڭ ئوغلى هەرقانچە گالۋاڭ بولسىمۇ هارۋا قېتىۋاتقاندا چابدار ئات شوتىغا كىرمىۋىدى، توشۇك بىلەن ئۇرۇپ: «سـەنـمـۇ ئـايغىرلىق قىلىپ خەقنىڭ ئېغىلىغا چاپاي دەمسەن، كۆتۈرەلمە؟!» دېدى. هەممىلا ئادەم تەنە قىلىۋاتقاندەك، بالىلارمۇ مـازاق قـــلـىۋاتقاندەك بىلىندى ئۇنىڭغا. ئۇ بىر هەپتە ئۆيدىن چىقمىدى، بىردىنلا بەش ۋاخ نامازنى باشلىۋېلىپ ئىمامنىڭ يېنىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغان بولۇۋالغىلى مانا هازىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگەردى: گېپى ئاز، مۇلايىم بولۇپ قالدى. ناۋادا تارانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى مۇتائالى خەلپىتىم ئابدۇمەر مـــڭـبـېـگـىگە: «بەندە دېگەن يېڭىلىدۇ، توۋا قىلسىلا بولدى. سىزدەك توۋا قىلمايدىغانلار جازالىنىشى كېرەك» دەپ مىڭبېگىنىڭ ئەرزىنى قايتۇرۇۋەتمىگەن بولسا، ئابدۇمەر مىڭبېگى مۇختەربايىنى جازالاتماقچى ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ئىمام، مىرا «قازى» لارمۇ ئەدەپ كېتىشتى.

— ئـــســـلام شـەرىئىتىدە بۇ زىناخورلار چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ، — دېدى ئىمام بىــر نەزىردە مـۇكچىيىــپ ئولتۇرۇۋېــلـىـپ، — زىــنــاخـور، خـىـيانەتچى، چېقىمچى، غەيۋەتخور، يالاقچىنىڭ ياتار يېرى دوزاخ!

— قـازارەن ئــمــامــئاخۇنۇم، سىلى بىلەن مېنىمۇ ئايال سـۈرەتلىك شەيتان ئازدۇرسا بۇ گەپنى دەمدىلا؟ — دېدى مىرا «قازى» ئىمامنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، — غالچا، سۆخەنچى دېدىلە، قـازارەن ئـابـدۇمــەرنــى يۇقىرىدىن يۆلەپ يەنە مىڭبېگى قىلىپ قويمىغان بولسا، سىلى چېقىمچى، خىيانەتچى، غالچا دەپ كىمنى كۆرسەتكەن بولاردىلا؟

— سىلى گەپ بۇرمىلاشقا ئۇستا، ئىلىپتەك گەپ سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا كىرسىلا توقۇناق بولۇپ چىقىدۇ.

— قازارەن ، شۇ ئىلىپ سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا كىرىپ قالسا بىردەمدىلا ئىپۇنىپ كېتىدۇ !

بۇ گەپنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىگە جامائەت چايلىرىنى پۇرقۇرۇشۇپ كۈلۈشتى . مانا بۇ ئىشلار يادىغا يېتىۋىدى ، زىياۋۇدۇن قەھرىتاندا تۇرۇپمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ كويدى ...

... «ياق ، مېنىڭ بالامنى يوقىتالمايسەن ، ئۇ هازىر خەلقنىڭ بالىسى ، ئۇنى نەچچە مىڭ ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم قوغداۋاتىدۇ ... »

— بالاڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن ، زىيەك ؟

— بىلىمەن ، مىڭبېگى .

— نەدە ؟

— يەر يۈزىدە ، مىڭبېگى .

— نەدە دەۋاتىمەن ؟

— سىز نەنى بىلمىسىڭىز ئۇ شۇ يەردە .

— چاقچاق قىلما ، زىيەك باخشى !

— نەدىلىكىنى بىلسەم يېنىغا بېرىۋالماي ، ئەخلەت بولۇپ كۆزىڭىزگە كىرىۋالاتتىممۇ ؟

— سەن نېمە دېمەكچى ؟

— دۇنيا ئۇزۇن ، غېنى ئوغرى تېخى هايات ، ئۇ سىزنىڭ كۆزلىكىڭىزنى ياخشى بىلىدۇ جۇمۇڭ ، بۇ قېتىم كەلسە خادىكىڭىزنى سۆرىمەيدۇ ، ئۆزىڭىزنى سۆرەپ ماڭىدۇ .

— سەن مېنى قورقىتىمەن دەمسىنا ؟ شېڭ دۇبەننىڭ قانچە مىڭ ئەسكىرى بار بىلەمسەن ؟ شۇنداق غوجانىياز ، گا سىلىڭ ، سابىت دامولىلارنى بىر ـ بىردىن جايلىغان دۇبەن سېنىڭ ئەخمەق قاشلىقىڭنى جايلىيالامدا ؟ ئاز قالدى ، كۆرىسەن . بالاڭنىڭ كاللىسى سېپەر ئوغرىنىڭ كاللىسىدەك چوڭ يولغا خادىغا سانجىلىپ نەچچە يىل سازايى بولمىسۇن يەنە !

— خۇدايىم كىمنى جازالاشنى ئۆزى بىلىدۇ !

— سەن بىر ئايغىچە بالاڭنىڭ دېرىكىنى بەرمىسەڭ ، بالاڭنىڭ ئورنىدا تۇرمىگە كىرىسەن !

— هازىرلا ئەكەتكىن ، تۇرمەڭ بۇ يەردىن ياخشى ، مىڭبېگى !
تىرىكىشىش ئاخىر مىڭبېگىنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىشى بىلەن ئاخىرلاشتى . مۇختەرباي لام - جىم دېمەي جىم ئولتۇردى . ئاخشام ئۇنىڭ : «مىلتىق ئېلىپ بەرسەك بولىدىكەن» دېگىنى نېمىسى - ھە ؟ ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىگە ئات باقار بولغاندا ئۇ مىلتىق ئېتىشنىمۇ ئۆگەنگەنىكەن . ئۇ ئەمدى گەپ ئەمەس ، مىلتىق ئىشلەيدۇ دېمەكچىمۇ يا ؟
زىياۋۇدۇن بالىسىنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى ، شىۋىرغان ئۇنىڭ قىبلىگە قارىغان پەنجىرىسىنى تېشىۋەتتى . ئۆگزىدىكى بېدە - چۆپلەرنى بېغىدىكى ئېرىققا تىقىپ قار بىلەن كۆمۈپ دۆڭ ياسىدى . مۇنۇ سوغۇق شۇ شىۋىرغاننىڭ غەزىپى ، شىۋىرغان نىلقىدىمۇ بولغانمىدۇ ؟ نۇرنىڭ كىيىملىرى قانداقكىن ، ئۇ ھازىرمۇ كىتاب بىلەن بولۇپ پۇتىغا قېلىن پايىما ئوراشنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرەمدىكىن ؟ ئۇ ئەتىگەنلىكى قۇرۇق نان بىلەن سوغۇق سۇ ئىچىپ ناشتا قىلىدىغان ، مۇنۇ قاتتىق سوغۇقتا ئۇ قىلىقى قاملاشمايدۇ - دە ! ...
زىياۋۇدۇن شەرققە قاراپ ئۇزاق تۇردى . ئۇنىڭ ساقىلى بىلەن قۇلاقچا سالپىڭىدىن پەيدا بولغان سۇپۇرگىسى بىر پارچە مۇزغا ئايلاندى . ئۇنىڭ كۆزىلا توڭلىمىدى ، لېكىن مەڭزى كۆيدى ، پۇتلىرى كۇيۇشتى ، شىللىسى قورۇلدى . ئۇ قانچىلىك تۇردىكىن ، شەرققە قارىسا قارىغۇسى كېلىپ زادىلا يانغۇسى كەلمىدى :
— جېنىم بالام ، سېنى تۇتۇپ كېتەرمۇ ، سېنى ھېلىقى بۇرگە ، چۆچۈن قاساپ تۇرىدىغان سېسىق ، زەي ئۆيلەرگە سولاپ ئۇرۇپ قىينارمۇ - ھە ؟ ...
ئۇ كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالمىدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ ۋۇجۇدى سىلكىنىدى ، كۆكرىكى چىملداپ بېشى قايدى ، ئۇ خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئاۋرالغا قاراپ مۇكچىيىپ تۇراتتى .
— زىيەك ! — دېدى مۇختەرباي قارىگىر ئېتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، — نۇرى ھازىر چوڭ يىگىت . غېنى ئۇنى

ساقلاۋاتىدۇ . قوزنى يولۋاس ساقلاۋاتسا بۆرە يەپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرىگىنىنىڭ نېمىسى؟ مەن قاشقا ماڭدىم . قاشتا غېنىنىڭ ئاكىلىرى ، ئەزەم دېگەن ئاغىنىسى بار . ئۇلار ئىلقىغا دائىم بېرىپ تۇرىدۇ . بىر دېرىكىنى ئېلىپ كېلەي .

— مەنمۇ بارايمۇيا؟ — دېدى زىياۋۇدۇن قېرىنداشلىقنى يەتكۈزۈۋاتقان مۇختەربايدىن رازى بولۇپ ، — قارىگىرنى چانىغا قوشساق دەيمىنا!

— ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلاي دەمسەن؟ بوپتۇ ، يۈر ، چانا بىلەن بارايلى .

قەدىمكى مەھەللە — ئانا يۇرت ئۇلارغا تولىمۇ ئۆز . ئۇلار ھەربىر ئۆي ، ھەربىر باغ ، ئوي - چوڭقۇر ۋە تاغۇتاشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە بىلىدۇ . مانا ھازىر چەكسىز ئېتىزلار ، يىراقلاردىن قار بىلەن چۈمكىلىپ سۇس قارا بوز بولۇپ كۆرۈنىدىغان مەھەللىلەر ئۇلارغا سەھەرلىك سالىمى بىلەن يېقىنچىلىق بىلدۈرمەكتە . ساقىيۇزى ، تاھىريۇزى ، بورچى ، ئاختام ، قاش دەرياسىنىڭ نېرىسىدا سامىيۇزى ، تۇردىيۇزى ، ئاۋاكيۇزى ، بەختىيار يۇزى ، ئەشرەپيۇزى ··· زىيەك بۇ يەرلەرنىڭ قايسى مەھەللىسىدە باخشىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ داپ چالمىدى . مۇختەربايچۇ؟ توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغلارغا قارىگىر ئېتىنى ئوينىتىپ بېرىپ ، قوپال ، ھازىرجاۋاب چاقچاقلىرى بىلەن ھەرقانداقىنى سەنلەپ تۇرۇپ نېمىلەرنى دېمىدى؟ مانا ئۇلار بىرى ئاتتا ، بىرى چانىدا ، جۇۋىلىرىغا ئورىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ يولسىز كېتىپ بارماقتا . ئۇلار نەدە يول بار ، نەدە يوقلۇقىنى كۆزلىرىنى تېڭىپ قويسىمۇ دەپ بېرەلەيدىغان سىنچىلار . ئۇلار شۇنداق مېڭىپ تۇگمەنبېشى ، كۇزلەك ، يېڭىمەھەللە ، كوسۇمبويى يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ تاھىريۇزىنىڭ باش تەرىپىگە يېتىپ كېلىشتى . ئالدى تەرەپ چەكسىز سازلىق ، قارا سۇلاردىن ھور كۆتۈرۈلمەكتە ، باشقا يەرلەر قار ئاستىدا ئۇيقۇدا . ئۇلار ماڭار - ماڭار چۈشكە يېقىن ئېتى تەرلەپ ، ئۆزلىرى قىروغا مىلىنىپ قاش دەرياسىنىڭ ئۇستىدىن

ئۆتۈپ نېرىقى قاتقا دۆڭگە ياماشتى . بۇ يەرگە كەلگەندە قارىغىر ماڭالماي قالدى . بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن قىران ۋاقتىدا تۇغۇلغان ئەسكەر باشلىقىنى دۇمبىسىگە ئېلىپ مۇز داۋاندىن ئېشىپ ، تەكلىماكاننى كېزىپ خوتەنگىچە بارغان ، ئۇ يەردىن ئىگىسىنى ئېلىپ دۇڭخۇاڭ ، قۇمۇل دېگەن يەرلەرنى ئايلىنىپ ئۈچ يىل يول مېڭىپ مەھەللىسىگە قايتىپ كەلگەن قارىغىر مانا تۈنجى قېتىم ئىككى يېنىغا قاراپ ، بۇرۇنلىرى كۆپكەن ، ھەممە يېرى مۇز ، قىروغا مىلەنگەن ھالدا ئىگىسىگە يېلىنىپ قارىماقتا . ئۇنىڭ ئادەم كۆتۈرگۈدەك ، چانا سۆرىگۈدەك ھالى قالمىغان ئوخشايدۇ . ئون ئۈچكە قەدەم قويغان ئاتنىڭ يېلىنىشىغا مۇختەربايىنىڭ ئىچى ئاغرىدى :

— چانىنى سۆرە ، زىيەك !

ئۇ ئېتىنى يېتىلەپ ، زىياۋۇدۇن چانىنى سۆرەپ دۆڭدىن چىقتى ۋە يېقىنلا يەردىكى مەھەللىگە قاراپ ماڭدى . ئاتنىڭ پۇتلىرى ئالمىشىپ ، بېشى چۈشۈپ ، تۈكلىرى تىكەنلىشىپ تىترەشكە باشلىۋىدى ، باي ئېتىنىڭ تۇمشۇقىنى تۇتۇپ بېقىپ :

— قىشچە بوغۇز - يەم يەپ سەمرىپ كېتىۋىدى ، قىزىل ماي بولغان ئوخشايدۇ ، ئاپلا ! — دېدى .

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئات يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى ۋە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى . ئاتنىڭ تىنىقى تولىمۇ تېز ئىدى . زىياۋۇدۇن ئاتنىڭ كۆزىگە قارىدى :

— قارىسى تارتىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، بولمىدى ، ئاكا !

— بولمىسا پىچاق ئۇرۇۋەت ! — دېدى مۇختەرباي ئېتىغا تەئۈر قاراپ تۇرۇپ ، — بول ، ھارام بولۇپ قالمىسۇن !

باينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى . زىياۋۇدۇن ئاتنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى . ئات جىم ياتاتتى . ئۇ تىنىقى ئاستىلاپ توختاشقا ئازلا قالغان قارىغىرنىڭ ئېڭىكىنى قايرىپ تۇرۇپ ، ياغاچ ساپلىق ، ئورغاقتىن سوققان پىچىقىنى ئاتنىڭ بوغۇزىغا سۇردى . قارامتۇل قان ئاپئاق قارغا ئېقىپ چۈشتى . ئات ئازراقلا تېپىرلىدى - دە ،

جان ئۈزدى .

— ئىسىت ، جانىۋىرىم ، — مۇختەرباي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېتىغا دۇئا قىلىپ بولۇپ ، پېشانىسىنى ئاتىنىڭ قورسىقىغا قويۇپ ماچىلداپ يىغلاپ كەتتى ، — تاي چېغىڭدا قولۇمغا چۈشۈۋىدىڭ ، ياخشى ئات ئەر قانىتى دېگەن سۆزنى راستقا چىقاردىڭ . مەن سەندىن رازى ، قار قېلىن ، يول كۆلتۈك ، بىلىپ تۇرۇپ سېنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم ...

— سويۇۋەتمىسەك ، هازىرلا توڭلاپ قالىدۇ ، ئاكا !

— نېمە قىلساڭ قىلغىنا ، ئېگەر - جابدۇقنى يەش .

زىياۋۇدۇن كۆمۈشتىن شالدىرما قىلىنغان ، قۇشقۇن ، يۈگەنلىرىگىمۇ كۆمۈش ، مىس تۈگۈرمىلەر بېكىتىلگەن ئېگەرنى ئاتنىڭ دۈمبىسىدىن ئاخىرقى قېتىم بوشاتتى . مۇختەرباي ئېگەر - جابدۇقنى مۈرىسىگە ئارتىپ يېزىغا قاراپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ قېلىن قاردا ئارانلا مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى .

زىياۋۇدۇن چاننى ئاتنىڭ بىر يېنىغا تىرەپ پۇتلىرىنى ئۆرە قىلدى - دە ، ئاتنىڭ تېرىسىنى سويۇشقا باشلىدى .

مۇختەرباي جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قارىگىر ئېتىنىڭ گۆشىنى ناتونۇش ئادەملەرگە خامتالاش قىلىپ تارقىتىپ بېرىۋەتتى - دە ، بىرىنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ تۇردىيۇزىگە قاراپ پىيادە ماڭماقچى بولدى .

— ھېچبولمىسا بىر ئۆكۈز بولسىمۇ بېرىڭلار ! — دېدى زىياۋۇدۇن ئاتنىڭ قارتىسىنى ئالغان بىر كۆزىدە ئېتى بار ، تىترەپلا تۇرىدىغان دېھقانغا يېلىنىپ ، — چانا بىلەن تۇردىيۇزىگە يېتىۋالايلى - دە !

لېكىن ، دېھقانلار زادىلا ئۇنىمىدى . ئاخىر ئۇلار ئاتنىڭ تېرىسىنى بېرىدىغان بولۇپ بىر ئات رەنگە ئالدى - دە ، چانا بىلەن يولغا چىقتى . كۆلتۈك قاردا ئۇ ئات مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا ماڭماي ، ئۇرسا چىچاڭشىپ تۇرۇۋالدى . ئۇلار ئاتنى ئۇرۇپ هاردى ، ئىككىلا مەھەللە يىراق ، ئوتتۇردا پايانسىز قارىياغاچلىق

بار ئىدى . سوغۇق كۆچەيگىلى تۇردى . قولنى يەڭدىن چىقارغىلى بولـمـايـتتى ، قىبلىدىن يەنە بوران كۆتۈرۈلدى . ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئات غالىلداپ تىترەپ قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ زەربىسىدىن شۇمشىيىپ تۆت پۇتىنى بىر يەرگە قىلىپ خارتىلداپ تۇراتتى .

— يانايلى ! — دېدى زىياۋۇدۇن .

— قىبلىگە ماڭغىلى بولمايدۇ ، كۆز ئاچالمايسەن ، ئالغا ماڭ ! — ئۇلار ئات ، چانا ، ئېگەر ـ جابدۇقنى قويۇپ قىلىن قاردا بىردە مۇدۈرۈپ ، بىردە ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى .

— ئات ئۆلسە قانداق قىلىمىز ؟

— بىز ئۆلسەكچۇ ؟

— خەقنىڭ ئېتىنى تاشلاپ قويدۇق .

— مېنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمچۇ ؟ ئۇنداق ئون قوتۇر ئاتمۇ پاي بېرەلمەيدۇ ئېگىرىمگە .

زىياۋۇدۇن كەينىگە ياندى .

— نېمە قىلىسەن ، زىيەك ؟

— ئـېگەر ـ جابـدۇقنـى قـولتۇقماچ قىلىـپ دۈمبەمـگە تېڭىۋالىمەن !

زىيـاۋۇدۇنـنىڭ دۈمبىسىدە ئېگەر ـ جابدۇق ، مۇختەرباي ئارانلا پىخىلداپ قەدەم يۆتكەيدۇ ، زىياۋۇدۇن ھەربىر قەدەم باسقاندا بالىسىنى بىر قېتىم يادىغا ئالىدۇ ـ دە ، بەدىنىدە ھاياتقا بولغان بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇرغۇيدۇ . ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ تۇردىيۇزىگىچە چىداپ مېڭىشى كېرەك . مۇختەربايىنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىدى :

— كۆتۈرۈۋالامسىز ، ئاكا ؟

— نېمە ؟ مۇز داۋاندىن ئاشقان ئەركەكمەن ! — مۇختەربايىنىڭ ئـاۋازى ئـارانلا چىقاتتى . زىياۋۇدۇن يەرگە كىرگۈدەك خىجىل بولدى :

— مـېـنـى دەپ جـاپـاغـا قـالـدىڭ ، ئاكا ، مەن رودۇپاي

ئەگەشمىگەن بولسام قارىگىر ...

— كاپشىما زىيەك ! ... — دېدى مۆختەرباي تىنىپ كەتكەن ئىبرىققا بەلگىچە قارغا پېتىپ ئارانلا نەپەس ئېلىپ ، — ئازغان ئوخشايمىز ، يول قېنى؟

— نەگە ماڭساڭ شۇ يەر يول ، ئەكەل قولۇڭنى !

— توختا ، بىر تىنىۋالاي ! ...

— مەن ئۈچۈن ...

— سەن نېمىدىك ، رەيهان ئۈچۈن ... مەن ئۇنىڭ قەبرىسىدە دۇم يېتىپ بالىلىرىڭغا ئۆزۈم ئىگە دەپ قەسەم ئىچكەن ...

— قەسەم ! ... ماڭايلى ، ئاكا ، مانا قاراڭغۇ چۈشكىلى تۇردى .

ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز بىردە مۇدۇرۇپ ، بىردە ئۆمىلەپ ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى . سوغۇق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ، كەينىدىن ئۇلارنى بوران ھەيدىمەكتە ، ئۇلار بوراننىڭ ئېقىشى بىلەن مېڭىۋەرسە مەھەللىگە بارىدىغىنىغا ئىشىنىدۇ ... ئۇلار مېڭىۋەردى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە مۆختەرباي :

— ئۆي ، بىرى پانا قىقىۋاتىدۇ ! — دېدى . ئۇ قېرى قارىياغاچقا يۆلەنگىنىچە قاردا ئولتۇرۇۋېلىپ ھەدەپ ھاسىرايتتى ، — ماڭ زىيەك ، ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆي تۇرىدۇ ، مېنىڭ مىدىرلىغۇچىلىكىم قالمىدى ! ...

زىيەك ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى :

— ھاپاش بول ، بولە . مېنىڭ كۆتۈرگۈچىلىكىم بار !

زىياۋۇدۇن ئاكىسىنى ، ئاكىسى ئېگەر ـ جابدۇقنى ھاپاش قىلىپ بىرىنچى ئۆينىڭ ھويلىسى ئالدىغا كەلدى . غورۇ سېلىنغان ھويلا دەرۋازىسىدىن زىياۋۇدۇن ئۆمىلەپ ئۆتتى ، ئاكىسى قارغىلا يېنىچە ياتتى .

زىياۋۇدۇن زىغىر پاخىلى بىلەن يېپىلغان ھويلىغا كىرىپ ئۆزىگە ئېسىلىپ هاۋشىغان دېهقان ئىتىغا پەرۋا قىلماستىن ئۆي ئىشىكىنى مۇشتى بىلەن ئۇردى . ئۆيدىن يالىڭاچ بەدىنىگە كورەك

جۇۋا يېپىنچاقلىغان، كەكە ساقال، ئېگىز ئادەم چىقتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار! — دېدى ئۇ پۈتۈن بەدىنى قارغا مىلەنگەن ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، — پاھ، جۇدۇندا قاپسىلەر، قاشقادىن چىققان مۇساپىرلارمۇ سىلەر؟

— ئاۋۋال ئۆيىۈڭگە كىرەيلى، — دېدى زىياۋۇدۇن مۇختەربايىنى يۆلەپ كىرگۈزۈپ، — قاشقانىڭمۇ نېرىسىدىن ...

ئىللىق ئۆي، مورا ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان قاتتىق ئوتۇن زىياۋۇدۇنغا دەرھال ئۆز ئۆيىنى ئەسلەتتى. مۇختەرباي جۇۋا، قولاقچا، پىيمىسىنى يېشىپ سامان ياستۇققا جەينىكىنى قويۇپ كۆلدى:

— مەن ساقمۇ ھۆي!

ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. كاڭدا قاتار ئولتۇرۇشقان ناچار كىيىنگەن بەش بالا، ئوچاقمانتىدا گۈپۈلدەپ سامان قالاۋاتقان ئانا، بايىقى ئۆزۈن تۇرا، يالىڭاچ ئەر (ئۇ ھازىر ياماق - ياماق ماتا كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى) ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

— كاۋا پىشۇيۇۋاتىمىز! — دېدى ئەمدىلا تىلى چىققان كەنجى ئوغلى تايتاڭلاپ كېلىپ دادىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، — تۆپيان كاۋا ...

مۇختەرباي ئۆيگە سىنچىلاپ قارىدى. سۇپا ئۈستىدە گۈلسىز — تىتىلىپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز، كىگىز ئاستىدا زىغىر پاخىلى، لىمتاقتا بىرنەچچە سامان ياستۇق، بىر - ئىككى قۇراق كۆرپە، كورەك جۇۋا، كونا چەكمەن چاپان بار ئىدى.

— قاشقالىقمۇ سەن؟

— نەدىكىنى، بىندىرىن تارانچى!

— نېمانچە كەمبەغەلسەن؟

— خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ.

— مال - ۋارىنىڭ يوقمۇ؟

— بىر ئات بار ئىدى، كۆتۈرەلمە بولۇپ ھارام بولدى ...

— توخۇ ، غازلىرىڭمۇ يوقمۇ ؟
— ئەي بولمىدىغۇتاڭ ...
— يېرىڭچۇ ؟
— ئۇن خورى قالدى .
— ئارانلىما ؟
— دادام كۆچ - كۆچتە كېتىپتىكەن . ئەپۇ ئومۇمدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ .
— نېمە دېگىنى ئۇ ئەپۇ ئومۇم دېگەن ؟
— نەدىن بىلەي ، دادام كېلىپ يەرلەرنى تۇڭگانلارغا سېتىۋېتىپ چاي - تۇز قىلغان ئوخشايدۇ .
— ها - ها - ها ... يەرگە چاي - تۇز ئېلىپ ئىچكەن قاشلىق دەيمىز كەن - دە ... ئۆيۈڭدە يېگۇدەك گۆش - پۆش بارمۇ ، مەن بىر كۇن گۆش يېمىسەم تۇگەپ كېتىمەن جۇمۇ .
— بارمىكىنتاڭ ، ھەي ئاپىسى ، بوجا - موجىلىرىڭ يوقمۇ ؟
— ۋىيەي ، بۇلتۇرلا تۇگىگەن ...
— بۇ يەرنىڭ بېيى كىم ؟
— تۇڭگانلار .
— ئۇيغۇردىنچۇ ؟
— ئاۋۇ نېرىدا يەھياۋاي ، مەيەردە شەمىكام ...
— ھە ، ماڭ جۇگۇ ، شەمىكاڭغا ئېيت ، ئۇ قاتتىن مۇختەرباي ئېزىپ كېلىپ قاپتىكەن ، بىر پاقلان بەرسۇن دەيدۇ - دە .
— ئۇنارمۇ ؟
— بارمامسەن ئاۋۋال ، تېزرەك بار دەيمەن .
مۇلايىم ئۆي ئىگىسى جۇۋىسىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى . جوزا قويۇلۇپ ، مېھمانلارغا داغ سۇ قويۇلدى .
— چېيىڭلارمۇ يوقمۇ ، ھۇي خالايىق ، نانچۇ ؟
— قوشنىلارغا بىر سېلىم چايغا بالا كىرگۇزسەم يوق دەپتۇ ، — دېدى ياماق - ياماق كۆڭلەك كىيگەن ، پاختىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان يېڭى يوق پاختىلىق چاپان كىيىپ كىر ماتا

ياغلىقنى ئېڭىكى ئاستىدىن باغلىۋالغان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، ئورۇق ، ۋىجىك ئايال گۇناھكاردەك تىرنىقىنى تاتىلاپ .

— ھەتتەڭ ، قارىغىر مەشەدە ئۆلسىچۇ ، بۇلارغا سوقۇم بولاتتىكەن ـ دە !

تۇرپان كاۋىسى بىلەن داغ سۇ جوزىغا كەلدى . مۇختەرباي «كاۋا يېيىش گادايلىقنىڭ ئالامىتى» دېگەن پەتنىۋاسىغا قاتتىق ئەمەل قىلاتتى . ئۇ ھېچىردىكى داغ سۇدىن ئىچتى ، زىياۋۇدۇن بىر كېسىم كاۋا يېدى ، باللار بۇلىشىپ ـ تالىشىپ جوزىنى بىردەمدىلا قۇرۇقدىدى .

سىرتتىن دۈكۈرلىشىپ ئادەملەر كىرىشتى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، مۇختەرباي ، نېمانداق قامغاقتەك ئۇچۇپ ھوي ...

— كۆزنى ئاچالمىدۇق شىۋىرغاندا ، — شەمىنىڭ لەقىمى «قارىغۇ» بولغاچقا مۇختەرباي قوم ئارىشاڭدا تونۇشقان ئادەمگە چاقچاق قىلدى . ئۇلار كۈلۈشتى .

— قېنى ، يۇرۇڭلار ئۆيگە !

— ماڭالمايمەن . مەن دېگەندەك قىل ، باللارمۇ گۆشكە بىر تويسۇن .

— ماقۇل ئەمىسە ، يۇر ھېبى ، قوي سويىمىز !

مۇختەرباي ئۇخلاپ قالدى . ئۇنىڭ خورىكىگە باللار ھەيران قېلىشتى . بىردەمدىن كېيىن نامرات دېھقان ھېبىنىڭ ئۆيىدىن قوي گۆشىنىڭ شورپا پۇرىقى تارقالدى . ئۇ شۇ ئاخشىمى بىر قوينىڭ گۆشىنى قازانغا سالغۇزۇپ ، بىرنەچچە يىلدىن بېرى گۆشكە تويۇنمىغان نامراتنىڭ باللىرىنى گۆشكە تويغۇزدى . بايلار ئۆيگە چىڭ تۇتۇپ تەكلىپ قىلسىمۇ بارماستىن ، ئاشۇ سۇپىدا قۇراق كۆرپە ئۇستىدە جۇۋىسىنى يېپىنىپ ، سامان ياستۇققا بېشىنى قويۇپ باللارنىڭ ئارىسىدا قورۇنماي ياتتى .

— ما خۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئات باقار بولۇپ ئايلاپ ـ ئايلاپ داق يەردە ياتاتتىم ، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ خىجىل

بولغىنىنى بىلىپ، — سىنىڭ ئۆيۈڭ جەننەت، پاھ، نېمىدېگەن راھەت!

— نۇرغۇن سېخىيلىق قىلدىڭ، ئاكا، بىر ئات، بىر قوينى يېگۈزۈۋەتتىڭ - دە!

— تۇرداخۇن بايىنى خائىن قىلىپ پۈتۈن بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىنۇدى، بايلىقى توزۇپلا كەتتىغۇ. شىڭ دۇبەن بايلارنى خائىن قىلىپ بايلىقىنى تارتىۋالىدىكەن. كىم بىلىدۇ، بىزمۇ خائىن بولۇپ تاپقان - تەرگىنىمىزنى شىڭ دۇبەننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ بېرىمىزمۇ تېخى. ئۇنىڭدىن كۆرە بىز خەق يېسۇن، ھەي ئۇزۇن تۇرا، بىر چانا تېپىپ بىزنىڭكىگە بارغىنا، بىر كالا سوقۇم سويۇپ بېرەي، باللىرىڭ يېسۇن. ئىككى پارچە كىگىز، ئىككى چاي، بىر تاغار ئۇن بېرىمەن، قاچان بارىسەن؟

— ۋايتاڭ! ...

— تارانچى دېگەن شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات. ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش، دەپ ئاسمانغا قاراپ ياتقىنى ياتقان بۇ خەقنىڭ!

— ئۇنداق بولغاندىكىن ئەكېلىپ بېرەرسەن! ...

— ھا - ھا - ھا ...

— مۇنداق دە تېخى، خۇدايىم باشقا ئىش قىلماي ساڭىلا ئىشلىسە بولىدىكەن - دە، قانچە بۇغداي تەردىڭ؟

— ئىككى خو بۇغداي تەرگەن، ئاپىخان بېسىپ، ئارانلا ئالتە خو چىقتى! ...

— ئېڭىزغا تەرگەندىكىن شۇ.

— ئون خو يەرنىڭ تۆت خورىنى بىر قاشقالىققا بەردىم، قوناق تېرىدى، ئۇ ماڭا تۆت خو قوناق بەردى، بوز ياتقۇزغۇدەك يەر نەدە.

— كۆكتات - پۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزچۇ؟

— تەرمىدۇقغۇتاڭ.

— بارى - يوقى يۈز سەككىز تال كاۋىمىز بار شۇ! — ئايالى ھەسرەت بىلەن گەپ قوشتى.

— بىر سىۋەت ياڭيۇ، سەۋزىچۇ، خوتۇن؟

— ۋيەي ، كۆچۆكنىڭ بىرنىمىسىدەك ...

— ها ـ ها ... ھى ـ ھى ...

— پەمىدۇر ، لازا ، چەيزە دېگەنلەرنىغۇ بىلمەيسىلەر . لەگمەن ، مانتا دېگەنلەرنىمۇ يەمدۇ بالىلىرىڭ ؟

— بولسىغۇ يەيتتى ، ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا بىر لەگمەن ئېتىۋىدى ... ئۇنتۇپ قالدىڭغۇ دەيمەن ـ ھە ، خوتۇن !

— تۇخۇمىز يوق ، ئىتىمىز بار ئىدى . كېپەك يوق ئاش ئېتىپ بېرەلمەي ئۆلۈپ قالدى .

— يازدا بالىلىرىڭ نېمە يەيدۇ ، ئۇزۇكچىلىكنى قانداق ئۆتكۈزىسەن ، يېڭى ئاشلىققا ئۇلاشقۇچە دەيمىنا ؟

— سۆك يەيمىز ... سۆك بىلەن كاۋا ...

— تېرىق تېرىپسەن ـ دە ، ھە ؟ — مۇختەربايىنىڭ ئاخىرقى سوئالى جاۋابسىز قالدى . ئاۋۋال ئۇزۇن تۇرا ، ئاندىن مۇختەرباي خورەك تارتىشقا باشلىدى .

ئۆرۈلگىلى بولمايدىغان ، بىر ـ بىرىگە يامىشىپ يېتىشقان چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى . بىرلا زىياۋۇدۇن ئۇخلىيالمىدى . ئۇ مۇنۇ يەر ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى . ھازىر ئۇنىڭ قولىدا سەكسەن خو يەر بار . لېكىن ، تېرىيدىغىنى ئون خوغا ئارانلا يېتىدۇ . يەر بېجى — دەن بارغانسېرى كۆپەيمەكتە . بۇلتۇر ئون يەتتە خو دەن تۆكۈۋىدى ، بۇ يىل يىگىرمە بىر خو بوپتۇ . دەننى تۆكۈپ بولۇۋىدى ، ئارانلا ئالتە خو بۇغدىيى قالدى . كېلەر يىلى يېڭى ئاشقا يەتكۈچە يەيدىغىنىمۇ شۇ ، ئۇرۇقمۇ شۇ . يەيدىغىنىغا ئارانلا يېتەر ، ئۇرۇقنى قانداق قىلار ؟ بىر ئېتى بار ئىدى ، ھازىر ئۇمۇ يوق . ئۈچ ـ تۆت قويى بولىدىغان ، ئۇمۇ تۈگىدى . ئەيسا شاڭيولارغا دادىسى مال ـ ۋاران قالدۇرغان ، يەرنى بەردى ، قوي ـ كالا ـ ئاتلارنى «بولدى» دەۋەتكىنى نېمىسى ؟ كۆن كۆرۈش ئۈچۈن ئىككىلا يول قالدى : بىرى ، يەر سېتىش ؛ يەنە بىرى ، دەۋا قىلىش . ھەر ئىككىسىلا نومۇس . قايسىسى يامانراق نومۇس ؟ يەر ساتتى

دېگەن سۆز ئاتا - بوۋىسىنىڭ — غازى ھاجىنىڭ نام - ئابرۇيىنى ساتتى دېگەن سۆز. ياق، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. دەۋاچۇ؟ ئەيسا شاكىيو دېگەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ چوڭ ئوغلى. دادىسىنىڭ، كىچىك ئاپىسىنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟ ئاندىن كېيىن دادىسىنىڭ روھىچۇ؟ خەقنىڭ گېپىچۇ تېخى؟ «ئۆلۈك، گەپ قىلىڭ دېسە گۇرگۇر، چېلىش، ئوغلاق دېسە بۆكە، داپ چېلىڭ دېسە گەدىش، جان باقالماي ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان؟» دېيىشسە، بۇنداق گەپ چوماقتىنمۇ يامان. ئىنساپ قىلسا بېرەر، لېكىن ئىنساپ بولسا ئەيسا شاكىيوم يەرنىڭ دەنلىرىنى ماڭا دۆڭگەپ، مېنى باغلىتىپ سولىتىپ قويماس ئىدى ...

ئۇنىڭ بويىنىنى بىرنېمە چاقتى. ئۇ سىلاپ «بۇدرۇق» نى تۇتۇۋېلىپ مورا ئوچىقىغا تاشلىۋىدى، پۇتلىرىنى، باشلىرىنى قىمىلداتقىلى تۇردى. «پاھ، بىچارە باللار، كاۋا بىلەن مۇشۇ پىتلارنى بورداپدىكەن - دە؟» ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاشقا باشلىدى. باللار تېپىرلىشىپ زادىلا جىم ياتمايتتى. كاڭدا ياتقان ئانا ھەممىنى سېزىپ ياتسا كېرەك، ھېلىدىن - ھېلىغا «ئۇھ» تارتاتتى. مانا مۇختەربايمۇ قىمىرلاپ جۆيلۈدى: «رەيھان، ھەي رەيھان، ئالغىنا!» بىر تۇغقان ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى چىققىنى نېمىسى؟ ئۇلارنىڭ چاتىقى بارمىدىيا؟ ياق، رەيھان ئۇنداق قىلىدىغان خوتۇن ئەمەستى، رەھمىتى زىياۋۇدۇنغا قانمايلا ئۆتۈپ كەتتىغۇ. پاھ، ئۇنىڭ ئېرىگە ئامراقلىقى ... شۇنىڭ ئۈچۈن زىياۋۇدۇن نى - نى كېچىلەرنى ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. تۆت يىلدىن بېرى ئۇنىڭ نەچچە قېتىم چۈشى بۇزۇلدى، ھەممىلا قېتىم رەيھان بىلەن. ئۇ ھازىرمۇ ئاخشامقى قوي گۆشى، شورپا كۈچى بىلەن يالاڭ ئىشتاندىن توڭلۇك ئاچىدىغاندەك بولۇۋالغان تەمەخور ئەزاسىنى قولى بىلەن بېسىپ قويدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە تۈنجى توي ئاخشىمىغا قايتتى ... تۆپە پەنجىرىدە قاغىدەك توپ ئادەم،

ئۇنىڭ يېنىدا ئون بەش ياشلىق يۇرت گۈزىلى ، ئەندىشىدە ئېغىر تىنىپ ياتماقتا . ئۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى ، قىز ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە يۈزىنى ياقتى . ئۇ قىزنى ئاستا ئوڭدا قىلدى . ئۇنىڭ نەپسى بالا ئەزاسى ئۇنى ئالدىراتماقتا . ئۇ قىزنىڭ ئىشتىنىنى تارتتى . قىز ئىڭراپ تۇرۇپ :

— قورقىمەن ، قورقىمەن ! — دېدى پىچىرلاپ .

— بولە ، زىيەك ، مۇزلاپ ئۆلەي دېدۇق !

— ۋاي ئۆلەي ، ۋاي چىدىمىدىم ! ...

— قىز قانداق قىلار ؟ ئۇ بىر ھاڭگا !

ئۇ قىزنى سىلاپ تۇرۇپ :

— قورقما ، توي بولغاندىكىن ... — دېدى ۋە قىزنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ، يۈزلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ياۋايىلىقنى باشلىۋەتتى .

— ئاپا ! — قىز قاتتىق چىرقىرىدى . پەنجىرىدە قىيقاس كۆتۈرۈلدى ، زىياۋۇدۇن ھودۇقۇپ قىزنى يۆلىدى ، ئۇنىڭ قولى ھۆل بىرنېمىگە تەگدى . ئۇ قىزنىڭ بىھوش بولۇپ قالغىنىنى بىلدى ۋە دەرھال كىيىنىپ سىرتقا مېڭىپ :

— يەڭگە ! — دېدى . «يەڭگە» كىرگەندىن كېيىن ھويلىغا چىقىپ ئاغىنىلىرىنى تىللىدى :

— ھايۋان سەن خەق !

— سەنمۇ شۇ ، زىيەك !

— كىچىككىنە قىزنى چىرقىرىتىۋەتتىڭ ، ھاڭگا !

قىز ئەتىسى تامدەك تاتىرىپ ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتتى . قىزدىن بىر ھەپتىگىچە قان كېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى . ئاياللار ئۇنى قانداق قۇتقۇزدىكىن ؟ بۇنى زىيەك بىلمەيدۇ ! ...

زىياۋۇدۇن جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقىپ ھويلىدا بىردەم ماڭدى . بوران ھۇۋلايتتى ، قارلار ئۇچاتتى ، دەرەخلەر ئۇشقىرتىپ غاراسلايتتى ... «بالام شۇ تۇرقىدا نەدىكىن ؟» ئۇ

بالىسىنى ئويلىغۇندى ، يەنە ھېلىقى بىچارە دادا ھالىغا قايتتى . ئۇنىڭ بەدىنىدە راھەتكە ئىنتىلىش ھېسى قالمىدى ، قەلبىدە بىر خىل سېغىنىش ، جۇدالىق ، ئاتىلىق بۇرچ ھېسى يالقۇن بولۇپ يېنىشقا ، بوران بولۇپ گۈركىرەشكە باشلىدى .

ھەي ئىنسان ، ھاياتقا سەممىي مۇئامىلە قىلساڭلا ھەممە يەردە خۇشاللىق تاپالايسەن ، غەم - غۇسسە يالقۇنلىرى ئىچىدىمۇ كۈلەلەيسەن ، يەنە شۇنداقلا تاغدەك لەززەتنى ئۆز زىممەڭ ئادا قىلىدىغان ئىش ئۇچۇن چۆرۈپ تاشلاپ ، غەم - قايغۇ ئىچىگە شۇڭغۇيالايسەن . سەممىي ئادەملەر ھېچنېمە ئىزدىمەيدۇ . بەختمۇ ، بالايىئاپەتمۇ ئۇنى ئەگىشىپ يۈرىدۇ ، قايسىسى چاققان بولسا ئىنسان شۇنىڭ ئەسىرى …

زىياۋۇدۇن بۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى .

ئەتىسى شەمى باي ئۇلارنى يەھيا مىڭبېگىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى . مىڭبېگى ئېگىز ، تارىمۇش ، قارا ساقال ، دوپپىسىنى كۆزىگە كېيىۋالىدىغان مەغرۇر ئادەم ئىدى . ئۇ مۇشۇ بەش يۈزنى سورايدىغان مىڭبېگى ، يەرلىك ھۆكۈمران ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيىمۇ كونىچە ، ئېغىل ، ئامبار ، ئۆي ئىشىكلىرى ، قۇچاق يەتمەيدىغان تۈۋرۈكلىرى بار ئۆي ئىدى . مېھمانلارنى مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە — كېيىك تېرىلىرىدىن قىلىنغان كۆرپىلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ ، مىڭبېگى دۇئادىن كېيىن تارانچى ئادىتى بويىچە گەپنى چاقچاقتىن باشلىدى :

— ھە ، مۇختەرباي ، قارىگىر مۇز داۋاندىن ئۆتەلىگەن بىلەن تۇز داۋاندىن ئۆتەلمەپتۇ - دە !

— ئۆتۈشنىغۇ ئۆتتى ، قاشلىقلار توشقان قوغلاپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ تەييار گۆش بولۇپ بەردى دەڭا !

— ھا - ھا - ھا … ھە ، ھېلىقى قاشقالىق مىڭبېگى ھېلىھەم دوتەي بولىمەن دەپ چېپىپ يۈرەمدۇ ؟

— تىنىمايدۇ - دە ، ئۇنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق . ئاڭلىساق زاكىرخان غوجامنى قولغا كىرگۈزۈپ بوپتۇ . ھاكىم

بولغۇدەك دېيىشىدۇ . غېنى بىلەن بىزنىڭ نۇرىلارنى تۇتۇپ بەرسىلا ھاكىم بولالايدۇ جۇمۇڭ !

— ھوي ، نۇرى دېگەن بالا سىزنىڭ بالىڭىزمۇ ؟ مەن يېقىندا توققۇزتاراغا بارغانىدىم ، ھاكىمنىڭ ئۆيىدە غېنى بىلەن ئىككىسىنى كۆرۈپ قالدىم . يېڭى ھاكىمغا نەزەرخان غوجامنىڭ ھېلىقى ئەپرىز بانۇم دېگەن خوتۇنى تېگىۋالدى دەڭا . يامان خوتۇنكەن . ھاكىمنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆزى چۈشۈپ ، يەتمىشتىن ئېشىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمگە ياتلىق بولىۋالدى . بوۋاي ئۆلسە ھەممە بايلىقى ئۇنىڭ بولىدۇ ـ دە !

— ھە ، ھە ... نۇرى شۇ يەرگە كەپتۇمۇ ؟ — زىياۋۇدۇن بالىسىغا قىزىقىپ سورىدى .

— گەۋدىلىك ، گەپدان ، بىلىملىك يىگىتكىنا . غېنى ئۇنى ئۆيغۇردىن چىققان لېنىن دەۋاپتۇ . ئۇلار كېچىلەپ كونەس تەرەپكە يول ئالدى . قېچىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ ئېھتىمالىم .

— شىڭ دۇبەن ئۇلارنى تۇتۇشقا نىلقىغا ئەسكەر چىقارغان ئوخشايدۇ .

— ھاي ، ئاۋاك ئەپەندى !

ئۆيگە ئېگىز ، قاشلىرى تولىمۇ قويۇق ، قارا بۇرۇت بىر كىشى كىردى .

— لەۋەي !

— ھېلىقى خەتنى ئوقۇڭا ، شۇ نۇرىنىڭ ماڭا يازغان خېتىكەن ، مۇنۇ دادىلىرى ئاڭلىۋالسۇن .

ئەپەندى دالانغا چىقىپ كېتىپ خېلىدىن كېيىن كىردى ۋە تۆۋەندىكى خەتنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇدى : «ھۆرمەتلىك يەھيا مىڭبېگى ئاكا ، ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى بىلىپ تۇراي دېۋىدىڭىز ، سىزگە تونۇگۇن ئۇرۇمچىدە بولغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەكچىمەن : شىڭ دۇبەن ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنى ئۈچ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن شىنجاڭدا تازىلاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن غۇلجىغا يولغا سالغان . نىشان غۇلجا ناھىيىسى بىلەن نىلقا

ناھىيىسى ئىكەن . بۇ قېتىم ئاساسەن «باندىت ، تازىلاشنى مەقسەت قىلىدىكەن . «غېنىنىڭ ئاغىنىسى ، ئەلۋەتتە ھوشيار بولۇشى كېرەك . ئىلقىغا كەلسىڭىز پاتىخ مۇسلىموفقا يولۇقۇڭ ، سىزنى بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ . بىزنى خۇدايىم ، خەلق ، قار - بوران بىرلىشىپ قوغدايدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ ! »

— ھا - ھا - ھا ... — مۇختەرباي قاقاقلاپ كۈلدى ، — ئوغۇل ، ياشا ، غوجانىياز ، مامۇت سىجاڭ ، تۆمۈر سىجاڭلاردىن ئۆتۈپ كەت ، نۇرى ! غېنى ، پاتىخ ، ئەكبەر دېگەنلەر شۇڭقار - دە ، ھېلىغۇ ئۈچ يۈزكەن ، ئۈچ مىڭ ئەسكەر كەلسىمۇ بۇرۇتى تەۋرەپ قويمايدۇ ئۇلارنىڭ !

تالادا قىيقاس كۆتۈرۈلدى .

— كەلدىمۇ نېمە شېڭ دۇبەننىڭ ئەسكەرلىرى ؟

— ھا - ھا - ھا ... ھاۋا ئېچىلدى ، پۈتۈن قاشلىق ئوۋغا ئاتلاندى . ئالدىمىز جاڭگال ، كەينىمىز تاغ ، تۈزلەڭ . توشقان ، تۈلكە دېگەن قىسىم - قىسىم ، ئېگىنشسەڭلا قولۇڭغا چىقىدۇ . قاشلىقنىڭ سوقۇمى توشقان ، چىقىپ ئوۋلايمىزمۇيا ؟

— چىقساق چىقتۇق ! — دېدى مۇختەرباي ، — مىڭبېگى ئاداش ، قېزاڭنى ئەكەلمەمسەن ، ئوۋ دېگەنگە كۆچ كېرەك !

زىياۋۇدۇن بۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئوۋغا چىققىنىنى كۆرمىگەن . يار بېشىدىن تۆۋەنگە قارىساڭ تاكى كۇنەس دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىق ، شىمال تەرەپكە ئاۋرال تېغى يوتىلىرىغىچە چوماق ئوينىتقان ئادەملەر ، تىنىمسىز ھاۋشۇۋاتقان ئىتلار .

— توشقان دېگەننىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىدىغان بولدى - دە ، بۇ قاشلىقلار . يائاللا ، شېڭ دۇبەن مۇشۇنداق تۈت - تۈت قىلسا بىزمۇ توشقاندەك قۇرۇپ تۈگەرمىزمۇ ؟

— ئاڭلىدىڭغۇ ، بالاڭ بىزنى خۇدايىم ، خەلق ، قار - بوران قوغدايدۇ دەپ يېزىپتىغۇ ! قورقما ، زىيەك ، بالاڭ يۈز ئىتنى تىنىتەلەيدىغان تۈلكە بولۇۋالغان ئوخشايدۇ !

ھەممە ئادەم توشقان تۇتۇشنىڭ كويىدا ، بىرلا زىياۋۇدۇن بالا

غىمىدە، ئۇنىڭ خىيالى بالىسىدىلا قالغان. ھېلىقى لى يىڭچى دېگىنى ئۈچ يۈز ساقچى بىلەن غۇلجىغا كەلسە، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسى مۇھىم نۇقتا بولسا ئۇ قانداق قىلار ئەمدى؟ بىچارە بالىسىنى تۇتۇۋالسا ياكى ئېتىۋەتسە زىياۋۇدۇن ئازابقا چىدىيالارمۇ؟ سوقۇش بولسىدى، بۇنداق ئەنسىزچىلىكتە ياشىغۇچە جەڭگە كىرىپلا كەتسە، ياكى ئوقتا ئۆلسە، ياكى ئۆچىنى ئالسا...

ئاكىسى مىڭبېگىنىڭ بىر ئېتىنى مىنىپ دەريا بويىغا قار توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭغۇسى يوق. ئۇ شىمالدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋرال تېغىغا قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۇ تاغنىڭ نېرىسىدا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى بار ئەمەسمۇ؟...

لى يىڭچى راست دېگەندەكلا غۇلجا شەھرىگە كېلىپ ئۈچ كۈن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى. ئىككى زاۋۇت ئەنسىز ھۆركىرىدى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، گىمنازىيە ۋە ھۇسەيىنباي زاۋۇتىدىن ئوتتۇزدەك ياشنى تۇتتى، لېكىن ناھىيىلەرگە چىقالمىدى. تاغلار بولسا تامام ئېتىلگەنىدى. قېلىن قار راستىلا مەردلەرنى قوغدىماقتا ئىدى.

1942 — يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قارلار ئېرىپ كوچىلاردا ئەگىز ئېقىۋاتقان بۇ كۈندە، شېڭ دۇبەننىڭ تۆتىنچى ئىنىسى شېڭ شىچىغا ئۆز ئۆيىدە تۇيۇقسىزلا ئوق تەگدى، ئۇ ئۆلدى. شېڭ شىسەي دەرھال كېچىلەپ يىغىن ئاچتى. ئۇ ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ مائوزېرىنى ئۈستەلگە قويۇپ:

— بۇ چوقۇم ئورۇسلارنىڭ ئىشى! يەنئەن بىلەن تىلى بىر! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ قىسقا بۇرۇتى، قويۇق قاشلىرى تىك - تىك بولۇپ كەتكەن. ئۇ بارلىق گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر يۈز يىگىرمە نەچچە ئەزاسىنى بىر كېچىدىلا قولغا ئالدى. ئاندىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئوقۇغۇچىلار، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى كادىرلىرى بولۇپ، ئالتە يۈز نەچچە ئادەمنى قولغا ئالدى ۋە ستالىنغا تېلېگرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بىر كۈندىلا بۆرە جۇۋىسىنى كىيدى، ئالتە بۈيۈك سىياسەت، ماركسىزم - لېنىنىزم دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئالماس بولدى. ئۇ ھەتتا سوۋېت ماشىنىسىدا ئولتۇرماستىن گېرمانىيە ماشىنىسىدا ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ تەقدىرى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ قولىدا بولىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە جياڭ جيېشىنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلىشنى زۆرۈر ھېسابلىدى. لېكىن، ئۇ جياڭ جيېشىنى يامانلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى جياڭ جيېشىنىڭ جازا يۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش كويىدا شىڭشىڭشيادا تۇرغان. جياڭ جيېشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە مەدەت بېرىش مەقسىتىدە شىنجاڭدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتى ئەتراپىدا خەندەك كولىتىپ قاتتىق مۇداپىئە تەييارلىغانىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ماسىنكو ھەرقاچان ھوشيار بولۇش توغرىسىدا موسكۋادىن دائىم يوليورۇق ئېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ چاغدا قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. گېرمانىيىنىڭ ھاۋادىن بومباردىمان قىلىش پىلانى ئورال تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە بولغاچقا، ستالىن سوۋېت ئېغىر سانائىتىنى ئورالغا يۆتكىگەن بولسىمۇ، بۇ رايون يەنىلا خەتەرلىك رايون ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئەكېلىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۇدۇڭخابادا قوراشتۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىۋاتاتتى. مايتاغ

نېفىتلىكىدىنمۇ ئۇرۇش ئۇچۇن ياخشى پايدىلىنىۋاتاتتى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان يىگىرمە نەچچە مىڭ خادىمى بىرلا قىيقاس بىلەن چىقىپ كېتىدىغان ، بىر نەچچە يۈز ئادىمىنى قولغا ئالسىلا قورقۇپ تىكىۋېتىدىغان ئاجىز كۆچ ئەمەس ـ دە . ستالىن ھەر ئامال بىلەن ئۆزىگە خائىنلىق قىلغۇچىنى جازالىيالايتتى . لېكىن ، ئۇ شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي توغرىسىدا ئويلىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمايتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى موسكۋا ، ستالىنگراد ، كىيېۋ ، كۇرسكىي ئۇرۇشلىرىغا قارىتىلغانىدى .
شۇنداق بولسىمۇ شېڭ شىسەي ستالىندىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى . ئۇ يۈز ئۆرۈمەي دېسە ، ستالىن غولىسا ئىشىم چاتاق دەپ ئەنسىرەيتتى . نەق شۇ دەككە ـ دۈككىچىلىك بولىۋاتقاندا ، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدىنتى ۋىلسون سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى . ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى خې جىڭۋۇلار ئۈرۈمچىگە كەلدى . شېڭ شىسەي ئۇلارنى پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ بۇ يېقىنلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جياڭ پرېزىدىنتقا چەكسىز سادىق ئىكەنلىكى ، كوممۇنىزم خەۋپىگە قارشى كۈرەشتە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار جان پىدالىرىدىن بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇتۇق سۆزلىدى . شىنجاڭنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ يۈرگەن جياڭ جيېشىغا شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزلىرى ياغدەك ياقىدۇ ـ دە ! جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ :
— جياڭ ۋېيۈەنجاڭ سىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىپ يۈرەتتى . جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېسىل پەرزەنتى ۋەتەن تۇپرىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ ، يارايسىز ، يارايسىز ! — دېدى .
شۇ كۈندىن باشلاپ شېڭ شىسەي ھەربىي كىيىمىنى زادىلا يۆتكىمەيدىغان بولۇۋالدى . ئاندا ـ ساندا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ چوڭ ـ چوڭ سورۇنلارغا بېرىپ ، سوۋېت

ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ ياۋروپاچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئىشلارمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى . ئۇ كەسكىن ، سۈرلۈك چىراي بىلەن ھەربىيچە پاگون ، مېداللارنى تاقىغان ، يېنىغا تاپانچا ئاسقان ، قوراللىق قىسىملار مۇھاپىزىتىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارىدىغان ، ۋارقىراپ گەپ قىلىدىغان ، نۇتۇق سۆزلىسىمۇ تاپانچىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويىدىغان ھەيۋەتلىك ، سۈرلۈك گىتلېرغا ئۆزىنى تەقلىد قىلىدىغان بىردىنبىر ئاسىيالىق بولۇپ قالدى ...

قارلار ئېرىدى ، تاغ قاپتاللىرىدا ياپيېشىل چىمەنلەر كۈن نۇرىدا يالتىرىدى ، قارىغاي ئارىلىرىدا بۇغا ـ ماراللار ، كېيىك ، تۈلكىلەر مەست بولۇشۇپ چۇقان سېلىشتى . غۇلجا باغلىرىدا باھار شادلىقىدا مەست بولۇشقان قۇشلار بەس ـ بەس بىلەن سايراشتى .

لېكىن ، شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان ، نە ھاۋادا ، نە ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا شادلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى .

## 22

ئەنۋەر مۇسابايوف دوتەي يامۇلىدىن پەرىشان ھالدا قايتىپ چىقتى . ئالتايدىكى ئالتۇن كان ، مايتاغدىكى نېفىت ، ھەربىي مەكتەپ ، سودا شىركەتلەردىكى سوۋېت ئادەملىرىنىڭ دۆلىتىگە قايتىشى ھۆسەنبايلارغا مۇناسىۋەتسىز بولغىنى بىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى توختىتىسەن دېسە ، ئۇلارغا كېلىدىغان زىيان تولىمۇ چوڭ بولىدۇ ـ دە . ئۇلارنىڭ موسكۋادىن تارتىپ ئالمۇتىغىچە بولغان بارلىق شىركەت ، ۋاكالەتخانىلىرى تاقىلارمىش . بۇنداق بولغاندا ، ئۇلار تېرە زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ، شۇنچە قوي ، ئات ، يۇڭ ، قىممەتلىك مۆڭگۈزلەر ۋە تېرىلەرنى نەگە ساتىدۇ؟ زاۋۇتلار ، سودا بىراقلا توختىسا بۇنىڭدىن كېلىدىغان زىيانغا چىدىغىلى بولارمۇ؟ بۇ ئىش تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەن بومبا ، توپان سۈيى ، يەر تەۋرەپ بايلىقنى يەر

يۇتقاندەكلا بىر ئاپەت ! يېڭى كەلگەن دوتەي ، سىلىك قاپىقى يامان ، ئاۋازى توك ، گەپكە زادىلا قۇلاق سالمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى . «كىم ئىجرا قىلمىسا ئىشتىن ئېتىلىدۇ» ، ئۇنىڭ دەيدىغىنى شۇلا . ئۇنىڭغا پارا تەگلەشمۇ ئۆزىگە ئوق ئاتقاندەكلا بىر ئىش . ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ يولى بارمىكىن ، زاكىرخان دوتەيچۇ ؟ كىشىلەر ئۇ ئادەم سىلىڭنىڭ ئىلىنۇەتكەن تىرنىقى ، ئۇنىڭدا قارار قىلىش ، بۇيرۇق قىلىش هوقۇقى نېمە قىلسۇن ، گەپ قىلىش هوقۇقىمۇ يوق ، دېيىشىدۇ . راست شۇنداق بولسا ئېغىز ئۇپرىتىشنىڭ نېمە هاجىتى ؟ ... ئۇ تاشلەپكىدىكى كانتورىغا كىچىك ماشىنىسى بىلەن باردى باش بوغالتىرى — تاتار كىشى بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ خىيال سۈرۈۋاتقانىكەن .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى بوغالتىر ، — ئامال بولمىدى ، ئەپەندىم . هۆكۈمەت تۆت يۈز سەكسەن مىڭ دوللار سېلىق سالدى . ئۈچ كۈنگىچە تاپشۇرمىساق تۈرمىگە تاشلىنىمىز ، بانكىدىن قەرز ئالدۇق . بىزنىڭ س س س ردىكى پۇللىرىمىزنى بۇياققا ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ . ئىشچىلارنىڭ ئايلىقى بىر چوڭ ئىش . ھەممە پۇلغا مال ئېلىپ بېسىپ قويدۇق . ئۈچ قېتىم ئوبوروت بولىدىغان ۋاقتى بولدى ، نېمە ئىلاج ، نەچچە مىليون دوللار ئىسكىلاتلاردا توپا بېسىپ ياتىدۇ ...

— بولدى ، بولدى ، قويلار قانچە ؟

— ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ تۇياق .

— بازارغا سالساق دىرىنىڭ نەچچىلىكى تىرىلىدۇ ؟

— قوي كاسات ، ئەپەندىم . غۇلجا كوچىلىرىغا قوي تىنىپ كەتتى ، خېرىدار يوق .

— ئەمىسە ، پۇل بولىدىغان نېمە بار ؟

— يازلىق ئاياغلار توختام سۇدەك ئېقىۋاتىدۇ .

— ئالتۇن ـ كۈمۈشچۇ ؟

— كاسات . هايانكەشلەر — شىڭ دۇبەننىڭ خوتۇنىنىڭ

ئـادەمـلـرى دىرىدىن ئۈچ باراۋەر ئەرزىنىغا ئىلىپ ، كۆلىغا — شـاڭـخـەي ، تـيـەنجىنلەرگە ئاپىرىپ ئۇن ھەسسىلەپ پايدىسىغا سېتىۋاتىدۇ .

— ئۇنـداق بولسا بىـزمۇ شۇ ياققا ئاپـىرايلى ، يـول يامـان ، باندىت ـ بۇلاڭچىلار كۆپ دەمسىز ؟ شىڭ دۇبەنىنىڭ ئادەملىرى قانداق ئاپىرىۋېتىپتۇ . بىزمۇ شۇنداق قىلىشنىڭ يولىنى تاپايلى ، — ھەم سىياسەتكە ، مەدەنىيەتكە ، ھەم سودا ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان گېپى يۇمشاق ، پاكىز ياسىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا ھېچكىم ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك پەرىشانلىق بايقىمىغان . ئۇ گويا كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمسە ئىدى .

— ھـەممىلا يەردە راھەت كۆرۈۋاتقانمۇ ، بېيىۋاتقانمۇ ئاشۇ خەق ! — دېدى ئۇ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قاتتىق «ئۇھ» تارتىپ ، — ئەسكەرلەر كۆلىدىن پىيادە چىققاندا ئۇلارغا ئەگىشىپ يـول بـويـى ئەسكەرلەرنى مىلىچمال بىلەن تەمىنلەپ كېلىدىغان خولاڭزىچىلار بىر سېۋەت بىلەن چىقىپ ، ھازىر بۇ يەردە چوڭ باي بـولـۇپ كـېـتـىـشـتى . نەگىلا بارسا تيەنزىنلىك باي (تيەنجىن دېـمـەكچى ) ، ئۇلار يالاڭ ئاياغ چىقىشقان خولاڭزىچىلار ئىدى . بـايلىق ـ ئەمـەل شـۇلاردىن ئاشـمايدۇ . كۆلـىـدا دېۋانچىلىك قـىلىدىغانلىرى بۇ يەرگە چىقىپ چوڭ باي بولۇۋالىدۇ . ساراڭ شـويـىـدەك ئـىـلـىـشـىـپ قالغانلىرىمۇ بۇ يەرگە چىقسا دوتەي بـولـۇۋالىدۇ . يۇەن داخۇا ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شىڭ شىسەيلەرنىڭ قايسىبىرى شۇنداق ئەمەس ؟ ! ...

تېلېفون جىرىڭلىدى .

— ئەپەندىم ، سىزگە ، ھېلىقى بۇرۇنقى «يىڭ خاڭ خاڭ» نىڭ باشلىقى تېلېفون بېرىپتۇ .

ئەنۋەر ئەپەندى تېلېفوننى ئاڭلىدى ، لېكىن گەپ قىلمىدى . ئۇ تېخىمۇ قاتتىق خاپا بولدى :

— مـەن ئۇنىڭغا ئاخشام شياڭگاڭ بىلەن سودا قىلىشنىڭ يولىنى تاپقىن دېۋىدىم ، ئۇمۇ يوق بوپتۇ . شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنى

ئادەملىرى بىلەن فرانسىيە ، ئىتالىيە ، ئاۋستىرىيىلەرگە بېرىپ سودا قىلسا يول باركەنۇ ، بىزگە بوسۇغىدىكى ئالمۇتىغىمۇ يول يوقكەن !
— مىللىي زۇلۇم دېگەن مانا مۇشۇ . شېڭ دۇبەن مىللەتلەر باراۋەر دەيدۇيۇ ، بىر مىللەتنى خان ، باشقا مىللەتلەرنى قۇل كۆرىدۇ !
— ئۇنىڭ ھەممە گېپى ئالدامچىلىق . مانا ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرىگە كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ سېتىپ بەرمەيسەن دەۋاتىدۇ . يەنئەنلىك كوممۇنىستلارنى قويماي تۈرمىگە سالدى . ئۇ ھازىر ھەممە ياخشى گەپلىرىنىڭ تەتۈرىنى قىلغىلى تۇردى .
— ئەپەندىم ، بۇنداق كېتىۋەرسەك زىيان كۆندىن - كۆنگە كۆپىيىدۇ .
— زىياننىڭ كارى چاغلىق . بىزنىمۇ تۈرمىگە سېلىپ ھەممە بايلىقىمىزنى مۇسادىرە قىلمىسىلا بولاتتىغۇ !
ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ، روھى چۈشكەن ، پەرىشان ئىدى . ئۇنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل كەمسىتىلىش زورايماقتا ئىدى . ئۇ بىرى بىلەن مۇڭدىششقا ، ھايات ، جەمئىيەت ، ۋەزىيەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرىنى بىرىگە ئوچۇق - يورۇق ئېيتىشقا تەشنا ئىدى .
ئۇ ئاغىنىلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . زور ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكۈدەك بىرمۇ ئاغىنىسىنى تاپالمىدى . ئۇ سودا ، ئەخلاق ۋە ئاياللار توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئامراقلاردىن كۆپرەك دوست تۇتۇپتۇ . تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يادىغا قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، بالىلىقىدىن تارتىپ ئەسكەر بولغان ، ھەربىي باشلىق بولغان ئىسھاقبېك ئىسىملىك قىرغىز كەلدى . يېقىندا ئۇنى شېڭ شىسەي ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇنى تۇتقۇدەك دېگەن خەۋەر خەلق ئېغىزىغا چىققانىدى . ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش خەتەرلىك ، شۇنداق بولسىمۇ ئەنۋەر ئەپەندى ماشىنىسىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە — ۋاڭ قادىر بېغى

تەرەپكە تارتتى .
ئىسھاقبېكنىڭ دەرۋازىسى ھەم ئىدى .
ئەنۋەر مۇسابايوف بىرنەچچە قېتىملا بىللە بولغان بۇ مەشھۇر ئادەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ تەگكىسىنى شاراقلاتتى . ئۇنىڭ ئەخمەت ئىسىملىك مۇھاپىزەتچىسى دەرۋازىغا كېلىپ :
— كىم ؟ — دېدى .
— مەن ئەنۋەر مۇسابايوف !
ئىشىك ئېچىلدى ، ئەخمەت — قىرغىز يىگىت تاپانچىسىنى غىلىپىغا سالدى .
— ئىسھاقبېك بارمۇ ؟
— مەرھەمەت ! — دېدى يىگىت پېشايۋانلىق ئۆينى كۆرسىتىپ .
ئەنۋەر ئەپەندى كىرگەندە ، ئىسھاقبېك — بورۇتلۇق ، گەۋدىلىك ، پەگەز قاپاق ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ :
— ئەسسالام ، ئەنۋەر ئەپەندىم ، تازا ياخشى كەپسىز ، — دېدى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرغان ئاق يۈزلۈك قاراقاش يىگىتنى كۆرسىتىپ ، — ئابدۇكېرىم ئەپەندى ، ساۋەندە 1940 - يىلىدىن تارتىپ سۈرگۈن قىلىنغان ، يېقىندىلا بۇ يەرگە كەلدى . ھازىر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش ، — دەپ تونۇشتۇردى . ئۇلار كۆرۈشۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە :
— بۇ كىشى ئەنۋەر مۇسابايوف ، ھەممىڭلار بىر ئاتۇشتىن ، شىنجاڭغا ياۋروپا سانائىتى بىلەن سودىسىنى تۇنجى بولۇپ ئەكىرگەن مۇسابايوفلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك ئەۋلادى ، — دەپ ئەنۋەر ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇۋۇدى ، ئەنۋەر ئەپەندى :
— تازا مەن ئىزدىگەن ئادەملەر بىلەن تېپىشتىم . ئەتىگەنلا غەم بىلەن ئۆيدىن چىقىۋىدىم ، مانا ئەمدى تولىمۇ خۇشالمەن ، — دېدى .
بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلىرىنىڭ ، يەنە بىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ، ھەر ئىككىسىلا شېڭ

شــــەيىنىڭ زىيانكەشــلىكىگە يولۇقــقان، باشلىــرىدىن ئۆرغــۈن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن ئادەملەر ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئــۇلاردىــكى ئــورتاقلىق «زىيانكەشلىككە ئۇچراش» ئىدى. ئەنۋەر مۇسابايوف ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان، قالغان ئىككىسى بولسا ئىنسانىي ئەركىنلىك، غايە ۋە مىللىي غورۇر، هايات - مامات زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئىسهاقبېك دادىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سودا قىلىپ يۈرۈپ سوۋېت سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يــاقتۇرۇپ قالدى. ئۆز يۇرتىدىمۇ شۇنداق جەمئىيەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى، ئون ئالتە يېشىدا چوڭىبىغىش قەبىلىسىگە بەگ بولۇپ سايلاندى - دە، جەمئىيەتتىكى پائالىيىتىنى باشلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇنجى پائالىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى باندىتلارنىڭ ئۇلۇغچات خــەلــقىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا قارشى كۈرەش بولدى. ئۇ قېچىپ يۈرگەن باندىتلارنى يوقىتىشقا رەهبەرلىك قىلىدىغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ بىر رەهبىرى بولۇپ قالدى. ئۇ بىرنەچچە يــىــل جەڭ قىلىپ ئۇرۇش ماهارىتىنى ئۆگەندى. ئاتاقلىق بىر ئوفىتسېر بولۇش سۈپىتى بىلەن 1928 - يىلى — نەق ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن يىلى فرۇنزېغا ئوقۇشقا باردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ، داڭلىق «سوۋېتپەرەس» لەردىن بولۇپ چىقتى. چــېگرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى جېيەك قازى ئۇنى ئۆز ئەترىتىنىڭ كاتىپى قىلىۋالدى. ئۇ جــېيەك قازىنىڭ خــەلققە سـالغان ئېغىــر ئــالۋان - ياساق، بــاج - سېلىــقلىرىنى كۆرۈپ جــىن شۇرېن هاكىمىيىتىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولدى. هەممىلا ئىشنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئادەتلەندى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بۇ چــىرىك هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئادىل، باياشات هاكىمــىيەت قــۇرۇش ئارزۇســى پەيــدا بولــدى. نەق شــۇ چاغدا — 1931 - يىلى قۇمۇلدا دېهقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئــىسـهـاقــبېك ئىچ - ئىچىــدىن خۇشال بولۇپ جــىن شۇرېن هــاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ

پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىشىنى ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ خەلقى ئۈچۈن زور ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلدى . 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كۇچادا تۆمۈر قوزغىلاڭ كۆتۈردى . قەشقەر دوتىيى ما شاۋۋۇ بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا چېگرا مۇداپىئە مەسئۇلى چىن دىشىڭنى بەلگىلىدى . چىن تۆت يۈزدەك قىرغىزنى ئەسكەر قىلىپ ئۇلارغا تۆت يۈزدەك مىلتىق ، ئىككى زەمبىرەك بېرىپ ئوسماننى ليەنجاڭ قىلىپ يولغا سالدى . ئوسمان ئىسيان كۆتۈرۈپ چىننى ئۆلتۈردى . ئۇ تېزلا زورايدى ۋە جىيەك قازىغا خەت يېزىپ باتۇر جەڭچىلەرنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى . جىيەك قازى قەشقەرگە كېلىپ قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولدى . ئىسھاقبېك پەيجاڭ بولدى . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ھاكىمىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، بۇ يەردە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ، «جۇمھۇرىيەت» لەر خەلقنى قىيناش ، خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن باشقىنى قىلمىدى . ئاچ ـ يالىڭاچ ، ساۋاتسىز خەلقنى قىيىن تۇرمۇشتا تۇرسىمۇ ئېغىر باج ـ سېلىق بىلەن قىينىدى . ئىچكى ماجىرا ، قىرغىنچىلىق ئەۋج ئالدى . ما جۇڭيىڭ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى . ئىسھاقبېك ئاخىر جىيەك قازىنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولدى ـ دە ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن دوست بولۇشنى ھەدەپ تەشەببۇس قىلىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ئادىمى ليۇ بىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى . ليۇ بىڭ ئۇنى قارشى ئالدى . ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشىنى ئېلىپ باردى . ئۇ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازىنىپ ئەسكەرلىرىنى ئىككى پولكقا يەتكۈزدى . شېڭ ئۇنىڭغا تۈەنجاڭ ، لۈيجاڭ مەنسەپلىرىنى ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن بودلوف قاتارلىق ئون نەچچە ئوفىتسېرنىمۇ بەردى . ئىسھاقبېك روھلىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە تەرتىپكە سالدى ، مەشىق قىلدۇردى . ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قىرغىز ، ئۇيغۇر ، تاجىك

يىگىتلىرىدىن ئىدى . ئۇلار تېزلا ساپالىق ، جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندى . خەلققە بالايىئاپەت بولۇپ قالغان چېگرىدىكى باندىتلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتتى ، ئىناۋىتى زورايدى . لېكىن ، شېڭ ئۇنىڭ يەنىمۇ زورىيىشىغا يول قويمىدى . ئۇنى يات كۆرۈپ ئۇنىڭ لۈيىنى (برىگادا ) تارقىتىۋېتىپ ، ئۆزىنى ئۇلۇغچات ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دېگەن قۇرۇق نام بىلەن يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلاندى . بۇ ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ يېگەن تۇنجى زەربىسى ئىدى .

لېكىن ، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قالاقلىق ، نامراتلىق ۋە جەبىر - جاپادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى . ئەللىك نەچچە مەكتەپ قۇرۇپ ئىككى مىڭدىن جىق ياشنى ئوقۇتتى ، نۇرغۇن قىرغىز ياشلىرىنى قىرغىزىستانغا ئوقۇشقا چىقاردى ، ۋابا كېسىلىگە قارشى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى . 1937 - يىلى ما خۇسەن بىلەن ماموت سىجاڭ قىسىملىرى بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ئەنسىزچىلىكتە قالغاندا ، شېڭ ئالاقزادە بولۇپ ئىسھاقبېكنىڭ لۇيجاڭلىقىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى . ئىسھاقبېك سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ، ما خۇسەن ، ماموت سىجاڭ ئىسيانىنى تېزلا تىنچىتتى . ئارقىدىنلا 1938 - يىلى سىدىقبېك ياشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلەر ئىسيان كۆتۈردى . ئىسھاقبېك ئۆز ئارمىيىسى ئىچىدە پەيدا بولغان بۇ «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىمۇ ناھايىتى تېزلا بېسىقتۇردى . شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچىغاندىن كېيىن يەنە ئىسھاقبېكتىن ئەنسىرىدى . 1937 - يىلى «خائىنلارنى تازىلاش» ، 1940 - يىلى «تۇپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى دېلوسى» نى ياساپ چىقىپ ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشتا ئىسھاقبېككە ئاشكارا قول سالالمىغان بولسىمۇ ، باشقا خىزمەتكە قويىمىز دەپ ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى ، ئىسھاقبېك كەلمىدى . ئاخىر ئۇنى ئىلى ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ

رەئىسى قىلىپ بەلگىلەپ لۈيجاڭلىقتىن قالدۇردى . بۇ چاغدا ئىسھاقبېك شېڭ شىسەينى تولۇق چۈشەندى . شېڭ شىسەيگە تايىنىپ خەلق ئۈچۈن بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇش بىر شېرىن چۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . مانا ھازىر ئۇ نازارەت ئاستىدا ، ئۇ تۆت ياشلىق ئوغلى ، بىر بەن ئەسكىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ خېلى جىق ئىشلارنى قىلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى پايلاقلىق . ھازىر ئۇنىڭ لۈيى تارقىتىلغان ، يېقىنلىرى يوقىتىلغان . خەلقى ئۈچۈن ، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھازىر ئۇنىڭ جىنايىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .

قىرىق ياشلىق قىران يىگىت ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ سوئالى بويىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ئاخىرىدا :

— بىزنى ھامان يوقىتىدۇ . لېكىن ، بىز ئوڭاي يوقالمايمىز . سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېزلا يوقىتىمەن دەپ كۆرەڭلىگەن گىتلېر قوشۇنلىرىنى غەربكە چېكىندۇرمەكتە . يوقىتىمەن دېسىلا يوقىتالايتتىمۇ ؟ بىزمۇ شۇنداق . مانا مۇنۇ ئەمدىلا يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن ئىنىم ئابدۇكېرىممۇ يوقىلىدىغانلار تىزىملىكىدە . ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقالنى مەن ئوبدان بىلىمەن . ئادىل ، خەلققە كۆيۈنىدىغان ئېسىل ئادەم ئىدى . شۇ ئادەمنىمۇ «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستىدە بولغان» دەپ تۈرمىگە سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئابدۇكېرىمنىمۇ 1940 - يىلى خائىنىنىڭ بالىسى دەپ ساۋەنگە سۈرگۈن قىلدى . ئابدۇكېرىم ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە كوممۇنىزمچىلار بىلەن دوست بولغان . ئۇلارنىڭ مۇدىرى يۈ شيۇسۇڭ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇ بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى !

— مەن مەكتەپتە لىن جىلۇدىن : «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى شىنجاڭدا كوممۇنىزم قۇرۇشمۇ » دەپ سورىدىم . تەرجىمان تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى ، لىن جىلۇ : «دەرستىن

چۈشكەندە ياتاقتا كىرىڭ، جاۋاب بېرەي» دېدى. مەن ياتىقىغا كىردىم. ئۇ كىشى نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى دەپ بەردى. مەن ئالتە بۇيۇك سىياسەتنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. شىڭ شىسەيگە ئۆچمەنلىكىم كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى.

— لىن جىلۇ دېگەندەك، ئۇ مانا ئەمدى نىقابىنى ئېلىۋەتتى. تۈرمە بولشېۋىك، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، ئىلغار پىكىرلىك ياشلار، خەلق سۆيەر ئەربابلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئاشكارىلاندى. ئۇ باندىت، قاراقچى، جاللات!

ئەنۋەر ئەپەندى كۆزلىگىنىگە ئېرىشتى. ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ مۇنۇ ۋەھشىي ھۆكۈمەتنى يوقىتىشنىڭ يولىنى تۇتقان پىداكارلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى:

— مەن پۈتۈن ئەقلىمنى پۇل تېپىشقا سەرپ قىلغان. پۇل بولسىلا ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئاتا - بوۋىلىرىم ئۆز پۇلى بىلەن مەكتەپ ئاچسا، چەت ئەلگە ياشلارنى چىقارسا، يوقسۇللارغا ئايلاپ - ئايلاپ سەدىقە تارقاتسا ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ، مەن قالتىس ئائىلىنىڭ بالىسى، مېنىڭ ئائىلەم ئەڭ ئىلغار، تۆھپىسى چوڭ ئائىلە دەپ پەخىرلىنەتتىم. سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇۋاتىمەن. سىلەر خەلق ئۈچۈن جېنىڭلارنى تىكىپ قويۇپسىلەر. بىز ناھايىتى پۇل خەجلەشنىلا بىلىپتىمىز.

— سىلەر خەجلەۋاتقان بۇ پۇلنىمۇ ئەمگەكچى خەلق تاپقان!

ئابدۇكېرىم ھېسسىياتچان، گېپى ئوچۇق يىگىت ئىكەن. ئۇ ئەنۋەر ئەپەندىگە رەددىيە بولىدىغان بۇ گەپنى ئويلانمايلا دېۋىدى، ئىسھاقبېك ئۇزۇن بۇرۇتىنى بارماقلىرى بىلەن سىلاپ قويۇپ:

— ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاددىي قائىدىسى شۇنداق، ئىشچى - دېھقانلار، زىيالىيلار ئاساسىي قوشۇن. ئۇلار ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەنۋەر ئەپەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ چېقىلىپ قويىدۇ، — دەپ كۈلدى.

— شېڭ دۇبەندەك زالىملار يېگۈچە ، خەلق يېسە مەيلى ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ ، — ھازىر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىر . كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ئۇ باشقا گەپ !

— توغرا ، — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ تۇرۇپ ، — شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش بىزنىڭ مەقسىتىمىز . ۋەزىپىمىز ھەممە خەلقنى ئويغىتىش ، قولىغا قورال ئالغۇزۇش .

— قورال سېتىۋېلىشقا بارلىق پۇلىمىزنى بېرىشكە مەن تەييار !

— ناھايىتى ياخشى ، سوۋېت ئىتتىپاقى نەچچە ۋاقتىن شېڭ شىسەينى قوراللاندۇرغاندى ، ئالداندى ، ئەمدى بىزنى قوراللاندۇرىدۇ !

ئابدۇكېرىم ھاياجان بىلەن ئىسھاقبېك توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتى :

— تۈنۈگۈن ئىسھاقبېك ئاكىنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋەتتى . بىر كاتتا گارنىزون قوماندانى ، شېڭ شىسەينى ئىككى قېتىم خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزغان قەيسەر ئادەم غۇلجىغا كېلىپ قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكى بىلەن قانائەتلىنىپ خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتسا ، مۇنۇ ئەرزىمەس ئىشتىمۇ ئۇ خاتىرجەم بولالمىدى ، جاسۇسلىرىنى ئۇيۇشمىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى . بۇ ئادەم ئائىلىسىنى ئۇلۇغچاتتا قالدۇرۇپ تۆت ياشلىق بىر بالىسى بىلەن سەرسان بولۇپ يۈرسە ، بۇ يەردىمۇ خاتىرجەملىك بەرمەيۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇ ئىسھاقبېككە زەھەرلىك قولىنى سوزۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشى ، ئائىلە ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن . ئەمدى بۇ كىشى ھاياتىنى قوغدىشى كېرەك !

— مەن ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم ، — دېدى ئىسھاقبېك ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالدا كۈلۈپ قويۇپ ، — ھاياتىم پارتىزانلىق بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ !

— بىرلىرى پۇل غېمىدە، بىرلىرى جان غېمىدە، يەنە بىرلىرى بولسا خەلق غېمىدە! — دېدى ئابدۇكېرىم ھاياجانلىنىپ، — بۇ ئادەم ئۆزىگە كېلىدىغان خەتەر، زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، خەلقنىڭ ئۇستىدىكى غەم تاغلىرىنى ئاغدۇرۇشنىلا ئويلايدۇ، بىزدە مانا مۇشۇنداق ئەزىمەتتىن يۈزى، ھېچبولمىسا ئوتتۇزى بولسىدى، ھەي ... جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇشۇنداق خەلقىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئۆلۈمدىن قىلچە قورقمايدىغان بىرنەچچە يۈزمىڭ پەرزەنتى بار. شۇڭا، ئۇ پارتىيە يېڭىلمەيدۇ!

— ئابدۇكېرىم ئۇكام راست ئېيتىدۇ، — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىرىماي خاتىرجەم سۆزلەپ، — بىزگە ھازىر ھەممىدىنمۇ مۇھىمى، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان قەيسەر ئەزىمەتلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى. كوممۇنىزم، سوتسىيالىزمنى مەقسەت قىلمىسىمۇ مەيلى، زۇلۇمغا، خورلۇققا، مىللىي كەمستىشكە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقسىلا بۇ خىل ئادەملەر بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى.

— مەن تەپسىلىي ھېسابلاپ كۆردۈم، — دېدى ئابدۇكېرىم ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلابچىلاردىن ساتقۇنلار كۆپكەن!

— ياق، — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ قويۇپ، — بۇغدايدىن بۇيا جىق، قويدىن بۆرە جىق دېسەك يېڭىلىمىز، خاتالىشىمىز، گەپ خەلقىمىزنىڭ نادانلىقى، خوراپىيلىقىدا. تەقدىر شۇنداق، ئۇ دۇنيا بىزنىڭ، بۇ دۇنيا ئۆلارنىڭ دەپ نېمىلا قىلسا جىم تۇرۇپ بەرسەك ئاخىر نەسلىمىز قۇرۇيدۇ. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلاردىن تۆت مىليونغا يېقىن نوپۇس بار. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا نەچچىسى بار؟ پەقەتلا بىرنەچچە غالچا، جاسۇسلارلا بار. خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان بىرمۇ ئادەم ھۆكۈمەت ئورنىدا يوق. ئەسكەردىچۇ؟ يوق، مېنىڭ گارنىزونىمنى تارقىتىۋەتتى، قىرغىز، ئۇيغۇر، تاجىك يىگىتلىرىنى ھەربىيدىن بوشاتتى. تۆت مىليون خەلقنى

بىرنەچچە يۈز شەرقىي شىماللىق سوراۋاتىدۇ . بۇ يەردىكى ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئون ئىككىسى قۇل ، بىرى خوجايىن . شۇ بىرنىڭمۇ كۆپ ساندىكىلىرى بىزگە ئوخشاش زۇلۇم ئاستىدا . ۋىجدان ئىگىلىرى بۇ ھېسابنى بىلىشى كېرەك !

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى . ھويلىدا ئىسھاقبېكنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سىرتقا چىقىپ كۆزەتچىلىك قىلاتتى . تۆت ياشلىق ئوغۇل سىم كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالدى . ئۇلار نېرىن يېدى ، ياۋروپادىكى ئۇرۇش ، جۇڭگو زېمىنىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ، 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قوزغالغان تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ، 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۈز بەرگەن «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» دە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تارتقان زىيانلىرى ، ياپونلارنىڭ ۋەھشىيلىكلىرى ، جياڭ جيېشى بىلەن شېڭ دۇبەننىڭ كوممۇنىستلارغا سېلىۋاتقان زىيانلىرى ، ئۈرۈمچىدە ، غۇلجىدا بولۇۋاتقان ۋەھشىيلىكلەر ··· ھەممىنى سۆزلەشتى . ئاخىرىدا ئىسھاقبېك مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ :

— مەن ئەتىگەنلىككە چاپچالدىكى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مۇنۇ ئوغلۇمنى ئاچىقىپ ئويىنتىپ كېلىمەن . قازاق دوستۇم ماقاي باي ئات كىرگۈزۈپتۇ . كۆرۈشكۈچە ئامان بولايلى ! — دېدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ خوشلاشتى .

ئەنۋەر ئەپەندى ماشىنىسى بىلەن ئابدۇكېرىمنى ياتىقىغا ئەكىلىپ قويدى .

ئۇ باغ قورۇدىكى ياسىداق ئۆيىگە كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى . ئۇنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ تاكاممۇل ، كاتتا ئادەم ھېسابلاپ يۈرگەنىكەن ، بۈگۈن ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ قىرىق يىللىق ، يىگىرمە بىر يىللىق ھايات يوللىرىدا نېمىلەرنى قىلىپ ، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تولىمۇ ئەرزىمەس ئادەم ھېسابلىدى . ئۇلارمۇ ئەنۋەر ئەپەندىگە ئوخشاش باي باللىرى ئىكەنغۇ ، ئۇلار نېمىشقا بىر قېتىممۇ شەخسىي پۇلى ، مېلى ، ئائىلى ياكى باللىرى ۋە ئۇلاردىن

شەكىللەنگەن شەخسىي بەختى توغرىسىدا سۆزلەپمۇ قويمىدى؟ ئۇلار خەلقىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغان، شەخسىي پايدا ـ زىيان بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايدىكەن، ھەتتا جانلىرى بىلەنمۇ كارى يوقكەن. نەچچىلىك ياشىسا شۇنچىلىك كۆرەش قىلىدىكەن، ئۇلار نە قورقۇشنى، نە ئىككىلىنىشنى بىلمەيدىكەن. راست، بىر مىللەتنىڭ مۇشۇنداق ئوغۇللىرىدىن يۈزى، ئەللىكى بولسا مۇسابايوفلاردەك يۈزلىگەن بايلارنىڭ بولغىنىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ بايلىقنى خالىغان ۋاقىتدا ھەر خىل ئامال بىلەن مۇسادىرە قىلىۋالالايدىكەن. ئەمما، بۇنداق روھىي بايلىقنى يا مۇسادىرە قىلغىلى، يا كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولمايدىكەن. شىڭ دۇبەننىڭ قىزىقىدىغىنى بايلار بولغىنى بىلەن، قورقىدىغىنى بىلەرمەن، جانبازلار ئىكەن. ئۇنىڭ تۈرمىلىرى تولۇپ كېتىپ شەخسىي ئۆيلەر، بۇتخانىلارنىمۇ تۈرمە قىلىۋاپتەك. لېكىن، تۈرمە بىلەن بۇ خىل خەۋپلىك روھنى يوقاتقىلى بولمىغۇدەك. بۇ خىل خەۋپلىك روھ ھازىر غۇلجا شەھىرىدىمۇ بىخلاندى. ئۇ ئۆتكەندە ئۆز ئۆيىدە موسكۋادىن كەلگەن ھېلىقى بولشېۋىك خەنزۇ يىگىتنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغان، جۇ بىڭ نازىرنىڭ شىنجاڭ، ئۇيغۇر ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنىمۇ ئاڭلىغان. نېمىشقا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گەپلىرى ئوخشاپ كېتىدىغاندۇر ـ ھە؟ ئادەمنى ئادەم ئەزمەيدىغان، ھەممە ئادەم باراۋەر، نامراتلىق، ناھەقچىلىك، دىل ئازارى بولمايدىغان جەمئىيەت قۇرارمىش. بۇ بىر ئارزۇ. بىز ئۇلارچە ئەزگۈچى، ناھەقچىلىكنىڭ مەنبەسى ئىكەنمىز. ئىشسىزلارغا ئىش بەرسەك، ئايلىق بەرسەك بۇنىڭ نەرى ناھەقچىلىك بولىدىكەن؟ ئادەملەر باراۋەر بولارمىش. بۇ مۇمكىنمۇ؟ شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرساق، ئافغانلاردەك، تۈركلەردەك پادىشاھىمىز، سۇلتان، ئەسكەرلىرىمىز بولسا بولمىدىمۇ؟ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم دېگەنلىرى ئۇيغۇر دۆلىتىدىمۇ بولىۋېرەتتىغۇ؟ ئىسھاقبېكنىڭ دېيىشىچە، شىنجاڭ كەلگۈسىدە سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ياكى

قازاقىستان ، ئۆزبېكىستاندەك بىر رېسپۇبلىكىسى بولارمىش ، ھەرگىز ئۇيغۇر دۆلىتى بولمىغۇدەك . ئابدۇكېرىم دېگىنىنىڭ دېيىشىچە ، شىنجاڭ كەلگۈسىدە سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولارمىش . مەيلى ، نېمە بولسا شۇ بولسۇن ، كەلگۈسىنى كەلگۈسىدە كۆرەيلى . ھازىرچە شېڭ شىسەينى يوقىتىش كېرەك . بۇ ھايۋان بىزنىڭ چىشىمىزغا تولىمۇ تەگدى . بىزنى مىللەت قاتارىدا كۆرمىدى ، ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى ، خالىغىنىچە تالان ـ تاراج قىلدى ، ئۆلتۈردى ، بۇلىدى ، ئاياغ ئاستى قىلدى . ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى . بۇ بىزنى ئاخىرقى بىر چىشلەم نېنىمىزدىنمۇ مەھرۇم قىلماقچى ، بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوقاتماقچى ...

ئۇ غەزەپ ـ نەپرەت ۋە قارىمۇقارشى پىكىرلەرنىڭ ئېلىشىشى بىلەن بىئارام بولۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى . يېنىدىكى نازۇك ، چىرايلىق ئايالىنى سىلاپ باقتى ، ئۇ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى ...

ئۇنىڭ ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋىدى ، تاشقىرىقى ئۆيدە تېلېفون جىرىڭلىدى . ئۇنىڭغا نە ـ نەلەردىن — ئۈرۈمچى ، موسكۋا ، ئىستانبۇل ، تاشكەنتلەردىن دائىم تېلېفون كېلىدۇ ، تېلېفوندا ئەلۋەتتە يېڭى خەۋەرلەر ، خۇشاللىقلار بولىدۇ ـ دە !

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ سىرتقا ماڭدى ۋە تېلېفوننى ئالدى .

— ھەئە ، بۇ مەن ئەنۋەر مۇسابايوف ! — دېدى ئۇ تېلېفون بېرىۋاتقان ئايال كىشىگە ئەجەبلىنىپ ، — سىز كىم ، بىزنىڭ تېلېفوننى قانداق بىلىۋالدىڭىز ؟

— ماڭا جۇ بىڭ نازىر دەپ بەرگەن . سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۇ كىشى نۇرى دېگەن بالىنى كۆرۈپتىكەنغۇ ؟

— ھەئە شۇنداق ، نۇرى سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ ؟

— ھېچنېمەم ئەمەس ، مەن ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئاشىق بولۇپ قالغان . ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم !

— قانداق دېگەن قىلىن قىز سىز ـ ھە ، بىر ئادەمنى يېرىم

كېچىدە ئويغىنىپ، تېنىقسىز گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ؟
— خاپا بولماڭ، ئەنۋەر ئاكا، مەن سىزنى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئادەم دەپ ئاڭلىغان. ئاڭلىغىنىم راست بولسۇن، ئىلاھىم!
— راست بولسا نېمە دېمەكچىسىز؟
— شۇ نۇرى سىزنىڭ زاۋۇتىڭىزدا دەپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭغا ئەتە تېلېفون بەرسەم، سىزنى ياردەم قىلامدىكىن دېگەن.
— ئۇ ھازىر يوق، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن.
— ئاشىق - مەشۇقلارغا ياردەم بەرگەنلەر جەننەتتى بولىدۇ، ئاكا، ياردەم قىلىڭ، ئۇنى ماڭا تېپىپ بېرىڭ!
— مەن ھازىرمۇ جەننەتتە، قىزچاق، گەپكە ئۇستىكەنسىز، ئېيتىڭىز نېمە؟ ھە، سەبىخە دەمسىز، توختاڭ، يېزىۋالاي، مىللىتىڭىزچۇ، تاتار دەمسىز؟ سىز ئۇ يەردە، دېمەكچى ئۇرۇمچىدە نېمە ئىش قىلىسىز؟
— ئىشلەيدىغان يېرىم مەخپىي. تولا سۈرۈشتۈرۈۋەرمىگىنىڭىز ياخشى. مېنىڭ ئاپام بىلەن سىڭلىممۇ غۇلجىدا ...
— ھە، بىلدىم، بىلدىم، ھېلىقى چاغدا سىزنى ئالمۇتىغا يولغا سېلىۋەتكەنىدۇققۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ قاپسىزا؟!
— شۇنداق، بۇ ئىش بىر ھېكايە. بۇ ھېكايىنى ئۇچراشقاندا ئېيتىپ بېرەي، ماڭا ياردەم قىلالامسىز، ئاكا؟ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساملا بولاتتى!
— ۋەدە بېرەلمەيمەن، ئەتە، ياق، ئۈچ كۈندىن كېيىن كەچتە، ياق، بۇنداق كەچتە ئەمەس، ئادەتتىكى كەچتە تېلېفون بېرىڭ.
ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئايالى ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ چىقتى:
— ئەجەب ئۇزاق مۇڭداشتىڭىز، بۇ قايسى ئاشنىڭىز؟
— مەن ئېرىڭىزنىڭ ئاشنىسى ئەمەس، باشقا بىر يىگىتنىڭ مەشۇقى!
— قانداق دېگەن لاۋزا خوتۇن بۇ!

— مەن دېگەن قىز ! ...

تېلېفوننى ئېرىنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالغان ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئايالى ئېرىگە دوق قىلدى :

— قىز دېسە قىزىقىپ كەتكىنىنى تېخى ، قىز بولامدۇ ، ئۇ دېگەن بىر ئەسكى كۆڭلەك ، نەچچىدىن ئاشقان ، ئاۋازىدىنلا بىلىپ بولدۇم !

يۈزى تۆۋەن ، گېپى ئاز ، ھەتتا چۈمۈلىدىنمۇ قورقىدىغان ، ئۆلۈك چۈجىگىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ كۆز يېشى قىلىدىغان بىر قىزنىڭ ئادەملەر تىللىغۇدەك قىلىن ، گېپى ئوچۇق ، مەمەدانغا ئايلىنىپ قالغىنىنى بۇ باي ئەر - خوتۇن چۈشەنمەيتتى . ھايات ئادەملەرنى تېز ئۆزگەرتىدۇ ، ئادەملەر بەزىدە ئۆزىنىڭمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەيدۇ .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەنۋەر ئەپەندى ئىككى ئات قوشقان كالاسكىغا چۈشۈپ سالىجان ئىسىملىك باينىڭ بېغىغا 1942 - يىلىنىڭ تۇنجى باھار ئولتۇرۇشىغا باردى .

... ئۆستەڭ بويى ، ياپيېشىل چىمەنلىك ، ئالما - شاپتۇل ، ئۆرۈكلەر چېچەكلىگەن ، قۇشلارمۇ بۇ باغقا توپلىنىشقان . ئۇيغۇر بەزمىسى ، دۇتار چېلىنماقتا ، سەيدۇللا رەخمىتۇللايوف غۇلجىغا تۇنجى بولۇپ ئەكىرگەن ئىسكىرىپكىمۇ ھازىر ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابى بولۇپ قالغاچقا ئۇمۇ ئادەملەرگە مۇڭ بەرمەكتە ئىدى . ئويۇن باشلىنىپ كەتكەن . كىمخاب تون كىيگەن ھېكىمبەگ غوجام قېلىن كۆرپىدە قازى بېگىم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ . پاششاپ بېگى ، خەزىنىچى بەگ ۋە مەشرەپكە كۆڭەن ئىلى بايلىرى غوجامنى چۆرىدەپ چىمەنگە ياراشقان گىلەملەر ئۈستىدىكى يېكەندازلاردا يەكتىز بولغان . غۇلجىنىڭ ئەڭ كاتتا سازچىلىرى — روزى تەمبۇر ، زىكرى ، داڭلىق ناخشىچىلىرىدىن ئابدۇۋەلى جارۇللا ، جانى قاتارلىقلار غۇلجا ناخشىلىرىغا ئۇنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشماقتا . غوجامنىڭ بېشى ساڭگىلىغان ، ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇتائالى خەلپەت ، ئېلىخان تۆرە ، ئابلا داموللا ، تېيىپ شەڭگەن ۋە داڭلىق بايلار

غوجامنى دوراپ مۆكلانغان . ئەنۋەر ئەپەندى ئولتۇرۇش قائىدىسى بويىچە بىر بۇرجەكتە غىپلا قىلىپ ئولتۇردى . غۇلجىنىڭ ئەڭ چوڭ بىيى ، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ كاتتا پۇلدارى ، بىر قېتىمدا شىـﯩڭ شىـﯩسـەي ئـﯩككى چوڭ ياكتىكى لىق ئالتۇننى ئېلىپ كـەتكـەنـدىـمۇ چىراي ئۆزگەرتىپ قويمىغان بۇ ئادەم مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن تۆۋەندە ئولتۇرۇشى كېرەك . «بۇ خــﯩل گۈزەل ئەخلاقنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەزىلىتى ياراتقان ، لېكىن شۇ مىللەت هازىر خار !» ئەنۋەر ئەپەندىگە پىكىر قىلىش ئىلهامى كەلگەن چېغى ، ناخشا تىڭشاۋېتىپ : «مۇشۇ ناخشىلارنىڭ خوجىسى ، ئاجايىپ پەزىلەتلەرنىڭ ئىجادچىسى بولغان بىر ئۇلۇغ مىللەت هازىر ئاسارەتتە !» دېگەننىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى ...

ئۇ ناخشا تۈگەش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلغاندىن كېيىن :

— كـېـچـىكىپ قالدىم . هەرقانداق جازاغا تەييارمەن ! — دېدى . ئادەملەر غوجامغا قارىدى . غوجام كۈلۈپ :

— لەۋەي ، بۇگۈنكى قازى مۇتائالى خەلپىتىم ! — دېدى . ئۈچىنىغا ئەت رەڭ ، ئۆزە ياقا پەشمەت ، بېشىغا يېشىل دۇخاۋا بۆك كىيگەن گەۋدىلىك ئادەم بېشىنى كۆتۈردى - دە ، ئەنۋەر ئەپەندىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :

— ئۆتتۇق ، گۇناهىدىن ئۆتتۇق . ئەپەندىم جەمئىيەت ئىشى بىلەن كېچىككەن گەپ هەرقاچان ! — دېۋىدى ، غوجام :

— لەۋەي ، سىلىمۇ پارا يەپ قويدىلىمۇيا ؟ — دەپ چېقىشتى .

— ئەنۋەر ئەپەنـدىم پارا بەرگــەن بولسا ماللىرى بېسىلىپ ، سىرتىنىڭ ئىشكلىرى ئېتىلىپ قالماس ئىدى ، — دېدى ئاۋازى تـوم ، بـويـى پـاكـار بىرى چاقچاقچى گېپىنى تارتىۋالدىغاندەك ئـالـدىـراپ سـۆزلـەپ ، — ئـۆزى دەپ بـاقـسـىـكـەن ، نېمىشقا كېچىكتىكىن ؟

— ئاڭلىغانسىلەر ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى ئالدىرىماي ، — ئــﯩسهاقبېك بالىسىنى ، مۇهاپىزەتچىسىنى ئېلىپ چاپچال بىلەن

چىگرىدىن قېچىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شىڭ دۇبەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغچاتتىكى دادىسىنىڭ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېقىنلىرىدىن ئون يەتتە ئۆيلۈكنى قولغا ئاپتۇ. خوتۇنى، ئىنىسى، ئوغلىنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ تۈرمىگە ساپتۇ. ساقچىلار كېچىدىن بېرى بىرقانچىمىزنى سوراق قىلىپ، سەنلەر بىلىسەن دەپ قىستاپ ھالىمىزنى قويمىدى، ئۇنى - بۇنى قىلىپ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئارانلا قۇتۇلدۇق!

— قۇتۇلدۇم دەپ بىخەستەلىك قىلمىسىلا، ئەپەندىم، شىڭ دۇبەننىڭ چىشىغا ئازراقلا تەگكەنلىكى ئادەم ھايات قالمايدۇ. ئائىلىسى ئىسھاقبېكنىڭ يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىمۇ سولاپتەك!

— ھازىر شىڭ شىسەي دەككە - دۈككىدە ئۇخلىيالماي كېچىچە ئەپيۇن چەككۈدەك!

— توۋا، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرىمىز دەيدىكەنۇ، ئۆزى خىيانەتنىڭ چوڭىنى قىلىدىكەن. ئەپيۇنكەشلەرنى ئاتىدىكەنۇ، ئۆزى پورۇقلىتىپ چېكىدىكەن!

— ئاغزى بىلەن ئارقىسىنىڭ تايىنى يوق ئادەم ئەمەل تۇتۇپ يۇرت سورايدىغان چېغى، ھېلىقى سەھرالىق ئابدۇمەر مىڭبېگى ھاكىم بوپتەك!

— راستما، پاھ، ئۇ ئەمدى قامچىسىنى شىلتىيدىكەن - دە!

— نېمىگە ھەيران قالىسىزۇي، ساراڭ شويى يۇرت سورىۋىدى، نېمىلەرنى قىلمىدۇق. ئون نەچچىمىز ئۇنىڭ لەگلىكىنى ئۇچۇرىمىز دەپ شەھەردىن باياندايغىچە ئات چاپتۇرۇپ قوغلار يېغىر بولۇپ كەتمىدىمۇ!

— شۇنىڭ ئۇچۇن دۇمچىيىپ قاپتىكەنسىز - دە!

— ھە، شۇنىڭ كاساپىتىدىن چاچ چۈشۈپ كەتكەن گەپ!

— ھا - ھا - ھا …

— ھى - ھى - ھى …

ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر

غۇلجا چاقچاقچىلىرى ساراڭ شويىغا يۆلەپ بىر - بىرىنىڭ لەقەملىرىنى ئىما قىلىپ چاقچاق باشلىۋەتتى . ئەنۋەر ئەپەندى كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەم - قايغۇ بۇلۇتلىرى بىردەمدىلا تارقىلىپ ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا باھار قۇشلىرى سايرىدى . تۇنجى باھار مېھمانلىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ھەممە تۆكمىسىنى كۆرسەتمەكتە . سەلكىن شامال ، ئىللىق قۇياش ، ياپيېشىل جاھان ، مۇڭلۇق ناخشا ، كۆڭۈللۈك چاقچاق ، كاۋاپ ، سامسا ، قورداق ، مېۋە - چېۋە ، مەززىلىك گۆشلەر بىلەن ئېچىلغان ئىشتىھا مېھمانلارنىڭ ياشاش ، ھالاۋەت كۆرۈش ۋە لەززەتلىنىش ئارزۇسىنى كۈچەيتىپ ، روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قانائەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتماقتا ئىدى . «بىز خەق راھەتلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز ، شۇڭا مېھرىبان ، مېھماندوست ، كەڭ قورساق . شۇڭا ، بىزدىن باشقىلار پايدىلىنىدۇ . تېرىمىزگە كىرىۋالىدۇ . بىز ھوقۇق ، ھاكىمىيەت ئېگىسى ئىگە بولالمىدۇق ، شۇڭا باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى ھاقارەت بىلمەيمىز . شىڭ دۇبەن ھەممىنى ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ . ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھاكىمىيەتتىن باشقا ھېچنېمە يوق . مېڭىسىدىكى بۇ ئالىي ئېتىقاد ، مۇقەددەس ئىخلاس ئۇنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلىگەن . ھاكىمىيەتكە پايدىلىقلا نەرسە بولسا ئۇ ئەتىۋارلايدۇ ، ھاكىمىيەتكە قىلچىلىك زىيانلىق ، خەۋپلىك ھەتتا گۇمانەن خەۋپلىك نەرسىلا بولسا ، ئۇ ئۇنىڭ كىم ، نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇنى يوقىتىدۇ . ئۇنىڭغا ساداقەت ، سەمىمىيلىك دېگەن نېمىلەرمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر تىيىن . ساداقەت يارىغان بولسا بىچارە ئىسھاقبېك دۆلەتتىن قېچىپ كەتمىگەن بولارىدى ، بىچارە ھازىر نەلەردە تەمتىرەپ يۈرىدىكىن ؟ ···» ئەنۋەر ئەپەندى مۇڭلۇق ناخشا ، يۈرەككە تېگىدىغان سازنىڭ تەسىرىدىن يەنە مۇڭلاندى ، ئىسھاقبېك بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنى ئەسلەپ ، ئۇلار قالدۇرغان خاتىرىلەرنى يۇقىرىقى گەپلەر بىلەن يادلىدى . ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا تېلېفون بەرگەن سەبىخە ئىسىملىك قىز كەلدى . قىزغا ئۇ ئىككىنچى قېتىم تېلېفوندا : «مەن ئۇنى تاپتىم ، نۇرى قولىغا قورال ئاپتۇ . ئۇ

قىساس ئۇچۇن ئاتلىنىپتۇ !» دەپ جاۋاب بېرىۋىدى ، قىز تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ : «مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىرلا ئاڭلىۋالسام بولاتتى . بۇ مېنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇيۇم !» دېدى . ئادەملەر نېمىلەرنى ئارزۇ قىلمايدۇ ـ ھە ، ئىسھاقبېك ، ئابدۇكېرىم ، نۇرىلار خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، ئەنۋەر مۇسابايوف بولسا سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ، ھېلىقى قىز بولسا سۆيگەن يىگىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ، يەنە بىرلىرى تويغۇدەك تاماق ، يەنە بىرلىرى ھەتتا بىر ئېغىز ياخشى گەپ …

ئۇسسۇل باشلىنىۋىدى ، ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئۇسسۇلچىسى بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى . ئۇنىڭ پۇت ، قول ، باش ، قاش ، كۆز ، بەللىرى ھەرىكەت ماھارىتى كۆرسىتىپ ئالقىشلاندى . ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇتائالى خەلپىتىمگە خۇشكەتتى قىلىۋىدى ، خەلپىتىم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى .

— ھېچبولمىسا يورغىلاپ بېرىڭ ، ئۇنىمۇ بىلمىسىڭىز قاتراپ بېرىڭ ، — دەپ «تۆگە» دېگەن لەقەمگە بېشارەت بەردى غوجام .

— ئاياغ يۇگۇرۇكى باشقا ، بۇرۇن يۇگۇرۇكى ئاشقا دېگەن ماقال چىقتى ، غوجام ، ھازىر بۇرۇن ئىشلەيدىغان زامان ، پۇراش ھەممىدىن قالتىس ، راستمۇ شەڭگەن ئاداش ؟ — خەلپىتىم «ماشكا» لەقەملىك شەڭگەنگە ھۇجۇم قىلدى .

بىر بۇرۇن سانسىز ئەيىبنى ھەممىدىن تاپتى پۇراپ ،
يەتتە قات يەردىن قۇسۇر ، كۆكتىكى ئايدىن گۇناھ .
دېدى تاغ ماڭمايدىكەن ، دەريا پەقەت تىنمايدىكەن ،
كۈن نېچۈن ئۆلمەيدىكەن ، تاپتى ئۇ سايدىن گۇناھ .
نە ئۇچۇن ئوغۇل تۆرەلدى بۇ قورساقتا ، ئەي ئانا ؟
نە ئۇچۇن ئۇيغۇر ياراتتىڭ بۇ جاھانغا ، ئەي خۇدا ؟
نە ئۇچۇن بەردىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە كەڭرى يەر ـ زېمىن ،
مەن پۇراپ تاپتىم ئۇنىڭدىن يەرگە سىغماس چوڭ گۇناھ …

بىردىنلا ئۇسسۇل ئويناش شېئىر ئوقۇشقا ئايلىنىپ كەتتى .

مۇتائالى خەلپىتىم، ئابدۇللا دامولللار ئاجايىپ شېئىرلارنى ئوقۇدى، موللا بىلال، نەسۇھا شېئىرلىرى ئوقۇلدى. يىگىدىن مەيدانغا چىققان شائىرلار ماختالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ھەممىلا ئادەم ماختاشتى، بولۇپمۇ مۇتائالى خەلپىتىم ئالاھىدە ماختىدى.

كۆلكە، مۇلاھىزە ۋە يەنە ساز بىلەن كۆڭ قىيسايدى. ئولتۇرۇشنىڭ قائىدىسى بويىچە روزى تەمبۇر تەمبۇرنى مۇقام پەدىسىگە ئالدىرىماي چېكىشكە باشلىۋىدى، پۈتۈن ئادەم جىمىپ، خۇددى مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقاندەك ھالەت پەيدا بولدى:

كەل ئەي دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بىر ـ بىر جۇدالىقنى،
كى شايەت رەھىم ئېتىپ سالساڭ ئۆزۈڭگە ئاشنالىقنى.
تاماڭ خانۇ ـ مانىمدىن كېچىبا بىر سىنى دەرمەن،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە بىلمەيدۇر، ئۆزۈڭ سالغان جۇدالىقنى...

روزى تەمبۇرنىڭ «مۇشاۋىرەك» مۇقامى ھەممە دىلغا ھۇزۇر، مۇڭ ۋە سىغىنىش ئوتى ياقتى. ئادەملەر كىمنىدۇر سىغىنماقتا، يۈرىكى كىمگىدۇر تەلپۈنمەكتە. ئەلۋەتتە ھەممىلا ئادەم ھايات مۇساپىسىنىڭ بىر بېكىتىدە شېرىن چۈشتەك بىر سەرگۈزەشتىكە ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ سەرگۈزەشت ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرى، ئەڭ شېرىن ئەسلىمىسى ۋە ئەڭ سېغىندۇرىدىغان خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇ بېكەتتە يۈرىكىنىڭ نازۇك رازىلىقى بىلەن مەست بولغان ياكى مەڭگۈلۈك جۇدالىق قارا تامغىسى بېسىلغان بىر پاجىئەنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولغان بولىدۇ، ياشلىقىڭدا بىرىگە كۆيگەنسەن ياكى شۇ كۆيۈك ۋىسال تېپىپ سەن ھايات لەززىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا يامىشىپ چىققانسەن ۋە ياكى ھەممە ئىشىڭ ئارمان بولۇپ قالغاندۇ. «ئاۋازىنى بىرلا ئاڭلىۋالسام!» دېگەن قىز ئىلتىجاسىغا قانچە ئۇيقۇسىز كېچىلەر، قانچە سېغىنىشلار ۋە قانچىلىك كۆز يېشى سىڭگەن ـ ھە! ئۇنى مۇقامدا ئېيتىلغاندەك ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ـ دە!

باي ئوغلىنىڭ يادىغا بىردىنلا ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن زۇنۇن ماستىر بىلەن كىرگەن ھېلىقى چىرايلىق يىگىت كەلدى .

— ياخشىلىق قىلساق ئەرزىيدۇ ، گىمنازىيىدىكى تۆت يۈزدىن جىق بالىنىڭ كۆزىكەن ، تولىمۇ ئۆتكۈر ، تولىمۇ ئەقىللىق بالا دەپ رەخىمجان ماڭا ماختاپ بەرگەن ، — دېگەنىدى زۇنۇن ماستىر بالا يوق يەردە .

ئۇ ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇردى . ھەر قېتىم ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ، ئۇ كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن ھالدا ئىدى . گېپى ئاز ، خىيالچان ، تەمبەل يىگىت ھازىر نىلقا ، كۈنەس ، توققۇزتارالاردا قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرگەنمىش . ئۇنىڭ گۇناھى — ئۇ قاتىلمىش . ئۇ ئىككى ئۇچقۇچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قاچقانىكەن . دېمەك ، ئۇنىڭدا مىلتىق بار ئىكەن ـ دە ! ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىشىشقا جان تىككەنلەردىن ئىكەن ـ دە ! قىزنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئاشىق بولۇشى بىكار ئەمەسكەن . قىز ئۇنىڭغا جېنىنى ئاتاپ قويغان ، ئۇ بولسا خەلقىگە ...

ھەممىگىلا ئېرىشىپ قەلبىدە نازۇك خاتىرىلەردىن ئىزنا قالمىغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ ، لېكىن ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنداقلاردىن ئەمەس . ئۇ باي بالىسى بولغىنى بىلەن نۇرغۇن ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن ، نۇرغۇن ھەسرەتلىك خاتىرىلىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ قەلب جاراھىتى بولۇپ دەۋاسىز تۇرماقتا . ئۇ دەردى بارنىڭ ھالىغا يېتەلەيدۇ . شۇڭا ، ھېلىقى ناتونۇش قىزنىڭ پىغانلىرى ئۇنىڭ قەلب دەپتىرىگە يېزىلدى ـ دە ... مانا مۇقام ئاخىرلاشتى . ئەمدى ئومۇمىي ناخشا باشلاندى . ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسىگىلا خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى ئارىلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . مانا غۇلجا كوچا ناخشىلىرى ئېيتىلىۋىدى ، ئەنۋەر ئەپەندى ناخشىنىڭ ھەربىر مىسراسىنى ئەگىشىپ تەكرارلىغىلى تۇردى . ناخشا ئەمەس ، گويا خەلقى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىۋاتىدۇ . بۇ زېمىندا ناخشا بىلەن خەلق مۇڭى ، ھەتتا دەريا ـ

ئۆستەڭلەر شاۋقۇنى بىرلىشىپ كەتكەندەك ... ناخشا بۇ زېمىننىڭ ئـانا تىلىغا ياكى ھەممە ئىشلار خاتىرىلەنگەن چوڭ يىلنامىسىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك ...

بۇ زېمىندا كىملەر ناخشا ئېيتمىدى، كىملەر قان تۆكۈپ جان بەرمىدى؟ سادىر پالۋان، ئەلاخان پالۋانلار ئۆتكىلى تېخى يۈز يىل بـولـمـىـدىـغۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ، ئېلاخۇن كۆك كۆز دېگەن ناخشىچى قەپەسكە ئولتۇرۇپ ئۆكۈز هارۋىسىدا ئۇرۇمچىگە بارغۇچە ناخشا ئېيتقانىكەنغۇ، لېكىن ناخشا، يىغا ـ زار، كۆز يېشى بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ، خەلق ناخشىدىن قورال تۇتۇشقا ئۆتىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. قىرغىزلار قورال تۇتۇۋىدى، شىڭ شىسەي ئالاقزادە بولدى. غوجانىياز ھاجى خەلقنى قوزغىۋىدى، شىڭ شىسەي سوۋېت ئـىـتـتـىـپـاقـىغا يىلىندى. ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنىڭغا ھومايغىلى تۇردى، ئىلى خەلقى قوزغىلىشى كېرەك، مەن ئۇنى قـىـلالامـدىـمـەن؟ يـاق، ئـەنـۋەر ئـەپـەنـدى ئـۇنى قىلالمايدۇ. ئىسھاقبېكچۇ؟ ئۇ قـىلالايدۇ! لېكـىـن، غۇلجىـدىن بىر غوجانىياز ھـاجـى چـىـقسا بولاتتى. مۇنۇلاردىن قايسىسى چىقالايدۇ؟ ياق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنداق ئادەم يوق. ئاۋۇ ئېلىخان تۆرە دېگەن ئـەنجانلىقنىڭ گەپلىرى قالتىسكەنا، پاھ، بۇ ئادەمنىڭ قوزغاش ئىقتىدارى يۇقىـرىدەك قىلىـدۇ. بەلكى ئۇ چـىـقار، ياق، ئۇ بىر دىندار. مىلتىق ئاتالايدىغان مەرگەن، سىياسەتنى ياخشى بىلىدىغان ئىسھاقبېكتەك بىرى چىقسا بولاتتى. بۇنداق ئادەم نەدىكىن؟ ئۇنداق ئـادەمـنـى تـاپالـىسام ئىككى بوچكا ئالتۇننـى قـورال ئال دەپ بېرەتتىم ...

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ كاتتا ئادەملىرى قاتناشقان تۇنجى باھار ئـولـتـۇرۇشى دادامـتۇ مەھەللىسىدىكى باھار گۈزەللىكى بىلەن بېزەلگەن باغدا گۇگۇم ۋاقتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇ كۈنلا بۇ ئىش ئالاھىدە خەۋەر بولۇپ ئۇرۇمچىگە — نەق شىڭ دۇبەننىڭ مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلدى. شىڭ دۇبەن ئادىتى بويىچە تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ئۈستەلگە قويدى.

— كېلىڭلار ! — دېدى ئۇ خەۋەرچىگە . ئۇنىڭ خانىسىغا لېۋ بىگدې ئىسىملىك ساقچى مەسئۇلى ئېھتىيات بىلەن كىرىپ ئىشىكتە تۇرۇپ چاس بەردى .

— دەرھال ئۆزۈڭ ماڭ ! — دېدى شىڭ دۇبەن بېلىدىكى ھەربىي كەمەرگە تايىنىپ تىك تۇرۇپ ، — بۇگۇنلا ماڭ ، ھازىر خەتەرلىك رايون قەشقەر بىلەن خوتەن ئەمەس ، قۇمۇل بىلەن تۇرپانمۇ ئەمەس ، غۇلجا بىلەن ئالتاي ! ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر بىلەن قازاق ! ھەربىرىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك . رۇسلارنىڭ ئادەملىرى چۆچەك ، غۇلجا ئارقىلىق كىرىپ مەخپىي ھەرىكەت قىلماقتا . قورال ئەتكەسچىلىرى بولۇۋالغان ك گ ب ئادەملىرى ھەدەپ ئۇيغۇر ، قازاقلارنى قوراللاندۇرماقتا . سەن يېتەرلىك ئادەم بىلەن غۇلجىغا بارغىن . قىزلارنىمۇ ئېلىۋال ، ھېلىقىدەك !

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى غۇلجا شەھىرىگە ساقچىلار يېغىپ كەتتى . غۇلجا ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت قويۇقلىشىپ يەنە ۋەھىمە ، تۇت - تۇت باشلاندى . ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان «دادامتۇدىكى قارا يىغىن» قاتناشچىلىرى جان ساقلاش ئۇچۇن تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى .

## 23

— قىز قەلبى ئەۋرىشىم تال چىۋىقى ، يىگىتلەر ئۇنى خالىغان تەرىپىگە ئېگەلەيدۇ . قاراڭ ، ئاسىيە ئابىستەي ، قىزىڭىز پەرىخە نېمانچە غەمكىن ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر ئۇتتا ، قاراڭ ، كۆزلىرىدىكى يالقۇننى !

كىتابقا ئامراق ، ھېسسىياتچان قېرى قىز مۇئەللىم ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھازىرلا چىقىپ كەتكەن پەرىخە توغرىسىدا گەپ قىلىشىدى ، ئاسىيە پەرۋاسىزلا :

— ئوھوي ، كىچىككىنە قىزنى ئۇنداق دېمىسىڭىزا ، ئۇ

ھەدىسىنى سېغىنىپ شۇنداق مۇڭلۇق بولۇپ قالدى، — دېدى.
— ياق، ئابىستەي، مېنىڭ كۆزلىرىم خاتالاشمايدۇ، مەن قىزىڭىزنىڭ كۆزلىرىدە باشقا بىرنەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. قىز بىرىگە قاتتىق كۆيمەكتە.

گىمنازىيىنى يىگىرمە تۆت يېشىدا تۈگەتكەن بۇ مۇئەللىم قىز قارىمۇتۇق، مەڭزىلىرى دۆڭ، پاناقراق بولغىنى بىلەن گەپكە تولىمۇ ئۇستا، ئاش ئېتىشنى ياخشى بىلمىگىنى بىلەن كىتاب ئوقۇپ خاتىرە يېزىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ باشقا ئادەملەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇ نۇرىلاردىن بىر يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرگەن بولسىمۇ خىزمەتكە تېخى بۇ يىل ئورۇنلاشتى. ئىلقا بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاسىيە بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇ مەكتەپتە ئىككىلا ئايال ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ئۇلار تېزلا سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. يېقىندا ئاسىيە ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. يېڭىدىن يەرلىك ماللار شىركىتىگە خىزمەتكە كىرگەن قىزى پەرىخە بۇ «قېرى قىز» نى يامان كۆرەتتى. ئانىسى:

— نېمانداق قىلىسەن، قىزىم؟ — دەپ سورىسا، پەرىخە تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ:

— سەت، قىزلار دېگەن سەت بولسا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ تېخى نۇرى ئاكام كەلگەندە غىلجىڭشىپ ··· — دەپ جاۋاب بەردى.

نۇرى بۇ ئۆيگە پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشكارا خىزمىتى يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ جانلىق مال بۆلۈمىدە مال سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇ چارۋىچىلاردىن ئات ـ قوي سېتىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ياقتىن مال ئەكېلىدىغان بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتى. پاتىخ ئۇنى بەزىدە رۇسچە تەرجىمان دېسە، بەزىدە كاتىپ دەپ قوياتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ ئايدا قىرىق بەش دوللار ئايلىق ئالاتتى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى قىرلاردا ئۆتەتتى. ناھىيە بازىرىغا كەلسىلا ئاسىيەنىڭكىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ، نۇرلىنىپ،

چىرايلىق كۆزلىرىدىكى جىلۋە ، سېھرىي كۈچ ئاشماقتا ئىدى . ئۇ كىگىز ئۈستىدە پۈتلىرىنى سوزۇپ كىتابقا بىرلا قارىۋالسا ، سائەت ـ سائەتلەپ گەپ قىلماي ئولتۇرالايتتى . سوئاللارغا قىسقا ـ قىسقا : «ھەئە» ، «ياق» دېگەندەك جاۋابلارنىلا بېرەتتى . قېرى قىز ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق ئىدى . ئۇ نەزەرىيە ، تارىخ ۋە تەبىئىي پەنلەردىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ نۇرىنىڭ ئاغزىنى ئاچاتتى . ئۇلار تالىشا ـ تالىشا ئاخىر نۇرى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىلا ۋالىڭ ـ چۇڭ بېسىلاتتى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆزگەرتىۋالغان ئىسمى ۋاپى ، مىللىتى تاتار ئىدى . چۈنكى ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئىزىدا ئادەم بار ئىدى ، تېخى مانا يېقىندىن بېرى ناھىيىگە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ساقچىلار يېغىپلا كەتكەچكە ، ئۇ خېلىدىن بېرى ناھىيىگە كەلمەي ، ئۇلاستاي تەرەپلەردە مۆكۈنۈپ يۈردى . پەرىخە ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى ، ئۇ دەسلەپ ھەدىسى توغرىسىدا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى . كېيىنچە ئۆزى توغرىسىدا ، جەمئىيەت توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇۋالدى . ئۇلار ئارىلاپ ياشلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا بىللە باراتتى . ئۇنى نۇرى ئەكىلىپ قوياتتى . ئۇلارنىڭ سىرتتا نېمىلەرنى دېيىشىپ ، نېمىلەرنى قىلىشىدىغانلىقىنى ئاسىيە بىلمەيتتى . ئاسىيە بىرلا نەرسىنى بىلەتتى : نۇرىدەك يىگىتلەرنى ھەرقانداق قىز ياخشى كۆرۈپ قالاتتى : «چىرايى ، مىجەزى ۋە ئەخلاقى گۈزەل يىگىت» دەيتتى ئاسىيە نۇرىنى باشقىلارغا ماختاپ . ئۇ بىچارە قىزى سەبىخەنىڭ بەختسىزلىكى بىلەنلا ئۆرتىنەتتى . خۇدا قوشقان بىر جۈپلەرنى مۇرادىغا يەتكۈزمىگەن جەمئىيەتنى ، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى كېچىلىرى كۆز يېشى بىلەن قارغاپ ـ تىللايتتى ...

قېرى قىزنىڭ گېپى ئۇنى غەپلەتتىن چۆچۈتۈپ سەگىتتى : «پەرىخە ھەدىسىدىنمۇ چىرايلىق ، ھېسسىياتچان قىز بولدى . ئۇلار قاراڭغۇ كوچىلاردا يانىدىشىپ بىللە مېڭىشىدۇ ، نۇرىدەك يىگىتلەرنىڭ بىلەكلىرى ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكەندە ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ يىگىتكە بېرىلىپ كېتىشى ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ

قويۇشى مۇمكىنغۇ؟» دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر ھەدىسىنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ تاتارچە جىرلاشلىرى، گىتار چېلىشلىرى، ئەرزىمەس ئىشلارغا قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى گويا قىرو كۆرۈپ غايىب بولغان كاككۇكتەك نەلەرگىدۇر يوقالغان. ئۇ ھازىر غەمكىن، خىيالچان. بىر تال بارمىقىنى چىرايلىق لەۋلىرى بىلەن چىشلەپ دېرىزىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ دەريانىڭ نېرىسىدىكى قاقاس تاغقا قاراپ بىر تۇرۇۋالسا، ۋارقىرىسىمۇ ئاڭلىماي قېتىپ قالىدۇ... قىزىدىكى شۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى ئانا بولغان ئاسىيە بايقىماي، يات بىرىنىڭ بايقىغىنى نېمىسى ـ ھە؟ قىزى ناۋادا نۇرىغا كۆڭۈل بېرىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا بۇ خىيانەتقۇ؟ ھەي پەرىخە، ھەدەڭ سەبىخە تېخى ھايات، ئۇنى ھېلىقى چىۋ سىلىڭنىڭ بالىسى دورا بىلەن مەست قىلىپ ئاياغ ئاستى قىلغان. شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىنىنىسى چىۋ يۇشىيۇڭ شىڭ شىسەيگە ئوخشاش خوتۇنباز. ئۇ دادىسى، ھەدىسى ۋە يىزنىسىنىڭ كۈچى بىلەن چەكسىز ھوقۇق، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇۋالغان. ئۇ مەخسۇس ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن گۈزەل قىز سەبىخەنى يېرىم يىل مەخپىي ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ خوتۇن قىلدى. ئۇنىڭ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇنى باشقا قىزلاردەك ئۆلتۈرۈۋەتمىدى. سەبىخە قىساس ئېلىش ئۈچۈن چىۋغا سۈنئىي يېقىنچىلىق قىلدى. ئۇنىڭغا يالغان ئەركىلەپ، نەپرىتىنى يوشۇرالىدى. چىۋ يۇشىيۇڭ شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغاچقا، سەبىخەنى بۇ مەكتەپنىڭ «ئالاھىدە دىپلوماتىيە» سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ بىر يىل ئوقۇتتى. سەبىخە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانى نامى بىلەن ھەربىي كىيىم كىيىپ كوچىلاردا ئاشكارا يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ قەدەملىرى چەكلەنگەنىدى. ئۇنى باشقىلار: شىڭ شىسەيىنىڭ مالىكوۋا ناملىق ئاشنىسىغا ئوخشىتىپ «سېرىق چاچ پەرى» دېيىشتى. ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئىشپىيون دەپ بىلىشەتتى. ئۇ خورلۇق دەستىدىن نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ ساراڭلار

دوختۇرخانىسىغا كىرىپ چىققان بولسىمۇ ، قىساس ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتى . بەزىلەر ئۇنى پۇل ئۈچۈن ئىشپىيون بولۇپ كەتتى دېيىشمەكتە . مەيلى ئۇ ھۆسن ـ جامالى بىلەن ئادەملەرنى جەلپ قىلىدىغان ئىشپىيون بولۇۋالغان بولسۇن ياكى ھېلىقى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ چىقىپ ئاسىيە چۈشەنمەيدىغان يېڭى كەسىپلەرنى ئىگىلەپ شىڭ دۇبەن ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولسۇن ، ئاسىيە ئۇنىڭ بۇلارنى قىساس ئېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىنىلا بىلەتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە قىساستىن باشقا نەرسە يوق ، ئاسىيە بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ . ئۇنىڭ بەدىنى بۇلغانغان بىلەن روھى پاك ، ئۇ ئانىسىغا بىر قېتىم : «ئاپا ، مەن بىر قېتىم ئۆلۈپ تىرىلدىم . باشقا بىر بەدەندە مېنىڭ روھىم ياشىماقتا ، ھەممە يەردە كۆلۈپ تۇرغان بەدەن ھەممىلا جايدا قان يۇتۇپ يىغلاۋاتقان بىر روھنى يوشۇرماقتا . ئاپا ، مەن ھەقىقىي ئۆلۈمنى كۆلۈپ تۇرۇپ كۈتىۋاتىمەن . سەنمۇ مېنى كۆلۈپ تۇرۇپ دەپنە قىل ، چۈنكى مەن ئىنتىقام ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئۆلمەيمەن» دېگەنىدى . بۇ گەپلەرنى ئۇ ئېلىشىپ قالغان كۈنلىرىدە ئازاب بىلەن دېگەن ، لېكىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان پەردازسىز گەپلەر ئىدى . ئۇ نۇرنى يادلاپ قانچىلىك يىغلىدى ، پەرىخە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قانچىلىك يىغلىشىپ بەردى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرىمۇ ھازىرغىچە ئۇنى سېغىنىپ كەلمەكتە . ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئۆيگە كېلىپ سەبىخەنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ چىرايىدا چەكسىز ئازاب ، سېغىنىش ۋە مۇھەببەت بەلگىلىرى ئوقچۇيدۇ . ئاسىيە بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا قارىيالماي ھويلىغا ياكى باغقا چىقىپ ئۆرتىنىپ يىغلايدۇ ... پەرىخە ئاشۇنداق بىر ھەدىسىگە ئاسىيلىق قىلارمۇ ؟ نۇرىمۇ بەدەن تەلپىگە بېرىلىپ ۋىجدان تىزگىنىنى قويۇۋېتەرمۇ ؟ ياق ، ئۇلار ئۇنداق ئەمەس ، ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . بۇ مۇنۇ قېرى قىزنىڭ كۈنداشلىقىدىن پەيدا بولغان يامان غەرەزلىك بىر پەرەز . ئاسىيەنىڭ قىزى پەرىخە ئۆز ھەدىسى سەبىخەنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە كۆيۈپ قالمايدۇ ...

ئاسىيە ئىشخانىسىدا باللارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى كۆرۈۋېتىپمۇ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئورۇس بولكىسىنى توغراۋېتىپمۇ، هويلىدىكى ئوچاقتا سۈت سورۇۋېتىپمۇ قىزى ۋە نۇرى توغرىسىدا ئويلىدى. نۇرى هازىر ئۇنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىۋالغان. ئۇ ياخشى تاماق ئالدىغا كەلسىمۇ، بىر كۆڭۈللۈك سۆھبەت باشلانسىمۇ ياكى بىر ئەر كىشى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولسىمۇ دەرهال نۇرىنى ئەسلەيدىغان، بىرەر ساقچى بىرەر ئادەمنى تۇتۇۋالسا ياكى شەهەردىن بىرەر يامان خەۋەر چىقسىمۇ ئۇ ئەنسىز ئانىلاردەك ئىختىيارسىز هالدا: «نۇرى» دەپ ئۆندەرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە يات بىر يىگىتكە ئانىلىق مېهرى پەيدا بولغانىدى. پەرىخە بىلەن نۇرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاكا ـ سىڭىل مۇناسىۋىتى دەپ پەخىرلىنىپ خاتىرلەيتتى. بۈگۈن مانا ئۇنىڭ سۆيۈسۈزلۈك خىيال ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، هاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. ئىلاهىم، مۆلدۈر يېغىپ مېهىر ـ مۇهەببەت مايسىلىرى كاردىن چىقمىغىيدى ··· لېكىن هايات رەهىمسىز، رېئاللىق بىر خىل تەلۋە كۈچ، ئۇنىڭ باش ئەگدۈرۈش كۈچى تولىمۇ يۇقىرى، قورقۇنچلۇق. رېئاللىق هامان ئىنسان خاهىشىنى مەنسىتمەيدۇ، خارلىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە هاياتنىڭ مۇهەببەت بابىدا ئەقلىدىن ئازمايدىغان ئادەملەر كەم بولىدۇ. هېسسىيات سېنى يۇزسىزلىككە قىستىغاندا سەن ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالىسەن. پۇشايمان دېگەن ئاتالما شۇنىڭ ئۇچۇن پەيدا بولغان ـ دە!

مانا قىزى كىردى. ئۇنىڭ قايىقى كۆندىكىدەك تۇرۇلگەن، چىرايلىق يۇزىدە پەرىشانلىق، جىددىيلىك ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇراتتى.

— پەرىخە قىزىم، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياق!

— نېمانداق سوغۇق مىجەز بولۇپ قالدىڭ، قىزىم؟

— نەدىكىنى!

— ئاپاڭدىن يوشۇرما ، قىزىم ، ھەرقانداق ئىش بولسا ماڭا دە ، مېنى قىينىما ، مەن ھازىر ئەنسىزچىلىكتە قالدىم .
— نېمىشقا ، ئاپا ؟ — قىزنىڭ چىرايىدا مەجبۇرىي تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرى غەمكىن ئىدى .
— سەن بىرىگە كۆيۈپ يۈرەمسەن قانداق ؟
— قويغىنا ! — دېدى قىز قىپقىزىل بولۇپ ، ھەتتا ئۇنىڭ بويۇنلىرى ، قۇلاقلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى ...
قىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئانا ئارقىسىدىن كىرىپ :
— كىم ئۇ ؟ — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزدا .
— ھېچكىم ؟ — قىز دېرىزىگە قارىۋالدى .
— نۇرىمۇ ؟
قىز خۇددى بىرى بېشىغا چوماق بىلەن ئۇرغاندەك سىلكىنىپ قاتتىق ۋارقىراپ ئىككى قولىقىنى ئېتىۋالدى .
— دېمە ، دېمە ! — ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئانا قىزىنى قۇچاقلىدى ، قىز ئانىسىغا خۇددى بوۋاقتەك يامىشىپ سىلكىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ :
— جېنىم ئاپا ! ... — دېدى ، — راست شۇنداق ...
ئانا - بالا يىغلىشىۋاتقاندا ئۆيگە قېرى قىز كىردى :
— نۇرى ، بۆرىۋايلارنى تۇتۇپ كېتىپتۇ ! — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ ، — قوللىرىنى باغلاپ ماشىنا بىلەن ئېلىپ مېڭىپتەك ، خەمىت ، ئەكبەر باتۇرلار قۇتۇلدۇرغىلى ئاتلىق قوغلاپ كېتىپتەك !
پەرىخە — ئون ئالتە ياشلىق ، گۈزەل ، ھېسسىيات كونتروللۇقىدىن ئايرىلغان قىز بىرلا چىرقىرىدى - دە ، ھوشىدىن كەتتى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، كۆزىنىڭ قارىسى تارتىشىپ ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ ، پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترىمەكتە ، ئانا ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي :
— پەرىخە ، پەرىخە ! جېنىم قىزىم ! ... — دەپ قىزىنىڭ ئېڭەكلىرىنى تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن سىلىماقتا ئىدى .

قىرى قىز شۇم خەۋەر ئەكىرگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ :
— يالغان ... ئىغۋا ... — دەپ كېكەچلىمەكتە ئىدى .
— ئۆلۈڭ ئىلاھىم ، سوغۇق سۇ ئەكېلىڭ ! — دېدى ئاسىيە ئۇنى سىلكىپ .
يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىلگەندىن كېيىن پەرىخە ھوشىغا كەلدى . ئۇنى سۇپىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئىككى ئايال تەرگەشكىلى تۇردى :
— ئەتەي چىشىغا تېگىپ نېمە قىلاي دەيسەن ، ھوي قارا كۆسەي ؟
— ھوشىدىن كەتكۇدەك خەۋەرمىدى ؟ ئەجەب نازۇككىنە بۇ تاۋۇز بوشاڭ !
— ئالىقىنىمدا چوڭ بولغان ، ساڭا ئوخشاش ئوچاقمانتىدا كۇچۇكتەك يۇندا ئىچمىگەن بۇ !
— تايىنچىلىق ، سەن موزايلارنىڭ ھالىڭلار چوڭ بولغىنى بىلەن كۇنۇڭلار ئىتتىن بەتتەر !
— بولدى ئاپا ، مەن ھېچنېمە بولمىدىم ، — دېدى پەرىخە تېخىمۇ يامان گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆزلىگۈزمەي ۋە قىرى قىزغا قاراپ :
— خۇشال بولۇپ كەتمەڭ ، زەينەپ ھەدە ، ئۇلارنى خەمەت ئاكام قۇتقۇزۇپ كېلىدۇ ! — دېدى .
— نېمىگە خۇش بولاتتىم ، زەينەپ مىللەتنىڭ داشقىلى ئەمەس ، گۇلتاجى ! بىلەمسەن ، گۇلتاجى !
— ۋاي قاراگۇل يەي ، سىنى ئۆتۈك مايلاشتىن باشقىغا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ! — دېدى ئاسىيە كۇلۇپ ، — ماڭ سۇتنى ئەكىر ، خام قايماق سېۋەتتە !
ئۇلار بىردەمدىلا ئەپلىشىپ بىللە ئولتۇرۇپ چۇشلۇك چاي ئىچىشتى . ئاسىيەگە قىزىنىڭ نۇرىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولۇۋىدى ، ئۇنىڭ ھېچنېمە يېگۇسى كەلمىدى : «پەرىخەگە قانداق قىلىپ چەك قويۇش كېرەك ؟ قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتى ،

ئۇنى ئۆچۈرگىلى بولارمۇ ، بۇ ئوتۇن كۆيۈپ تۈگىسە بۇنىڭ ئازابىغا چىدىغىلى بولارمۇ ؟ ... » ئانىنىڭ خىيالى سوئاللار بىلەن تولدى .

شۇ كۈنى كەچ پەرىخە ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىدى . ئانا دەككە ـ دۈككىدە ئۆي بىلەن بوسۇغا ئارىلىقىدا سانسىز قاترىدى . تىرىق قىلسىلا سىرتقا يۈگۈردى ، قىزدىن دېرەك بولمىدى . ئۇ ئاخىر غېمىدە يوق كىتاب ئوقۇۋاتقان قېرى قىزغا يىغلاپ تۇرۇپ :

— يۈر ، پاتىخ مۇسلىموفنىڭ ئۆيىگە بارايلى . قىزنى شۇلار بىلىدۇ ! — دېدى .

— نېمانچە ، ۋايىيەي ، كەلمەمدۇ ! — دېدى قېرى قىز غېمىدە يوق كىتابىنى باش كۆتۈرمەي .

— بوپتۇ ئەمىسە ، ئۆزۈم باراي ، — دېدى ئانا ئالدىراپ سىرتقا مېڭىپ ، — بۇ دۇنيادا زارلاپ يىغلىغىلى تۆرەلگەن بولغاندىكىن ! ...

قاراڭغۇ چۈشتى . ئاسىيە نىلقا شەھىرىنىڭ تار ، دەرەخلىك كوچىلىرى بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ غەربكە بۇرۇلغاندا ، ئۇنى تۇيۇقسىزلا بىر ئەنسىزچىلىك چىرمىۋالدى ، گويا قىزىنى ئەسكەرلەر تۇتۇپ كەتكەن ، گويا پەرىخەمۇ سەبىخەنىڭ كۈنىگە قالغان . ناۋادا شۇنداق بولسا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيا هارام . قاش دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ قىرغاقتىن بىرلا سەكرىسە هەممە تارتقۇلۇقتىن قۇتۇلىدۇ . دادىسى ، ئېرى ، قىزى ، مانا ئەمدى كەنجىسى — ئاخىرقى ئۈمىدى يەنە شۇ تەقدىرگە دۇچ كەلسە ، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ بەختسىز ئىنسان يوق بولىدۇ ـ دە .

ئېرى ئاخىرقى قېتىم : «قىزلىرىم سىزگە قالدى . ئۇلارنى بەختلىك قىلىڭ ، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم» دېگەنىدى . تاتار بولماق تولىمۇ تەسكەن . ئۇلار ئۆز يېرىگە سىغمىدى ، مانا ئەمدى شىنجاڭمۇ ئۇلارغا تار كەلمەكتە . ئانا قىزلىرىنى ئوقۇتىمەن دەپ بىرىگە توقال بولدى ، قارا كۆڭۈل مىڭبېگى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قىزىنى چيۇنىڭ ئوغلىغا تۇتۇپ بەردى . قىزى خورلاندى ، بەخت دېگەن خورلۇق ئەمەستە ، ئۇ هازىر تىرىك

دوزاختا . مانا ئەمدى ئاخىرقى ئۈمىدى بولغان پەرىخەمۇ خەۋپكە دۇچ كەلدى . بىرەر ئىش بولمىسا بۇ قىزى ھەرگىز ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ بۇنداق كەچ قالمايتتى . ئۇ يۈگۈردى . ئۇنىڭ كۆزىگە ئىتلارمۇ كۆرۈنمىدى . ئىككى ئىت يەۋېتىدىغاندەك ھاۋشىپ تاپ بېسىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ كۆڭلىدىن قورقۇشمۇ كۆتۈرۈلگەن . ئىتلارغا يۈتىدىن توپلىيىنى سىلىۋېلىپ ئاتتى ، توپا ـ تاش چاچتى ، ئاخىر ئىتلار يىراقلىدى . ئۇ يالاڭ ئاياغ يۈگۈردى ، ئاخىر ھىم ئېتىكلىك يوغان دەرۋازىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاتتىق ئۇردى :

— گۆھەرىيە ، ۋاي گۆھەرىيە !

يان ئىشىك ئېچىلدى ، ئاسىيە خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك :

— پەرىخە ، پەرىخە ! — دەپ دۇدۇقلىدى .

— قورقما ، قورقما ! — دېدى گۆھەرىيە ئۇنى قۇچاقلاپ ، — قىزىڭ بار ، ئۇ خەمىتلەر بىلەن ئۇلاستايغا كەتتى !

— نېمىشقا ، نېمە بوپتۇ ؟

— ئۆيگە كىر ، قورقما ، مەن دەپ بېرەي !

ئۇ ئاسىيەنى ھويلىغا ئەكىردى ۋە دەرۋازىنى ئەتتى .

شۇ كۈنى «تازىلىغۇچى» ساقچىلار ئۇلاستايغا ماشىنا بىلەن ماڭغانىكەن . ئارقىدىن خەمىت باشلىق ياشلار ئاتلىنىپ تاغ يولى بىلەن تەڭلا يولغا چىقىپ شۇ ياققا مېڭىپتۇ . ناۋادا نۇرى ، بۆرىۋايلار تۇتۇلۇپ قالسا ، ئۇلار ماشىنىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزماقچىكەن . ساقچىلار ئۇلارنى ساقلىغان ئىككى قازاق يىگىت بىلەن بىر موڭغۇل بوۋاينى تۇتۇپ كەپتۇ . بۇ گەپ كوچىغا «ۋاي نۇرىلارنى تۇتۇپتۇ» دەپ تارقىلىپتۇ . خەمىتلەر قوغلاپ نىلقىدىن ئۆتۈپ قاراسۇ ئەتراپىغا كەلگەندە ، ماشىنىغا قارا مىلتىقلار بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ . شوپۇر ئۆلۈپتۇ . ساقچىلار ماشىنىدىن چۈشۈپ ئېتىشىپتۇ . ئاتلىقلار مەھەللە خەلقىنىڭ ياردىمىدە ئۆيلەرگە مۆكۈنۈپ يۈرۈپ تۆت ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ ھېلىقىلارنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى ئېغىر ياريداركەن . نىلقا ساقچى

ئىدارىسى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ شەھەرگە خەۋەر قىلغانىكەن ، شەھەردىن بۇياققا قاراپ ئىككى ماشىنا ئەسكەر مېڭىپتۇ . ئورۇس نىكولكا ھېلىقى ساقچى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كۆن ئولتۇرغاندا ئىلقىغا كىرگەنىكەن ، يىگىتلەر چىقىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ماشىنا بىلەن ئۇلاستايغا مېڭىپتۇ . پەرىخە ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يىگىتلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بىللە كېتىپتەك .

— ياشا قىزىم ، مۇشۇنداق قىلىپ قۇربان بولۇپ كەتسەڭمۇ مەن رازى ؟ — دېدى ئانا گۆھەرىيەنى قۇچاقلاپ ، — پاتىخ ئەۋزى شەھەردىن ئەسكەر ماڭغىنىنى قانداق بىلگەندۇر - ھە ؟

— ساقچىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئادەملىرى بار . بۇلار ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ .

— ئىسلاھىم ، بۇ شېڭ دۇبەنگە زاۋاللىق كېلىپ ، خەلق كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرسىدى .

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە تىڭ تىڭلاپ ئۇخلاشمىدى ، ماشىنىلار ئۆتتى ، لېكىن «تاڭ» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىدى .

ئاسىيە بىر كېچە ئۇيقۇسىز ، ئەنسىزچىلىك تارتىپ ئەتىگەنلىكى كۆن چىقىشتىن بۇرۇن ئۆيىگە قايتتى . ئاھ ، ئانا بولماقنىڭ تەسلىكى ، ئۇ قىزىم ئۆيگە قايتىپ كەلدىمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ھاياجان بىلەن ھويلىغا كىردى - دە ، دېرىزىدىن قارىدى . قىرى قىز سۇپىدا ، قىزى باغقا قارىغان كارىۋاتتا راستلا ئۇخلاۋاتاتتى . ئانا ھاياجان بىلەن ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى .

— جېنىم قىزىم ، قايتىپ كەپسەن دېگەنىمىلەن ! — دېدى ئۇ قىزىغا ئۆزىنى ئېتىپ . ئۇ سېرىق چاچ قىزنىڭ يۇزلىرىنى سىيپاپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىغا غۇۋا تاڭ يورۇقىدا سىنچىلاپ قارىدى .

— سەبىخە ! — ئانا ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى . ئۆيدە راستلا سەبىخە ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ چىرايلىق ، لېكىن سولغۇن چىرايى پەرىخەنىڭكىدىن پەرقلىنەتتى . پەرىخە يېڭىلا ئېچىلغان

قىزىلگۈل بولسا، سەبىخە ئېچىلغىنىغا يېرىم كۈن بولغان، شۇڭا سىنچىلاپ قارىسا ياپراقلىرىدا سولغۇنلۇق ئىزنالىرى بايقىلىدىغان گۈل ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ:

— ئاپاڭنىڭ بۇ زەي ئۆيىنى قانداقمۇ تاپالىغانسەن، مېنىڭ نىلقىدا ئىكەنلىكىمنى قانداقمۇ بىلگەنسەن؟ — دېگەندەك سوئاللارنى سورىغىلى تۇردى. سەبىخە تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىدى. قېرى قىز ئويغاندى، ئۇ:

— دېمىدىممۇ قايتىپ كېلىدۇ دەپ، يېرىم كېچىدە كەلدى، ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم كىردى - دە، ياتتى. لام - جىم دېمىدى.

— قارا خوتۇن، بۇ پەرىخە ئەمەس، سەبىخە!

— نېمە؟ ھە راست، پۇتىدا ئۆتۈك، تاك - تاك قىلغان راست. قاراڭ، قىزىل ھەربىي ئۆتۈككەن!

— ھەربىي؟

— ھەئە، قاراڭ، ئاۋۇ يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئېسىللىكىنى، يا فرانسىيىنىڭ، يا ئەنگلىيىنىڭ رەختى. مەن كىتابلاردىن ئوقۇغان پول شولكۋاي ... قاراڭا، ئاۋۇ ياستۇقنىڭ ئاستىدىن ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان نېمە؟ پورتمال دەمسىزا، ياق، تاپانچىنىڭ قېپى!

سەبىخە ئويغىنىپ، دەرھال ياستۇقنى يۆلەپ كۆكسىگە بېسىپ ئانىسىغا ئەركىلىدى:

— جېنىم ئاپا، كەلگىنە، ۋاي - ۋۇي، چاچلىرىڭ تامام ئاقىرىپ، كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ، يۈزۈڭنى قورۇق چىرماپ بوپتۇغۇ ...

ئۇ ئاپىسىنىڭ يۈزىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇنىڭ ئاپئاق بويىنىدا چىرايلىق ئالتۇن مېدالىئون پۇلاڭلاپ تۇراتتى، قۇلاقلىرىدىمۇ كۆزلۈك ئاجايىپ چىرايلىق ئالتۇن ھالقا يالت - يۇلت قىلاتتى. كارىۋاتنىڭ يېنىدا بىر خۇرۇم چامادان تۇراتتى.

— بۇ يەرنى قانداق تاپتىڭ، قىزىم؟

— ئىزدىگىلى بىر يىل بولدى. سەنمۇ كەتتىڭ، مەن

دېرىكىڭنى ئېلىشقا ھەممە يەرگە خەۋەر بەردىم .
— كىم دەپ بەردى بۇ يەرنى ئەمىسە ؟
— تاپتىم شۇ ! — دېدى ئۇ قىرى قىزغا قاراپ قويۇپ ، — بۇ ھەدىمىز ، ياق ، ئەپۇ قىلىڭ ، ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن !
— زەينەپ ، ئاپاڭ ئابىستەي بىلەن بىللە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئابىستەي !
— ھە ، زەينەپ مۇئەللىم ، — دېدى سەبىخە بۇرۇن ئانىسى بايقىمىغان ، ئۆزىگە سۇپەت بېرىدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا ، — سىزگە رەھمەت ، ئاپامغا ھەمراھ بولۇپ يالغۇزلۇقىنى بىلىندۈرمەپسىز !
— بىز دېگەن ھەدە - سىڭىل ، بىرىمىز سېرىق ، بىرىمىز قارا بولساقمۇ !
— سېرىق مودەن ، قارا مودەن بىر چۆنەكتە ئۆسكەندەك !
— ھە راست ، پەرىخە قېنى ، ئاپا ؟ ئۇنى بەكمۇ سېغىنىدىم .
— سىڭلىڭ چوڭ بولۇپ بويۇنچاق ئۇزىدىغان بولۇپ قالدى .
— ھا - ھا - ھا ...
— ھى - ھى - ھى ...
— ئاپا ، بىز دېگەن ساپ تاتار ئەمەس ، سەن تاتار ، بىز ئۇيغۇر ، بىزنى موزاي دېسەڭ بولمايدۇ !
— ھە ، ئەمدى ئاپاڭدىن تانىاي دەمسىنا ؟ سەنمۇ موزاي ، داداڭ دېگەن نوغايلاشقان ئۇيغۇر ئىدى .
ئانا خاپىلىقى سەھەردىكى جىلغا تۇمانلىرىغا ئوخشايدۇ ، قۇياش نۇرىنى كۆرۈش بىلەنلا تارايدۇ . مانا ئۇنىڭ كېچىدىن بېرىقى ھارغىنلىقى ، خاپىلىقى بىراقلا يوقالدى . ئۇنىڭ ھازىر ئىشەنچى تولۇق ، پەرىخەمۇ تۇيۇقسىزلا لوڭگىدە پەيدا بولىدۇ - دە ، ئۇنىڭ شادلىقى پۈتۈن بولىدۇ .
ئۇلار خۇشال - خۇرام ئەتىگەنلىك چاي ئىچىشتى . ئاسىيە بىلەن قىرى قىز ئىشقا ماڭغاندىن كېيىن سەبىخە چامادانىدىن كىچىككىنە بىرنەرسىنى ئېلىپ سىپىرلارنى جىت - جىت

قىلغۇزۇپ بىر يەرگە خەۋەر بەردى . ئۇ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ قانداق ۋە نىيمىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتالمايدۇ - دە . ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىلىقىدا پەيدا بولغان قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى يوقىتىشىغا ياردەم قىلىش . بۇ قوراللىق توپىلاڭچىلار ئىچىدە نۇرىمۇ بار . سەبىخە نۇرنى بىر كۆرمۇ ئەسلىمەي ، سىغىنماي قالغىنى يوق . ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببەتكە جېنى بىلەن سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن بۇ خەتەرلىك ئىشقا تۇتۇش قىلغان . ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىگە زەن سېلىپ تۇرۇۋاتقان مەخسۇس ئادەممۇ بار . ھازىر ھەممىلا يەردە ئىشپىيون - جاسۇس . سەبىخە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ قېتىم چيۇ يۇشيۇڭغا يېلىنىپ يۈرۈپ مۇشۇ ليۇ بىگدې ئالاھىدە قىسىملىرى بىلەن بىللە كەلگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر ئىككى ياققا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى ، ئارتىسلىقنى ياخشى قاملاشتۇرۇشى كېرەك . لېكىن ، ئۇنىڭ ساداقىتىنى نۇرى چۈشىنەرمۇ ؟ ئۇيغۇر ، مۇسۇلمان ئەقىدە - ئەخلاقى ساداقەتنى ئۆلۈم بىلەن ئۆلچەيدۇ . چيۇنىڭ ھالاۋەت ئىشتىھاسىنى قاندۇرغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى ئىدى . لېكىن ، ئۇ ئۆلۈم بىلەن ھېچكىمدىن قىساس ئالالمايدۇ - دە ! بەدىنى ئانىسىنىڭكىدەك خورلاندى ، لېكىن ئۇنىڭ روھى پاك . نۇرى شۇنداق پىكىر قىلالىسا ياخشى بولاتتى . ئاشىق - مەشۇقلۇق ئىككى بەدەننىڭ قوشۇلۇشىلا بولۇپ قالسا تولىمۇ قىممىتى يوق نەرسە بولۇپ قالىدۇ . مۇھەببەت ئىككى روھنىڭ قوشۇلۇشى ، ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشى ئەمەسمىدى ؟ نۇرى بۇنى بىلىدۇ . ئۇ سەھرالىق مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ . لېكىن ، سىڭلىم نېمىشقا ئانامنى بىئارام قىلىپ ئۇلارنى قوغدىغۇچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندۇر ؟ ئۇنى زورلىغان كۈچ قىساس بولسا كېرەك ، مەن شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن ...

قىزلارغا خاس كۆنداشلىق ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىرى ، يەنە ئۆز سۆيگىنىنى چۈشىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ

بىرى . سەبىخە — ئۇن توققۇزغا ئەمدىلا كىرگەن ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ شېرىن لەززىتىدىن كۆرە زەھەرلىك ھىدىنى كۆپرەك پۇرىغان ئايال ، ھايات پاجىئەلىرىنى تېخى تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئايلاندۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتمىگەن . ئۇ يەنىلا نۇرغۇن ئىشلارنى ئاددىي ئويلايتتى . «نۇرى سىڭلىم بىلەن چىقىشىپ قالغان بولسىچۇ ؟ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقى بار ، لېكىن سەبىخە نۇرى ئۇچۇن ياشاۋاتىدۇ ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ سەبىخەگە خىيانەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ . ئىلاھىم ، پەرىخە ئۇنى مەن ئۇچۇن قوغدىغان بولسۇن ؛ ئىلاھىم ، ئۇ ھەدىسى ئۇچۇن ئۆز ۋىجدانى بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان بولسۇن ئىلاھىم ، ئۇنىڭ خىيالىدا سەبىي بالىلىق سەزگۈسىدىن باشقا نەرسە بولمىسۇن ئىلاھىم ، ئۇ ھېلىقى ھەدىسىگە ئەركىلەپ كېچىسىمۇ ھەدىسىنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ ياتىدىغان مېھرىبان قىزچاق بولسۇن ؛ ئىلاھىم ، ئۇ ھەدىسىنىڭ نۇرىغا تۇنجى مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ بۇ مۇھەببەتنى ھاياتى بىلەن قوغداشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن ...»

سەبىخەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا كىچىككىنە تاپانچىسىنى ئوقلىدى ۋە قولۇپلىدى . ئۇ سىڭلىسى خىيال سۈرىدىغان دېرىزىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ ، سالقىن ياز شامىلىدا ئىرغاڭلاپ ، ياپيېشىل ياپراقلىرىنى كۈن نۇرىدا يالتىرىتىپ تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن ئىنسانلارغا ھۇزۇر بېرىۋاتقان تېرەكلەرنىڭ توپ شاخلىرىغا قارىدى . دەرەخلەر شادلىنىپ ئويناقتا ، دەريا شاۋقۇنى گويا ئۇنىڭغا مەدھىيە ، تاغ شامىلى گويا ئۇنىڭغا ھەدىيە ...

ئۇلار ھازىر قايسى تاغدا ، قايسى غولدا ، قايسى قارىغاينىڭ دالدىسىدا يۈرەكئالدى بولۇپ ئۆزىنى تۇتقىلى كېلىدىغان ئەسكەرلەرنى ساقلاپ ياتىدىكىن ؟ ليۇ بىڭدېنىڭ ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىقتە شېڭ دۇبەندەك يېتىلگەن ، ئۇلار مۇشتلىشىش ، ئات ئويۇنى ، مەرگەنلىك ۋە ھەتتا يىراقنى ، قاراڭغۇدا نىشاننى

كـۆرۈش قـاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشاش يېتىلگەن ياشلار ، ئۇلار ۋەزىــپىلىرىنى ياخشى ئورۇندىسا نۇرغۇن پۇل مۇكاپات ئالىدۇ ، دەرىجىسى ئۆسىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار «باندىت تازىلاش» قا جېنىنى تىككەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە «تاغ تىلى» نى ياخشى بىلىدىغان يەرلىك يول باشلىغۇچىلار ئۇلارنى باشلاپ كەتتى . ئۇلار كۆرۈنگەن نىشانغا ئـوقـلىرىنى تەگكۈزەلەيدۇ ، ئىزغا چۈشكەننى تۇتماي قويمايدۇ . ناۋادا ئۇلار نۇرىنى ئېتىۋەتسە ، سەبىخە مۇشۇ تاپانچىسى بىلەن ليۇ بىڭدېنى ياكى جاڭ دېگەن باشلىقنى بەش ئادىمى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ . نـۇرى ئـۇچۇن ئۇچىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ . چيۇ يۇشيۇڭ دېگەن قـاۋاندىن قىساس ئېلىشنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ ، بىرگە بەش ، بىرگە ئۇچنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ . ئۇ زادى ئىككىلەنمەيدۇ ... ياق ، ئۇلار ئۆلمىسۇن ، تۇتۇلمىسۇن . ئىلاھىم ، مۇشۇ ئىككى ماشىنا ئەسكەر تامام يوقالسۇن ، يەنە قانچىسى كەلسە شـۇنـچىسى يوقالسۇن ، تاكى شىڭ دۇبەن يوقالغانغا قەدەر ئىلى پەرزەنتلىرى غالىب چىقىۋەرسۇن ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ، تولىمۇ يېرىم ، بەكمۇ تىت ـ تىت بولماقتا . ئۇ مۇھەببەت ئۇچۇن جان پىدا قىلىشنىڭ ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ پەخىرلىك ئىش ئـىـكـەنـلـىـكـىنى بىلگەن بولسىمۇ ، ئۆز سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى تېخى ئويلاپ كۆرمىگەن . ئۇ ئاياغ ئاستى بولغان چاغلىرىدا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان . لېكىن ، ئۇ ئۆلۈۋالسا ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى كىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ؟ ئۇ نۇرىغا ئۆزىنىڭ بىر پاك مۇھەببەت ئۇچۇن هايات ياشاش يولىنى تاللىۋالغىنىنى هەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك . لېكىن ، ئۆزى ياردەم قىلىۋاتقان بۇ قارا كۈچ نۇرىغا چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بەرمىسچۇ ؟ ... «ناۋادا نۇرى ئۆلۈپ كەتسە» دېگەن چۈشەنچە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئاسمىنىدا يالت قىلىۋىدى ، تومۇرلىرى قېتىپ ، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك ، ۋۇجۇدىدا ئۇ ئىلگىرى زادىلا كۆرمىگەن بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى . «ياق ، ئۇ ئۆلسە ئاسماندا

قۇياش يوقالغان، يەر يۈزىدە مۇھەببەت قالمىغان، ئاسمان ـ زېمىنمۇ، مېنىڭ قەلبىممۇ مەڭگۈلۈك تۈن ـ زىمىستان ئىچىدە قالغان بولىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئىنتىقام ئېلىشقىمۇ تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان بولىمەن، خۇدايىم بىزنىڭ تۇپلىرىمىزنى قوشۇۋېتىدۇ ـ دە، بىز يېرىم ئەسىردىن كېيىن چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ قۇيۇنلاردا بىللە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كائىناتنى بىللە ئايلىنىمىز. ياق، ئۇ ئۆلمىسۇن، ئاۋۋال مەن ئۆلەي، ھازىرلا قورالنى دۈشمەنلىرىمگە قارىتاي ياكى يول باشلىغۇچى بولۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا نۇرىنىڭ ئىسمىنى بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىراپ، ئاندىن كېيىن تاپانچام بىلەن يېنىمدىكى ئەسكەرلەرنى ئاخىرقى بىر تال ئوقۇم قالغۇچە ئاتاي. شۇ چاغدا نۇرى ھەممىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار مەن ئۈچۈن قىساس ئالىدۇ، مەن شۇنداق قىلاي، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن! ...»

ئۇ بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ، روھلىنىپ، دېرىزىدىن سۇپىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ سۇپىدا ئوڭدا يېتىپ ئەمدىلا شېرىن خىيالغا بېرىلىۋىدى، ھويلىدا ئادەملەر دۈكۈرلەشتى. ھويلىغا ئىتتىك چىقىۋىدى، قوشنا ئورۇسنىڭ ئىككى ئوغلى دىشلۇ ھارۋىدىن ھەسەل ھەرە ساندۇقلىرىنى چۈشۈرۈۋاتقىنىنى كۆردى. رۇس قوشنىسىنىڭ چوڭ ئوغلى قاملاشقان، كۆك كۆز يىگىت بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىكىپ قويۇپ سەبىخەگە:

— دوبرى ئوترو① ! — دېۋىدى. سەبىخەمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دوبرى ئوترو! — دېدى. رۇس يىگىت سەبىخەگە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ.

— سەنمۇ سىڭلىڭدەك چىرايلىقكەنسەن، يۇر، مەن سېنى تاڭبالىغا — غۇلجىنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىگە ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلەي! — دېدى. سەبىخە قىزىقىپ سورىدى:

— نېمە بىلەن بارىمىز؟

— مۇشۇ ھارۋا بىلەن.

---

① دوبرى ئوترو — ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن (رۇسچە).

— قانچە سائەتتە بارىمىز ؟
— ئون سائەت !
— ۋاي - ۋۇي ، نېمانچە يىراق ؟
— هارۋىغا چىقىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرساڭلا يول قىسقا بىلىنىپ قالىدۇ .
— تېخىمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كېتەرمىكىن !
— سەن كولە بىلەن بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىلىسەن .
— سېھىرگەرمۇيا سەن ؟
— ياق ، مەن بىر ماگنىت .
— بىراق مەن تۆمۈر پارچىسى ئەمەس ، مەن بىر تاش !
— ياق ، سەن بىر زىننەت بۇيۇمى ، سېنى ماگنىت تارتالايدۇ .
— ياق ، مەن بىر تاش .
— سىڭلىڭمۇ شۇنداق دېگەن ، بىراق ئاخىر تارتىلدى .
— نېمە ، سەن نەدىن بىلىسەن ؟
— ئـۇ نـۇرى بىلەن هازىر تاغدا ، بىزنىڭ بال فېرمىمىنىڭ يېنىدا ، بىر چېدىردا تۇرىدۇ .
— يالغان ! ...
— مـەن كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . خەمىتلەر بېرىدىكى غول ئېغىزىدا . نۇرى ، ئەكبەرلەر تاغ ئىچىدە ...
— بىر چېدىردا تۇرسا نېمە بولاتتى ؟
— ئۇلار سۆيۈشتى ، مەن كۆردۈم !
سەبىخەنىڭ بېشىغا يەنە تاياق تەگكەندەك بولدى .
— قاچان ماڭىسەن ؟
— هازىر .
— ماقۇل ، سەن بىلەن بىللە ماڭمەن ئەمىسە !
ئۇ ئانىسىغا : «مەن پەرىخەنىڭ يېنىغا كەتتىم . ئەتىلا قايتىپ كېلىمەن» دېگەن خەتنى قالدۇرۇپ رۇس يىگىتىنىڭ هەسەل هەرە ساندۇقلىرى بىلەن باكلار قاچىلانغان دىشلۇ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئىلقا بازىرىدىن چىقىپ كۈنچىقىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ياپپېشىل

ئورمانلار ، تۆپىلىكلەر ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ھۆسن كۆرسىتىدىغان
قاش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى قىيا تاشلار ، بۇژغۇنلۇق
دولقۇنلار ، قارىغاي ، ئارچىلار ئاستىدىكى چىمەنلىكلەرگە تىكىلگەن
ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر ئۇنىڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىنى قوزغاپ ،
قەلبىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان غىدىقلىنىشلار پەيدا
بولماقتا . ئويناقلاپ تۇرىدىغان بىر جۈپ شوخ قارا ئات تۆت چاقلىق
ھارۋىنى يېنىك ئوينىتىپ بىردە چىمەنلەر ئۈستىدە ، بىردە چاڭ -
توزانلىق تاشلىق سايلار ئىچىدە ئېلىپ ماڭماقتا . رۇس يىگىت
ھېلىدىن - ھېلىغا سەبىخەگە چاقچاق قىلىدۇ ، تۈيۈقسىز ئادەم يوق
يەردە بوينىغا گىرە سېلىپ سۆيۈۋېلىشقا تەمشىلىدۇ ، تۇرۇپلا تازا
مەنزىرىلىك يەرلەرگە كەلگەندە ئاتلىرىنى توختىتىپ ، سەبىخەنى
ھارۋىدىن قۇچاقلاپ ۋارقىرىتىپ يەرگە ئالىدۇ . سەبىخە بۇ
ئىشلاردىن خاپا ئەمەس . چۈنكى ، بۇ بەدەن ئۇنىڭغا يات ، ئۇنىڭ
كۈلكىسىمۇ ئادەتلەنگەن يالغان كۈلكە . ئۇنىڭ بۇ بەدىنىگە نېمىلەر
تەگمىدى ، ئۇنى كىملەر قۇچاقلىمىدى ؟ ئۇ سامساق پۇرايدىغان ،
باشنى قايدۇرىدىغان ئەپيۇن پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرىدىغان سەتتىن-
سەت ئادەملەرگىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، مۇشۇ بەدىنىدە لەززەتلىنىشكە
يول قويغان . ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ، بۇ رۇس يىگىت ماۋۇ تاغ
سۈيىدەك پاكىز ، تاغ گۈللىرىدەك خۇشبۇي ئەمەسمۇ ؟ ... مانا
يىگىت سەبىخەنى رۇسلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىۋىدى ،
سەبىخە نازلانديۇ ، قارشىلىق قىلمىدى . يىگىت ئۇنى ئۇزاقتىن -
ئۇزاق سۆيدى . سەبىخە سۆيۈلۈۋاتقاندا نېمىشقىدۇر يەنە نۇرىنى
ئەسلىدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا :

— نۇرى ! — دەۋەتتى . رۇس يىگىت ئۇنى دەرھال قويۇۋېتىپ
ئۆزىدىن يىراق ئىتتىرىدى :

— سەنمۇ نۇرى دەيسەن ، سىڭلىڭمۇ ئۇنىڭ .

قىز بىردىنلا قارىغاي تۈۋىدە ئولتۇرۇپ يىغلىۋەتتى . سولدا
دەريا شارقىراپ ئاقماقتا . قاپتاللاردىكى قېلىن قارىغايلار سۈس ،
كۆپكۆك تۇمان بىلەن قاپلانغان . رۇس يىگىت كاۋكاز تاغلىرىنى

ئەسلىدى - دە، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ سەبىخەگە قوشۇلۇپ يىغلىغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ غىڭشىپ رۇسچە ناخشا ئېيتتى:

ئېتۇرۇسكايا پىرىرودا، ئېتۇرودىنامايا[1] !

سەبىخە بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ رۇس يىگىتكە ئېسىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. يىگىت ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ھېسداشلىق بىلەن: «يىغلىمۋال» دېدى.

يۇقىرىدىن لىق ئەسكەر باسقان بىر ماشىنا چۈشۈپ سۇ بويىدا توختىتىدى. تاغدىن دەرياغا چۈشۈۋاتقان شوخ، مۇزدەك سۇدا ئەسكەرلەر يۈزلىرىنى يۇدى. ئۇلار خۇددى لايغا باقام ئېتىپ چىققاندەك، ھەممىسىلا پاتقاققا مىلەنگەن، روھى چۈشكۈن، خاپا ۋە چارچاپ ھالىدىن كېتىشكەنىدى. ئۇلار خەنزۇ تىلىدا كىمنىدۇر تىللايتتى:

— تامادى، سىلا دوشاۋ رېن، زامىن ۋېي شېي سۇڭ مىڭ[2] ؟

— جېشىي تۇفى جېن لىخەي[3] !

— خۇيچۇ، شو تامىن چۇەن سىگۇاڭ[4] !

— دۇي[5] !

سەبىخە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى چۈشەندى. لېكىن، رۇس يىگىت چۈشەنمىدى:

— ئەسكەرلەر قاچتىمۇ، غەلىبە بىلەن قايتتىمۇ؟

— نەنىڭ غەلىبىسى، زارلانماقتا!

ئەسكەرلەر ئىچىدىكى بىر ئوفىتسېر سەبىخەنىڭ يېنىغا كەلدى:

---

① ئۇ رۇس يەرلىرى، مېنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىم (رۇسچە).

② ئاناڭنى، شۇنچە ئادەم ئۆلدى، بىز كىم ئۈچۈن جېنىمىزنى ساتىمىز.

③ بۇ باندىتلار بەك يامان ئىكەن.

④ كېتەيلى، ئۇلارنى ئۆلۈپ تۈگىدى دەيلى.

⑤ توغرا!

— نەگە ؟
— تاغقا !
رۇس يىگىت چۆپ يەۋاتقان ئاتلىرىغا نۇقتا سىلىۋاتقاندا :
— ئەتىگىچە نەق يېرىنى ئېنىقلاپ خەۋەر قىلىڭ ! — دېدى ئوفىتسېر بۇيرۇق ئاھاڭىدا . ماشىنا تېزلا يۇرۇپ كەتتى .
سەبىخە ھارۋىغا چىققاندا رۇس يىگىت سورىدى :
— ئۇ سىنى تونۇمدۇ ؟
— ياق .
— ئۇ نېمە دېدى ؟
— نەگەر بارسەن دېۋىدى ، بال قېرمىغا دېدىم .
رۇس يىگىت ئاتلىرىنى قامچىلىدى . ئاتلار چىمەنلىك ئۈستىدە ھارۋىنى سىلىق تەۋرىتىپ يۇرۇپ كەتتى .
بىر دىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ ، تاغ ئىچىدە ئەكس سادا جاراڭلاپ ۋەھىمە پەيدا بولدى . نىكولكا ھارۋىنىڭ ئالدىغا برېزېنتتىن قىلىنغان سايىۋەنني بېكىتىپ سەبىخەگە :
— يامغۇر ياغسىلا تاغ يولى ئېتىلىدۇ . ھارۋا زادى ماڭالمايدۇ . ئالدىمىزدا بىر قازاق ئۆيى بار ، شۇ يەرگە يېتىۋالايلى ! — دېدى - دە ، ئاتلىرىنى ئۆكىرەڭ تاشلىتىپ تۆپىلىككە — ئوڭ تەرىپىدە تاغدىن چۈشۈۋاتقان بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقىدىغان ، سول تەرىپى بوك قارىغايلىق غول بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئىتتىك يۇرۇپ كەتتى . ئۇلار ئەمدىلا غول ئېغىزىغا كىرىۋىدى ، يامغۇر خۇددى چېلەكتىن قۇيغاندەك شارقىراپ ياغقىلى تۇردى . تاغ ھاۋاسى تولىمۇ سىرلىق ، بايىلا كىشىنى ئۆمۈر بويى ياشىسام - ھە ، دېگۈزگەن گۈزەل قاپتاللار بىردەمدىلا كىشىگە مىنۇت تۇرغۇسىز بىزارلىق تۇيغۇسى تەقدىم قىلدى ، سۇپسۇزۇك ، تاشلارنىمۇ مەرۋايىتقا ئايلاندۇرۇپ ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان شوخ سۇلىرى مانا بىردەمدىلا بوتقىدەك قويۇقلىشىپ سۇرلۇك ئاقماقتا ، ھەممىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھەيۋە قىلماقتا . رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى سالپايغان ، چىمەنلەر شۇمشەيگەن ، يوللاردا تاشقىن

ئاقماقتا ... ئاتلار تىرەجەپ قامچىنىڭ زورى بىلەن بويۇنلىرىنى سوزۇپ ھارۋىنى داۋانغا سۆرىمەكتە. «نۇرى نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇر، — دەپ ئويلىدى سەبىخە كۆڭۈلسىز تەبىئەتتىن زېرىكىپ نىكولكىغا يېقىن شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — ئاپام بىچارىچۇ؟» ئۇلار بىر چاتقاللىقتىن چىقىشىغا يولدا چاقلىرى پاتقاقتا پېتىپ قالغان بىر ماشىنا ئۇچرىدى. ماشىنا ئاچچىق گۈركىرەيتتى، لېكىن چاقلار پاتقاقنى بۇرمىلاپ بارغانسېرى چۆكمەكتە ئىدى. لايغا مىلەنگەن ئوندەك قوراللىق ئەسكەر چاقلارنىڭ ئەتراپىدا ئۈمىلىشىپ يۈرۈشەتتى. بىرېزېنت بىلەن ھىم يېپىلغان كوزۇپتىن تىللاش، جۆيلۇش، ناله - پەرياد ئاڭلاناتتى. دېمەك يارىدارلار بار ئىكەن - دە.

— چاتاق! — دېدى نىكولكا، — ھارۋىنى تاشلاپ، ئاتلارنى مىنىپ قاچايلى!

— نېمىشقا؟

— بۇلار ئاتلىرىمىزنى تارتىۋالىدۇ! — ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ ئاتلارنىڭ شىلىيا - قامۇتلىرىنى يېشىشكە باشلىۋىدى، ئىككى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئەكەل ئاتلارنى، ماشىنا سۆرىتىمىز!

— مەن تاغقا بارادى!

— تامادى خۇندەن[①]!

— ساباك!

— دا[②]!

ئىككى ئەسكەر نىكولكىنى ئىككى مۇشت ئۇردى. نىكولكا پاتقاققا يىقىلدى. ئۇلار ئاتلارنى سىلكىپ تارتىۋالدى. شۇ چاغدا ياندىكى تۆپىلىكتىن «ۋاڭ!» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ماشىنىنىڭ يېنىدا ئاپتومات تۇتۇپ غادىيىپ تۇرغان بىرى چىرقىراپ دومىلىدى. ئەسكەرلەر كوكاتلىق، ئېرىقلارغا

---

① ئاناڭنى، ئەبلەخ!

② ئۇر!

ئۆمىلىشىپ تاغقا قارىتىپ مىلتىق ـ ئاپتومات ئېتىشقا باشلىدى . تاغدىن قـايتا ئوق ئېتىـلمىدى . ئەسكەرلەر قـانغا مىلىنىپ ياتقان سەپدىشىنى پۇتىدىن سۆرىشىپ ئەكېلىپ كوزۇپقا تاشلىدى . ھاۋا قـاتـتـىـق قاراسلاپ ، يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقماق چېقىۋىدى ، ئـەسكەرلەر يەنە كوكاتلىقتا ئۆمىلەشتى . ھەركىم ئۆز جېنىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى . نىكولكا سەبىخەنى قولىدىن سۆرەپ سۇ بـويىغا قاراپ چاتقال ئارىلاپ يۈگۈردى . يەنە چاقماق ، نەگىدۇر قاراسلاپ چاقماق چۈشتى ، ئىككى ئەسكەر ئاتلارغا يۈگۈرۈۋىدى ، نەدىندۇر يەنە ئوق چىقىپ بىرى يىقىلدى . ئەسكەرلەر نەلەرگىدۇر مـۆكۈشتى . بىردەمدىلا ئىككى ئەسكەر ئۆلدى . ماشىنا پاتقاقتا ، يارىدارلار چىرقىرىماقتا ، يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا . رۇس يىگىت بـىـلـەن سـەبـىـخـە ئـاتلارنى يېتىلەپ قېلىن چاتقاللىق ئىچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن نىكولكا :

— ئەمدى كېلەلمەيدۇ ! — دېدى .

سەبىخە كۈلدى : «ھەربىي مەكتەپتە شىردەك ھۆركىرىشىپ يۈرگەن ، چامباشچىلىق ، قارىغا ئېتىش ۋە ئات ئۇستى ماھارىتىدە يـېـتـىـلگەن ئەسكەرلەرنىڭ مۇنۇ سىرلىق تاغقا كېلىپ شىردىن چـاشـقـانـغـا ئـايـلىنىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان … ياق ، بۇلار بـانـدىتلارنى تازىلىيالمىغۇدەك ، سىرلىق تاغ ، سىرلىق تەبىئەت ئۇرىلارغا ياردەم قىلىۋېتىپتۇ . خۇدايىم قاچان ئەسكەرلەر كەلسە شۇ كۈنى يامغۇرلىرىڭنى تۆكۈۋەت ! … »

ئۇلار ياۋىداق ئاتلىرىنى ئۆكىرەك تاشلىتىپ چىلىق ـ چىلىق سـۇغـا مىلىنىـپ ، غالىلداپ تـىـترىشىپ سـۇنىڭ ئۇ قېتىـدىكى قاپتالغا — چوڭ قارىغاينىڭ ئاستىغا كېلىۋالدى . قارىغاي ئاستى قـۇرۇق ئىدى . سەبىخە قارىغاي دالدىسىدا كىيىملىرىنى سىلىپ سىقماقتا ، نىكولكا چاتقال ئارىسىدا ماشىنىنى كۆزەتمەكتە ، ئاتلار غېمىدە يوق ئوت يېمەكتە . غول بىردىنلا جىمىغان ، جەنۇبتا بۇك قارىغايلىق ، سىرىق غول ئىچىدە ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنمەكتە ئىدى . رۇس يىگىت يالىڭاچ قىزغا قارىدى . قىز كىيىملىرىنى

ئالدىراپ كېيىمەكتە . نىكولكا قىزنىڭ بېلىگە بىرنەرسىنى تاڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ كىچىككىنە تاپانچا ئىدى . نىكولكىنىڭ تېنى جۇغ قىلىپ قالدى : قىزمۇ رۇس يىگىتنىڭ قورالغا كۆز سالغىنىنى كۆرۈپ قالدى .

«جاسۇس ، — دېدى يىگىت ئىچىدە ، — نېمە تولا ، جاسۇس تولا ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ، بۇ يەردىمۇ شۇ . بايا ئۆلگەن ئەسكەرنى مۇشۇ قىز ئاتتىمۇ ، چاقماق چاقتى ، ئۇ يىقىلدى . ئۇنداقتا بۇ قىز كىمنىڭ جاسۇسى ؟ ...»

ئۇلار قېلىن ئورمان ئىچىدە ئېهتىيات بىلەن مېڭىپ يايلاققا كۆتۈرۈلدى . ئۇلار بىر قازاق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— قۇداي قوناق ! — دېيىشتى ، كالا سېغىۋاتقان كېلىنچەك پەرۋاسىزلا :

— كېلىڭلار ! — دېدى .

ئۇلار ئاچ ، غالىلداپ تىترەشمەكتە ئىدى . كىگىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى چاڭغىراقنى قايرىۋەتتى ، داستىخان سېلىپ كۆمبە نان قويدى . ئاندىن ساماۋاردىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ ، ئۇنىڭغا ياغاچ قوشۇق بىلەن خام قايماق قوشۇپ مېهمانلارغا سۇندى . سەبىخە :

— چىشە ، چايىڭىز ئۆتە تاتتىكەن ! — دېيىشتى ، قازاق ئايال كۈلۈپ قويۇپ :

— قازاقشادى بىلەدىكېنسىن ، ئورۇس تۇرۇپ قايدان ئۈيرەنگەنسىن ؟ — دەپ سورىۋىدى ، سەبىخە كۈلۈپ :

— مەن ئورۇس ئەمەس ، ئۇيغۇر ! — دېدى .

— نۇرى دەيتىن بىر سارت جىگىت بار ، ئۇدا ئورۇسماكىن دېسەم ئۇيغۇرمىن دەيدۇ . ئويباي ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇس بولۇپ كەتەمە ؟

— جوق ، جوق ، قاراڭىز ، ماناۋ ئورۇس ئۇيغۇر بولۇپ كەتتى .

— مىن ئويگور ! — دەپ كۈلدى نىكولكا .

سەبىخە «نۇرى» دېگەن ئىسمنى قازاق ئايالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ دەرھال:

— نۇرى دېگەن جىگىت بۇندا كېلەما؟ — دەپ سورىدى.

— كەزىر كەلمەيدۇغۇي، ئۇلار قايتىپ كەتتى. تاۋدا ئۇلاردى ئۇستاۋغا كەلگەن ئەسكەرلەر بار.

— ئۇستايالار بار؟

— جوق. ئۇلار قايدا جۇر، ئەسكەر قايدا جۇر!

سەبىخە چاي بىلەن ئىسسىپ كىگىز ئۆيدىن چىقىپ بوك قارىغايلىق چوققىلارغا قارىدى: گويا بۇ بوك قارىغايلىق چوققىلار بىر - بىرى بىلەن بوي تالاشماقتا، گۈزەللىك تالاشماقتا. كەچكى شەپەق تاغ قاپتاللىرىدا سەيلە قىلىپ يۇرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا ھەل بەرگەن، قارىغايلار يامغۇردا يۇيۇنۇپ تېخىمۇ گۈزەللەشكەن، سېرىق، قىزىل، كۆك، سېۋەسرەڭ تاغ گۈللىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئادەملەرگە كۈلۈشۈپ قارىشىپ، كەچكى تاغ شامىلىدا رىتىملىق تەۋرەنمەكتە. گۈزەللىك يەنە تاغقا كۆچكەن، كىشىنىڭ بۇنداق يەرلەردە بىر ئۆمۈر ياشىغۇسى كېلىدۇ. ئۇرۇمچىنىڭ تار، ۋەھىمىلىك كوچىلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ سۈرلۈك ئىدارىلىرى، بەللىرىنى رىمۇن بىلەن چىڭ باغلاپ قورالىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماڭىدىغان ئەسكەرلەر، ئوفىتسېرلارنىڭ سوغۇق، يىرگىنچلىك چىرايلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ ياراشمىسىمۇ مودا قوغلىشىپ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، چاچلىرىنى مايلىشىپ سۈنئىي ھىجىيىپ، بىر - بىرىنى ماختىشىپ يالغاندىن قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ... ئەمەلدارلارنىڭ خېنىملىرىنىڭ لەۋلىرىدىكى گىرىملەر، سەتلىكىنى زادىلا يوشۇرالمىغان ئېسىل زىبۇ زىننەتلىرىنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشلىرى ...

ئىنسانلار گۈزەل دەپ پەيدا قىلىۋالغان ھەممە يالغان نەرسىلەر سەبىخەنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى - دە، مۇنۇ كۆز ئالدىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچى بىلەن ناھايىتىمۇ تېز لا توزانغا ئايلاندى. گۈزەل تەبىئەت ئۇنىڭغا گۈزەل

هايات تەسەۋۋۇرى ئاتا قىلغاندا ئۇ يەنە ئىختىيارسىزلا :
«نۇرى نېمە قىلىۋاتىدىكىن ، ئۇمۇ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن
ھۇزۇرلىنىپ شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن ھاياجانلىنىۋاتامدى-
كىن…» دېدى ئۆز - ئۆزىگە .

قاپتالدىن تۆت ئاتلىق چىقىپ كەلدى . ئۇلار يېقىن كېلىپ
نىكولكىنى تونۇپ ۋارقىراشتى :

— نىكولكا ، ئىزدراستى[①] !

ئۇلار كېلىپلا سەبىخەگە قاراپمۇ قويماي نىكولكىغا :

— ماشىنىڭغا ئوت قويۇۋەتتۇق ، كۆيدى ، پارتلىدى .
ئەسكەرلەر تاغقا چىقىپ ئاسماننى يارىدار قىلدى . مىڭ پاي ئوق
ئاتتى ، بىر چىۋىنمۇ ئۆلمىدى ! — دېدى .

— چىرىك ئاتىدۇ تاشقا ، سادىر ئاتىدۇ باشقا !

— ئىككى ماشىنا كۆيۈپ كەتتى ، ئۈچ ماشىنا قاچتى !

— بىز پارتىزانلار كەلدۇق ، قوي سوي !

— بۈگۈن خاتىرجەم ئۇخلايلى ، غول ئېغىزىدا بىزنىڭ
ئادەملەر بار . قورقما ، ليۇ بىگدې بىزدىن قورقمىسىمۇ پاتقاقتىن
قورقىدۇ !

— ھا - ھا - ھا ! …

— ھو - ھوي ! …

ئىككى قازاق ، ئىككى ئۇيغۇر يىگىت دۇمبىلىرىدىن ئوق
مىلتىقلىرىنى ئېلىشىپ چاقچاق بىلەن كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
سەبىخە كەينىدىن كىرىپ :

— سالام ، پارتىزان يىگىتلەر ! — دېدى . يىگىتلەر چىرايلىق
قىزغا قارىشىپ ، خۇددى ھازىرلا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك ھەۋەسى
بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتى .

— سىڭلىمىز ئەجەب باتۇركەنا ، تاغقا ئورۇس بىلەن
چىققىنىنى .

— بىز بىلەن بىللە پارتىزانلىق قىلامسىز ؟

---

① ياخشىمۇسەن (رۇسچە) .

— نىلقا تاغلىرى بىزنى قوغدايدۇ ، قورقماڭ ، قىزچاق !

سەبىخە ئۇرى بىلەن دېمەتلىك ، شوخ ، قەيسەر يىگىتلەردىن زوقلاندى . ئۇلاردىن ئۇرنى سورىماقچى بولدىيۇ ، كۆڭلى غەش بولىدىغان خەۋەر ئاڭلاشتىن قورقتى . چۈنكى ، نىكولكىنىڭ «ئۇلار سۆيۈشتى» دېگەن گېپى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن زادىلا نېرى كەتمەيۋاتاتتى .

— سىلەر ماڭا ئوخشايدىغان بىر قىزنى كۆردۈڭلارمۇ ؟

— ياق ، تاغدا قازاق قىزلىرىدىن باشقا قىزلار يوق !

— پاتىخ ئاكىنىڭ ئىنىسى خەمىتلەر بىلەن چىققان ياشلار نەدە ؟

— ئۇلار نەدىكىن ؟ هە ، ھېلىقى ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ ؟

— ئۇلار غول ئېغىزىدا ، چادىر تال ، تاڭبالى تەرەپلەردە .

— ھەممىلا يەردە بار . بىز چېچىلىپ كەتتۇق ، سىڭلىم !

قاراڭغۇ چۈشتى . تاغ سوغۇقى باشلاندى . سەبىخە ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىشى كېرەكمۇ ؟ نىكولكا ھارۋىسىدىن خەۋەر ئالغىلى بىر قازاق يىگىت بىلەن سايغا چۈشۈپ كەتتى . سەبىخەگە ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدى . سەبىخە قازاق ئايالنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى ، قازاق ئايال قازانغا گۆش سالماقتا ئىدى . سەبىخە بىردەم ئوتۇن كەسلىدى ، بىردەم بىر موزاي بىلەن ئېيتىشتى . ئۇنىڭ ئەس ـ خىيالى ئۇرىدا ئىدى . تاغقا شۇنى دەپ چىققان ، ئۇ ھازىر بىخەتەركەن . ئەسكەرلەر بىكارلا ئۇرغۇن زىيان تارتىپ قايتىپتۇ . ئۇلار يالغان سۆزلەپ ئۇرۇمچىدىكى باشلىقلىرىنى ئالدىشى مۇمكىن . لېكىن ، نىكولكا سەبىخەدىن گۇمانلانغان بولسا ، بۇ ئورۇس گۇماننى باشقىلارغا دېسە سەبىخەنىڭ ئىشى چاتاق . ئۇ قايتىپ كېتەلمەي ياكى ئۇرى بىلەن سىڭلىسىنى كۆرەلمەي بىكارلا جاپا تارتىدۇ ، ئۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭدىن گۇمانلانسا ... نىكولكىغا راست گەپنى دېسىچۇ ؟ ياق ، ئۇ ئىشەنگۈدەك يېقىن ئەمەس ـ دە . گەپ ياساپ باقسىچۇ ؟ قانداق بىر ھېكايە توقۇغىلى بولار ؟ ...

ئۇ سېغىنىش ، ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراڭغۇنى

كۆتۈۋالدى .

كـىگىز ئۆيدە گۆش يەۋېتىپ ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە گـۇمـان بىلەن سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى . ئۇنىڭغا ھېچكىم گەپ قىلمايتتى ، ھەممىسىلا نەپرەت بىلەن سوغۇق مـۇئـامـىـلـە قـىـلـماقتا ئىدى . ئاخىر قاراڭغۇدا ياشلار سىرتتا ئولتۇرۇشۇپ سەۋەبىنى سوراق قىلدى .

— سەن ئۇرۇمچىدىن ئەسكەرلەر بىلەن كەلگەنغۇ ـ ھە ؟ — دېدى ئۇيغۇر يىگىت قىزنى «سەن» لەپ ، — ئېيتە ، ۋەزىپەڭ نېمە ؟

— مەن ئاپامنى دەپ ئىلقىغا كەلگەن . تاغقا سىڭلىمنى دەپ كەلدىم ، ۋەزىپەم يوق !

— تاپانچاڭ نەدىن كەلگەن ؟

— تاپانچام يوق ، بۇ دېگەن گىرىم قاچىسى !

— يالغان ، مەن كۆردۈم ! — دېدى رۇس يىگىت .

— راست گەپ قىل ، بولمىسا ...

بەش تەلۋە يىگىت ئۇنى نوقۇشلاپ ، ۋارقىرىشىپ راست گەپ قـىـلـىـشـقـا قىستىماقتا . قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراڭغۇدا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تاپانچىسىنى كۆكرىكىگە توغرىلاپ نالە قىلدى : «خۇدايىم ، مېنى نېمىگە ياراتتىڭ ، خورلىغىلىمۇ ؟ نەگىلا بارسام خورلۇق ، دەشنەم ، ئازاب ، مەنچىلىك قىزلار ئوقۇماقتا ، ئوينىماقتا ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلىمەكتە . مەن نېمىگە تەلمۈرسەم شۇنىڭ خورلۇقىنى تارتىمەن . مېنى ھىمايە قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ، خورلايدىغانلار شۇنچە كۆپ ، ھەممىلا ئادەم راست گەپ قىل دەيدۇ ، راست گەپ نەدە ؟ مېنىڭ بىچارە يۈرىكىم يالغان نەرسىلەر بىلەن تولغان تۇرسا ، راست گەپنى نەدىن تاپىمەن ! »

ئـۇ تـاپـانچىسىنىڭ ئۇچىنى يۈرىكىگە توغرىلىدى . تىترەپ تـۇرغان بارماقلىرى بىلەن تەپكىسىنى سىلىدى . بىرلا باسسا بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرى تۈگەيدۇ .

ئـۇ ئـىـسـتـىـقـبال ، گۈزەل ھايات ، غايە ـ ئارزۇ دېگەن

نېمىلەرنىڭمۇ يالغان، ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا پاناھسىز يېتىملارغا ئۇ نەرسىلەر يات ئىكەنلىكىنى، ھەتتا سەبىخەدەك نە ۋەتىنى، نە ئاتىسى، نە مۇھەببەتتە يۆلەنچۈكى بولمىغان بىچارىلەرگە بىرلا ئۆلۈم يولىدىن باشقا يولنىڭ يوقلۇقىنى ئۇ بۈگۈن تولىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ دۇنياغا خاتا يارىلىپ قالغان. شۇڭا، بىگۇناھ خورلانماقتا. ھەممىلا ئادەم ئوق، تاياق تەگلەيدىغان بۆرە قانجۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ قىز ئەگەر راست گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە ئۆزىنى پاك، گۇناھسىز، ياشاشنىلا ئارزۇ قىلىدىغان بىر قىز دېسە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھېچكىمگە پىننە قاسىرىقىچىلىق زىيان سېلىش نىيىتى يوق. ئۇمۇ ئارزۇغا، مۇھەببەت تەشنالىقىغا باي بىر قەلب بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. مانا بۇ راست گەپ. لېكىن، بۇنداق گەپكە كىم ئىشىنىدۇ؟ مۇنۇ قولىدا مودىدىن قالغان مىلتىقلىرى بار تەلۋە يىگىتلەر نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ بەلكى ئۆزلىرىمۇ بىلمەس. بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن بەلكى بىر ئويۇن مەيدانى، ئۇلار ئاڭلىغان، ئويلىغانلىرىغا ئىشىنىپ بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ئەڭ توغرا، بىز زالىم ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغالغان پىدائىيلار، بىز ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى، شۇڭا ھېچنېمىدىن قورقمايمىز دەپ ئويلىشار، ئۇلار شۇڭا تۇرگۇن، شۇڭا بىر بىچارە قىزغا كۈچ كۆرسىتەلەيدۇ ...

يىگىتلەر ۋارقىرىماقتا. قىز بولسا تۈگۈلۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى تاغ يامغۇرىدەك مول، زەربىلىك كۆز ياشلىرى بىلەن ئېرىمەكتە، ۋۇجۇدى قاتتىق بوراندا قالغان يالغۇز بىر تۈپ چۆل يۇلغۇنىدەك يەرگە باش ئۇرۇپ سىلكىنمەكتە ...

يىگىتلەردىن بىرى بىردىنلا:

— بولدى، ۋارقىرىمايلى، بىز ئادەم قىينايدىغان شېڭ شىسەينىڭ ساقچىلىرى بولمىساق، باشلىقلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى! — دېدى.

— باغلايلى ئەمىسە، بولمىسا بۇ قېچىپ كېتىدۇ.

— ياق، مەن ئۇنى باقمەن، قاچمايدۇ! — دېدى باياتىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېرىدا ئولتۇرغان قازاق ئايال ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — سىلەرنىڭ نەرىڭلار يىگىت، بەش يىگىت بىر قىزنى بوزەك قىلىۋاتىسىلەر، ۋۇي نومۇسنى بىلمەيدىغان چىلبۆرىلەر!

قازاق ئايال سەبىخەنى يۆلەپ تۇرغۇزدى:

— يۇر قىزىم، بۇلارنىڭ چوڭىغا راست گەپ قىل. ئۇ غەرەز ئۇقىدىغان ياخشى ئادەم.

— ئۇ كىم؟

— ئەكبەر باتۇر!

## 24

ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ھۆكۈم، ئويلىغىنى قانۇن، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، يۇزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۇتمەكتە. بۇيرۇقىنىڭ ئىجراسى يۇزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ: يا يوقىلىدۇ، يا پاراغەت تاپىدۇ. شۇنداق، ئۇ مۇشۇ زېمىننىڭ — پۇتۇن جۇڭگو تۇپرىقىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭنىڭ پادىشاھى، ئەڭ زور ھوقۇقدارى. شەرقىي شىمالنىڭ كەييۇەن دېگەن يېرىدىكى بىر زېمىندارنىڭ ئوغلى گۇاڭجۇ، ياپونىيىلەردە ئوقۇپ، جاڭ زولىن، جياڭ جيېشىلاردىن ياخشىلىق تاپالماي، شىنجاڭغا كېلىپ قاراملىق، ھىيلە - نەيرەڭ ۋە زورلۇق، ۋەھشىيلىك بىلەن بۇ ئورۇنغا ئېرىشكەن. شېڭ شىسەي مانا ھازىر قىرىق بەش ياشلىق پادىشاھ. ئۇنىڭ يىرىك بۇرۇتى، تىك، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بۆرتۇپ چىققان يوغان كۆزلىرى مېڭىسىدەك توختىماي ئىشلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نېمە دېگىنىنى پەقەت ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى بەجانىدىل بېجىرىدىغان ئادەملىرىدىن لى يىڭچى، ليۇ

بىگۇدېغا ئوخشاش بىرقانچىسىلا چۈشىنەلەيدۇ...
مانا ئۇ كەڭ، گىلەم سېلىنغان دۇبەن ئىشخانىسىدا ئۈزۈن، كەڭرى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇقتا ھەرىبىيلەرگە خاس قىياپەتتە تىك ئولتۇرۇپ، تېلېفوندا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار خادىمى بىلەن سۆزلەشمەكتە.
— چۈشىنىمەن، جيۇچۈەندىكى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنىڭ جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، دانالىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ھازىر تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. شۈنداق، قايىمۇققانمەن. خەلق بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغۇچىلار ياخشى گەپلەرنىلا ئىزدەيدىكەن. بۇ بىر كەسپىي كېسەل. كوممۇنىزم، ماركسىزم — لېنىنىزم دېگەنلەر مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. ئەمەلىيەت ماڭا جۇڭگونى قۇتقۇزىدىغان ھەقىقىي يول ئۈچ بۈيۈك سىياسەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. قۇرۇق سەپسەتىلەردىن رېئاللىققا ياندىم. جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ ئۈچ بۈيۈك سىياسىتى يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا تەييارمەن!
— شۈنداق. ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋىلسون ئەپەندى، قوماندان جۇ شاۋلياڭ، ھاۋا ئارمىيە سىلىڭى خې جىڭۋۇلار جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ شەخسىي ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن ماڭا ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ غەمخورلۇقىنى تولۇق يەتكۈزدى. شۈنداق، مەن نېمىلا بولمىسۇن شىنجاڭنى ئورۇسلارغىمۇ، ئىنگلىزلارغىمۇ، ياپونىيىلىكلەرگىمۇ تارتقۇزۇپ قويماي ھەر خىل ئاماللار بىلەن ساقلاپ قالدىم. ھازىر كەڭ كۆلەمدە سوۋېت، جۇڭگو كومپارتىيىسى، ياپونىيە، پانتۈركىزم سۈيىقەستچىلىرىنى تازىلاۋاتىمەن. جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭغا پاكىپاكىز، تىنچ، گۈللەنگەن شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تىرىشىۋاتىمەن! رەھمەت، رەھمەت!
تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشىغا سول تەرەپتىكى تېلېفون جىرىڭلىدى:
— ھە، لى يىڭچى! غۇلجا تاغلىرى راستلا تىنچىدىمۇ؟ لىۇ

بىڭدې تولۇق تازىلاندى دېگەنبىلەن ، ئاخشاملا قورغاس ، چۆچەك ئېغىزلىرىدىن يىگىرمە تۆت نەپەر گۇمانلىق ئادەم كىرگەن . پاناھلانغۇچىلار ، تىجارەتچىلەر ، تۇغقان كۆرگىلى كەلگەنلەر بولسۇن ، قاتتىق نازارەت قىلىنسۇن ، ھەربىر ئېغىز سۆزى ، ھەربىر ھەرىكىتى ئەنگە ئېلىنسۇن ! ئەمسە ھېلىقى تىزىملىكنى كىرگۈزۈۋەت .

ئىشىك تىرىقلاپ ئاستا ئېچىلدى . شىڭ دۇبەن ئامبىرىكىدا ياسالغان تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ، كىرگۈچىگە ئۇستا مەرگەنىنىڭ كۆزى بىلەن تىكىلدى . ئەسكەر ئۇنىڭغا تىك تۇرۇپ ، تامدەك تاتىرىپ چاس بەردى .

— ئەكەل !

ئەسكەر گىلەم ئۇستىدە ئاۋايلاپ مېڭىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قاتتىق مۇقاۋىلىق دەپتەرنى شىڭ شىسەيگە سۇندى ۋە كەينىچە مېڭىپ ئىشىككە كەلدى . شىڭ شىسەي بېشىنى سورلۇك لىڭشىتقاندىن كېيىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى . شىڭ شىسەي تاپانچىسىنى ئۇستەلگە قويۇپ دەپتەرنى ئېچىپ تىزىملىككە قارىدى : بۇگۇن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدىغان يەتمىش ئۇچ ئادەمنىڭ تىزىملىكى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ موي قەلەم بىلەن : «تىرىك كۆمۈلسۇن !» دەپ يازدى ۋە كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى ، ئىشىكتە پاكار ، توشقان كۆز ، پاگونلىرىدا ئالاھىدە بەلگىلىرى بار ئوفىتسېر پەيدا بولدى : ئۇمۇ بايىقى ئەسكەردەك ، لېكىن خېلى دادىل مېڭىپ شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى . شىڭ دەپتەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى .

كىرگۈچى دەپتەرگە بىرلا قارىدى ـ دە :

— بولىدۇ ! — دەپ چاس بەردى .

— بىلەمسەن ، سۇڭ مېيلىڭ خانىم جياڭ ۋېيۋەنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ كەلمەكچى . بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، كۈچ ـ قۇدرىتىمىز نامايان قىلىنىدۇ . پۈتۈن ئارمىيە مانېۋىرغا تەييارلانسۇن !

— خوپ ، بولىدۇ ! — ئۇ يەنە چاس بەردى .

— ھازىر ئىككى خەۋپ مەۋجۇت : سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنى شىنجاڭدىن قوغلاۋاتىمىز . نەق مۇشۇ پەيتتە سۇڭ مېيلىڭ كەلمەكچى . سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە بېسىم ئىشلىتىشى ، بىزنى جازالىشى مۇمكىن . بۇ بىر چوڭ خەۋپ . ھازىر ئالتايدا ، تاشقورغاندا بۇنىڭ ئىپادىسى كۆرۈلمەكتە . يەنە بىرى ، جياڭ جېيشى ھاۋا ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ بىزنى بومباردىمان قىلىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشى مۇمكىن . دوستۇڭ دۈشمىنىڭگە ئوخشاشلا خەۋپلىك . ئەخمەق ئادەملەرلا دوستىغا ئىشىنىدۇ . دانا ئادەم ھەرقانداق ساداقەتنى دۈشمەنلىشىشنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ . ئېھتىيات ، ھوشيارلىق ۋە كەسكىنلىكنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ .

— شۇنداق !

— لى يىڭچى ، ئىككىمىز قېرىنداش ، شەرقىي شىماللىق كونا دوست . سېنىڭ ساداقىتىڭگە گۇمانىم يوق . سەن ئۆزۈڭگە ئالما !

— دۇبەن جانابلىرى ، سىزنىڭ بەختەرلىكىڭىز مېنىڭ بەختىم ، سىزنىڭ ھاكىمىيىتىڭىزنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەڭ ئالىي بۇرچۇم !

شېڭ شىسەي مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى . بۇ كۈلكىنى ھازىر لى يىڭچى تۇگۇل شېڭ دۇبەنىنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى . ئۇ ھېچقاچان بىرەر ئىشنى ئالدىنئالا ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلغان ئەمەس . ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە زەررىدەك زىيانلىق بولىدىكەن ، ئۇ سەزگەن ، ھېس قىلغان ھامان شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئاپەتنى يوقىتىشقا ھۆكۈم قىلىپ ئادەتلەنگەن . ئۇ تېز ھۆكۈم ، تېز ئىجرا قىلىش يولى بىلەن ھەر كۈنى ، ھەر ئايدا ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ ، بۇ ساننى ئۇ بىلمەيدۇ ، خۇددى ئۇنىڭ شەخسىي خەزىنىسىگە ھەر كۈنى ، ھەر ئايدا ، ھەر يىلى قانچە مىڭ سەر ئالتۇن كىرىدىغىنىنى بىلمىگىنىدەك . ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى بەلكى بايىقى پاكىنەك توڭگۈز كۆز ئادەم بىلەر ، ئالتۇنلىرىنىڭ سانىنى شېڭ دۇبەنىنىڭ ياسانچۇق خوتۇنى چيۇ يۈفاڭ بىلگىنىدەك...

دۈبەننى ئەسنەك تۇتتى. ئۇ بىر كۇنۇپكىنى باستى ۋە ياندىكى كىچىك ئۆيگە ماڭدى. ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا ئۇچلۇق «موزا» كىيىپ بۇرۇتىنى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىدەك قىلىۋالغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئالاھىدە كۇتكۇچى سىرتتىن ئىشخانىغا، ئاندىن كېيىن كىچىك ئۆيگە كىردى. شىڭ دۈبەن ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قوش كىشىلىك فرانسىيە كارىۋىتىدا سۇنايلىنىپ ئەسنەپ ياتاتتى. كۇتكۇچى تۇچتىن ياسالغان چىلىمغا ئەپيۇن سالدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ شىڭ دۈبەنگە ئاپىرىپ بەردى. دۈبەن يېنىچە يېتىپ چىلىمنىڭ نەيچىسىنى شورىدى. كۆكۈچ ئىس ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئانا ئەمچىكىگە ياماشقان ئاچ كۇچۇكتەك چىلىم نەيچىسىگە ياماشقانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىس بىلەن قايتىدىن قىرانىغا قايتقاندەك بولدى. ئۇ كۇتكۇچىگە قاراپ قويدى. كۇتكۇچى چىقتى، يىپەك ئىچ كۆڭلەك كىيگەن، كۆكسى تىك، ئون يەتتە ياشلىق زىلۋا، سۇتتەك ئاق، چىرايلىق قىز ئۆيگە كىردى ـ دە، دۈبەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەپ يۈزلىرىنى، كۆكرىكىنى نازۇك قوللىرى بىلەن سىيپاشقا باشلىدى. دۈبەن ئىسقا قېنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، جىددىي ھايات رېئاللىقىدىن خان ـ پادىشاھلارغا خاس راھەت ـ پاراغەت، مەنىۋى تەسەللى ئالىمىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ مانا مۇشۇ راھەت ـ پاراغەت، شانۇشۆھرەت ئۈچۈن شۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى ۋە بولماقچى. ئىنسان ئۆزىنىڭ شەخسىي ھالاۋىتى ئۈچۈن ھالاۋەت ۋە بەخت تەمەسىدە يۈرگەن مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭ تەمەسى چەكسىز زورايغاندا...

ئۇ ھالاۋەت بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا تەختىراۋانغا قەدەم قويۇۋىدى، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى. ئۇ ئەندىكىپ ئالاھىدە «شوم خەۋەر» يەتكۈزىدىغان تېلېفوننى ئالدى:

— نېمە؟ سوۋېتنىڭ ئون بەش تانكىسى چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى دەمسىنا؟ شىخوغا كەلگۈچە نېمىشقا خەۋەر

قىلمىدىڭ ، دەرھال توسۇڭلار !

ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئەسەبىيلىشىپ قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى ، «سوۋېت ئاخىر تانكا كىرگۈزدى . ستالىن مېنى جازالىماقچى !» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ستالىننىڭ سۇرلۇك چىرايى ، قويۇق ، ئۆزنىڭكىدىن توم ، چارلاشقان بۇرۇتى ، يوغان ، سىرلىق كۆزلىرى ، پاكارراق ، دوغىلاق مەزمۇت گەۋدىسى ، ئاستا ـ سالماقلىق گەپ قىلىشلىرى بىرمۇبىر كەلدى . ئۇ 1938 ـ يىلى موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن . ئۇ ستالىنغا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ ئاخىرىدا :

— شىنجاڭنى تاشقى موڭغۇلىيىدەك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بەرسىڭىز ، — دەپ تەلەپ قويدى ۋە بۇ ئىشىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ئۆزى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىپ ئۆمۈر بويى ستالىنغا سادىق بولۇپ ، سوتسىيالىزم ۋە پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا قەسەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . ستالىن ئۇنى ماختىدى ، لېكىن جاۋاب بەرمىدى . شېڭ دۇبەن :

— جۇڭگونى ياپونىيە بېسىۋالىدۇ . ياپونلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا چوڭ تەھدىت . موڭغۇلىيە ، شىنجاڭ دۆلەتلىرى قىزىل بايراقنى ھاۋادا جەۋلان قىلدۇرۇپ ، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلى بولۇشقا ھەرقاچان تەييار ! — دېدى .

ستالىن «بولىدۇ» دېمىدى . ئۇ شىنجاڭنى شېڭ دۇبەنىنىڭ «سوتسىيالىستىك» دۆلتى قىلىپ قۇرۇپ بېرىشكە نېمىشقا قوشۇلمىدى؟ بۇنى شېڭ دۇبەن چۈشىنەلمىدى . شېڭ دۇبەن موسكۋادا قەسەم بېرىپ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىردى . ئۇنىڭ قولىغا 185911 ـ نومۇرلۇق پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى بەردى . ئۇ تاكى 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گېزىت تەشۋىقاتى ۋە نۇتۇقلىرىدا ، شىنجاڭ قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا سۆزلىگەن لېكسىيىلىرىدە ماركسىزم ـ

لېنىنىزم، ۋ ك پ (ب) تارىخى ۋە ستالىننىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا سانسىز قېتىم سۆزلىدى.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى گېرمانىيە موسكۋا بوسۇغىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ستالىنغا ئاسىيلىق قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ھىمايىسىگە يېلىندى. جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بۇنداق شارائىتتا، شېڭ ئۇنىڭ تەلپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلمىسا بولمايدۇ - دە. ئۇ ئىنىسى شېڭ شىچىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىنى باھانە قىلىپ «12 - ئاپرېل توپىلاڭ قوزغاشنى قەستلەش ئەنزىسى»نى ياساپ چىقتى. مانا ھازىرغىچە تۆت ئايدىن كۆپ ۋاقىت بولدى، بۇ باھانە بىلەن تۇرمىلەر ئادەمگە تولدى. ستالىن بۇ ئىشلارنى بىلدى، ئەمدى جازالىماي قالمايدۇ - دە. شۇنداق، گىتلېرنىڭ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى موسكۋادىن چېكىندۈرەلىگەن ستالىن شېڭ دۇبەننىڭ بىرنەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بىردەمدىلا تارمار قىلىۋەتمەمدۇ؟

1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ما جۇڭيىڭ يىگىرمە مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىۋىدى، تاسلا قالدىغۇ گۇم بولغىلى. سوۋېت ئارمىيىسى كىرمىگەن بولسا تۈگەشكەن بولاتتى. ما خۇسەن، مامۇت سىجاڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۇجۇم قىلغاندىمۇ شېڭ دۇبەن تاسلا قالغان، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئۇنى ساقلاپ قالدى. ئۇ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى بولسۇن، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بولسۇن، ھەتتا غوجانىياز، ئىسھاقبېك قىسىملىرى بولسۇن، ھەتتاكى يۇسۇپجان قۇربېشى، سېيتىۋالدىجانغا ئوخشاش سوۋېتقا قارشى باندىتلار قىسىملىرى بولسۇن، ھەممىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى، ئۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن يوقاتتى. ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇدى. بۇ ئىشلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ كۈچلۈك

قوغدىغۇچىسى بولۇپ بەردى . ستالىن بولمىغان بولسا شېڭ دۇبەن ئاللىقاچان گۇم بولاتتى . لېكىن ، ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرۇش شېڭ دۇبەنىنىڭ هايات پەلسەپىسى . ئۇنداق قىلمىسا ، ئۇنىڭ هاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . ئۇنىڭ هاكىمىيىتى مەۋجۇت بولالمىسلا ، ئۇنىڭ هايات ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەهمىيىتى ...

شىنجاڭدا خەۋپ هازىر بىرلا . ئۇ بولسىمۇ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى تېخىچە بار . ئۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە جايلاشقان قىسىم . مانا ئەمدى شېڭغا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قالدى .

ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ ، ئاخىر تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ بىر نومۇرنى بۇرىدى :

— كىم ، سەن چۇي جىچىڭما ، هە ، مەن شېڭ دۇبەن . سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن ، شىخوغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئون بەش تانكىسى يېتىپ كەلدى ، بىلەمسەن ؟ ياق دەمسىنا ، ماناس ناهىيىسىنىڭ هاكىمى تۇرۇپ بۇنداق چوڭ ئىشنى بىلمەمسىنا ؟ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېتى نېمىدى ؟ هە ، شۇنىڭغا هازىرلا ئېيت : بۇيرۇق بېرىمەن . ئىككىڭلار مەسئۇل بولۇپ ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار . نېمە ، پۈتكىنىگە ئەمدىلا بىر يىل بولغان تۇرسا دەمسىنا ؟ سەن ناهىيە هاكىمى ، مەن كىم ، بىلەمسەن ؟ شېڭ دۇبەن ساڭا مەسلىهەت سېلىۋاتقىنى يوق ، بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ . ئۈچ سائەتكىچە كۆيدۈرۈلسۇن !

ئۇ تېلېفوننى جاققىدە قويۇپ ، بىر كۇنۇپكىنى باستى . يەنە بىر ئوفىتسېر ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇپ چاس بەردى .

— ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى كىم ئىدى ؟ خەۋەر قىل ، دەرهال كەلسۇن !

ئۇ شۇنچىلىك جىددىيلەشتىكى ، ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى قورشىۋالغاندىمۇ بۇنچىلىك جىددىيلەشمىگەنىدى . هازىرلا توپ

ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدىغاندەك ، يەنە ھازىرلا ھاۋادا سوۋېت ئايروپىلانلىرى گۈركىرەيدىغاندەك ، ئەگىشىپلا غۇلجا ، ئالتاي ، قۇمۇل ، تاشقورغان تاغلىرىدىن نەچچە مىڭ ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك ؛ خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، قۇمۇل ، تۇرپان ، غۇلجا ، چۆچەك ، ئۈرۈمچى ياشلىرى ، دېھقانلىرى قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ، ئارا ـ گۈرجەك ، پالتا ـ بازغان ، تاش ، پىچاقلىرىنى ئېلىشىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇب ، شىمال سېپىل دەرۋازىلىرىغا ئوت قويۇپ ئەتىياز كەلكۈنىدەك گۈركىرەپ كېلىدىغاندەك ۋەھىمە پەيدا بولدى :

— جۇگې لياڭ ، نەدىسەن ؟ لىۋ بېيغا كۆرسەتكەن ئەقىللىرىڭ ھازىر ماڭا دورا ، ئۆلگىنىڭگە بىر مىڭ يەتتە يۈز نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ تىرىلسەڭچۇ ! سۈن ۋۇكۇڭمۇ تاشنىڭ ئاستىدا شۇنچە يىللار يېتىپ ئاخىر چىققانغۇ !

ئۇ خۇددى ئالجىپ قالغاندەك ئەسەبىيلىشىپ كىملەرنىدۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى :

— ھەممىسى مېنى يوقاتماقچى ، ستالىنمۇ ، جياڭ جيېشىمۇ ، مۇنۇ شىنجاڭلىق ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ، قازاق ، ھەتتا خەنزۇلارمۇ شۇ !

تېلېفون جىرىڭلىدى . ئۇ ئەسەبىيلىشىپ تىللاپ تېلېفوننى ئالدى :

— نېمە ؟ ئون بەش تانكا ماناس كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ دەمسىنا ؟ سەن چۈي جىچيڭ ناھىيىگە ھاكىم بولىمەن دېگۈچە مابەنزە ئاچ ، ۋۇي ھەزىلەك !

ئۇ تېلېفوننى جالاقىدە قويدى ـ دە ، ۋارقىرىدى :

— ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى . ئىسمى نېمىدى ، كەلدىمۇ ؟

— سىرتتىن ئوفىتسېر كىيىمىدە ، ئېگىز ، ئورۇق بىرى كىرىپ ئىككى پۇتنى جۈپلەپ چاس بەردى :

— مەن شۇ ، ھۆرمەتلىك دۇبەن جانابلىرى !

— چوڭكۆۋرۈكتىن شەھەر ئىچىگىچە — ھەممە يول بويلىرىغا تـوپـچـىـلار قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرغىن ، تانكىلار قۇمۇلغا قاراپ ماڭماي ئۇرۇمچىگە بۇرۇلسىلا توپقا تۇتۇلسۇن !

— بولىدۇ ، دۇبەن جانابلىرى !

تۇفى ، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قاراڭغۇ تۈن . ھەممە جان شـېـرىـن ئـۇيـقـۇدا ، پـوسـت تـۇرغـانلارمۇ بەلكى ئۆرە تۇرۇپ مـۈگـدەۋاتـقـاندۇر ، بىرلا شېڭ شىسەي ئىسمىلىك بۇ «يەرلىك خاقان» ئۇيقۇسىز . ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كارىۋاتمۇ ، نازىنىن قىزمۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈن لەززىتى بېرەلمىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئەندىشە ، ۋەسۋەسە ، تەھدىت قىينىماقتا . ئۇ قـانـچـە دەپتەرگە ئېتىلسۇن ، ئېسىلسۇن ، كۆمۈلسۇن دېگەندەك ئىمزالارنى قويۇپ ، قانچىلىغان رەھىمدىل ئادەملەرنى ئازابلىمىدى ؟ بۇ سان ئۇنىڭغا مەلۇم ئەمەس ھەم لازىممۇ ئەمەس . ئۇنىڭغا لازىمى ھـازىـر روھـىـي مـەلـھـەم — تەسەللى ، ھېسداشلىق ۋە ئۈمىد بـېـغىشلاش . ئۇ يەنە قانچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ ؟ ئۇنىڭ شۇنچە ئادەمنىڭ جېنى بەدىلىگە تىكلەنگەن تەخت ـ قەسرى نەچچە ۋاقىت ئـۆرە تـۇرىـدۇ ؟ ئـۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ۋەھىمە نەدىن كـەلدى ، قانداق پەيدا بولدى ؟ گىتلېر ، مۇسسولىنى ، ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىل ۋە جياڭ جيېشىلارمۇ شۇ تاپتا شېڭ دۇبەندەك ئۆرە يۈرەمدىغاندۇر ـ ھە ؟

قىرىق نەچچە ياش ئىنساننىڭ راسا ھالاۋەت پەسلى ، لېكىن شېڭ دۇبەن شـۇنچە كـۆپ ئالتۇن ، شۇنچە ھـوقۇق (ھـەممىگە قادىر ) ، شۇنداق گۈزەل بەدەن (ئۆزىچە ) ئىگىسى تۇرۇپ ، ئاۋۇ كوچىدا ياتىدىغان قاسماق دېۋانىچىلىكمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ ، ھاياتنىن لەززەت ئالالمايدۇ ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان جىنايەتچىدەك ، ۋەسۋەسە ۋە ۋەھىمە ئىچىدە جان قىينايدۇ . ئەمىلى چوڭنىڭ دەردى چوڭ ، پۇلى كۆپنىڭ غېمى كۆپ ، ھۆسنى بارنىڭ دۈشمىنى كۆپ دېگەن گەپلەرنى قايـسى ناكەس تاپقان ؟ شېـڭ دۇبەن ئازابلىنىـش ئـۈچۈن بىر ئۆمۈر ھوقۇق ـ مەنسەپ مەستانىسى بولغانمىدى ؟

تەلپۈنگىنىگە ئىرىشكۈچى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىكەن ، بەخت دېگەن مۇشۇ ئازابمۇ ؟...

ئۇ كارىۋىتىدا ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ ئوخلىسىغا ياتتى ، كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋىدى ، ئۇنى بىرى كارىۋاتتىن سىلكىپ تارتىپ يەرگە چۈشۈردى . ئۇ راستلا يەردە ياتاتتى . ئۇ چۆچۈپ :

— كىم ؟ ! — دەپ ۋارقىرىۋىدى ، ئىشخانىغا ئىككى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كىردى . ئۇ ئۇخلاش كىيىمى بىلەن چىقىپ :

— يوقال ! — دېدى .

ئۇ بىردە يېتىپ ، بىردە مېڭىپ مىڭ تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزدى .

ئــۇ ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ جەنۇبىي گۈللۈككە قارىدى . تاڭ قۇياشى يېشىل شاخلارنىڭ ئۈستىنى قىزغۇچ نۇرلار بىلەن بېزىگەن ، تەبىئەت ھەرقانداق سولغۇن كۆڭۈلنىڭ تەسەللىسى ۋە شادلىق كۈيىنى ئېيتالايدىكەن . تەبىئەت گۈزەللىكىگە قاراپ ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان يۈرىكىدىمۇ ئىنسانىي ھاياجان ئۇچقۇنى يالت قىلدى — قۇياش ئۇنى كۈلدۈردى : قەلبىدە ھايات لەززىتى ، ھايات ئۈمىدى ئۇچقۇنلىدى . ئۇ مەخسۇس چامباشچى كىيىمى بىلەن قولىغا مەشىق قىلىچىنى ئېلىپ ئەتىگەنلىك مەشىققە ماڭدى . لى يىگچى دەرەخ سايىسىدە ئۇنىڭغا دوكلات بەردى :

— سوۋېت تانكىلىرى تۇدۇڭخابادىكى سوۋېت ئايروپىلان زاۋۇتىغا بۆرۈلۈپ كەتتى !

— بىلەتتىم ، شۇ يەرگە بارىدۇغۇ ئورۇسلار ! — دېدى شېڭ دۇبەن كۈلۈپ قويۇپ ، — بۈگۈن نازىردىن يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ، پولك كوماندىرىدىن يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارلار دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ زالىغا يىغىلىدۇ . بىلىدىغانسەن ؟

— بىلىمەن ، دۇبەن جانابلىرى !

— بىخەتەرلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىنسۇن . يىغىنغا كىرگۈچىلەر قاتتىق تەكشۈرۈلسۇن . بەكە ، ئاچقۇچ ئېلىپ كىرىشمۇ مەنئى قىلىنسۇن !

— بولىدۇ ، دۇبەن جانابلىرى !

فــرانــســيىدە ئىشلەنگەن كىچىك ماشىنا جەنۇب ـ شىمال دەرۋازىلىرى ئارىلىقىدىكى دۆبەن مەھكىمىسى جايلاشقان سۇرلۇك قــورۇدىن بىر ماشىنا قورالىق قىسىمىنىڭ ھىمايىسىدە جەنۇبىي تۆپىلىك كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

پەردىلىرى ھىم ئېتىلگەن ماشىنىنىڭ كەينىدە يازلىق ھەربىي كۆڭلەك كىيگەن ، پاگون تاقاپ قورال ئاسقان «شىنجاڭ پادىشاھى» سۇرلۇك ، قاپىقى سېلىنغان ، قويۇق چاچلىرى چۇۋۇلغان ، يوغان بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىدە ۋەھىمە ، تەكەببۇرلۇق ئارىلاشمىسىدىن پەيدا بولغان سۇرلۇك ئىپادە چاقناپ تۇرغان ھالەتتە ئولتۇراتتى . مــاشــىنىنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تاپانچىسى يالىڭاچلانغان ، ئالاھىدە سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىككى مۇھاپىزەتچى سەگەكلىك بىلەن ئولتۇراتتى .

ماشىنا تۆمۈر دەرۋازىلىق ، سېپىل تاملىرىدەك ئېگىز قورۇق تــامــلار ئۈستىگە سىم تارتىلغان قورۇ ئالدىدا توختىدى ، بىر قوراللىق ئەسكەر دەرۋازىنى ئاچتى ۋە قېتىپ تۇرۇپ چاس بەردى .

قــارىــياغاچ ، تال ۋە نېرىدا مېۋىلىك دەرەخلىرى بار چوڭ ھويلىدا ئۈستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان كاتتا ئۆي ۋە كاھىش بىلەن يېپىلغان يەنە ئىككى ئۆي بار ئىدى . كاتتا ئۆيدە دۆبەن ، كــاھــىــشــلــىــق كۆپ ئېغىزلىق ئۆيدە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ، نېرىدىكى يەنە بىر كاتتا بىنادا دۆبەننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، ئىنىلىرى تــۇراتــتــى . ئــۇنــىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى شېڭ شىجى قوماندانلىق قــىلىدىغان مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ بىر باتالىيونى مەخسۇسلا بۇ قــورۇنى ساقلايتتى . 1935 ـ يىلى شېڭ دۆبەن تۆت ئىنىسى ، سىڭلىسى شېڭ شىنۇڭلارنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن شەھىرىدىن شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن بېرى ، بىرنەچچە جايغا كاتتا قورۇ ـ جاي سېلىپ ئورۇنلاشتۇر-غانىدى . لېكىن ، ۋەزىيەت جىددىيلىكى سەۋەبىدىن ، ئۇلار مۇشۇ چوڭ قورۇدا بىرىنچى دەرىجىلىك كۈتۈشتە تۇرماقتا ئىدى . بولۇپمۇ بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان

تـۆتىنچى ئىنىسى شېك شىچى سۆيىقەستكە ئۇچراپ ئېتىلغاندىن كېيىن ، ئۇ گۇمانلىنىدىغانلىكى ئادەملەرنى تۇتۇپ ئالتە يۈز نەپەر سـوۋېتــپــەرەس ، جۇڭگو كومپارتىيىسىپەرەس ئادەمنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە تېخى قىساس ، ۋەھــىمە سارقىندىلىرى بار ئىدى . ئۇ ھازىر ھېچكىمگە ، ھەتتا ئىنىلىرى ۋە خوتۇنى — ئۆزىنى ئۆستۈرگەن باشلىقى چيۇ زۇڭجۇن گېنېرالنىڭ قىزى چيۇ يۇفاڭغىمۇ ئىشەنمەيتتى .

ئـەنـە چـيـۇ يـۇفـاڭ گۈللۈك ئىچىدىن چاچلىرى ئالاھىدە ياسالغان ، بېشىغا فرانسۇز خېنىملىرىنىڭ ئېسىل شىلەپىسىنى سەل قـىـڭغىر كىيىپ ، مۇرىسىگىچە يېڭى يوق ، يالت ـ يۇلت ھەل بېرىلگەن يىپەك كۆڭلەكتە كۆكسىنى ئالاھىدە كۆتۈرۈپ ، جۇپ كۆكسى ئوتتۇرىسىدا «زىناق» پەيدا قىلىۋالغان ، ئاپئاق مەيدىسىدە بـويـنـىـغـا ئېسىلغان فرانسىيە مېدالىئونىنىڭ ئالماس تاشلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان ھالەتتە ئېرىگە قاراپ كۈلۈپ ، ئويناقلاپ چىقىپ كەلدى ۋە :

— جىنيۇڭ ، كەلدىڭىزما ؟ — دېدى .

— بەك چارچىدىم . مەكتەپكە بارمىدىڭىزمۇ ؟

— قــىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقى قانچىلىك بىر ئــىش . ســىزگە بىر مىنۇت ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بۇجاڭلىق مەنسىپىدىنمۇ ۋاز كېچەلەيمەن !

— ياخشى ! — شېڭ دۇبەن بىر ھەيتىدىن بېرى كۆرمىگەن ئايالىنىڭ قولىنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ قويدى . چيۇ يۇفاڭ ئېرىنى قولتۇقلاپ پەلەمپەي بىلەن كاتتا ئۆيگە كۆتۈرۈلدى .

ئۇ زالدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىگە :

— ھېچكىم كىرمىسۇن ، بوۋايلار كەلسىمۇ كىرگۈزمە ! — دېدى .

ئۇ ئېرىنى قولتۇقلاپ قىلىن گىلەملەرنى دەسسەپ بېرىپ يەنە شۇ فرانسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن يۇلەنچۈكلىرى نەقىشلىك ، يۇمشاق خـۇرۇمدا تاشلانغان ، ئازادە كرېسلوغا ئولتۇرغۇزدى . چىرايلىق

ياساںغان بىر قىز پەتنۇستا ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىردى ـ دە ، ئۇنى ئەينەكتىن قىلىنغان ئالاھىدە ئۇستەلگە ئاستا قويۇپ تەزىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

— جىنيۇڭ ، بۈگۈنكى دوكلاتىڭىز تولىمۇ ياخشى بولدى ! — دېدى خوتۇنى مەدھىيە خۇمار ئېرىنىڭ تىزلىرىغا قولىنى قويۇپ ، — مېنىڭ دوستۇم لېنا ھاياجانلىنىپ : ئېرىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ناتىقكەن . «شېڭ دۆبەن ياشىسۇن !» دەپ شوئار توۋلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇردۇم ! دېدى مېنى قۇچاقلاپ !

— نەدىكىنى ، تەييارلىقسىز ، مۇنداقلا ئۈچ چوڭ مەسلەك ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن ئۈستۈن دېگەن بىرلا گەپنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم شۇ .

— گەپ قانداق چۈشەندۈرۈشتە . دۇنيادا يېڭى مودا بولۇۋاتقان ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى سۈن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكىگە يەتمەيدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش سىزنىڭلا قولىڭىزدىن كېلىدۇ . سىز زامانىمىزدىكى ئەڭ كاتتىق ناتىق ، دىپلومات ، ھەربىي ئالىم !

— ھەربىي ئالىم دېسىڭىز بولىدۇ . گۇاڭجۇ شياۋگۈەن ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گو سۇڭلىڭ دېگەن مىلىتارىستنىڭ قارىمىقىدا ئارانلا لىيەنجاڭ بولالىدىم . ھېلىمۇ ياخشى ، قېيناتام چيۇ زۇڭجۇننىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ سىز بىلەن توي قىلدىم . بىللە ياپونىيىگە باردۇق . ئاتىمىز بىزگە ئالاھىدە كەڭتاشا ئۆي ـ جاي قىلىپ بەردى !

— سىز قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ، مەن توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدۇق . شۇ قالتىس چاغلار ئىدى . ئۆيىمىزدە سىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم توغرىسىدا كۆرۈۋ ۈكتىكىلەرگە نۇتۇق سۆزلەيتتىڭىز .

— گو سۇڭلىڭ دېگەن مىلىتارىست بىزگىمۇ ياخشى قارىغان . ئۇ جاڭ زۇلىن بىلەن سوقۇشىمىغان بولسا ئۇنداق تېز ئۆلمەيتتى . جياڭ جيېشىنىڭ ئەلىمى جېنىمغا تەگدى . بىر قېتىم ئاشنىسى

بىلەن تانسا ئوينىتاپ قويۇۋىدىم ، ئاچچىقى كېلىپ مېنى ئۆستۈرمەيلا قويدى . ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنتۇپىرستېتىنى جۇڭگودىن ئارانلا بىز ياڭ جيې ، ۋاڭ شۇچاڭ ئۇچىمىزلا پۈتتۈردۇق . ياڭ جيې سەنمۇبۇدا چوڭ ھەربىي ئەمەلگە ئېرىشتى ، ۋاڭ شۇچاڭ خېبېي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى . مەن ئۇلاردىن ياخشى پۈتتۈرگەن . ماڭا ھېچنېمە تەگمىدى . تەلىيىم باركەن ، شىنجاڭغا كەلدىم . جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدە مەندەك بىر ھەربىي بىلىمى بار ئادەم يوقكەن . ئۇ مەندىن قابىلىيەت ، ئىرادە جەھەتتە قورقتى . لېكىن ، غوجانىياز ، ما جۇڭيىڭلارغا ئاخىر مېنى سالدى . مەن ئىككى پولك ئەسكەرگە ئىگە بولۇۋالدىم . ئاپرېل ئۆزگىرىشىدە چىن رۇنچېڭنىڭ شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندىم . ھەربىي تاكتىكا ، ھەربىي بىلىم ئاخىر مېنى سىياسىي سەھنىگە ئېلىپ چىقتى . سىياسىي سەندىن ھەربىي تېررورلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ . چىن رۇنچېڭ تۇرماق ، ماڭا قول - قانات بولغان ئاق ئورۇس ئەسكەر باشلىقلىرىنىمۇ ، ھەممىسىنى يوقاتتىم . خەقلەر مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى قاتىللىق دېيىشىدۇ !

— ياق ، بۇ دېگەن دانالىق !

— يۇفاڭ ، بۇ قېتىم سۇڭ مېيلىڭ كاتتا ئەربابلار بىلەن كېلىدۇ . سىز سۇڭ مېيلىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماڭ . جياڭ جيېشىنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى سىياسەت ئېھتىياجى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم . گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن كاتتىلىرىنى قولغا ئالدىم . ئۇلار ئەرز قىلىشى مۇمكىن . جياڭ جيېشى ئاغزىدا : «شېڭ شىسەي شىنجاڭدەك چوڭ زېمىننى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇ بىر باتۇر» دەپ ماختىغىنى بىلەن ، ئۇ ھېيلىگەر ۋاقتى كەلگەندە مېنى ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىشى مۇمكىن . مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەللىك مىڭ سەر ئالتۇن تەقدىم قىلماقچىمەن !

— نېمانچە جىق !

— بىزگە جان كېرەك ، يۇفاڭ ، بۇ قېتىم سۇڭ خېنىم بىلەن

بىللە جۇ شاۋلياڭ ، خې جىڭۋۇ ، ماۋ باڭچۇ ، لياڭ خەنساۋ ، دۇڭ شەنگۇاڭ ، چىڭ ۋەنلى ، ۋۇ زىشياڭ دېگەنلەر كەلگۇدەك . بۇلار تولىمۇ كاتتا ئادەملەر ، ھەربىي ، دىپلوماتىيە ، سىياسەت ۋە ھىيلە - نەيرەڭدە ھەربىرى بىر جۇگې لياڭ . كىم بىلىدۇ ، ئۇلار قانداق نەيرەڭ بىلەن كېلىدۇ ؟ ئەمما ، مەن بىر نەرسىگە ئىشىنىمەن : شىنجاڭنى قولۇمدا چىڭ تۇتۇپ تۇردۇم ، ئۇنى ۋەتەن زېمىنىغا يەنە قوشىمەن . بۇ تۆھپەمنى ھېچكىم ھېسابقا ئالمىسىمۇ جياڭ جيېشى قەدىرلەيدۇ . ئۇنىڭ ۋەتەن كۆزقارىشى بەك ئۇلۇغ . تاشقى موڭغۇلىيىنى ئورۇسلار مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ بەردى . جياڭ جيېشى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى . قولىدىن كەلسە ئۇ بالقاش كۆلىنىڭ بېرىسىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇسلاردىن تارتىۋېلىپ ۋەتەن قوينىغا قوشۇۋالغان بولاتتى .

— سىز بۇ يەردىكى ئۇيغۇلارنىڭمۇ موڭغۇللاردەك مۇستەقىل بولىمىز دەۋاتقىنىنى ئۇنتۇماڭ .

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش . بۇ خەق بۇ يەردە ئۆسكەن گىياھ . توغراق ، قارىياغاچ . ئۇنىسلا ھېساب ئەمەس . دۆلەت بولالىغۇدەك ئىقتىدار ، قابىلىيەت بولسا بولىدۇ . بۇلاردا يا بىرەر سىياسەتچى ، يا بىرەر ھەربىيشۇناس باشلامچى بولمىسا ، بارى - يوقى بىرنەچچە مەرگەن ، قارام - تەلۋىلەر . ئۇلار ئوۋچىلىققا يارايدۇ ، دۆلەت قۇرۇش قولىدىن كەلمەيدۇ . دۆلەت قۇرغانلار ساپلا ھەربىي داھىيلار : ئىسكەندەر ، چىڭگىزخان ، ناپولېئون ، گىتلېرلارنىڭ قايسىبىرى ھەربىي ئەمەس . ئاددىيسى ، تۈركىيە داھىيسى مۇستاپا كامالمۇ شۇ . ھەربىي بىلىمى يوق ، ھەربىي كۈچى يوق مىللەت دۆلەت بولالايتتىمۇ ؟ ستالىن ماڭا دۆلەت قۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى ، ئۇيغۇرلارغا ئۇناتتىمۇ ؟ ئۇلارغا دۆلەت قۇرۇپ بەرسە بۇخارا خانلىقى ، ئابلەي خان ئالاش ئوردىچىلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۈركىيە بىلەن بىرلىشىپ ستالىننىڭ تەختىگە تەھدىت سالىدۇ . ستالىن ئۇيغۇر ، قازاقلارنى قورالландۇرۇپ مېنى جازالاشقا سېلىشى مۇمكىن . مەن بۇنىڭغا تولىمۇ ھوشيار ، شۇنىڭ ئۈچۈن جياڭ

جــېــېشىغا بېقىنماقچى بولۇۋاتىمەن . ئورۇسلار تاجاۋۇز قىلسىلا جىياڭ جيېشى ئامېرىكىنى ئارىغا سالىدۇ . ستالىن روزۋېلتنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ ، خوتۇن !

— جىنيۇڭ ، يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي ، سىز يېتىلگەن سىياسەتچى ، ھەربىيشۇناس ، دىپلومات ! جىياڭ جيېشى ئورنىنى سىزگە بەرسە سىز پۈتۈن ئاسىيانى ۋەتەن زېمىنىغا قوشالايسىز . چاۋشيەن ، ياپونىيە ، ۋېيتنام ، لائوس ، كامبودژا ، سىنگاپورلۇقلار جۇڭگولۇق بولماي نېمە ؟ سوۋېتنىڭ ئورال دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىرىمۇ بىزنىڭ . بىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ، ئەڭ باي ، ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشىمىز كېرەك . سىز شۇنداق دۆلەتكە پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ !

شېڭ شىسەي ئون نەچچە يىللىق قەدىناس خوتۇنىنىڭ مۇشۇنداق چوقۇنۇشلىرى ، ماختاشلىرىنى ياقتۇراتتى . ئۇ بارلىق ئاياللار مۇشۇنداق ماختاشسا دەپ ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ دۇنيادىكى گۈزەل ئاياللار ۋەكىلى ، دانا ئاياللار تىپى ھېسابلايدىغان خوتۇنىنى باغرىغا چىڭ باستى .

لېكىن ، 1942 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا لەنجۇدىن قوزغالغان مەخسۇس ئايروپىلان ئۇرۇمچى ئايرودرومىغا قونغاندا ، ئايروپىلاندىن گۈزەل ، سالاپەتلىك سۇڭ مېيلىڭ چۈشۈشىگە شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئاق پەلەي كىيگەن تولىمۇ نازۇك ، سۈتتەك ئاق ، سىرلىق قوللىرىنى تۇتقاندا ، ئۆز ئايالىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ، پۇل ، ئابرۇي ۋە راھەت - پاراغەتتىلا تالانتى بار ، سالاھىيىتى ، گۈزەللىكى ، نازاكىتى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . سۇڭ مېيلىڭ تولىمۇ سەزگۈر دىپلومات ئىدى .

ئامېرىكىدا ئوقۇپ جۇڭگوچە ئاياللار ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان ، ھەتتا ئادەتتىكى سۆزلىرىگىمۇ ئىنگلىز تىلى ئارىلىشىپ كەتكەن سۈتتەك ئاق ، مۇئامىلىسى سىلىق بۇ ئايال گۈزەللىكتە ، ئۆزىنى تۇتۇش ۋە ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئەڭ گۈزەل ، داڭلىق ئايالىنى بىكارلا يېڭۋەتمىگەنلىكىنى شېڭ شىسەي

چۈشەندى . ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى ئايرودروم بىلەن دۆبەن مەھكىمىسى مېھمانخانىسىنىڭ ئارىلىقىدا شەھەر خەلقى ، ئوقۇغۇچىلار ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى - ئوفىتسېرلىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تولغان . شېڭ دۆبەن سۇڭ مېيلىڭنى كۈتۈۋېلىشنى ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن ئالدىنئالا بىرنەچچە قېتىم مەشىق قىلغان بولۇشىغا قارىماي ، بىرەر يېرىدە چاندۇرۇپ قويۇشتىن ۋەھىمە قىلاتتى .

— سۇڭ خېنىم ، بىزنىڭ بۇ چېگرا شەھەر مانا مۇشۇنچىلىك ، خەلقىمىزمۇ چوڭ سورۇن كۆرمىگەن ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ، كۈتۈشىمىز ئاددىيلا بولۇپ قالدى ! — دېدى ئۇ ئىككى سائەت تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ خاپا بولغىنىنى چاندۇرماي ، — ۋاقىت قىس ، كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىمىز چولتا بولۇپ قالدى .

— گەپ رەسمىيەتتە ئەمەس ، سەمىمىيەتتە . جياڭ ۋېييۈەنجاڭ سىزنىڭ سەمىمىيلىكىڭىزگە قايىل !

«ئون يىل دۈشمەنلەشتىم . قارا ، بۇ خوتۇننىڭ گەپكە ئۇستىلىقىنى ، سەن سەمىمىي دۈشمەن دېمەكچىمۇ ؟ ياق ، ئۇ دېمەكچى ، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈمىدىم . بۇنىسى راست . ئەمما ، ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلدىم . لېكىن ، ۋەتەننى ساتمىدىم . مانا بۈگۈن شۇ تۆھپەم مېنىڭ ساداقىتىم بولماقتا···»

شېڭ شىسەي شاڭخەيدە ، نەنجىڭدا سۇڭ خېنىمنى كۆرگەن . ئۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي سىياسىيغا قارىغاندا قىزلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ، يېتىلگەن خوتۇن بېدىكى ئىدى . شۇ چاغلاردا جياڭ جيېشىدەك ھەممىگە قولى يېتىدىغان كاتتىلارنى كۆزگە ئىلماي ، چىراي ۋە بەدەن گۈزەللىكى ، ياۋروپا ئېڭى ۋە مودىسى بويىچە ئۇستۇنلۈك تالىشىپ يۈرگەن خەينەنداۋلىق ئېسىلزادە بىر قىزغا شېڭ شىسەي ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ ، تەمە ۋە ھەۋەس بىلەن تەمشىپ ئۇخلىيالمىغانىدى . مانا بۈگۈن بۇ ئايالنىڭ دۆلەت رەھبىرى سەنئىتىدە كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى بەختتىن تولىمۇ يىراق بىر بىچارە ھېس قىلدى :

— سوٛك خېنىم، چىراي — ھۆسن ـ جامالىڭىز بىلەن جۇڭگو زېمىنىدىكى بىرىنچى گۈزەل ئىدىڭىز . سىز جۇڭگودا پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ۋاڭ جىڭۋېينىڭ خانىمى گۈزەللەر سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قالغانىدى . بىلمەيتىمەن، دۆلەت ئىشىدىمۇ نۇرغۇن ئەربابلىرىدىنمۇ ئارتۇق قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنسىز . جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىكارلا سىزگە شۇنچە كۆپ قۇربان بېرىشتىن ئىككىلەنمىگەنىكەن . قايىلمەن، قايىلمەن، دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئەر جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئىكەن !

شىڭ شىسەي شۇنىڭدىن كېيىن سوڭ مېيلىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم مەخپىي سۆزلەشتى . ئۇ سوڭ مېيلىڭنى ئاشۇرۇپ ماختىدى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھۆرمەت ۋە ھەۋەس جۇغلانمىلىرىنى ئىپادىلىدى . ئۆزىنىڭ ساداقىتى ۋە ھېسسىيات ساپلىقىنى بىلدۈردى . سوڭ خېنىممۇ شىڭ دۇبەننىڭ ئەرلەرگە خاس جاسارىتى، ھەربىي، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيىدىكى تەدبىرچانلىقى، كەسكىنلىكى ۋە مۆلچەرلەش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ماختىدى . شىڭ دۇبەن ھېچكىمگە ھازىرقىدەك ئېرىمىگەن : ئۇ بارلىق غەم ـ ئەندىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئۇنتۇپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسىنى تەسىس قىلىش، گومىنداڭ شىنجاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇش، گومىنداڭنىڭ خادىملىرى شىنجاڭغا كېلىپ قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىشكە ئوخشاش چوڭ ئىشلارغا تېزلا رازىلىق بىلدۈردى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى گومىنداڭ، ستالىنىنىڭ ئورنىنى جياڭ جيېشى ئىگىلىدى . بىرلا سوڭ مېيلىڭنىڭ ئورنىنى چيۇ يۇفاڭ ئىگىلىيەلمىدى . شىڭ دۇبەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەندى .

سوڭ مېيلىڭ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى زىيارەت قىلدى، بۇ مەكتەپ ئۇنىڭ ئۆيى ۋە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىلا، شۇنداق بولسىمۇ شىڭ دۇبەن بىر روتا ئەسكەر بىلەن مەخسۇس ماشىنىدا سوڭ مېيلىڭنى ئۇزاتتى . كەچقۇرۇن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى . 8 ـ

ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئۇنىڭ كونا باشلىقى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچلىك كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە :

— بۇرادەر ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، ھەيۋىنى كىمگە كۆرسىتىۋاتىسىز ؟ ئۇنتۇپ قالماڭ ، جياڭ ۋېيييۈەنجاڭ نەچچە يۈز ھەربىي ئايروپىلاننى بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . سۇڭ خېنىم ۋېيييۈەنجاڭ ئۈچۈن بىر دۆلەت . ناۋادا سۇڭ خېنىم ئۈچۈن كىچىككىنە تەھدىت پەيدا بولىدىكەن ، ۋېيييۈەنجاڭ قېشىنى مىدىرلىتىپلا قويسا ، سىزنىڭ ئۈرۈمچىڭىز بىر مىنۇتتىلا كۈل دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ! — دېۋىدى ، شېڭ تەمتىرەپ :

— ھەربىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن . ئورۇسلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلىدۇ . ئۇلار ھەدەپ يەرلىك خەلقلەرنى قۇترىتىۋاتىدۇ ، قوراللاندۇرۇۋاتىدۇ . مەن شۇلارغا ھەيۋە كۆرسەتمەكتىمەن ! — دېدى .

لېكىن ، ئۇ يالغان ئېيتتى . ئۇ سۆھبەتتە قويۇلغان بەزى مەسىلىلەرگە ھەربىي مانېۋىر ئارقىلىق جاۋاب بەرمەكچىدى . بۇ نىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالدى .

ھەرقانداق بىر قۇدرەتلىك ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن رەقىبى بولىدۇ . ھېچبولمىسا مەلۇم جەھەتتە ، مەلۇم مەسىلىدە بىرى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولىدۇ . ناپولېئون يەتتە يۈز نەچچە مىڭ ئەسكىرىنى موسكۋادىن چېكىندۈرگەندە ، رۇسىيە پادىشاھىنى ياكى رۇسىيە دۆلىتىنى ئەمەس ، كوتۇزۇفنى تىللىغا ئالغان . گىتلېرمۇ ئوخشاشلا موسكۋا بوسۇغىسىدا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ تۈنجى قېتىم تومشۇقىغا يەپ بۇرنى قانىغاندا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى ئەمەس ، ستالىننى تىللىغان...

شېڭ دۇبەن ھازىر كىمنى تىللىشى كېرەك ؟ ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا بىر تەڭدىشى يوق ئايال تۇرماقتا . ئۇ ھەممە جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بولدى . شېڭ دۇبەن

ئەمدى ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە، يارامسىز ھېس قىلدى. سۇڭ مېيلىڭ ئۇنى ھېچنېمىگە زورلىمىدى، گەپلىرىدە جياڭ جيېشىنىڭ پىكرى مۇنداق دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلەتمىدى. ئۇ پەقەت شېڭ شىسەينىڭ ياشلىقى، ياپونىيىدىكى چېغىدا جاڭ شۆلياڭغا قارشى گەپلەرنى قىلغانلىقى، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ كۇنچىلىكى كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق ئاشنىسى بىلەن تانسا ئوينىغانلىقى، بۇ خىل قاراملىق ھەممىلا ئەرلەردە بولۇۋەرمەيدىغانلىقى، قاراملىق قەھرىمانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا سىياسەتچىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىش جەريانىدا بىر سىياسەتچىنىڭ دىپلوماتىيە، بىلىم ۋە تىل ـ ھەرىكەت سەنئىتىدە يېتىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانلىقى، شېڭ دۇبەن جۇڭگودا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ ئادەم ئىكەنلىكى ئوخشاش گەپلەرنىلا قىلدى. «قىرىق نەچچە ياش دېگەن تازا قىران چاغ. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولغاندا نەق ئەللىك ياشتا ئىدى. قاراڭا مۇنۇ ئوخشاشلىقنى، سىزمۇ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەختكە چىقتىڭىز، روزۋېلت زۇڭتۇڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ـ ھە. شۇ يىلى گىتلېرمۇ تەختكە چىققان دەڭا!» دېگەن سۆزنى سىلىق ـ يۇمشاق ئېيتىپ، ئۇزۇن قاشلىرىنى ئوينىتىپ، چىرايلىق بۇرنى بىلەن گۈزەل لەۋلىرىنى ھېچبىر ئايال زاتى قاملاشتۇرالمايدىغان بىر خىل نازاكەت بىلەن مىدىرلىتىپ قويۇپ، شېڭ شىسەينىڭ تېزىغا ئاستا، دەل تەلەپ قىلغان ۋاقىتىدا ئالىقىنى بىلەن ئۇرۇپ قويدى: شۇنچە نۇرغۇن گۈزەللەر، ھەتتا موسكۋا تەربىيىسىدە يېتىلگەن رۇس قىزلىرىمۇ شېڭ دۇبەنگە مۇنداق سېھىرلىك لەززەت بېرەلمىگەنىدى. سۇڭ مېيلىڭ ئۇنىڭ روھىنى تېزلا ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇنىڭدا ماختاپ ـ ئۇچۇرۇش يولى بىلەن يېتىدىغان بىرەر مەقسەتنىڭ بارلىقى ياكى راستتىنلا شېڭ شىسەيگە قىزىقىپ ئايالىلارغا خاس ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئىستىكى پەيدا

بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى . لېكىن ، شېڭ دۇبەن ھازىر ئۆزىنى
ھوقۇق ۋە ئەمەلگە ئىنتىلىشتە دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگولۇقلاردىن چىققان ياۋروپاچە ئەركىن
پىكىر قىلىشنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلاپ خاتالاشقانلىقىنى سەزدى . بۇ
ئۈلگە سۇڭ مېيلىڭ بولۇپ چىقتى . ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر
ئەر سىرتقى گۈزەللىكىگە قايىل بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان
ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ تۇپ بەلگىسى
بولغان ئەدەپ ، خۇلق ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن
ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشىغا ھەيران قالاتتى ، مانا بۇ شېڭ
دۇبەننىڭ خۇلاسىسى .

ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش
ئۈچۈن ئۇ ھەر خىل زىياپەت ، ئۇچرىشىش ، ئېكسكۇرسىيىلەردە
ئالدىن تەييارلىق قىلغىنى بويىچە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ باققان
بولسىمۇ ، زادىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى . ئۇ خۇددى
كۆلكىلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك ، باشقىلار ئۇنى مەسخىرە
قىلىۋاتقاندەك ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ
يۈرگەن ۋۇ جۇڭشىن دېگەن سىياسەتچى ، ئۇنىڭ ھەربىي كۈچىنى
كۆزگە ئىلمايدىغان جۇ شاۋلياڭ دېگەن گېنېرال ، ئۇنىڭ
قىرغىنچىلىقى ئۇستىدىن غەزەپلەنگەن باشقا ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا
نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى ، سوۋېت ھەربىي ،
سىياسەتچىلىرى ئۇنى مۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويمىغاندىغۇ ! قىسقىسى ، يەنئەن ۋە نەنجىڭدىن كەلگەن
زىيالىيلارنى يىغىۋېلىپ ، قاماپ ، ئۆلتۈرۈپ تازىلاشقا باشلىغاندىن
بېرى ، شېڭ دۇبەننىڭ ئۇستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچىلار
كۆپىيىپ كەتكەندى . شۇلارنىڭ سۇڭ مېيلىڭغا شىكايەت
قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئايالى چيۇ يۇفاڭنى سۇڭ
مېيلىڭنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى . لېكىن ، مەركىزىي
ئاگېنتلىقنىڭ مۇخبىرى چىڭ ۋەنلى ئۇنى بىلىپ قالدى بولغاي ،
مازاق قىلغان تەلەپپۇزدا :

— مەركىزىي ئاگېنتلىق شىنجاڭ توغرىسىدا ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە، يېڭى ئەھۋاللارمۇ بىر كۈن ئۆتمەي كونا بولۇپ قالىدۇ! — دېدى.

— خۇددى بىزنىڭ ھاۋا قىسىملىرىمىزدەك تېز! — دەپ قوشۇمچىلىدى ھاۋا ئارمىيە سىلىڭى خې جىڭۋۇ.

ئاۋادا سۇڭ مېيلىڭ كەلمىگەن بولسا شىڭ شىسەي بۇلارنى ئوڭايلا ئۇجۇقتۇرالايتتى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ قولى بەكمۇ ئەپلىك. لېكىن، قىلىچ بىلەن دار نېمىنىڭ بەلگىسى؟ غالىپ — كۈچلۈكلۈكنىڭمۇ ياكى رەزىللىك، ۋەھشىيلىكنىڭ بەلگىسىمۇ؟ رەزىللىك، ۋەھشىيلىك دېگەن مەۋجۇتمۇ؟ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. دۇنيادا ھېچنېمە يېمەيدىغان نېمە بار؟ چۈمۈلە چېغىدا كۈچى يەتكەننى يەيدۇ، ياۋاش دېيىلىدىغان قويمۇ چىرايلىق گۈل - گىياھلارنى يەيدۇغۇ. گىتلېرنىڭ ياۋروپاغا ھۆكۈمران بولۇۋېلىشى، ياپونلارنىڭ تىنچ ئوكيان ۋە جۇڭگو زېمىنىدىكى قىرغىنچىلىقى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغۋار ئىش. مېنىڭ قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئۆزۈمگە زىيانلىق، ھاكىمىيىتىمگە خەۋپلىك ئۇنسۇرلارنى تازىلىشىم ھەم ئۆزۈمچە ئۇلۇغ ئىش. باشقىلارنىڭ ئەرز قىلىشى، مېنى ئاغدۇرۇش كويىدا بولۇشى مانا بۇ ھەقىقىي ۋەھشىيلىك، دۇنيادا ۋەھشىيلىك بار دېيىلسە، مانا مۇشۇ خەۋپ تازا ۋەھشىيلىك. بۇ خەۋپكە يەل بېرىۋاتقان رۇسلار، قولىغا تۇتقۇرۇق ئېلىپ رۇسلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەۋاتقان ئۇيغۇر، قازاقلار ھەمدە يەنئەن كوممۇنىستلىرى ۋەھشىي ئۇنسۇرلار. مۇنۇ شىڭ دۇبەننى مازاق قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاشۇ ۋەھشىيلەرگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار. جياڭ جيېشىنىڭ ئايروپىلانلىرى جيۇچۈەندە بۇياققا قاراپ ئۇچۇشقا تەييار تۇرمىغان بولسا، مۇنۇ سۇڭ مېيلىڭ دېگەن ھېيلىگەر خوتۇن يۇمشاق سۆزلىرى بىلەن شىڭ دۇبەننىڭ روھىغا خوجايىنلىق قىلىۋالمىغان بولسا، شىڭ دۇبەن بۇنچىلىك خىيالغا ۋە مۇلاھىزىگە بېرىلمىگەن بولاتتى...

ئۇ ئازاب بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— گىتىلېرمۇ موسكۋا بوسۇغىسىغا تېز كەلگەن، تېز چېكىنىۋاتىدۇ!

— ئۇنىڭ چېكىنىشى ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن!

— بەزىدە چېكىنىشمۇ ئىلگىرىلەشنىڭ داۋامى بولۇپ قالىدۇ!

— ئىلگىرىلەش چېكىنىشتىنمۇ يامان ئاقىۋەت بېرىپمۇ قالىدۇ!

— شىڭ دۇبەننىڭ سوتسىيالىزمدىن ئۇچ بۇيۇك سىياسەتكە ئۆتۈشى زور ئىلگىرىلەش!

— چېكىنىپ ئىلگىرىلەش!

— ياق، ئىلگىرىلەپ چېكىنىش!

— ها - ها - ها!

— هى - هى - هى!

— بىز ئەمدى ھەقىقىي بىر ئائىلە!

— جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئۆزىنى ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن!

— سۇڭ خېنىمنىڭ سالامەتلىكى، سىنشى تەيخۇدەك، ۋۇ زېتيەندەك دۆلەت تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇشى ئۈچۈن!

— جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ كۆز - قۇلىقى بولۇشىدىن ئەقىل - پاراسىتىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن!

— XX ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايال ئۈچۈن!

— روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ خانىمى ئاننا سۇڭ خېنىمغا ھەيران قالسۇن، مۇشۇ غەلىبە ئۈچۈن!

زىياپەت شۇنچىلىك خۇشال، قىزغىن كەيپىياتقا ئېرىشتى، بۇ كەيپىيات سۇڭ مېيلىڭغا مەنسۇپ. شىڭ دۇبەن بۈگۈن ئازراق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن ھەقىقىي كۈلدى. بۇ ھەم سۇڭ مېيلىڭغا مەنسۇپ. بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ۋەھىمىنى شادلىق بىلەن ئالماشتۇرالىغان ئايال ئۇلۇغ بولماي نېمە بولسۇن!

چيۇ يۇفاڭ ھېچقاچان شىڭ دۇبەنگە بۈگۈنكىدەك يېقىمسىز كۆرۈنمىگەن. ئۇ نېمىشقا بۈگۈن فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ سىنشى تەيخۇدەك كىيىنىۋالدىكىنە؟ ئۇ سۇڭ

مېيلىنىڭ بىلەن چىراي ۋە تەبىئىي كۆلكىدە بەسلىشەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچە چۈشكۈن كۆرۈنسە كېرەك !

زىياپەت قىزىماقتا . يېيىلمەكتە ، ئىچىلمەكتە ، ماختالماقتا : ئۆردەك تىلى ، كەكلىك كاۋىپى ، بېلىق توخۇمى ، ئۇلار گۆشى ، شوتلاندىيە ۋىسكىسى ، رۇسىيە ۋە جۇڭگونىڭ ئەڭ داڭلىق هاراقلىرى… زۇڭتۇڭ ، ۋىيىۋەنجاڭ زىياپەتلىرىدىن زادىلا كەم ئەمەس مول داستىخانلىق زىياپەت ئۈستىلى شادلىق بىلەن مەدھىيىلەندى . مانا تانسا ، شېڭ دۈبەن يىگىرمىنچى يىللاردىكى قىران چاغلىرىغا يانغان ، سۈڭ مېيلىنىڭ شۇنداق يەڭگىل ، ئەۋرىشىم تانسا ئوينايدىكەن ، شېڭ دۈبەن مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقالىغان بولسا ياكى كىشىنى مەست قىلىدىغان سىرلىق ئەتىر ـ ئادىكالون پۇراقلىرىنى كارىۋاتتا پۇرىيالىغان بولسا… ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولى يەتمەيدىغان شاخلارمۇ بولىدىكەن ـ ھە ! تەييار خۇلاسىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالغان جۇڭگولۇقلار ھاياتقا يېڭى سوئال قويۇشتىن تولىمۇ قورقىدۇ . بولمىسا : «جياڭ ۋىيىۋەنجاڭ سۈڭ مېيلىڭدىن شۇنچە قېرى ، شۇنچە كۆرۈمسىز ، شېڭ دۈبەن جياڭ جيېشىدىن ھەممە جەھەتتە ئۈستۈن ، بىرلا مەنسەپ پەرقىنى دېمىسە . شۇنداق تۇرۇپ قانداق بىر كۈچ شېڭ دۈبەننى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ، گۈزەل خېنىمنى باغرىغا بېسىشتىن مەھرۇم قىلىپ تۇرىدۇ ؟» دەپ سوراشقا بولاتتىغۇ !

زىياپەت ئاخىرلاشتى ، تانسىمۇ تۈگىدى ، لېكىن شېڭ دۈبەننىڭ ئازابلىق خىياللىرى ئاخىرلاشمىدى ، تۈگىمىدى ؛ شۇڭا ، ئادەملەردە ئارمان تۈگىمەيدىكەن ـ دە ! بەلكى جياڭ ۋىيىۋەنجاڭ خوتۇن ـ بالىلىرىدىن مەڭگۈلۈككە ۋاز كېچىپ ، مىڭ تەستە ئېرىشكەن بۇ سۈڭ مېيلىڭ بىلەن ئۆزىنى ئارمانسىز ھېسابلىسا كېرەك . ئۇنىڭمۇ يېڭى ئارمانلىرى پەيدا بولغان بولسا كېرەك . ئىنسان قانائەتنىڭ قۇلى ئەمەس ، تاكى ئۆلگۈچە ئارمان قوغلىشىپ يۈرىدىغان بىر تەلۋە ئوۋچى . شېڭ دۈبەن بۇگۈن ئارمان قۇچىقىدا ۋەھىمىدىن خالىي ، لېكىن ئۇنىڭ ئارمان ـ ئارزۇلىرى ئۇنى يېڭى

تەۋەككۇلچىلىك ، تەلۋىلىككە ئۇندىمەكتە : ئۇ شۇ تاپتا سۆڭەك مېيىلىك ياتقان ئۆيگە ئۇخلاش كىيىمى بىلەن كىرسىچۇ ؟...

قاراملىق خۇشاللىقنىڭ قېرىنىدىشى ، يەنە پۇشايمانغا ھامىلدار بىر قىلىق . ئەللىككە يېقىنلاشقان ئادەملەرگە تۇرمۇش ھامان كېيىنكىسىنى تەقدىم قىلىدۇ . پاھ ، سۆڭەك خېنىم سۇت بىلەن بەدىنىنى يۇيۇۋاتقان بولسا ، تەلۋىلىك پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشمىسۇن !...

ھېسسىيات ، تەلۋىلىك ئۇنىڭغا پۇشايماندىن باشقا ھېچنېمە قالدۇرمىدى . ئەتىسى ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شىپىڭ شىسەي قاتتىق پۇشايمان بىلەن لىۋىنى چىشلەپ قالدى : ئەمدى مۇنۇ بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ خوجايىنى شىپىڭ دۇبەن ئەمەس ، جياڭ جيېشى بولۇپ قالىدۇ . مۆرىتى كەلگەندە ئۇ ئەمدى شىپىڭ شىسەينى يۆتكەپ ئەكېتىدۇ ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ . جياڭ جيېشىنىڭ ھىيلىقى دەيلى دېگەن جاللىتى جۇنتۇڭنىڭ ئۇچ يۈز نەچچە مىڭ جاسۇسى ئارقىلىق شىپىڭ دۇبەندەكلەرنى ئوڭايلا جايلاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ . ئۇ رۇسلارنىڭ ك گ ب سىدىن قېلىشمايدۇ !

— جىنيۇڭ ، نېمە بولدىڭىز ؟ چىرايىڭىز ئۆمسە ... — ئايالى ئۇنى قېتىپلا قالغان يېرىدە جەينىكىدىن ئاستا تۇتۇپ مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىگە تارتتى ، — چارچاپ كەتتىڭىز ، يۈرۈڭ ، ھازىرلا جەنۇبىي باغ قورۇغا ياكى نەنسەنگە كېتەيلى ، بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىڭ !

— ئايرىلىپ قالدىم ... — دېدى شىپىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپنى قىلىپ ، — تۈگىدى ...

— كىمدىن ؟ نېمە تۈگىدى ؟

— شىنجاڭ قولدىن كەتتى ، خوتۇن... ئەمدى تېپىرلىغان بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ . پۇتلىرىم باغلاندى ، پىچاق كانىيىمغا تاقاشتى !...

— شۇنچە ئارمىيە تۇرۇپما !

— ھە، شۇنچە ئارمىيە بىلەن ئەسىرگە چۈشتۈم ... ناپولېئوندەك !...

خوتۇنى ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى چۈشەنمىدى .

## 25

— ئارا - گۇرجەك بايلىق ئەمەس ، ئۇنى قۇچاقلاپ نالە قىلساڭ غېمىڭ ئازىيامدۇ ؟ ھەي زىيەك ، ھەممە بۇغدىيىڭ دەنگە كەتتى ، سەنغۇ نېمىلا بولسۇن يەر ئىگىسى ، ئۆيۈڭدە كىگىز ، ئوراڭدا بىر دان بولمىغىنى بىلەن يەنە يەتمىش - سەكسەن خو يېرىڭ بار ، ئاق قالغان بوزلىرىڭنى شۇۋاق بېسىپ كېتىپتۇ . ئون خولۇق بېغىڭدىكى سەككىز يۈز ئون ئالتە تۈپ قارىياغىچىڭمۇ چوڭ بايلىق ، يېگىلى ، كىيگىلى بولمىغان بىلەن ، خېرىدارى بولمىغان بىلەن كۆڭلۈڭ ئاۋۇنىدۇ . گايىتنىڭ نېمىسى بار ؟ ئابدۇمەرگە يەنە يىللىق ئىشلىگۈدەك ، بالىسى قويچى ، خوتۇنى يۇندىپۇرۇش ، ئۆزى يىللىقچى بولغۇدەك . ئىشلىگەنگە باي بولسا شۇ بولاردى . ئىشلىگەنسېرى پىتلىرى كۆپەيدى . ئوتقا تۇتۇپ كۆڭلىكىنى قاقسا قوماچ قورۇغاندەك ۋاراسلايدۇ . ھەي بىچارە ، ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇزىدىمۇ شالۋۇر كىيىپ يۈرسە پىتلىماي قانداق قىلسۇن ؟ ئايالى گۈلپىرىزنىڭ كۆڭلىكى ياماقنى تولا سېلىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ : كۆك شاتىۋارمىدى ، قىزىل شاتىۋارمىدى ؟ ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ مېڭىۋېرىپ تارىمۇشقا ئايلىنىپتۇ . بوشراق تاشلارمۇ ئۇنىڭ تاپىنىدا قۇم بولۇپ كېتىدىكەن...

— گۈلپىرىز سېغىزغا سېزىك بولۇپ سايىتنى تۇغدى ، باتۇر بولارمىكىن دېسەك ئۇ بالىسىمۇ قويچى بولدى .

— رەيھاندەك خوتۇنلار باتۇر تۇغىدۇ ، ھەي زىيەك ، خوتۇنۇڭ نېمىگە سېزىك بولۇۋىدى ؟ ھە راست ، سىگىرغا دېۋىدىڭ ، ھە ؟

مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت يۈز يىللىق قېرى قارىياغاچ يازنىڭ تومۇزلىرىدا يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك تارانچى مەھەللىسىگە

ساـيـۋەن، دېـھـقـانـلار سەھەر تۇرۇپ چىغ، تېۋىلغا ئېلىپ، ئېتىزلىرىنى ئايلىنىپ قايتىپ كېلىدۇ - دە، ئاتلىرىنى ئۆستەڭ بويىدىكى قىرى سۆگەتلەرگە باغلاپ قويۇپ، ئاشۋاختىلىق ئەتكەن چـايـلىرىنى ئىچىشىپ، شاملىرىنى چاينىشىپ قىرى قارىياغاچ ئـاسـتىغا كېلىدۇ. پۇتلىرىنى سۇنۇپ، بېشىنى بۆرتۇپ چىققان يىلتىزلارغا قويۇشۇپ ئوڭدا يېتىپ پاراڭغا چۈشىدۇ. شەھەردىن يېڭى خەۋەر ئاچىققانلىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدۇ - دە، يـىـلـلاپ — يـىـللاپ شەھەر يۈزى كۆرمىگەنلىرى ھەيران بولۇشۇپ:

— پاھ، مانا قارا - ھە!

— دابـەنـجـىـڭ دېـگـىـنـىڭ بىر تەڭنە كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىـشـىـدۇ. سـۆزلـىـگۈچىمۇ ئاشخانىدا ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، تـاڭجاڭنىڭ يېڭىلمەي شۇنچە ئادەمگە ئاش جوۋۇپ پۇلنىڭ نەق سانىنى دەپ ۋارقىرايدىغانلىقى، كوڭكا دېگەنگە ئاسمان - پەلەك تېرە بېسىپ كوچىدىن توپا توزۇتۇپ ماڭغاندا، ئاتلارنىڭ ئۈركۈپ - قېچىپ جان ئالغىلى تاسلا قالغانلىقى، جۈمە نامىزىغا ھېلىمئاخۇن مەسچىتىگە كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكى ... گە ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەيدۇ.

لـېـكـىـن، ھازىر شەھەرگە كىرگەنلەرمۇ يوق. يازدا قۇم ئارىشاڭدا بولغان ئىشلار تولا دېيىلىپ كونىراپ كەتتى. گايىتنىڭ ئـۆي بىساتى، بار - يوقى يېرىم پارچە كىگىز بىلەن قازان - قومۇچ، تۆت سامان ياستۇقنى چانىغا بېسىپ مەھەللىدىن ئابدۇمەر مېڭىپ كىنىڭ كۈزلىكىگە كۆچكەنلىكى بۇگۈنكى يېڭى گەپ. پاراڭ گـايىت ھەققىدە بولۇۋىدى، ئۇنىڭ مۈكچەك، ئېگىز گەۋدىسى، گۈلپىرىز ئىسىملىك خوتۇنىنىڭ بىر كۆزىدىكى ئېقى، كىچىككىنە پـوقىقى ۋە كۆڭلىكىنىڭ سىرتىدا پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان خالتىدەك بوش ئەمچىكى ۋە ئۇلارنىڭ پىت - سىركىلىرى توغرىسىدا گەپ قىزىپ كەتتى.

— ھەي، ئابدۇمەر بۇ يىل يىگىرمە تۆت خو بۇغداي تېرىپتۇ

دەيدۇ ، راستمىدۇ ؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ، قىرىق تۆت خو !

— ياقەي ، يىگىرمە تۆت !

— كۆتۈرمە ئېرىقنىڭ نېرىسى ئالتە شاڭ ، ھەربىرى ئون پۇتتىن قانچە ؟ كۇزلەكنىڭ نېرىسى...

— قانچە تېرىسا تېرىيدۇ - دە ، ئالاھازەل ، — دەپ گەپنى تارتىۋالدى مىرا «قازى» بوم ئاۋازدا سۆزلەپ ، — ئۇمۇ مەزەمزات تەيجى ھېكىمدەك ھۆكۇمەتنىڭ سېلىقىنى سەككىز ھەسسە ئاشۇرۇپ ئېلىۋاتسا ! ...

— نېمە دېدىڭ ، مىرا ھۇي ، نېمە ھېكىم ؟ !

— مەزەمزات تەيجى ھېكىم !

— پاھ ، ئىسمىلا بىر سۇرىكەنغۇ ئۇنىڭ . سەككىز ھەسسە دېگىنە ؟

— ئۇ دېگەن خالزاتخانىنىڭ ئارا ئۆستەڭلىك قۇلى خەلپەمنىڭ قىزىدىن تاپقان ئوغلى . بۇ 1942 - يىلى 6 - ئاي بولسا ، ئۇنىڭ ئۆلگەن يىلى 1864 - يىلى . ئۆلگىلى يەتمىش سەككىز يىل بوپتۇ - دە . ئابدۇمەر شۇنىڭ يولىنى تۇتتى . خەي پۇلى ، سەي پۇلى ، چۆپ ئۇچى ، يەر دېنى ، يول پۇلى ، خەيرىيە ، ئۆشرە - زاكات ... ۋاي - ۋۇي ، دېھقانىنىڭ سېلىقى ھازىرمۇ ئوتتۇز ئىككى خودىن كەم ئەمەس . مەزەمزاتمۇ زالىملىق قىلىپ خانغا يارىغان ، ئابدۇمەرمۇ شۇ . ھاكىمنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ بىكار ئۆسمىدى ...

— زالىم بولسا ئۆزىگە ، بىزگە نېمىدى ؟

— زالىملىقنى خوتۇنغا قىلمايدۇ ، ساڭا قىلىدۇ ئۇ . يەتتە خو يېرىڭگە ئون خو سېلىق سالسا نېمەڭنى بېرىسەن ؟

— ئۇنىڭ بۇغدىيى قەۋەتلا بوپتۇ . ئورمىچى سالار ھەرقاچان . بىز بېرىپ بۆلۈۋالايلى ، ھېچبولمىسا ئون خورىنى .

شۇ چاغدا مەھەللىنىڭ شىمالىدىن قاشاڭ قىرى بايتالغا سىڭار يان ئولتۇرۇپ مەھەللە ئىمامى قارىياغاچ تۈۋىگە كەلدى :

— پاھ ، مېڭىبېگىنىڭ ئۆيىگە چىققان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكى ، ماشىنا بىلەن دوتەي ، كالاسكا ، خادىك ، يورغا ئاتلار بىلەن شەھەر بايلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . قوغۇنلۇقنىڭ بارگىدا ئولتۇرۇپ سانىۋىدىم ، ماشىنا يەتتە ، كالاسكا يىگىرمە چىقتى .

— ئېيشەكچۇ ، ئىمام ؟ ! — دېدى ھاسىسىغا تايىنىپ مالىخىيىنى سىگار يان كىيىپ ئۆيدىن ئەمدىلا چىققان مۇختەرباي ، — ئېشەكتىن نەچچىسى چىقتى ؟

— كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى .

مۇختەرباي ھەممىلا تەرەپتىن بۇلتۇرقىغا يەتمەيتتى : قېرىلىق ئۇنىڭغا بالدۇرلا يەتكەن . ساپان ئۆكۈزلىرىدىن ئىككىسى ، مىنىشلىك ئاتتىن ئىككىسى ۋە ھارۋا ئېتىدىن بىرى بىر قىشتىلا ئۆلۈپ ، ئەتىيازدا ئارانلا بىر ئات قوشى ، بىر ئۆكۈز قوشى چىقىرالىدى . ئىككى بالىسى ساپان تۇتتى . ئادەممۇ ياللىيالمىدى . بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى . ئۇنى ئاز دەپ ئايالى پارالىچ بولۇپ ئۈچ كېلىنى كەچ كىرگۈچە غىڭ - غىڭلىشىپ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى قويمىدى .

مانا ھازىر يېڭى بۇغداي پىشىشقا يەنە بىر ئايدەك ۋاقىت بار ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇن تۈگىگەن . ئوزۇقلۇققا قالدۇرۇلغان بوغداي بۇنداق بۇرۇن تۈگەپ باقمىغان ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى . ئۇ ئامالسىز دەريا بويىدىكى باي تۇغقانلاردىن ئۆزى ھارۋىسىنى سۆرەپ بېرىپ ئىككى تاغار بۇغداي ئاچىقتى .

— بايلار كەمبەغەللىشىپ ، كەمبەغەللەر باتراقلىشىپ ، باتراقلار لالىملىشىپ مەھەللىنىڭ پەركايى ئۆچتى . ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ قاشقالىق مېڭىبېگى بولدى ، ئەمدى مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ، ئۆزۈكچىلىكتە كاتتا چاي قىلىپ بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان . ھېلىقى غېنى دېگەن ئوغرى ئۆچەكتىن چىقماي كەتتا ، مۇنۇ ئابدۇمەرنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالىدىغان گەپ ئىدى !

— ئابدۇمەر مېڭىبېگى ئۇ قاتتىن ھېۋىزباينىڭ قىزىنى

توقاللىقتا ئاپتۇ . شەھەردە يەنە بىر نوغاي توقىلى باردەك تىخى !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇختەربايىنىڭ چارلىشىشقا باشلىغان ساقاللىرى ئاستا تىترەپ ، قىلىن لەۋلىرى كۆكەردى .

— ئادالەت كەتسە كاساپەت ئەدەيدۇ . چورۇق ھېكىم تىرىلسىدى ، پارىخور ئەمەلدارلارنى دەررىگە بېسىپ راسا ساۋىسا بولاتتى . پاھ ، بىر دېھقانغا بىر دورغا بىگۇناھ زۇلۇم سالسا يۈزبېگىگە قىرىق ، مىڭبېگىگە يىگىرمە دەررە ئۇرغۇزۇپ ، بۇنداقلارنى يۈزبېگى ، مىڭبېگى قىلغاندىكىن مېنىمۇ يىگىرمە دەررە ئۇرۇڭلار دەپ يېتىپ بەرگىنىنى دېمەمسىلەر ؟ چورۇق ھېكىم تىرىلسە ، ئابدۇمەرگە يۈز دەررە بۇيرۇيتتى . دەررىنى ئۆزۈم ئۇرۇپ ئۇمۇرتقىسىنى ئۇزۇۋېتەتتىم ئۇنىڭ !

— ئۇنىمۇ قىلدۇق ، بۇنىمۇ قىلدۇق ، ئۇنداقمۇ دېدۇق ، بۇنداقمۇ دېدۇق ، پايدا تاپمىدۇق . ئىت ھۈرىدۇ ، كارۋان يۈرىدۇ ، شۇنداقلا گەپ !

— پاھ ، قاشقالىق ! ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە تاياق تەگسە سېنىڭ تۈيىقىڭ سىرقىراۋاتامدۇ ؟ دېگىنىڭ راست ، ئابدۇمەر ئاكاڭ ئافاق غوجا بوۋاڭدىن دۇئا ئېلىپ چىققانىكەن ئەمەسمۇ ، ساقىسى ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ . سەنمۇ بېيىپ كەتتىڭ ، ھېچكىم سېنى قۇناخۇن قاشقالىق دېمەيدۇ ، قۇناخۇن ئىمام دەيدۇ . ئالا خۇرجۇننى يۈدۈپ چىقىشىسەن ، ئۇزۇن ئۆتمەي بايلىرىمىزنىڭ گەجگىسىگە دەسسەيسەن !

— ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دېگەن شۇ ، — دېدى ئىمام مۇختەربايغا تۇنجى قېتىم يېنىپ ، — تيەنجىنلىكلەر سېۋىتىگە قورچاق سېلىپ بىر ئەپكەش بىلەن چىقىپ ، كەتكەندە يۈز كوڭكىغا ئالتۇن بېسىپ كېتىۋاتىدۇ . كاپىرلار قېنىمىزنى شورىسا غىڭ قىلمايمىز ، ئۆز دىن قېرىنداشلىرىمىز بىر قوشۇق ئاشنى ئوشۇق يېسە چىدىمايمىز ئالاھازەل !

— چىدىغاچقا سەن مەھەللىنىڭ بېيى بولغانسەن ؟ بىزنىڭ ھويلىنىڭ مالىيى ئىدىڭ ، مانا ھازىر مەھەللىنىڭ بېيى بولدۇڭ .

قىزلىرىمىز ئوغۇللىرىڭ بىلەن قاچتى ، تارانچى بالىلىرى ئۆيۈڭدە مالاي . پۈتۈن يۇرت ساڭا ئىقتىدا قىلىدۇ . يەنە نېمە چىدىمىدى ، پىدىمىدى دەپ تىلىڭنى چاينايسەن ؟ !

— خاپا بولمىسىلا ، بېگىم ، دېگەنلىرى راست . مەنمۇ ھازىر قىاشقالىق ئەمەس ، تارانچى غوجام ، ئىككى كېلىن ، ئىككى كۈيئوغۇل تارانچى ، نەۋرىلەرمۇ شۇ . موماي بىلەن ئىككىمىزلا يېڭىسارچە گەپ قىلىمىز . غوجام ، زاغرا يېمەيمىز ، ئېشەك مىنمەيمىز ، شاما چاينايمىز ، تارانچى بولماي نېمە بىز ؟ !

كۆپچىلىك يەنە قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

— خالزاتخان ھېكىمنىڭ دەۋرىدە ، — دېدى مىرا «قازى» بوم ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلەپ ، — جاھانگىرخان غوجام مانجۇلارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈۋىدى ، شىنجاڭ بويىچە ئىككى مىڭ ئۆيلۈك ئەنجانلىقنى قوغلاپ چىقاردى . مانجۇلارنى قوغلىماي دىن قېرىنداشلىرىمىزنى قوغلىدۇق . تېخى مانجۇلارنىڭ دىن قېرىنداشلىرىمىزنى يوقىتىشىغا مەدەت بېرىمىز دەپ ئىككى مىڭ تارانچى دۈمبىمىزگە ئەللىك جىڭدىن ئاشلىق ئارتىپ بىر مىڭ ئۈچ يۈز چاقىرىم يولنى پىيادە مېڭىپ غۇلجىدىن ئاقسۇغا ئاپاردۇق ، مۇزداۋاندا ئۆلگەنلەر ، تالا ـ تۈزدە يېتىپ توڭلاپ قالغانلار تېخىمۇ كۆپ . مانجۇلارنى دەپ جېنىمىزنى تىكتۇق . ئۆز دىن قېرىنداشلىرىمىز زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرسە ئۇلارنى يوقىتىشقا ياردەم قىلدۇق .

— پاھ ، پاھ ، ماۋۇ خەقنى ۋۇي ، بۇ ئىش قاچان بولغان ، مىراكا ؟

— مۇتائالى خەلپەم سۆزلىگەندە خاتىرەمدە قالغان ، 1825 ـ يىلىغۇ دەيمەن !

— ياق ، خاتالاشتىلا مىرا قازى ، — دېدى ئىمام ، — سىلى دېگەن 1825 ـ يىلى جاھانگىر غوجامنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن چاغ . ئىككى مىڭ تارانچى ئەللىك جىڭدىن ئاشلىق يۈدۈپ مانجۇ ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلغان چاغ 1830 ـ يىلى .

ئالته شەھەرنىڭ تۆتىدە ھەممە خەق مانجۇغا قارشى قوزغالغان گەپ . مانجۇلار ئوتتۇز مىڭدىن جىق ئەسكەر ئەكېلىپ قىرغان گەپ . شۇ ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر ئاقسۇدا تۇرغان گەپ . ئۇلارنىڭ قورسىقىنى دەپ كۇچادىن مىڭ ئادەم ، ئىككى يۈز ھارۋا ، بەش يۈز ئات ، بىر مىڭ بەش يۈز كالا ، مىڭ ئېشەك بىلەن ئاقسۇغا ئاشلىق توشۇغان گەپ . ئىككى مىڭ تارانچى مانا شۇ چاغدا ، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، بۇنىڭدىن بىر يۈز ئون ئىككى يىل بۇرۇن غۇلجىدىن مۇزات يولى بىلەن پىيادە ئاشلىق يۇدۇپ توشۇغان ، ئۆزىنىڭ ئۆزى !…

— سەن كىمدىن ئاڭلىغان ، قۇناخۇن ئىمام ؟

— مۇتائالى خەلپەم ، زېرىپ قارىھاجىم ، تىيىپىزات خەلپەم … مەن دېگەن يېزىۋالغان گەپ ، ئۆزىنىڭ ئۆزى…

— يارايسەن قاشقالىق ، گېپىڭ جايىدا ، مانجۇلار بىز خەقنى يوقاتسۇن دەپ ئاشلىق توشۇدۇق . بۇ گەپنى مۇزاتتىن ئاشقۇچە مەنمۇ ئاڭلىغان . ھازىرمۇ مانا ئابدۇمەر شېڭ دۇبەنگە ياردەم قىلىپ دېھقاننىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىۋاتىدۇ . ئىلقىدىكى غېنى ، نۇرىلارنى تۇتۇشقا نەچچە ماشىنا ئەسكەر كەلدى . تاغدا يول باشلىغانلارمۇ ئۇيغۇر ، قازاق !

— غوجانىياز ھاجىمنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ ، سوراق قىلغانمۇ ، دارغا ئاسقانمۇ ئۇيغۇرمىش !

— سابىت داموللا ، زېرىپ قارىھاجىملارنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ ئۇيغۇرمىش !

— تارانچىمۇ ، قاشقالىقمۇ ؟ — مۇگدەپ ياتقان بىر دېھقان چۆچۈپ ئويغىنىپ سورىدى .

— قاشقالىقمۇ ، تارانچىمۇ بار…

— ھا ـ ھا ـ ھا…

كۆپچىلىك ئەمدىلا كۇلۇشىگە مەھەللىنىڭ بېشىدا تۆت ئاتلىق ئادەم پەيدا بولدى . ئادەملەر ياتقان يەرلىرىدىن تىك بولۇشتى . بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ، تۇيۇقسىز سارغا يولۇققان چۈجىلەردەك مۇختەربايدىن پاناھ تىلىشىپ قاراشتى . مۇختەربايمۇ تامدەك

تاتىرىپ يېنىدا كولۇمسىرەپ تۇرغان زىياۋۇدۇنغا قارىدى . زىياۋۇدۇننىڭ چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان ، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كۆكرىكىدىكى قۇرۇق ئۇستىخانلىرى تېرە ئىچىدە تالا - تالا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ يىل تەرگەن ئاشلىقىنىڭ تايىنى يوق ، بىر بالىسى ئىمامغا مالايلىققا تۇرغان ، هازىر يەيدىغىنى تۈگىگەن ، ئەھۋالى تولىمۇ يامان ئىدى . مۇختەرباي تامدەك تاتىرىپ :

قاچ ، زىيەك ! — دېدى .

— نېمىشقا ھوي ؟

— قاچ دەيمەن !

زىيەك ئورنىدىن تۇرۇپ قېرى قارىياغاچنىڭ يېنىدىكى پاكار قورۇق تامدىن باغقا سەكرىدى . ئاتلىقلار يېتىپ كەلدى . ئىككى يايى دومبىسىگە مىلتىق ، يانپىشىغا قىلىچ ئېسىۋالغان . قارا مالىخايلىق پاكار يايى مۇختەربايغا تىكىلدى :

— زىيەك قېنى ، قاچقان شۇمۇ ؟

— زىيەك ئىلىقىدا ، بالىسىنىڭ يېنىدا ، نوچى بولساڭ شۇ يەرگە بار !

— ئۇنداق بولسا ماڭ ، سەن ساقچىخانىغا كىرىپ ، بىزنى باشلاپ بارىسەن !

— نېمە ، سېنى ئۆيۈمگە باشلىمىغان ئوغۇل بالىزە يايلاقتا باشلامدىمەنا ؟

— ماڭ ، تولا سۆزلىمە !

يايى ئىككى ساقچىغا قاراپ قويۇۋىدى ، ساقچىلار ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى . ئۇلاردىن بىرىنىڭ قولىدا زەنجىرلىك بىرنېمە بار ئىدى . مۇختەرباي بۇ نەرسىنى خوتەندىكى چېغىدا جىق كۆرگەن . ئۇ كويزا ئىدى .

— ھەي يايى ، مۇنۇلارغا دە ، بېشىغا بالا تاپمىسۇن . مېنىڭ تۆت ئوغلۇم مىلتىق ئېتىشنى بىلىدۇ . ئوۋ مىلتىقلىرىمۇ تەييار . مۇنۇ مەھەللىدىن تىرىك چىقالمايسىلەر . بولۇپمۇ سەن يايى ، سەن

تۇردى پېتەكنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . سەن مەشەدىلا ئۆلىسەن . مۇنۇ يىگىتلەر ھەرگىز مېنى پارقىراپ تۇرۇپ ئۆزىتىپ قويمايدۇ . ئېيىت ماۋۇلارغا .

— تا شو سا ؟[①]— دەپ سورىدى بىر ساقچى . پېتەك ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى . «ئۇ بىز تۇتىدىغان زىيەك يوق ئىكەن . ئۇلار بىزگە تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى» دېدىم دەپ قىلغان سۆزىنى كۆپچىلىككە ئۆرۈپ بەردى . خەنزۇچە گەپنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان تارانچى دېھقانلىرىغا ساقچى خەنزۇنىڭ : «كىم نىلقىدىكى ئوغرىلارغا ياردەم بەرسە ئېتىلىدۇ ، كىم زىياۋۇدوننى تۇتۇپ بەرسە يۈز دوللار ، ئوغلى نۇرىنى تۇتۇپ بەرسە بەش يۈز دوللار مۇكاپات بېرىلىدۇ . ئۇلارنى يوشۇرغانلارمۇ ئېتىلىدۇ» دېگەنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . مۇختەرباي تۆت ئاتلىقنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قايماق ، مايلىق توقاچ بىلەن مېھمان قىلدى . ئۇ چېرىكلەرگە نۇرىنى تىللاپ بەردى .

زىياۋۇدۇن باغدا چىۋىنقاپ تۇرغان ھارۋا ئېتىنى يېشىپ مىندى ـ دە ، باغ ئارىلاپ قېچىپ مەھەللىدىن دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ئىختىيارسىزلا يىگىت ۋاقتىدا رەيھانگۈلنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن دوستى بىلەن ساقلىغان جىغانلىققا كەلدى . ئاتنى ئوتقا باغلاپ قويۇپ يۇمشاق چىمەن ئۈستىدە دۈم ياتتى . ئۇنىڭ باش تەرىپى يار بېشى ، ئاياغ تەرىپى قاراسۇ ، قويۇق جىغانلىق . ئوك يېنىدا يار ئاستىدىن چىقىدىغان مۇزدەك بۇلاق سۈيى . بۇلاق سۈيى بىلەن قاراسۇ قوشۇلغان يەردە ھازىرمۇ چار بېلىقلار قىزغۇچ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئويناپ يۈرەتتى . نۇرى بالا ۋاقتىدا مۇشۇ يەردە كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ چىقماستىن بېلىقلار بىلەن ئوينىشاتتى . رەيھانگۈل بالىسىنىڭ رايىغا بېقىپ ئېگىزگە تايىنىپ سۇ بويىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇراتتى . ھەي بۇلاق ، سەن زىياۋۇدۇننىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى مۇھەببىتىگە گۇۋاھ ، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئانا يۇرتىغا قانماستىن ساڭا باغرىنى ياققىنىغا ھەم

① ئۇ نېمە دەيدۇ؟

گۈۋاھ . بۇگۇنچۇ ؟ زىياۋۇدۇننىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەن كۆز ياشلىرىغا گۇۋاھ بولماقچىمۇ ؟ زىياۋۇدۇننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ ، شۇ سۇدا ئىپتار قىلىپ سەككىز ئەۋلاد مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇلارنىڭ نەۋرە ـ ئەۋرىلىرى ئەمدى بۇ يەردە دەسسىگۈدەك يەرگە زار . بالىسى نە ـ نەلەردە سەرگەرداں ، مانا ئۆزى ئاچ ، خار ۋە قاچاق . ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئۇنى قېچىشقا زورلاۋاتقان قانداق بىر كۈچ ـ ھە ؟ ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببەتمۇ ياكى بىزارلىقمۇ ؟ ئۆز يېرىگىدە كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈشمۇ گۇناھ ، بىر پارچە قاتتىق نان ، كاۋا ـ ياڭيۇ قوردىقى بىلەن خۇشال بولۇشمۇ چەكلەنگەن ، بالاڭنى ھىمايە قىلىشمۇ جىنايەت ، گۇناھسىز باغلاندىم دېيىشمۇ قىلمىش !... بۇمۇ ھايات بولامدۇ ؟ بۇنداق ياشىغاننىڭ ئۆلۈمدىن نەرى ياخشى ؟ كەلگۈسى ياخشى دەيدۇ باللىرى ، راست ، كەلگۈسى بارمۇ زادى ؟ زىياۋۇدۇن ئۈچۈن ھەممە نىمە ئۆتمۈش : مۇھەببەت ، ئىنسانىي ئەرك ، ئاتىلىق بۇرچ ۋە ياشاش ھوقۇقى ... مۇشۇنداقلا ئىلى دەرياسىدا ئېقىپ ئۆلسە ئۇنى ئازابلاۋاتقان قىساس ئوتلىرى بىراقلا ئۆچىدۇ . لېكىن ، كىشىلەر ، ھەي زىيەك ، سەنمۇ ئەرمۇ ، سەنمۇ ئاتىمۇ ، سەن ئالا قانجۇقمۇ يەتمەيسەن . قانجۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ ھۇۋلاپ ھال ئېيتالايدۇ ، سەن بولساڭ تاشلانغان ئەسكى شالۋۇر دېيىشمەمدۇ ؟ ياق ، مەن تېخى ياشايمەن ، بۇلاق بويىدا تېخى شادلىنىمەن ، باللىرىمنىڭ تويىنى ، نەۋرىلىرىمنىڭ خۇشال كۈلكىلىرىنى كۆرىمەن...

ئۇ جىغانلىقتىن قاراسۇ بويىغا كەلدى . قارا سۇدا بېلىقلار ئويناقتا . سۈپسۈزۈك بۇلاقلار قوشۇلۇپ ئادەمنى ئەندىكتۈرگۈدەك مۇزلىغان قاراسۇ تىزغىچە كىرىپ جىم تۇرغان چار بېلىققا ئىككى قولى بىلەن تاشلاندى ، لېكىن تۇتالمىدى ، سۇ لېيىدى ، بېلىقلار ئۈركۈدى . ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ باشلىرى قايدى . ئۇ سۇغا قاراپ كۈلۈپ قويدى :

— خەپ توختا ، تۇتمىسام سېنى !

ئۇ جىغاننى يېرىپ چىشى بىلەن بىر ئۇچىنى ئۇچلاپ نەيزە ياسىدى. تىنچ، راھەتلىنىپ ياتقان بېلىقنىڭ بېشىغا نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى توغرىلاپ:

— سەن شېك دۇبەن، — دېدى ـ دە، نەيزىسىنى بېلىقنىڭ بېشىغا سانجىدى. سۇزۇك سۇدا قان رەڭگى پەيدا بولدى. مانا ھوشسىز بېلىق سۇ بېتىدە لەيلىدى. ئۇ بېلىقنىڭ قارنىنى ياغاچ بىلەن ياردە ـ دە، دۆڭدە كۈنگە قاقلىنىپ چوغقا ئايلانغان تاشقا چاپلىدى. بىردەمدىن كېيىنلا بېلىقنىڭ قېنى قاچتى. ئۇ ئىشتىھا بىلەن يېدى.

كەچقۇرۇن ئۇ دەريا بويىدىكى ئورمانلىققا كەلدى. ئورماندا قىرغاۋۇل خورازلىرى چۇرقىرىشاتتى، مېكىيانلىرى ۋاكىلدىشاتتى، ياۋا توڭگۇزلار خارتىلدىشاتتى، توشقانلار يۇگۇرۇشەتتى، قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتى. جەنۇبتا چارچىماس ئىلى دەرياسى دولقۇن ياساپ، كۆۋرەپ ھەيۋەت بىلەن ئاقاتتى. قىرغاقلاردىكى مەجنۇنتاللار ھىلىدىن ـ ھىلىغا ئېگىلىپ تەزىم بىلەن دەريانى سۆيەتتى. دەريانىڭ ئاق دولقۇنلار سەكرىشىپ تۇرغان ئوتتۇرىسىدا بۇنداق سۆيگۈ يوق، نەلەردىندۇر، يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلغان دەرەخلەر ئېقىپ كەلمەكتە. دەريانىڭ ئۆزىلا بىر ھاياتكەن، ئەنە، بىر ئات ئۆلۈكى ئېقىپ ئۆتتى. بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلىگەندە زىيەك ئاتنىڭ بېشى بىلەن يالىنى كۆردى. ئۇ قاراسۇدىن تۇتۇۋالغان بېلىقلىرىنىڭ قارنىنى تاشتىن ياسىۋالغان پىچاق بىلەن يېرىپ تال شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇپ، زىرە، بۆلجۇرگەن، قاراقات ۋە ياۋا ئالمىلاردىن ئېتەك ـ ئېتەكلەپ تېرىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈپ:

— ئۆيۈمدىن جاڭگال ياخشىكەن. ئىككى ئوغۇل مالاي بولسىمۇ ئاچ ئەمەس. قىزىم مۇختەر ئاكامغا ئامانەت. خەير جانىۋار، مەھەللەڭگە قاراپ ماڭ، ئوقۇرۇڭ سېنى چىللاۋاتىدۇ! — دېدى ـ دە، ئاتنىڭ بېشىنى مەھەللە تەرەپكە توغرىلاپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ قويدى، — ماڭ، تېز ماڭ —

چاپ ، جانۋار ! — دېدى نەيزىسىنى ئاتنىڭ چېۋىسىغا سانجىپ قويۇپ . ئات چۆچۈپ ، چىچاڭلاپ قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى .

ئۇ بىكارچىلىقتا ئادەتلەنمىگەن : شاخلارنى تاش پىچاق بىلەن قىيىپ تاللاردىن سېۋەت توقۇدى ، چىمەنلىككە كەپە ياسىدى . يۇمشاق چۆپلەر بىلەن ئۇنى ياپتى...

ئۇ دەريا بويىدا سەھەرنى كۈتۈۋالدى . نۇرى دادىسىغا تاش قورال دەۋرى توغرىسىدا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن . مانا ئۇ شۇ دەۋرگە قايتتى . ئىنسان ھايۋانغا ئايلانسا خاپىلىق ، غەم - غۇسسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ . مانا زىيەك بۇ كېچە راھەتلىنىپ ئۇخلىدى ، ئۇنى دەريا پەپىلەپ ئۇخلاتتى ، قۇشلار نەغمىسى ئويغاتتى . تەبىئەت ، ياپيېشىل جاھان قۇچاقلاپ ھۇزۇرلاندۇردى .

ۋەھشىيلىك جەمئىيەتتە ، گۈزەللىك تەبىئەتتە ، ئىنسان قالتىس نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئۆمرىنى قىسقارتىدىكەن . تېز ماڭىمەن دەپ ماشىنا ئىجاد قىلىۋاتقان ، نەيزىنى ياراتماي مىلتىق ياساۋاتقان ، پايدا قوغلىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان . نېمىشقا مۇنۇ قۇشلاردەك ، توشقانلاردەك تەبىئەتنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ جىم ياشىمايدۇ - ھە ؟ مۇشۇ تۇرقىدا — زىيەك دەريا بويىدا راھەتلىنىپ ياتقاندا يەر يۈزىدە قانچە ئادەم ئۆلۈۋاتىدىغاندۇر ، بەلكى ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر ھايۋانلاردىن كۆپ بولسا كېرەك !...

ئەنە ، يىراقتىن سالچىلار كۆرۈندى . سال قىرغاق بويلاپ كەلمەكتە . سالدا چاي قايناۋاتسا كېرەك ، ئىس چىقماقتا . تېخى قويلارمۇ باركەن ، مانا كارامەت .

سال زىياۋۇدۇننىڭ يېنىغىلا كېلىپ قىرغاققا سۈركىلىپ توختىدى . ئىككى سالچى تالدىن قىلىنغان توم ئارغامچىلارنى تاغ تېرەكلىرىگە باغلىدى .

— ئالامەت يەركىنا ، پاھ ، راھەت سېنىڭكەن - دە ! — دېدى بىرى ۋە بېلىقلارنى كۆرستىپ ، — بېلىقئالغۇچكەنسەنغۇ ، ھەي

دارازا؟ بالىلار، چوشەيلى، شەھەردە بوْنداق يەر يوق. كەچ كىرگۈچە تاماشا، كەچقۇرۇن يولغا چىقساقمۇ زايومكا دېگەن ئەنە!

ئوندەك ئادەم خوْشال ۋارقىرىشىپ يەرگە چوْشتى. بىردەمدىلا قازان ئېسىپ، قوي سويۇپ، دەريا بويىنى ئاۋاتلاشتۇردى. بىرلىرى هاراقمۇ ئىچىپ ناخشا ئېيتىشتى، بىرلىرى چىمەنلىكتە چېلىشىشقا چوْشتى. چېلىشىشنى كۆرسە تەنلىرى يايراپ كېتىدىغان زىياۋۇدوْن ئۆزىنى توْتالمىدى.

— قېنى، نوچىراق بىرىڭلار چىقساڭلارا! — دېدى ئۇ ئىشتاننى تىزىغىچە تۇرۇپ، — ئۇزۇن بوپتىكەن، سېغىنىپ قالدىم.

ساقال ـ بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن، بەللىرى سەل موْكچەيگەن دېھقان ئون نەچچە يىگىتنى بىر ـ بىرلەپ باستى. كوْچى بارلارنىڭ پەمى يوقكەن، پەمى بارلىرى زىياۋۇدوْندەك كوْچلوْك ئەمەسكەن. زىياۋۇدوْن بىردەمدىلا هۆرمەت تېپىپ، ئۇلار بىلەن دوست بولوْپ كەتتى.

ئۇلار بىللە گۆش يەپ، جاڭگال مېۋىلىرىگە تويۇپ كەچقۇرۇن شەھەرگە قاراپ سال بىلەن يۇرۇپ كەتتى. دولقۇنلۇق دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا سال بىلەن ماڭماق تولىمۇ راھەتكەن. زىياۋۇدوْن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇۋىدى، بىرى:

— ناخشىدا مېنى يىغلىمەيسەن جۇمۇ، دارازا! — دېدى.

— ئاۋۇشتا يىغلىمەيمەن.

— ئاۋۇشىڭ نېمە هوْي؟

— يەتتە ئاۋۇشچۇ؟

— ئاۋە قېنى؟

— زىياۋۇدوْن قولىغا هېچىر تاۋاقنى ئېلىپ داپ قىلىپ ئاۋۇشقا باشلىدى:

ئاسماندا ئۇچۇپ يۇرگەن
قارا مىلتىقنىڭ ئوقى.

يۈرتمۇيۈرت تېنەپ يۈرگەن ،
ئاتا ـ ئانىنىڭ يوقى .

قۇچاق يەتمەس قارىغايلار تاغنىڭ كۆركى ئىدى . مانا ئەمدى ئادەملەر ئۇلارنى يىقىتىپ ، كالىنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزگەندەك بېشىدىن تېشىپ بىر ـ بىرىگە قوشاقداپ چېتىپ سۇدا ماڭىدىغان چانا قىلىۋالغان . بېشىدا بىر پالاقچى ، قۇيرۇقىدا بىر پالاقچى پالىقىنى قىمىرلىتىپ بەرسىلا بۇ جانىۋار هارۋا ئېتىدەك يولدىن چىقماي ماڭىدىكەن . سال بىلەن مېڭىۋەرسە ئالەمنىڭ چېتىنى كۆرەمدىكىن كىشى ؟...

زىياۋۇدۇن ناخشا ئېيتىۋېتىپ خىيال شامىلىرى بىلەن نە ـ نەلەرگە ئۇچتى . ئۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر «ئۇھ» تارتتى ۋە : «نۇرى بالام ، نەدىسەن ؟» دەپ نالە قىلدى . دەردلىك ئادەمگە جەننەت بولمىسا كېرەك . نەگىلا بارسا دەردى بىللە بارىدىكەن . دەرد بار يەردە خۇشاللىق نېمە قىلسۇن ؟ قاراڭغۇ چۇشۇش بىلەن زىياۋۇدۇننى يەنە بالا غېمى باستى .

ئۇ سال ئۇستىدە بىر كېچە يېتىپ ئەتىگەنلىكى شەهەرگە كىردى . شەهەردە باشقىچە بىر هايات . هاجىبولۇس مەهەللىسى ، دۆڭمەهەللە ، شەهەر ئىچى ، ئۇدا مەهەللە ، هەتتاكى تېرەكمازار ، تاقىچىلىق... هەممىلا كوچىلاردا ئادەملەر كوچىلارغا سۇ چېچىۋاتقان . كوچىنىڭ ئىككى چېتى ئېقىن سۇ ، سۇۋادان تېرەكلىك ، ئۇلۇغ ئېچىلغان دەرۋازا ، يان ئىشىك ۋە يالغۇز ئىشىكلەردىن گۇللەر بىلەن تولغان پاكىز هويلىلار ، پاكىز كىيىنگەن شەهەرلىكلەر كۆرۈنىدۇ . يەلپۈنۈپ تۇرغان پەردىلەر ، چىرايلىق سىرلانغان سالاسۇنلار ، سىلىق مېڭىپ ئەپكەشتە سۇ ئەكىرىپ كېتىۋاتقان خىزمەتچىلەر... كىشىگە «بەخت شەهەرىدىكەن» دېگۈزىدۇ .

مانا ئۇ كوچىغا سۇ چېچىۋاتقان ، ئاق خەسىدىن ئىشتان ـ كۆڭلەك كىيگەن يېشىل دۇخاۋا بۆكلۈك مويسىپىتكە سالام بەردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى ئۇ كىشى كۆركەم قامەتتىنى تىك تۇتۇپ ، — ئۇكام سېنى تونۇۋاتىمەن ، ئېسىم قۇرسۇن ، ئىسمىڭ تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا .

— زىيەك باخشى !...

— ياق ، ھا - ھا - ھا... زىياۋۇدۇن ، مۇختەربايىنىڭ ئىنىسى .

— نۇرى سېنىڭ ئوغلۇڭغۇ ، ئۇ شائىر ئوغلۇڭ ھازىر نەدە ؟

— نەدىلىكىنى مەن سىلىدىن سورىغىلى كەلدىم مۇتائالى خەلپىتىم . نەزەرخان غوجام رەھمەتتىنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتى بولغاي . ئۇ مۇبارەك زات بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە مۇتائالى خەلپىتىمنى ئىزدەڭلار دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى .

— رەھمەت ھۆرمىتىڭگە ، زىياۋۇدۇن ، قېنى يۈر ، ئۆيگە كىرەيلى .

مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئۆيى دەردمەنلەرنىڭ دادىخاسى . مانا زىياۋۇدۇنمۇ ھويلىدىكى كەڭرى چايخانىدا يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى . ئۇ يالاڭ ئاياغ ، قاپقارا پۇتلىرىنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەي خىجىل بولۇپ قورۇنۇۋىدى ، خەلپىتىم :

— ھە ، پۇتلىرىڭ ئارتۇقلۇق قىلىۋاتامدۇ ؟ مەيلى ، سۇنۇپ ئازادە ئولتۇرغىن ، سېنىڭ پۇتۇڭ ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ پۇتىدىن مىڭ ھەسسە پاكىز . سەن پاكىز توپىمىزدىن باشقىنى دەسسىمەيسەن ، ئۇ مۇرتەت خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ، مىڭلىغان شېھىتلارنىڭ سۆڭەكلىرىگە دەسسەپ يۇقىرىغا ياماشماقتا !...

— مەنمۇ شۇ ، خەلپىتىم ، مېڭىپ يۈرگەن سۆڭەكمەن . ئۇنىڭ پۇتلىرى نەگىلا بارسام بېشىمدا .

— بىلىمەن ، ئوبدان بىلىمەن ، زىياۋۇدۇن . ئۇ تۆھمەتچىلەرگە يان بېسىپ سېنى سولىدى . غېنى باتۇر ئۇنىڭغا چىدىماي سېنى قۇتقۇزدى . بىر - ئىككى ئەسكەرنى ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن تۆت - تۆت باشلىنىپ بىرەر يۈز ئادەم تۇرمىگە كىردى . يىگىرمە نەچچە ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كەتتى ، سېنىڭ بالاڭ

نۇرى تېخىچە سەرسان.

— شۇنداق. ئۇلار مېنى تۇتۇشقا چىققانىكەن، قېچىپ كەلدىم.

— ئىزىڭغا چۈشكەن ماشكا يوقتۇر - ھە؟

— يوق. مەن سال بىلەن قېچىپ كەلدىم.

— نەچچىنچى قېتىم قېچىشىڭ بۇ، ھە؟ گۇناھسىزلار جازالىنىپ، قان قەرزگە بوغۇلغانلار تەخت سورايدىغان ناھەقچىلىك قاچانغىچە داۋاملىشار؟ قالماقلار كۆن بەرمىۋىدى، ئىمىن غوجا مانجۇلارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ قالماقتىن قۇتۇلدى. غالدان سىرىن، داباجى ئامۇرسانالار يوقالدى. لېكىن، مىڭ رويى جاڭجۇن، ئاگۇيلەر كەلدى. ئىمىن غوجا تەۋەلىك بىلدۈرگىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قوزغالغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭلىق ئەمەلى بىلەن مۇكاپاتلاندى. ۋاڭلىق، گۇڭلۇق، تەيجىلىك، بېيىسىلىك مەنسەپلىرى ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۆز ئادەملىرىنى قىردى، خەلقنىڭ سىلىقىنى كۆپەيتتى. مۇسا گۇڭ ۋاقتىدا بىر كىشىلىك يەرگە تۆت خو تۆلىنىدىغان سېلىق ئورانزىپ دەۋرگە كەلگەندە ئون ئالتە خوغا كۆتۈرۈلۈپ، خانغا بېرىدىغان ئومۇمىي ئاشلىق توقسان ئالتە مىڭ خودىن يۈز مىڭ خوغا چىقتى. ئۇ بۇ تۆھپىسى بىلەن گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئوغلى مېلىكىزاتمۇ گۇڭ بولۇپ دادىسىنىڭ ئىشىنى ھەقدادىغا يەتكۈزدى. خۇشنىزات گۇڭ، خالزاتخان تەيجى دادىلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، مەزەمزات تەيجىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە دېھقانلارنىڭ تۆت خولۇق سېلىقى ئوتتۇز ئىككى خوغا يەتتى. دېھقانلارنىڭ تۆلىگۈدەك ھالى قالمىدى:

ئالۋان - سېلىقى تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىساق،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

— مانا بۇ دېھقانىنىڭ زارى. 1759 - يىلىدىن 1864 - يىلىغىچە بولغان يۈز يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز خارلىنىپ، يىلدىن - يىلغا زۇلۇم كۆپىيىپ پىچاق سۆڭەككە يەتتى. ئاخىر ئىلى جاڭجۇنى چاڭ چىنىنىڭ دەۋرىدە خەلق قوزغالدى. ھەي زىياۋۇدۇن، شىك دۇبەن ياڭ، جىن دېگەنلەردىنمۇ زالىم. ئۇ بىزگە مەكتەپ ئېچىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە يول ئېچىپ، خەلق تۇرمۇشىدىمۇ كەڭچىلىك قىلىپ ياخشىلىق قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، بىرىپ - بىرىپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى چىڭىتتى، يانچۇقىنى چىڭدىدى. مانا خەلق ئەمدى ئۇنى چۈشەندى. ئۇمۇ مانجۇلار بىلەن ئوخشاش: ئۆز خەلقىنى ھۆكۈمەتكە قۇل قىلىپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات بىرىدۇ، ئۇنداقلارنى كۆتۈرىدۇ. ئابدۇمەر چىۋ سىلىڭنىڭ ئوغلىغا ياراپ قېلىۋىدى، قارا، ھازىر مۇئاۋىن ھاكىم. چورۇق ھېكىمدەك ئادىل ئادەملەر ھازىرمۇ بار، لېكىن ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ!

خەلىپىتىم زىياۋۇدۇننى ئۆيىدە ئۈچ كۈن باقتى. ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ۋە پۇل بەردى. ئۇنى ئۆزىنىڭ چۆلۇقايدا يېڭىدىن پەيدا قىلىۋاتقان چوڭ مېۋىلىك بېغىغا قاراشقا ئەۋەتىپ، بالىسىنىڭ خەۋىرىنى بىرىشكە ۋەدە قىلىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى.

چۆلۇقاي غولى تاغدىن چۈشىدىغان كاتتا ئۆستەڭ بىلەن كۆكلەيدىغان ھاۋالىق، مەنزىرىلىك گۈزەل جاي. بۇ يەرنىڭ ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللىرى ئۈششۈك، قۇرت ۋە قۇرغاقچىلىق كېسەللىرىگە يولۇقمايدۇ. شەرقىي شىمالدىكى مۇنبەت ئېدىرلىقلار، جەنۇبتىكى كەڭرى، قارامتۇل تۇپراقلىق تۈزلەڭلىك ھەرقانداق گۈل - گىياھ، مېۋە - ئاشلىقنى بالادىن ساقلايدۇ. بۇ يەردە غۇلجىنىڭ باشقا سازلىق يەرلىرىدەك پاشا - چىۋىنلارمۇ شالاڭ. ھېكىمبەگ غوجامنىڭ يانچىلىرى ھېسابلىنىدىغان دېھقانلار يوقسۇزچىلىق ئازابىدىنمۇ ئۇنچىلىك دادلىمايدۇ، چۈنكى غوجام رەھىمدىل — دېھقانىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ: «خۇرجانىنىڭ ھالى

نېچۈك ؟ » دېگەن سۆز ئۇ ئادەمنىڭ ئانا تىلىغا ئايلانغان . بۇنىڭ سەۋەبى ، مۇتائالى خەلپىتىمدەك شەرىئەت يولىدا ھالاللىق بىلەن ماڭىدىغان ئادەملەر غوجامنىڭ يېقىن دوستلىرى . ئۇلار نېمىلا قىلمىسۇن ئۆزىگە «ھالال» ، «ئىنساپ» دېگەن سۆزلەرنى ئۆلچەم قىلىدۇ . مۇتائالى خەلپىتىم غوجامغا :

— باغ قىلىش ساۋابلىق ئىش . باغ قىلمىغەن ، مېۋە ساتمايمەن . غوجام ئۇن خو يەر بەرسىلا ، مېۋىلىك باغ قىلىپ قوياي ، — دېۋىدى ، غوجام :

— لەۋەي ، خاننىڭ يېرى ئۇ . قىلسىلا ، خالىغان يەردىن تاللىۋالسىلا ، — دەپ جاۋاب بەردى .

خەلپىتىم ئۇلاقچىلىققا ماھىر ، كەتمەن بىلەن ئېرىق - چۆنەك ئېلىپ تەر تۆكۈشكە ئامراق . ئۇ ئادەم بۇلتۇر ئەتىياز چىقىپ بىر نەچچە تالىپنى يانداپ قورۇق چۆرۈپ ، چۆنەك تارتىپ تاللانغان ئالما ، ئۆرۈك ، شاپتۇل كۆچەتلىرىنى تىكتى ، بۇ يىل ئۆلىدى ، مانا ھازىر ئۇن خولۇق يەر مېۋىگە كىرمىگەن بولسىمۇ چىرايلىق باغ بولدى . چۆنەك ئارىلىرىغا قوغۇن تېرىۋىدى ، مانا ھازىر قوغۇن - تاۋۇزلىرى پېلەك ئارىسىدا شۇنداق قويۇق ، سۇزۇك ، سايىنىڭ تېشىدەك ياتماقتا .

زىياۋۇدۇن شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان تاغ سۈيى بويىغا كەپە قىلدى . تاغ تېرىكى ، قارىياغاچلار سايىسىگە سۇزۇك تاشلارنى تىكلەپ ئوچاق ياسىدى ، ئۇ يەنە بىر قەشقەرلىك مۇساپىر بىلەن بۇ باغنىڭ غوجىسىغا ئايلىنىپ قالدى . قەشقەرلىك مۇساپىر قويۇق ساقاللىق ، مەيدە يۇڭلىرى بۇدۇر ، قاراقاش ، قاڭشارلىق ، تولىمۇ مۇڭداشقاق ، سىلىق - يۇمشاق ، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن ئادەم ئىكەن . 1934 - يىلى ئەتىيازدا ما جوڭيىڭ قەشقەر شەھىرىنى قىرغىن قىلىپ ، بۇلاپ - تالاپ ، ئوت قويۇپ بالايىئاپەت پەيدا قىلغاندا ، بۇ ئادەم قەشقەردىن يېڭىسارغا ماموت سىجاڭنىڭ يېنىغا بوۋاق قىزىنى قۇچاقلاپ قېچىپ بارغانىكەن . ماموت سىجاڭ يىغلاپ كېتىپ :

— قەشقەردىن ، تۇرپاندىن ، قۇمۇل ، ئاقسۇ ، غۇلجىدىن بىرمۇ ما جۇڭگىدەك ئەسكىرىي باشلىق چىقمىدى . ئۇيغۇرلاردىن ياقۇپبەگچىلىك ، ئىسھاقبېكچىلىك ، شېڭ شىسەي ، ما جۇڭگىچىلىك ھەربىي بىلىمى بار ئادەم چىقمىدى . مەنمۇ ، غوجانىياز ھاجىمۇ بۇ ساھەدە يېتىلمىگەن . بىزدە غەزەپ ، ئۆچمەنلىك ، باتۇرلۇق يېتىلگەن . لېكىن ، ھەربىي بىلىم يوق . ئۇكام ، بالىلىرىڭلارنى ئەسكەر قىلىڭلار ، ئۇلار مىلتىق ئېتىشنى ، ئۇرۇش قىلىشنى ، دۈشمەننى يېڭىشنى ئۆگەنسۇن . شۇنداق قىلمىساق ، بىز ھەممە يەردە ، ھەرقاچان بوزەك ! — دېگەنىكەن .

— ھەي سەپەر ئاخۇن ، سەن مىلتىق ئېتىشنى بىلەمسەن ؟

— مەن ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئون نەچچىنى ئۆلتۈرگەن .

— ئەسكەر بولغانمۇ سەن ؟

— ھەئە . يېڭىسارغا ئىسھاقبېك كەلگەندە ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلۇغچاتقا كەتكەن . 1937 ـ يىلى ئىسھاقبېك لۈيىدە ئەسكەر بولۇپ ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقان .

— بۇياقا قانداق قىلىپ چىقىپ قالدىڭ ؟

— قېچىپ چىقتىم . شېڭ شىسەي ئىسھاقبېكنىڭ لۈيىنى تارقىتىۋەتتى . ئىسھاقبېكنى غۇلجىغا يۆتكىدى . مەن مۇز داۋاندىن ئېشىپ ئىسھاقبېكنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە چىقتىم . ئۇ كىشى يوق ئىكەن .

— قىزىڭ نەدە قالدى ؟

— ئۆلۈپ كەتتى . دادام ، ئاپام ، ئىككى ئىنىم ، بىر سىڭلىم ، ئايالىم بىلەن چوڭ ئوغلۇم قىرغىندا ئۆلدى . ما جۇڭگىنىڭ باغرىمنى قان قىلدى . سەككىز جاننىڭ قىساسىنى دەپ بۇ يەرگە كەلدىم . بىرگە ئونىنىڭ جېنىنى ئالىمەن ، سەكسەننىڭ جېنىنى ئالمىسام مەن ئەر ئەمەس !

— يارايسەن سەپەر ، ئىككىمىز ئوخشاشكەنمىز . مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىساس ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن !

ئۇلار كەپىدە ئولتۇرۇپ، سالقىن تاغ شامىلىدا راھەتلىنىپ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلەپ بېرىشتى. سۆزلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ھۆرمىتى، مېھرى ئاشتى. مانا ئۇلار ئايغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ يىرىك قوللىرىنى تۇتۇشۇپ قەسەم ئىچىشتى: «ھامىنى بىر ئۆلۈم. پەسلىك بىلەن ياشىغاندىن مەردلىك بىلەن ئۆلگەن ئەلا. ياشقا زورلاپ دەرد تۆككەندىن غەزەپ بىلەن دۈشمىنىڭگە ئېتىلغىنىڭ ئەلا...»

سەپەر سەككىز يىل سەرگەردان بولۇپ، كۆرمىگىنى قالمىغان ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ تارتقانلىرى زىياۋۇدۇننىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، زىيانلىرىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەپەر دىن ۋە پەندە خېلىلا بىلىملىك، تارىخ بىلەن ياخشى تونۇش ئادەم ئىدى. بىر ۋەقەنى سۆزلەشتىن بۇرۇن يىل، ئاي، كۈنلىرىنى تولۇقى بىلەن دەيتتى، ئۇنىڭ چوقۇنىدىغان ئادىمى ئابدۇقادىر داموللا ئىدى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «داموللام مۇنداق دېگەن» دەپ سۆزلەيتتى. ئۇ يەنە نۇرغۇن شېئىرلارنى يادقا بىلەتتى، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايتتى. زىياۋۇدۇن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى ئۇلارغا مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ خىزمەتكارى قوش ئېغىزلىق ئوۋ مىلتىقىدىن بىرنى ئەكېلىپ بەردى. سەپەر نەدىن تاپتىكىن، بىردەمدىلا گۈڭگۈرت تېپىپ كەلدى. ئۇنىڭغا كۈل ۋە بىرنېمىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ دورا قىلدى، قوغۇشۇننى ئېرىتىپ يەرگە قويۇپ ئوق ياسىدى، تۆت تال قارىداپ كەتكەن جەزدىن پىستان ياسىدى...

ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. تونۇر ياساپ نان ياقتى، ئوچاق بېشىغا چىقىۋالسا بىردەمدىلا ھەر خىل تاماقلارنى قىلالايتتى. زىياۋۇدۇن ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاشتىن باشقىغا يارىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيدە قىلىپ ئۆگەنگەن تۆشۈك ئىشلىرى سەپەرنىڭ ئالدىدا كۈلكىلىك بولۇپ قالدى. زىياۋۇدۇن سەپەرنى كۆرمىگەن بولسا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ۋە جاپاكەش ئادەم

هېسابلىغان بولاتتى . مانا ئۇ ئۆزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان سەپەردەك ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلدى . سەپەرگە سېلىشتۇرغاندا زىياۋۇدۇن ياغ ئىچىدىكى بۆرەك ئىدى . ئۇنىڭ يالغۇز قەشقەردىن غۇلجىغىچە پىيادە مېڭىپ تارتقان جەبرىسىلا زىياۋۇدۇننىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جەبرىسىدىن ئېشىپ چۈشەتتى . بىچارە سەپەر هازىرمۇ يالاڭ ئاياغ يۈرەتتى ، ئۇنىڭ تاپىنى گايتىنىڭ ئايالىنىڭكىدىنمۇ قاتتىق ۋە قېلىن ئىدى . ئۇ هېكايە سۆزلىگەندە :

— مۇزاتتىن يالاڭ ئاياغ ئاشتىم ، بىر هەپتە چۆپتىن باشقا هېچنېمە يېمىدىم ، بىر ئاي تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياتتىم ... — دەيتتى .

ئۇنىڭ هەربىر سۆزى بىر هېكايىنىڭ ماۋزۇسى ئىدى .

— تاغ كەپتىرى كاۋىپى بەلەن ، قالىسىلا ، تېرەك بېشىغا ئىككىسى قوندى ، — دېدى ئۇ گۆشسىز كۆكرىكىگە قوش ئېغىزلىق مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى تىرەپ ئوڭدا يېتىپ ، — هېلى ئىككىسى يەرگە چۈشىدۇ .

مىلتىق گۇم قىلىپ ئېتىلدى ، ئىككى كەپتەر يەرگە پولاڭلاپ چۈشتى .

ئۇلار كەچتە كەپتەر كاۋىپى بىلەن ئوزۇقلاندى . مانا ئۇ نېمە بىلەن ياسىدىكىن بىر راۋاب ياسىۋېلىپ چالغىلى تۇرۇۋىدى ، زىياۋۇدۇن ئولتۇرالماي قالدى . ئۇ تۇۋاقنى داپ قىلىپ ئۇنىڭ راۋابىغا تەڭكەش قىلدى . سەپەر مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن راۋابقا تەڭكەش قىلىپ قەشقەر ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى :

ئاتاسى بار ، ئاناسى بار ،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللا .
ئاتاسى يوق ، ئاناسى يوق ،
كوچىدا خارۇزار باللا...

ئۇنىڭ ناخشىسى يۈرەكنى ئېزەتتى . ئۇ قوغۇنلۇقتا

ئىشلەۋېتىپمۇ ، شاخ چاتاۋېتىپمۇ ، يېرىم پارچە كىگىز سېلىنغان كەپە ئىچىدە كەچقۇرۇنلىرى بولىدىغان سوغۇقتا تىترەۋېتىپمۇ بۇ خىل مۇڭلۇق ، دەردمەن ناخشىلىرىنى توختىماي ئېيتاتتى . ئۇ گوياكى ناخشىسى بىلەن زامان ئۇستىدىن شىكايەت قىلاتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن پاتمايۋاتقان ئەلەملىرىنى ، تارتقۇلۇقلىرىنى خەلقكە توختىماي سۆزلەيتتى .

— سەپەر ، نەچچىدە سەن ؟

— قىرىق ئىككى .

— مەن قىرىق ئۈچ .

— قارا ، ئىككىمىز راسا كۈچكە تولغان چېغىمىزدا بوۋاي بولدۇق .

— ياق ، بوۋاي بولغاندا كۈچكە تولدۇق .

— ها ـ ها ـ ها...

— هى ـ هى ـ هى...

— كۈلۈشنى ئۇنتۇماپتىمىز ـ هە ؟

— دۇنيادا مەندىنمۇ دەردى كۆپ ئادەم بارمىدۇ ، دەيتتىم . سەن يېگىپ چىقتىڭ .

— مەندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغىنى بارمىدۇ ؟

— چىقىدۇ جۇمۇ ، سەپەر . دۇنيادا دەردمەنلەر تولىكەن . بىز هەرھالدا تۈرمىدە ئەمەس . مەن تۈرمىدە ياتقان . قېچىپ يۈرۈش تۈرمىدە ياتقاندىن راهەت . چۈنكى ، بۆرگە تالىمايدۇ ، كۈننىڭ سىرتقىغا قانىسەن ، غەم ـ قايغۇلاردىن خېلىلا خالىي بولىسەن . تۈرمىدە سېسىقچىلىق ، پاسكىنىچىلىق ، ئاچارچىلىق سېنى ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلتۈرىدۇ . گۇناهىڭ بولسا مەيلى دەيتتىڭ ، ياتقۇدەك گۇناهىڭ يوق ، هالال ياشىدىڭ ، هاراملار كىرمەي سەن كىرىپ قالساڭ ئەلەم قىلىدىكەن .

— بۇ دۇنيا شۇنداقىكەن . گۇناهسىزلار قىرىلىدىكەن ، قىينىلىدىكەن ، هەممىلا هۆكۈمەت ئوخشاشلا پۇقرانى يونۇيدىكەن . سابىت داموللام ئىسلام هۆكۈمىتى قۇرۇۋىدى ، خۇش بولۇپ ئەمدى

بۇ دۇنيادا جەننەت كۆرىدىغان بولدۇق ، دىسەك ، نەدىكىنى ؟ ئۇ باشلىغان ئۇرۇشنىڭ سىلىقى ما شاۋۋۇنگكىدىن ئىشىپ كەتتى . ئىشەك بىلەن ئوتانچىلىق قىلىپ جان ئىتەتتۇق . شۇ ئىشەكنى ھاشارغا تۇتۇپ بەردۇق . سىلىق دەستىدىن مۇكچىيىپ ، كاپىر بولسىمۇ سىلىقى يوق ھۆكۈمەت كەلسىكەن ، دەپ تىلىدۇق .

— نامراتلارنى كۆزلەيدىغان ھۆكۈمەتمۇ بولامدۇ زادى ؟

— سوۋېت شۇنداقمىشقۇ ؟

— ئۇنداق بولسا ئادەملەر نىمىشقا بۇ يەرگە قېچىپ كېلىدۇ ؟

— بايلار قېچىپ كەلگەنمىشيا ؟

— نەدىكىنى ، تولىسى يالاڭ تۆشلەر .

تاغ سۈيى شارقىراپ ئاقماقتا . ئۇلار يۇمشاق چىمدىن قىلىنغان ياستۇقلىرىغا باشلىرىنى قويۇپ ئوچۇق دالىدا ئاسمانغا قاراپ يېتىپ مۇڭداشماقتا . ئۇلارنىڭ تەقدىرى ، ئارزۇسى ۋە كەچۇرمىشلىرى ئوخشاش . ئۇلار يارالغىنىدىن تارتىپ ئاشۇ قاۋۇل بىلەكلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانمىغان . نامراتلىق ئىچىدىن بەخت ۋە خۇشاللىق ئىزدىگەن . نە بايلىق ، نە مەنسەپ ، نە چوڭ پايدا تەمەسىدە بولمىغان . يارىلىپ قالغاچقىلا ھاياتلىق ئۇچۇن تىرىشىپ ھالال يول ئىزدىگەن پاكىز قەلب ئىگىلىرى . سۆيۈملۈك باللىرىغا بەخت ئىزدەش دۇنيادىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇرچى . ئۇلار شۇ بۇرچنى ئادا قىلىش ئۇچۇن ھاياتنىڭ مۇشكۇل يولىنى تاللىۋالغانلار . لېكىن ، زامان ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارغا بۇ يولدا مېڭىشقىمۇ يول بەرمەيۋاتىدۇ . زامان نېمانچە رەھىمسىز ـ ھە ؟

يۇلتۇزلار تىنىق ئاسماننى بېزىگەن . ئەنە ئاۋرال تېغى ئۇستىدە تولۇن ئاي پەيدا بولدى . خۇدايىم بەندىلىرىنى دەپ بۇ مۆجىزاتلىرىنى ، ئوتلۇق قۇياشنى ياراتقان . لېكىن ، ئىنسانلار ئۇلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۇچۇن باشقىلارنى ئۆلتۈرمەكتە ، سولىماقتا ، قىينىماقتا . سەپەر ھېچ نەرسىنى ئويلىمىسا كېرەك ، مانا ئۇنىڭ خورىكى باشلاندى . لېكىن ، زىياۋۇدۇن زادىلا ئۇخلىيالمىدى :

ئۆنىڭ يۇلتۇزلىرى نەدە؟ ئۈچ ئوغلى ، بولۇپمۇ سۆيۈملۈك ئوغلى نۇرى هازىر نەدە؟ ئۇنىڭ پىيىگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ئىلاھىم يەر يۇتقاي . بەرا بىلەن دەرا مەيلى كىشىنىڭ ئۆيىدە مالاي بولسىمۇ خەۋپتىن خالىي . كىچىك قىزى ئەتىۋارلىق . ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان چوڭ قورۇ ـ جايى ، قويۇق ئورمانلىق بېغى ، باغقا زور ئۈمىد بىلەن تېرىغان قىچىسى پىشىشقا ئاز قالدى ، شورىلار تازا ئېتىلمىگەن ، موزاي ـ تاينچىلار باغقا توشقانمىدۇ؟ بۇغدىيى تېخى گەجگە سۈيى بىلەن ، بۇيىسىمۇ ئوتالمىغان . بەرا بىلەن دەرا ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ غول ئېرىقنىڭ ياقىسىدىكى ياۋا بېدە ئارىلاش چۈجگۈن ئوت كەم بولسا بەش يۈز باغ چىقاتتى . خەق ئات باغلاپ تۇگەتكەنمىدۇر؟...

ئۇ بالىسىنى ، بىساتىنى ، ھەتتا ئىگىسىز قالغان سەككىز مېكىيان ، قىزىل خورىزى ، ئالا قانجۇقى ، دالىنىغا ئۇۋا سالغان قارلىغاچلار ۋە قىزىلگۈل ئارىسىغا ئۇۋا سالغان بۇلبۇل باللىرىنىڭ بىخەتەرلىكى... ھەممىلا ئېشنى ، ئۆزىدىن پاناھ تىلەيدىغان ھەممىلا نېمىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى . ياق ، ئۇ بۇ دۇنيانى ئوڭايلا تاشلاپ كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ھاياتى نۇرغۇن جان ئىگىلىرىگە چېتىلغان ، ئۇلارنى نائۈمىد قويۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنايەت . مەيلى قاچسۇن ، مۆكۈنسۇن ، ئۇ ھايات تۇرۇشى كېرەك...

سالقىن تاغ شامىلى ئۇنى ئۇخلىتىپ قويدى . ئۇ سەھەر تۇردى . سەپەر ئالدىداچان ئېدىرلىققا چىقىپ بۇيا يۇلماقتا ئىدى . ئۇ قوغۇنغا كۆمۈش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا ئەمەس ، ياۋا بۇيا يىغماقتا ئىدى .

چۈلۈقاي غولى يازدا ئىلى بايلىرىنىڭ سەيلە ـ تاماشا قىلىدىغان جايى . مانا بۇ يەرنىڭ شېرىن مېۋىلىرى پىشىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى . باغلاردىن كېچىلىرى دۇتار ـ تەمبۇر ، ناخشا ئاۋازى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ . ھېكىمبەگ غوجامنىڭ بېغى بۇنداق ياز كۈنلىرىدە ھەركۈنى دېگۈدەك قىزىپ كېتىدۇ . سويۇلۇۋاتقان قوي ، توشۇلۇۋاتقان قىمىز ، مېۋە ـ چېۋە ، ناخشا ، كۈلكە ۋە مۇڭلۇق

ساز كىشىگە دۇنيادا غەم ـ قايغۇ يوق ئىكەن دېگەن تەسىراتنى ھەدىيە قىلىدۇ، ھەرقانداق غەملىك دىللاردىمۇ ياز كۆڭۈللىرىدە ھايات شادلىقى پەيدا بولىدۇ.

— پاھ، بەلەن يەركەن جۇما بۇ! — دېدى سەپەر كېچىدە ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، — تەمبۇر دېگەن بۇ يەرنىڭ بۇلبۇلى بىلەن ئوخشاشكەن جۇما. ناخشا ئاڭلاپ يېتىپ ئۆيلەنگۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۆيلەنسەم يەنىلا بالا تاپىمەن. يەنە قىرىق يىل ياشىسام بالىلىرىممۇ ئوتتۇز ياشقا كىرىدۇ، نەۋرە كۆرەلەيمەن تېخى.

— نەۋرە؟ مېنىڭ ئوغلۇم نۇرى يىگىرمە ياشقا ماڭدى. مەن بۇ يېشىمدا تازا بوينى كۆپكەن يىگىت ئىدىم.

— خوتۇن كۆرمىگىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئۇزۇن بولدى ...

— ماڭا مانا توققۇز يىل بولدى. خوتۇن خەقنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىدىم.

— مەن ئۇنتۇپلا كەتتىم.

— سەن ئۇنتۇغان بىلەن ئاۋۇ نېمەڭ ئۇنتۇيالمايدۇ. تۈنۈگۈن ئەتىگەن چېتىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ...

— ساراڭ قاشقالىق، شۇنىڭغىمۇ قارامسەن؟

— مەن قالىمسام ئۇ نېمەڭ قالايدىكەن، تۈنۈگۈن ئاۋۇ يەرگە دېۋانە ئېشىكنى باغلاپ قويايتىكەن، مادىكەن، ھەي ....

— بىز تارانچىلار ئېشەكنى مىنمەيمىزۇ، خوتۇن قىلارمىزمۇ؟ كاپىر قاشقالىق، ئەسكى خۇيۇڭ باركەنغۇ هوي ...

— تارانچىلار قىلمامدا؟

— ئۇ ئىشنى قىلمايدۇ، دېۋانىلىك قىلمايدۇ، خوتۇن قويۇۋەتمەيدۇ.

— بىزنىڭ قەشقەردە قىلىدۇ جۇما.

— سىنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمىغۇدەك. تارتىشىدىغان ھېچنېمەڭ يوقكەن، ئۆيلەن، بالا تاپ، مەن ساڭا ئون خو يەر بېرەي، ھەققىنى تاپقاندا بەر، ۋەسۋەسىچىلىك ئۆتۈپ كەتسە

بىزنىڭ مەھەللىگە كېتەيلى . بىزنىڭ مەھەللىنى تۇنۇگۇن دۆڭدە ئـولـتـۇرۇپ كۆرسەتتىمغۇ ، ئاۋۇ قاراقۇرۇم كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئاستىدا .

— بـەلـەن گـەپ قـىـلدىڭ ، سوقۇش بولۇپ قالسا جەڭگە كىرىمەن . سوقۇش كۆنچىقىشتىمۇ ، كۈنپېتىشتىمۇ بولۇۋاتقۇدەك ، بـۇ يـەرگـىـمـۇ كېلىدۇ جۇما . بالاڭنى قوراللىق ئەزىمەتلەرنىڭ ئارىسىدا دېدىڭما؟ مەن شۇلارغا قېتىلىۋالسام بولاتتى .

— مـەنـمـۇ قېتىلىمەن . ئۆز قولۇم بىلەن بىرنەچچىسىنى دوزاخـقـا ئـۇزاتـمـىسام پۇخادىن چىقمايمەن . ماڭا مەرگەنلىكنى ئۆگىتىپ قويە ، ھە راست ، تاغقا چىقىپ بىر - ئىككى كۈن ئوۋ ئوۋلاپ كەلمەيمىزمۇ ؟

— خەلپىتىمگە دەپ كۆرىلى جۇما .

— خـەلـپىتىم شۇ تۇرقىدا غوجامنىڭ بېغىدا بار . شەھەر بايلىرى توگەل چىققان ئوخشايدۇ . تۇنۇگۇن ئوتتۇن يارغىلى باردىم . ھـېـكـىـمبەگ غوجام ، مۇتائالى خەلپىتىم ، ئەنۋەر موسابايوف ، سـالـىـجـانـبـاي ، روزى تـەمـبـۇرلـەرنى كۆردۇم ، قالغانلىرىنى تونۇيالمىدىم ، ئۇندەك كالاسكا ، خادىك بىلەن چىقىپتۇ !

— بېرىپ كۆرۈپ كەلمەيلىما ؟

— يـۇر ، ئاستا قورۇق ئاتلاپ بارىمىز . يىراقتىن كۆرۈپ پەيزى قىلىمىز .

يالاڭ ئاياغ ، قاۋۇل ئىككى ئەر باغدىن چىقىپ ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ بالىلاردەك يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى .

ئـۇلار چىتلانغان قورۇق تامنىڭ سوڭگۈچىدىن ئۆمىلىشىپ باغقا كىردى ۋە ئۆرۈكلەرنىڭ ئارىسى بىلەن ئۆمىلىشىپ مېڭىپ گازۋاي لامپىلار يورۇقىدا ئويۇن - تاماشا بولۇۋاتقان يەرگە قاراپ تۇردى .

قـىپقىزىل گىلەملەر ئۈستىدە كۆرپىلەر سېلىنغان ، ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان شەھەر بايلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئـاپـئاق داستىخان پاقلان گۆشلىرى ، كاۋاپلار ، قاتلىما ، پېتىر

توقاچ، قايماق، ھەسەل ۋە مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تولغان. مېھمانلارنىڭ يۈزلىرى يالتىراپ، كۆزلىرى چاقناپ، يىپەك كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرى ئېچىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەر، بىلەكلىرىدە سائەت، پۇتلىرىغا كىيگەن پايپاقلىرىمۇ يالتىراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالاڭ ئاياغ، جۇدەڭگۈ، كىيىملىرى جۇل - جۇل ياكى ياماق چۈشكەن بىرمۇ ئادەم يوق. تەمبۇرچى بىلەن دۇتارچى قارىمۇقارشى ئولتۇرۇۋېلىپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ساز چالماقتا. باشقىلار «مۇڭ» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. مۇڭ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ قەلبىدە جاراھەت يوق، قوللىرىدا قاداق يوق، يۈرىكىدە قىساس ئوتى يوق. بۇ خىل ئادەملەر «مۇڭ»نى سىرتتىن ئىزدەيدۇ، لېكىن مۇنۇ ئۆمىلەپ كەلگەنلەرنىڭ يۈرىكى «مۇڭ» بىلەن تولغان، مانا سەپەرنىڭ يۈرىكى پارتلىماقچى. ئۇ ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىۋىدى، زىياۋۇدۇن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇۋالدى:

— غىڭشىما، بىلىپ قالسا سەت بولىدۇ!

— ئىچىمگە ئوت ياقتى بۇ تەمبۇر دېگىنىڭ!

مانا ساز توختىدى. ئاق رەڭلىك يىپەك كۆڭلەك كىيگەن، يەڭلىرىنى تۇرۇۋالغان، چاچ قويۇپ بېشىغا يېشىل گۈللۈك دۇخاۋا بۆك كىيگەن، قارا بۇرۇت، چىرايلىق بىرى سۆز ئالدى:

— بۇ ناخشىلارنى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم پەيدا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تەسىرلىك، راستمۇ، روزىمكا؟

— شۇنداق، ئەپەندىم. دەرد - ئەلەم بولمىسا ناخشا بولمايدۇ.

— مۇقاملارمۇ شۇنداقكەن، خەلقىنىڭ كۆز يېشى مۇقام بولغان چېغى!

— دېمىسىمۇ ئادەم كۈلىدىغان بىرمۇ گەپ يوق - ھە!

— زۇلۇم كۆپەيگەنسېرى ناخشا كۆپىيىدىكەن، غوجامۇ مۇڭلىنىپ، بېشى چۈشۈپ تىڭشىدى، غوجامنىڭ نېمە غېمى بارىكىنتاڭ؟

— لەۋەي، خۇرجانىڭ غېمى مېنىڭ غېمىم ئەمەسمۇ؟ كۈندە

قانچە ئادەم تۇتۇلۇۋاتىدۇ ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، بىز ئەتىلا تۇتۇلىمىزمۇ تېخى ، بۇلار غەم بولماي خۇشاللىنىقمۇ ، ئۇكام ؟

— غېمى يوق ئادەم بولمايدۇ ـ ھە ، غوجام . ئەگەر پۇلى بارنىڭ غېمى بولمىسا ، مۇنۇ ئەنۋەر ئەپەندىمنىڭ غېمى بولمىسا بولاتتى . مانا قاراڭلار ، بۇ كىشى ھەممىدىن مۇڭلۇق .

— شېڭ شىسەي ھەممىلا ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتتى ، مىدىر قىلغۇدەك يەر قالمىدى . نەگىلا قارىساڭ ساقچى ، نەگىلا بارساڭ پايلاقچى !

— بايقاڭلار ، بۇ يەردىمۇ پايلاقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە . مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلارنىمۇ تەشكىلات دەيدىغان بولۇۋالدى بۇ ھۆكۈمەت . يا مانا ئەمىسە دەپ بىر تەشكىلات پەيدا بولمىدى .

— گەپ ساتالايدىغانلار كۆپ ، مىلتىق ئاتالايدىغانلار ئاز . ئىلقا ـ ئۇلاستايدا پاتىخ نوغاي ، غېنى باتۇر ، ئەكبەر باتۇرلار قوللىرىغا قورال ئاپتەك .

— ھېلىقى گىمنازىيىنىڭ نۇرى دېگەن ئوقۇغۇچىسى قالتىسكەن دېيىشىدۇ ، ئۇ ھازىر ئۇلاستايدىكىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ قاپتەك !

— رەخمىجان بىلەن ئەنۋەر ئەپەندىم ئۇنى تازا بىلىدۇ . قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا ـ ھە ، ئەنۋەر ئەپەندىم ؟

— تولا ياخشى . ئاشۇنداق يىگىتتىن يۈزى بولسىدى ، شېڭ شىسەي ئوڭايلا غۇلايتتى .

— ھازىر ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپىيىپ يۈزگە يېتىپتەك !

— ئۇلارغا قورال سېتىۋېلىشقا پۇل ياردەم قىلمىساق بولمىدى .

— ئەنۋەر ئەپەندىم ئون مىڭ قوي ئاتاپ قويدى ، مەنمۇ بەش يۈز مىڭ دوللار ئاتىدىم .

— ياشاپ كېتىڭ ، رەخمىجان ئەپەندىم . ئۇنداق بولسا مەنمۇ يۈز مىڭ سوم ئاتىدىم .

— ئەتراپنى چارلاپ كېلىڭلار ، بالاغا قالمايلى يەنە !
— لەۋەي ، شۇنداق قىلىڭلار . ئاستاراق گەپ قىلايلى…
تۆت - بەش ئادەم چارلاشقا قوپۇۋىدى ، زىياۋۇدۇن بىلەن سەپەر ئىرىققا چۈشۈپ ئۈمىلەپ قاچتى .
— مەن بايلارغا بەك ئۆچلۈك قىلاتتىم . مۇنۇ بايلار بولىدىكەن جۇما !
— مەن سەكسەن خو يېرىمنى ئاتىدىم ! — دېدى بالىسى توغرىسىدىكى مەدھىيە بىلەن جانلىنىپ ، ئاتلىق غۇرۇرى قايىنىغان زىياۋۇدۇن ھاياجان بىلەن ، — سەنچۇ ، سەن نېمەڭنى ئاتتىڭ ، ھەي قاشقالىق ؟ !
— جاننى ئاتتىم ، ئىسسىق جاننى ئاتتىم .
— مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەت . قوغۇن پىشسا سېتىپ مىلتىق ئالايلى . قېچىۋەرگەن بىلەن بولمايدىكەن ، ئىككىمىز قوراللىنىپ ئىككىدىن تۆت ئەسكەرنى ئۆلتۈرسەكمۇ ھېساب .
— نېمە دەيدۇ ، ئۇندىن يىگىرمىنى ، ياق ، ئەللىكتىن يۈزنى ئۆلتۈرەيلى . بىرىمىز يۈزىگە تېتايلى بۇ قانخور ھۆكۈمەتنىڭ !

«ئانا يۇرت» رومانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلەت نۇردۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، مەمتىمىن ھوشۇر، سۇلتان ھاشىم، ئازات سۇلتان، نىجات مۇخلىس

《故乡—母亲》历史长篇小说定稿人员：阿布都许库尔·吐尔地，伊明·艾合买提，阿布来提·努尔东，阿布都克力木·热合曼，买买提伊明·吾守尔，阿扎提·苏里坦，苏里坦·阿西木，尼加提·穆合力斯

# ئانا يۇرت (1)

ئاپتورى: زوردۇن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، مەسئۇت خالىت، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
ئاپتور سۈرىتىنى تارتقۇچى: ئادىل ئىسمائىل
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.375
نەشرى: 2009 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2016 - يىلى 1 - ئاي 8 - بېسىلىشى
تىراژى: 36001 - 46000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12818 - 1
باھاسى: 43.00 يۈەن